ئەختەم ئۆمەر



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: سۇلايمان ئىسمائىل خالى

ئەختەم ئۆمەر ئەسەرلىرى

غېرىب - سەنەم (1) (2)
باياۋاننىڭ سىرى (1) (2)
چۈمبەللىك ساھىبجامال
دېلىغۇللۇقتىكى سۆيگۈ
ئاھ، رەھىمسىز دەريا
قۇملۇق تىترەۋاتىدۇ
يېگانە ئارال

ISBN 978-7-228-11819-9
定价：37.00元

ئەختەم ئۆمەر

# قۇملۇق تىترەۋاتىدۇ

(پوۋېستلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

颤动的沙漠：维吾尔文/艾合塔木·吾买尔著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008. 8
ISBN 978—7—228—11819—9

Ⅰ. 颤… Ⅱ. 艾… Ⅲ. 中篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 128355 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 艾合塔木·吾买尔 |
| 责任编辑 | 巴力江·孜帕尔 |
| 责任校对 | 塞娜瓦尔·依布拉音 |
| 特约校对 | 亚森·扎依莫夫 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·萨力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆金版印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 13.25 |
| 版　　次 | 2008 年 10 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 10 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 37.00 元 |

# قۇملۇق تىترەۋاتىدۇ (پوۋېستلار)

**ئاپتورى :** ئەختەم ئۆمەر
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** بارىجان زەپەر
**مەسئۇل كوررېكتورى :** سەنەۋەر ئىبراھىم
**تەكلىپلىك كوررېكتورى :** ياسىن زايىموف
**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى :** ئەكبەر سالىھ
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991—2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**باسقۇچى :** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 13.25
**نەشرى :** 2008 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى :** 2008 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى :** 1—5000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—11819—9
**باھاسى :** 37.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


قۇملۇق تىترەۋاتىدۇ ...... 1
مەن قان ئىچمەيتتىم ...... 75
تاش مۇنار ...... 125
ئاھ ، مېنىڭ كىندىك قېنىم !... ...... 162
تەكلىماكاندىكى ياۋا ئادەم ...... 287
ئومىقىم ، كۆزۈڭنى ياشلىما ! ...... 339

# قۇملۇق تىترەۋاتىدۇ

## مۇقەددىمە

دەھشەتلىك بوران دەرەخلەرنى قوپال سىلكىشلەپ، يۇمران ياپراقلارنى ئۇچۇرماقتا. بۇ بىپايان قۇم دېڭىزىدا ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا گويا ئاللا مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزگەن ئاشىق - مەشۇقلاردەك بىر - بىرىگە گىرە سېلىشىپ ئۆسكەن توغراقلار-نىڭمۇ؛ ئاۋازىنى چوڭراق چىقىرىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان، ئۆزى ئۆسكەن تۇپراقنىڭ تىلسىم سىرى ئۈستىدە پىچىرلىشىپ دادلىشىدىغان ئالتۇن مېۋىلىك جىگدىلەرنىڭمۇ؛ يار يولىغا تەلمۈرۈپ قەددى ئېگىلگەن مەشۇقلاردەك نازۇك سۆگەتلەرنىڭمۇ؛ تەركىدۇنيا بولغاندەك ياكى ئاسمان جىسىملىرىدىن ئۈمىد كۈتۈۋاتقاندەك كۆككە بوي سوزغان تېرەكلەرنىڭمۇ؛ سانسىزلىغان ئارمانلىق شېھىتلەرنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە زېنە غولىنى يېپىپ ئۆسكەن يۇلغۇنلارنىڭمۇ... ياپراقلىرى بار. ئۇلار دەھشەتلىك سىلكىنىشلەر زەربىسىدىن ئانا تېنىدىن جۇدا بولۇپ، قۇملۇق ئۈستىگە تۆكۈلمەكتە، رەھىمسىز بوران ئۇلارنى قۇم توزانلىرى بىلەن قوشۇپ ئۇچۇرماقتا!...

دەرەخلەر سىلكىنمەكتە، قۇملار كۆچمەكتە. غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان بىپايان قۇملۇق گويا شىددەتلىك بوراننىڭ

زەربىسىدىن زۇۋانىغا كىرگەندەك ھۇۋۇلىماقتا . قۇملارنىڭ جىمىرلاپ پارقىراپ تۇرىدىغان يۈزىنى ، سانسىز يۇلتۇزلاردەك دانىچىلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن بولمىدى . ھاۋانى بىغىر رەڭ قارا تۇتەك قاپلىغانىدى .

قۇملۇق تىترىگەندەك بولدى . تىترەۋاتقان ئاشۇ قۇملۇق ئۈستىدە بىر گۈزەل قىزنىڭ نىمجان ۋۇجۇدى پەيدا بولدى . ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى شىددەتلىك بوراندا تىنىمسىز لەپىلدەيتتى ، تېنى بولسا قۇملۇقتىكى بارچە مەۋجۇداتلاردىنمۇ بەكرەك تىترەيتتى . جاھانغا ۋەھىمە سېلىپ ئۇچۇۋاتقان قۇملار ۋە ئوت ـ چۆپلەر ئۇنىڭ كېلىشكەن جامالىنى غۇۋالاشتۇرغانىدى . بوران ئۇنىمۇ غازاڭ ـ غۇزۇڭلارغا قوشۇپلا ئۇچۇرۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتاتتى .

قىز بىر قولىدا يۈزىنى ، يەنە بىر قولىدا كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتقىنىچە تىرمىشىپ كېتىۋاتاتتى . مۇشۇنداق بوراندا ، تېنى شۇ قەدەر نازۇك كەلگەن بىر قىزنىڭ ئۇچۇپ كەتمەستىن ، بەلكى قەيسەرلىك بىلەن كۆكرەك كېرىپ ، بورانغا قارشى كېتىۋاتقىنىغا تىترەۋاتقان قۇملۇق ھەيران قېلىۋاتاتتى !...

## بىرىنچى باب

تەكلىماكان چېكىسىدىكى قۇملۇقلارنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان بۇ يۇرتنى ئەتراپتىكى باشقا يۇرتلاردىن ئىككى دەريا — بەڭۋاش زەرەپشان بىلەن تىزناپ ئايرىپ تۇرىدۇ . بۇ دەريالار گويا ئېچىلغان قايچىغا ، بۇ يۇرت بولسا شۇ قايچىنىڭ بىسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر پارچە يېشىل رەختكە ئوخشايدۇ . يىراقتىن قارىساڭ ، ئىككى تال كۈمۈش نۆكچە ئارىسىدىكى بىپايان ئېكىنزارنى كۆرىسەن . ئېكىنزارنىڭ ئارىسىدا يەنە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان قۇم تاغلىرى كۆرۈنىدۇ . كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى مانا شۇ قۇم تاغلىرى ئەتراپىدىكى چىمەنلىكلەر ؛ بۇك ـ باراقسان باغلاردىكى مەي باغلاپ پىشقان خىلمۇخىل ، شېرىن مېۋىلەر ؛ قومۇش باسقان

ئېتىزلىقلاردىكى سايىنىڭ تېشىدەك ياتقان قوغۇن - تاۋۇزلار ، ئوخشىغان بۇغداي ، قوناق ، كېۋەز... لەر ؛ يېكەن ، پېيزەك ۋە بورا قومۇشى ئۆسۈپ كەتكەن كۆل - سازلىقلار ؛ تەبىئىي ئورمانلار ، قارىسا كىشىنى سۈر باسىدىغان قويۇق جىگدىلىك ، يول بويىدىكى رەت - رەت تېرەك ، سۆگەت ھەم ئۈجمە دەرەخلىرى...

تومۇز ئايلىرىنىڭ ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرىنىڭ بىرى ، چىڭقىچۈش مەزگىلى ئىدى . قۇملۇق ئاسمىنىدا تىكلىشىۋالغان قۇياش غەزەپ بىلەن ئوت چاچاتتى . بىپايان قۇم دېڭىزى ئۈستىدە جىمىرلاپ كۆرۈنگەن ئىسسىقنىڭ تەپتى يىراقتىن قارىغان كىشىگە گويا تازا تاۋلانغان تونۇرنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئوتنىڭ يالقۇنىنى ئەسلىتەتتى . يىراقتىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا بىر نەرسىنىڭ قارىسى پەيدا بولدى . ئۇ دەريا ساھىلى تەرەپكە قاراپ كەلمەكتە ئىدى ، بارا - بارا ئۇنىڭ ئادەملىكىنى ئايان قىلىپ ئۇچىسىدىكى كىيىم - كېچەكلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئۇنى بىرى قوغلاۋاتقاندەك تېز كېلىۋاتاتتى . ئۇ قۇمغا پېتىپ كېتىۋاتقان پۇتلىرىنى يۆتكىيەلمەي ، بەزىدە دۈم چۈشەتتى ۋە شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ ، يەنە تېز يۈگۈرەيتتى ؛ بەزىدە گاڭگىرىغاندەك ئورنىدا بىرپەس تۇرۇپ قالاتتى . ئەمدى ئۇ ئېنىق كۆرۈندى ، ئۇ راستىنلا ئادەم ئىكەن . يەنە كېلىپ بەكمۇ كېلىشكەن ، ساھىبجامال قىز ئىكەن ! نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن ئادەم بىلىپ بولمايدىغان بىر خىل دىلغۇللۇق چىقىپ تۇراتتى . ئوڭ قولىدا بوغجۇمىسى بار ئىدى . قىز بىردە ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە پەيدا بولسا ، بىردە نەگىدۇر غايىب بولاتتى ، يەنە كۆپ ئۆتمەيلا قۇملۇقتا يىقىلىپ - قوپۇپ كېتىۋاتقان بولاتتى . بۇ گىياھسىز قۇم دەشتىدە ئۇ ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنەتتى .

ئۇ پاكار قومۇشلار بىلەن قاپلانغان دەريا ساھىلىغا يېقىنلاشتى . ئۇنىڭ قولتۇقىدىكى بوغجۇمىسىنى كۆرگەن ئادەم ئۇنى ئېرىنىڭ ئۆيىدىن يامانلاپ چىققان سەھرالىق چوكانمىكىن دەيتتى . مانا ئاخىر ئۇ دەريا ساھىلىغا كەلدى . دەريا بويىدىكى كېمە

كىچىككىنە يېتىش ئۈچۈن يەنە بىرقانچە چوڭ ـ كىچىك تارامىلاردىن ، بىگىز دەك ئۈچلۈق ، يىرىك قومۇش ۋە خوخا ـ تىكەنلەر قاپلاپ كەتكەن پاتقاقلاردىن ھەم كۆكۈلسىز شورلۇقلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى . تارامىلارنىڭ بەزىلىرى تېيىز بولغىنى بىلەن ، بەزىلىرى خېلى چوڭقۇر ئىدى ، سۈيى شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن ئاقاتتى . يەنە بەزىلىرى كۆل سۈيىدەك تىنىق بولۇپ ، ئاستىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمىگەن ئادەم دەررۇ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى . ئەڭ خەتەرلىكى ئەنە شۇ يېنىك تەۋرىنىش ئارقىلىق ئېقىن سۈنى دوراپ تۇرغان تىنىق تارامىلار ئىدى . مانا بۇ تارامىلار تەقدىرنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالغان بۇنداق گۈزەل قىزلاردىن قانچىلىك بولسا ، ھەممىنى يۇتۇپ كېتىشكە قادىر ئىدى . قىز تارام بويىغا كېلىپ تېڭىرقاپ قالدى . ئۇ ئىلگىرى ئۆتكەن تارامىلار بۇ قەدەر چوڭقۇر ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ بەزىلىرى ئاران ھوشۇقىغا كەلسە ، بەزىلىرى تىزغا كېلەتتى ، يارىشىملىق كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى ئىككى قولتۇقىغا قىسىپ ، ئىشتىنىنى يوتىسىغىچە تۈرۈۋالسىلا ئۆتۈپ كېتىشكە بولاتتى .

ئۇ ئەتراپىغا ھودۇقۇپ قارىۋىدى ، ھېچكىم كۆرۈنمىدى . بۇ قىز — شەھەردىن «ئاق ئۈجمە» يېزىسىغا «قايتا تەربىيە» ئېلىش ئۈچۈن چىققان زىيالىي ياش شەمسىيە بولۇپ ، ئۇ يەردىكى ئەلەملىك ئىشلار ئۇنى ھەممىدىن كېچىشكە مەجبۇرلىغانىدى . شەمسىيە ياتاقتىن چىقىپ بۇ تەرەپكە ماڭغاندا ، يىراقتا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بەكراخۇن جۇۋازچىنى كۆرگەنلىكىنى ئەسلەپ ، ئۇمۇ كۆرگەن بولۇشى ئېھتىمال دەپ ئويلىدى ـ دە ، ئۆز ئاجىزلىقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، ئۆزىگە كۆچلۈك نەپرىتى قوزغالدى .

«راست ـ دە ! مېنى چىكىنچۈشتە قېچىشقا مەجبۇر قىلغانمۇ ، يۈگۈرتكەنمۇ ، تۇخۇم كۆمسە پىشىدىغان قۇمدا يالىڭاياغ ماڭدۇرغانمۇ ، سۇغا كىرگۈزگەنمۇ شۇ !... ئەگەر ئەر بولۇپ يارالغان بولسام ، مۇنچىۋالا خورلۇق ۋە جەبىر ـ جاپاغا قالمىغان

بولاتتىم . ئاللا دەرگاھىدا ماڭا تەقسىم قىلىنغان ئاياللىق ئەڭ چوڭ ئاجىزلىق . ماڭا پېشكەللىك كەلتۈرۈۋاتقىنىمۇ دەل شۇ ئاجىزلىقنىڭ ئۆزى . بىراق ، ماڭا پېشكەللىك كەلتۈرۈۋاتقان بۇ ئاجىزلىقنىڭ ھەمراھلىرىمغا «بەخت» ئاتا قىلىۋاتقانلىقىغا نېمەدېيش كېرەك؟ مەن نېمە ئۈچۈن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان «بەخت» تىن قاچىمەن! ھەمراھلىرىم نېمىشقا قورقمايدۇ؟ ياق ، مەن نېمىلەرنى ئويلاۋاتىمەن — ھە! مېنىڭ ئۇنداق «بەخت» تىن قورققىنىم پۈتۈنلەي توغرا . ئۇلار قورقمىسا قورقماۋەرسۇن ، ئىپپەت — نومۇس بىلەن ئايرىۋاشلىنىدىغان بۇنداق «بەخت» نىڭ ماڭا كېرىكى يوق!»

شەمسىيە مانا بۇ ئالتە يىلدىن بېرى ، قوۋم ئازگىلىدىن چىققالماي تىرمىشىۋاتقان چېكەتكە ، قوڭغۇزلاردەك قىلىۋەردى . ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كەلگەنلەر ، ھەتتا خېلى كېيىن كەلگەنلەرمۇ تېز پۇرسەتتىلا بۇ يەرنىڭ ئەلمى — تەلمىنى بىلىۋېلىپ ، ئوڭايلا كېتىۋالدى .

ھايات يولى ئاجايىپ ئىكەنغۇ؟ ئۇلار ھازىر ئۆزلىرىنى زېرەك ، ئەڭ پاك نازىنىن ، ئەرلىرىگە ئەڭ سادىق ئاياللار قاتارىدا ساناشسا ، شەمسىيەنى گالۋاڭ ، دۆت ھېسابلاپ ، كۆڭۈللىرىدە ، ئۇ ئاشۇ قوۋملۇققا لايىق ، دەيتتى . بەزىلىرى تېخى : «شەمسىيە چىراي جەھەتتىن چىرايلىق بولغان بىلەن ، تازا ئۈچىغا چىققان بوزۇق بىر نېمە ئۇ! نەچچە يىلدىن بېرى سەھرانىڭ بوينى يوغان ، باداڭ قورساق خاقانلىرىغا ئىچەكىشىپ كەتكەچكە مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتقاندۇ تايىنلىق» دەپ ، ئىچى قارىلىق بىلەن ئەرلىرىگە سۆزلەپ بېرىشەتتى . بۇنداق چاغلاردا گويا نىجاسەتتىن يىرگىنگەندەك چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ كېتىشەتتى .

شەمسىيە تارام بويىدا بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ، بىر قارارغا كەلدى بولغاي ، دەرھال ئىچ كىيىمدىن باشقىسىنى سالدى . ئاندىن ھېلىقى بوغجۇمىسىغا قوشۇپ چىگىپ بېشىدىن

ئېگىز كۆتۈرگەن بويى سۇغا كىردى . بۇ قۇياش سەل قايرىلغان چاغ بولۇپ ، قۇملۇق تەرەپتىن تونۇر تەپتىدەك ئىسسىق شامال كېلىپ نەپەسنى بوغاتتى . شەمسىيە سۇغا چوڭقۇرلاپ كىرگەنسېرى ۋۇجۇدىدىكى ھارغىنلىق تارقاپ ، تەنلىرى يايرىغاندەك بولدى . ئەمما ئۇ ئەتراپتا ئادەم بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، تارامدىن تېزلىكتە ئۆتۈپ ، كىيىملىرىنى كىيدى - دە ، يەنە يولغا راۋان بولدى .

## ئىككىنچى باب

دەريا ساھىلىدا خۇددى سېپىلكا ئارقىلىق تېرىلغاندەك ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر خوخا بەلبېغى بولۇپ ، شۇ تاپتا رەڭگارەڭ چېچەكلەپ كەتكەنىدى . يالىڭاياغ ئادەمنىڭ بۇ جايدىن ئۆتمىكى قوقاس ئۈستىدىن ماڭماقتىنمۇ تەس كېلەتتى ، نەشتەردەك تىكەنلەرنىڭ پاچاقلارغا سانجىلىشى ھەممىنى بىسىپ چۈشەتتى . ئۇنىڭ بەزىلىرى كىرىپلا چىقىپ كەتكىنى بىلەن ، بەزىلىرى چىرايلىق پاچاقلارنىڭ تولغان بۇلجۇڭ گۆشلىرى ئارىسىدا سۇنۇپ قېلىپ ، باشتا ئېچىشتۇرسا ، بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن سېرىق سۇلۇق ھۆررەكچىلەرنى پەيدا قىلىپ ئادەمنى ئازابلايتتى .

شەمسىيە «ئاق ئۇجمە»گە كەلگەندىن بۇيان بۇنداق ئازابلارغا تالاي قېتىم يولۇقۇپ ، خېلىلا چېنىققان ، ھاياتنىڭ بۇ خىل ئاچچىق - چۈچۈكلىرى ئۇنىڭدا بەلگىلىك چىدام - غەيرەتنى يېتىلدۈرگەنىدى . شۇڭا بەزىدە ئازابقا يولۇققاندا قانلىرى ئۇرغۇپ ، ھاياجانلىنىپ كېتەتتى ۋە قەلبىدە مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئارىلىشىپ كەتكەن غەلىتە بىر تۇيغۇ پەيدا بولاتتى . ھەتتا بەزىدە بۇنداق يىرگىنچلىك دۇنيا بىلەن خوشلىشىپلا ، ھەممىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىسىمۇ ، ھاياتقا بولغان مۇھەببەت بۇنداق بولمىغۇر ئوي - خىياللارنى بېسىپ چۈشەتتى . نەتىجىدە ، قانغۇدەك بىر يىغلىۋېلىپ بولدى قىلاتتى - دە ، دەرد - ھەسرىتىنى كەينىگە

تاشلايتتى .
شەمسىيەنىڭ كەينى تەرىپىدىن تۇيۇقسىز ئاڭلانغان چۇقان ـ سۈرەن ئۇنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى . ئۇ ئىتتىك ئارقىسىغا قارىدى ـ دە ، «ۋاي !···» دەپلا قولىدىكى بوغجۇمىسىنى تاشلاپ ، ئالدىغا يۈگۈردى . دەريا بويىدا پادا باققاچ سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋاتقان يەتتە ـ سەككىز دەك ئوغۇل بالا يالىڭاچ پېتىچىلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىراشقىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىشۋاتاتتى :
— ھوي ـ ھوي !··· بوش كەلمەڭلار ، قويۇۋەتمەڭلار ! بۇ پەرىزاتنى خۇدايىم بىزگە ئەۋەتىپتۇ ، كۆڭلىنى ئېلىپ قويمىساق بولمايدۇ ، ھا··· ھا··· ھا··· ھى··· ھى··· ھى !
ئۇلار ئارىسىدا بېشى يىگىرمىگە تاقاپ قالغانلارمۇ بار ئىدى . ئەمما بىر ـ بىرىدىن نومۇس قىلىشنى بىلمىگەچكە بىللە سۇغا چۆمۈلۈپ ، پاتقاق لايدا ئېغىناپ ، ئادەم سىياقىنى يوقاتقانىدى . شەمسىيە ھەممىنى ئۇنتۇپ ، جان ـ جەھلى بىلەن قاچاتتى ۋە چىلبۆرىگە يولۇققان قويچىدەك زارلاپ ۋارقىرايتتى :
— ۋايجان ، ئادەم بارمۇ ؟ قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار···
ئۇ قۇمساڭغۇ يەرلەردە تېز يۈگۈردى ، ئۈستى شەلۋەرەپ تۇرغان كۆك سېغىز تۇپراقلىق يەرلەردە بولسا ، تېيىلىپ بىرقانچە قېتىم يىقىلىپ چۈشتى ، كىيىملىرىمۇ لايغا مىلىنىپ ئېغىرلىشىپ كەتتى . ئۇ چىرقىراپ قاچقانسېرى ، بالىلار تېخىمۇ قىزىپ ، چۇقان ـ سۈرەن بىلەن قوغلايتتى ۋە كۈلۈشەتتى .
ئەمدىلەتىن يىگىرمە ئىككى ياشقا قەدەم قويغان بۇ قىز قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن سەزگۈسىنى يوقىتىشقا ئازلا قالغانىدى . بۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى گويا ئېچىرقاپ كەتكەن بىر توپ بۆرىلەر ئارىسىدا قالغاندەك سېزەتتى .
— ھوي ، ھوي !··· نان··· نا ! ئاق قوناقنىڭ زاغرىسى ! ئۆرۈك ، ئۆرۈك··· مەي باغلىغان ئاق ئۆرۈك !···
ئارقىدا قالغان ئۈچ بالا جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىۋىدى ، شۇئان بالىلار قوغلاشنى توختىتىپ ، تېز ئارقىغا بۇرۇلۇپ چېپىشتى .

ئۇلار يۇگۈرۈپ كېتىۋېتىپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ خىتاب قىلاتتى :
— ھۇ ئاناڭنى··· قويۇشە !···
— يەپ بولۇشىدىكەنسەن ، كومشىرىڭغا ھېزى بولۇش !
— ھېچقايسىڭ يېمەي تۇرۇش !···
شەمسىيە توختىغان يېرىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا قاپلاشقاندەك بولۇپ تىنىقى تىنىقىغا ئۇلاشمايتتى ، پۈتۈن تېنى سۇغا چۆمۈلگەندەك تەرلەپ كەتكەن ، يۈز - كۆزلىرى لاي بىلەن تەردە بۇلغىنىپ تونۇغۇسىز ھالغا كەلگەنىدى .
بالىلار مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ، دەسلەپ پومىلاقلاشتى ، ئارقىدىن بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ، يېتىۋالغانلىرى مۇشتلاشقىلى تۇردى . ۋارقىراپ تىللاشلار بىلەن يىغلاشلار قوشۇلۇپ ، دەريا ساھىلىنى ئاجايىپ جانلاندۇرۇۋەتتى .
شەمسىيە ئورنىدىن قوپۇپ قېچىشقا تەمشىلىۋىدى ، ئۆرە بولۇشقا ماجالى يەتمەي ، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ نالە قىلدى :
— ئاھ ، خۇدا ! قىز بالىنى نېمىشقىمۇ بەندەم دەپ ياراتقانسەن ؟ مېنى ئوغۇل بالا قىلىۋەتسەڭ سەندىن نېمە كېتەتتى ؟ !
بۇ ئۇنىڭ بېشىغا دەرد - ئەلەم كەلگەندە تارام - تارام ياش تۆكۈپ دەيدىغان گېپى ئىدى . ھازىر يەنە تەكرارلاۋاتقان بولسىمۇ ، بىراق يىغلىمىدى ، ياشمۇ تۆكمىدى .
ئاياللار ئۆز بېشىغا كەلگەن جىمىكى دەرد- ئەلەمنى يىغا بىلەن كۆتۈۋېلىپ ، قانغۇدەك يىغلىۋالسا ، يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ . بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ ، يىغلىمىسا گويا دەرد - ئەلەم ئۈست - ئۈستلەپ كېلىپ تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغاندەك ، كۆز ياشلىرىلا دەردنى يۇيۇپ كېتىدىغاندەك سېزىدۇ . شەمسىيەمۇ شەھەردىن بۇ يېزىغا كېلىپ ، ئۈستىبېشى توپا بىلەن بۇلغانغاندا بىر كېچە ، پاشىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا بىر كېچە يىغلىغان ؛ ئوچاقتا بۇخسۇپ كۆيۈۋاتقان

تېزەككە قاراپ بىر ھەپتە ، سېرىق قوناق يارمىسىغا كۆنەلمەي بىر ئاي يىغلىغان ؛ كەتمەن پۇتىنى كېسىۋەتكەندە ، قوللىرى قاپىرىپ قاناپ كەتكەندە ئۇن سىلىپ يىغلىغان . شۇ چاغدا ، بىللە ئىشلەۋاتقان دېھقان بوۋاي كۈلمەي تۇرۇپ : «قىزىم ، ئۇنداق يىغلاۋەرمەي ، قولۇڭنى كانىيىڭغا سۇۋا ، شۇئان ساقىيىدۇ » دېسە ، ئۇنىڭ دېگىنىچە قىلىپ ئۇنۇمىنى كۆرمىگەندىن كېيىن ، ئالدانغانلىقىنى سېزىپ ، يىغىسىنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى باشلىغان . قىسقىسى ، ئەركە ئۆسكەن بۇ شەھەر قىزى ئۇچۇن يىغلاش ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ ، بۇ ھال ئۇنى غەلىتە مىجەزلىك ئىنجىمارۇققا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى .

— شەمسىيە ئاچا !

كىچىك بالىنىڭ تونۇش ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەندى ، بىرنەچچە قەدەم نېرىدا ئېشەكتىن چۈشۈۋاتقان بەكراخۇننى ھەم يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئوغۇل بالىنى كۆردى . شەمسىيەنىڭ كىيىملىرى لاي بىلەن بۇلغانغان ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ ، چاقماق گۈللۈك زەيتۇن ياغلىقى تېقىمىغا چۈشىدىغان ئۆرۈم چاچلارنىڭ ئۇچىغا ئېسىلىپ قالغانىدى . شەمسىيە بەكراخۇنغا شۇنداق قارىدىيۇ ، ئىزا تارتقىنىدىن بېشىنى تۆۋەن سالدى .

بەكراخۇن ئېشەكتىن چۈشۈپ ئوغلىغا :

— ماڭ بالام ، شەمسىيە ئاچاڭنىڭ قولىدىن تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇز ، — دېدى .

شەمسىيە ئۆزىنىڭ بۇ قورقۇنچلۇق سىياقىنى بەكراخۇننىڭ كۆرۈپ قالغانلىقىدىن ئۇيىلىپ ، گويا ياتلارنىڭ ئالدىدا بىر يېرى ئېچىلىپ قالغان كىشىدەك ئىزا تارتىپ كەتتى . ئۇ يېقىنىدىن بۇيان «ئاق ئۇجمە» يېزىسىدا ھېچكىمدىن ھېيىقمايدىغان ۋە ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىز قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى . بىر كىم گەپ قىلسا ئاڭلىمىغاندەك كېتىۋېرەتتى ، ھېجايسا كۆرمىگەنگە سالاتتى ، ئالدىنى توسسا قوناق ياكى ئاپتاپپەرەس شېخىنى قايرىۋەتكەندەك

قايرىۋېتەتتى ياكى ئاتلىغىلى بولمايدىغان ئېرىققا يولۇققاندەك كەينىگە يېنىپ يولىغا راۋان بولاتتى . قىسقىسى ، ئۇ خۇددى سەۋدايىدەك بولۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ نەزىرىگە ئېرىشەلمىگەن بەزى تەرسا يىگىتلەر غەزىپىگە پايلىماي ئاغزىغا كەلگەن سەت گەپلەر بىلەن تىللايتتى . ئەمما ، بۇنداق تىل ـ قارغىشلارمۇ بۇ تەرسا قىزغا ھېچبىر تەسىر قىلمايتتى . ئۇنىڭ بۇ ھالىتى گويا سائىلغا مەھەللە ئىتلىرىنىڭ قاۋاشلىرى كار قىلمىغاندەك ئىدى . پەقەت بەكراخۇنلا شەمسىيەنىڭ بۇنداق مۇئامىلىسىدىن مۇستەسنا بولۇپ ، ئۇ بەكراخۇنغا يولۇققاندا چىرايى دەرھال ئىللىق تۇسكە كىرەتتى ـ دە ، ئارقىدىنلا شەلپەردەك قىزىرىپ يەرگە قارىۋالاتتى . گەپ سورىسا ، يەردىن بېشىنى ئالماي ئىنتائەتمەنلىك بىلەن جاۋاب بېرەتتى . يىگىتنىڭ ھەسرەتكە تولغان ئولتۇرۇشاڭغۇ كۆزلىرى ئۆزىگە تىكىلگەندە بولسا ، چۈشىنىپ بولمايدىغان ئاجايىپ بىر تۇيغۇ ۋۇجۇدىنى غىدىقلايتتى . ئۇنىڭ قويۇق ساقال باسقان ، مايلىشاڭغۇ ، سوزۇنچاق كەلگەن چىرايىغا قاراشقا پېتىنالمايتتى . لېكىن بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . شەمسىيە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغانسېرى ، ئۇ كۇتۇلمىگەن چاغلاردا خالىي يەرلەردە پەيدا بولۇپ ، ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن تىكىلەتتى . ئەمما ئۇنىڭ نەزىرى باشقا ئەرلەرگە ئوخشاش شەھۋانىي مەقسەتنى ياكى چاپاپ پۇركۇۋەتكۇدەك ياۋۇزلۇقنى ۋە ياكى مەسخىرە ـ كىنايىنى ئەمەس ، ئەكسىچە ، مۇزلاپ كەتكەن دىلنىمۇ ئېرىتىۋەتكۇدەك مېھرىبانلىقنى ئىپادىلەيتتى . نۇرلۇق قارا كۆزلىرىدىن كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلىدىغان بىر خىل ئىللىقلىق چىقىپ تۇراتتى . ئۇ شەمسىيەنى كۆرگەندە پەقەت «نەگە ماڭدىڭ ؟» ، «بۈگۈن بەك ھېرىپ كەتتىڭمۇ نېمە ؟» دېگەندەك ئادەتتىكى گەپلەرنى قىلىش بىلەنلا چەكلىنەتتى ، ھەرگىزمۇ بەزىبىر كۆڭلى سۇيۇق ئەركەكلەردەك كۆزنىڭ ئىچىگە غەلىتە تىكىلىپ قارايدىغان قىلىقسىزلىقلارنى قىلمايتتى .

شەمسىيە كېيىنچە بەكراخۇننى ئۆزىنىڭ يېقىن بىر

تۇغقىنىدەك كۆرىدىغان بولۇپ قالدى . يەنە بەزىدە ئۆزىنىڭ بۇنداق خىياللارنى قىلىپ كەتكەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ ، ئۇ ئۇيلىرىدىن ۋاز كېچىشكە ئۇرۇنۇپ ، بەكراخۇننى يىراقتىن كۆزىتىپ بېقىش قارارىغا كەلدى . بۇنىڭدىن مەقسىتى بەكراخۇن ئۇنىڭغىلا شۇنداق ئىللىق مۇئامىلە قىلامدۇ ياكى باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتامدۇ ، دېگەننى بىلىپ بېقىش ئىدى . كۆزىتىشنىڭ نەتىجىسى شەمسىيەنى چۆچۈتۈۋەتتى . بەكراخۇن پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىللىق مۇئامىلە قىلىدىكەن . ئۇ بۇنى بىلگەندىن كېيىن باشتا چۆچۈگەندەك بولدى . ئارقىدىنلا يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خۇشاللىقنى سەزدى . «ۋۇي ، مەن نېمىشقا ئۆزۈمچىلا خۇش بولىمەن !» دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە «ئۇ بىر جۇۋازچىغۇ ! ئەترەتنىڭ زەي چىقىپ تۇرىدىغان قاراڭغۇ جۇۋازخانىسىدا كېچە ـ كۈندۈز دېمەي چىلە قىغ پۇراپ جۇۋاز ھەيدەيدۇ . مانا شۇنداق بىر ئادەمنىڭ ئانچە ـ مۇنچە ياخشىلىقلىرىغا ، ئاددىيلا ئەھۋال سوراپ قويۇشلىرىغا ، كۈلۈمسىـ ـرەپ قاراپ قويۇشلىرىغا خۇش بولىمەنمۇ ؟ راستىنلا ساراڭ بولۇۋاتىمەنمۇ ـ نېمە ؟ ئۇ پات ـ پات ئوغلىدىن ياغ كىرگۈزىدۇ ، يەنە كېلىپ قوغۇن ئۇرۇقى بىلەن ئۆرۈك مېغىزىنىڭ ياغلىرىنى كىرگۈزىدۇ . بۇ ياخشىلىقلىرى ئۇچۇن ئۇنى ئەلۋەتتە ھۆرمەتلىشىم كېرەك . ئەمما كۆڭلۈمنى ئاختۇرۇپ باقسام ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم باشقىچە تۇيغۇغا ئورۇن بېرىۋاتقاندەك تۇرىدۇ . شەمسىيە ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالمىساڭ بولمايدۇ ! سەن تېخى يۈزى ئېچىلمىغان بىر قىز ، يەنە كېلىپ شەھەرلىكسەن ! ئۇچۇ ؟ ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن بىر جۇۋازچى ، بىر بالىسىمۇ بار تېخى ! سەن يوقىلاڭ ئويلاردا بولما ، كۆڭلۈڭنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتمىساڭ ، سەن توغرۇلۇق ئېغىزغا ئېلىپ بولمايدىغان گەپلەرنى تارقىتىۋاتقان ئاشۇ ھەمراھلىرىڭ ئالدىدا كۈلكىگە قېلىشىڭ تۇرغان گەپ ! ياخشىلىق قىلغان ئادەمنى ھۆرمەتلەش ، ياخشى تۇيغۇدا بولۇش نورمال ئىشقۇ ! ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىدىكەن .

ئەجەبا، ئۇ ماڭىلا باشقىچە قاراۋاتقاندەك سېزىلىۋاتىدۇيا، ياق، ياق، بۇ پەقەتلا مېنىڭ قارىشىم، ئارتۇقچە ئويلاردا بولماسلىقىم كېرەك...»

شەمسىيە ئاخىر ئۆز ۋۇجۇدىدا سېزىلەرلىك دەرىجىدە ئىپادىلىنىۋاتقان يېڭىچە ھېسسىياتنى يوقىتا چىقاردى. ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بەكراخۇنغا بولغان ھۆرمىتى ئالللىقاچان مۇھەببەتكە ئايلىنىپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇ ھەرقانچە ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنسىمۇ، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى پىژىلداۋېتتى. شەمسىيە بۇنى ئىنكار قىلالمايتتى.

بەكراخۇنمۇ شەمسىيەگە يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرگىلى خېلى بولغانىدى. ئەمما ئۇ ئۆز تۇيغۇسىنى ئاشكارا ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالماي ئىچىدە ئازابلىناتتى، ئۆزى قاراڭغۇ جۇۋازخانىدا بولغىنى بىلەن قەلبى ھامان شەمسىيەدە، ئوي - خىيالى بۇ كۆڭلى سۇنۇق قىزنىڭ يۈرىكىگە ئورناپ كەتكەن قاتمۇقات «مۇز» لارنى قانداق قىلىپ ئېرىتىشتە ئىدى. قىزنىڭ گۈزەل رۇخسارى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا لەيلەپلا يۈرەتتى. شەمسىيە ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم تەبەسسۇم بىلەن تىكىلىپ قاراپ قويسا قانچىلىك بولۇپ كېتەر - ھە! قىزنىڭ ئاپئاق، نازۇك بويىنى ئۇنىڭغا دائىم ياندىن كۆرۈنىدۇ. ئۇ نەچچە قېتىم ئۆزىنىڭ جۇۋاز ھەيدەۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ، خىيالىدىكى قىزنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلىماقچى بولغاندا، قولى ھاۋادا لەيلەپ قالدى. قايچىغا پۇتلىشىپ كېتىپ، ئۆزى كالىنىڭ ئاستىغا يىقىلىپ چۈشتى. ياخشى يېرى، بۇنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم كۆرمىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ بىر مەزگىل ساراڭدەك بولۇپ قېلىپ، جۇۋازنى بىر قېتىمۇالغانچە ھەيدەۋېرىدىغان، كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئايرىمايدىغان بولۇۋالدى. نەتىجىدە كالىنى كېرەكتىن چىقىرىپ، ماخوچىنىڭ تىل - دەشنىمگە ئۇچرىدى.

«مەن نېمە بولدۇم!» دېدى ئۇ ئاخىر ئۆز - ئۆزىگە «مەن كىم، شەمسىيە كىم؟ مەن ئەترەتنىڭ جۇۋازچىسى، ئۇ بولسا شەھەردە خىزمەت قىلىدىغان كادىرنىڭ قىزى. سىياسەت

مەجبۇرلىنىغاندا ، ئۇ ھەرگىزمۇ مۇنداق چۆل - جەزىرىگە ئاياغ باسمايتتى . مەن ئۇنىڭغا كۆيۈپ ، بىشىمنى تاشقا ئۇرۇپ يىرىۋالساممۇ پەرۋايى پەلەك ! ئۇ مېنى ياراتماسلىقى ، قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزماسلىقى تۇرغان گەپ . مەن ئۇنىڭ خورلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھېسداشلىق قىلدىم ، قولۇمدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلدىم . كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ نېمىكەن . شۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىم ئۈچۈن ئۇ پەقەت ماڭا بىر بېقىپ تاتلىق كۈلۈپ قويسا ئارام تاپاتتىم ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەلىپىممۇ يوق ئىدى… »

شەمسىيە بەكراخۇنىنىڭ ئۆزىگە ئاستىرتىن كۆيۈپ يۈرگەنلىكىنى خېلىدىن بېرى سېزىپ يۈرەتتى . ئەمما ، بۇنى ھېچكىم ئۇقمايتتى . ئۇ ئۆزىگە كۆيۈپ پىشىپ يۈرگەن نۇرغۇن يىگىتلەر ئىچىدە پەقەت بەكراخۇنىنىڭ مۇھەببىتىنىلا سەمىمي ھېسابلايتتى . چۈنكى ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئايلىنىپ كېتەلمەسلىكى ئۇنى بوزەك قىلىش ۋە خورلاش ئۈچۈن ئىدى . بۇنى ئۇلارنىڭ ئەخلاق كاتېگورىيىسىدىن ھالقىغان تەرزدىكى تىكىلىپ قاراشلىرى ، مۇغەمبەرلىك چىقىپ تۇرىدىغان بىمەنە چاقچاقلىرى ئىسپاتلاپ تۇراتتى . ئەمما بەكراخۇنىنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىدا ، گەپ - سۆزلىرىدە غەيرىي نىيەت يوق ئىدى . ئۇنىڭ شەمسىيە بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى روھىي ھالىتىدە خېلى دەرىجىدە قورۇنۇش تۈيغۇسىمۇ بار ئىدى . بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۆزىنى بۇ شەھەر قىزىدىن تۆۋەن چاغلايدىغانلىقى بىلىنىپ قالاتتى . شەمسىيەگە كەلسەك ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇنداق سانىمايتتى ، بەلكى «بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىقىڭ شۇ» دېگەندەك ، بەكراخۇننى ئۆزىنىڭ شاپائەتچىسى قاتارىدا كۆرۈپ ، ئۇنىڭ تىكىلىشلىرىنى ، تاڭسىققىنا ئەھۋال سوراشلىرىنى تەمە قىلاتتى . چۈنكى قاتتىق مۇڭغا پاتقان ، يارىماس ئادەملەرنىڭ بوزەك قىلىشىدىن غەزەپلەنگەن ، كۆڭلى ئازار يەپ پاراكەندە بولغان چاغلاردا بەكراخۇننىڭ مېھرلىك قارىشى بىلەن سەمىمي ئەھۋال سورىشى ئۇنىڭ دىل يارىسىغا مەلھەم بولاتتى -

ده ، قەلب ئاسمىنىنى خىرەلەشتۈرگەن تۇمانلار قاياقلارغىدۇر تارقاپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى ساپ ھەم ئىللىق ھاۋا ئىگىلىگەندەك ۋۇجۇدى راھەتلىنىپ كېتەتتى . ئارقىدىنلا ۋۇجۇدىدا بىخ سۇرۇۋاتقان بۇ شېرىن تۇيغۇدىن چۆچۈيتتى . «بىر دېھقان ، يەنە كېلىپ جۇۋازچى ــ ھە ! بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن ، — دەيتتى ئۇ ئۆز ــ ئۆزىگە ، — ياق ، ياق ، بۇنىڭدىن خۇدايىم ساقلار ! »

شەمسىيە ئاخىر بىر كۈنى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ دېدى :

— بەكراخۇنكا ، مېنى نېمانداق تولا ئىزدەيلا ؟ خېلى ياۋاش ، ئاق كۆڭۈل ئادەمكەن دەپ ئاكا ئورنىدا ھۆرمەت قىلسام ، ئەمدى سىلىمۇ ماڭا «قانات سۆرەپ» بوزەك قىلماقچىمۇيا ؟

بەكراخۇن شۇئان تاتىرىپ كەتتى . ئۇ خېلى ئۇزاق چەكچىيىپ قارىغاندىن كېيىن :

— سىڭلىم ، سىلە مېنى نېمە كۆرۈۋاتىدىلا . ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق ئاق كۆڭۈل قىز تۇرۇپ ، نازۇك دىللىرى بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك ئازابى ــ كۈلپەتلەرگە دۇچار بولۇۋاتقانلىرىنى كۆرۈپ ، قولۇمدىن كېلىشچە خەيرخاھلىق قىلدىم . ھەرگىز خاتا ئويلاپ قالمىسىلا ، مەندە سىلىگە قارىتا ھېچقانداق يامان نىيەت يوق . پەقەت··· — دېدى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي لاغىلداپ تىترىگىنىچە تۇرۇپ قالدى .

بۇ چاغدا شەمسىيە ئۆزىنى تۇتالماي قالغان بولۇپ ، ئۆزىنىڭ بەكراخۇنغا قاملاشمىغان گەپنى دەپ تاشلىغىنىغا پۇشايمان قىلىش بىلەن ، «پەقەت··· »نىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاش تەقەززاسىدا ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى :

— پەقەت··· ھە نېمە بولدى ؟

ئۇنىڭ بايامقى ئەسەبىي روھىي ھالىتىدىن ئەسەر قالمىغان ، ۋۇجۇدى قىزىپ ، گويا ئوت ئىچىدە قالغاندەك ئىدى .

— پەقەت ··· پەقەت سىلىنى قانداقراق تۇرۇۋاتىدىكىن . يوقلاپ كېلەي دەپ··· — بەكراخۇن يەنە گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى .

كۆتۈلمىگەندە شەمسىيەنىڭ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ هۆركىرەپ يىغلىشى بەكراخۇننى تەڭلىككە سېلىپ قويدى . ئۇنىڭ يىغىسى ھەقىقەتەن ئىچ ئاغرىتقۇدەك ئىدى .

— شەمسىيە ئاچا ، يىغلىمىڭا ، قورقىدىكەنمەن .

ئانىسىدىن بىمەھەل يېتىم قالغان ئوغلى ئەلىنىڭ سۆزى بەكراخۇننى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى . ئۇ ئەمدىلا تۆت ـ بەش ياشلاردا بولۇپ ، ئەقىللىقلىقى ۋە چۇچۇك گەپلىرى ھەرقانداق باغرى مۇز ئادەملەرنىمۇ ئېرىتىۋېتەتتى . شەمسىيە دەرھال يىغىدىن توختاپ ، ئەلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈپ كەتتى . چۈنكى ئۇنىڭ يىغىسى بەكراخۇنغا بولغان ئاچچىقىدىن ئەمەس ، بەلكى جۆرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ خورلانغانلىقىنىڭ دەردىنى بەكراخۇندىن ئالغانلىقىغا ئۆكۈنۈشتىن ئىدى .

— ماڭە ، شەمسىيە ئاچاڭنىڭ قولىدىن تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇز ، كېتەيلى ئاچا دە !

بەكراخۇننىڭ ئاۋازى شەمسىيەنى خىيالدىن ئويغاتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ تېخىچە پاتقاق لاي ئۇستىدە ئولتۇرغىنىنى سېزىپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى . ئەلى ئۇنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ :

— ئاچا ، ئاچا ، يۈزلىرىڭ لاي بولۇپ كېتىپتۇ . ئاتام ئىككىمىز سېنى ئەكەتكىلى كەلدۇق . قوپقىنا كېتەيلى ، — دېدى .

— بەكراخۇنكا ، سىلە نېمىدەپ كەلدىلە ! ؟ مەن بىلەن كارىلىرى بولمىسۇن . مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشمىسىلا ، كېتىمەن دېدىم كېتىمەن . بۇ يەرگە چېنىققىلى كېلىپ ، بۇ قەدەر خارلانغۇچە ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھىرىمدە ئاچلىقتىن ئۆلگىنىم ياخشى ! سىلە ماڭا كۆپ خەيرخاھلىق قىلدىلا ، بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن . ئەمدى زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى . كېتىمەن دېدىم زادى كېتىمەن !

ئۇ ئىنسان بالىسى چىداپ بولمايدىغان بوھتان ، سۆز ـ چۆچەكلەرنى ، بېسىم ، خورلۇق ۋە تىل ـ ھاقارەتلەرنى ئەسلەپ ،

بۇ يۇرتتىن تېخىمۇ يىرگەندى ، غەزەپتىن بوغۇلۇپ گەپ قىلالماي ، سېغىنىز لاي يۇقۇپ كەتكەن قولىنىڭ دۈمبىسىنى قاتتىق چىشلىدى !...

ئۇنىڭ كۆزىگە سانسىز قىزىل شارچىلار كۆرۈندى . قىزىلچىلىق ئاستا ـ ئاستا قارا تۇمانلارنى ھاسىل قىلدى . ھايالشمايلا قارا تۇمان ئىچىدە چۇپۇر قاش ، شاپ بۇرۇت ، يۈزلىرى سىپمىزلىكتىن سالپىيىپ كەتكەن بىر چىراي كۆرۈنگەندەك بولدى... بۇ چىراي شۇنداق ھىجىيىۋىدى ، سىرىق ھەم كۆكۈچ داغ ـ كىر باسقان رەتسىز چىشلار نامايان بولۇپ ، شەمسىيەنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى . ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە شۇنداق بىر ۋەھىمىلىك ئاۋاز ياڭرايتتى . «خېنىم . ماقۇل دە ، نادانلىق قىلما ، زىيان تارتىسەن . گېپىمگە كىرسەڭ ، مەن سېنى ئەزالارغا قول كۆتۈرتۈپلا ئوقۇشقا يوللاپ بېرىمەن . ھەممە دەرد ـ ئەلەمدىن ئوڭايلا خالاس بولىسەن . ئەگەر ھاكاۋۇر ، قوپال ، جاھىل بولساڭ ئۆزۈڭنىڭ شورى ، بۇ يەردە ئۆمۈر بويى قوتۇر ئېشەكتەك ئىشلىسەڭمۇ ئوقۇشقا بېرىش ئۇخلاپ چۈشۈڭ . ھى... ھى... ھى... سەن تېخى ئۆزۈڭنى پاك چاغلامسەن ، مېنى بىلمەيدۇ دېمە ، ئالىلىقاچان بۇزۇلۇپ كەتكەن نېمىسەن . ‹شەمسىيە بۇزۇق› ، ‹شەمسىيە مېكىيان› دېگەن گەپ بىكاردىنلا چىقىپ قالغانمۇ ؟ ئەگەر ماقۇل بولمىساڭ ، ئۇنىڭدىنمۇ قەبىھ گەپلەرنى تارقىتىپ ، شەرمەندە قىلىۋېتىمەن... ھاياتلا بولىدىكەنمەن ، ماقۇل دېمەي مەندىن قۇتۇلالمايسەن !...

— ياق ، ياق ، مەن كېتىمەن . ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى . بۇنداق خورلۇقتىن ماڭا ئۆلۈم ياخشى .

— مەن بولسام بىر جۇۋازچى ، سىلىگە نەسىھەت قىلىپ يول كۆرسەتكۈچىلىكىممۇ يوق . ئەمما شۇنچە ۋاقىت سەھرانىڭ ئاچچىق ـ سوغۇقىنى يەپ ، پېژغىرىم ئىسسىقىدا كۆيۈپ ، كۆپ جەبىر تارتىپ چېنىقتىلا . يا خۇدايىمغا ئاھ ـ زارلىرى يېتىپ ، يېقىن ئارىدا بىر يەردىن ئوقۇش دېگەن نېمە چىقىپ قالا ، ۋەيا

بــولمىسا ھۆكۈمەت خىزمەت بېرىپ ، بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرا .
ئــىشــقــىلــىپ ، چېنىقسۇن دەپ بۇ يەرگە ئەۋەتكەن ھۆكۈمەت
تــاشلىۋەتمەس . پىتىنىڭ ئاچچىقىدا كىيىمنى ئوتقا سالسا يالىڭاچ
قالىدىغان گەپ . ئۆزلىرىچىلا بۇ يەردىن كېتىپ ئۇ يەرگە بارسىلا ،
ئالتە يىل چېنىقىپ ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي كەلدى ، دېگەن گەپ
بىلەن خەق ھەر خىل سۆز - چۆچەك قىلماسمۇ ؟ ! بۇ يەردىكىلەرنىڭ
دېگىنى دېگەن ، قىلغىنى قىلغان بولىۋەرمەس . خۇدايىم بىر كۈنى
ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرەر . يەنە كۆپ بولغاندا بىر يىل ،
بولمىسا يېرىم يىل تەخىر قىلسىلا ، چوقۇم بىر گەپ بولاتتى .

## ئۈچىنچى باب

— مانـا ھــازىــر كۈن پېشىن بوپتۇ ، خۇدا ئالدىدا قەسەم
قىلايكى ، مەن ساڭا چىن يۈرىكىمدىن ئاشىق بولۇپ قالدىم . بۇ
سۆزۈمگە مۇشۇ كېۋەزلىك بىلەن ئۈستىمىزدە نۇر چېچىپ تۇرغان
قۇياش گۇۋاھ بولسۇن . مەن ساڭا راستىنلا كۆيۈپ قالدىم . ھە
راست ، مانا بۇنى كۆردۈڭمۇ ؟ بۇنىڭغىمۇ ئىشىنەرسەن . كېلە ، بۇ
يەر تازا خالىي ئىكەن . بۇنداق پۇرسەت ئاسان قولغا كەلمەيدۇ .
بۇيا ، چۈجگۈن ۋە يۆگىمەچ باسقان ئېرىق بويىدا بىر قىز
بــىلــەن بىر يىگىت مۇھەببەتلىشىۋاتاتتى . قىز ئېغىر - بېسىق
بولۇپ ، ئۆزىنى خېلى تۇتۇۋالغانىدى . يىگىت بولسا ئۆزىنى زادىلا
تىزگىنلىيەلمەيۋاتاتتى .
— مــېــھــرىنىسا ، جېنىم مېھرىنىسا ، ســەن نــېــمــدېگــەن
چــىــرايــلــىق - ھە ! دەسلەپ كەلــگەن چاغلىرىڭــدا بۇنىڭــدىنمۇ
چــىــرايــلــىقتىڭ . ئالىمدەك يۈزلىرىڭدىن نۇر ياغاتتى . دادۇيدە
چــېــنىقىۋاتقان زىيالىي يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سېنىڭ
ئــەتــراپىڭدىن چۆرگىلەپ كېتەلمەيتتى . ئۇلار سەن بىلەن بىللە
ئــىــشــلــەشــنــى ، پـۇرسەت تاپسا نازۇك بەللىرىڭدىن قۇچاقلاپ ،
ھېقىقەتەك لەۋلىرىڭگە بىر سۆيۈۋېلىشنى ، ئاندىن…
— ئوھوش غوجام ! ماڭىسلا نېرى ، نومۇسۇمنى كەلتۈرۈپ ،

بارغانچە قىلىن گەپلەرنى قىلغىلى تۇردىلىغۇ ؟ ھېلى بىرى كۆرۈپ قالسا... شەمسىيە دېگەن بىرنېمىلىرى كېلىپ قالسا كىرەرگە تۆشۈك تاپالماي قالارلىمىكىن ، — قىز ۋىلىقلاپ كۈلدى .

— ھىم نېمىنى... بولدى ، ئۇنداق ساراڭنىڭ گېپىنى قىلما . مەن دەسلەپتىلا ساڭا كۆيۈپ قالغان . قارىسام ، ئۇ چاغدا بازىرىڭ بەك ئىتتىك بولۇپ كەتتى ، ھەممىسى سېنىڭ ئەتراپىڭغىلا ئولىشىۋالدى . مەن قانچە قىلسامۇ ئامالسىز قالدىم . بىر كەملەردىن كېيىن ، دادۇينىڭ ھېلىقى مۇئاۋىن باشلىقى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوغلىۋېتىپ ، سېنى ئەنجىلىك ئىگىلىۋالدى . مەن دەردىمنى ئىچىمدە بىلىپ ، ئۆلمىدىمىۇ ، ئۇنىڭ بىرىسى بولدۇم دېگىنە . ئەتراپىمغا شۇنداق قارىسام ، ھەممىسى ئۆمۈچۈك توردەك مۇھەببەتلىشىپ كېتىپتۇ . سۇرۇشتۇرسەم ، شەمسىيە بىلەن مەنلا قاپتىمەن . ئەسلىدە مەن ـ مەن دېگەنلەردىن بىرقانچىسى ئۇنىڭدىن دەككىسىنى يېگەچكە ، ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالمىغانىكەن . ئاخىر مەن بۇ ساراڭنى بىر قولغا چۈشۈرەي دەپ ئويلاپ ، گەپ قىلسام ، كۆتمىگەن يەردىن ئىندەككە كېلىپ قالدى . ئۆزى قوپال بولغىنى بىلەن ، خېلى مەرد ، مۇھەببەتلىشىشكە يارايدىغان نېمىكەن . لېكىن تەلۋە مىجەزى بولغاچقا ، قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزمىدى .

— ھىم ، ئۇنداقتا ، شۇ مەرد ، يارامىلىق خېنىملىرىنى تېپىۋالسىلا ، غوجام ! مەن ياۋاشمىكەنمەن ؟ !

— ھەي ، قويغىنا ، سەنمۇ ساراڭمۇ ؟ بۇ شۇنداقلا بىر دەپ قويغان گەپ . ئۇنى تاشلىغىنىم تاشلىغان ، مانا مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ ، مېنىڭ سەندىن باشقا يايرىم يوق ، — يىگىت قىزنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمەي باغرىغا باسماقچى بولاتتى . قىز بولسا بوشىنىشقا ئۇرۇنۇپ جان جەھلى بىلەن يۇلقۇناتتى .

يىگىتنىڭ سۆزلىرى مېھرىنىسانى ئاخىر تەسىرلەندۈردى . ئۇ جۆرىنىڭ «ئاق ئۆجمە» دادۇيگە چېنىققىلى كەلگەن ئوغۇللار ئىچىدە خېلى كېلىشكەن يىگىت بولۇپلا قالماي ، دۇتار چېلىشقىمۇ

ھەممىدىن ئۇستا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. جۆرى ئۇنىڭ نەزىرىدە شوخ، تېتىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، يارامىلىق بىر يىگىت ئىدى. شۇڭا، مېھرىنىسا ئۆز كۆڭلىدە: «ئېرىڭ بارمۇ دېسە بار دېگۈچىلىكى بار يىگىت ئىكەن. گالۋاڭ، ياۋاش، لۆم - لۆم ئەرلەردىن خۇدا ساقلىسۇن» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۆزى بولسا، جۆرى تەرىپلەپ ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك ئېسىل قىزلاردىنمۇ ئەمەس ئىدى. جۆرىنىڭ ئۇنى پۇۋلەپ ئۇچۇرۇشتىن مەقسىتى لاپ بىلەن ئىندەككە كەلتۈرۈپ، كېيىنكى ئىشلىرى ئۈچۈن يول ئېچىش ئىدى.

سوقا يۇزلىرى ئاق سىرىققىنا كەلگەن بۇ قىزنىڭ ئاغزى كالاچەتەك يوغان، ئۇستىخانلىرى قوپال كەلگەن بولۇپ، ئۇ شەھەردە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن «قايتا تەربىيە» ئېلىش ئۈچۈن بۇ يېزىغا كەلگەنىدى. ئەگەر بۇ «كۆۋرۈك»تىن ئۆتمىسە، ئوقۇشقا بېرىش ياكى بىرەر ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاتا - ئانىلىرىنىڭ چوڭ ھوقۇقى، يۈز - ئابرۇيى ھەم يولى بارلار شەھەرگە يېقىن يېزىلاردا چېنىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپ، جاپانىمۇ ئازراق تارتتى. لېكىن بۇنداق ئامەت ئوڭايلىقچە نېسىپ بولمايتتى. ئۇنداق ئىمتىياز ۋە ھوقۇق مېھرىنىسانىڭ ئائىلىسى تۇگۇل ئۇرۇق - ئەۋلادىدىمۇ بولمىغاچقا، ئۇ تەقسىمات بويىچە مۇشۇ يىراق ھەم مۇشەققەتتى كۆپ «ئاق ئۇجمە» يېزىسىغا كەلگەنىدى. ئۇ دەسلەپتە ھېچكىمنىڭ دىققەت نەزىرىگە ئېرىشمىدى. سەۋەبى، ئاللا ئىگەمنىڭ ئۇنىڭغا چىراي تەقسىم قىلغاندا تولىمۇ بېخىللىق قىلغانلىقى ئىدى. شۇڭا ئۇ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا، بىر قىسىم ئەزالار قاتارىدا ئۆستەڭنىڭ مۇزىنى چوقۇشقا ئەۋەتىلدى.

دادۇينىڭ جىرتاق كەلگەن مۇئاۋىن باشلىقى گۆكشېدىن ئۆز دادۇيىگە تەقسىم بولغان زىيالىي ياشلارنىڭ ئىسمىنى پۈرلىشىپ تۇل خوتۇننىڭ رېپىدىسىدەك بولۇپ كەتكەن يانچۇق دەپتىرىگە يېزىۋېتىپ، «مېھرىنىسا» دېگەن ئىسمغا كەلگەندە يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى: «بۇ قانداقراق قىزدۇ؟ بۇمۇ چىرايلىق بولغىنى

بىلەن ، شەمسىيەدەك تازا توك قاپاق ، ساراڭمىدۇيا ؟ مەيلى ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ھەرقاندىقى باش ئەگمەي قالمايدۇ . باش ئەگمىسە ئۆمۈر بويى بۇ يەردىن كېتمەن دەپ ئويلىغۇچى بولۇشمىسۇن . بىزنىڭ يېزىنىڭ ئەمگىكى ، جاپا - مۇشەققىتى ، ياق ، مەن ئەۋەلنىڭ چارىسى ئۇنداق قىزلارنىڭ ھەرقانداق ئاتىكارچى بولغىنى بىلەنمۇ بويسۇندۇرماي قويمايدۇ . شەمسىيەمۇ تەلۋىلىكنىڭ دەردىنى تارتىۋاتامدۇ . بۇ تېخى ھېچ گەپ ئەمەس ، ساراڭلىق قىلغىنىغا قانچە قېتىملاپ پۇشايمان قىلىدۇ تېخى . مەنلا بولىدىكەنمەن ، ئۇنداق گەدەنكەش تەلۋىلەر چېنىقىۋېرىدۇ . قولىقى يۇمشاق ، ياۋاشلار كېتىۋېرىدۇ . شەمسىيەدەكلەرنىڭ جېنى تۆمۈر بولسىمۇ چىدىمايدۇ ، ئاخىر باش ئېگىدۇ… »

ئۇ ، مېھرىنىسانى ئۆزى مەسئۇل ئەترەتكە تەقسىم قىلدۇردى ، ئۆزىنى كۆرگەندىن كېيىن بولسا ، جىرتاق كۆزلىرىنى ئېيىق تاپىنىدەك ئالىقىنىدا ئۇۋۇلاپ ، ئىچىدە مىڭنى تىللىدى : «نەنىڭ ئېيى بولسۇن ، ئاناڭنى ! يۈزلىرى قوتۇر ، كۆزلىرى چامغۇر ئورىسىدەك ، ئاغزى كالاچىتەك… شەھەردىنمۇ شۇنداق سەت بىر نېمە چىقىدىكەن ! ؟ »

ئەۋەل ئۆز ئاچچىقىنى چىقىرىش ۋە ھوقۇقىنى تونۇتۇش ئۈچۈن ، مېھرىنىساغا مۇزنىڭ تازا قېلىن يېرىدىن ، يەنە كېلىپ باشقىلاردىن ئارتۇقراق بۆلۈپ بەردى . ئۇ ھەر قېتىم ، چېنىقىشقا كەلگەن زىيالىي ياشلارغا ئەزالار ئوتتۇرىسىدىلا مۇنداق دەپ تەنبىھ بېرەتتى :

— ھۇ ئاناڭنى ، سىلەر شەھەردىن چېنىققىلى نېمە قىلىپ چىقتىڭلار ، ئەگەر شياۋدۈينىڭ تۈزۈملىرىگە ئوبدان بويسۇنمىساڭلار كۆرگۈلۈكنى كۆرىسىلەر . ھۇ ئاناڭنى… ئىشتانباغ دېگەننىمۇ مۇشۇنداق ئۇزۇن ئېشەمدۇ ؟ گالۋاڭ خوتۇن… ماۋۇ شياۋدۈينىڭ ياشلىرىغا دەپ قوياي ، سىلەر ھەرگىزمۇ ئىشتانباغنى ئۇزۇن ئېشىدىغان ، ئىشتاننى تار كىيىدىغان خوتۇننى ئالماڭلار ، خوتۇن كىشىنىڭ ئەسكىسى مېنىڭ خوتۇنۇمدەك ئىشتانباغنى ئۇزۇن

ئېـــشــــدۇ ، ئۇزۇن ئىشتانباغ ئاسانلا چىگىلىپ قالغان ، يېشەي دېگەندە يېشىلمىگەن ، يەشمەي دېگەندە دەسسەپ سېلىپ يېشىلىپ كـەتـكەن... ھا... ھا... ھا !... ھە ، بولدى ، بولدى . «ئاخۇنۇم كۆلمەيدۇ ، كۆلسە تېلىقىپ كېتىدۇ» دېگەندەك ، پۇچۇق قاپاقتىن سـۇ تـۆكـۈلگەندەك كۈلۈۋېرىدىكەنسىلە . ھە ، مەن سۆزلەپ نەگە كـەلـگەنتىم؟ ھە راست ، سىلەر شەھەرلىكلەر قانداق ئادەملەر؟ ئـەركـەكلىرىڭلار ساقىلىڭلار كىندىكىڭلارغا چۈشكۈچە ئوقۇيمىز دەيدىكەنسىلەر ، قىزلىرىڭلار ئالتە بالىغا ئانا بولغۇدەك بولغاندىمۇ چـېـنـــقـــىـپ ئـوقـۇشـقا بارىمەن دەپ يېزىغا ئەمگەك قىلغىلى كـېلىدىكەنسىلەر . ھە بوپتۇ ، نېمە قىلىپ... بۇمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى . تىلىڭلارنىڭ تېگىدىكى تىلىڭلارنى خۇدا ئۆزى بىلمىسە بەندە بىلمەيدۇ . ئەمىسە ، كەمبەغەل دېھقانلار بىلەن ئېتىزدا ، ھاشادا ، جـاپـادا ، يـېـتـىــپ ـ قوپۇشتا ، ئىشقىلىپ ھەممە ئىشتا بىرگە بولىسىلەر . ھوي ئىسمايىل توكۇر ، بارمۇ سەن ! بۇ زىيالىي ياشلار مــاخــوغىمۇ پاتمىغىلى تۇردى . ئاۋۇ يان تەرەپتىكى ئاختاخانىنى بـــكـــارلات . ئـــاتـــلارنى ھارۋىكەشلەر ئۆيلىرىگە ئەكېتىپ بېقىپ تۇرسۇن . بىزنىڭ ئەتىگەن ـ ئاخشامدا دولقۇنلىرىمىز بار . بۇ يەردە شەھەردىكىدەك چۈشكىچە ئۇخلاپ ، پېشىن بىلەن قوپۇپ ئەسنەپ ئولتۇرىدىغان ئىش يوق . ئوغۇل ـ قىز ، چوڭ ـ كىچىك ھەممىڭلار دولقۇنغا چىقىشىڭلار كېرەك . ئەگەرچەندە دولقۇنغا چىقماي ئۇخلاپ قوپۇپ دوست تارتىپ ، ئاق نانچىلىق قىلىدىكەنسىلەر ، سىلەرنى ھەرگىز باھالاپ بەرمەيمىز . ھۆكۈمەت تازا جايىدا ئىش قىلدى . سىلەر ئاق نانچىلار ئىشخانىدا گېزىت كۆرۈپ ، ئاق دوبازا يەپ ئولتۇرۇپ ، ناننىڭ نەدىن ، قانداق كېلىدىغانلىقىنى بىلمەي... ھە راست ، سىلەرنىڭ ئايلىق نورماڭلار ، نېمە قىلىپ ، جەمئىي ئون سەككىز جىڭ ، ئەزالاردىن بىر جىڭ ئوشۇق يەيسىلەر . بۇنىڭ ئون جىڭى قوناق ، ئالتە يېرىم جىڭى تېرىق ياكى ئارپا ، بىر يېرىم جىڭى بۇغداي . كاتتا ئىش ـ دە بۇ . يەنە تېخى ھەر پەسىلدە يېرىم جىڭ چىگىت يېغى بېرىلىدۇ . ھە راست ، ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈچۈن ھەر

ئايلىق نورماڭلاردىن بىر جىڭ تۇتۇپ قېلىنىدۇ ، بۇنىمۇ ئالدىن دەپ قوياي ، ئامبارچى بىلەن سوقۇشۇپ يۈرمەڭلار يەنە . ئىلگىرى كەلگەنلەرنىڭ بەزىسى كۆكباش ئوغرىلاپ ، ئامبارغا ، باغقا ئوغرىلىققا كىرىپ تۇتۇلۇپ قالدى . بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كەلگەن يېرىگە ھەيدىۋەتتۇق . شەھەردە يانچۇقچىلىق قىلىپ يۈرگەندۇ ھەقىچان . ھۇ ئاناڭنى... بولدى يىغىن تۈگىدى ، ئىشقا بېرىڭلار .

يېڭى كەلگەن زىيالىي ياشلار ئەۋەلنىڭ يىغىنىغا قاتناشقان دەسلەپكى چاغلىرىدا ئۆزىنى باسالماي پىخىلداپ كۈلۈشەتتى . ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ كۈلكىلەر يىغىغا ئورۇن بېرەتتى . ئۇلار ھەسرەتلىك ياش تۆكۈپ ، تۇغۇلۇپ چوڭ بولغىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىشاتتى .

* *

— سەن ھازىرمۇ يەنە ئاشۇ ئەۋەل جىرتاققا ئاشنا بولۇۋاتامسەن ؟ — جۆرى ئەلەم بىلەن ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ ، قىزارغان ھالدا سورىدى .

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىلا ، ئاشۇ دادام دېمەتلىك جىرتاق سالجىدەك چاپلىشىپ ، كەينىمدىن رودىپايىدەك ئەگىشىپ يۈرسىزە ، مېنى ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدىمىكىن دەملا ؟ ! ئۇنداقلارغا چۈشۈپ قالغان ئادەم يوق ، مەنچۇ ، شەھەرنىڭ كىندىكىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ، مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق ھالىم بار . ئۆتۈپ - تېشىپ ئاشۇ سەھرالىققا ئۆزۈمنى بۇزامتىم ، ئاغزىلىرىنى چايقىۋېتىپ ، ئالدى - كەينىلىرىگە بېقىپ گەپ قىلسىلا جۇمۇ ! جىرتاقنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دوپپىسىغا جىگدە سالدىم . مېنى شەمسىيەلىرىگە ئوخشىتىپ قالمىسىلا ، بۇنداق تۇرغىنىم بىلەن ، ئىشنىڭ ئېپىنى خېلى بىلىمەن . خەقنىڭ تاپمىغان گېپى قالمىغىنى بىلەن ، ئۇ ئىت مىجەز جىرتاققا قولۇمنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزغىنىم يوق . مېنىڭ ئۇنىڭغا ھىڭگىيىپ

قويۇشۇم ئۇنى ئالداپ، بۇ قۇرۇغۇر قۇملۇقنىڭ ئۇماچ- يارمىسىدىن پاتراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئەمدى كۆرسىلە، ئۇ جىرتاققا قارايدىغان كۆزۈم بارمىكىن.

— مەن سېنى ئۇنىڭ پوكىنى ئاستىدا ياتتى دېمىدىم. ئۇنداق بولىدىغان بولسا، ساڭا كۆيۈپ يۈرەمتىم. سېنىڭ پاكلىقىڭغا ئىشەنگەچكە ئۆمۈرلۈك جۈپ بولايلى دەۋاتىمەن. ئادەم ياشلىق چاغلىرىنى ئۇ- بۇ قىزلارغا ساقال تاشلاپ ئۆتكۈزىدىكەن. ئاقىۋەتتە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئاش بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدىكەن. مانا ھازىر يىگىرمە بەشكە كىرىپ قالدىم. «دادام مەندەك چېغىدا تۆت بالىغا ئاتا بوپتىكەن. مەنچۇ، ئۆيلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، جېنىمنى باققۇدەك بىرەر ئىشقا ئۇلىشالماي، بۇ چۆل- جەزىرىدە ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋاتىمەن. ئوقۇغاننىڭ سازايى دېيىشكە ئاز قالدىم. كەلگۈسىدە خۇدا بىرەر مەكتەپتە ئوقۇشنى ياكى ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىگە ئىلىنىشنى نېسىپ قىلسا، مېھرىنىسا بىلەن توي قىلىپ بەختلىك ئائىلە قۇرسام دېگەننى ئارزۇ قىلىپ كەلگىلى خېلى بولغان. مانا بۈگۈن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ سۆزلىشىۋاتىمەن. ھازىرچە ناھىيىدىكى بىرەر ئىدارىگە، ھېچبولمىغاندا گۇڭشېنىڭ يۈگۈر- يېتىم ئىشلىرى بولسىمۇ ھۆكۈمەتكە تەۋە بىرەر خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالساق، بىر مەزگىل جان ساقلاپ، كېيىن شەھەرگە كىرىۋالساق بولىۋېرەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر شۇنداق قىلىۋاتامدۇ؟! ئەي ئىسىت، ئەينى چاغدا يامان نىيەتلىك ئادەملەر ئۇچۇرۇپ بەرسە، گۆدەكلىك قىلىپ ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرگىنىمىز، ئۇستازلىرىمىزنىڭ قارغىشى تۇتتىغۇ بىزنى. بولمىسا مۇشۇنداق سەھراغا ھەيدىلەمتۇق. بۇ ئىشلارنى ئويلىسام، شۇ چاغدا تولىمۇ نادان ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ، قىلغانلىرىمغا ئۆكۈنىمەن... — جۆرى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، بوغۇلۇپ بىرپەس سۆزلىيەلمەي قالدى، — مېھرىنىسا، ئويلاپ باقە، بىز بۇ ئاتام كۆرمىگەن قۇملۇققا كېلىپ نېمە خوۋلۇق كۆردۇق؟ تىنىم تاپماي

ئىشلەپمۇ قورساق تويغۇدەك ئاش ـ نانغا ئېرىشەلمەيۋاتىمىز . قورساق ئادەمنى ھەر كويلارغا سالىدىكەن . ئوغۇللار ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ ھەممىمىز ئوغرى ئاتالدۇق . دېھقانلار ھازىر بىزنى كۆزگە ئىلامدۇ ؟ ئادەم قاتارىدا كۆرەمدۇ ؟ قاتتىق كۈن بىر ـ بىرىمىزگە بولغان مېھىر ـ شەپقەتنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى . ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمىزدىكى گۈزەل ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر قېنى ؟... ئارزۇ ـ ئىستىكىمىز مۇشۇ قۇملۇقتا ھايۋاندىن بەتتەر كۈن ئۆتكۈزۈش ، ئاچ ـ زارلىقتا دېھقانىنىڭ چۆجە چىقىرىش ئۈچۈن تۇخۇم بېسىپ ياتقان كۇرۇك توخۇسىنى ئوغرىلاپ يېيىشكە ئوخشاش بولمىغۇر ئىشلارمىدى ؟ مۇسۇلمان بالىسى تۇرۇپ ھالال ـ ھارامنى ئايرىماي...

— بولدى سۆزلىمىسىلە... — مېھرىنىسا شۇنداق دېگىنىچە جۆرىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىۋالدى .

يىگىتنىڭ ئېچىنىشلىق سۆزلىرى ئاخىر ئۇنى ئېرىتكەنىدى . ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئاجايىپ بىر ھېسسىيات مەۋج ئۇرۇپ ، ئىچ ئاغرىتىش ، ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ مۇشۇ تەقدىرىدىشىغا ئېچىنىش تۇيغۇسى بىردىنلا يىغىغا ئايلاندى . ئۇ جۆرىنى مەھكەم قۇچاقلىغان ھالدا ئېسەدەپ يىغلىماقتا ، يېزىغا كەلگەندىن بېرى تارتقان پۈتكۈل خورلۇقلىرىنى ۋە دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى ئاچچىق كۆز ياشلىرى ئارقىلىق ئەسلىمەكتە ئىدى . بۇ دەردنى قىزلار قانچىلىك تارتمىدى ، ئاچلىق ئۇلارنى بىر بۇردا نان ئۈچۈن كىملەرگە تەلمۈرتمىدى ، كىمنىڭ بوسۇغىسىدا بويۇن قىستۇرمىدى ؟ «سول» دېن كەلگەن تەتۈر قۇيۇن ئۇلارنىڭ بۇ دەردلىرىنى چىقىرىشقا يول قويدىمۇ ؟ !

قىز بىلەن يىگىت ھۆكۈرۈشۈپ يىغلاشقان پېتى خۇددى ھەشقىپىچەكتەك بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتتى . شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرىمۇ ئۆزئارا قوشۇلۇپ ، بىر ـ بىرىنىڭ يۈزىنى يۇيماقتا ئىدى . ئۇلار بىرپەس يىغلىغاندىن كېيىن پەسكويغا چۈشتى . يىگىت ئۆزىگە چاپلىشىپ تۇرغان قىزنىڭ غۇدۇر ـ بۇدۇر

پېشانىسىگە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن سۆيۈپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا دېدى :

— قەلبىمدىكى ئەڭ گۈزەل مەلىكەم ، مەن ئەمدى مۇرادىمغا يېتىدىغان بولدۇم . خۇدا مېنى سەندىن ھەرگىز ئايرىمىسۇن . سەندىن ئايرىلسام بۇ دۇنيادا ياشىيالمىسام كېرەك . سۆيۈملۈكۈم ، ئاڭلىسام ، بۇ قېتىم داداڭ ۋىلايەتتە چوڭ باشلىق بوپتۇ . بۇ يەرگە كەلگىلى ماڭا ئۈچ يىل ، ساڭا ئىككى يىل بولدى . بۇ جەرياندا تارتقان جاپالىرىمىز ئازمۇ ؟ ! ھازىر ھۆكۈمەت ھە دەپ : «زىيالىي ياشلار يېزىلاردا چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى كېرەك» دېگەننى تەكىتلەۋاتىدۇ . بۇ گەپچە ، بىزنى مۇشۇ قۇملۇق سەھرانىڭ دېھقىنى بولۇشقا كۆندۈرمەكچى . بۇ دەشت ـ باياۋاندا قېلىشنى ئويلىسام ، ھاياتىنىمۇ كېچىپ كېتىمەن . سۆيۈملۈكۈم ، داداڭغا دەرھال خەت يازغىن ، بىزنى بۇ خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇۋالسۇن . داداڭ ھوقۇقىنىڭ بارىدا بۇ ئىشنى توغرىلىمىسا ، ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالىدۇ .

مېھرىنىسا ئويلىنىپ قالدى . «دېھقان بولۇپ قېلىش» دېگەن سۆز ئۇنىڭ نېرۋا تالالىرىنى يېقىمسىز غىدىقلاپ ، بەدىنى خۇددى چاققاق ئۇتقا تېگىپ كەتكەندەك قىچىشىپ كەتتى ، يۈرىكى ھېلىلا سوقۇشتىن توختاپ قالىدىغاندەك دۈپۈلدەيتتى ، جۆرى ئېيتماستىن بۇرۇن بۇ توغرۇلۇق ئويلىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلىدى . ئۇ چاغدا يالغۇز ئۆزىنىڭ ئىشى بولغاچقا ، ھەل قىلىش ئاسانغا چۈشەتتى . ئەمدى ، جۆرى ئۇنداق دەۋاتسا ، ئىككىيلەننىڭكىنى بىللىلا ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى قىلماي بولامدۇ ؟ ! ئەمما ئۇنى دادىسىغا قانداق ئۇقتۇرىدۇ ؟ «ئۇ يىگىت سېنىڭ نېمەڭتى» دېسە نېمە دەيدۇ ؟ بۇنىڭغۇ ئانىسى ئارقىلىق چۈشەندۈرەر . چۈنكى ھازىر ، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ بالدۇرراق تۇرمۇشلۇق بولۇشى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقان چاغ . بىراق ئۇ جۆرىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرەمدۇ ـ يوق ؟ ئۇنىڭ مۇھەببىتى ھەقىقىي مۇھەببەتمۇ قانداق ؟ بۇرۇن ئۇنى «سەت» دەپ ياراتمايدىغان يىگىتلەر دادىسى چوڭ باشلىق بولۇش

بىلەنلا ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ كېتەلمەيدىغان بولۇپ قېلىشتى. مانا ئەمدى ئۇ بىردىنلا گۈزەللەرنىڭ گۈزىلىگە ئايلىنىپ قالدى. توۋا، ھوقۇق سەت ئادەمنىمۇ چىرايلىق قىلىۋېتەلەيدىغان سېھىرىي كۈچكە ئىگىمىدۇ؟ ھەقىقەتەن شۇنداق ئوخشايدۇ. مەن ئىلگىرى كۈندە نەچچە قېتىم ئەينەككە قاراپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزۈمنى تۈزىسەممۇ ھېچكىم كۆز - قىرىنى سېلىپ قويمايتتى. ئەمدىچۇ، ئۆزۈمنى تۈزەپ يۈرمىسەممۇ يىگىتلەرنى جەلپ قىلىدىغان پەرىگە ئايلىنىپ قالدىم، ئېھ، ھوقۇق! ھوقۇق بولسىلا ھەممە ھەل بولىدۇ دېگەن سۆز. سەت چىرايلىققا ئايلىنىدىكەن، مىجەز - خاراكتېردىكى بولمىغۇر قىلىقلارمۇ نازاكەتلىك ھەرىكەت بولۇپ كۆرۈنىدىكەن. ئۇ ھەرقانچە پەزىلەتسىز ئادەم بولسىمۇ، خەلق مەنپەئەتىنىڭ ئەڭ سادىق قوغدىغۇچىسى... دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن پەردازلىنىدىكەن. ئىشەنمىسەڭلار ئاۋۋال جىرتاققا قاراپ بېقىڭلار، بۇ كىچىككىنە يېزىدا ئۇنىڭ ئازراق ھوقۇقى بولغاچقا، جىرتاقلىقى باشقىلاردا يوق بىر سۈپەت ھېسابلىنامدىكىنتاڭ، خېلى چىرايلىق قىزلار ئۇنى تالىشىپ بىر - بىرىدىن قىزغىنىدۇ. مانا مەنچۇ، ھەقىقەتنى ئېيتسام سەت ئىكەنلىكىم باشقىلارغىمۇ، ئۆزۈمگىمۇ ئايان. دادام چوڭ ھوقۇققا ئېرىشۈۋىدى، جۆرىدەك كېلىشكەن يىگىتلەر قەلبىنى چۈشەندۈرۈپ مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان ھېلىقى سۆزلىرىدىن قارىغاندا، ئۇمۇ كۈن ئېلىشنىڭ «ھەقىقىي» بىر يولىنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك. ئۇ شۇنداق كېلىشكەن يىگىت بولۇپلا قالماي، دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىدىغان بولسا، ئىنسان تۈگۈل، ئۇچار قاناتلارغىمۇ لەززەت بېغىشلىيالايدۇ. ئەگەر دادىسىنىڭ «سىياسىي مەسىلە» سى پۈتلىكاشاڭ بولمىغان بولسا، ئۇ ئاللىقاچان ئارتىسلىققا كەتكەن بولاتتى. بۇ يەردە دېھقانلارنىڭ باھالىشىدىن ئۆتۈپ ئوقۇشقا بارالماسلىقىغىمۇ يەنە شۇ «مەسىلە» تۇسالغۇ بولدى. قىزلار ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئاشىق بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ تەلەيسىزلىكىدىن قورقىدۇ. بىتەلەي ئادەمگە چىراي بىلەن

تالانتىنىڭ نېمە پايدىسى ! پەقەت شەمسىيەلا ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ ، ھېچنېمىدىن قورقماي ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت باغلىغان . ئۇ ئارتىسمۇ بولالماي ، ئەسكەرلىككىمۇ قوبۇل قىلىنماي ، ھەممىدىن بىراقلا كەچمەكچى ياكى سەرگەردان بولۇپ بىر تەرەپكە كەتمەكچى بولغاندا ، شەمسىيە ئۇنىڭ سەدپارە بولغان قەلبىنى تەسەللى زەمزىمى بىلەن سۇغىرىپ ، پاك سۆيگۈسى ئارقىلىق ئۈمىد بېغىشلىغان . ئەمدىلىكتە ئۇ شەمسىيەنى تاشلىۋەتكەن بولسا ئۆزىنىڭ ئىشى . ئاغزىمدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىغىنىم بىلەن ، مەنمۇ ئۇنىڭغا كۆيۈپ يۈرگىلى خېلى بولغان . ئەمدى پۇرسەت يېتىپ كەلگەندە نازلاپ ئولتۇرۇشۇم ھاجەتسىز . مەن كەلگۈسىدە قانچىلىك كاتتا ئادەم بولۇپ كېتەي ، جۆرىچىلىك يىگىتكە ئېرىشمىكىم تەس . يەنە كېلىپ ، ئاشۇنچىۋالا كېلىشكەن بىر يىگىتنىڭ مەندەك بىر قىز ئالدىدا ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ، يۈرەكنى ئېرىتكۈدەك سۆزلەرنى قىلىشى ئاسان ئەمەس . ئۇ راست گەپ قىلىۋاتىدىغاندۇ ، بىزنىڭ بۇ زامانىمىزدا گۈزەللىك ياكى چىن مۇھەببەت بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئاندىن ياشاش ھوقۇقىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ ، ماڭا سۆيگۈ ئىزھار قىلغاندۇ...

قىز قوڭۇر كۆزلىرى بىلەن جۆرىنىڭ كىرپىكى سايە تاشلاپ تۇرغان ، ھەسرەت يوشۇرۇنغان مۇڭلۇق قاپقارا كۆزلىرىگە قارىدى . يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن بىچارىلىك ، يېلىنىش ، ھەسرەتلىك سۆيگۈ ، ھىجران تۇيغۇسىغا ئوخشاش ئالامەتلەر چەكسىز نۇر سىزىقچىلىرىدەك چاقناپ تۇراتتى . مېھرىنىسا ئۇنىڭغا ھاياتىدا تۇنجى قېتىم چىن سۆيگۈ ھېسسىياتى بىلەن قارىدى .

— جۆرى ، دېگەنلىرى راستمۇ ؟

— گۇمانلىنىۋاتامسەن ؟ خۇدا ئالدىدا قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەنكى ، بۇ مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم . مېنىڭ پۈتۈن ، شۇنداقلا ئاخىرقى ئۈمىدىم سەن . جېنىم مېھرىنىسا ، مۇھەببىتىمنى رەت قىلساڭ ، بۇنداق ھاياتنىڭ ماڭا كېرىكى يوق .

— ۋىجداننىڭ شەمسىيەگە يۈز كېلەلەمدۇ ؟

مېھرىنىسا بىر دەھشەتلىك خىيالنىڭ تۈرتكىسىدە ئۈنى «سەن»لىدى . مانا بۇ ھوقۇق گۈزەللىكىنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىك ئۈستىدىن تۈنجى غالىب قەدەم بېسىشى ئىدى .

— ئەسلىدە ۋىجدانىم ساپ ئىدى . ئۇنداق بولمىغاندا بۇ سوئالىڭغا جاۋاب بېرەلمەيتتىم . ئەمما ئۇ ۋىجدان ئەمدى نەگە كەتتى ؟ مەن ياشاشنى خالىمىغان ۋاقىتتا ئۇ مېنى ياشاشقا ئۈندىدى . شۇ ئۈندەشلەر تۈرتكىسىدە ياشاپ نېمە خوۋلۇق كۆردۈم ؟ كۆرگىنىم قان ـ ياش ، داد ـ پەرياد بولدى . ئەگەر بالدۇرراق ئۆلگەن بولسام خورلۇقنى ئازراق تارتقان ، گۇناھنى ئازراق ئۆتكۈزگەن ، بىر ئاز بولسىمۇ ئۆز مەنتىقەمنى ساقلاپ ، پاك پېتى كەتكەن بولاتتىم . بۇ ھالدا ۋىجدان توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىش مۇمكىنمۇ ؟ ! مەن قايتا ـ قايتا ئويلانغاندىن كېيىن ، شۇنداق قاراشقا كەلدىمكى ، ئۆز مەقسىتىڭگە يېتىش ئۈچۈن ، مەيلى قانداق قەھرىمانلىق ، ئالىيجانابلىق ، پەسكەشلىك ، رەزىللىك ، شۇملۇق قىل ، مېنىڭچە ، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۈرەش ھېسابلىنىدۇ . ياشاش يولىدىكى ۋىجدان مانا مۇشۇ ! مەن ئەسلىدە ئاتا ـ ئانامدىن ۋە ئۇستازلىرىمدىن بۇنداق ۋىجدان تەربىيىسىنى ئالمىغاچقا ، ھېس قىلماپتىكەنمەن . بىز ياشاۋاتقان بۇ زېمىن ، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە بىللە ياشاۋاتقان ئادەملەر ماڭا بۇ خىل يېڭىچە ۋىجداننى ، ھايات مەنتىقىسىنى ئۆگەتتى...

— مېنى ئاشۇ ۋىجدانىڭ بىلەن سۆيەمسەن ؟

— ھە ، سەنمۇ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرسەن .

— ھەئە . سەنمۇ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرسەن . باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

مېھرىنىسا تەقدىرگە تەن بەرگەندەك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ۋە جۆرىنى تۈنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ، ئۇنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى . يىگىت ئەتراپىغا قارىۋەتكەندىن كېيىن ، ئۇنى ئوت ـ چۆپ ئۈستىگە باستى...

# تۆتىنچى باب

داداڭنىڭ باشلىق بولۇشى بىلەن نېمە كارىم؟ بىلىپ قوي، مەنمۇ بۇ يەرنىڭ بىر كاتىپېشى. مەن باھالاپ بەرمىسەم، داداڭنىڭ سېنى ئەكېتىپ ئوقۇش ياكى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغىنىنى قېنى بىر كۆرەي. سەن ئەۋەلدىن شۇنداق ئاسان قۇتۇلىمەن دەپ ئويلامسەن؟ ئېيتىپ قوياي، سەن بۇ يەردىن بالدۇرراق كېتىشنى ئويلىساڭ، سىزغان سىزىقىمدىن چىقماسلىقىڭ، ھەرقاچان كۆڭلۈمنى ئېلىپ رازى قىلىشىڭ كويىدا بولۇشۇڭ كېرەك. ساڭا ئايان، بۇ يەرگە كەلگەنلەردىن مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلغانلىرى خەيرخاھلىقىمغا ئېرىشىپ، تېزلا كېتىۋېلىشتى. ئىشەنمىسەڭ شەمسىيە ساراڭدىن سورا. ئۇ مانا ئالتە يىلدىن بېرى مۇشۇ يەردە.... ئەڭ ياخشىسى...

ئەۋەل مېھرىنىسانى قۇچاقلاپ سۆيمەكچى بولۇۋىدى، مېھرىنىسا ئۇنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ:

— ئەمدى بەس! يەنە ئويۇنچۇق قىلىۋېرىشىڭگە يول قويالمايمەن... — دېدى.

ئەۋەل ئۇنىڭ قارشىلىقىغا پىسەنت قىلماي، ھارام كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، زورلۇق بىلەن سامان ئۈستىگە باستى. مېھرىنىسا ئاغزىدا پوپۈزا گەپلەرنى قىلىپ، كۆرۈنۈشتە تىركەشكەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى نارازى قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇۋەتتى، ئاغزىدىن بولسا قوپال سۆزلەر چىقىپ تۇردى:

— دۇنيادا سەندەك ئىنساپسىز دەيۈزدىن يەنە بىرى تېپىلماس. ئەگەر مۇشۇ ئىپلاسلىقلىرىڭنى پاش قىلىدىغان بولسام...

ئەۋەل سەت ھىجايغىنىچە دېدى:

— تېرە تاراقشىتما، پاش قىلساڭ كىم سورايتتى، ئەمدى

بولدىغۇ ، شۇنچىلىك ئىش ، ئەڭ ياخشىسى ، چاۋاڭنى چىتقا يايماي چىرايلىق كېيىنۋالغىن ، باشلىق داداڭنىڭمۇ مۇبارەك نامى بۇلغانمىسۇن ، قانداق دېدىم !

مېھرىنىسا يۈزىنى ئىككى ئالىقىنى بىلەن ئېتىۋېلىپ يىغلاپ كەتتى . بىردەمدىن كېيىن ئېسەدەپ تۇرۇپ ئېيتتى :

— سەن… سېنىڭمۇ بالىلىرىڭ باردۇ ، ماڭا ئەمدى رەھىم قىل… ئاچا - سىڭىللىرىڭ بولسا ، ئۇلارنىمۇ ئويلاپ قوي ! مەن بىلەن دەسلەپ كارىڭ بولمىغان ، كېيىن…

ئەۋەل ئۇنىڭ ئاغزىدىكى سۆزىنى تارتىۋالدى :

— دەسلەپ سەتكەن دەپ يارىتمىغان . كېيىن قارىسام ، خېلى بولىدىغان نېمىدەك كۆرۈندۈڭ . شۇنىڭ بىلەن… — ئۇ چۈشىنىكسىز ھىجىيىپ قويدى ، — نېمە ؟ جۆرى بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشتۇق دەمسەن ؟ بۇمۇ بوپتۇ . مېنىڭمۇ خوتۇن - بالىلىرىم بار . ئۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى . لېكىن ، داداڭ ھەرقانچە باشلىق بولسىمۇ ، جۆرى بىلەن ئىككىڭلارنى بۇ يەردىن ئەكېتەلمەيدۇ . جۆرى پەقەت بۇ يەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا شەمسىيەنى تاشلاپ ، سېنىڭ كەينىڭگە كىرگەن نېمە . مەقسىتى داداڭنىڭ ھوقۇقى ئارقىلىق ئۆزىنى بۇ سەھرادىن قۇتۇلدۇرماقچى .

مېھرىنىسا ئۇستىبېشىدىكى سامانلارنى ئاستا قېقىشتۇرۇپ ، ھودۇقۇش ئىچىدە ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى . ھازىر بۇ ئىككىسىنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرى ئەترەتنىڭ كالا ماخوسى بولۇپ ، ئەزالار ئېتىزلىقتا ئىشقا كەتكەندىن كېيىن ، ئەۋەل بىر ئىشنى باھانىدەپ مېھرىنىسانى سامانلىققا ئەكىرىۋالغانىدى .

— ئوبدان ئەۋەلكا ، ئەمدى ماڭا رەھىم قىلغىن . مەن بۇ يەرگە قىز كەلگەن . قورساقتىكىنى ئاران يىغىشتۇردۇق . يەنە چاتاق تېرىلىپ قالمىسۇن . چىرايلىق قىزلار كۆپقۇ ، قايسىبىرى سېنىڭ تەلىپىڭنى رەت قىلالايدۇ ؟ جۆرىگە ئۇنى - بۇنى دەپ يۈرۈپ ، سەن بىلەن بولغان ئىشنى ئاران يوققا چىقاردىم . ئۇ تەستە ئىشەندى . سەندىن خۇش بولاي ، مېنىڭ بەختىمگە ئولتۇرما . بۇنىڭدىن كېيىن

مېنى بۇ ئىشقا يەنە زورلىمىغىن . جۆرى مېنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرسۇن ـ كۆرمىسۇن ، ئالدىمدا قەسەم قىلدى . مەن قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قەدىرلەيمەن...

— بولدى ، سۆزلەۋەرمە ، دېدىمغۇ بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى . بىراق ، ۋاقتى كەلگەندە ، ئەۋەلكام راست ئېيتىپتىكەن دەپ قالىسەن ، ئۇ كاززاپ سەن بىلەن توي قىلغان تەقدىردىمۇ ، بىرەر ئىشنىڭ سېپىنى تۇتۇۋېلىپلا سېنىڭمۇ كەشىگىنى توغرىلايدۇ ، — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، ئىشتانبېغىنى ئەتكەچ تازا كېرىلىپ بىرنى ئەسنىۋېتىپ ، ئالچاڭلاپ ماڭغىنىچە چىقىپ كەتتى .

ئەۋەلنىڭ بۇ ھالىتى مېھرىنىسانى يىرگىنىدۇرۇۋەتتى . ئىچ ـ ئىچىدىن تىترەك بېسىپ ، تەنلىرى شۈركەنگەندەك بولدى . ئەگەر كۆچى يەتسە ياكى ئاۋازسىز تاپانچىسى بولسا ، ئادەم سۈرەتلىك بۇ مەخلۇقنىڭ جاجىسىنى شۇ تاپتىلا بەرسە ! بىراق ئۇنىڭدا ھازىر ئۇنداق ئىقتىدار يوق . ئۇ ئوقۇغان نۇرغۇن ھېكايە ـ رومانلاردا ، قىزلار بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە ، ۋىجدان ۋە چىن مۇھەببەت توغرۇلۇق سەلتەنەتلىك سۆزلەرنى ئېيتىپ ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەندى . بىراق ئۇ رېئاللىقتا ئۇنداق بولغىنىنى ئاڭلاپ ياكى كۆرۈپ باققىنى يوق . ئۇ ھايات تەرىپىدىن خورلانغاندا ، قەلبىدە چەكسىز نەپرەت غەليان قىلسىمۇ ، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى يەنىلا چوڭقۇر ، ھاياتنى قىزغىن سۆيىدۇ . ئادەملەرنىڭ رېئاللىقتىن ، تەقدىر ـ قىسمەتتىن زارلانمايدىغىنى ، قاقشىمايدى-غىنى يوق . بېشىغا دەرد ـ ئەلەم كەلگەندە ھاياتتىن تويىدىغانلارمۇ بار . ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىش قولىدىن كەلمەيدۇ . چۈنكى ، جاندىن كېچىش ئاسان ئەمەس ! بىزنىڭ مېھرىنىسامۇ رەھىمسىز تەقدىرنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالغان ئاجىز بىر قىز . ئۇ رېئاللىقتا ياشاۋاتقان تۇرۇقلۇق ، قانداقمۇ كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن پىداكار قىزلارنى دورىيالىسۇن ؟ ئۇنىڭچە ، بۇ پەقەت خىيالپەرەس ، ئەقىلدىن ئاداشقان كىشىلەرلا قىلالايدىغان ئىش !

مېھرىنىسا ئەۋەلنىڭ «كۆچ ـ قۇدرىتى» گە قايىل بولدى ،

ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا غەزىپى تاشتى . «ئەجەبا ، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ ، — ئەۋەلنىڭ ياۋۇزلۇقىنى جامائەت ئالدىدا ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيدىغان ئادەم چىقماسمۇ ؟…»

## بەشىنچى باب

ئەتىياز كەلدى . يەرنىڭ توڭلىرى بوشاپ ، قۇرت - قوڭغۇزلار جانلىنىشقا باشلىدى . ئېتىز قىرلىرى ۋە قۇم دۆۋىلىرى ئۈستىدە خۇددى كىرپىنىڭ تىكىنىدەك ئۆتكۈر ، ئەمما يۇمران قومۇش بىخلىرى پەيدا بولماقتا . ئۇلارنى يىپەكتەك يۇمشاق تۇكچىلەر قاپلىغان بولۇپ ، كۈن نۇرىدا پارقىراپ كۆرۈنىدۇ . ئۈستىدىن بۇنداق قويۇق قومۇش بىخلىرى تېشىپ چىققان ساناقسىز قۇم دۆۋىلىرى يىراقتىن قارىغان كىشىگە خۇددى تۈگۈلۈۋالغان كىرپىنى ئەسلىتىدۇ . كىرپە ئۆز بەدىنىدىكى ئاشۇنداق ئۆتكۈر ھەم قويۇق تىكەنلىرى ئارقىلىق كۈشەندىلىرىدىن مۇداپىئەلەنگەندەك ، قۇملۇقمۇ چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە قومۇشلارنى تەڭداشسىز ھىمايىچى ھېسابلايدۇ . بۇ قومۇشلار شۇنداق قۇدرەتكە ئىگىكى ، ئاپئاق ، ئەۋرىشىم يىلتىزلىرى ئارقىلىق قۇم بارخانلىرى ئاستىدىكى سۇنى سۈمۈرۈپ ، سىپاھلارنىڭ نەيزىلىرىدەك ئۇچلىرى بىلەن قۇم دەشتىنىڭ باغرىنى تېشىپ چىقىدۇ .

ئەتىياز كېلىشى ھامان بۇ يەردە ئەڭ ئاۋۋال كېۋەز تېرىلغۇسى باشلىنىدۇ . شەمسىيە ئۇيراپ ئاقىرىپ كەتكەن كەتمىنىنى سۇسلۇق بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، ئاغدۇرۇلغان كېۋەز يېرىنى تۈزلىمەكتە . شۇ تاپتا ئۇنىڭ قورسىقى بەكلا ئاچقانىدى . ئۇنىڭ نورما ئاشلىقى تۈگىگىلى بۈگۈن ساق ئۈچ كۈن بولغان ، نورما تارقىتىشقا يەنە ئون بىر كۈن بار ، ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇ كۆزدە تېرىۋالغان جىگدىنى يەپ جان ساقلاۋاتىدۇ ، كاشكى مېۋە - چېۋە ياكى قوغۇن - كاۋا پىششىقى بولغان بولسا… بۇ ئەتىياز بولغاچقا ، ئۇنىڭ

مجەزى قۇرۇق ئىسسىقتا ئايلىنىپ ، ئۇگە - ئۇگىلىرى سىرقىراپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغان ، لەۋلىرى يېرىلىپ ، ئاغزىنى گەز باغلاپ كەتكەن . بۇنداق چاغدا جىگدىمۇ گالدىن ئۆتمەيتتى . ئۇنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ ، بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغىنىغا قارىماي ، ئەۋەلنىڭ ۋەزىپىنى ئېغىر بېرىشى ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ . مانا بۇگۇنمۇ ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ تولىسى ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ قايتقىلى بىر - ئىككى سائەت بولاي دېدى . ئۇن يېتىم يىراقتىكى ئېتىزلىقلاردا قىمىرلاپ يۈرگەن ئانچە - مۇنچە ئادەمنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، قالغانلار چىم - پاتاس ، چاۋا - چاتقاللىرىنى يۇدۇشۇپ ئۆيلىرىگە قايتقانىدى . قۇياشمۇ ھارغىنلىق يەتكەندەك ئاخىرقى نۇرلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن چېچىپ ، قۇم دۆۋىسى ئۇستىگە باش قويۇشقا تەييارلىنىۋاتاتتى .

— شەمسىيە ، ياردەملىشەيمۇ ؟

ئۇ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئالدىدا تۇرغان جۆرىنى كۆردى . ئاچلىق ، ھارغىنلىقنىڭ دەرد - ئەلىمى يەتمىگەندەك ، كۆتۈلمىگەن بىر چاغدا جۆرىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇردى :

— ئىپلاس ، ۋىجدانسىز ، قايسى يۈزۈڭ بىلەن ماڭا گەپ قىلىۋاتىسەن ؟ — ئۇنىڭ گەز باغلىغان لەۋلىرى غەزەپتىن تىترەپ كەتتى ، كۆزلىرىدىن نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاچرايتتى .

جۆرى كونا شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ ، پاخپايغان چاچلىرىنى قولى بىلەن تاراشتۇرغاچ جاۋاب بەردى :

— جىقراق تىللىۋالغىن . ئىچى بوشىسا دەرد - ئەلىمى بىر ئاز يېنىكلەپ قالارمىكىن دەپ ، ئاتايىن سېنىڭ تىلىڭنى ئاڭلىغىلى كەلدىم . بۇمۇ مېنىڭ ساڭا بولغان ئاخىرقى ئەقىدەم بولۇشى مۇمكىن ، — ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى . شەمسىيەنىڭ بولسا گېلى بوغۇلۇپ نەپەس ئالالماي قالغانىدى .

جۆرى بېشىنى يەردىن ئالماي داۋام قىلدى ، — شەمسىيە···

— ئىسمىمنى قايتا ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما ! — شەمسىيە

ئۆنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ۋارقىرىدى .

ئۆنىڭ ئىچىگە دەرد توشۇپ كەتكەن بولۇپ ، جۆرىنى قانچە تىللىسىمۇ ئىچى بوشىمايتتى . لېكىن شۇ تاپتا قانلىرى قىزىپ ، روھىي جەھەتتىن قاتتىق بوغۇنقىپ كەتكەچكە ، بوغۇزىدىن گەپ چىقمايتتى .

— شەمسىيە ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال . بىزنىڭ بۇ يەردە ۋىجدان دېگەن بۇ سەلتەنەتلىك ئۇقۇمنى مىزان قىلىپ ياشاش بىر خىل شېرىن خىيال ئىكەن . هازىرقى ئىشلار «زامان ساڭا باقمىسا ، سەن زامانغا باق» ، «ئېشەكنىڭ ساغرىسىغا ئاپتاپ چۈشسە قولۇڭنى قاقلا» دېگەننىڭ ئۆزى بولۇۋاتىدۇ . مەنمۇ ئەسلىدە ۋىجدانىم بىلەن ياشاشنى ئويلىغان . بىراق ، بۇنداق قىلسام ، ئۆمرۈمنى پۈتۈنلەي دەرد ـ ھەسرەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدىكەن . بۇ تولىمۇ ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ ؟ ! شۇڭغىچە سۆرگەن شېرىن خىياللىرىم ، كۆڭلۈمگە پۈككەن ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىم ، دادامغا ئەگىشىپ ناماز ئـوقـۇغاندا قوللىرىنى يۈزلىرىمگە سۈۋاپ ئالالادىن تىلىگەنلىرىم مۇشۇنداق جەبىر ـ جاپا تارتىپ ، خورلۇق ئىچىدە ياشاشمىدى ؟ ياق ! مەن ئالالادىن بەختىمنى تىلىگەن ، يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ جەمئىيەتكە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشنى ئارزۇ قىلغان ، باياشات تـۇرمـۇش كـەچـۈرۈشنى خىيال قىلغان ! ئەمدى بىلدىم ، چۈش رېئاللىقتا ۋەكىللىك قىلالمىغاندەك ، ئارزۇ ـ ئىستەكمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش يول قويمىسا ئەمەلگە ئاشمايدىكەن . ھەي ، ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا ، كۆرگىنىمنىڭ ھەممىسى خورلۇق ، دەرد ـ ئەلەمدىن ياش قۇرۇمىغان كۆزلەر ، ئاڭلىغىنىم ھەسرەتلىك ئىڭراش ۋە داد ـ پەرياد بولـدى . سەنـمۇ ئوقۇغان كىتابلىرىڭدىن قوبۇل قىلىۋالغان رومانتىك قاراشلىرىڭنى چۆرۈۋەت . ئۇ دەرد ـ ئەلەمدىن باشقـىغا ئېرىشتۈرەلمەيدۇ . كىتابنى يىغىشتۇرۇپ ، رېئاللىققا يۈزلەن .

شـەمـسىيەنىڭ بۇ ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتى قالمىدى . كۆچى يەتسە ، ۋىجدان ئاسىيسىغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ

مەلئۇننى چايناپ پۇركۇۋەتكۇدەك دەرغەزەپكە كەلدى .

— يوقال كۆزۈمدىن ! — دېدى ئۇ قەھرلىك ۋارقىراپ ، — ھۇ لالما ئىت ، نومۇسسىز دەيۇز ! بۇ گەپلىرىڭنى مېھرىنىسا دېگەن كىچىك خانىشىڭغا ئېيتىپ بەر !…

— شەمسىيە !…

جۆرى ئۇنى بوغۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ۋارقىرىدى .

شەمسىيە دەسسەپ تۇرغان يېرىگىلا ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى جۆرىگە تىكىلگەن بولۇپ ، ئېلىشىپ قالغان ئادەمنىڭ كۆزىدەك قورقۇنچلۇق چاقنايتتى ، تىنىقى تىنىقىغا ئۇلاشماي ھاسىرايتتى .

جۆرى يۈرىكىگە خەنجەر تىقىلغاندەك تولغىنىپ كەتتى . ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئېغىر كەلگىنى «كىچىك خانىش» دېگەن سۆز بولۇپ ، بۇ خەقلەر تەرىپىدىن مېھرىنىسا بىلەن ئەۋەلنىڭ ئاشنىدارچىلىقىغا قارىتىپ قويۇلغان لەقەم ئىدى . جۆرى بۇنى خەقلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىرىدا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ئاڭلىمىغانغا سېلىپ كېتىۋېرىشكە ئادەتلەنگەن بولسىمۇ ، شەمسىيەنىڭ بۇنداق دېيىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى .

يېقىندىن بېرى ئەۋەل جۆرىگىمۇ خېلى خەيرخاھلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى . «جۆرى بىلەن مېھرىنىسا توي قىلىدىكەن… » دېگەن گەپ تارقالغاندىن كېيىن ، «جۆرىنىڭ تەلىيى بار ئىكەن ، ئالماي تۇرۇپلا خوتۇننىڭ دۆلىتىنى كۆردى » دېگەن گەپنى تۇنجى بولۇپ تارقاتقىنىمۇ يەنە شۇ ئەۋەل بولدى . «خەپ ، توختاپ تۇرۇش ! — دەيتتى جۆرى ئەلەم بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە ، — شەھەرگە كېتىۋالسام ياكى ئوقۇشقا مېڭىۋالسام… ئەگەر راستتىن توي قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا ، بۈگۈنى ئېلىپ ، ئەتىسى قويۇۋەتسەم بولىدۇغۇ ؟ !… ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىگە پۈتۈلۈۋالغاندىن كېيىن ، كىم ئۆچۈرۈۋېتەلەيتتى ! »

ئىككىلەن بىرپەس ئۈنسىز قارىشىپ تۇرغاندىن كېيىن ، جۆرى ئېغىر كېسەل تارتىپ ھالسىزلانغان ئادەمدەك قەدىمىنى

ئاران ـ ئاران يۆتكەپ بۇ يەردىن يىراقلاشتى .
شـەمـسىيە «كىچىك خانىش» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . ئۇ مۇشۇ كۇنگىچە جۆرىنىڭ بۇنداق ئاچچىقلانغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ، جۆرى ئۇنىڭ نەزىرىدە بېشىغا ھەرقانداق دەرد ـ ئەلەم كەلسىمۇ ئاچچىقلانمايدىـ غان ، خاپىلىقنى ئويناپ ـ كۇلۇپ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان يىگىت ئىدى . ئۇ كۆپ ھاللاردا ، دەرد ـ ھەسرەت چېكىپ يۇرۇشنىڭ ئورنىغا دۇتار چېلىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى . شەمسىيە ئۇنىڭ بايامقى ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرۇپ ، بىردىنلا ئىچ ئاغرىتتى : «بۇ بىچارىدە نېمە گۇناھ ؟... دادىسىنىڭ ‹مەسىلىسى › ئۇنى نۇرغۇن قېتىم ياخشى پـۇرسەتتىن مەھرۇم قىلىپ ، مۇشۇ كۇنگە قويدى . ئۇ شۇنداق قىلمىسا بۇ يەردىن ئەبەدىي كېتەلمەيدۇ . ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇپ ئـۇنـى ئـەيىبلەشكە نېمە ھەققىڭ بار ؟ ! ياق ، ياق ! مەن توغرا قىلدىم . ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمەي دەردىم چىقمايتتى . ئۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمنى... قەلبىمنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپلا ئاينىغان تۇرسا ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشىم كېرەكمۇ ؟ ئۇ ھەقىقىي يىگىت ئەمەس ، ئۆتۈپ كەتكەن نامەرد ! نامەردلەر گەرچە راھەت ـ پاراغەتتە ياشىسىـ مۇ ، مەنىۋى دۇنياسى قۇپقۇرۇق بولۇپ ، دەككە ـ دۈككىدە كۇن ئۆتكۈزىدۇ . مەنىۋى جەھەتتىن قۇربانلار بېرىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ . مەن جەبىر ـ جاپا تارتساممۇ ، لېكىن ۋىجدانىم... »
شـەمـسـىـيـە ئۆتكۈر زىددىيەتلىك خىياللار ئىلكىدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى .
— شەمسىيە ئاچا ، بىز كەلدۇق .
ئۇشتۇمتۇت ئاڭلانغان بۇ چۇچۇك ئاۋاز خىيال سۇرۇپ تۇرغان شـەمـسىيەنى چۆچۈتۈۋەتتى . ئۇنىڭ يېنىدىلا ، مۇرىسىگە كەتمەن سىلىۋالغان بەكراخۇن جۇۋازچى بىلەن ئوغلى ئەلى تۇراتتى . بۇ ئـادەمـنـىـڭ چـىـرايـىـدىـن مـۇلايـىملىق چىقمىسىمۇ ئاۋازىدىن سەمىمىيلىكى بىلىنىپ تۇراتتى :
— مىجەزلىرى يوقمۇ ـ نېمە ، سىڭلىم ؟ ئىشلىرىنى تۇگىتىپ

بولالمىغان ئوخشايلا ، ئەلى غەلۋە قىلىپ...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمەيلا ، يەر تۈزلەشكە كىرىشىپ كەتتى . ئەلى كونا باشياغلىقىدا ياغدا پىشۇرۇلغان قوناق قوتۇرمىچى ئېلىپ كەلگەندى . هاياتتا ئادەملەر قىيىن ئەھۋالدا قالغان كىشىگە هېسداشلىق قىلىشنى ئويلىسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا كەلگەن پالاكەت يۇقۇپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ . لېكىن يەنە بەزى ئاق كۆڭۈل ئادەملەر هەرقانداق پالاكەتتىن قورقۇپ قالمايدۇ . ئۇلار بېشىغا دەرد - ئەلەم كەلگەنلەرگە ئاز بولسىمۇ خەيرخاهلىق قىلىپ ، سەدپارە بولغان قەلبتە ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ . بەكراخۇن ئەنە شۇنداق ئاق كۆڭۈل كىشى بولۇپ ، بۇ دىلى سۇنۇق قىزغا قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى .

شەمسىيە بەكراخۇنغا هاڭۋېقىپ قاراپ قالدى . ئۇنىڭ ئۇپراپ پارقىراپ كەتكەن ئۆرۈك ساپلىق كەتمىنى كەچكى شەپەق نۇرىدا يالت - يۇلت چاقناپ ، كۈچ - غەيرەتىنى نامايان قىلاتتى . ئۇ شەمسىيەگە قاراپمۇ قويماي ، جىددىي ئىشلىمەكتە ئىدى . شەمسىيە ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن تىكىلىپ ، ئويلىدى : «بۇ ئاجايىپ سىرلىق ئادەمكەن ، قاچانلا قارىساڭ ، ئوشۇق - تۆشۈك گېپى يوق ، ئۆز ئىشى بىلەنلا . بىر كىمنى بوزەك قىلمايدۇ ، بوزەكمۇ بولمايدۇ . باشقىلارنىڭ بۇ ئادەم توغرۇلۇق بىرنېمە دېگىنىنىمۇ ئاڭلىمىدىم . ئاق كۆڭۈل ئادەمدەك قىلىدۇ . مەن بىلەلمەيۋاتىمەن ، ئۇ نېمىشقا ماڭا دائىم يېقىنچىلىق قىلىدۇ ؟ يا مەن بۇ يەرلىك بولمىسام ، يا بىز ئىلگىرى تونۇشمىساق . يا مەندىن بىرنېمە تەمە قىلامدىغاندۇ ؟ ياق ، ياق ، بۇ هەرگىز مۇمكىن ئەمەس . مەن كىم ، ئۇ كىم ؟ ئاشۇ ئوماق ئوغلى ماڭا بەكلا ئامراق ، شۇڭىمۇ... هەي... بىلىپ بولمايدۇ ، ئۇمۇ مېنىڭ مايىللىقىمنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ ، ئاخىر بوزەك قىلماقچىمۇيا ؟ ياق ، ياق ، مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىمەن ، ئۇنىڭ چوڭقۇر ئازاب يوشۇرۇنغان كۆزلىرىدىن سەمىمىيلىك ، ئاق كۆڭۈللۈك چىقىپ تۇرامدۇ ! هەممە ئادەمدىن

گۈمانلىنىش توغرا ئەمەس . ئىشىنىشىڭ كېرەك ، ھاياتتا ھەممە ئادەم بىراۋدىن نەپ ئېلىشنى كۆزلەپ ياخشىلىق قىلمايدۇ . جەمئىيەتتە يالغۇز ئەۋەل ، جۆرىلەرلا بارمىدى ، ياق . يەنە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل ، خالىس ، ياخشى ئادەملەر بار . ئۇلار باشقىلارغا خەيرخاھلىق قىلىش يولىدا ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ . بەكراخۇنمۇ ئاشۇنداق ئادەملەردىن بولسا كېرەك . ئۇنىڭغا ئىشەن ، ئۇ يا ئاشۇ ئانىسىدىن يېتىم قالغان ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى دەپ شۇنداق قىلىۋاتىدىغاندۇ ۋە ياكى ساڭا توغرا نىيەتتە ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندۇ . »

شەمسىيەنىڭ بىردىنلا دىلى يورۇپ ، بەكراخۇننى ئۆز ئاكىسىدەك ھېس قىلدى . شۇ تاپتا ئۇ كىچىككىنە يەرنى دېمىسە ، ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ قانغۇچە يىغلىۋالغان بولاتتى .

## ئالتىنچى باب

شەمسىيە يېقىندىن بېرى دائىم دېگۈدەك يېرىم كېچىدىن كېيىنلا ئويغىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇيقۇسى قاچقان ھامان ئۇنىڭ كاللىسىغا تەگسىز خىياللار كېلىۋاتاتتى .

«چىرايلىق بولۇشنىڭ ئايال كىشى ئۈچۈن قانچىلىك پايدىسى بار ؟ گۈزەل چىراي ئايال كىشىگە بەخت ئېلىپ كېلەمدۇ ؟ ياق ، ياق ، چىرايىڭ گۈزەل بولسا جىمى كۆزلەر ساڭا تىكىلىدۇ . ئاشۇ تىكىلىشلەرنىڭ ئۆزى بىر بەختسىزلىك ! بۇنىڭدىن قارىغاندا ، چىرايلىق ئاياللارنى ھامان بەختسىزلىك ئەگىپ يۈرىدۇ . شۇنچە كۆزلەر ساڭا «تەلمۈرۈۋاتقان»دىكىن سېنىڭ ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشىڭ تەس . دېمەككى ، بۇ كۆزلەر كۆزلىرىڭنى ئالچەكمەن قىلىپ ، دەرمەھەل بىر نەرسىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ . مانا بۇ بەختسىزلىكنىڭ ئۆزۈڭگە باغلىق تەرىپى . ئۇنداقتا ، بۇنىڭ يەنە باشقا تەرىپىمۇ بارمۇ ؟ ئەلۋەتتە بار . سەن ئۆزۈڭنى ھەرقانچە تۇتۇۋالغىنىڭ بىلەنمۇ بەختسىزلىك سايە

تاشلىدىمۇ بولدى ، ھەممىسى بەربىر بىكارغا كېتىدۇ . ھاياتنىڭ تـەھـدىت ، خورلۇق ئىچىدە ئۆتكىنى ئۆتكەن . ھەمراھلىرىڭنىڭ ھـەسـەتـلـىـرىـچۇ تېخى ! بېشىمدىن بۆلارنىڭ ھەممىسى ئۆتتى ، بـۇنـىـڭغا زادى كـىـم ئەيـىـبـلـىك ؟ مەنمـۇ ياكى بـۇزۇلـغان ئىجتىمائىيەتمۇ ؟... »

شەمسىيە بۇ يەرگە چىنىققىلى كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە ھەممىسى خۇددى گۈلگە ھېرىس كېپىنەكلەردەك ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلانغىلى تۇردى . ئۇنىڭ تېقىمغىچە چۈشكەن ، بىلەكتەك ئۆرۈم چاچلىرى ، قاڭشارلىق كەلگەن چىرايلىق بۇرنى ، قاپقارا قاشلىرى ، قايرىما كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى نۇرلۇق كۆزلىرى ، تولۇن ئايدەك يۈزلىرى ئاجايىپ بىر خىل سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇپ ، يىگىتلەر بـىـر كـۆرۈش بىلەنلا «ئاھ ـ ۋاھ» لىشىپ ، كالپۇكىنى يالاپ كـېـتـىـشـتى ، شەمسىيەنىڭ باشقا قىزلاردەك ئۆزىنى پەردازلاپ كەتمەيدىغان ئادىتى ئۇنى تېخىمۇ تەبىئىي لاتاپەتكە ئىگە قىلغانىدى . يـىـگـىـتلەرنىڭ ھە دېسىلا كەينىگە كىرىۋېلىشى ئۇنىڭ ئىچىنى پـۇشـۇردى . ئـۇلار ئىچىدە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كەلگەن زىيالىي ياشلارمۇ ، تەڭ كەلگەنلەرمۇ ، دېھقان يىگىتلىرىمۇ بار ئىدى .

ئـۇ يـىـگـىتلەرنىڭ خۇشامەت سۆزلىرى ، ئارقا ـ ئارقىدىن يـېـزىـلـىـۋاتـقـان مـۇھـەبـبـەت خەتلىرىدىن بىزار بولغانىدى ، يـاتـاقـداشـلـىـرىمۇ ئارام بەرمەيتتى . ئۇلار گويا گەپلىرىنى بىر قـىـلـىـۋالـغـاندەك جانغا تېگىدىغان تەنە سۆزلەرنى ياغدۇراتتى . خەتلەرنىڭ ھەممىسى «كۆيدۈم ، پىشتىم» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تولغان بولۇپ ، ئىشق ـ پىراق ھىدى گۈپۈلدەپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىر قىلمايتتى . ئۇ بۇ خەتلەردىن پەقەت ئۆزى بىلەن يـىـگـىـتلەر ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر بوشلۇقنىڭ بارلىقىنى ھېس قـىـلدى . سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ساددا يىگىتلەر بىلەن زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان غايىلىك شەھەر قىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردەكلىك بولۇشى مۇمكىنمۇ ؟ !

شەمسىيەنىڭ ئارزۇسى يېزىدا بىر مەزگىل ياخشى ئىشلەپ ،

دېھقانلار ئۆمۈر بويى چىدىغان جاپاغا چىداپ، ئۇلارنىڭ باھالىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە بېرىش ئىدى. شەھەردىن يولغا چىققاندا ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خۇددى دار ئالدىغا كېتىۋاتقان بىچارە مەھبۇسلاردەك ئاتا - ئانىلىرى بىلەن يېنىش - يېنىشلاپ قۇچاق-لىشىپ يىغا - زار قىلىپ خوشلاشقان. ئۇ بولسا، ئانىسى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھۆكۈرەپ يىغلىغاندىلا ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئازراق كۆز ياش قىلىپ قويغانىدى. ئەمما بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى، ئۇنىڭ ياش تۆكمىگەن كۈنلىرى ئاز بولدى. ئۇنىڭ يىغىسىنىڭ كۆپىنچىسى بۇنداق نازۇك قىزلار چىداپ بولمايدىغان خورلۇقتىن ئىدى.

«ئاق ئۆجمە» لىكلەرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان بىردىنبىر ئىش ئەنئەنىۋى مەشرەپ ئىدى. شەمسىيە دەسلەپتە ھەمراھلىرىغا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭغا مەستانە بولۇپلا كەتتى. لېكىن ئانچە ئۆتمەي بۇ ئويۇندىن تويدى. ئەر جىنىستىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتىشى، كۆزىنىڭ ئىچىگە قادىلىپ ھىجىيىشلىرى ئاز كەلگەندەك، ھەمراھلىرىنىڭ كۆرەلمەسلىك تۇيغۇسى بىلەن سۇغىرىلغان سوغۇق نەزەرلىرى جېنىغا تەگدى. تېخى ئۇلارنىڭ ئىككى - ئۈچى بىر يەرگە كەلسىلا غەيۋەتنىڭ تېمىسى يەنە شۇ بولاتتى. بەزىدە ھەتتا ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ بولمىغۇر گەپلەرنى قىلاتتى. ئۇ بۇنداق ھاقارەتلىك گەپلەرنى ئاڭلىغىنىدا چىداپ تۇرالماي، ئېلىشماقچى بولاتتىيۇ، دەرھال بۇ ئويىدىن ۋاز كېچەتتى. چۈنكى ئۇ ھەمراھلىرى رەشك قىلغۇدەك چىرايلىق بولۇپلا قالماي، ئەقىل - ئىدراكتىمۇ ئۇلاردىن ئۈستۈن ئىدى. شۇڭا بۇنداق قىلىشنى نادانلىق دەپ بىلىپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئۆز ئىشى بىلەن بولاتتى ياكى ياتاقنىڭ ئارقىسىدىكى ئېگىز قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، يىراقلارغا تىكىلگەن ھالدا خىيالغا كېتەتتى. ھەسەتخورلۇق دۇنيادا ئەڭ ئىپلاس بىر مىجەز. بۇنىڭغا گىرىپتار بولغان كىشىنىڭ يۈرىكى خۇددى پىياز ياغ ئىچىدە قورۇلغاندەك كۆيىدۇ.

ئۇ يېزىغا كېلىشتىن ئاۋۋالقى خىياللىرىنىڭ بەكمۇ ئاددىي ھەم باللارچە ئوي ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى . ئۇنىڭچە ، ھازىر بېشىغا كېلىۋاتقان پالاكەتچىلىكلەرنىڭ ھەممىسى چىرايىنىڭ گۈزەل بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك ئىدى . ئۇمۇ ئاشۇ ھەمراھلىرىغا ئوخشاش توڭكاي ، پاناق ، دوقا ، سېرىق دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن تۆرەلگەن بولسىچۇ ! ئۇ چاغدا ھېچقانداق ئەرنىڭ نەزىرى چۈشمەيتتى . مەشرەپلەرگە ۋە كېچىلىك ئولتۇرۇشلارغا بەخۇدۇك بېرىۋەرگەن بولاتتى .

بەزى قىزلار شەمسىيەگە يېزىلغان مۇھەببەت خەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە يېزىلىشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى . ئۇلار يىگىتلەرنىڭ ئىچىدە قايسىسىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقى ، بايا كىملەر بىلەن مۇڭداشقانلىقى ، كىمنىڭ ئۆزىگە كۆز قىسقانلىقى… ۋەھاكازالار ئۈستىدە ئۆزئارا ماختىنىپ سۆزلىشەتتى ، ھەتتا بەزىدە گەپ تالىشىپ ئۇرۇشۇپمۇ قالاتتى . بىرىم كېچىكچە ئۇخلاشماي ، كىملەرنىدۇر ياراتماي تىللىسا ، يەنە كىملەرنىدۇر داڭلىشاتتى . بۇنداق چاغلاردا شەمسىيە يوتقانغا مەھكەم چۈمكىنىپ جىمىدە يېتىۋالاتتى . بۇ قىزلار ئەترەتنىڭ قايسىبىر كادىرى ئۈستىدە گەپ قىلىشقاندا ، ئۆزلىرىچە ماختىنىپ ، قايسى كۈندۇر ھېلىقى يەرگە ئولتۇرۇشقا بارغاندا ، قوزا ـ ئوغلاق گۆشلىرىنىڭ داستىخاندا شۇنداقلا قالغانلىقى ، پالانى باشلىقنىڭ مەستلىكتە ئۆزى بىلەن ئۇسسۇل ئوينايمەن دەپ تۇرۇۋالغانلىقى ، بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن خەقلەرنىڭ كۆزىچىلا بوينىغا گىرە سېلىۋالغانلىقى ، بۇ ھالدا قورقۇپ جان ـ پېنى چىقىپ كەتكەنلىكى ، مەلۇم بىر باشلىقنىڭ ، گېپىم بار دەپ تاشقىرىغا چاقىرىپ چىقىپ ، ئاغزىنى قۇلىقىغا يېقىپ تۇرۇپ ، «بۇ قېتىم ئوقۇشقا سان كەلسە چوقۇم سىزنى باھالاپ بېرىمەن» دېگەنلىكى… قاتارلىقلارنى ئەيمەنمەي سۆزلەيتتى . بۇنداق گەپلەر شەمسىيەنى قاتتىق چۆچۈتەتتى : «ئوقۇشقا بېرىش… راستىنلا ئاشۇنداق بولارمۇ ؟ ئىش مۇشۇنداقلا بولسا مەن… مەن قانداقمۇ قىلارمەن ؟ مەنمۇ… ياق ـ ياق ، بۇنداق

بولۇپ كېتىشكە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن . كەمبەغەل دېھقان ، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار بۇنداق ئىستىلغا ھەرگىز يول قويمايدۇ . ئۇلار... شەمسىيە ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى . ئۇنىڭغا قۇملۇق تىترەپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ ، ئىككى قولى بىلەن قۇم ئۈستىگە تايىنىۋالدى . شۇ تاپتا ، قۇملۇق تىترەۋاتامدۇ ياكى ئۆزىنىڭ بېشى قېيىۋاتامدۇ ئايرىۋالالمىدى ، كۆز ئالدىدىكى سۈزۈك سۇ يۈزىمۇ تىترەپ داۋالغۇۋاتقاندەك ، ئاۋۇ نېرىدا چوقچىيىپ تۇرغان قۇم دۆۋىلىرىمۇ تىترەپ ، بىرى نەچچە بولۇپ كۆرۈنۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئۇ شۇنچە ئېغىر سۈكۈتتە ياتقان زور قۇملۇقنىڭ نېمىشقا بۇنداق تىترەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى . «ئوقۇشقا بېرىش راستىنلا ئاشۇلارنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ كېتەرمۇ ! بېشىم قېيىۋاتىدۇ ، ۋۇي ، يەر تەۋرەۋاتامدۇ نېمە ؟ بارغانچە بەك تەۋرەۋاتقاندەك قىلىۋاتىدۇغۇ ! ھەي قۇملۇق ، نېمانچە تىترەۋېرىسەن ، ئەمدى بولدى قىل ، تىترىسەڭمۇ بوشراق تىترە ! بولمىسا يۇملاپ چۈشۈپ كېتىمەن . بىلسەڭ ، مەنمۇ سېنىڭ پارقىراپ تۇرغان مۇشۇ بىر تال دانچەڭگە ئوخشاش . مېنى يات كۆرۈپ يۇمىلىتىۋەتمىگىن . مەن كونىلارنىڭ ناپاك كىشى يالىڭاياغ دەسسىسە يەر تىترەيدۇ دېگىنىنى ئاڭلىغان . مەن پاك تۇرسام ، نېمىشقا تىترەيسەن ؟ مەنمۇ ناپاكلار قاتارىدا سانىلىپ كېتىمەنمۇ ؟ بىلىپ قويغىنكى ، ھەرقانداق ئەھۋالدا ۋىجدانىمنى بۇلغىمايمەن ، بىراۋلاردەك ۋىجدان سېتىپ بەخت تاپقىنىمدىن ، پاكلىق بىلەن ئۆلگىنىم مىڭ ئەۋزەل . قۇملۇق ، ئەي قۇملۇق ، تىترەشنى توختات ! مۇشۇنداق تىترەۋېرىپ ، مېنى ئاۋۇ قومۇشلۇققا يۇمىلىتىۋەتسەڭ قانداق بولغىنى ، پەيلىڭدىن يان ، ئۇنداق قىلما ، مەن بىر ئاجىزە ، مېنى ئېگىز چوققاڭ ئۈستىدىن تاشلىۋەتمە . بۇ يەردىن يىقىلسام ھالاكەتكە يۈز تۇتۇپ ، ئارماندا كېتىشىم تۇرغان گەپ !... »

شەمسىيەگە كۆزدە غازاڭ تۆكۈلگەندەك كېلىۋاتقان خەتلەر بىردىنلا توختىدى . ئۇ تېخى ئويلاپ يېتىپ بولالمايلا ، بىر كۈنى

كەچتە ئوغۇل ساۋاقداشلىرى ئۇلارنىڭ ياتىقىغا ئۇشتۇمتۇت كىرىپ : نامىمىزنى بۇلغاشتىڭ ، دەپ ھەممەيلەننى قوشۇپ - قاماپ تىللاپ كەتتى . پىلىموت ئوقىدەك چىقىۋاتقان گەپلەر شۇ قەدەر بېزەپ ئىدىكى ، ئەقىل - ھوشى جايىدا بولغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ چىدىشى قىيىن ئىدى . تىل - ھاقارەتنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى شەمسىيە بولدى . ئوغۇللار بىگىز بارمىقىنى ئۇنىڭ كۆزىگە تەڭلەپ تۇرۇپ تىل سالسا ، قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن تارتىپ ھەممىنى ئۇنىڭغا دۆڭگەپ ، دەيدەيچىلىك قىلاتتى . قىسقىسى ، ھەممەيلەن گېپىنى بىر قىلىۋالغاندەك تەرەپ - تەرەپتىن تىل ياغدۇرۇپ ، ئۇنى كوچا ئاياللىرى قاتارىغا چىقىرىپ قويۇشتى . ئۇنىڭ ھەدىسە قۇملۇق ئارىسىغا ، قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىپ ، ئالىلىكىملەر بىلەن ئويۇن - تاماشا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئادەمنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان ئوسال گەپلەر بولۇندى . ھەتتا بەزىبىرلىرى يوتىسىغا كاچاتلاپلا ، شەمسىيە كىم بىلەندۇ بىللە بولۇۋاتقاندا ئۇستىگىلا بېرىپ قالغانلىقى ، ئۇ پاچىقىغا ئېسىلىپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغانلىقتىن ، ئىچ ئاغرىتىپ ھازىرغىچە بىركىمگە تىنىمىغانلىقىنى پاش قىلدى .

— ھۇ شەرمەندە... بەك چىدىيالمىغان بولساڭ ئىچىمىزدىن بىرىمىزگە ئىلتىماس قىلساڭ بولماسمىدى...

— سۆلىتىگە قارىسا تۆت ئاتلىق ھارۋا تارتالمايدۇ !...

— قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ ، سەت يىغلاپ ئولتۇرۇشنى !...

— يالغان يىغلاپ ئىشنى تۇگەتمەكچى !

— ئۇنىڭ يىغىسىغا كىم ئىشىنىدۇ !

گۇلسۇم ئىسمىلىك قارىقۇمچاق بىر قىز ئارىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ سۆزلەپ كەتتى :

— سىلەر ئوغۇل بالا بولىدىغان بولساڭلار بۇ بۇزۇقنىڭ تازا بىر ئەدىپىنى بېرىپ قويمىساڭلار بولمايدۇ . ئەمدى بۇنىڭ بۇزۇقچىلىقلىرىغا چىداپ تۇرغۇچىلىكىمىز قالمىدى . «قازانغا

يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى» دەپ، بىز بۇنىڭ بىلەن چېنىقىپ، شەھەرگە قايسى يۈزىمىز بىلەن بارارمىزكىنتاڭ؟ سىلەر ئوغۇللارغا ھېچ گەپ يوق، بىزنىڭ ئۇستىمىزدىن خەق نېمە گەپلەرنى تاپمايدۇ؟ ئاتا - ئانىمىزنىڭ يۈزىگە نېمىدەپ قارايمىز؟

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە، سۇپا ئۇستىگە ئۆزىنى دۇم تاشلاپ، ھۆكرەپ يىغلىۋىدى، شۇئان ئوغۇللار ئىچىدىن چىرايى سېرىق كەلگەن شادا پاچاق بىرى سەكرەپ چىقىپ، تامدەك تاتارغان پېتى يەرگە قاراپ ئولتۇرغان شەمسىيەنى گەجگىسىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ يۈزىگە ئىككى كاچات سېلىۋەتتى. ئۇ ئۇرۇشنى يەنە داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ چۇجە - خورازدەك ئېتىلىپ تۇراتتى، سىرتتىن ھاسىراپ كىرىپ كەلگەن جۆرى:

— قولۇڭنى يىغ خۇمسى، بۇ سېنىڭ ئېلىپ قويغان خوتۇنۇڭ ياكى ئېگىچە - سىڭلىڭ ئەمەس. ئوغۇل تۇرۇپ قىز بالىنى ئۇرۇپ، خەققە تاماشا قىلىپ بېرىشتىن ئۇيالمامسەن؟ — دېدى غەزەپ بىلەن.

ئىشىك ئالدىدا مەھەللىنىڭ چوڭ - كىچىك باللىرى يىغىلىپ تاماشا كۆرۈۋاتاتتى. جۆرىنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، بويۇن تومۇرلىرى كۆبجۈپ چىققان بولۇپ، تىنىقى تىنىقىغا ئۇلاشماي ھاسىرىغىنىدىن قارىغاندا، يىراق يەردىن يۈگۈرۈپ كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى. شەمسىيە يۈزلىرىنى چاڭگاللىغان پېتى ئادەمنىڭ باغرىنى ئەزگۈدەك ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئادەم شاپائەتچىگە ئېرىشكەندە يىغىدىن ئۆزىنى توختىتىۋالالمايدۇ. شۇ تاپتا شارائىت ئۇنىڭغا جۆرىنىڭ چىرايىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتى بەرمىگەن بولسىمۇ، يۈرىكى ھەممىنى سېزىپ تۇراتتى. گەرچە ئۆزىگە سۆيگۈ ئىزھار قىلغان يىگىتلەر ئىچىدە جۆرىنىڭ يوقلۇقىنى بىلسىمۇ، يىراقتىن تويماي قاراشلىرى، ئۇچرىشىپ قالغاندا پوكاندەك قىزىرىپ يەرگە قارىۋېلىشلىرى ئۇنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى. بارا - بارا نېمە ئۇچۇندۇر، جۆرىنىڭ باشقا

قىزلار بىلەن چاقچاقلىشىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالسا ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۆزىگە ئاشكارا سۆيگۈ ئىزھار قىلغان شۇنداقچە قابىل يىگىتلەر ئىچىدە بولمىغان بۇ يىگىتكە نىسبەتەن ئۇنىڭدا يوشۇرۇن مۇھەببەت تۇيغۇسى ئويغىنىۋاتامدۇيا؟! ئۇ نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان، ئۇلاردا تەسۋىرلەنگەن باتۇر، ئېسىل يىگىتلەرنىڭ ياخشى كۆرگەن قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلغاندا ئېيتقان يۈرەك سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالغان ھامان ئىختىيارسىز رەۋىشتە كۆز ئالدىدا جۆرى پەيدا بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىچە ئىزا تارتىپ قالاتتى. «مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى پېيىمگە چۈشۈپ دېمىگەن ياخشى گەپلىرى قالمىغان شۇنچە يىگىتلەرگە نەزەر - گۆزىرىمنى سالمىغان قىز تۇرۇپ، ھازىرغىچە ئالدىمدا چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان بۇ يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتامدىمەن نېمە؟ — دەيتتى شەمسىيە ئۆز - ئۆزىگە، — سۆيگۈ قانچە يوشۇرۇن بولسا، شۇنچە شېرىن بولىدۇ دېگەن گەپ راست ئوخشىمامدۇ!» ئۇ دەرۋەقە ئۆزىگە تىكىلگەن شۇنچە نۇرغۇن كۆزلەردىن كۆرە، تىكىلىشكە جۈرئەت قىلالمىغان بۇ بىر جۈپ كۆزنى سەمىمىي - سادىق ۋە يېقىملىق سەزگەنىدى. دېمەك، بۇ بىر جۈپ كۆز تىكىلىپ قارىمىغان بىلەن، ئۆزىدە ئەكس ئەتكەن چوڭقۇر ھەسرەت ھەم ھىجران ئۇچقۇنلىرى ئارقىلىق قىزنىڭ يۈرىكىدىن ئورۇن ئېلىپ بولغانىكەن - دە!

شەمسىيە باياتىن بۇ بىر توپ رەھىمسىز ھەمراھلىرى ئارىسىدا قالغاندا ئەڭ ئاۋۋال جۆرىنى ئەسكە ئالغان، گويا مۇشۇ مەيداندا جۆرى بولسىلا ئۇ خاتىرجەم بولىدىغاندەك ھېسسىياتقا كەلگەنىدى. ئۇ تامامەن توغرا ئويلاپتىكەن، دېگەندەك جۆرى پەيدا بولۇۋىدى، ئۇنىڭغا تەڭلىنىۋاتقان كاچات ھاۋادا لەيلەپ قالدى، تىل - ھاقارەتلەر قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بېسىقتى!

— ھوي جۆرى، سەن بۇ بەتقىلىق شەرمەندىنىڭ يۈزىمىزنى تۆككىنىنى بىلىپ تۇرۇپ ئەدىپىنى بەرمەكتە يوق، ئۇنىڭغا چاپان

يېيىپ كەتتىڭغۇ؟ بىز ئۇنى ئازراق ئەدەپلەپ، ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويساق يامانمۇ؟

— قىز بالا تۇرۇپ شۇنچىۋالا قېلىنلىشىپ كەتكەن بارمۇ؟

— خەقلەرنى كولدۇرلىتىپ ئۆزىنى باقتۇرماقچى.

— بۇنى راسا بىر ئەدەپلەپ قويمىساق، بۇنىڭدىنمۇ يوغانراق ئىش تېرىپ، يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈسىز قىلىۋېتىدۇ.

— ئاغزىڭنى يۇمۇش! نېمىدېگەن بىشەملىك بۇ!

جۆرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قەھرلىك ۋارقىرىۋىدى، ھېلىقى شادا پاچاقنىڭ غەزىپى يەنە ئۆرلىدى:

— جــۆرى، سەن بىلەن بىز ئوغۇل بالىغۇ! يۈز ـ خاتىر قىلغاننى بىلىپ بۇ ئىشقا ئارىلاشمىغىنىڭ ياخشىراق. بۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىغا بىزنىڭ چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى، بەلكىم ساڭا نىسبەتەن ھېچ گەپ ئەمەستۇ. ئەمما ئەركەك توكى بار ئوغۇل بالا چىداپ تۇرالمايدۇ!

شــەمــســيــە شۇئان بۇ شادا پاچاقنىڭ ئۆزىگە كېۋەزلىكتە قىلىقسىزلىق قىلماقچى بولغاندا ئوسال بولغىنىنى ئەسلىدى. ئۇ شۇنىڭدىن بېرى ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— دېيىشىۋاتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى تۆھمەت. ئاغزىڭغا بېقىپ گــەپ قــىــلىش. ئەگەر يەنە قايسىڭ شەمسىيەنى «تاك» ئېتىپ چېكىدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن.

جــۆرنــىــڭ غــەزەپتىن كۆكىرىپ، تىترەپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن قىز ـ ئوغۇللار سەل چۆچۈشتى بولغاي، ئۆزىنى بېسىۋېلىشتى. ھېلىقى شادا پاچاق بولسا ئۇنىڭ پوپۇزىسىنى پىسەنتىگە ئالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى:

— قارىغاندا، گېپىڭ بار ئوخشىمامدۇ، جۆرى؟ مانا مەن چــەكــتــىــم قانداق قىلىسەن، بۇ شەرمەندىنى ئۇرۇپ قوپالماس قىلىۋەتمەيدىغان بولسام ئوغۇل بالا بولماي كېتەي!

— ئۇنچىۋالا يوغانچىلىق قىلمىساڭ بولارمىكىن، يەنە قول شىلتىيدىغان بولساڭ...

— تولا نوچىلىق قىلما ، ھېلى بىكا...

— كۆرەڭلىمە !

— كۆرەڭلىمىسەم ، بۇ شەرمەندە سېنىڭ ئاشناڭمىدى ؟

جۆرى «قاس» قىلىپ بىر ئۇرۇۋىدى ، شادا پاچاق يىگىتنىڭ كالپۇكى يېرىلىپ ، ئاغزىدىن شورقىراپ قان ئېقىشقا باشلىدى . ئۇ دەلدۈگۈنۈپ كەلگەنچە مۇشتىنى شىلتىۋىدى ، بوشقا كېتىپ ، ئۆزىنى باشقۇرالماي جۆرىنىڭ ئالدىغا يىقىلدى . قىزلار چىرقىرىشىپ تالاغا قاچتى . ئوغۇللار ئاجرىتىمىز دەپ بولغۇچە ، جۆرى ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرغان رەقىبىنىڭ قورسىقىغا بىر كاللا قويۇپلا ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى . شادا پاچاقنىڭ ئۇنى ئۆچۈپ ، ياتقان پېتى خارىلداپ قالدى . قاراپ تۇرغانلاردىن بىرنەچچىسى تەڭلا كېلىپ جۆرىنى قۇچاقلىۋېلىپ ئازراق ئەيىب ـ سايىب قىلغاندىن كېيىن ، ئاغزى ـ بۇرنى قانغا بويىلىپ ، پۈكلىنىپ قالغان شادا پاچاقنى يۆلەشتۈرۈپ ئاچىقىپ كەتتى .

## يەتتىنچى باب

ياتاق ئىچىنى گۆرىستان جىمجىتلىقى باسقان ، جۆرى ئېغىر غەم ـ قايغۇغا چۆكۈپ ، ھەدەپ لېۋىنى چىشلەيتتى ؛ ئالىقانلىرىنى بىر ـ بىرىگە سۈركەۋېرىپ قوللىرىمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ يېنىدىلا بىلەك ـ پاچاقلىرى ئۆز بەدىنىگە تېگىپ ئولتۇرغان مېھرىنىسا قولىياغلىقى بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ ھەدەپ مىشىلدايتتى . جۆرىنىڭ قەلبى ھەسرەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ ، خۇددى ياغاچچىنىڭ يېلىم قاچىسىدىكى بىر پارچە يېلىمدەك بىردە ئېرىسە ، بىردە قورۇلاتتى . خىيال كارۋانلىرى ئۇنى بەزىدە ھايات داۋانلىرىدىن ئېشىشقا يېتەكلىسە ، يەنە بەزىدە داۋان ئۈستىدىن غۇلىتىۋېتىدىغاندەك ئۇياق ـ بۇياققا ئۇچۇراتتى . ئۇ گويا قار قارىغۇسى بولۇپ قالغان توقۇناق قاغىدەك ئاغزىنى ئېچىپ غاقىلدايتتى . تۇخۇمنى سا ئەپقاچقان تورغايدەك قاياققا ئۇچۇشنى

بىلمەي چۆۋ - چۆۋلاپ، بىر ئېگىزگە ئۆرلىسە، بىر پەسكە شۇڭغۇپ ئاللاغا نالە قىلاتتى. ئۆزىنىڭ ئاشۇ تورغاينىڭ تۇخۇمچىلىك ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنەتتى. تەقدىر ئۇنى مۇشۇ قۇملۇقتا ئېشەك باغلايدىغان ئۇزۇن قوزۇقتەك مەھكەم قېقىۋەتكەنمىدۇ ياكى دەھشەتلىك كۈز بورىنى قۇملارنى ئۇچۇرۇپ كۆچۈرگەندەك ئاتا - بوۋىسى كۆرمىگەن يەرلەرگە ئاپىرىۋېتەمدىغاندۇ ۋە ياكى مۇشۇ قۇملۇق ئارىسىدىكى سازلىقنىڭ ئالا بويۇن ياۋا غازلىرىنى پەسىل ئەكەتكىنىدەك، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى گۈزەل ھايات — ئالىي مەكتەپ ھاياتىغا، گۈزەل قىزلار بىلەن قولتۇقلىشىپ ماڭىدىغان ئەينەكتەك سېمونت يوللارغا، قانىنى ئۇرغۇتىدىغان جاز مۇزىكىلىرى ياڭرىغان ھەيۋەت تانسىخانىلارغا مۇيەسسەر قىلامدىغاندۇ...

ئۇ يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مېھرىنىساغا گۇمان بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن، يەنە ئويلىدى: مەن مۇشۇ قۇمساڭغۇ بوز تۇپراقلىق يۇرتنىڭ باغلىرى چۆرىسىدىكى چىتلىق جىگدىگە ياماشقان چىڭگىلىكتەك كۆرۈمسىز، ئاتاقتىلا قىز بولغان، ئەمما قاغا جىگدىسىنىڭ شوخىسىدىن تولا ئەيىبى بار بۇ قىزنى ئۆز مەقسىتىمگە يېتىشتە يامىشىدىغان تىرەك قىلاي دېۋىدىم، ئۇ مېنى دېگەن يېرىمگە ئاپارمايلا سارغىيىپ ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ.

شۇ تاپتا مېھرىنىسامۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قوڭۇر كۆزلىرىدىن ھەسرەت - نادامەت ۋە ھىجران ئازابى چىقىپ تۇراتتى. «ئىسىت، بەكمۇ قاملاشقان بىر يىگىت ئىدى، — دەيتتى ئۇ ئۆزىگە پىچىرلاپ، — مەندەك كۆرۈمسىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇلغانغان بىر قىزنىڭ ئۇنىڭ ئەقلىنى ئاداشتۇرغىنىنى! ئۇ مېنىڭ قانداقلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ پەقەت مۇشۇ يەرنىڭ كۆك يانتاق باسقان ئېتىزلىقىنىڭ مۇشەققەتلىك ئەمگىكىدىن، پەسىل ئايرىماي چىقىپ تۇرىدىغان جاپالىق ھاشىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا ماڭا قەسەم بەردى. ئايال كىشى ئۈچۈن پەقەت ياخشى خىزمەت ئورنىلا كۇپايە قىلامدۇ؟ ياخشى خىزمەت ئورنىنىڭ ئۆزى بەختمۇ؟ ياق، ياق. ئۇ

ھەرقانچە قىينچىلىق ئىچىدە ئۆتسۇن ياكى شاھانە تۇرمۇشتا ياشىسۇن، ئۇنىڭغا قابىل بىر ئەر ھەمراھ بولۇشى كېرەكقۇ؟! جاھاندا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ بۇ دىيارىمىزدا كۆڭۈلدىكىدەك ئەرنىڭ قولىدا بولمىغان ئايالنىڭ قانچىلىك ئورنى بولسۇن؟ ئەرسىز ئايالغا ھەرقانداق ئەركەكنىڭ كۆزى چۈشىدۇ. ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ باققۇسى كېلىدۇ. مەقسىتى ئۇنى ئەمرىگە ئېلىپ بەختلىك قىلىش ئەمەس، ئەكسىچە، بىر دەملىك كۆڭلىنى خۇش قىلىۋالغاندىن كېيىن، خۇددى ئېتىنى يەپ بولۇپ چۆرۈۋېتىدىغان قوغۇن - تاۋۇز شاپىقى ياكى مېۋە شۆپۈكىگە ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىش! بۇنداق ئايال ئەرلەرنىڭ نەزىرىدە گويا توڭلىسا كىيىۋالىدىغان، ئىسسىپ كەتسە سېلىپ تاشلىۋېتىدىغان كونا پاختىلىق كىيىمگە ئوخشاپ قالىدۇ. خۇدا، مېنى كېيىنكى ئۆمرۈمدە ھەرگىز ئۇنداق تەقدىرگە دۇچار قىلمىغىن! بۇ چاغقىچە، جېنىمنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، خالاپ - خالىماي ھايۋان تەبىئەتلىك مەخلۇقلارنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئويۇنچۇقى بولغىنىممۇ يېتەر! ئادەم تەقدىر ئالدىدا ھەرقانچە بىچارە بولسۇن، ھامان تەن بەرمەيدۇ. ئۇ ياشايدىكەن، ئۆتكەن ئىشنى كەينىگە تاشلاپ، ئالدىغا ئىنتىلىدۇ.

مېھرىنىسا گەرچە بۇلغانغان قىز بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى جاكارلىيالايدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ رەھىمسىز رېئاللىققا قارىتا ئېلان قىلغان جېڭى، تېنى بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، قەلبى تەن بەرمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. جاھاندا كىممۇ ھاقارەتلىك كەچۈرمىشىنى ئېيتىشنى خالايدۇ؟!

مېھرىنىسا جۆرىنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى: «بىچارە، تۆت يىل ئىشلەپ تارتمىغان كۈنى قالمىدى. ئەمدى يەنە قانچە يىل ئازاب تارتار؟ مەن ئۇنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن. مۇبادا ۋاقتىنچە ئايرىلىشقا توغرا كەلگەن تەقدىردە، يۈرىكىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە قالىدۇ...»

— جېنىم جۆرى... سىلە ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمىسىلە. دادام

خــېتىدە ھەممىنى ئېنىق ئېيتىپتۇ . ئىككىمىزنى بىر قېتىمدىلا ئەكېتىش مۇمكىن بولمىغاچقا ، ئاپامنىڭ يىغىسىغا چىدىماي ئاۋۋال مېنى ، ئاندىن… ئاندىن… ئۇزاققا قالماي سىلىنىمۇ ئەكېتىدىغان بوپتۇ… كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا . بۇنداق مىسكىن ھالەتلىرىنى كۆرسەم پەقەت چىدىيالمايدىكەنمەن . مەن بېرىپلا ئاپامنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ دادامغا ئارام بەرگۈزمەي ، سىلىنى پاتراق ئەكېتىشنىڭ يولىنى قىلىمەن . راست ئېيتىپتىكەن دەيلا ، ئۇزاققا قالماي چوقۇم بىر يەرگە جەم بولۇپ ، مۇراد ــ مەقسىتىمىزگە يېتىمىز… گەپ قىلىسىلىچۇ ! مەن چوقۇم شۇنداق قىلىمەن . مەن ھاياتىمدا پەقەت سىلىنىلا ياخشى كۆردۇم . ئىلگىرى مەن ياخشى كۆرۈش دېگەننى چۈشەنمەيتتىم . بۇنى ھەر ئادەم ئۆز بېشىغا كەلگەندىلا چۈشىنىدىكەن…

مېھرىنىسا جۆرىگە تېخىمۇ مەھكەم چاپلاشتى . ئۇنىڭ يىغا ئارىلاش قىلغان نالىسى ، ۋەدىسى ، تىلەكلىرى ۋە تەسەللىلىرى يىگىتنىڭ ئۇمىدسىزلىك پاتقىقى ئىچىدە نىمتىلەنگەن قەلبىدە غۇرۇر تۇيغۇسى پەيدا قىلدى .

ئىشىكنىڭ قوپال تاراقلىشى مەستخۇشلۇقتا جىمىپ كەتكەن بۇ ئىككىيلەننى چۆچۈتىۋەتتى . جۆرى ئالاقىزادىلىك ئىلكىدە مېھرىنىساغا قارىدى . ئۇ بەخىرامان ھالدا جۆرىنى قۇچاقلاپ ، كۆزلىرىگە سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن ، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ ئىشىكنى ئاچقىلى ماڭدى . ئۇ ئىشىك ئىلغۇچىغا قول ئۇزىتىپ بولۇپ :

— كىم ؟ — دېدى .

— ئاچە ، خېنىموي ، كىم دېمەي . كىم بولماقچىدى… غوجاكاڭ ، يەنە كىم كېلەتتى ؟

ئەۋەلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، جۆرى ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى . مېھرىنىسانىڭمۇ بايىقى خاتىرجەملىكىدىن ئەسەر قالمىغانىدى . ئۇ نائىلاج ئىشىكنى ئاچتى . ئەۋەل چالا مەست ھالەتتە ئۆيگە كىردى .

ئۇ قېتىپ تۇرۇپ قالغان جۆرىنى كۆرۈپ بىردىنلا سەگەكلەشتى. ئۇنىڭ جىرتاق كۆزى تېخىمۇ سەتلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىردە جۆرىگە، بىردە مېھرىنىساغا قاراپ بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن:

— ئىككىڭلار خوشلىشىۋاتقان ئوخشىمامسىلە؟ خوشلىششىمۇ ھېسابىدىراق بولغىنى ئوبدانمىكىن! — دېدى.

مېھرىنىسا يەرگە قارىۋېلىپ ئۈنچىقمىدى. ئەۋەل جۆرىگە قاراپ دېدى:

— سېنىڭمۇ مۇشۇ يېقىنىنىڭياقى نوخلاڭ ئۆسۈپ قالدى. غىت قىسىپ تۇزۇك ئىشلىسەڭ ئىشلە. بولمىسا كۆتۈڭگە كولدۇرما ئاسماق مەن ئەۋەلگە تەس ئەمەس - ھە!

جۆرى مۇشتىنى تۈگكەن ھالدا ئەۋەلنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى. جۆرىنىڭ غەزەپتىن ئۇچ بۇرجەك بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى كۆرۈپ، ئەۋەلنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە، جۆرى ئۇنىڭغا سۈركىشىپ دېگۈدەك مېڭىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

بۇ ئېغىر ئەلياتقۇدىن ئۆتكەن چاغ بولۇپ، ياتاقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەشرەپكە كېتىشكەنىدى. ماخو ئالدىدىكى كۆلدە پاقىلار بەس - بەستە كورۇلدىشاتتى. بىر چېتى قۇملۇققا تۇتىشىدىغان ئەترەت بېغىدىن خۇشبۇي ئۆرۈك ھىدى كېلەتتى، مەيىن شامال يوپۇرماقلارنى شىلدىرلىتاتتى.

جۆرى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ساناقسىز يۇلتۇزلارنىڭ شولىسى جىمىرلاپ تۇرغان كۆلگە سەكرىدى. سۇزۇك سۇ ئۇنىڭ تەنلىرىنى ھۇزۇرلاندۇرغان بولسىمۇ، سۇدىن كېلىۋاتقان سېسىق پۇراق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىپ تۇرغاچقا، چۆمۈلمەيلا سۇدىن چىقىپ كىيىملىرىنى كىيىۋالدى. ئۇنىڭ غەزىپى تېخى بېسىلمىغان بولۇپ، تۇرۇپ - تۇرۇپ مېھرىنىسانىڭ ياتىقى تەرەپكە قاراپ قوياتتى. «ھەي جۆرى، ھەي جۆرى، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ئېغىر خۇرسىنىپ، — سەن تەتۈر پېشانە مانا بۇ قۇملۇق — قارغىش تەگكۈر سەھرادا تۆت يىل جان قىينىدىڭ، يەنە قانچىلىك

قىنىشقىغا توغرا كېلەر؟ يۇمشاققا دەسسەڭ ئۆتەك قىزىق قۇم، تىزغا چىققۇدەك ئۆلۈك توپا؛ قاتتىققا دەسسەڭ شوخىدەك شورلۇق، بىگىزدەك تىكەن! ئەمما بۇ يەردە ئاتا ـ ئاناڭدەك كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل، يىللار قاتمۇقات نەقىشلەرنى چەككەن مىس رەڭ چىرايىدىن مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرىدىغان، بەدىنىدىن بۇخسۇغان ئاچچىق تەر بىلەن قىغىنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرسىمۇ، پەزىلىتى ئالتۇنغا بەرگۈسىز مېھماندوست دېھقانلار بار؛ شۇنداقلا يەنە ئەۋلىگە ئوخشاش قارا نىيەت، شۇمبۇيىلارمۇ بار. ئەگەر ئاشۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بولمىغىنىدا سەن جۆرىنى ھېچبولمىسا بۇ يەرنىڭ «سۆڭىكى بار» پاشىلىرى چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولاتتى. تەن سالامەت بولسىلا، ئادەم جاپا چەككەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ. ھەممە ئادەم ساڭا ئوخشاش جاپادىن قاچسا، مۇشۇ بىپايان قۇملۇق، كۆز يەتكۈسىز زەي ـ قومۇشلۇق مۇشۇنداق يۇرتقا ئايلىنىپ ئاۋاتلىشامتى؟ بىراق، شەھەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغانلارنىڭ بۇنداق يەرگە كۆنمىكى قىيىنكەن. مەن قاچانمۇ؟ ئەتە ئەتىگەندە بۇ يەردىن كېتىمەن، دەرمەن! ئى خۇدا، ماڭا قاچان شۇ كۈننى نېسىپ قىلارسەن؟!»

ئاللىكىملەرنىڭ گۇدۇڭلاپ گەپ قىلغان ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان شەپىسىنى ئاڭلىغان جۆرى دەرھال كۆل ياقىسىدىكى قېرى جىگدىنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋالدى. كېلىۋاتقانلار شەمسىيە بىلەن بەكراخۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەلىنى ئىككى قولىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن جۆرى ھەيران بولغىنىدىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئەلىنىڭ «شەمسىيە ئاچام لەڭمەننى بەك تاتلىق ئېتىدىكەن» دېگەن گېپىنىلا ئېنىق ئاڭلىيالىدى. ئۇلار يىراقلاپ، قىزلار ياتىقى ئالدىغا بارغاندىن كېيىن، شەمسىيە ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. بەكراخۇن ئوغلىنى ھاپاش قىلىپ جۇۋازخانا تەرەپكە ماڭدى.

ئەمدىلەتىن ئوتتۇز ياشلارغا كىرگەن بەكراخۇن بەك ياۋاش، ھېچكىم بىلەن كارى يوق بىر ئادەم بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز دېمەي

جۇۋاز ھەيدەشنىلا بىلەتتى. كىم چىراي سارغايتىپ كىرسە ئاز ـ تولىدىن ياغ بىرىپ، ئانچە سۇرۇشتۇرۇپ كەتمەيتتى. شۇڭا مەھەللىدىكى دېھقانلارنىڭ تولىسى ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. ئۇ چېنىققىلى كەلگەن بۇ ياشلارغىمۇ كۆپ خەيرخاھلىق قىلىپ، دائىم ياغ قۇيۇپ بىرىپ: «سىلەر شەھەردە قورۇما تاماق يەپ ئۆگىنىپ قالغان، بۇنى كادىرلار كۆرۈپ قالمىسۇن، تاماق ئېتىپ يەڭلا. بىر چاغلارغا كەلگەندە، ئەسلەپ قويارسىلەر» دەپ كۇلۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئايالى تۇنجى تۇغۇتىدا قازا قىلغان، ئۇ شۇنىڭدىن بېرى ئۆيلەنمەي ئوغلىنى بېقىپ ئۆتۈۋاتاتتى.

جۆرى بەكراخۇن توغرىسىدا بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىچە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەمسىيە ئىككىسىنىڭ مۇشۇنداق تۇندە بىللە كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەندە كاللىسىغا كەلگەن غەيرىي ئوينى ئەمدىلىكتە ئەقلىگە ھېچ سىغدۇرالمايۋاتاتتى: «شەمسىيەنىڭ شۇنچىلىك سالاپىتى، ئۆزىنى تۇتۇشقا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە چىداملىقلىقى ئۇنى بەكراخۇن بىلەن غەيرىي مەقسەتتە ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ بۇ ياۋاش، مۆمىن بەندىسىگە بىر ۋاخ تاماق ئېتىپ بېرىش يولىدا ئۇچراشتۇرغانلىقى ئېنىقتەك تۇرىدۇ». ئۇ خىيال بىلەن يامىشىپ، ئالدىدىكى قۇم دۆۋىسىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە چىقىپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى. بۇ قۇم دۆۋىسىنىڭ بىر تەرىپى چەكسىز كەتكەن شورلۇق ئايدىڭ كۆلگە، يەنە بىر تەرىپى قويۇق قومۇشلۇقلارغا تۇتىشاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىدە تۇرغان ئادەم ئۆزىنى ھېلىلا موللاق ئېتىپ، ئاشۇ قورقۇنچلۇق يەرلەرگە چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

جۆرى مۇشۇ قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۇستىگە چىقىسىلا شەمسىيە بىلەن بولغان مۇھەببەت تارىخى كۆز ئالدىدا سۈرەتلىنەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ قەلب دەرۋازىسىدا تۇنجى بولۇپ پەيدا بولغان ھەم قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان قىز شەمسىيە ئىدى. ھېلىقى چاغدا ئۇ شەمسىيەنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئادەم ئۇرغانلىقى ئۈچۈن دادۇي

سولاقخانىسىدا بىر ھەپتە ياتقان ، چوڭ يىغىندا تەنقىد قىلىنغان . سولاقتىكى مەزگىلدە شەمسىيە ئۇنى يوقلاپ بېرىپ ، خىجىللىقىنى بىلدۈرگەن . شۇ مىنۇتتا ، قىزنىڭ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن رۇخسارى ئۇنىڭ كۆزىگە گويا شاخلار ئارىسىدىكى ۋايىغا يېتىپ پىشقان قىزىل ئالمىدەك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى . شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ شەمسىيەنى كۆرگۈسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى . لېكىن كۆرۈشكەندە ، گەپلىرى ھېچ قولاشمايۋاتقانلىقىنى سېزەتتى . قىزمۇ ئاغزىنى ئۈمەللەيتتىيۇ ، ئاۋازى تېشىغا چىقمايتتى . شائىرلارنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەت توغرىسىدا يازغانلىرىدىن قارىغاندا ، يۇقىرىقى ھالەت بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىز - يىگىتلەر ئۈچۈن ئورتاق بولسا كېرەك .

جۆرىنى قەرەلى توشقان كۈنى كەچتە قويۇۋېتىشتى . ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، سەپداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ، تىكەندەك ئۆسۈپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىردى . ئاندىن كۆلگە سەكرەپ يۇيۇنۇپ ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىدى . شۇ كۈنى ھېلىقى جېدەل ئۈستىدە بولغان قىز - ئوغۇل سەپداشلىرىنىڭ ھەممىسى ، ھەتتا ھېلىقى شادا پاچاقمۇ قالماي ئۇنىڭغا ناماقۇل بولدى . ئەمما بۇلارنىڭ ئارىسىدا شەمسىيە كۆرۈنمەيتتى . بىردەمدىن كېيىن ، بۇ يەرگە يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى دادۇيگە كىنوغا كېتىشتى . جۆرى نەچچە كۈندىن بېرى ئېيىسقلىق يېرىدە توپا بېسىپ تۇرغان تەمبۇرىنى ئالدى - دە ، قومۇشلۇق چىغىر يول بىلەن تونۇش قۇم دۆۋىسىنى كۆزلەپ ماڭدى . بۇ شەمسىيە ئىككىسىنىڭ ئۇچرىشىدىغان جايى ئىدى . ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ، شەمسىيە ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە مۆكلىنىپ ئولتۇراتتى .

— شەمسىيە ، تىنچ تۇردۇڭمۇ ؟

جۆرى قانداق بولۇپ ئۇنى «سەن» لىگىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى . شەمسىيە ئېغىر خىيالدىن سەگىپ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى .

— سىلىمۇ تىنچ كەللىمۇ ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ ،

كىشىنىڭ باغرىنى ئەزگۈدەك ئاڭلاندى .
— كۆتۈلمىگەندە ئىزدەپ كەلگىنىمدىن رەنجىمىگەنسەن ؟
قىز ماي تارتىشىپ قالغان ئادەمدەك ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كۆل تەرەپكە قارىۋالدى . ئۇ يەردىن بېلىقلارنىڭ سۇنى شالاقلاتقان ئاۋازى بىلەن ئۆردەك ـ قاشقالداقلارنىڭ ئۇۋا تالىشىپ غاقىلداشقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى . قىز بىر هازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن ، بوش ئاۋازدا :
— مەن سىلىنى مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالارمىكىن دەپ ئويلىغان ، — دېدى .
يىگىتنىڭ بۇنىڭسىزمۇ دۈپۈلدەپ كېتىۋاتقان يۈرىكى بۇ سۆز بىلەن تەڭ كۆكرەك قەپىسىنى يېرىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك تېپىچەكلەپ ، نەپەس ئالالماي قالدى . هاياجاندىن كۆزلىرى ياشلىنىپ ، كۆز ئالدىدىكى بىپايان قومۇلۇق تىترەۋاتقاندەك كۆرۈندى . لېكىن ئۇ قىزنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇشقا كۈچەپ ئۇرۇناتتى .
— يۈرسىلە ، قومۇلۇقنىڭ ئىچىگىرەك بېرىپ سۆزلىشەيلى . بۇ يەر كۆزگە يېقىن… ئۆزچە بېشىممۇ قېيىپ كېتىۋاتىدۇ .
جۆرى ئۆزىمۇ تەستە ئاڭلىغۇدەك بىر ئاۋازدا ماقۇللۇق بىلدۈردى ۋە دەرهال قىزنىڭ ئالدىدا پەسكە قاراپ ماڭدى . شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى . قىز بولسا ئورنىدىن قىمىرلىيالماي تۇرۇپ قالدى .
— توختاپ تۇرسىلا…
جۆرى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، قىزنىڭ تېخىچە قىمىر قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئىزا تارتقىنىدىن «ۋوي» دەۋەتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلگەنىدى . ئۇ دەرهال كەينىگە يېنىپ ، شەمسىيەنىڭ يېنىغا چىقتى .
— نېمە بولدى ؟
— قومۇلۇق تىترەپ كېتىۋاتىدۇ ، بېشىم قېيىپ زادىلا ماڭالمىدىم .

قىز قولىنى ئۇزاتتى. يىگىتمۇ دەل شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك دەررۇ قولىنى بەردى. ئۇلار يېتىلىشىپ پەسكە يول ئالدى. قىزنىڭ قولى خۇددى ئوتتا پۇچۇلانغان كۆكباش قوناقتەك قىزىپ كەتكەن بولۇپ، تۇتۇلۇپ قالغىنىدىن قورقۇپ كەتكەن ئاق قۇشقاچنىڭ تىترىگىنىدەك تىترەيتتى. جۆرى بۇنى سېزىپ چۆچۈپ كەتتى. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، قىز ئۇشتۇمتۇت كېتىۋاتقان يېرىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى. جۆرى ئالاقزادە بولۇپ سورىدى:

— نېمە بولدۇڭ، شەمسىيە؟ بىر يېرىڭ بەك قاتتىق ئاغرىۋاتامدۇ؟

قىز بىردىنلا ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ شۇنچىلىك ھەسرەتلىك ھەم مۇڭلۇق يىغلايتتىكى، ھەربىر ئۆكسۈگەندە پۈتۈن بەدىنى ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك تىترەيتتى.

قومىلارنى توزىتىپ كەلگەن چوڭ بىر خادا قويۇن ئۇلارنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ شۇنچىلىك شىددەتلىك ئىدىكى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى تىپتىنچ قۇملۇقتا بىردىنلا جان كىرگەندەك، قۇم دانىچىلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپ قاپقارا تۇتەكلىشىپ كەتتى. قويۇننىڭ كۈچىدىن پەستىكى قومۇشلۇق دېڭىز دولقۇنلىغاندەك داۋالغۇپ شارقىرىغان ئاۋاز چىقتى. جۆرى شەمسىيەنى يۆلىگىنىچە پەسكە قاراپ قاچتى. بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ئېيتىشىچە، قۇملۇق ئىچىدە قويۇنغا يولۇقۇش ھەرگىز ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى.

قويۇن يەر - زېمىننى لەرزىگە سېلىپ، ئۇلاردىن يىراقلىغان بولسىمۇ، گويا يەنە قايتىپ كېلىپ ئارىغا ئېلىۋالىدىغاندەك قورقۇنچقا چۆمگەن بۇ ئىككىيلەن ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي يۈگۈرۈپ، ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندىلا ئېسىنى تاپتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ ۋە ئۈمىدسىزلىك قاپلىۋالغانىدى. جۆرى ئۆز - ئۆزىگە: «تۈگىدى··· ھەممىسى تۈگىدى···» دەپ پىچىر-لايتتى. شەمسىيەنى قارا تەر باسقان بولۇپ، يۈز - كۆز ۋە كىيىم -

كېچەكلىرىگە قوْملار چاپلىشىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى .

## سەككىزىنچى باب

شەمسىيە مۇشۇ بىرقانچە كۈندىن بۇيان تولا يىغلاپ ، دەرد ـ ھەسرەت دەستىدىن ساراڭ بولايلا دېدى . ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «كوچا ئايالى» قاتارىغا ئۆتۈپ بولغانىدى .

تومۇز قۇياشىنىڭ قۇمدىن يانغان قىزىق تەپتى سولاشتۇرۇپ سالـپـايتـىـۋەتـكەن يۇمران گىياھقا ئوخشاپ قالغان شەمسىيە ئېتىزلىقتىن قايتىشقا مەجبۇر بولدى . ئۇنىڭ مۇڭ باسقان سولغۇن چىرايى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارامتۇل رەڭگە كىرگەنىدى . قەدەملىرىنى ئېغىر يۆتكەپ كېلىۋاتقان شەمسىيەنىڭ بېشى قايغاندەك بولۇپ ، كـۆزىـگـە رەڭـمۇرەڭ ئۇششاق شارچىلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى . قـورسـاقـىـنـىڭ ئاچلىقى ، ئېغىر ئەمگەك ، روھىي زەئىپلىك ۋە پىژغىرىم ئىسسىق قوشۇلۇپ ، ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزگەنىدى . كۆز ئالدىدا لەيلەپ يۈرگەن شارچىلاردىن بىرى توساتتىن قارا رەڭگە كىردى . ئۇ بىردە قوناقلىقنىڭ نېرىقى بېشىدا ، يەنە بىردە كۆز ئالدىدىلا پەيدا بولاتتى .

... ئەجەبمۇ كۆپ شارچىلار ـ ھە ! مېنىڭ تەقدىرىم ئەنە شۇ شارچىلاردەك لەيلەپ يۈرۈۋاتىدۇ . ئۇ قاچانغىچە شۇنداق لەيلەپ يۈرەر ؟ مـەن بۇ يەرگە ھۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇسى بويىچە ئاش ـ نـاننىڭ ، كىيىم ـ كېچەكنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدىمۇ ؟ بۇنىڭغا ئالتە يىل بېتەرلىك ئەمەسمىكىنە !...

شەمسىيە بۇ ئالتە يىلنى كۈن ، ھەپتە ، ئايلارنى ساناپ ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزگەچكە ئۇنىڭغا گويا ئاتمىش يىلدەك بىلىنىپ كەتتى . بۇنى ئويلىغاندا ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى بۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتقان بىچارە دېھقانلارغا ئىچى ئاغرىيتتى . ھەدېگەندىلا خىيالىغا «بىر ئىستاكان سۈت» بـىـلـەن «ئىككى بولكا» كىرىۋالاتتى . ئۇنى خىيالىدىن

چىقىرىۋېتىشكە ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ زادى مۇمكىن بولمايۋاتقىنىغا ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى .

شەمسىيە بىر كۈنى ئېتىزلىقتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن بويى كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلاپ تەگسىز خىياللار ئىلكىدە ياتاتتى ، بېشى تەرەپتىكى بۇلۇڭدا چاشقاننىڭ بىر نەرسىنى كىرتىلدىتىشى ئارامىنى بۇزدى . ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ قارىشىغىلا مۇشتەك بىر چاشقان «غىررىدە» قېچىپ تۆشۈككە كىرىپ كەتتى . ئۇ يەردە قاچانلاردىدۇر چۈشۈپ قېلىپ ، شەمسىيەنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ، باش - ئاخىرى يوق بىر ژۇرنال تۇراتتى . ئۇ ئىچىدە ئاچچىق كۈلدى . ھەي... چاشقان ، تامنى تېشىپ كىرگىنىڭگە يارىشا يېگۈدەك بىرنېمە تاپالماي ، ۋاراقلارنىڭ قېتىغا يوشۇرۇپ قويغان بىرەر ئېسىل نەرسە بارمىكىن دەپ ، ژۇرنىلىمنى ۋاراقلاۋېتىپتىكەنسەن - دە... » شەمسىيە ئەنە شۇنداق دېگىنىچە ، توپا بېسىپ كەتكەن ژۇرنالنى قېقىشتۇرۇۋىدى ، مۇنۇ قۇرلارغا كۆزى چۈشتى :

«بۇ جەمئىيەتنىڭ ئادەمخور ماھىيىتى شۇ يەردىكى ، تۇرمىغا ئېلىنغان بىچارە مەھبۇسنىڭ ھەر كۈنى يەيدىغان ئۈچ ۋاخلىق تامىقى ئۈچۈن ئاران ئىككىدىن بولكا بىلەن بىر ئىستاكاندىن سۈت بېرىلىدۇ... »

ئاران ئىككىدىن بولكا ، بىر ئىستاكاندىن سۈت ! بۇ... نېمە دېگىنى ؟ «ئاران... ئاران» دېگىنى نېمىسى ؟ مەن بولكا دېگەننىڭ نېمىلىكىنى ئوبدان بىلىمەن . يەنە تېخى سۈت... بىر ئىستاكان سۈت ! بولكىنى يەپ ، سۈتنى ئىچىدىغان ئادەم مەھبۇس . مانا مەن ئەركىنلىككە ئىگە ، گۇناھسىز ئادەم . شۇ تاپتا سېرىق قوناقنىڭ بىر تاۋاق ئۇمىچى ياكى يېرىم زاغرىسى بولغان بولسا ، ئالدىمدىكى قوناقلىقنى زورۇقمايلا ئوتاپ بولمايتتىممۇ ؟ !

ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈۋاتقان ھېلىقى شارچىلار تېخىمۇ كۆپەيگىلى تۇردى . لېكىن ئەمدى قارا شارچە يوقالغانىدى . بۇ شارچىلار ئۇ كىچىك ۋاقتىدا سوپۇن كۆپۈكىدىن چىقىرىپ

ئـوينايدىغان شارچىلارغا نىمىدېگەن ئوخشايدۇ ـ ھە ! ئۇ بۇنداق شارچىلارنى چىقىرىشقا بەك ئۇستا بولۇپ، كىچىككىنە بىر تال قومۇش نەيچىنى سوپۇن كۆپۈكىگە پاتۇرۇپ، يەنە بىر ئۇچىدىن پـۇۋلىسە، سانسىز شارچىلار ھاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن شادلىنىپ ۋىلىقلاپ كۈلەتتى، جىنى ئىچىگە پاتماي سەكرەيتتى. چـۈنكـى بۇ شارچىلاردا كۈننىڭ نۇرى تەركىبىدىكى خىلمۇخىل رەڭلەر ئەكس ئېتىپ، ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق غەمسىز چاغلىرىمۇ بولغانىكەن ـ ھە ! لېكىن ئادەمنىڭ بەختلىك باللىق چاغلىرى ئاشۇ سوپۇن كۆپۈكىدىن ھاسىل بولغان شارچىلاردەك بىردەمدىلا تۈگەيدىكەن. ئادەمنىڭ ھاياتىغا نىسبەتەن بۇ نېمىدېگەن قىسقا ۋاقىت ـ ھە؟ !

تـۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا ئەۋەل پـەيـدا بولدى. شەمسىيە چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، كەتمەننىڭ سېپىغا تايانغان ھالدا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى بەئەينى ھاسا تاياققا چۈشكەن قېرى مومايىنى ئەسلىتەتتى.

— ھـە··· شـەمـسىيە، قوناق ئوتاۋاتامسەن؟ نېمە قىلىپ، چۈشكىچە ئاران ئىككى پۇڭ يەرنى ئوتاپسەنغۇ··· سەن يېقىندىن بېرى بەكلا خىيالچان، غەمكىن كۆرۈنىسەن، مېنىڭ ساڭا ناھايىتى ئىچىم ئاغرىيدۇ··· بۇ كەتمەننى چېپىۋاتقىنىڭغا توپتوغرا ئالتە قاپاق پـىـشىقى بولۇپ قالدى، — ئەۋەل قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە يىراقتىكى تۆگە لوكىسىدەك قوم دۆۋىلىرىگە قاراپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. ئاندىن بۇرنىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن تۈكلىرىنى يۇلغاچ داۋام قىلدى، — سەن بىلەن تەڭ كەلگەن سىېرىق تۈكلەر ئاللىقاچان بىر خىزمەتنىڭ پېشىنى تۇتۇشۇپ بولدى. سەن بولساڭ تېخىچە مۇشۇ ئېتىزلىقتا جېنىڭنى قىيناپ يۈرىسەن، ئاكاڭنىڭ گېپىگە كىرگەن بـولـساڭ مۇنداق بولمايتتى. ھازىرقى ياشلار ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمەيدۇ. مەن ئۆز ۋاقتىدا ساڭا غەمخورلۇق قىلىپ، ھـاي ئـۇكـام دېـسەم، كۆڭلۈڭدە، مەن بولسام شەھەر قىزى، زىـيـالـي، سەن سەھرالىق ئادەم سەتى نېمىنى بىلەتتىڭ، دەپ

ئۆيلىدىڭ . مەن سەھرالىق ئادەم سەتى بولسامۇ سەندىن نەچچە تامبالنى ئارتۇق كىيگەن . شۇنچە ئەسكىلىك قىلغان بولساڭمۇ سەندىن خاپا بولمىدىم . ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا ، ھەممە خەق سېنى ئۇنداق بۇزۇق ، بۇنداق بۇزۇق ، ئېتىز - ئېرىق ، خامانلىرىمىزنى بۇلغىدى . شۇڭا ، يىلدىن - يىلغا مەھسۇلاتىمىز كېمىيىپ كەتتى ، بىز دېھقانلار بارغانسېرى خارابلىشىپ كېتىۋاتىمىز... دەپ ئادەمنىڭ ئاغزىنى ئاچۇرمايدۇ . نېمە قىلىپ ، سەنمۇ يا ئۆزۈڭنى يىغمىدىڭ . خەق مۇنداق دېگەندىكىن ئادەمنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قالىدىكەن ، ئەگەر ھازىردىن تارتىپ ئاكاڭنىڭ گېپىگە كىرىپ سىزغان سىزىقىم بويىچە ماڭساڭ ، قالدى ئىشلىرىڭنى ئۆزۈم جۆندەيمەن . مۇشۇ يىل ئىچىدە چوقۇم كۆڭۈلدىكىدەك بىر يەرگە تونۇشتۇرۇپ بېرىمەن .

شەمسىيەنىڭ پۇتۇن ئەزايى تىترەپ كەتتى ، چىرايى تاتىرىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى ، پۇتۇن بەدىنى بوشىشىپ ، ئۆرە تۇرۇشقا ماجالى يەتمىگۇدەك ھالغا كېلىپ قالدى . ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى دىرىلدەپ تىترەيتتى . ئۇ يىراققا قارىۋىدى ، قۇم- لۇقمۇ تىترەۋاتقاندەك كۆرۈندى . ئۇ كەتمەن سېپىغا مەھكەم تايىنى- ۋېلىشقا قانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، قوللىرى قامسىيالمىغانلىقتىن ، ئامالسىز يۇكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قالدى . قىزنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ئەۋەل «پۇشايمان قىلدى ، تەسىرلەندى ، گېپىم ئاخىر ئۇنى ئېرىتتى» دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك ، چىرايىغا كۈلكە يۇگۇرتكەن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزايدى . شەمسىيەنىڭ كۆزلىرى بىردە نۇرسىزلانغاندەك ، يەنە بىردە غەلىتە چاقناۋاتقاندەك بىر تەرزدە ئەۋەلگە تىكىلگەنىدى . لېكىن بۇنىڭدىن ھېچنېمىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى . ئەۋەل قولىنى ئۇزىتىپ ، ئۇنىڭ كۆيۈپ قارايغان ئىنچىكە بارماقلىرىنى تۇتتى . بۇ قول شۇنداق ھارارەتسىز ئىدىكى ، ئۇ خۇددى كامىردىن ھازىرلا چىققان پاقىنى تۇتۇپ سالغاندەك شۇئان قويۇۋەتتى . ئاندىن ئۇ قولىنى قىزنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋىدى ، قېتىپلا قالغاندەك بۇ گەۋدىدە ھېچقانداق ئىنكاس

بولمىدى . شەمسىيە شۇ تاپتا ، يېتىشمەي قالغان تىنىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، گۈزەل قىزنىڭ ئولتۇرغان چاغدىكى مودېلىغا ئوخشاپ قالغانىدى . ئەۋەلنىڭ بۇنىڭ بىلەن نېمە كارى ! ئۇ ئالتە يىلدىن بېرى ئۆزىگە يېقىن يولاتماي ، قانچە قېتىملاپ ئوسال قىلغان بۇ گۈزەلنىڭ بىردىنلا ياۋاشلىشىپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ ، ھېسسىياتىنى باسالماي قېلىۋاتاتتى . ئۇ ئويلايتتى : بۇ شۇنداق يامان كوپېراتسىيەكى ، ئاسمانغا سەكرەيدىغان نى - نى شاش ئارغىماقلارنىمۇ كۆندۈرۈپ ، قامچا بىلەن نەچچىنى ئۇرغاندا قۇيرۇقىنى ئاران بىر قېتىم شىپپاڭلىتىپ قويىدىغان ھالغا كەلتۈرگەن . سەندەك بىر شەھەرلىك سەتەڭنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمەيتتىممۇ ! ھەرقانچە قاتتىق مىجەز بولساڭمۇ ، مەن ئەۋەلنىڭ ئامالى بار .

ئەۋەل لېۋىنى يالاپ ، تىلىنى تەمشىتكەن ھالدا قىزغا بويىنىنى سوزۇپ سۆيمەكچى بولۇۋىدى ، كېلىشتۈرۈپ تەگكەن بىر كاچات كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى . شەمسىيە بولسا كېيىكتەك تاقلاپ كۆزدىن غايىب بولدى .

— ھۇ ، رەسۋا ! ئالدامچى ساراڭ ! — دېدى ئەۋەل دەلدەڭشىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ، — تەلۋىلىكىڭنى بۇرنۇڭدىن بۇلاق قىلمىسام ، ئوغۇل بالا بولماي كېتەي !

*    *

— ئۇلۇغ خۇدا ! مەن پاك ، مەن گۇناھسىز ، مەن خەقلەر ئېيتقاندەك بۇزۇق ئەمەس . بۇنى ئۆزۈڭدىن باشقا كىم بىلىدۇ ؟ مەن ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ ئۆزۈمنى پاك ساقلىغانلىقىم ئۈچۈنلا ئۇلار ماڭا قارا چاپلىدى . مەن تۆھمەتكە قالدىم . ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ خۇدا ، سېنىڭ ئالدىڭدا نېمە گۇناھ قىلدىم ؟ مەن دۇنياغا پەقەت خارلىنىش ، بوزەك بولۇش ئۈچۈن يارالغانمۇ ؟ ئاياللارنى باشقىلارنىڭ دەپسەندە قىلىشى ئۈچۈنلا ياراتتىڭمۇ ؟

شەمسىيە كارىۋاتقا دۈم تاشلانغان پېتى خۇداغا نالە قىلىپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ يىغىسى شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ئىدىكى، كۆز ياشلىرى بارماقلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ، ياستۇقنى سۇ قۇيغاندەك ھۆل-ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ئەۋەلنىڭ: سەنمۇ باشقا قىزلاردەك مېنىڭ سىزىقىمدىن چىقمىغان بولساڭ... بۇ كەمگىچە بۇ يەردە سۆرىلىپ يۈرمەيتتىڭ، باشقىلاردەك ئوقۇشقا بېرىپ، ئالىلىقاچان بىرەر خىزمەتنىڭ پېشىنى تۇتۇپ بولاتتىڭ...» دېگەن گەپلىرى خۇددى قاپاققا كىرىپ قالغان ھەرىنىڭ ئاۋازىدەك غوڭۇلدايتتى. ئۇلار ياخشى قىزلارمۇ؟ ياشاشنىڭ يولى زادى شۇمۇ؟ ئۇنداقتا، ئادەمگە ۋىجدان، ئەدەپ-ئەخلاق دېگەنلەرنىڭ نېمە ھاجىتى؟! ياق، ياق! ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن. ماڭا نومۇس، ۋىجداني ھايات لازىم! پاكلىق بىلەن ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ئېپلاسلىق بىلەن ياشاشقا رازى ئەمەسمەن، خىزمەتسىز قالسامۇ، خارۇزارلىقتا ئۆتسەممۇ مەيلى، ۋىجدانىمنى يوقاتمايمەن؛ تىنىقىملا بولىدىكەن نومۇسۇمنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشىغا يول قويمايمەن. ھېچقانداق ئىلاج قالمىغاندا ئۆلۈۋالسام بولىدۇغۇ!!!...

شەمسىيە ئەسلىدى: بىر كۈنى گۈلسۈم ئۆزىچە ئۇنىڭغا، سەھرالىق تومپايلار بىلەن ئاشنا ئويناپ يۈزىمىزنى قويمىدىڭ... دەپ يالا چاپلاپ تىللاپ كەتتى. ئەتىسى ئۇ ئاشۇنداق ئەسكىلىك بىلەن شەمسىيەگە ئۇچراپ قالدى. لېكىن ھېچبىر ئۇيالماستىن سەت ھىجىيىپ: «ئەمدى قانداق قىلىلى، ياشلىق بەكئاشلىق ئىكەن...» دېدى. «تۇفي! — دېدى شەمسىيە يىرگىنىپ، — قۇرۇسۇن شۇنداق ياشلىقىڭ!...» بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپلا ئوقۇشقا سان كەلدى. دېھقانلار شەمسىيەنى كۆرسىتىۋىدى، بەزى كادىرلار «ئىستىلى ساپ ئەمەس، ئەخلاقسىز» دەپ رەت قىلىۋەتتى. شۇ چاغدا ئەترەتنىڭ نومۇر خاتىرىلىگۈچىسى قوپۇپ: «مېنىڭچە، گۈلسۈم بارسۇن. ئۇ ئەخلاق، ئەمگەك جەھەتتە ھەممىدىن ياخشى، قانداق، دېگەنلىرىم توغرىدۇ» دەپ ئەزالارغا سۇرلۈك تەرزدە تىكىلىۋىدى، ئەزالاردىن بىرقانچىسى بىر-بىرىگە قارىشىپ

قالايمىقان قول كۆتۈردى. كېيىن، قالغانلارمۇ ئەگەشتى. بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، گۈلسۈم شەمسىيەگە قاراپ قاش - قاپاقلىرىنى سۈزۈپ كۈلگىنىچە خوشلىشىپ ئوقۇشقا ماڭدى. شەمسىيە بولسا تېڭىرقىغىنىچە هاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. ئۇ بۇنىڭ «نېمە ئۈچۈن» لىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بولغۇچە، يەنە ئۈچ ياتاقدىشىمۇ كەينى - كەينىدىن ئوقۇشقا كەتتى، ئۇرنىغا يېڭىلىرى كېلىپ ئورۇنلاشتى. شەمسىيە بولسا، زىيالىي ياشلارنىڭ «قېرىسى» بولۇپ قېلىۋەردى.

## توققۇزىنچى باب

بۇ ئۆي شۇنچە چوڭ بولۇشىغا قارىماي، پۈتۈن يېزىنى ئۇماچ - يارمىنىڭ پۇرىقى قاپلىغان ئاشۇ يىللارغا نىسبەتەن، خېلى ھەشەمەتلىك ياسالغان دېيىشكە لايىق ئىدى. ئۇنىڭغا قوش قاپقاقلىق دېرىزىدىن ئۈچى قاتار قويۇلغان بولۇپ، كۈندۈزى كۈن نۇرى بىلەن بىمالال يورۇپ تۇرسا، كېچىسى چىراغنىڭ كۆچلۈك نۇرى دېرىزىلەردىن ھالقىپ كەڭ ھويلىنىمۇ كۈندۈزدەك يورۇتۇۋېتەتتى. مانا بۇ دادۇي چارۋا مۇدىرىنىڭ مېھمانخانىسى، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئازادە دالانلىق ئىككى يۇرۇش ئۆيمۇ بار. ئۆيلەرنىڭ ئەتراپى بەش يېرىم مولۇق ئۆرۈك - توغاچلىق باغ بىلەن ئورالغان. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ھاكىلانغان ئېگىز تاملىرى يىراقتىن قارىغان كىشىگە بەئەينى چىمەنزارلىقتىكى ئاق مەرمەردەك كۆرۈنەتتى. ھەشەمەتلىك مېھمانخانىنىڭ ئاساسلىق تاملىرىغا تارتىلغان ئوتقاشتەك رەڭدار گىلەملەر ۋە جاي - جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان چوڭ - كىچىك ئېسىل ئىشكاپلار بىر - بىرىدىن ھۆسن تالاشقاندەك كۆزنى چاقنىتاتتى. ئۇدۇل توغرا تامغا تاقاپ قويۇلغان قەدىمىي نەقىشدار سەككىز گەزلىك خاپان ساندۇق ھەم ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆپە - تۆپىلەپ تىزىۋېتىلگەن تاۋار يوتقان - كۆرپىلەر بىلەن گۈل كەشتىنى ئايىماي

چىكىپ تىككەن تېكىي ـ ياستۇقلار كۆزنى قاماشتۇراتتى. تېخى ئۇنىڭ ئۈستىدىلا تورۇسقا تارتىپ قويۇلغان ئون گەز ئۇزۇنلۇقتىكى ئاسقۇ بولۇپ، سېرىق سۆگەت بادىرىسىدا ياسالغان بۇ ئاسقۇغا ئېسىۋېتىلگەن كىيىم ـ كېچەكلەرنى كۆرگەن ئادەم ئىختىيارسىز كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىنى ئەسلەپ قالاتتى…

دادۇي چارۋا مۇدىرىنىڭ مانا بۇ ئۆيىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئېغىر ئەلىياتقۇدىن تارتىپ بامداتقا ئەزان چىققۇچە بەزمە ـ مەشرەپ قىزىپ تۇراتتى. ئويۇن ـ تاماشىنىڭ قىزىغان ۋاقتى دەل دېھقانلار تۈگمەس ئېغىر ئەمگەكتىن پۇت ـ قوللىرى ئۇزۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك ھالدا ھېرىپ ـ ئېچىپ كىرىپ، ئۇماچ ـ يارمىلىرىنى قايىنىتىپ ئىچكەندىن كېيىن، ئاغزى ـ بۇرنىنى سۈرتۈۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي موكىلا يېتىپ، ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كەتكەن مەزگىلگە توغرا كېلەتتى. بەزمە ـ مەشرەپنىڭ دائىملىق ئىشتىراكچىلىرى دادۇينىڭ كاتتىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ھارۋىكىشى بولاتتى. چۈنكى ئۇ كېلىپ ـ كېتىشتە ھارۋىنى ھەيدىسە، كاتتىلار تەڭشىلىپ قالغاندا، يۆلەپ، زەللىسىنى كۆتۈرەتتى. بەزى ئەترەتلەرنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان كاسىر ـ ئامبارچى، بوغالتىرلىرىمۇ پۇرسەت بولسىلا كېلىپ، باشلىقلىرىغا «خوش ـ خوش» ئېيتاتتى. قىسقىسى، يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئادەم كېمەيتتى. «ھايت» دېگەن شەپىنى بېرىپ قويسىلا، ئەترەتلەرنىڭ قولىقى يۇمشاق، «ئاغزى چىڭ» مالچىلىرى ئوغلاق ـ قوزىلارنى ئەكېلىپ كاۋاپ ـ شورپا تەييارلايتتى. ئەلۋەتتە، بۇلار قەتئىي مەخپىي بولاتتى. ئەترەت ۋە دادۇينىڭ بوغالتىرلىرى چارۋا مۇدىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن: مانچە ئوغلاق «سۈت ئۇرۇقى» بولۇپ ئۆلدى؛ مانچە پاقلان ئورۇقلۇقتىن «پىت بېسىپ» ئۆلدى؛ بۇنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە تېرىسى ئەترەت ئامبىرىدا ساقلاپ قويۇلدى، دەپ خاتىرىلەپ قويسىلا ئىش پۈتەتتى. قوغۇن ـ تاۋۇز ئېتىزدىن، مېۋە ـ چېۋە باغدىن، ھاراق ـ شاراب ماگىزىندىن كەلتۈرۈلەتتى. ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزىگە لايىق ھېساب ئورنى، ئۇنى

تـوغـرىـلايدىغانلاردا ئىشەنچلىك ئامال ھەم يېتەرلىك يوچۇق بار ئىدى .

بـەزمـە داسـتـىـخـىـنـى ئـەنـە شۇنداق نازۇنېمەتلەر بىلەن تـولدۇرۇلۇپ ، يېگىلى قورساق قالمىغاندا ، ھەممىسى ئورۇن - مەرتىۋىسىگە قاراپ زەللە تۇگىشەتتى .

بـۇ سـورۇنـدا ھەممە گەپلەر دېيىلەتتى . مەستلىك تۇپەيلى بـەزىلەرنىڭ ئۆزىنى ماختاپ دېمىگىنى قالمايتتى ، ئۇلار خۇدىنى يـوقـىـتـىـپ يىقىلغانىدىلا ، ھارۋىكەش بىچارە يۆلەپ - كۆتۈرۈپ دېگۇدەك ھارۋىغا بېسىپ ئۆز ماكانلىرىغا ئاپىرىۋېتەتتى .

بۇگۇن ئاخشاممۇ بۇ يەردە مەشرەپ تازا قىزىپ كەتتى ، بىزنىڭ جـۆرىـمـۇ بـەزمـىـنـىـڭ ئـىشتىراكچىلىرىدىن بىرى ئىدى . ئۇ داستىخاندىكى مولچىلىق بىلەن ، ھازىرغىچە ئـاڭـلاپ باقمىـغـان كۇلكە - چاقچاقلاردىن ھەيرانۇھەس بولۇپ ئەس - ھوشىنى يوقى- تىشقا ئاز قالدى . چۇنكى مېھرىنىسا شۇ كەتكەنچە ، كۆلگە تاشلانغان تـاشتەك گەپ - سۆزسىز يوقالغاندىن بېرى ، كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىشنى بىلمىگەن بۇ يىگىت دەرد - ئەلەمنى ئېگىز قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۇستىگە چىقىۋېلىپ تەمبۇر چېلىش بىلەن چىقىرىپ كېلىۋاتاتتى . شۇ سەۋەبتىن ، ئۇ ھەممە تەرەپتىن ئاچ - زارلىقنىڭ نـالىسى ئاڭلىنىپ تۇرغان بۇ قارغىش تەگكۇر قۇملۇق سەھرادا بۇنچىلىك مول نازۇنېمەتنىڭ ۋە كۇلكە - چاقچاقنىڭ بولۇشىنى ئـېڭىغا سىغدۇرالمايتتى . ئۇنىڭ بۇ سورۇنغا قاتنىشىپ قېلىشى ئاشۇ تەمبۇرىنىڭ شاراپىتىدىن بولغانىدى : بىر كۇنى بەزىلەر ئەۋەل شۇجىنىڭ ئالدىدا جۆرىنىڭ تەمبۇر چېلىشقا ئاجايىپ ئۇستىلىقىنى ئېيتقان ؛ بۇگۇن بۇ گەپ يادىغا يەتكەن شۇجىنىڭ بىردىنلا تەمبۇر ئاڭلاش ھەۋىسى قوزغىلىپ قالغان ؛ شۇنىڭ بىلەن ، ئەۋەل شۇجىغا بـولغان ساداقەتمەنلىكىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۇچۇن ، جۆرىنى ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە مىندۇرۇپ ئەكەلگەنىدى .

جـۆرى دەسـلـەپـتـە ئـۆزىنى سەل قورۇنغاندەك ، كېلىشكە تـېـگـىـشـلـىك بولمىغان يەرگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى .

سەۋەب ، بۇ سورۇنغا دادۇي كاتىپلىرىنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىمۇ كەلگەن بولۇپ ، ئۆينىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئاياللار بىلەن تولغانىدى . باشتا ، بىر ـ ئىككى قېتىم مەشرەپ ئوينالدى ، ئاندىن جۆرىنى تەمبۇر چېلىشقا بۇيرۇشتى . جۆرى يەپ ـ ئىچىش جەريانىدا بىرنەچچە رومكا قېقىۋېلىپ خېلىلا قىزىۋالغاچقا ، ئاۋۋال قىسقا ، شوخ پەدىلەرگە ، ئارقىدىن مۇڭلۇق پەدىلەرگە راسا چالدى . بۇ چاغدا ، ئەرلەر ھەدەپ ھاراق ئىچىش بىلەن بولسا ، ئاياللار ئىككى ـ ئۈچتىن غۇژمەكلىشىۋېلىپ گەپ سېتىشنى باشلىغانىدى . تەمبۇرنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى بارا ـ بارا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى . ئۇنىڭ سېھرىلىگۈچى كۈيىگە مەھلىيا بولغان سورۇن ئەھلى ئىختىيارسىز جىمىپ ، مېھمانخانا ئىچى سۈرلۈك تۈس ئالدى . بۇ خىل مۇھىت جۆرىگە تەسىر قىلدى بولغاي ، ئۇ چالغانسېرى جانلىنىپ ، ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ناخشا باشلىۋەتتى :

تەنلىرىم ياپراق تىترەپ تۇرمىدى ،
يۈرىكىم دەردلىك ئەركىن سوقمىدى .
...

ئۇ ناخشىنى تەمبۇر ساداسىغا كەلتۈرۈپ ، شۇنچىلىك ھېسسىيات بىلەن ئېيتتىكى ، سورۇندىكىلەرنى ئېسىدىن چىقارغاندەك ، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈلدى . بۇ ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەمنى ئۇنتۇش ئۈچۈن دائىم قوم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئېيتىدىغان ناخشىسى ئىدى . ناخشا ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ، چالا مەست ھالەتتىكى شۈجى ئۆندەرىگەندەك ۋارقىراپ :

— ياشاپ كەت ، يىگىت ، ياشاپ كەت ! خۇدا قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن ! — دېدى ۋە ئىككى پىيالىگە ھاراق قۇيغاندىن كېيىن بىرىنى جۆرىگە تەڭلەپ داۋام قىلدى ، — تەمبۇرۇڭنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئىچىمگە سىغماي قالدى . تۇتە يىگىت ، ئىچە !...

ئىككىسى بىر كۆتۈرۈشتىلا تىنماي تۇرۇپ ئىچىۋەتتى .

شۇجىنىڭ ئالاھىدە ھاراق تۇتقىنىدىن جۆرىنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن خۇش ئىدى . شۇجى قۇرۇقدالغان پىيالىنى داستىخانغا پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ ، جۆرىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى .

— ئىچىمنى ئەجەبمۇ كۆيدۈردىڭا ، يىگىت . شۇ تاپتا ، چوكان بولۇپ قالغان بولسامىزە... ھەي... خۇددى خۇش ناۋا بۇلبۇلكەنسەن ، بۇلبۇل...

شۇجىنىڭ گېپى ھەممەيلەننى ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلدۈرۈۋەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللارنىڭ كۈلكىسى ھەممىنى بېسىپ چۈشكەنىدى .

شۇجى دەلدەڭلىگىنىچە بىرىپ جايىغا ئولتۇرۇپ ، ھەممەيلەنگە ھاراق قۇيۇشقا باشلىدى ، جۆرى يەنە تەمبۇر چېلىشقا تۇتۇندى . ئۇنىڭ ئەس ـ يادى مۇشۇ ئارقىلىق شۇجىغا يېقىنلىشىپ ، بۇ يەردىن كېتىۋېلىشتا ئىدى .

جۆرى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن تەمبۇر چېلىۋېتىپ ، ئۇدۇلدا ئولتۇرغان بىر «قىز»نىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى . ئۇ جاۋابەن كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ بىر كۆزىنى قىسىپ قويۇۋىدى ، «قىز» ھودۇققان ھالدا ئەرلەرگە قارىدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قايسىدۇر ئۇلپەتدىشىنى ھاراققا زورلاش بىلەن ئاۋارە بولسا ، يەنە بەزىلىرى ئۈيقۇغا كەتكەنىدى . بىرنەچچىسىلا قالايمىقان ۋارقىرىشاتتى . ئاياللار غۇژمەك ـ غۇژمەك بولغان ھالدا قۇرۇق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەچكە ، بۇ ئىككىيلەنگە كۆز سالىدىغانغا كىمنىڭ چولىسى دەيسىز . يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەن «قىز»نىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ ، جۆرىنى سىرتقا شەرەتلىدى . بۇ ھالدىن چۆچۈگەن جۆرىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى . لېكىن «قىز» نىڭ تەلپىنى رەت قىلىشقا بولمايتتى . شۇڭا ئۇ يېنىدا تەمبۇر ئاھاڭىغا غىڭشىپ ئولتۇرغان ھارۋىكەشنى نوقۇدى :

— ھەي... ھەي ، ئاۋۇ قىزنى تونۇمسەن ؟

ھارۋىكەش كۆزىنى چەكچەيتىپ قارىۋالغاندىن كېيىن ، ئاغزىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن توسۇپ ، جۆرىنىڭ قۇلىقىغا

پىچىرلىدى :
— شۇجىنىڭ بېقىۋالغان قىزى ، ئەمما ئۆز قىزىدىنمۇ چارە كۆرىدۇ .
— ئەرگە تەگكەنمۇ ؟
— نېمە دەيدىغانسەن ؟ تەگمەمتىكى ، ئاقيارنىڭ شۇجىسىنىڭ ئوغلىغا تەگكەن . بىر بالىسى بارغۇ دەيمەن . هازىر يامانلاقلىق بولسا كېرەك ، سەككىز - ئون كۈننىڭياقى مۇشۇ يەردە ناياقلاپ يۈرىدۇغۇ...
هارۋىكەشنىڭ گېپى ئۈزۈلمەستىنلا ، شۇجى دەلدەڭلىگىنىچە كېلىپ :
— ئەكەل تەمبۇرنى ، سەن چېلىۋېرىپ هېرىپ كەتتىڭ . ئەمدى مەن بىر - ئىككى پەدە چالاي !... — دېدى .
شۇجىنىڭ ئاۋازىدا رەنجىش ئالامىتى بولمىغانلىقتىن ، جۆرى تەمبۇرنى ئۇنىڭغا بەردى . ئۇ تەمبۇرنى ئېلىپ ، ئولتۇرغان يېرىدىلا يېنىچە يېتىپ ، تارىنى قالايمىقان تىرىڭلاتقان هالدا ئېگىز - پەس توۋلاشقا باشلىدى .
جۆرىنىڭ ئەزمىلىكىدىن تاقىتى تۈگىگەن چوكان ئۇنىڭغا قاراپ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقاردى . جۆرى يېنىدىكى هارۋىكەشكە :
— بۇرادەر ، مەن تالاغا بىر چىقىپ كىرەي ، — دېگىنىچە ئورنىدىن قوزغالدى .
— مەن بىللە چىقايمۇ ؟
— ياق . سەن شۇجىغا هېزى بولغىن ، تەمبۇرنى سۇندۇرۇپ قويمىسۇن يەنە .
جۆرى تالاغا چىقىپ ، باغنىڭ ئىشىكىگە كېلىشىگە ، ئارقىسىدىن تاپ باستۇرمايلا چىققان چوكان پىخىلداپ كۈلۈپ يېتىپ كەلدى .
— تەمبۇر چېلىشقا ئۇستا بولغانلىرى بىلەن ئەجەب گالۋاڭ يىگىتكەنلا . قەشقەرلىك ئىكەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ مەن تېخى

نوچىلىقتا رۇستەمنى يېڭىدۇ ، يامانلىقتا شەيتانغا نۇقتا سالىدۇ دەپ
ئويلاپتىكەنمەن ، ئەمما…

جۆرىنىڭ يۈرىكى سىلىپ گەپ قىلالماي قالدى . چوكاننىڭ بۇنچىۋالا گەپچىلىكى ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغانىدى . شۇڭا ئالدىراپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى :

— ۋۇي ، ئاستىراق گەپ قىلسىلا…

— ئــوھۇش . نېمىدىن قورقاتتىلە . قەشقەرلىكنىمۇ بىلىپ قويدۇم ، ھاللىرى شۇنچىلىكمىتى ؟

— ھەرھالدا ئېھتىيات قىلغان ياخشى . ئاتلىرى نېمە ؟

— قەمبەرنىسا .

— ئەرلىرى…

قەمبەرنىسا جۆرىنىڭ گېپىنى بۆلدى :

— ئــوھــوش ، قويسىلا ! سىلىمۇ شۇ لامزەللىنىڭ گېپىنى قــىــلــىپ ، ئاران ئېچىلغان كۆڭلۈمنى غەش قىلمىسىلا . ئۇنىڭ ئېتىنى ئاڭلىسام ، تۇكۇم تەتۈر يېنىپ ، ھۆ قىلغۇم كېلىدۇ .

— نېمىشقا ؟

— ئــادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمىسە ، مىڭ قىلغان بىلەنمۇ بىكار كەن…

شۇ چاغدا باغ تەرەپتىن شالدۇر ـ شۇلدۇر قىلىپ چېپىپ كەلگەن ئوغرى مۈشۈك قەمبەرنىسانى قورقۇتۇۋەتتى . ئۇ «ۋايجان» دەپلا جۆرىگە چاپلاشتى . ئۇلار بىرپەس ئۈن ـ تىنسىز تۇرغاندىن كېيىن ، ئارىدىكى جىملىقنى جۆرى بۇزدى :

— قەمبەرنىسايىم ، ئەگەر مېنى ياراتسىلا…

— ۋىيەي ، گەپلىرىنىڭ تاتلىقلىقىنى… مەن ئەرگە تەگكەن ، بىر بالامۇ بار تېخى . سىلى ئۆيلەنمىگەن يىگىت ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرلىك تۇرسىلا ، بىزدەك سەھرالىق تومپايىنى يارىتامىلا ؟…

— ئۇنداق گەپنى قويسىلا . راستىنى ئېيتسام ، بىر كۆرۈپلا سىلىگە كۆيۈپ قالدىم .

— ۋىــيــەي ، مېــنــى ئــالــدىــمــىسىلا . مەن بۇ گەپلىرىگە

ئىشەنمەيمەن .

— ئەرگە تەگكەن بولسىلىرىمۇ ، باللىرى بولسىمۇ مەيلى ، كۆڭلۈم تويۇپ تۇرۇۋاتىدۇ ، مىنىڭ بەختىم پەقەت سىلىدە .

— بۇ گەپلىرى راستمۇ ؟

قەمبەرنىسانىڭ ۋۇجۇدى خۇشاللىق ھەم ھەيرانلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈپ ، چىرايى چۈشىنىكسىز تۇس ئالغانىدى . يىگىت ئالدىراپ قەسەم قىلدى :

— ئەگەر يالغان ئېيتقان بولسام ، خۇدا ئۇرسۇن !

— ۋەدىلىرىدە تۇرىدىغانلا بولسىلا ، مەن ئۇ لامزەللىدىن ئەتىلا خېتىمنى ئالىمەن .

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە ، جۆرى داۋۇي تۇگمىنىنىڭ ئامبارچىسى بولۇپ قالدى .

## ئونىنچى باب

كەچ كۈز . يېقىمسىز شامال بالدۇر تۆكۈلگەن غازاڭلارنى ۋە قوناق ئېتىزلىرىدىكى قالدۇق پالاڭلارنى ئۇچۇراتتى . بۇ مەنزىرە كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ ، روھىي ئازاب بىلەن ھىجران تۇيغۇسى بېغىشلايتتى . قالدۇق يوپۇرماقلار ئۆز تەقدىرىگە تەن بەرگۈسى كەلمىگەندەك شاختىن تەستە ئاجراپ ، بىر - بىرلەپ يەرگە تۆكۈلەتتى .

شەمسىيە يالىڭاچلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ دەرەخلەرگە قاراپ سولغۇن ھالدا كېلىۋاتاتتى . ھەربىر تال ياپراق شاختىن ئاجراپ يەرگە چۈشكەندە ، ئۇنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ ، ئىچ - ئىچىدىن چىققان تىترەك بەدىنىگە تارايتتى . ئۇنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىمۇ تۆكۈلۈۋاتقان ئاشۇ ياپراقلاردەك بىر - بىرلەپ بەربات بولۇۋاتامدىكىن ! ئۇ بىرنەچچە ھەپتە بۇرۇن ، چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن رۇخسەت سوراپ شەھەردىكى ئۆيىگە كەلگەنىدى . بۇنىڭغىمۇ بىر ئاي بولاي دېدى .

نەزىر - چىراغ ئىشلىرىمۇ ئاساسەن ئاياغلاشتى . شۇنچە كەڭرى زېمىنىدا ئۇنىڭ هاياتىدىكى تىلىكى پەقەت ، پەقەت ئاددەمنىڭ بەدىنىدىكى كىچىككىنە بىر مەڭچىلىكلا ئىدى . ئەمما شۇنچىلىك ئاددىي بىر تەلەپمۇ تەقدىر تەرىپىدىن بەربات بولۇۋاتقاچقا ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك چىرمىۋالغانىدى .

ئائىلىسىدىكى كەيپىيات دەسلەپ ئۇنى چۆچۈتتى ، ئارقىدىن خىجىل قىلدى ، مانا ئەمدى بوشاشتۇرۇپ ، تەقدىرگە تەن بېرىشكە قىستاۋاتاتتى . چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىنلا ئانىسى ئۇنىڭغا بىر تەرەپتىن خاپا بولغاندەك ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچ ئاغرىتقاندەك تەلەپپۇزدا دېدى :

— سەن بىلەن بىللە چېنىقىشقا كەتكەنلەرنىڭ تولىسى دېگۈدەك ئوقۇشقا كەتتى ، بىرەر خىزمەتنىڭ پېشىنى تۇتۇپ تۇرمۇش يولىنى تېپىپ بولدى . سەن بولساڭ هازىرغىچە ئاشۇ ئاتام كۆرمىگەن سەهرادا كۆيۈپ قارىداپ ئىشلەۋاتىسەن . تەقى - تۇرقۇڭ ، سۆز - هەرىكەتلىرىڭمۇ بەئەينى سەهرالىقنىڭ ئۆزى ! جۇدەپ - قورۇلۇپ ، مەندىنمۇ قېرىپ كېتىپسەن . ئىككى سىڭلىڭ بويىغا يېتىپ قالدى . باش ئاغرىقىمىز كۆپ . ئۆزۈڭ بىلىسەن ، سەن تۇرۇپ ، سىڭىللىرىڭنىڭ توينى قىلىش قائىدىگە سىغمايدۇ . هېلىمۇ سىنىڭ رايىڭغا بېرىپ ، سۆز - چۆچەكلەرگە قۇلاق سالماي يۈرۈۋەردۇق . ئەمدى بولمىدى ، پېشانەڭ شۇنداق تەتۈر ئوخشايدۇ . مۇشۇنچىلىك ۋاقىتمىدا تويۇڭنى قىلىۋېتەي . ئۆلۈم دېگەننىڭ ياش - قېرىسى يوق… سىڭىللىرىڭنى چىقىرىشقا ئاۋۋال سەن يول ئاچمىساڭ بولمايدۇ .

شەمسىيەنىڭ داۋاملىق ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتى قالمىغانىدى ، ئۇنچىقمايلا ئورنىدىن تۇردى - دە ، پېشىنى قېقىۋېتىپ تالاغا ماڭدى . ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ ئانىسىنىڭ :

— ئىست… ئىست ! قىز بالا دېگەننى باققۇچە ئىلاهىم . چوڭى تېخى گەپ ئاڭلىمىسا ، كىچىكلىرى تېخى . ۋاي توۋا ، ئەمدى قانداق قىلارمەن… — دېگىنىچە مىشىلداپ يىغلىغىنىنى ئاڭلىدى .

شەمسىيە ئەمدىلا بوسۇغىدىن پۇتىنى ئالاي دەپ تۇرۇشىغا سىرتتىن كىرگەن دادىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. دادىسىنىڭ كۆزلىرىدىن غەلىتە بىر خىل سوغۇق ئۇچقۇن چاچرايتتى. بۇ ھالدىن قورققان شەمسىيەنىڭ بەدىنىگە سوغۇق تىترەك ئولاشتى. دادىسىنىڭ ئاجايىپ سۇرلۇك ۋە سوغۇق نەزەردە تىكىلىشىدىن ھودۇققان شەمسىيە نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى.

— توختا !...

بۇ خىتابتىن يۈرىكى «جىغغىدە» قىلغان قىز شۇئان توختىدى.

— سەن مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە، يۈزتۇرا گەپ قىلمىدىم. كۆزۈمگە كۆرۈنگەن بالام دەپ رايىڭغا قويدۇم. ئەمما سەن بۇنى بىلمىدىڭ. ئالتە يىلدىن بۇيان نېمە ئىش قىلغانلىقىڭنى، قۇمىلۇقتىن نېمىشقا قۇتۇلالمايدىغانلىقىڭنى... ھەممىنى ئاڭلاپ تۇردۇق. ئۆلمەك تەسكەن، يېگىنىمىز ئاش، ماڭغىنىمىز يول بولمىدى. تۆت ئادەم يىغلىغان يەردە تۇرۇشقا يۈرەكئالدى بولۇپ كەتتۇق. ئەمدى مەن سېنىڭ ئاشۇ بەڭباش پاچىقىڭنى چېقىۋېتىپ تايىنلىق دەسسىيەلمەس قىلىپ قويۇپ باقمىسام بولمىغۇدەك. خەقنىڭ بالىلىرى ئىككى-ئۈچ يىلغا قالمايلا بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتتى، ئۆي-ئوچاقلىق بولدى. سەنچۇ؟ سەندەك ئەقىلسىز، ئاتا-ئانىسىنى ئاھانەتكە قويىدىغان بالىنى باققۇچە، تۇغۇلغىنىڭدىلا تامنىڭ ئۇلىغا كۆمۈۋەتسەم بوپتىكەن...

شەمسىيە نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئۇ ئۇندىمەستىن ئۆگزىدىكى مەنزەر ئۆيگە چىقتى-دە، زىلچا ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئېچىنارلىق ھالدا يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەربىر ئۆكسۈشلىرىدىن مەنزەر بوش سىلكىنىپ خۇددى يەر تەۋرەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

شەمسىيەگە بىر ھەپتىگىچە ھېچكىم گەپ قىلمىدى، ھەتتا چىرايىغىمۇ قاراپ قويمىدى. سەككىزىنچى كۈنى توساتتىن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى يۇمشاپ، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىشقا باشلىدى. ئائىلىدە يۈز بەرگەن بۇ غەلىتە ھالەت ئۇنى گاڭگىرىتىپلا

قويدى. بۇ سىر ئاخىر ئۇنىڭ ئانىسى تەرىپىدىن يېشىلدى: ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭ تويىنى قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ. ئۇنى نىكاھىغا ئالماقچى بولغان ئادەم قىرىق ياشلاردىكى بىر موزدۇز بولۇپ، تۆت قېتىم ئۆيلەنگەنىكەن، تېخى ھەر خوتۇندىن بىردىن بالىسىمۇ بار ئىكەن. خېلى قول ئىلكىدە بار، باي ئادەم بولغاچقا، دادىسى بۇ تويى توغرۇلۇق پۇتۇشۇپ بوپتۇ. شەمسىيە ئۇنىڭغا تەگسە ھېچنېمىگە ھاجىتى چۈشمەيدىكەن. دۆلىتى زىيادە، توققۇزى تەل، بەختلىك خېنىمغا ئايلىنىدىكەن.

شەمسىيە بۇلارنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ئويغا چۆمدى، ئۇ خۇددى ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، گاھ ئۆزىنى «ئاق ئۇجمە» دىكى تونۇش ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۇستىدە كۆرەتتى، قۇم دۆۋىسى لاغىلداپ تىترەۋاتقاندەك بىلىنەتتى؛ گاھ تېگى كۆرۈنمەس تۇزلۇق كۆلگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك سېزەتتى، قانچە قىلسىمۇ قۇتۇلۇشقا ئامال قىلالماي بارغانسېرى چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى.

شەمسىيە شۇ كېچىسى چۈش كۆردى. چۈشىدە: ئۇنىڭغا تونۇش قۇم دۆۋىسى لاغىلداپ تىترەۋاتقانمىش، تىترىگەنچە تەدرىجىي ئېگىزلەپ، كۆز يەتمىگۈدەك ھالغا كەلگەنمىش. ئۇ بولسا، قۇم دۆۋىسى ئۇستىدە تۇرالماي يىقىلىپ چۈشۈپ، ئاچچىق كۆل سۈيىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقۇدەك. كۆل سۈيىمۇ داۋالغۇپ بارغانسېرى ئۆرلەۋاتقۇدەك. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا غايەت چوڭ بىر تۆمۈر باسماق ئۈچۈپ كەلگەنمىش. بۇ قورقۇنچلۇق باسماقنىڭ نۇرغۇن ئۇششاق تۆشۈكچىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىرى خۇددى يىلان ـ چايانىنىڭ كۆزلىرىدەك كۆرۈنۈۋاتقانمىش. باسماق بارغانسېرى پەسلەپ، بېشى ئۇستىگە تەگكۈدەك بولغاندا، شەمسىيە دەھشەتلىك چىرقىراپ ئويغىنىپ كەتتى.

شەمسىيە خىيالغا پاتتى: ئۇ «ئاق ئۇجمە» گە بارغاندىن تارتىپ تاھازىرغىچە نۇرغۇن ئىشلارنى، ھەر خىل ئادەملەرنى كۆردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە شۇنداق ياخشى ئادەملەرمۇ، يىرتقۇچ ھايۋان تەبىئەتلىكلەرمۇ بار ئىدى. ئۇ ئويلايتتى: ئەگەر خۇدا ماڭا

تەڭداشسىز بىر قۇدرەت ـ كامالەت ئاتا قىلسا ، ئاشۇ ئادەم سۇرەتلىك ھايۋانلارنى ئىنسانلار ئارىسىدىن يوق قىلىپ ، ھاياتلىق سەھنىسىنى تازىلىسام ، ۋىجدانلىق ، ئاق كۆڭۇل كىشىلەر خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپ ، مەڭگۈ بەختىيار ياشىسا ، ئاندىن… ئاندىن ئەزرائىل جېنىمنى ئالسا قىلچە ئارمىنىم يوق ئىدى…

«ئاق ئۇجمە» بويىچە شەمسىيەگە ئەڭ ئەرزىگىنى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا بەكراخۇن بولدى . ئادەتتە كىشىلەر ئۇنى ئانچىۋالا كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى ، پەقەت شەمسىيەلا بۇ ئاق كۆڭۇل دېھقاننى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايتتى . ئۇلار تونۇشۇپ قالغاندىن بېرى ، بەكراخۇن تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى . بىرنەچچە قېتىملىق مۇناسىۋەت جەريانى شەمسىيەگە بەكراخۇننىڭ قەلبى پاك ، ئەخلاقلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇتتى . شۇنىڭدىن تارتىپ شەمسىيە بەكراخۇننىڭ بوسۇغىسىدىن يۈرەكلىك ئاتلاپ كىرىپ ، ئاش ـ تاماق ئېتىپ بېرىدىغان ، ئۆزىمۇ تارتىنماي تاماق يەپ كېتىدىغان بولدى . بەكراخۇن ئۇنىڭغا گويا ئۆز ئاكىسىدەكلا كۆيۈنەتتى . شەمسىيە كۆڭلىگە «بەك دۆلەتمەن بولمىسىمۇ ، مۇشۇنچىلىك ھال ـ ئوقىتى بار ، ئەمما ۋىجدانلىق ، ئاق كۆڭۇل ئادەم بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ قالسام مەيلىتتىغۇ… » دېگەن ئويلارنىمۇ كەلتۈرەتتى .

جىددىي توي تەييارلىقى بولۇۋاتقاندا ، شەمسىيە تۇساتتىن غايىب بولۇپ كەتتى . ئائىلىسىدىكىلەر بىر ھەپتە پاتىپاراق بولۇپ ئىزدەپ تاپالماي ، نومۇستىن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك ھالغا كەلگەندە ، «ئاق ئۇجمە» يېزىسىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى كەلدى . بۇ ئادەتتىكى خەۋەر بولماستىن ، شەمسىيەنىڭ توي خەۋىرى ئىدى . ئۆز قىزىنىڭ «ئاق ئۇجمە» دىكى بەكراخۇن ئىسىملىك بىر جۇۋازچى بىلەن توي قىلغانلىقىنى ئۇققان ئاتا ـ ئانا نېمە قىلارىنى بىلمەي داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى .

# مەن قان ئىچمەيتتىم

## 1

تولىمۇ ئەزمىلىشىپ كەتكەن شوپۇر توپا - چاڭ باسقان ئاپتوبۇسنى قاراڭغۇ چۈشكەندە كۇمۇشكە ئەكەلدى. ئۇشقىرتىپ سوقۇۋاتقان قۇرۇق سوغۇق يولۇچىلارنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ، پۇتىنى ھەممىدىن بەكرەك توڭلىتىۋەتكەنىدى. خېلىدىن بۇيان ئۇستىرا تەگمىگەن قوڭۇر ساقاللىرى يۈزىنى بۆردەك سۇرلۇك تۇسكە كىرگۈزۈپ قويغان، ئوتتۇرا ياشقا بارماي تۇرۇپلا ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن بۇ شوپۇرنى تىللاپ - قارغىمىغان بىرمۇ يولۇچى قالمىدى دېسە لاپ بولمايتتى. ھەتتا قولىغا كويزا سېلىپ قويۇلغان، ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىز قارايدىغان ئاۋۇ جىنايەتچىمۇ قېرى، كېسەلمەن ساقچىنىڭ دىكتاتورا يۈرگۈزۈشىگە پىسەنت قىلماي ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى. كۆزىنى توسۇۋالغان جۇغدا چېچىنى بارمىقى بىلەن يانغا سۇرۇپ قويۇپ:

— قالاڭ ماۋۇ قاسماقنىڭ ئەپتىگە. شوپۇرنىڭ تازا ئۆتۈپ كەتكەن لالمىسكەنغۇ بۇ. ئەگەر مەينەتلەر جەمئىيىتى قۇرۇلسا، بۇ شەكسىز رەئىسى بولسا بولغۇدەك.

— يىگىت، راست دەيسىز، شۇ تاپتا بىر تال سەرەڭگە بىلەن ئوت يېقىۋېتىدىغان بولسىڭىز، مۇشۇ دالادا يېرىم كېچىگىچە كۆيىدۇ بۇ ئەبگار. ئەپتى خۇددى ياغقا چىلاپ قويغان مازىنىڭ

ئۆزى ، — دېدى جىنايەتچى قۇۋان توختى .
— سەن ئۆپكەڭنى بېسىۋال ، قۇۋان توختى ، بۇ ئادەملەرگە سەن ئوخشمايسەن ، — دېدى قېرى ساقچى سابىر قاسىم ئۇنىڭغا ئالىيىپ .
ئۇ ساقچىنىڭ مۇنداق نەزەردە ئالىيىشىنى خېلى يىللاردىن بۇيان كۆرمىگەن بولسىمۇ ، ئەمما بۇ ئالىيىشلار ئۇنىڭ يۈرىكىدە خۇددى قۇللارنىڭ مەڭزىدىكى قۇللۇق تامغىسىدەك يېڭى پېتى ساقلىنىۋاتاتتى . «سەن بۇ ئادەملەرگە ئوخشمايسەن··· سەن بۇ ئادەملەرگە ئوخشمايسەن··· » ، «دۇرۇس ، مەن بۇ ئادەملەرگە ئوخشمايمەن··· مەن بۇ ئادەملەرگە ئوخشمايمەن··· بۇ ئادەملەر تېخى ئۇزۇن زامانلارغىچە كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرىدۇ ، قاچان ئۆلۈشىنى بىلمەيدۇ··· »
قۇۋان توختىنىڭ كۆزلىرى سەۋدايى بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ كۆزلىرىدەك ئىتتىكلىشىپ ، مىنگەش تارتۇقلار بىلەن تولغان يۈزى تارتىشىپ سۇرلۇك تۇس ئالدى ؛ بۇركۈتنىڭكىدەك قورقۇنچلۇق بۇ كۆزلەر شوپۇرغا تىكىلىشى بىلەن «بۇ ياغقا چىلانغان مازنىڭ ئۆزىكەن . ئوت قويۇۋەتسە كېچىچە كۆيگۈدەك··· كېچىچە كۆيگۈدەك··· كېچىچە كۆيگۈدەك» دېگەن سادا قۇلاق پەردىسىگە توختاۋسىز ئۇرۇلغاندەك بولدى ، قوللىرى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى ، كۆزلىرىگە غايەت زور ئوت كۆرۈندى .

## 2

ياز كېچىسى تولىمۇ قىسقا بولىدۇ . تۈن تەڭدىن ئۆتكەن بولسا كېرەك ، يىراقلاردىن ئاندا ـ ساندا توخۇلارنىڭ چىللاشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى . ياقا ـ چېكەتكىلەرنىڭ ئاخشامدىلا باشلانغان كۈرۈلداش ـ چىرىلداشلىرى تېخى بېسىلمىغان ، قارىيىپ كۆرۈنىدىغان باغلاردىن تېرىمىنىڭ يۇلغۇن ، قومۇش ، سۆكسۆك ، يانتاق ، چۇچۇكبۇيا قاپلىغان جاڭگىلىدىن قۇرغاق شامالالار ئەكېلىدىغان

خىلمۇخىل پۇراقلار دىماغلارغا ئۇرۇلاتتى . بۇنداق ئىسسىق شامال ئادەمگە ھېچقانداق ھۇزۇر بەرمەيدۇ ، ئەكسىچە تېخىمۇ دىمىنى تۇتۇلدۇرۇپ ، ئۇيقۇنى قاچۇرغانىنىڭ ئۈستىگە بىئارام قىلىدۇ ، خالاس !

— يائاللا ، نېمىدېگەن دىمىق بۇ ، شامالمۇ دىمىق ئەكېلىۋاتامدۇيا ، — دېدى قۇۋان توختى ئاشخانىنىڭ تاماق سۇنىدىغان كامىرىدىن بىپايان قاراڭغۇلۇققا قاراپ .

— يائاللا ، ئىسسىقتا دىمىقىپ ئۆلەي دېدۇق ، قۇۋان توختى ، ئەمدى پىشقاندۇ ، ئالمامسەن ، يەپ ماڭايلى ، ھېلى تۈگمەس بالادىن بىرىگە قالمايلى يەنە ، — دېدى قاراڭغۇ بۇلۇڭدىن بىرى پەس ، ئەمما تەشۋىشلىك ئاۋازدا .

— شۇنداق قىلىلى ، — دېگەن بىرنەچچە ئاۋاز تەڭلا قوشۇلدى .

ئاشخانا ئىچىگە چىراغ يېقىلمىغاچقا ، ئولتۇرغانلاردىن ھېچكىم بىر - بىرىنى كۆرەلمەيتتى . شۇ تاپتا ھەممىسىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك ئىدى .

— ئانچىلا قورقۇپ كېتىشمە توخۇ يۈرەكلەر . گۆش دېگەن ئوبدانراق پىشمىسا رېزىنكىگە ئوخشاش سوزۇلۇپ ، ئېڭەكلەردىن قاس چىقىرىۋېتىدۇ ، — دېدى قۇۋان توختى زەردە بىلەن .

— ئۇغۇ شۇنداق ئاداش ، گۇندىپايلار تاسادىپىي گۇندىخانىنى يوقلاپ كىرىپ قالسا ، ساڭىمۇ ، بىزگىمۇ ياخشى كۈن يوق ، — دېدى بىرى يىلىنىپ .

— بولدى قورقۇشما ، ھەممىنى ئۆزۈم بوينۇمغا ئالىمەن . قولۇمنىڭ قېنى قاچتى ، تويدۇم بۇ جاندىن . ئەسلەپ قېلىشارسەن ، باشقا ۋاقىتدا ئەسلەشمىسەڭمۇ ، گۆش يېگۈك كېلىشكەندە : «قۇۋان توختى دەيدىغان بىر تەلۋە بارتى ، جىنايەتچى بۇرادەرلىرىگە دائىم گۆش پىشۇرۇپ بېرەتتى» دېيىشىپ قالارسەن ، — دېدى قۇۋان توختى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ .

— ئۇنداق دېمە ئاداش ، ئاغزىڭدىن سائەت چىقىپ كەتمىسۇن

يەنە .
— ئۆنداق نەسىھەتلىرىڭنى پىتلىرىڭغا قىل ئەمدى ، مەن يا ئۆلىمەن ، يا ئادەمدەك كۆننىڭ سىرىقنى كۆرۈپ ياشايمەن . خۇدايىتائالامۇ : يارىتىشنى مەن ياراتتىم ، يارالمىشنىڭ ئۆزۈڭدىن ، دەپتىكەن . مىنىڭ ھەرقايسىڭدەك ئون يىل ، بەش يىل دەپ كىسىمىم يوق ، مۇددەتسىز دىگەن گەپنى بىلىشەمسەن ؟ قاچان ئۆلسەم شۇ چاغدا قۇتۇلىمەن . ئۆلمىسەمچۇ ؟ تىرىك تۇرۇپ دوزاخ ئازابىنى تارتىمەن . شۇمۇ ياشاش بولدىمۇ ! مەن بۇنداق كۈن كەچۈرۈشكە چىدىيالمايمەن .
قۇۋان توختى سۆزلىگەچ ، ئاۋايلاپ تۇۋاقنى ئىچىپ ، قازاندىكى شورپىدىن چۆمۈچكە ئازراق ئىلىپ تۇزىنى تىتىدى ۋە سىلاشتۇرۇپ تۇزلۇقتىن تۇز ئىلىپ قازانغا قۇيدى . ئاندىن گۆشنى توغراق ياغىچىدىن چىپىلغان كاساڭغا ئالدىرىماي سۈزۈشكە باشلىدى .
قىزىق ھور بىلەن تەڭ ، ئاشخانىنىڭ ئىچى مەززىلىك قوي گۆشىنىڭ ھىدىغا تولدى . ئۇلار چىدىغۇسىز ئىسسىقتا چۆپ بولۇپ كەتكەن كۆڭلەك ـ تامباللىرىنى سىلىۋىتىپ كۇسار بىلەنلا زوڭ ئولتۇرۇشۇپ گۆش يىيىشكە باشلىدى . ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى بۇ ھالىتى گويا ئىچىرقىغان بىر توپ لالما ئىتلارغا ئوخشايتتى . قۇۋان توختى گۆشنى تۇزلاپ ، كاساڭ بىلەنلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ بىرىپ يوغان يۆگەلگەن كۆك تاماكىسىنى قاتتىق ـ قاتتىق شورىغان ھالدا ئۇلارنىڭ گۆش يىيىشىگە قاراپ تۇردى .
— قۇناخۇن ، سەن يىمەمسەن ؟
— ياق ، مەن ھورىدا تويۇپ قاپتىمەن ، يەۋىرىش .
ئىشىك قاتتىق تىپىكتىن جالاقلاپ ئىچىلىپ كەتتى . قولچىراغنىڭ كۆچلۈك نۇرى ھەممىسىنىڭ كۆزىگە بىر ـ بىرلەپ تۇتۇلدى . جىنايەتچىلەرنىڭ قولىدىكى گۆشلەر پوكۇلداپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى . تولا جازالىنىپ قوۋۇرغا ـ ئوقرەكلىرى سۇنۇپ كەتكەن ، كىسەلمەن بىرى ئىشتانغا چىقىرىۋەتتى . قالغانلار سادىن قورقۇپ كەتكەن چۈجىلەردەك كۆزلىرىنى مۆلدۈرلەتكىنىچە دىر ـ

دىر تىترىشىپ ئولتۇرۇشاتتى . باياتىن چوڭ سۆزلىگەن قۇۋان توختىمۇ قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك ، ھودۇقۇقىنىدىن قولىنى كۆيدۈرۈۋالدى . ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ھەرقانچە كۈچەپ ئۇرۇنسىمۇ ، تەبىئىي سەزگۈسى زادىلا بويسۇنمىدى ، پۇت - قوللىرى بوشىشىپ ، ئىچىدە ئۆزىنى قارغىغىلى تۇردى : «ئىسىت ، ھالىم شۇنچىلىككەن . پو ئاتمىسام بولىدىكەن . قاراڭغۇ كامېرغا سولاشتىن قورقىمەنما ؟ باغلاقتىن ياكى مۇشت - تېپىك بىلەن ئېسىپ قويۇشتىن قورقىمەنما ؟ ۋە ياكى ئەمگەكنىڭ ئېغىرىغا سېلىشتىن قورقىمەنما ؟ ياق ! ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن قورقمايمەن . مەن بۇنداق جازالارنى تالاي قېتىم كۆرۈپ ، پىشىپ كەتكەن . بەدىنىممۇ تاياق سەزمەس بولۇپ قالدى . مىلتىق بىلەن ‹ۋاڭ › قىلىپ ئېتىۋېتىشتىنمۇ قورقۇپ قالمايمەن . ئەمىسە ، نېمىدىن قورقتۇم ؟ نېمىشقا بۇنچىۋالا قورقۇپ كېتىۋاتقىنىمنى بىلەلمىدىم... توۋا بۇ گۇندىپاي خەقتە نېمە سىر باردۇ ؟ ھەممە نېمىسىگە كۆنۈپ كەتكەن تۇرۇقلۇق ئۆزۈممۇ بىلمىگەن ھالدا شۇنچىۋالا قورقۇپ كەتتىم ، پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى . بۇ خەقتە جەبرائىلنىڭ سۈرى بولسا كېرەك... »

قۇۋان توختىنىڭ قارچىغىنىڭكىدەك كۆزلىرى قولچىراغنىڭ كۈچلۈك نۇرىدا چەكچىيىپ قىسىلىپ كەتتى . قولچىراغ ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىدى . «قارىغاندا ، خېلىدىن تارتىپلا پېيىمگە چۈشۈپتىكەن - دە . كىم بولسۇن ، ھەممىسى غالجىر ئىتلار ، ئەلھۆكمىلىللا دېمەكتىن باشقا چارە يوق . خۇدايا ، بەرگەن كۈنۈڭگە شۈكۈر ! »

— ھۇ ئۆلگۈچە ئۆزگەرمەيدىغان توخۇ پوقىلار !

ئۇ چىرقىراق ئاۋازدىن ئېنىق تونۇدى : «كۆڭلۈم خاتا تۇيماپتىكەن . سەن ھازازۇل قېرىكەنسەن - دە . مېنىڭ پېيىمگە سەن مەرەز قېرىدىن باشقا كىم چۈشەتتى . خۇدا مەن ئۇچۇن ھەممە يەردە شۇمبۇيىدىن بىرنى ئۇندۇرۇپ قويۇپتىمىكىن . بۇ ھازازۇلنىڭ كۆڭلىمۇ چىرايىدەك قارا بولسا كېرەك . خوتۇن كىشىمۇ شۇنچە

رەھىمسىز ، باغرى قاتتىق بولىدىكەن ، ياكى ئۆزاقتىن بېرى جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇپ ، ھەممىشە دېگۈدەك تىل ـ ھاقارەت ، قىيناش ، ئۆلتۈرۈش ، قىيا ـ چىيا بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرىكى قېتىپ كەتكەنمىدۇ . قېنى ، قانداق قىلىسەنكىن . كۆرۈپ باقاي ! » قۇۋان توختى ئەمدىلىكتە يۈرىكىنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئىززىغا چۈشۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى .

ئايال گۇندىپاي ئىشكىنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى :

— خەپ ، لامزەللە ئوغرىلار ، تاڭ ئاتقاندا سەن ئوغرىلار بىلەن ئوبدان ھېسابلاشماي قويمايمەن . ھازىر كۆزۈمدىن يوقىلىش !

ئۇ ئۆزگەرتىش مەيدانى تۆتىنچى ئەترەتنىڭ باشلىقى ئوبۇل سايىتىنىڭ ئايالى ھەمراخان بولۇپ ، جىنايەتچىلەر خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدى . يېشى قىرىقلاردىن ئاشقان ، ئەركەكزەدەك ، قارا چوقۇر كەلگەن ، قاتتىق قول بۇ خوتۇننىڭ قاپىقىدىن دائىم مۇز يېغىپ تۇراتتى .

جىنايەتچىلەر ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقۇشاتتى . ھەتتا بىشەم ـ جېدەلخورلۇقىدىن ئۆزگەرتىش ئەترىتىدىكى گۇندىپايلارمۇ تەپتارتىپ ، پەقەت يوق يەردىلا تىللاپ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىشاتتى . ھەممەيلەن ئۇنى «ھەمرا جالداڭ» دېيىشەتتى .

قۇۋان توختى مەيداننىڭ ئاشپىزى ئىدى . ئۇ پۇرسەت تاپسىلا جىنايەتچى بۇرادەرلىرىگە ئوغرىلىقچە گۆش پىشۇرۇپ ئاپىرىپ بېرەتتى . تاماق ئېتىپ بېرەتتى . ئەمما ھازىرغىچە ئىنس ـ جىنغا تۇيدۇرماي كەلگەندى . بايا گۆش يەۋاتقانلار ئىچىدىن بىرى «خىزمەت كۆرسىتىپ » ئۆزىنىڭ جازا مۇددىتىنى يەڭگىللىتىۋېلىش ئۈچۈن قۇۋان توختىنىڭ بۇ ئىشىنى ھەمرا جالداڭغا چېقىپ قويغاچقا ، ئۇ قۇۋان توختىنىڭ پېيىگە چۈشكەندى .

جىنايەتچىلەر بىر ـ بىرلەپ ئاشخانىدىن چىقىشتى . ھەممىنىڭ ئارقىسىدا قالغان قۇۋان توختى بوسۇغىغا يېقىنلىشىشىغا :

— قۇۋان ، سەن توختا ، — دېدى ھەمرا جالداڭ . قۇۋان

توختىنىڭ تېنى جۇغىدە قىلىپ، جايىدىلا توختىدى. ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن تىترەك چىقىۋاتاتتى، لەۋلىرى تىترەيتتى. ھەمرا جالداڭ ئىشىكنى جالاققىدە ياپقاندىن كېيىن بۇيرۇق قىلدى، — پەنەرنى ياقە! — ئۇنىڭ خىرقىراق ئاۋازىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

قۇۋان توختى سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ، تەستە پەنەرنى ياقتى. ئۇنىڭ سەرەڭگە تۇتقان قوللىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەۋاتاتتى.

پەنەر ئىستىن قارايغان ئاشخانا ئىچىنى غۇۋا يورۇتتى. كاساڭدىكى ۋە يەردىكى گۆشلەر ئۈستىدە چىۋىنلەر غۇژۇلدىشىپ ئۇچۇشاتتى. قۇۋان توختى ھەمرا جالداڭنىڭ ۋەھشىيلىك يېغىپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. چۈنكى ھازازۇل خوتۇنىنىڭ بادام قاپاقلىرى ئاستىدىكى قوڭۇر كۆزلىرى چىلبۆرىنىڭكىدەك ئۇچقۇن چاچرىتىپ، چىرايى تۆمۈردەك قارىيىپ كەتكەندى، ئورانگۇتاننىڭكىدەك ئالدىغا سوزۇلغان تۇمشۇقى ئۈستىدە تەر تامچىلىرى يالتىرايتتى. قۇۋان توختىنىڭ كۆڭلى تۇيدى: بۇ ھەمراخاننىڭ ئەڭ ۋەھشىيلەشكەندىكى تەلەتى ئىدى.

— قانچىلىك گۆش پىشۇردۇڭ؟

— يېرىم ئۇچا.

— ئوبدان قىپسەن. كۇسارىدىن باشقا ھەممە ئىگىنىڭنى ساله!

قۇۋان توختى خالتا كۆڭلىكى بىلەن كەڭ تامبىلىنى سالدى. ئۇنىڭ تۈكلۈك پاچاقلىرى، ئۈستىخانلىرى بۆرتۈپ چىققان بەدىنى تاياق ـ توقماقلاردىن ھاسىل بولغان تارتۇقلار بىلەن بېزەلگەن، تېرىلىرى تارتىشاڭغۇ ئىدى.

— تامنى تۇتۇپ تۇرە!

قۇۋان توختىنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ كەتتى. ھەمراخان قاتار پىستان قويۇلغان، پىشىپ قارىيىپ كەتكەن قېيىش تاسمىنى بىلىدىن يېشىۋېلىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە سىرتلاپ ئۇرۇشقا باشلىدى. بىچارە بەش ـ ئالتىسى تەگكۈچە «ۋايجان» ئۈستىگە «ۋايجان»لاپ تولغىنىپ كەتتى. ئەمما تامغا چاپلىشىپ، چىشىنى

چىڭ چىشلەپ تۇرىۋەردى . ئۇنىڭ دۈمبىسىدە دەسلەپ يول - يول قىزىل ئىزلار پەيدا بولدى ، كېيىن بىر - بىرلەپ قارايدى . ھەمراخان بولسا مەيدىسىنى لوپۇلدىتىپ ھاسىرىغان پېتى كۆچەپ ئۆرىۋەردى . تاسما ئەپچىل تېگىپ ، قۇۋان توختى ئېچىنىشلىق ئىڭرىغاندا ، ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇماردىن چىققاندەك چاقنايتتى . كۆتكەندەك تەگمىگەندە بولسا ، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى .

قۇۋان توختىنىڭ دۈمبىسىدىن ئاخىر جىرتىلداپ قان چىقىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ دۈمبىسى ئوغرى تىكەن سانجىلغاندەك قاتتىق ئېچىشىپ ئاغرىپ كەتتى .

— ۋايجان ، بولالمىدىم . نېمانچە ۋەھشىلىك بۇ ! — ئۇ ، قەپەستىن قاچقان شىردەك ھۆركىرىگىنىچە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ، پەيلىرى تارتىشىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن ھەمراخاننىڭ تەرلەپ ھېسسىپتەك بولۇپ كەتكەن كانىيىنى مەھكەم سىقتى ، — ھۇ چىشى ئالۋاستى ! ۋۇجۇدۇڭدا ئىنساپ دېگەن نەرسە بارمۇ - يوق ! يۈرىكىڭ ئىستەك قارىيىپ كېتىپتۇغۇ سېنىڭ ! تۇرۇپ بەرسەم ئۇرىۋېرەمسەن ، سەن ئادەممۇ نېمە ؟ بۇ ساڭا نەدىن كەلگەن ۋەھشىلىك ! سەندە ئادەمنىڭ يۈرىكى بارمۇ - يالماۋۇزنىڭمۇ ؟ سەن نەدە چوڭ بولغان… ئىپلاس . جاھاندا سەندەك خوتۇن كىشىدىن يەنە بىرى بولماس… مېنى پەقەت مېنىلا ئازابلامسەن ؟ سەن ماڭا ۋەيلۇن دوزاخ ئازابىنى سالدىڭ ! بۇنداق قىينىغۇچە ئۆلتۈرۈپ يېسەڭ بولمامدۇ ، مۇناپىق قېرى ، مەندە نېمە چىقماس ئۆچۈڭ بار ئىدى ؟

ھەمراخان گۈپلا قىلىپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى . قۇۋان توختى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشتى . ئۇ جان ئاچچىقىدا ھەمراخاننىڭ كانىيىنى تېخىمۇ چىڭ سىقىپ ، ئۇنىڭ ئۆپكىدەك ئېسىلىپ كەتكەن يۈزىنى قاتتىق چىشلىدى . ھەمراخان بوشقىنا بىرقانچىنى تېپىرلاپ ، لاسسىدە بوشاشتى . ئۇنىڭ يۈزى قانغا بويىلىپ كەتكەنىدى .

قۇۋان توختىنىڭ جاۋغىيىدىن ساقىغان قان سىرغىپ چۈشۈپ يەرنى بويىدى . ھەمراخاننىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك پولتايغانىدى . قۇۋان توختى تېخىچە ئۇنىڭ كانىيىنى

قويۇۋەتمەي ، ھەدەپ خىرقىرايتتى . بىرھازادىن كېيىن ، ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ھەمراخاننىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلدى ۋە ئورنىدىن چاچراپ تۇردى . قېقىلىپ بىرنى تۇكۇرۇۋىدى ، ئاغزىدىن قان ئارىلاش بىر بۇردا گۆش يەرگە چۈشتى . ھەمراخان سول مەڭزى يوق ھالەتتە سۇنايلىنىپ ياتاتتى .

ئەتراپتىن ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلاندى . قۇۋان توختىنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئاينىپ ، قۇرۇق ھۆ تۇتتى . ئارقىدىن ئاغزىدىن ئاچچىق بۇس كېلىپ ، قان ئارىلاش قۇسۇۋەتتى ۋە نېمىدىندۇر قورقىقاندەك بولۇپ تالاغا يۈگۈرۈپ چىقتى . ئەتراپتا پاقا ـ چېكەتكىلەرنىڭ ئۇزمەي كۇركىراش ـ چىرىلداشلىرىدىن باشقا تىۋىش يوق ئىدى . ئۇ ھاسىرىغىنىچە بىرھازا تامغا يۆلىنىپ تۇردى ـ دە ، ئاندىن سەۋدايىدەك دەلدەڭلەپ مېڭىپ يەنە ئاشخانىغا كىردى . ئاشخانا ئىچى پەنەرنىڭ غۇۋا نۇرىدا بىر خىل يورۇپ تۇراتتى . سوزۇلۇپ ياتقان ھەمراخاننىڭ قان بىلەن بويالغان يۈزىدە چىۋىنلەر غۇژۇلدىشىپ كەتكەن ، بوغماق قوللىرى ، ئادەمنىڭ يوتىسىدەك سېمىز پاقالچاقلىرى تېخىمۇ سۇرلۇك تۇسكە كىرگەنىدى . «ھەي جالداڭ ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ ، ماڭىمۇ قىلدىڭ . ھازازۇللۇقۇڭ ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئەجىلىڭدىن بۇرۇن بېرىشىڭغا سەۋەب بولدى ، بۇنى ئۆزۈڭدىن كۆر !» قۇۋان توختى مەسخىرىلىك خىرىلداپ مىيىقىدا كۈلدى . ئۇنىڭ ئىككى چاۋىغىيىدا ئۇيۇپ قالغان قان داغلىرى قاپقارا كۆرۈنەتتى . ئۇ ئۆلۈكنىڭ پۇتىدىن سۆرەپ ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكەلگەندىن كېيىن ، پەنەرنى يېقىن تۇتۇپ ئېگىشىپ قارىدى ۋە «ھۇ جەددال !» دېگىنىچە پەنەرنى ئۇرۇپ چېقىپ ئىچىدىكى كىرسىننى جەسەتنىڭ ئۈستىگە ۋە ئۆزىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە تۆكتى ، ئاندىن جەسەتكە ئوت يېقىۋېتىپ ، ئوقتەك ئېتىلىپ تالاغا چىقتى ـ دە ، يۈگۈرگەن بويى ئۇدۇل ھەمراخاننىڭ ئۆيىگە كەلدى . ئىشىكنى سىرتىدىن پەم بىلەن زەنجىرلىگەندىن كېيىن ، قاپقارا كۆرۈنۈپ تۇرغان دېرىزە ئەينىكىنى بىر مۇشت بىلەنلا چاقتى ـ دە كۆڭلىكىنى سېلىپ ئوت

يېقىپ ئۆي ئىچىگە تاشلىۋەتتى .

ئەتراپتا ئىتلار ئەنسىز قاۋاشقا باشلىدى . قوۋان توختى هويلا يېنىدىكى قېرى تېرەكنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ تۇرۇشىغا ئۆي ئىچىدىن ئۇششاق بالىلارنىڭ «ئوت كەتتى» دەپ چىرقىراشقان ئاۋازى ئاڭلاندى . شۇئان ئۇ قويۇق جىگدىلىككە قاراپ قاچتى . كۈچلۈك ئوت يالقۇنى ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئورماننى يورۇتتى...

## 3

يەنە بىرەيلەننىڭ قىزىق گېپى قوزغىغان قاتتىق كۈلكە قوۋان توختىنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى . قېرى ساقچى ئۇنىڭ تارتىنىپ كەتكەن يۈزىگە دىققەت بىلەن قاراۋاتاتتى .

— ئەجەب ئوبدان گەپكەن . هازىر هەممەيلەن توڭلاپ ئۆلەي دېدۇق . مېنىڭ پۇتۇم چوقۇم ئۇششۇدى . ئەتىيازلىققا ئېقىپ كېتىپ ، توكۇر بولۇپ قالسام مېنى قىزلار يارىتامدۇ . خەپ ئوغرى ، قىزىڭنى... ئۇنىڭ چاپىنىنى سالدۇرۇۋېلىپ قالاپ ئىسسىنىۋالامدۇقيا ؟

تەتىل قىلىپ ئۆيىگە كېتىۋاتقان يەنە بىر ئوقۇغۇچىنىڭ گېپى هەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى .

— بۇنداق ئەزمىلەر ئاپتوبۇس هەيدەيمەن دېگۈچە ، كوپېراتسىيىنىڭ ئېشىكىنى هەيدىسە بوپتىكەن .

— بۇ كوپېراتسىيىنىڭ ئېشىكىنى هەيدىسە ، شىياۋدۈيجاڭنى تۆت كۈندە ياتسا قوپالماس قىلىپ قويىدۇ ، — دېدى بىر دېهقان .

— نورمال هەيدەلگەندىمۇ سائىتىگە ئەللىك ـ ئاتمىش كىلومېتىر ماڭىدىغان ئاپتوبۇس بىلەن ، ئېشەك هارۋىسىنى تەستە يانداپ ئۆتتۈۋاتسا ، ئېشەك هەيدەۋېتىپ ئۇخلاپ قالىدۇ بۇ .

بۇ گەپلەرنىڭ هەممىسى شوپۇرنىڭ ئاپتوبۇسنى ئاستا هەيدىگەنلىكىدىن ، خەقنىڭ توڭلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن چىقىۋاتاتتى . ئۈنلۈك ئېيتىلىۋاتقان بۇ گەپلەرنى شوپۇر ئاڭلىماي قالمايتتى ،

ئەلۋەتتە . ئەمما ئۇ ئاڭلىماسقا سالاتتى . ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا ، نېمە دېيىشسەڭ دېيىش ، دېگەن تۈيغۇ ھۆكۈمران ئىدى . ئاپتوبۇس كۆمۈش قونالغۇسىغا كېلىپ توختىغاندا ، يولۇچىلار تېخىمۇ قاقشىشىپ كەتتى .

— ھۇ مەينەت ئوغرى . ئۆزىگە ئىسسىق ياتاق تەييار ، تاماقمۇ بىكاردىن ، يەنە بىرمۇنچە پۇلمۇ بېرىشىدۇ تېخى . بولمىسا بۇنداق چۆلدىكى ئۆتەڭدە توختىتامدۇ ، شۇڭا ، ئەزمىلىك بىلەن ھەيدەپتىكەن ـ دە ، بۇ ! بىر ئاپتوبۇس يولۇچىنى قوندۇرۇپ بەرگەن شوپۇرغا ئون جىڭ ياغ ، ئەللىك جىڭ گۈرۈچ ، ئوتتۇز كوي پۇل ، بىر بوتۇلكا ئالىي ھاراق بىرەرمىش بۇ خەق .

— قارنىڭ يېرىلىپ ئۆلەرسەن ، خۇدايىم .

تەرەپ ـ تەرەپتىن چىقىۋاتقان بۇ گەپلەر ساقچىغىمۇ تەسىر قىلىشقا باشلىدى . ئۇنىڭمۇ پۇت ـ قوللىرى ئۇششۇپ ، ئاغزى گەپكە قولاشماي قالغاندى . شۇڭا ، قونالغۇنىڭ باشلىقى بولمىش پاينەكباش دۇمچەك خەنزۇغا گېپىنى تەستە ئۇقتۇرالىدى :

— يولداش… يولداش ، ماڭا ئالاھىدە ياتاق بەرسىڭىز ، بەك توڭلاپ كەتتىم ! مەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىنىڭ ساقچىسى ، مانا بۇ قەبىھ جىنايەتچىنى غۇلجىدىن تۇتۇپ ئەكېلىۋاتىمەن .

يولۇچىلارنىڭ غەلۋە ـ غوۋغاسى ئىچىدە ساقچىنىڭ گېپىنى ئاران ئۇقالىغان قونالغۇ باشلىقى تولغىنىشىپ ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان يىپ بىلەن باغلىنىۋالغان دەزلىك كۆزەينىكى ئاستىدىن ساقچىغا قاراپ خۇشياقمىغاندەك تەرزدە :

— بۇ قىش بولغاندىكىن ھەممە ئادەم توڭلايدۇ… — دەپ غودۇڭشىپ ، ساقچى ئۆزىگە تەڭلىگەن خەنزۇچە ئالاھىدە يوللىخېتىنى قولىغا ئېلىپ بىرھازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىپ ، كالتە چېچىنى بوغۇۋالغان ، ياشقىنا خەنزۇ چوكاننى باشلاپ چىقتى . ئۇ لامپۇچكا غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان ، تار ، قاراڭغۇ كارىدوردا ئاياغ چوتكىسىنىڭ ياغىچىچىلىك شالچاققا ئېسىلغان ئاچقۇچلارنى شاراقلىتىپ بېرىپ ، بۇلۇڭدىكى ئىشىك ـ

دېرىزىسى پولات چىۋىق بىلەن قاپلانغان ياتاق ئىشىكىنى ئاچتى ـ دە ، بىر پۇتى بىلەن يېرىم گەۋدىسىنى كىرگۈزۈپ تۇرۇپ ۋىكلىيۇچاتېلنىڭ يېپىنى تارتتى . توكنىڭ بېسىمى بەك ئاجىز بولسا كېرەك ، ياتاق ئىچى غۇۋا يورۇدى . ياتاققا قۇۋان توختى ئالدىدا ، ساقچى ئۇنىڭ كەينىدىن كىردى .

— ئىشىكنىڭ كەينىدىكى بۇلۇڭدا ئوتۇن بىلەن كۆمۈر بار ، — دېدى كۇتكۇچى ئايال توڭلۇق بىلەن .

ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقاندا ، ساقچى سەپرايى ئۆرلىگەن هالدا دېدى :

— كۇتكۇچى بولغاندىكىن ئوت يېقىپ بەرمەمسىز ؟ بىز توڭۇپ ـ ئېچىپ ئاران كەلدۇق...

— تۇزۇم شۇنداق ، بۇ ياتاقلارغا ئوت قالاپ كەلسەم ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي ئوت قالىسام بولىدۇ . ۋەزىپەم ئىشىك ئېچىپ بېرىش . توڭلىغان ئادەم ئوتنى ئۆزى قالايدۇ .

ساقچى يەنە بىرنېمە دېگۈچە ، كۇتكۇچى كېتىپ قالدى . ئۇ غۇدۇرىغانچە جۇۋىسىنى سالدى . شۇنچە سوغۇق بولۇشىغا قارىماي ياتاق ئىچىدىن سېسىق پۇراق چىقىپ ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىر قىسما قىلاتتى . ياتاققا ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن ئۈچ كارىۋات ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ ، كىردىن قارىيىپ كەتكەن خەسە يوتقان ـ كۆرپە ، توپان قاچىلانغان تاش پاقىچىلىك ياستۇق ، بورا قومۇشى بىلەنلا يېپىلغان ، چاڭ ـ توزان ، ئۆمۈچۈك تورلىرى قاپلاپ كەتكەن تام — تورۇس كىشىنى كۆڭۈلسىز تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى .

— سومكىنى مەيەردە قويۇپ ، سەن ئاۋۇ كارىۋاتتا ئولتۇر . قاراپ تۇرسەنغۇ ؟

قېرى ساقچىنىڭ بويۇن پاتىگى سوزۇلۇپ ، كانىيى تارتىشىپ ، تىكەندەك ئاق ساقال بىلەن قاپلانغان يۇز تېرىلىرى لىپىلداپ كەتتى . ئۇ سۆزلىگەندە شۇنچە كۆچىگەندەك قىلسىمۇ ئاۋازى غاز ـ غۇز هەم بوغۇق چىقاتتى . قورۇق باسقان چىرايىدىن ،

قىزىرىپ ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان ئولتۇرۇشاڭغۇ كۆزلىرىدىن كېسەلمەن ، ئەمما زېھنىي ئۆتكۈرلۈكى چىقىپ تۇراتتى . بەدىنى ئاجىز بولغاچقىمىكىن ، ئۇنىڭ بۇرنىدىن سۇ ، كۆزىدىن ياش توختىمايتتى .
قۇۋان توختى كارىۋاتقا ئولتۇرۇشىغا سەت غىچىرلاپ كەتتى .
— سۇنۇپ كېتەمدۇ نېمە بۇ ئەبجەق جىنازا . بۇ ئۆيىنىڭ تالادىن پەرقى يوقتەكلا ئىكەن ، — دېدى ئۇ نارازى بولغان هالدا .
ساقچى سابىر قاسىم قولىنى هورداپ ئىسسىتىۋالغاندىن كېيىن ، ئىشىكنى ئىچىدىن چىڭ تاقىۋېتىپ ، يەنە ئىشەنچ قىلالمىغاندەك كۆچەپ تارتىپ باقتى .
— هەي ، ماۋۇ كارىۋاتقا ياتقىن ، بولمىسا ئەبجەق كارىۋاتنى تۆلىمەيلى يەنە .
قۇۋان توختى دېرىزە تەرەپتىكى كارىۋاتقا يۆتكەلدى . سابىر قاسىم ئۇنىڭ قولىدىكى مۇزدەك زەنجىرلىك كويزىنى كارىۋاتنىڭ بېشىغا چېتىپ قويدى .
— يېتىپ باقە قېنى قاملىشالامدىكەنسەن .
ئۇ يېتىپ باققاندىن كېيىن دېدى :
— قولۇم تېلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ . هازىرمىغۇ توڭلاپ سەزمەس بولۇپ قالدى .
— تېلىپ كەتكەندە ، ئاۋۇ تەرەپكە يۆتكەپ قويىمەن . هازىرچە شۇنداق يېتىۋەر .
— سابىر قاسىمكا ، خاپا بولماي بىرنى يۆگىمەمسىز ، خۇمارىم تۇتۇپ پەقەت بولالمىدىم .
— سەلەي بەڭگىدەك چېكىۋېرىدىكەنسەن ، ئادىشاۋا . بۇنداق چېكىۋەرسەڭ تەكلىماكاننىڭ قۇمىمۇ توشمايدۇ ساڭا . ئاۋۋال ئىسسىيدىغان ئىشنى قىلىۋالىلى . ئاندىن يۆگىسەممۇ يۆگەي . بولمىسا ئۆزۈڭ يۆگىمەمسەن ، مانا قۇتا بىلەن قەغەز . مەن سېنىڭ چاكىرىڭمىدىم . ئوت قالىسامىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ .
— قولۇم قولاشمايۋاتقان گەپ ، بولمىسا…

— بوپتۇ ئەمىسە ، نەپسىڭنى بىردەم بېسىۋال…
سابىر قاسىم گېپىنى تۈگەتمەيلا قاتتىق يۆتىلىپ يۆتەلنى ياندۇرالماي كۆكىرىپ كەتتى . يۆتەلنى تەستە ياندۇرۇپ ، تامغا چاپلاپ دېگۈدەك قويۇۋالغان پاكار چويۈن مەشنىڭ كۈلىنى تارتتى ، ئاندىن يەنە بىرھازا يۆتەلدى .
— كونا ئۆپكە كېسەل ئوخشايسىز ـ ھە ، سابىر قاسىمكا ؟
— ئۆھۆ… ئۆھۆ… بىردەم زۇۋانىڭنى باسساڭچۇ ، ئاناڭنىڭ ھەققىدە سېنى سوراقچى قويىمىغاندىكىن . قۇلاققا گەپ ياقمىغاندا ۋالاقلاۋېرىدىكەنسەن خوتۇن خەقتەك .
مەشنىڭ ئالدىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ ئوت يېقىش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان ساقچىغا قۇۋان توختىنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى ، ئۇ خېلى ئۇزاق ھەپىلەشكەن بولسىمۇ ئوتنى تۇتاشتۇرالمايۋاتاتتى . قىغچىنىڭ ئاربىسىدەك قولاشماي قالغان گۆشسىز بارماقلىرى پەقەتلا ئەپ كەلمەيتتى . «ئاچچىقى كەلسە ئاغزى كۇرۇك توخۇنىڭ كۆتىدەك مىتىلداپ كېتىدىغان ماۋۇ بىچارىنىڭ ھالىنى كۆر» دېدى قۇۋان توختى ئىچىدە .
— قىرغىز قېرىسىنى ئىشلىتىپ يەيدۇ دېگەندەك ، پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغاندا ئارامخۇدا كۈن ئالغىلى قويماي ھەيدەيدۇ بۇ خوتۇن تالاقلار . نومۇس قىلىشسا بولمامدۇ . ئىنساپ قالماپتۇ ـ دە ، بۇ جاھاندا .
قۇۋان توختى سارغايغان ، قارا كۆتەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى .
— لىللا گەپ قىلدىڭىز جۇمۇ ، سابىر قاسىمكا ، شۇ ئەمەسمۇ . ئىنساپ دېگەن گەپ زادى نەدە قالدى . زاغرا يەپ زەردىسى قاينىسا ۋىجدانىم قايناپ كەتتى دەيدىغان بولۇپ كەتتى خەق .
سابىر قاسىم قۇۋان توختىغا تەھدىت نەزىرىدە بىر تىكىلىپ قويۇپ ، ئۈنچىقماستىن يەنە مەش بىلەن ھەپىلىشۋەردى . ئۇ يېرىم سائەتتىن ئارتۇقراق ئاۋارە بولغان بولسىمۇ ئىش ھېچ

ئەپلەشمەيۋاتاتتى .

— نەس باسقان جايغا كېلىپ قاپتىمىز . توڭگۇز تۈنەيدىغان يەركەن بۇ . بىزدەك تەلىيى كاج ئادەم يولاپ قالمىسا...

ئۇ جىلە بولغىنىدىن قولىدىكى تۇترۇقنى بۇلۇڭغا چۆرۈۋېتىپ ، مۇكچەيگەن بېلىنى مۇشتلىغان ھالدا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپ ، ھەممە نەرسىدىن بىزار بولغاندەك سەت گەپلەر بىلەن ئۆز باشلىقلىرىنى تىللاپ كەتتى . ئاندىن ئېغىر پۇشۇلداپ جىم بولۇپ قالدى .

ئۆي ئىچى بارغانسېرى مۇزلاشقا باشلىدى . سىرتتا جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامال ھۇشقىيتاتتى . قۇۋۋان توختى يوتقانغا يۆگىنىپ تۈگۈلگەنسېرى گويا ئۈستىگە مۇز دۆۋىلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدى . ئۇنىڭ تولا مىدىرلىشىدىن كارىۋات توختىماي غىچىرلايتتى . سابىر قاسىم بولسا قېتىپ قالغاندەك جىمجىت يېتىۋەردى . قورساقنىڭ ئاچلىقى ئاز كەلگەندەك ، مۇز چىللاپ تۇرىدىغان بۇ ئۆيدە قۇۋۋان توختىنىڭ بېلىنىڭ تۆۋىنى ئۆز سېزىمىنى يوقاتماقتا ئىدى . بۇ ھالدىن ئۇنىڭ ئىچىگە قورقۇنچلۇق بىر خىيال كىرىۋالدى : «كىشىنىڭ يۇرتىدا ئون سەككىز يىل دەككە - دۇككە ئىچىدە ياشاپتىمەن . مانا ئەمدى ، خۇدانىڭ قارغىشىغا كەتكەن بۇ ئۆتەڭدە مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ ؟ ئۆلۈكۈم قاغا - قوزغۇنغا يەم بولارمۇ ياكى بۇ يەردە ئۆلگەن ئادەمنى يۇيۇپ - تاراپ ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىكىدە قويۇپ قويغۇدەك مۇسۇلمان بارمىدۇ ؟ بىراق ، قايسى تەرىقىدە ئۆلمەي ، ھېچكىمنىڭ كۆزىدىن بىر تامچە ياش چىقمايدىغانلىقى ئېنىق ؛ بۇ قېرىنىڭ ئۆلۈكۈمنى ئېلىپ كېتىشىمۇ يوق گەپ . ئاپىرىپقۇ ئېتىۋېتىدۇ ، بۇنىسى ماڭا ئايان . ئەمما يۇرتۇمنىڭ پاتاسلىق ، تونۇش توپىسىغا يىقىلمەن . ئۆلۈكۈمنى كۆممەي تاشلىۋەتسىمۇ ، ئىت ، قاغا - قۇزغۇن يېسىمۇ يۇرتۇمنىڭ يېسۇن . تېنىم ئۇلارنىڭ قورسىقىدا گەندىگە ئايلانسىمۇ يەنە بەرىبىر ئۆز يۇرتۇمدىكى كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن تۇپراققا چۈشىدۇ . ئۇستىخانلىرىم كىچىك چاغلىرىمدا تال - چىۋىقنى ئات ئېتىپ يالاڭ

ئـايـاغ يـۆگـۈرۈپ ئـويـنـىغان قومۇشلۇقلاردا قالىدۇ. بۇ ئاتام كـۆرمـىگەن، ئانام كۆرمىگەن قارغىش تەگكۈر يەردە قالمىسىلا مەيلى». ئۇ خىيالىدىن توختاپ بويىنىنى سوزۇپ سابىر قاسىمغا قارىدى. ئۇمۇ سوغۇقتىن تۈگۈلۈپ تۆت پۇتى بىر يەرگە كېلىپ قالغان ئاۋارە مېكىجىنىدەك بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يېتىۋالغانىدى. «ئـەجەپ كىچىك ئادەمـكىنە. چوڭراق مۇشۇكـچىلىك تۇرامـدۇ نېمە؟» ئۇ توۋلاپ باقماقچى بولۇپ بىرقانچە قېتىم تەمشەلدىيۇ، توۋلىمىدى. يەنە بىردەم يېتىۋىدى، پەقەت بولالمىدى.

— ھەي سابىر قاسىمكا... سابىر قاسىمكا...

— ھە، نېمە ۋالاقلايسەن؟

«ئۇخلىماپتىكەن ـ دە، بۇ ئۆلۈمتۈك قېرى» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— قورساققا ئازراق بىر نېمە يېسەك ئىسسامدۇقكى دەيمەن. شۇ تاپتا پۇت ـ قولۇم توڭلاپ مېنىڭ ئەمەستەك بولۇپ قالدى.

— ياتاقتا ئوت بولغان بولسا ئازراق ئىسسىۋالساق، ئاندىن تاماق بار يەرنى تاپساق بولاتتى. پۇتۇمنىڭ...

ئۇ جىنايەتچىنىڭ ئالدىدا دېيىشكە بولمايدىغان گەپنى قىلىپ سالغىنىغا ئۆكۈنۈپ، دەرھال توختىۋالدى.

— پۇتىڭىزنىڭ پېيى يەنە تارتىشىۋالدىمۇ؟

— يوق يېمە، كىم شۇنداق دەپتۇ. قېرى بولسامۇ پېيىم تارتىشىپ قالغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالمىدىم تېخى، — ئۇنىڭ باشتا ھـەيۋە قىلغاندەك چىقىۋاتقان گەپلىرى بارا ـ بارا خۇددى ئوتقا يېقىنلاشقان ئۆچكە يېغىدەك يۇمشاپ كېتىۋاتاتتى.

— سـابـىـر قـاسـىمكا، مەن ھەممىنى بىلىمەن. مەندىن يوشۇرۇپ نېمە قىلىسىز! بىز سەپەرداش بولغىلى مانا بۇگۈن ساق سەككىز كۈن بولدى. ئۇنىڭىزنى چىقارماي يۈرگىنىڭىز بىلەن، كـېـچـىـسى تۈگۈل كۈندۈزىمۇ نەچچە قېتىم پېيىڭىز تارتىشىپ قېلىۋاتىدۇ...

— ھـە، تـارتـىـشىپ قالـدى، تارتىشىپ قالـسا قانـداق

قىلىتتىڭ ؟ — ئۇ تېرىكىپ ئورنىدا ئولتۇرغانىدى ، كارىۋات بوش غىچىرلاپ كەتتى .

— ھېچنېمە قىلمايمەن . مەندە بىر ئىش قىلىدىغان نىيەت يوق ، خۇدا ئۇستىمىزدە تۇرۇپتۇ . قەسەم قىلسامىمۇ چىنپۇتمەيسىز ، مەندە بىرەر يامان نىيەت بولىدىغان بولسا ئۆزۈمنى ئۆزۈم تۇتۇپ بېرەمدىم . ماڭا ئىشەنسىڭىز قولۇمنى بوشىتىپ قويسىڭىز ئوتنى ئۆزۈم بىر قالاپ باقسام دەيمەن .

— نېمە ؟ يەنە بىر دېگىنە ! قولۇمنى بوشىتىپ قوي ؟ ! ئىھى ، قولۇڭنى بوشىتىپ قويامدىم تېخى ، مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن ؟ بۇ مېڭىسى كورۇك قېرى ئالدىسام يۇمشاپ قالىدۇ دەپ ئويلامسەن ؟ ئۆزۈڭنىڭ قاتىل جىنايەتچى ئىكەنلىكىڭ ئېسىڭدە بولسۇن ! بىز سېنى ساق ئون سەككىز يىل ئىزدەپ ئاران تۇتتۇق ، ئاڭلاپ قوي ، قېرىغىنىمدا سېنىڭ كاشىلاڭنى تارتقۇچىلىكىم يوق . سېنى سالامەت ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىپلا ، نېمە بولسۇن بولسۇن ، پېنسىيىگە چىقىمەن ، پېنسىيىگە ! ئادەم ئاياغ باسمايدىغان چۆل - جەزىرىدە جىنايەتچىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ ئوتتۇز بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپتىمەن . ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسى يامان ئادەملەر بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتۈپتۇ . ھەرقانچە بولسىمۇ ئەمدى يېتەر ! مېنىڭ تۇغماس كېسەلمەن قېرى خوتۇنۇمدىن باشقا ، بالا - چاقاممۇ يوق . تىنچ - ئامان پېنسىيىگە چىقىۋالسام ، قەشقەرگە كېتىپ ئاخىرقى ئۆمرۈمنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزۈش ئارزۇيۇم بار .

— سىز قەشقەر شەھىرىدىنمۇ ؟

— ھەئە ، يەنە كېلىپ شەھەرنىڭ كىندىكىدىن دېگىنە ، تېخى جانان كوچىسىدا ئاتا - ئانامدىن قېلىپ ، ھازىرغىچە ئولتۇرۇش نېسىپ بولماي كەلگەن ئۆي - جايىممۇ بار .

سابىر قاسىم خېلىلا ئېچىلىپ قالدى .

— قۇۋان توختى ، سېنىڭ تەكتىڭ قارا دولاندىنما ؟

— ھەئە ، رەسمىي ئون سەككىز مىڭ ياغاچ ئۆيلۈك چىراغ پايلىق ، يۇلتۇز سانايدىغان قارا دولان ئەۋلادىدىنمەن . ئاتا -

بۇۋىمىزدىن تارتىپ تۇمەنتاللىق، چوڭ ئۆتكەن ئادەملەردىن ئىدۇق، پېشانىمىز شۇنداق تەتۈر ئىكەن. توزغاقتەك توزۇپ كەتتۇق. ھېسابلاپ باقسام بۇ يىل قىرىق يەتتە ياشقا كىرىپتىمەن. يىگىرمە ئۈچ يېشىمدا تۈرمىگە چۈشكەن. سەككىز يىل تۈرمىدە يېتىپ قاچقاندىن كېيىن ئون ئالتە يىلنى تاغ ئارقىسىدا — ياقا يۇرتتا ئۆتكۈزۈپ، مانا ئەمدى يەنە قولغا چۈشتۈم. ئالدى - كەينى بولۇپ ئۈچ ئادەم ئۆلتۈردۈم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياش، تازا كۈچۈمگە تولغان، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان قارام چاغلىرىمدا بولغان ئىشلار. مەن قولۇم قىزىل قانغا بويالغان قاتىل بولساممۇ، ۋىجدانىم، ئەركەك تۈكۈم بار ئوغۇل بالىمەن. مەيلى ئىشىنىڭ - ئىشەنمەڭ، ئۈستىمىزدە ئاللا تۇرۇپتۇ، كىچىكىمدىن تارتىپ ئازراق ناھەقچىلىكنى كۆرسەم چىداپ تۇرالمايتتىم. ھالا بۇ كۈنگە كەلگەندە كۆرۈۋاتقان كۈنۈم شۇ بولۇۋاتىدۇ. ئەقلىمگە كەلگەندىن تارتىپ جاھاندا خۇشلۇق كۆرگىنىم يوق، پېشانەمگە جاھاننىڭ ۋاپاسىزلىقىلا پۈتۈلگەنىكەن، بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغاندىن كېيىن ئۆلۈپ قۇتۇلۇش نىيىتىگە كەلدىم. نەدە ئۆلىمەن، ئۆلۈكۈم ياقا يۇرتتا قالسۇنمۇ؟ ياق، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يەرگە بېرىپ ئۆلەي، ئۆلگەندىمۇ ئۆز ئەجىلىمدە ئەمەس، ئۆزۈم ئۆلتۈرگەن ئۈچ ئادەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئېتىپ ئۆلتۈرسۇن، ئۇ دۇنياغا خەقنىڭ قان قەرزى بىلەن بارماي دەپ ھاياتىمدىن جىمى ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ ساقچىغا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم. ئويلاپ بېقىڭ، ئۇ دۇنيانىڭ تەييارلىقىنى قىلغان ئادەم قېچىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئەگەرچەندە قاچىدىغان نىيىتىم بولسا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىپ نېمە قىلىمەن؟ مۇشۇ ئون ئالتە يىلنىڭياقى مېنى ئىزدەپ سىزدەك ساقچىدىن ئۈچ - تۆتى بىر گۇرۇپ بولۇپ غۇلجىغا ئىلگىرى - ئاخىر يەتتە قېتىم چىقتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى قاراپلا تونۇۋالىدىغانلار بولۇپ، مېنىڭ ئاشخانامدا مەن ئەتكەن تاماقنى يېدى، ھەتتا ئۆز قولۇم بىلەن ئۇلارغا چاي سۇندۇم، تاماكا تۇتتۇم، پاراڭلاشتىم. قورسىقىمدا بار ھۇنەرلىرىمنى چىقىرىپ

سەي قورۇپ بەردىم . ئۇلار مېنى ئىزدەپ چىققانلىقىنى ئېيتىشتى ، رەسىمىمنى كۆرسىتىپ ، ئاشخانامىغا مۇشۇنداق ئادەمنىڭ كىرگەن - كىرمىگەنلىكىنى سورىدى . ئالدىدا چىققانلار مېنىڭ ئاشخانامنى داڭلاپ بەرگەن بولسا كېرەك ، كېيىن چىققانلارمۇ غۇلجىدا تۇرغان مەزگىلدە دېگۈدەك مېنىڭ ئاشخانامدىلا غىزالاندى . توۋا دەيمەن ، مېنى ئىشلەتكەنلەرمۇ مېنى تونۇمىدى ، ئاۋازىمدىنمۇ سېزىپ قالمىدى ، خۇدا ساقلىسا بەندە ھېچنېمە قىلالمايدىكەن دەپ قالدىم . مېنى تۇتۇش ھەققىدىكى ئېلاننى مەن ئىشلىگەن ئاشخانىنىڭ تېمىغا كەينى - كەينىدىن بەش قېتىم چاپلىغىنىچۇ تېخى . خۇدا ماڭا ئامانلىق بېرىش ئۈچۈن شۇ چاغدىكى كېلىشمەسلىكنى بەرگەن بولسا كېرەك ، يۈزۈم كۆيۈپ چىرايىم بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن ، ئۇلار «تۆگىگە مىنىۋېلىپ تۆگىنى ئىزدىگەندەك» كۈلكىلىك ئىشنى قىلدى .

— يۈزۈڭ قانداق كۆيۈپ كەتتى ؟

— بۇنىڭ جەرياني خېلى ئۇزۇن بىر ھېكايە . تۈرمىدىن قېچىپ ، جاڭگال ئارىلاپ توختىماي ئۈچ كېچە - كۈندۈز مېڭىپ ، بىر چاغدا مارالبېشى ئاچالغا چىقىپ قالدىم ، ئاچ قورساق ھالىمدىن كېتىپ يول ياقىسىدىكى بىر ئەسكى تامنىڭ تۈۋىدە قانچىلىك ياتقىنىمنى بىلمەيمەن ، بىر چاغدا بىرسى بېشىمغا كېلىپ :

— ھوي ئادىشوي ، نېمە ياتىسىلە ، — دەپ ۋارقىرىدى .

ھارغان - ئاچقاندا بۇنداق قوپال گەپ قۇلاققا ياقامدىغان ! بېشىمنى كۆتۈرۈپ خۇشياقماسلىق بىلەن قارىسام ، ياغلىشىپ كەتكەن كەپكىسىنى كۆزىگە كەلتۈرۈپ سىڭايان كىيىۋالغان مەن دېمەتلىك شوپۇركەن . تۈرقىدىن تازا پوچىدەك كۆرۈندى . شۇنداقتىمۇ ، ئۇ سوئال سوراۋاتسا جاۋاب بەرمەسلىككە بولامدۇ ؟ ! بىز ھەمسۆھبەت بولۇپ قالدۇق .

— مۇساپىردىم ، ئاچلىقتا ھالىمدىن كېتىپ يېتىپ قالدىم .

— نەلىك سىلە ؟

— مەكىتلىك .

— ھە ، دولانلىق ، نەگە مۇساپىر بولۇپ چىقتىڭلا ؟
— ئۈرۈمچى تەرەپلەرگە بارايمىكىن دەيمەن .
— دېسەم ـ دېمىسەم كوپېراتسىيىدىن قاچقان ئوخشايسىلە . كوپېراتسىيىنىڭ ئەمگىكىگە چىدىغىلى بولامدىغان . مەنمۇ جىك دېھقان بالىسى . كوپېراتسىيىنىڭ ئىشىغا چىدىماي ئۈرۈمچىدىكى ئاكامنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ ، مانا ئەمدى شوپۇر بولۇپ قالدىم . غەزەل توۋلىيالامسىلە .
— ئانچە ـ مۇنچە .
— ھېكايە سۆزلىيەلەمسىلە .
— ھەئە .
— ئۇنداقتا ، ماڭا ھەمراھ بولۇپ مېڭىڭلا ، قورسىقىڭلا مەندىن بولسۇن ، نەگىچە بارساڭلا ئالغاچ كېتەي ، بولامدۇ ؟
ئورنۇمدىن قوپالماي دۈگجۈپ كەتتىم ، كۆزۈمگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلدى . شوپۇر قولۇمدىن تۇتۇۋالمىغان بولسا ئوڭدامغا ئۈچۈپ چۈشەتتىممىتىكى ، ماشىنىغا چىققاندىن كېيىن شوپۇرنىڭ نېنىدىن يېدىم . بەش كۈن ماڭدۇق . بۇ جەرياندا ئىككىيلەن بەكلا چىقىشىپ كەتتۇق . ئۇ ناخشا توۋلا دېسە ، ناخشا توۋلىدىم ، ھېكايە سۆزلە دېسە ھېكايە سۆزلىدىم ، شۇنداق قىلىپ بەش كۈن ماڭغاندىن كېيىن بەشىنچى كۈنى نامازشام ـ خۇپتەن ئارىلىقىدا داۋانچىڭ دېگەن يەرگە كەلدۇق . سوغۇق شامال جاندىن ئۆتىدىغان چۆل چىراي بىر يەر ئىكەن . ماشىنا توختىغان يولدىن پەستە بىر يالغۇز ئۆي بار ئىكەن .
— ئادىشوي ، مەن ماۋۇ يەردە بىرسى بىلەن كۆرۈشۈپ چىقاي ، — دەپ شوپۇر ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى .
ئالاھەزەل ئىككى ئاش پىشىم چامىسىدا ۋاقىت ئۆتكەندە ، ئۇ گەپ ـ سۆزلىرىدىن تازا قىتماللىشىپ كەتكەن بىر چوكان بىلەن كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشىپ بىر ـ بىرىنى بېقىندىشىپ چىقتى .
چالا ئۇيقۇلۇق پەرەز قىلىشىمچىزە ، بۇ چوكان شوپۇرنىڭ ئاشنىسى بولسا كېرەك ، يەنە بىر پەرىزىمچە ئۇنىڭ چوقۇم ئېرى

بارەك قىلىدۇ. شوپۇر ئەتە كەچتە كېلىشكە ۋەدە بېرىپ خوشلاشتى. ئەممازە ماشىنىنىڭ بۇرنىغا شەيتان كىرىۋالدىمۇ ئوت ئالدۇرالمىدى. مەن بىر هازا چۆرۈپ كەتتىم. ئىچىمدە خۇش ياقمىسىمۇ زورلاپ كۈلۈۋاتقان جالاپنى تازا تىللىدىم: هۇ سەت پاسكىنا نەس باستى ئىپلاس، سېنىڭ مەينەتلىك بىلەن ماشىنا ئوت ئالمايۋاتىدۇ. بۇ دېگەن تۆمۈر بولسىمۇ نازۇك نېمىدە. پاكىزلىقنى خالايدۇ. شوپۇر بىر دەم ئۇ يەر - بۇ يېرىنى كولىغاندىن كېيىن:

— ئاهاي، ماي تۆگەپتۇ كاساپەت، — دېدى پېشانىسىگە مۇشتلاپ.

— هە مەن تېخى سىز تاش يۈرەك چىدىغان بىلەن ماشىنىڭىزنىڭ مېنى تاشلاپ كېتكۈسى كەلمىدى دەپ قاپتىمەن. هى... هى... هى...

— بىزنىڭ يۈرىكىمىز تاش بولغان بىلەن سىزنىڭ يۈرىكىڭىز دەريا - دە. خېنىم! يۈرىكىمىزنى هامان يالاپ تۆگىتىدۇ، چۆكتۈرۈپ يوقىتىدۇ.

— هامان تاش دېگەن تاش دەڭا، ئىسىت، — دېدى چوكان هەسرەت بىلەن ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ.

— ماي تۆگەپتۇ - دە، كاساپەت، — دېدى ئۇ ۋە ئۈستىدىكى تۇڭدىن باكقا ماي قاچىلاش ئۈچۈن شىلانكىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، يەنە هېلىقى خوتۇن بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. شوپۇر مېنىڭ بارلىقىمنى ئېسىدىن چىقارغاندەك هاياسىز گەپلەرنى قىلاتتى. بۇ خىل غىلجىڭلىقلار ئاز كەلگەندەك، قاراپ تۇرسام ئىككىسى سۆيۈشۈۋاتامدۇ، بۇ رەسۋاچىلىقنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىدىم. مەنمۇ ئادەم ئەمەسمۇ، مېنى كۆزگە ئىلمىغىنى نېمىسى؟ ماشىنىدىن چۈشۈپ كېتەيچۇ دېدىمىيۇ، يەنە ئاچچىقىمغا هاي بەردىم. نېملا بولسۇن بېشىمغا كۈن چۈشكەندە ماشىنىغا ئېلىۋالدى ئەمەسمۇ. يەنە تېخى ئاش - نان بېرىپ ئۈرۈمچىگە ئەكېلىپ قويدى. بوپتۇلا، كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ ئولتۇرسام

بولمىدىمۇ دېدىم . ئۇلار بىردەم جىمىشىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە چاقـچاقلاشقىلى تۇردى . شۇ چاغدا شوپۇرنىڭ تاماكا چەككۈسى كېلىپ كەتكەن بولسا كېرەك . تاماكىنى جاۋغىيىغا قىستۇرۇپ ، چاقماقنى شۇنداق يېقىشى بىلەن تەڭ ، «گۇپلا» قىلىپ ماشىنىغا ئوت كەتتى . كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ماشىنا ئوت ئىچىدە قالدى . ھېلىقى خېنىمنىڭ «ۋايجان» ئۇستىگە «ۋايجان» دەپ چىرقىرىغىنى قۇلىقىمغا كىردى . كۆزۈمگە ئىككى پارچە ئوتنىڭ ئۇياق بۇياققا كۆچۈپ يۈرۈۋاتقىنى كۆرۈندى . بىردىنلا يەرگە ئۆزۈمنى ئاتتىم ، تۆتنى يۇملاپ كۆزۈمنى ئېچىپ ئورنۇمدىن قوپسام ، ئېگىز يولنىڭ باغرىغا چۈشۈپ قاپتىمەن . ماشىنا خۇددى تام كۆيۈۋاتقاندەك ئاسمان - پەلەك ئوت ئىچىدە قاپتۇ . شۇ چاغدىلا ماشىنىنىڭ ئۇستىدە پاختا بارلىقى يادىمغا يېتىپ يۈرىكىم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالدى . شوپۇر ماشىنىنى ئايلىنىپ بىر يۇملاپ بىر سەكرەپ ، تۇرۇپ ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ ، بىردەم چىقىپ ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ . قولىدا بىر نېمىنى ھەدەپ پۇلاڭلىتىدۇ ، ئەمما ھېچقانداق زۇۋان يوق . مەن دەررۇ چاپىنىمنى سېلىپ ئوتنىڭ ئىچىگە يۈگۈردۈم . كۆڭلۈم تۈيۈپ تۇرىدۇ . بۇ ئاسمانغا مۇشت ئاتقاندەك بىر ئىش ، ئەمما شوپۇر بىچارە شۇنچە ئوتنىڭ ئىچىدە يۈرسە - ھە . مەن ماۋۇ جالاپتەك «پادا باقاردا دوست بولۇپ ، ياغاق چاقاردا ئايرىلماي» ، شوپۇر نېمە بولسا مەنمۇ شۇ بولاي دېدىم - دە ، ئوتنىڭ ئىچىدە ئۇيانغا ، بۇيانغا چاپىنىمنى شىلتىپ يۈگۈرۈپ قانچە ئىزدىسەممۇ شوپۇرنى تاپالمىدىم . ھەممە يېرىمگە ئوت تۇتىشىپ كەتتى . بولالماي ئوتنىڭ سىرتىغا يۇمىلىدىم . يىراقتىن بىر جۈپ چىراغ يورۇقى كەلدى ، مەن يۇملاپ «ۋايجان» لاپ ئەمدى ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا «گۇم - باڭ» قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ ، ھارۋىدەك ئوتلار ئاسمانغا پارچە - پارچە بولۇپ چېچىلدى ، قارىسام ئۇستۇمگە كېگىزدەك بىر پارچە ئوت چۈشۈۋاتىدۇ . «ۋايجان !» دېگىنىمنى بىلىمەن ،

چۈشۈمدىكىدەك يادىمدا تۇرىدۇ. كۆزۈمنى ئاچسام ھەممە يېرىم داكا بىلەن تېڭىلغان ھالدا دوختۇرخانىدا ياتىمەن. كېيىن ئۇقسام، شوپۇر رەھمەتلىك شۇ يەردە كۆيۈپ كېتىپتۇ. ھېلىقى بۇزۇق چوكان ھايات قاپتۇ. ماشىنىمۇ كۆيۈپ تۈگەپتۇ. مەن بىر ئايدىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىقتىم...

يۈزۈمنىڭ كۆيۈپ كەتكىنى ئون ئالتە يىلغىچە تۇتۇلماي، ئامان ـ ئېسەن ياشىشىمغا سەۋەب بولدى. ھازىر ئويلايدىغىنىم بىرلا ئىش: ھۆكۈمەت مېنى ئاتامدۇ ـ چاپامدۇ، مەن ئۆلتۈرگەن ئۈچ ئادەمنىڭ قىساسىنى ئالسا، ئۆلۈكۈم يۇرتۇمنىڭ دۆڭلۈكىدە بولامدۇ، زەيلىك، پاتاسلىقىدا بولامدۇ، ئىشقىلىپ يۇرتۇمنىڭ تۇپرىقىدا قالسا ئارمىنىم يوق. شۇ نىيەتكە كەلگەن مەندەك بىر جىنايەتچى قېچىپ نەگە بارسۇن! ماڭا ھازىر بىر كىم، قاچساڭ قۇتۇلىسەن، پادىشاھ بولىسەن ياكى يۇرتۇڭدا بەخىرامان ياشاۋېرىسەن دېسىمۇ، ھەتتا ھۆكۈمەت كەڭچىلىك قىلىپ قويۇۋەتسىمۇ، ئۆزۈم تامبىلىمنىڭ بېغىغا ئېسىلىپمۇ بولسا ئۆلۈۋالىمەنكى، ياشاشنى خالىمايمەن. پەقەت تۇغۇلغان يۇرتۇمغا بېرىۋالساملا بولىدۇ. يۈرىكىمگە خەنجەر ياكى ھۆكۈمەتنىڭ بىر پاي ئوقى تەگمىگۈچە، يۈرىكىمگە تولۇپ كەتكەن قان ـ زەرداب چىقىپ كەتمىگۈچە ئارام تاپمايمەن. قىسقىسى، ياشاشقا ئازراقمۇ رايىم يوق. سابىر قاسىمكا، ئۈستىمىزدە ئاللا تۇرۇپتۇ، يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلدىم. ئەس ـ يادىم تۇغۇلغان يېرىمگە بىر مىنۇت بولسىمۇ بالدۇرراق يېتىپ بېرىشتىلا. ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياشىماق بەك مۇشكۈلكەن. ھازىر ئىچىمگە، ھېلىلا مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك، يۇرتۇمغا يېتىپ بارالمايدىغاندەك، ئۆلۈكۈم مۇشۇ سايىدا قالىدىغاندەك بىر قورقۇنچ كىرىۋالدى. مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن تارتىپ ئاللادىن باشقا ھېچنېمىدىن قورقمىغان. تا ھازىرغىچە قورقۇش دېگەن نەرسە ماڭا يات بولۇپ كەلگەن. مانا ئەمدى مۇشۇنداق قورقۇنچ ئىچىدە قالدىم. توڭلاپ ئۆلۈپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ، مەن بىر ئوت قالاي...

# 4

سابىر قاسىم قۇشقاچ كامىرىغا تىكىلگەن مۈشۈكتەك، قۇۋان توختىنىڭ تارىمۇش يۈزىگە، قورقۇنچ باسقان كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئۇنىڭ ئېڭەك، كانايلىرىدىكى كۆيۈكتىن ئامان قالغان جايلارنى ئوغرى تىكەندەك غۇژمەك - غۇژمەك قوڭۇر ساقاللار قاپلىغانىدى. شۇ تاپتا سابىر قاسىممۇ توڭلاپ، تىترەپ كېتىۋاتاتتى. «راست، ئۇ قاچاي دەپ نىيىتىنى بۇزسا ئاشۇ ئېيىقتەك ئەپتى، قارامىلىقى بىلەن مەندەك كېسەلمەن قېرىنىڭ قولىدىن ھەر زامان قېچىپ كېتەلمەسمۇ. بۇ بەش كۈندىن بېرى نۇرغۇن پۇرسەتلەر بولدى. بىراق، ئۇنىڭ خىيالىدا قېچىش توغرۇلۇق ئوي باردەك ئەمەس. كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي قاراپ ئولتۇرۇش مۇمكىنمۇ. ‹ئۇيقۇ يېرىم ئۆلۈم› دېگەن گەپ بار. راست، ئۇ يۈرىكىدىكى گەپنى قىلىۋاتىدۇ. بولمىسا ئۇنىڭ قولىدىكى كويزا، مەندەك كېسەلمەن قېرىنىڭ قولىدىكى قورال ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچنېمە ئەمەس. ئۆلتۈرۈشتىنمۇ، ئۆلۈشتىنمۇ قورقمايدىغان، جاننى ئالىقانغا ئالغان ئادەم بۇ. ئەپتىدىن، گېپىنىڭ ئۇرانىدىن يالغان سۆزلىمەيدىغانلىقى چىقىپ تۇرمامدۇ. نەچچە كۈندىن بېرى مۇشۇنى ئويلىماپتىمەن. ئەنسىرەپ كارىۋاتقا چېتىپ يۈرگىنىمنى قارىمامدىغان... »

سابىر قاسىم تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن تاپانچىنى چىقاردى. قۇۋان توختىنىڭ سېرىققا مايىل كۆزلىرى ئۇنىڭغا ئۆلۈكنىڭ كۆزىدەك تىكىلىپ قالغانىدى.

— ھەر ئىككىمىز ئەركەك تۆكىمىز بار ئەر كىشى، ناماز ئوقۇيالمىساقمۇ ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمان. مەن سېنى نامەردلىك قىلماس، مەن كېسەلمەن قېرىغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەس، ئاخىرقى ئۆمرۈمدە ئاجىز خوتۇنۇم بىلەن خاتىرجەم ياشىغىلى قويار دەيمەن، — دېدى سابىر قاسىم تاپانچىنىڭ ئوقىنى چىقىرىپ يەنە

قايتا باسقاچ . .
— ئاكا ، ئىشەنسىڭىز ، مەن ئۆمرۈمدە ۋاپاغا جاپا قىلغان ئادەم ئەمەسمەن .
قوۋان توختىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى . سابىر قاسىم قولاشمىغان قوللىرى بىلەن يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى چىقاردى .
— ئادەمگىنىڭغۇ ھەرگىز ئىشىنىدىغان نىمە ئەمەس ، بوپتۇ ساڭا ئىشەندىم ؛ قولىدىن قان تېمىپ تۇرغان قاتىلغا ئىشەندىم··· — ئۇ قوۋان توختىنىڭ قولىدىكى كويزىنى ئېچىۋەتتى ، — غاچچىدە بىر ئوت قالىغىن ئەمىسە ، ئىككىمىز توڭلاپ ئۆلۈپ قالمايلى يەنە .
قوۋان توختى ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ، سابىر قاسىمنىڭ تاپانچىسى كۆتۈلمىگەندە ئۇنىڭ بۇرنىغا تەگلەندى ، ساقچىنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كىرپىكسىز كۆزلىرى پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك جىنايەتچىگە مىختەك قادالغانىدى . قوۋان توختىنىڭ تارىمۇش يۈزلىرى تارتىشىپ تاتىرىپ كەتتى . ئۇ كارىۋاتقا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىپادىسىز ھالدا ساقچىغا تىكىلدى ، قىرى ساقچىنىڭ سۇ قويۇلۇپ تۇرىدىغان ، تۇكلۇك بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ - تارىيىپ ، قورۇق باسقان پېشانىسىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى . ئۇ تىنىقى يېتىشمەيۋاتقاندەك تېز - تېز نەپەس ئالاتتى . ئىككىيلەننىڭ ئىپادىسىز كۆزلىرى بىر - بىرىگە بىر مىنۇتچە تىكىلىپ قالدى . سابىر قاسىمنىڭ تاپانچا تۇتقان ئورۇق قوللىرىنىڭ تومۇرى كۆپۈپ كەتكەن بولۇپ ، تاپانچىنىڭ سۇرلۇك ئېغىزى يەنىلا قوۋان توختىنىڭ تۇمشۇقىغا بەتلىنىپ تۇراتتى .
— ئۇكام··· ئۆلۈكۈك سايدا قالمىسۇن ، بىر - بىرىمىزنى ئايايلى ، ئانچە شاپاشلاپ كەتمە···
قوۋان توختىنىڭ چىرايى قارىيىپ ، قورقۇنچلۇق تۇس ئالدى . قارچىغىنىڭكىدەك كۆزلىرىدىن غەلىتە بىر ئۇچقۇن چاقنىغاندەك بولدى .
— ئاكا ، ئەر كىشى دېگەن گەپنى بىر قىلىدۇ ، قورقۇتماڭ .

بــايا دېدىمغۇ ، مەن پەقەت بىرلا ئىشتىن — ئۆلۈكۈم بۇ يەردە قېلــىــشــتــىــن قورقىمەن ، خۇدا ساقلىسۇن . ئەگەرچەندە بەك ۋەسۋەسىگە قالىدىغان ئىشىڭىز بولسا ، مانا قولۇم . ئانام شۇمەك سالغان ماڭا…

قۇۋان توختىنىڭ ئاۋازى تىترەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدى . سابىر قاسىمنىڭ پورۇشۇپ كەتكەن ئاغزىنىڭ چۆرىسىدىكى قورۇقلار يۇزىگە تاراپ كۇلۇمسىرىدى :

— قوپە ئۇكام ، ئوت قالساڭ قالا . ئەممازە ، رەنجىمەيسەن ، سەن نەدە بولساڭ تاپانچىنىڭ ئاغزى شۇ يەردە بولىدۇ .

قــۇۋان تــوخــتــى ئــۇنــىڭ كۆزىنىڭ ئىچكىرىسىگە تازا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن ، ئورنىدىن تۇرۇپ مەشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ زوڭزايدى . ساقچىنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى . چىرايىدا ، ئادەم ئۆلتۇرۇشنى پاشا ئۆلتۇرگەندەك ئانچىكى بىر ئىش ھېسابلايدىغان بۇ ئادەمنى قويۇۋەتكىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىش ئىپادىسى بار ئىدى . قۇۋان توختىنىڭ كىشىنى تەئەججۇپلەندۇرىدىغان جىمغۇر ھالىتى ساقچىنىڭ ۋەسۋەسىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى ، تاپانچا تۇتقان قولىنىڭ پېيى تارتىشقاندەك بولدى .

— نېمىگە قاراپ ئولتۇرىسەن ؟ — كانىيىغا بەلغەم قاپلىشىپ قالغان ساقچى خىرقىراپ قالدى .

قــۇۋان تــوخــتــى قايرىلىپ ئىپادىسىز بىر قاراپ قويغاندىن كــېيىن ، مەشىنىڭ ئىچىگە قولىنى سېلىپ كوچىلاشقا باشلىدى . ســاقچى قىمىر قىلماستىن پۇتۇن دىققىتى بىلەن ئۇنى كۆزىتىپ تــۇراتتى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى مەشىنىڭ يېنىدىكى كاللەك ـ كاللەك كۆمۈرگە چۈشۈپ ئۆزىچە قورقۇپ كەتتى .

قــۇۋان تــوخــتــى خــېــلــى ئۇزاق ھەپىلىشىپ ئاخىر ئوتنى تۇتاشتۇردى . ئوت چاراسلاپ بىرپەستىلا ياتاقنى خېلى ئىسسىتتى . ساقچىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان ۋەسۋەسىمۇ ئاستا ـ ئاستا يوقىلىشقا بــاشــلــىــدى . ئــۇ چــوڭــقــۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ كارىۋىتىغا ئولتۇردى ، تاپانچىسىنىمۇ يېنىغا قويۇپ قويدى .

— قانداق ، ئەمدى چىكەمسەن ؟
— ھېلىمۇ چەكمىدۇق ، ئاغزىڭىزغا ناۋات ، سابىر قاسىمكا .
ئۇلار سىرى چۇشۇپ كەتكەن تاماكا قۇتىسىدىن كۆك موخوركا ئېلىپ تەڭلا يۆگەشتى .
— ئۇھ... يائاللا ، كاللام ئەمدى جايىغا چۇشتى . ھېچنېمىگە تەڭ قىلمايمەن جۇمۇ بۇنى . بىر تارتىپلا بىزنىڭ تۇمەنتەلىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم .
— چوڭىنىمۇ چېكىپ باققانمۇ ؟
— كىچىك ۋاقتىمدا بىزنىڭ مەھەللىدە قىمارۋازلارغا جەزخورلۇق قىلىپ بېرىدىغان ئوسمان توكۇر دەيدىغان بىرى بولىدىغان ، ئۇ بىر قېتىم : «ۋاي بالام ، بىر چېكىپ باق . دەسلەپ چەككەندە ئادەم بېھىشنى كۆرىدۇ» دېسە ، قىزىقىپ چېكىپتىمەن ئەمەسمۇ ، ئۆيگە ياناشىمدا خۇدۇمنى يوقاتقاچ يولدىكى ئېشەك سۇيدۇكى دەريا كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ . ئۇلۇغ سۇدىن ئۆتىمەن دەپ كىيىملىرىمنى سالغىنىمنى بىلمەن ، شۇ يەردە يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتىمەن .
— پىخ ... خ ، ھى... ھى... ھى... راستىنلا بېھىشنى كۆرۈپسەن ـ دە !
سابىر قاسىم باشتا پىخىلداپ ، ئارقىدىن خۇددى ئايال كىشىدەك زىل ئاۋازدا قاتتىق كۇلۇپ كەتتى ، كۇلكىنىڭ ئاخىرى يۆتەلگە ئايلىنىپ ، ياندۇرالماي خېلى قىينالدى .
— بىر كەمدە ئويغانسام چوڭ يولدا قىيپالڭاچ ياتمايمەنمۇ ، ئادەملەر ياقىسىنى تۇتۇپ ، خوتۇن خەقلەر يۇزىنى يۆگىۋېلىپ ئۆتۇپ كېتىۋاتىدۇ . نومۇستىن ئۆلمىدىم ، ئۇنىڭ بىرىسى بولدۇم . ئورنۇمدىن تۇرۇپ بەدەر قاچتىم . شۇنىڭدىن بېرى نەشە دېگەن ئوغۇل بالا چېكىدىغان نېمە ئەمەسكەن دېگەن ئويغا كېلىپ ، ئىككىنچى قولۇمغا ئالغۇچى بولمىدىم . ئاكا ، ئۆيمۇ خېلى ئىسسىدى . ئەمما ئىچىمدىن ھېچ ئىسسىمايۋاتىمەن ، شۇ تاپتا قورسىقىم داپ چېلىپ كېتىۋاتىدۇ . ئازراق ئىسسىق ئىچىۋالساق

بولاتتى .

— توختا ، گۆيىنىڭ ئەقلىنى ، دېمىسەڭ يادىمدا يوق . ئاۋۋال مانىڭدىن بىر يۈتۈمدىن قېقىۋېلىشىپ سەل ئىسسىۋالىلى ، ئاندىن ئاشخانىغا چىقىپ باقىلى . بولسا شۇ تاپتا ئۆزۈپ تاشلاپ ئەتكەن ئاشتىن بىر قاچىدىن بولسىدى . ئەمما بۇ چۆللۈك ماكاندا تاماق دېگەن نەرسىمۇ بارمىدۇ !

ئۇ يېشىل برېزېنت سومكىسىدىن سەل يېرىمدىغان بىر بوتۇلكا «ئىلى هارىقى» نى چىقىرىپ ئۆزى غورتىلدىتىپ بىرنەچچە يۇتۇم ئىچتى .

— تۇته ئىچ ، دوزاختا بىللە كۆيەرمىز .

هەر ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشتى .

— خۇدانىڭ قورسىقى بەك كەڭ دەيدۇ ، گۇناهىمىزنى تىلىسەك ئۆته .

ئۇلار خۇددى ئاكا ـ ئۇكىلاردەك ياندىشىپ مېڭىپ ئاشخانىغا چىقىشتى . لېكىن سابىر قاسىم سەل خەۋپسىرەپ ، تاپانچا بار يانچۇقىدىن قولىنى چىقارمىدى .

## 5

— كويزىنى سېلىپ كارىۋاتقا باغلاپ قويىمىسىز ؟ — دېدى قۇۋان توختى يېتىشقا تەرەددۇتلىنىۋېتىپ .

سابىر قاسىم كۈلدى :

— قۇناخۇن ، ئۆزۈڭ دەپ باقە ، سەنچە سېلىپ قويسام بولامدۇ ، سالمىسام بولامدۇ ؟ هېلىقى چاغدىكى ۋەهشىيلىكىڭ يادىمغا يەتسە ، رەسمىي گەپنى قىلسام تېنىم تىكەنلىشىدۇ ، قولۇڭغا كويزىنى سېلىپ ، كارىۋاتقا باغلىۋەتكۈم كېلىدۇ . ساقچىغا ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلغىنىڭنى ، باياتىنقى گەپ ـ سۆزلىرىڭنى دېسەم ، باشقىچە ئويدا بولمەن . قېنى سەن يۈرىكىڭدىكى گەپنى قىلە .

— سىز ياشىنىپ قالغان ئادەم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەلمەن .

خاتىرجەم بولالمىسىڭىز سېلىپ قويۇڭ . ھە... تولۇق ئىشەنچ قىلالىسىڭىز سالماڭ . يەنە ئېيتىپ قوياي ، مەن سىزنى يەرگە قارىتىدىغان ئىشنى قىلسام ، ئادەم بولماي كېتەي !

— پۇتۇم ئەجەب قىچىشتى . سەن بىلەن سۆزلەشمىسەم بوپتىكەن . سەل خىجىل بولۇۋاتىمەن . كويزا سېلىشقا قولۇم بارمايدىغاندەك قىلىدۇ . كېلە ، يەنە بىر پۇتۇمدىن قېقىشتۇرۇپ ئاندىن ياتىلى ، سەن پاراڭ سېلىپ بەر .

— كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭىز ، سابىركا ، مەنمۇ شۇنى دەي دەپ تۇراتتىم . بايىقى بىر پۇتۇمنى ئىچمىگەن بولسام ئىسسىمايتتىم ، يەنە بىرئاز ئىچسەم كۆڭلۈممۇ ئارام تېپىپ قالسا ئەجەب ئەمەس .

سابىر قاسىم بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىككى پۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن بوتۇلكىنى قۇۋان توختىغا بەردى :

— تۇتە ، كۆڭلۈڭ ئارام تاپىدىغان ئىش بولسا ئىچە . ھەممىسىنى ئىچىۋەتسەڭمۇ مەيلى .

قۇۋان توختى بىر كۆتۈرگەنچە بوتۇلكىنى خېلى يېرىمداپ قويدى .

— بەللى ، بۇنى ئىچىشتە مەن ساڭا تەڭ كېلەلمىگۈدەكمەن . قۇناخۇنباي . ئەمدى پاراڭ قىلە ، ھېچ ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس .

سابىر قاسىم تاپانچىسىنى ياستۇق ئاستىغا تىقىپ قويۇپ ، يوتقانغا چىڭ يۆگىنىۋالدى .

— دەيدىغان گەپقۇ تولا ، شۇزە قايسىسىنى دەپ ، قايسىسىنى قويۇشۇمنى ھېچ بىلەلمەيۋاتىمەن .

— سەن تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قېچىپ ، ھۆكۈمەت ئۈن ئالتە يىلنىڭياقى ئىزدەپ تاپالماي ئۇنتۇپ قالاي دېگەندە ئۆزىدەرىگەندەك ئۆزۈڭنى مەلۇم قىپسەن . ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشىڭگە نېمە مەجبۇر قىلدى ؟ سېنى ياشاشتىن بەزدۈرگەن نەرسە زادى نېمە ؟ يۈرىكىڭدىكىنى بىر دېگىنە . بىز خېلى ئۆز بولۇپ قالدۇق .

قۇۋان تـوختىنىڭ خېلى ئېچىلىپ قالغان چىرايى بىردىنلا تۇتۇلدى . كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىدى .

## 6

شۇ مەزگىللەردە ئۇرۇمچىدىمۇ تازا قاتتىقچىلىق ئىكەن . پولات تاۋلاش ، كوممۇنا ئاشخانىسى دېگەنلەرنىڭ ئۇ يەردىمۇ بارلىقىنى خــيــالــىــمــغــا كــەلتۇرمەپتىكەنمەن . خەقلەر يوغان بىلگەن بۇ شەھەردىمۇ جان باقماق تەس بولدى . شۇنىڭ بىلەن غۇلجىدا كۈن ئــالــمــاق ئــاسانراقمىش دېگەن گەپلەرگە ئىشىنىپ ، شۇ تەرەپكە كــەتــتــىم . مېنىڭ تارتقان كۈنلىرىمنى خۇدا ھېچبىر بەندىسىگە كۆرسەتمىسۇن . ئىتنىڭ كۈننى كۆردۈم دېسەممۇ بولىدۇ .

قــىــش كــۈنــى ھاۋا بــۇزۇلسىلا ، قار دېگەن پاختەكتەك ــ تورغايدەك چۇشۇپ تۇرىدىغان غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەممە يېرىنى تاكى باھارغىچە ئاپئاق قار قاپلاپ تــۇرىــدىــكــەن . كــوچــىــدا ماشــىــنــا ، ئات ــ ھارۋا بىلەن ئۇيان ــ بۇيان ئۆتۈشۈۋاتقان ئادەملەر شۇنداق كــۆپ . مــەن مــاغدۇرسىز پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكەپ ، تېنەپ ــ تــەمــتــرەپ يۈرۈپ ، ئاخىر چوڭ بىر ئاشخانىغا كىرىپ قالدىم . ئاشخانىدا ئادەم شۇنداق كۆپ بولۇپ ، ۋاراڭ ــ چۇرۇڭدىن ئادەمنىڭ قۇلىقى پۈتۈپ كېتىدۇ . ئادەملەر بىر تۆشۈككە ئۆچىرەتتە تۇرۇپ بېلەت ئالسا ، يەنە بىر تۆشۈكتىن قىستىشىپ تاماق ئالىدىكەن . ئــۆچــىــرەتتە بىرى «ۋايجان»لاپ قاقشىسا ، بىرى كىم بىلەندۇر تىللىشىپ ئاشخانىنى بېشىغا كىيەتتى ، ئۆچىرەتنىڭ ئالدىدا :

— ماڭا ئىككى قاچا ئاشقا بېلەت كېسىۋېتىڭ...

— ۋاي ، مەن قاراپ تۇرغىلى نەۋاخ ، ماڭا بەرمەمسىز !...

دېــگــەن ئاۋازلار ياڭرايتتى . ئىشقىلىپ ، ئالدىراپ بېشىنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ بىر تۆشۈكتىن بېلەت ئېلىپ ، يەنە بىر تۆشۈكتىن ئاشنى ئېلىپ بولغۇچە ئىككى سائەتچە ۋاقىت كېتەتتى .

«ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» ئىكەن ، دېدىم مەن بۇ

ئـەھۋاللارنى كۆرگەندىن كېيىن . لەگمەن ئۈستىگە يېرىم قوناق مومىسى بېسىپ بېرىدىغان ئىشچۇ تېخى ! ئادەم ئاران تەستە ئالغان ئاشنى كۆتۈرۈپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بولغۇچە يەتتە ـ سەككىز تىلەمچى ئەتراپىغا ئولىشىپ بولىدۇ . ئاش ئالغۇچى ئىچىدە مىڭنى تــىللاپ ، ھومايغان ، قاقشىغان ھالدا لەگمەن ئۈستىدىكى يېرىم قــونــاق مــومــىسىنى قانچە تىلەمچى بولسا شۇنچە پارچە قىلىپ ئـۈلـەشـتـۈرۈپ بېرىپ قۇتۇلىدۇ . تىلەمچىلەر قولغا چۈشكەننى ئـۈدۈلــلۇق ئاغزىغا سېلىپ يالماپ دېگۈدەكلا يۇتۇپ ، يەنە باشقا تەرەپلەرگە يۈگۈرىدۇ .

مەن بۇ ئەھۋاللارغا بىرھازا قاراپ تۇردۇم ، ئاغزىمغا سېرىق سـۇ يـىـغـىـلىپ كەتتى . ئاچلىقتىن بېشىم قېيىپ كېتىۋاتىدۇ ، ئۇلاردەك قىلىشقا ۋىجدانىم قويمىدى . شۇ ئەسنادا ، كېلىشكەن بىر چـوكـان ئـالـغان ئېشىنىڭ يېرىمىنى شۇنداقلا ئاشۇرۇپ قويۇپ ئاغزىنى سۈرتكىلى تۇرۇۋىدى ، مەيلى خەق نېمە دېسە دېسۇن ، بۇ يەردە ھېچكىم مېنى تونۇمايدۇ ، بېرىپ يېمەيمۇ دەپ ئورنۇمدىن قوزغىلىشىمغا ، بەش تىلەمچى چۈجىگە ئېتىلغان سادەك يۈگۈرۈپ كـېـلـــىپ ، تاۋاقنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىشتى ـ دە ، مەينەت قوللىرى بىلەن سىقىملاپ ئېلىپ ئاغزىغا تىقىشتى... مەن ئاغزىمغا كـەلـگـەن سېـرىق سۇنى غۇرتتىدە يۇتۇپ ، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم . شۇ چاغدا ، كىرلىشىپ كەتكەن كۆك پەشتاما تارتقان چار ساقال بىر ئاشپەز ئىككى چېلەك ئاش سۈيىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئـاچىقىپ ، ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قويدى . تىلەمچىلەر چـېلەك ئەتراپىغا ئولاشتى . ئاشپەز ئۇلارنىڭ قاچىلىرىغا بىر ـ بـىـرلەپ ئاش سۈيىنى ئۇسۇپ بەردى . مەنمۇ تەستە ئورنۇمدىن تـۇردۇم ـ دە ، يېنىمدىكى شىرە ئۈستىدىن بىر تاۋاقنى ئېلىپ چـېـلەك تۈۋىگە باردىم . ئاشپەز چىرايىمغا قاراپمۇ قويماستىن ، تاۋىقىمغا ئاش سۈيى توشتۇرۇپ بـەردى . مـەن ئـۆرە تـۇرۇپـلا پـۈۋلـەپ ـ پۈۋلىمەي بـىـرنـەچچـە ئوتلاپلا ئىچىپ بولۇپ ، يەنە تەگلىدىم . ئاشپەز چېلەكنىڭ تېگىدە قالغىنىنى كۆتۈرۈپلا قاچامغا

تۆكتى . خۇداغا شۈكۈر ، ئۇنىڭدا ئانچە - مۇنچە چۆپچەك ئېزىكلىرىمۇ بار ئىكەن . نېمىلا بولمىسۇن ئىككى تاۋاق ئاش سۈيى بىلەن قورسىقىم خېلى ئارام تېپىپ قالدى . بەدىنىممۇ ئىسسىغاندەك بولدى . شۇ كۈنى كەچ كىرگۈچە ئاشخانىدىن چىقمىدىم . ئارىدا بىر بوۋاي لەڭمەننىڭ ئۈستىدىكى يېرىم قوناق مومىسىنى بەردى . كەچقۇرۇن ئاشخانىنى تاقايدىغان چاغدا يەنە ئىككى تاۋاق ئاش سۈيى ئىچىۋېلىپ ، كېچىنى ئاشخانىنىڭ ئوچىقى تۈۋىدە يېتىپ ئۆتكۈزدۈم . بۇ جەرياندا ، رەھىمدىل بىر بوۋاي بىلەن تونۇشۇپ قالدىم . ئۇ ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىدىغان ئادەم ئىكەن . ئەتىسى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئېغىر - يېنىك ئىشلارغا قاراشتىم . بوۋاي ئاشنىڭ مونەك - چۆنەكلىرىدىن لىق بىر تاۋاق ، بىر دانە قوناق مومىسى ئاچىقىپ بەردى . كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ ، بىر ھەپتىدىن كېيىن ، ئاشخانا باشلىقى قاچا - قۇچىلارنى يىغىپ يۇيۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى . ئارىدىن يېرىم يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندە ، ئۇلار مېنىڭ ئاشپەزلىك ھۈنىرىم بارلىقىنى ئۇقۇپ ، خېمىر يۇغۇرىدىغان ، ئاش تارتىدىغان ئىشلارغا سالدى . دەسلەپتە ، چىرايىمنىڭ بەتبەشىرىلىكى ئۇلارنى يىرگەندۈرگەندەك قىلغان بولسىمۇ ، قولۇم ئەپچىل ، ئايىغىم يېنىك بولغاچقا ، ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئىچىكىپ قېلىشتى . بەش يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، تونۇش ساقچىلار ئىزدەپ كېلىپ قالدى . ئۇلار مېنى تونۇمىغان بولسىمۇ ، يۈرىكىم بىر پېشكەللىكنى سەزگەندەك پوكۇلداپ ، پۇت - قولۇم كالۋالاشقىلى تۇردى . ھەر خىل ئىشلارنى باھانە قىلىپ ، ئىلاج بار ئۇلارنىڭ كۆزىدىن نېرى بولدۇم - دە ، ئاستا - ئاستا روھىي كەيپىياتىمنى رۇسلىۋالدىم . ساقچىلارمۇ مېنى تونۇپ قالمىدى .

ئاشخانىنىڭ روزاخۇن ئىسىملىك ، ياشتا چوڭ بىر ئاشپىزى بار ئىدى . ئۇ بىر كۈنى مېنى ئۆيىگە باشلاپ باردى . تاماق ئۈستىدە ئۇيان - بۇيانىنىڭ پاراڭىنى قىلىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ ، ئاخىرىدا ئۇ ئۆيىدە بىرنەچچە يىل بۇرۇن خوتەندىن ئەكەلگەن بىر بالا باققۇچى

قىزنىڭ بارلىقىنى ، ھازىر بويىغا يەتكەنلىكىنى ، مەن ماقۇل كۆرسەم بېشىمىزنى قوشۇپ قويماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . مەن روزاخۇن ئۇستامنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتىم . بۇ ھالدا ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى ياندۇرۇشقا بولامتىمۇ ؟ ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە ئاينۇرخان ئىسىملىك ، يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەن بۇ قىز بىلەن ھەشەمەتسىز توي قىلىشۋالدىم . ئۇ باشتا مېنىڭ تەلەتىمدىن سەسكەندى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ئۇنىڭدىن ئون نەچچە ياش چوڭ ئىدىم . ئەمما ئاتىدارچىلىق قىلىپ بېشىنى سىلىغان ، بېقىپ چوڭ قىلغان روزاخۇن ئۇستامنىڭ گېپىگە كۆنمەي ئامالى قانچە دەيسىز . ئۇ ئىلاجسىز تەقدىرگە تەن بېرىپ ، ئاستا ـ ئاستا ماڭا ئۆگىنىپ قالدى . كېيىنچە خېلى ئامراق ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولۇپ قالدۇق . ئۇنىڭ ئايىغى يارىشىپ ، مەنمۇ ئاشخانىنىڭ رەسمىي ئاشپىزى بولۇپ قالدىم . ئاينۇرخان ئىككى قېتىم كەينى ـ كەينىدىن قوشكېزەك تۇغۇپ بەردى . باللىرىمىز بىر ـ بىرىدىن ئوماق ئىدى . كېيىن يەنە بىرنى تۇغۇپ ، ھەش ـ پەش دېگۈچە بەش باللىق بولۇپ قالدۇق . ئاينۇرخان بەش بالىنى باققاچ ئۆينىڭ ئىشلىرىنى قىلدى . ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە تولۇپ ، گۈزەللەشمەكتە ئىدى . مەن ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرۈمنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەم ئۆتىدىغانلىقىغا ئىشەنسەممۇ ، بىر نەرسە يۈرىكىمنى تاتىلايتتى ، ئۇ بولسىمۇ يۇرتۇمنى سېغىنىش بولۇپ ، بېرىشنى قانچە قېتىم ئويلىدىمىيۇ ، ئەمما جۈرئەت قىلالمىدىم . يۇرتۇم يادىمغا يېتىپ پىغانىم ئۆرلىگەن ھامان ھاراق ئىچىپ ، پاراكەندە بولغان كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇراتتىم .
ئۇ تەرەپلەردە ، ئورما ئايلىرىدا ئاشخانىنى ئورمىلىققا كۆچۈرۈپ تىجارەت قىلىدىغان ئادەت بار . بۇ يىل ئورما ۋاقتىدا ئاشخانىمىزنى ئېتىزغا كۆچۈرۈپ ئون بەش كۈن ئۆتكەندە ، ئائىلەمنى يوقلاپ كېلەي دەپ شەھەرگە يول ئالدىم . شەھەرگە كىرىشىمگىلا بىر ئاغىنەم تۇتۇۋېلىپ ئۆيىگە باشلاپ باردى . بىز پاراڭلاشقاچ بىر ـ ئىككى رومكىدىن ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ ، يېرىم كېچە بولغىنىنى تۇيماپتۇق . ئاغىنەمنىڭ قونۇپ قال ، دەپ تۇتۇشىغا ئۇنىماي ئۇزاپ

چىقىپ ئۆيۈمنىڭ بوسۇغىسىنى تاپقۇچە، توخۇلار چىللاشقا باشلىدى. مەن ئۇزۇن يول بېسىپ خېلىلا چارچاپ كەتكەنىدىم، بىمەھەل چاغدا ئىشىك قېقىپ خوتۇن - بالىلىرىمنى پاراكەندە قىلىپ يۈرمەي، ھويلىدىلا يېتىپ ئۇخلاپ تاڭ ئاتقاندا كۆرۈشمەيمەنمۇ دەپ، ھويلا تېمىدىن تەستە ئارتىلىپ چۈشتۈم. چۈشتۈميۇ، شۇئان پېشانەمگە بىرنى ئۇرۇپ، خۇدا، كۆزۈمگە نېمىلەرنى كۆرسىتىۋاتىسەن دەپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىدا ئايالىم يات بىر ئەر بىلەن قۇچاقلاشقان پېتى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى…

## 7

قۇۋان توختىنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى. سابىر قاسىم تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شورىدى.

— مەن ساقچىغا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغاندا، بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىماسلىقنى شەرت قىلغان، ئىچىمدە قالسۇن دېگەن. يەنە بولمىدى، سىزگە شۇنداقلا دەي، قالغىنىنى ئۆزىڭىز چۈشىنىۋالارسىز. شۇنداق ئېغىر كۈنلەردە توي قىلىپ، ئون بەش يىل ئۆي تۇتۇپ، ئۈچ قىز، ئىككى ئوغۇلنىڭ ئانىسى بولغان خوتۇنۇمنىڭ ئۆز ئېرىگە خىيانەت قىلىپ يات ئەرنىڭ قوينىدا ياتقىنىنى كۆرگەن ئەركەك بۇنداق خورلۇققا چىدىيالامدۇ؟! مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. بىر شەيتىنىم: بوغۇزلا، ئىككى تۈزكور خىيانەتچىنى بوغۇزلا! بول، قاراپ تۇرما. ۋىجدانىڭ بار ئوغۇل بالا بولساڭ بوغۇزلا! يوقات. شۇنداق قىلساڭ شەرمەندىلىك تامغىسى بېسىلىپ ھاقارەتلەنگەن ئەرلىك غۇرۇرۇڭنى ئاقلايسەن. دەپسەندە قىلىنغان ۋىجدانىڭ يۇيۇلىدۇ… دەيدۇ.

يېنىمدىن پىچاقنى سۇغۇرۇۋالدىم. كۆزۈمگە قىزىل قاندىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئۇخلاپ ياتقان پاسىقلارنىڭ بېشىغا قانداق كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. مانا شۇ چاغدا ئۆيدىن

كىچىك ئوغلۇمنىڭ چۇشەكەپ جۆيلۇگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . مانا شۇ سەبىي ئاۋاز ئەقلىمنى سەگىتتى . ئاندىن بوپتۇ ، بۇنىغۇ ئۆلتۈرۈپ ۋىجدانىمنى يۇيارمەن . ئەمما ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن قانداق قىلارمەن . قاچىمەنمۇ ؟ بىر قېتىم قېچىپ بۇ يەرگە كېلىپ قۇتۇلدۇم . ئىككىنچى قېتىم قاچسام ئەمدى نەگە قاچىمەن . قاچسام بالىلىرىمنى ئېلىپ قاچىمەنمۇ ، نەگە بېرىپ قۇتۇلىمەن . بالىلىرىم بىلەن قېچىپ قۇتۇلالمايمەن . ئەمىسە بالىلىرىمنى تاشلاپ قاچىمەنمۇ ؟ بالىلىرىم كىمنى ئانا دەيدۇ ، كىمنى دادا دەيدۇ ؟ يا ئانىسىنىڭ تۇغقىنى يوق ، يا دادىسىنىڭ ، بۇلار كىمنىڭ ئالدىدا قالىدۇ ؟… ياق…

ھازىر بۇلارنى ئۆلتۈرسەم ھۆكۈمەت مېنى ئەمدى بوش قويمايدۇ . شۇ زامان پاسىق خوتۇننىڭ كەينىدىن ئۇ دۇنياغا مەنمۇ بارىمەن . بالىلىرىم… ئاھ… بالىلىرىم . نېمىشقىمۇ مۇشۇنداق ئاناڭلاردىن تۇغۇلۇپ قالغانسىلەر ؟ مېنى ھۆكۈمەت ئاتسا ، ئۆلۈكۈم مۇشۇ ياقا يۇرتتا قالارمۇ ؟ نارەسىدە بالىلىرىم كىمنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالار ، دەپ ئويلىدىم . شۇئان بالىلىرىمنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ، ئىچىم سىيرىلىپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتىم . ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ، ئەڭ ياخشىسى يۇزۇمگە يۇندى چاچقان بۇ ۋاپاسىز خوتۇننى قويۇۋەتسەملا بولمىدىمۇ دېگەن يەرگە كەلدىم ، يەنە بىر تەرەپتىن ، بالىلىرىم ئاشۇ خوتۇننى «ئانا» دېگەننى ئاڭلىسام يۇرەكلىرىم لەختە ـ لەختە بولماسمۇ ؟ ئاخىرى ، بۇ جاھاندىن ماڭا كەلگەن ۋاپا شۇ بولغاندىكىن ، ئەمدى ياشاپ نېمە قىلىمەن ، ئۇنىڭدىن كۆرە ، ئۆلگىنىم مىڭ ياخشى ئەمەسمۇ ؟ مەنلا ئۆلۈپ تۈگىسەم خاپىلىق تۈگەيدۇ . ئايالىم ھىڭگايمىغان بولسا ، بۇ نائەھلىمۇ بۇنداق قىلماستى . بوپتۇ ، بۇمۇ كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرسۇن ، دېدىم…

قۇۋان توختى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بوغۇلۇپ ئۈنى ئۆچتى . سابىر قاسىم چوڭقۇر خىيالغا چۆككەن بولۇپ ، تاماكىسىنى قالايمىقان شورايتتى .

ئۇ بىرھازادىن كېيىن يەنە سورىدى :

— سەن نېمىشقا تۇرمىدە ئادەم ئۆلتۈرۈپ ، شۇ قەدەر ۋەھشىيلىك قىلىسەن ؟

قۇۋان توختى جاۋاب بەرمەستىن ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تاماكا ئوراشقا باشلىدى .

## 8

ئەتىيازنىڭ قويۇن ئارىلاش ئازغىن شامىلى كونا خامانىنىڭ توپان ئارىلاش توپىسىنى قوزغىتىپ ، ئادەملەرنىڭ شامال دارىپ چاۋىرىغان يۈزلىرىگە ئۇراتتى . سوغۇق يىلىك ـ يوپۇڭ دېھقانلارنى رەھىمسىز تىللىرى بىلەن چېقىپ ، كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزاتتى . خامانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياسالغان ئوچاقتا يوغان داش قازان ئېسىلغان بولۇپ ، قازاندا چامغۇر ، كاۋا بولۇشىغا توغرالغان سېرىق قوناق ئۇمىچى قايناۋاتاتتى . ياشقىنا بىر يىگىت ئوچاقتا شاخ ئوتۇنلارنى قاپلاپ تىقىپ ئوت قالايتتى ، چىرايىدىن چاچقۇنلۇقى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى قۇۋان توختى بولۇپ ، مۇشۇ ئەترەتنىڭ ئاشپىزى ئىدى . كوللېكتىپقا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان باغلاردىن كېسىپ كېلىنگەن ھۆل ئوتۇنلار كۇشۇلداپ ئاچچىق ئىس چىقىرىپ كۆيمەيتتى . تۇتۇندىن كۆزلىرى ياشاڭغىراپ كەتكەن قۇۋان توختى پىتىقلاپ قايناۋاتقان ئۇماچنى يوغان نوغۇچتا پات ـ پات قوچۇيتتى . ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەن توك قاغىلار قاقىلدىشىپ خاماننى ئايلىنىپ ئۇچۇشۇپ يۈرۈشەتتى . ئاق قۇشقاچلار قالدۇق توپاننى توزغىتىپ دانلىشاتتى . ئېچىرقىغان بىرنەچچە ئىت خامانىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ نېمىگىدۇر تەلمۈرەتتى .

بۇ چۇشلۇك تاماق مەزگىلى ئىدى . ئاپقۇر ـ كومزەكلىرىنى كۆتۈرۈشكەن دېھقانلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ قازان بېشىغا ئولىشىشقا باشلىدى . ئۇلارنىڭ چوڭقۇر ئولتۇرۇشقان ، نۇرسىز كۆزلىرى ئۇماچ قايناۋاتقان قازانغا مۆل ـ مۆل تەلمۈرەتتى . شامال

دارىغان ، تارتىشىپ كەتكەن گۆشسىز يۈزلەر ئىپادىسىز ئىدى .
— ئادىشاۋا ، ئوتۇننى سېلىشۋېرەمسەن ، ئۆزۈڭنىڭ شەخسىي ئوتۇنۇڭ بولغان بولسا بۇنداق بايۋەچچىلىك قىلماستىڭ . كوللېكتىپنىڭ بولغاندىكىن يېنىڭ ئاغرىمايدۇ ، شۇنداقمۇ ؟ — دەپ ھۆرپەيدى كوممۇنا ئاشخانىسىنىڭ بويى پاكار ، تاز چىراي كەلگەن باشقۇرغۇچىسى ئىسلام ھوشۇر .
بۇ ياپىلاق ، سېرىق يۈزلۈك ، قوڭۇر كۆز ، سىم بۇرۇت ، دائىم قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان ، قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى ئادەم بولۇپ ، دېھقانلارنىڭ يېگەن - ئىچكەنلىرىنى خاتىرىلەش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان مۇتتەھەم ئىدى . بۇ «زەمبىلكەش» كەنت باشلىقىنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈش بەدىلىگە مۇشۇ مەنسەپكە ئېرىشكەن . شۇنىڭدىن بېرى دەللاللىقنىمۇ قاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ كىمكى كۆڭلىگە ياقمىسا ، ئادەم جىق يەردە چېقىشۋېلىپ پۇخادىن چىقىدۇ . ئۆزىنىڭ بۇ كارامىتىدىن ھوزۇرلىنىپ تېرىسىگە سىغماي قالىدۇ . ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر بۆلۈك جان باقتى نان «كۆچۈك» لىرى بار . بۇنداق چاغدا ئۇلار ئۇنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇپ بىرقانچە چۆمۈچ ئۇماچنى ئارتۇق ئىچىۋالىدۇ . مانا ئۇ ھازىر ، يېلىڭ - يوپۇڭ باللىرىنى يېتىلىۋالغان يەتتە - سەككىز دېھقان قازان بېشىغا يېقىنلاپ كېلىۋىدى ، ئادەتتە قانچىلىك قالانسا كارى يوق ئوتۇندىن باھانە ئىزدەپ قوۋان توختىنى چېقىشۋېلىپ باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسەتتى . بۇنىڭسىزمۇ ، كۆزىگە تۇتۇن كىرىپ سەپراسى ئۆرلەپ تۇرغان قوۋان توختىنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى بىر توپ قىز - جۇۋانلار ، بولۇپمۇ توي قىلغىلى بىر ئاي بولغان خوتۇنىنىڭ ئالدىدا يەرگە ئۇرۇلغاندەك بولدى .
— ئاكاۋا ، چىرايلىق دېمەمسەن گېپىڭنى ! ھازىر كوللېكتىپنىڭ ، كوپېراتسىيىنىڭ بولمىغان نېمە قالدى . ئۆيدىكى توخۇ - كەپتەر ، ئىت - مۇشۇككىچە ھەممىسى كوپېراتسىيىنىڭ . ئەزالار كوپېراتسىيىگە ئىشلەۋاتقاندىكىن ئۇماچنى ئوبدانراق

قايىنتاي دېدىمغۇ ! بولمىسا خام ئۇماچ قورساقنى ئاغرىتامدۇ ؟ ئاش دېگەن ئوت قالىغاندا پىشىدۇ . مەندە تۆت پۇل ئېلىشنىڭ باردەك ، نېمە ئىتنى سىلكىگەندەك ۋارقىرايسەن !

— هە ، ۋارقىرايمەن ، قانداق ؟ ماۋۇ سويمەكنىڭ گېپىنىڭ يوغانلىقىنى كۆر ، هۆكۈمەت مېنى ساڭا ئوخشاش قوڭالتاقلارغا ۋارقىراشقا قويغان . تولا كاسىلدىماي ئۇمىچىڭنى قايىنات .

ئىسلام هوشۇرنىڭ كۆكەملىكىدىن قورسىقى كۆپكەن قۇۋان توختىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى .

— ئۇمىچىمنى قايناتماي دەللاللىق قىلمىدىم بىر يەردە ! — دېدى ئۇ .

قازان بېشىدا تۇرغانلار دەردى چىققاندەك پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى . بۇ گەپ بىلەن تەڭ ئىسلام هوشۇرنىڭ چىرايى تۇمۇردەك قارىداپ ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتتى . گەپ ئۇنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تەگكەندى .

— هە ، كۆرەلمەس ئىچى زەهەر سويمەك ! مەن بىركىمنىڭ دەللاللىقىنى قىپتىمەنمۇ ؟ ئېيتە زادى ، كىمگە دالالاللىق قىپتىمەن !

ئىسلام هوشۇر شۇنداق دېگىنىچە ، قۇۋان توختىغا ئېتىلىۋىدى ، باشقىلار ئارىغا چۈشۈپ ئۇنى تۇتۇۋالدى .

— هاي ، ئىسلىماخۇن ، ئېغىرلىق رەهمانلىق ، يېنىكلىك شەيتانلىق . ياش بالا بىلەن تەڭ بولمىسىلا . سىلە كىچىك ئادەم ئەمەس ، ئەترەتتە تۆتنىڭ بىرى . پەيلى شەيتان ئەمەسمۇ ، ئاچچىق كەلگەندە ئېغىزدىن نېمە چىقمايدۇ . بولدى قىلسىلا .

دەردى چىققان چوڭلار ئىچىدە مىڭ خۇشلۇق بىلەن ، ئىسلام هوشۇرنى بەزلەپ ، قۇۋان توختىنى ئەيىبلىگەن بولۇشتى .

— سەن دېگەن تېخى تۇنۇگۈن تامبال كىيگەن سېرىق تۈك سويما . ئىسلامجانغىمۇ شۇنداق گەپ قىلامسەن ، كالۋا . خېلى تۈزۈك بالا بولدى دېسەكزە ، تازا گەدەنكەش بىرنېمە بولدۇڭمۇ نېمە ، هوي !

مويسىپىتلەرنىڭ مەنىلىك كۆز يۇمچەكلەشلىرىدىن ھەممىنى چۈشەنگەن قۇۋان توختى بىشىنى تۆۋەن سىلىپ ئۇماچنى ماتىلاش بىلەن بولدى . خەقلەرنىڭ ئۆزىنى «مەدھىيىلەپ» قۇۋان توختىنى تىللىغىنىنى كۆرگەن ئىسلام ھوشۇرنىڭمۇ ئۆپكىسى بىسىلدى . ئەمما «دەللال» دىگەن ھىلىقى گەپ خۇددى بىلىقنىڭ قىلتىرىقىدەك يامان يىرىگە تۇرۇۋىلىپ ھەر قىتىم يادىغا يەتسە قىيناپ ، قۇۋان توختىنى چايناپ يۇركۇۋەتسىمۇ دەردى چىقمايدىغان قىلىپ قويغانىدى .

ئەزالار ئۆچىرەت بولۇپ تىزىلىشتى . باللار قورساقلىرى ئاچقانلىقتىن ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پەش ـ پاقالچاقلىرىغا ئىسىلىۋىلىپ يىغلاپ غەلۋە قىلىشاتتى . ئىسلام ھوشۇر قىلىن ، كىر بىسىپ كەتكەن دەپتىرىنى ئىچىپ ، ھەر قىتىمقىغا ئوخشاش ھەربىر ئائىلە باشلىقىنىڭ ئىسمىنى ۋە ئەر ـ ئايال ، چوڭ ـ كىچىك جان سانىنى ئوقۇشقا باشلىدى . قۇۋان توختى ئىسمى ئوقۇلغان ئائىلىدىكى ھەربىر ئەرگە ئىككى چۆمۈچتىن ، ئايالغا بىر يىرىم چۆمۈچتىن ، باللارغا بىر چۆمۈچتىن ھىسابلاپ ئۇماچ ئۇسۇپ بىرەتتى . ئىسلام ھوشۇرنىڭ كۆزىنىڭ قويرۇقى قازاندا بولۇپ ، چۆمۈچ سەل ئۇيان ـ بۇيان بولۇپ كەتسە ، قۇۋان توختىنى تىللايتتى . بولۇپمۇ ، يىرىم چۆمۈچ ئۇماچنى ئۇسۇماق ھەممىدىن تەس ئىدى . ئاز ئالسا چۆمۈچكە يۇقۇۋىلىپ ، قاچىغا ھىچنىمە چۈشمەيتتى ، جىق ئالسا ئىسلام ھوشۇر شالىنى چاچاتتى .

— ئىمىن تۇرا ، ئون بىر يىرىم چۆمۈچ .

قوۋۇزلىرى كىرىشىپ كەتكەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر دىھقان ئاش ئۇسۇلۇپ بولغان ساپال كومزىكىنى جايىدىن قوزغىماي ، ياش تۆككەن ھالدا يالۋۇرۇشقا باشلىدى :

— ئوبدان ئۇكىلىرىم ، قەرزنى ئاشۇرۇپ يازساڭلارمۇ ، ماڭا ئىككى چۆمۈچ ئۇماچ قوشۇپ بىرىڭلار ، چۆچۈرىدەك سەككىز بالام بار ، قورسىقى تويمايدىكەن ، ئوبدان ئىسلىماخۇن ، قۇناخۇن ئۇكام .

قۇۋان تـوخـتى خىجىلچىلىقتىن باشقا تەرەپكە قارىۋالدى .
ئىسلام ھوشۇر شالىنى چاچتى :
— يـاق ، بـولمايدۇ . قوشۇپ بېرىدىغان ئابخۇدايا يوق بۇ يەردە . سەن سىنىپى يات ئۇنسۇر ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە . كوممۇنا ئاشخانىسىنىڭ تامىقىغا پۈتۈن خەلق تويۇپ ، باياشات ياشاۋاتسا ، ســەن ئـۇلـۇغ داھىــيــمىز ماۋجۇشىغا ، كوممۇنايىمىزغا قارشى تۇرماقچىمۇ ، بۇزۇق !
— يـاق ، يـاق ! ئۇكام ، مەنمۇ تويدۇم . كوممۇنادا تويۇپ كـېـكىرىپ ، باي ـ باياشات ، پاراۋان ياشاۋاتىمىز . ماۋجۇشىغا ، پـارتـىـيىگە چىن دىلىمىزدىن سادىقمەن . پەقەت ئاشۇ ئەقىلسىز گۆدەك بالىلارنىڭ قورسىقى تويماي خاپا قىلىۋاتىدۇ . مەن خۇش بـولاي ، ئـىـكـكى چۆمـۈچ ئۇماچ قوشۇپ بەرسەڭلار . ئوبدان مـۇسۇلمانلار ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىمىسىمۇ ، بالىلىرىمغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن .
ئـىمىن تۇرا بىر تېرە ، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ئوچۇق مەيدىسىگە مۇشتلاپ يىغلىغىلى تۇردى .
— راسـت ، ئـىـمـىـن تـۇرانىڭ بالىلىرى كىچىك ، غەرەز ئـۇقمايدۇ ، بۇ پاراغەت تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ ، تويسىمۇ تويدۇم دېمەيدۇ . قوشۇپ بېرەيلى .
— راست ، قوشۇپ بېرەيلى بىچارىگە .
— قوشۇپ بېرەيلى .
— ...
ئۆچىرەتتە تۇرغانلار ئۇنىڭغا خەيرخاھلىق قىلىشىدى . ئىسلام ھوشۇر بۇ خىل ھېسداشلىقنىڭ بىلىگە تەپتى :
— يـاق ، بـولمايدۇ دېگەندىكىن بولمايدۇ . بۇنداق باياشات دەۋردە كوممۇنا ئاشخانىسىنىڭ تامىقىغا قورساق تويمىدى دېيىش ئۇلـۇغ مـاۋجـۇشـىغا ، پارتىيىمىزگە ، سوتسىيالىزمغا قىلىنغان ھـاقـارەت . بـۇنـداق دېـيـىشكە ھەرگىز يول قويمايمىز . ھازىر ھەممىمىزنىڭ قورسىقى توقمۇ ـ توق ئەمەسمۇ ؟

— توق ! — دەپ ۋارقىراشتى قورقۇپ كەتكەن دېھقانلار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ .

— ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن ، مۇسۇلمانلار ، بالىلىرىمغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن ، ئۇلار تويغىنىنى بىلمەيدۇ .

ئىمىن تۇرا ئېچىنىشلىق يىغلاپ يالۋۇرۇۋەردى .

— ئەكىلە ئاكا ، كومزىكىڭنى ! — قۇۋان توختى ئۇنىڭ نالىسىگە چىديالماي ، ئىككى چۆمۈچ ئۇماچنى ئۇسۇپ بەردى ، — ماۋۇ ئىككى چۆمۈچ ئاش ماڭا ھېساب بولسۇن ، خالايىق . كۆپچىلىك :

— ئاتاڭغا رەھمەت ، قۇناخۇن ، — دېيىشىپ خۇرسەن بولۇشتى .

— كىمگىنى زاڭلىق قىلىسەن ، سېرىق تۇك ! بۇ ھوقۇقنى ساڭا كىم بەردى ؟

ئىسلام ھوشۇر خورازنىڭ جۇغدىيىكىنى چىقىرىپ كەلگەن بويى قۇۋان توختىنىڭ قۇلىقى تۇۋىگە بىر مۇشت سالدى . تۇيۇقسىز تەگكەن مۇشت ئۇنى دوم يىقىتتى ، چاققان كېلىپ قازاننىڭ گىرۋىكىنى تۇتۇۋالمىغىنىدا ، قازانغا بېشىچە كىرىپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى . ئۇنىڭ قازاننىڭ گىرۋىكىنى تۇتقان قولىدىن قان سىرغىشقا باشلىدى .

## 9

«تەتۇر جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئاشۇ نامەرد خۇمسىنىڭ بېشىنى ئۇماچ قازىنىغا تىقىش بىلەن ئۇڭ قىلالامتىڭ ؟ ئاچچىقىڭغا ھاي بېرىپ ئۆزۈڭنى بېسىۋالساڭ بولمايتتىمۇ» دەپ ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزۈمگە جىق تاپا قىلدىم . ۋاي ئىسىت ، ۋەزىپەم ئاشپەزلىك بولغاندىكىن ، ئۇمىچىمنى قايىنىتىپ ھەر كىشىگە ئۆز تېگىشلىكىنى بېرىپ ، خۇدا جاجىسىنى بەرگۈر كادىر نېمە قىل دېسە شۇنى قىلسامچۇ !... مەن «ئۆچكە يىغى» گۇيتوزىمۇ ۋىجدانىم

قايناپ كېتىپ شۇ ئىمىن تۇرا كۆك تۆشكە ئىككى چۆمۈچ ئۇماچنى ئارتۇق ئۇسۇپ بەرمىگەن بولسام، مەن ئۇنداق قىلىپ تاشلىغان تەقدىردىمۇ، ھېلىقى ئىسلام ھوشۇر دېگەن سىركە پىياز پەپىلەك پىت ئۇچەيلىك قىلىپ جودا تېرىپ، سەن سىنىپىي دۈشمەنگە يان باستىڭ، سەنمۇ سىنىپىي دۈشمەن، سېنى ئۇنداق قىلمايدىغان بولسام، بۇنداق قىلمايدىغان بولسام، خەپ توختاپ تۇر، دەپ كۆزۈمگە كىرىۋېلىپ، كۇرۇك توخۇدەك روكۇلدىمىغان بولسا، مەنمۇ پەيلى شەيتاننىڭ ئاچچىقىدا «ۋاي تاز، ئىككى چۆمۈچ يۇندى ئۇمىچىڭ كاملاپ قالسا مانا مەن» دېمىگەن بولسام؛ ئاشۇ غورا پوپىشەك تازمۇ كۆكەملىك قىلىپ ماڭا ئېسىلمىغان بولسا، ئېسىلسىمۇ رودىپايدەك كەچكىچە چاپلىشىۋېلىپ ئىتتەك راۋىلدىمىغان بولسا؛ مەن «تويە مانا، تاز، نېمە بولسام بولاي، پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەي» دەپ، ئۇنى قازاندا قايناۋاتقان ئۇماچقا تاشلىمىغان بولسام؛ ئۇ يا ئۇماچ قازىنىدىلا ئۆلگەن بولسا، مېنىمۇ ھۆكۈمەت بىر پاي ئوق بىلەن «ۋاڭ» قىلىپ ئېتىۋەتسە ۋە ياكى تىرىك قالغاندىكىن راۋۇرۇس ساقايغان بولسا، ھەممە ئىش ئۆز يولى بىلەن تۈگىمەمتى. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆز ۋە بەدەنلىرى كۆيۈپ، پۈت ـ قولىنىڭ پىيى تارتىشىپ، قولى تۇتماس، پۈتى باسماس ھەۋلى مونەككە ئايلىنىپ ساقايدى، تىرىك مۇردىنىڭ ئۆزى بولدى. بەشىرىسى مەندىنمۇ سەت، تارىمۇش قاپاقلىرى ئارىسىدا ئىككى كۆزى مۆلدۈرلەپ پارقىراپ تۇرىدۇ. قارنى ساق، بەرسە يەيدۇ. قانداق قىلىپ قويسا شۇنداق تۇرىدۇ. كولۇڭغا يۆلەپ قويسا، چەپچىكى ئۇچۇپ كەتكەن ئەسكى چۆگۈندەك، جايىغىلا چىقىرىپ ئولتۇرغان. ياتقۇزۇپ قويسا تېزەك قاچىلىغان قاپتەك ياتقان. ئۇنىڭ تەقدىرى مانا شۇنداق بولدى. بۇ جىنايىتىم ئۈچۈن مېنى قولغا ئېلىپ 20 يىللىق كەستى. دەسلەپتە نوچىلىقىمغا ئېلىپ يۈرىۋەرگەنىدىم. خوتۇنۇمنىڭ ئاجرىشىش توغرۇلۇق سوتقا ئەرز بەرگەنلىكى ماڭا بەك ئېغىر كەلدى. شۇ چاغدا راستىنىلا ساراڭكەنمەن، ئاچچىقىمدا ئۆزۈمنى بىرنېمە قىلىۋالغىلى تاس

قالدىمۇ ، دەرھال پەيلىمدىن ياندىم . ئۇ مەندىن ئون نەچچە ياش كىچىك تۇرسا ، مېنى يىگىرمە يىل ساقلىيالامدۇ ، دېگەن يەرگە كېلىپ ، خېتىنى بەردىم ، ئەممازە جاھاندا بارمۇ - يوقمۇ بولۇپ كەتتىم . شۇ زامان تۇرمىدىن قېچىپ چىقىپ ۋاپاسىزلىق قىلغان خوتۇن سەنمۇ دەپ ، چاناپ قىيما قىلىپ ئىتقا تاشلاپ بەرگۈم كېلىپ كەتتى . ئارقىدىن يەنە بوپتۇ ، سىنىڭ ھالىڭ شۇنچىلىك بولغاندىكىن دەردنى مەنلا تارتىپ كېتەي ، سىنىڭ كۆڭلۈڭ خۇش بولىدىغان ئىش بولسا قىلىۋەر ، ئۆز يولۇڭغا مېڭىۋەر . مەن نامەردلىك قىلماي ، ئاتا - بوۋامدىن تارتىپ جان كەتسىمۇ مەردلىكنى قولدىن بەرمەي كەلگەن ، جان كەتسىمۇ مەردلىك كەتمىسۇن ، دەپ پەيلىمدىن ياندىم - دە ، تۇرمىدە ئىشلىدىم . بىر كەملەردىن كېيىن ، ئۇلار ئاشپەز ئىكەنلىكىمنى بىلىشىپ بىر يۈز ئەللىك جىنايەتچىگە ئاشپەز قىلىپ قويدى . ئۇقسام ، جىنايەتچى بۇرادەرلىرىمنىڭ بىر قىسمى ناھەق تۇرمىگە چۈشكەن ئوبدان ئادەملەر كەن . ئۇلارنىڭ ئىچىدە نى ئالىم - يازغۇچىلار ، جاھاننىڭ تېگى - تۈپىنى بىلىدىغان دانىشمەن ئادەملەر بار ئىكەن . شۇڭا پۈتۈن ھۈنىرىمنى ئىشلىتىپ تاماقنى ئوبدان ئەتتىم . ئىلاج قىلىپ ئۇلارنىڭ تويۇشىغىلا كاپالەتلىك قىلدىم . كۆپ ھاللاردا گۈندىپايلارمۇ مېنى ئايرىم تاماق ئەتكىلى سالاتتى . ئۇلارنىڭ تامىقىغا سېلىش ئۈچۈن گۆش - ياغنى ئايىماي بېرىشەتتى . مەن ئۇلارغا ئىچ - ئىچىمدىن ئۆچ بولغاچقا ، گۆش - ياغنى تولۇق ئىشلەتمەي قىسماقلاپ قېلىپ ، ئۇنى مەخپىي ھالدا جىنايەتچىلەرنىڭ تامىقىغا سېلىۋېتەتتىم . بۇ ئىشىمدىن ئۆز كۆڭلۈمدە خۇرسەن ئىدىم . ئادەم ئاجايىپ مۇرەككەپ مەخلۇق ئىكەن ، بۇنى ئىچىمىزدىن بىرى يەتكۈزگەن بولسا كېرەك ، ئاشخانىنىڭ گۈندىپىيى ئۇقۇپ قاپتۇ . ئۇ قارا چوقۇر كەلگەن ، چىرايى بەتبەشىرە ، مىجەزىمۇ ئەپتىگە مۇناسىپ ھازازۇل ئايال ئىدى . خۇدا سەت ئادەمنىڭ ئىچىنىمۇ تېشىغا ئوخشاش يارىتامدىكىن ، ئۇ ئادەمگە ئىچى ئاغرىمايدىغان «يەتتە باشلىق يالماۋۇز»نىڭ ئۆزى ئىدى ،

ئۇچرىغانلا يەردە قانجۇقتەك قاۋاپ ، نەشتىرىنى سانجىپ بىكاردىن ــ بىكار ئادەمگە ئازار بېرەتتى . مەن ئۇنىڭ ھېلىقى ئۇماچ قازىنىدا قاينىغان پەپىلەك بىلەن يۇقۇشلۇقى بارمىكىن دەپ ئويلايتتىم . بىز تەۋە ئەترەتنىڭ باشلىقى خوتۇنى نېمە دېسە شۇنى قىلىدىغان بىر لامــزەللە ئادەم ئىدى . ئىشىم ئاشكارا بولغاندىن كېيىن ، مېنى ئاشخانىدىن چىقىرىپ ، تېرىمنىڭ جاڭگىلىدا دۆڭ تارتقىلى سالدى . بــۇ يــەردە ئــىشلەيدىغانلارنىڭ بېشىدا قوراللىق ساقچى دېۋەيلەپ تــۇراتــتــى . ئــۇچ ئــاي ئىشلىگەندىن كېيىن ، يەنە ئاشپەزلىككە يۆتكىدى . چۈنكى ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلسە مېنى تاماق ئەتكىلى ســالاتتى ، ئەتكەن تامىقىمنى يارىتىپ يەيتتىيۇ ، نېمە ئۇچۇندۇر مــېــنــى يــامــان كۆرگىنى كۆرگەنىدى . ئۇ ئوغرى ، قىمارۋاز ، بەڭگىلەرنى ئېرىگە ماختاپ بېرىپ يۇقىرىغا ماتېرىيالىنى يوللىتىپ يۇرۇپ ، بۇ خىل ئاقسالاردىن بىرمۇنچىسىنى يىلىنى قىسقارتىپ قويدۇرۇۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ خوتۇن ئوچۇق چىراي تۇرغان بىر كۈنى :

— ئــاچا ، ســـلە مىڭ قىلغان بىلەن ھېلىھەم مۇسۇلمان پۇشتىدىن ، جىق ئادەمگە ساۋابلىق ئىش قىلدىڭلا ، مەن ياتقىلى ئالتە يىل بوپتۇ ، يىگىرمە سەككىز ياشقا كىرىپتىمەن . يىگىرمە يىل ساق ياتسام ، ئازغىنە كەم ئەللىك ياشقا كىرگەندە چىقىدىكەنمەن . قېرىپ مادارىمدىن كەتكەندە چىقسام ، ئاڭغىچە ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ تۈگەر ، ئاكا ـ سىڭىللار بار دېگەن بىلەن ھازىرقى جاھاندا ھەركىمنىڭ چىرىغى ئۆزىنىڭ مورا بېشىنى ئاران يورۇتالايدۇ . قېرىپ ـ چىرىپ چىققاندا ئۆيۋاقىلىق ، بالا ـ چاقىلىق بولۇپ جاھاندارچىلىق قىلغىلى بولامدۇ ؟ بولدى دېگەندىمۇ قېرى پەلەك خەمەكلەمدۇ ؟ ئەرلىرىگە دەپ مــېــنىڭ مۇددىتىمنى ئازراق قىسقارتىپ بەرگەن بولســالا ، سىــلىــدىن ئــۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا••• — دېيىشىمگە ، گېپىمنىڭ بېلىگە تېپىپ :

— نېمە دېدىڭ ؟ سەن بەز قاپاقنىڭ مۇددىتىنى قىسقارتىش ئەمەس ، بەلكى ئۇزارتسا بولىدۇ . مېنىڭچە بولغاندا ، مۇددەتسىز

قىلىۋەتسە، ئۆلۈكۈڭ مەشەددە قامغاقنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋېتىلسە، ئاندىن ئوبدان بولىدۇ. چۆچۈرىنى خام سانىما، — دەپ جاۋىلداپ كەتتى.

مەن كېيىنكى بىر يېرىم يىل مابەينىدە، ئۇنىڭ قېتىپ كەتكەن يۈرىكى ئېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ، مۆرىتىنى كەلتۈرۈپ يېلىنغان بولسامۇ، ئۇرۇنۇشلىرىمنىڭ ھەممىسى بىكار كەتتى. ئاخىرى، بۇنداق ھازازۇلنىڭ قولىدىن ماڭا ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم. پىچاق سۆڭەككە يەتتى. ئولتۇرسام - قوپسام ئۇنىڭ قىلغانلىرى، مېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ئەقىدەم كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ يۈرىكىمنى خۇن قىلىۋەتتى. پەيتىنى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى ئىچسەم، ئىچىمنى تاتىلاۋاتقان نەرسە چىقىپ كېتىدىغاندەك نەپسىم تاقىلداپ بولالماي قالدىم. ئۇنى، ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى كۆرسەملا شەيتىنىم ئىتتىرىپ قول سېلىشقا ئۈندەيدۇ. بىر كۈنى خۇپتەندىن ئۆتكەندە جىنايەتچى بۇرادەرلەر بىلەن مەخپىي ھالدا گۆش پىشۇرۇپ، تېخى ئەمدى قولىمىزغا ئېلىپ تۇرساق، ئۇ جادۇگەر پېيىمىزگە چۈشۈپ پايلاپ تۇرۇپتىمىتىكى، ئۇسۇپلا كىرىپ كەلمەسمۇ، ئەرۋاھىم ئۇچۇپ كەتتى...

قۇۋان توختى ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، بىردەم جىمجىت تۇرۇۋالدى. سابىر قاسىم ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ھاڭۋاققىنىچە ئولتۇراتتى.

— شۇ چاغدا مەن، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇخۇمىنى قۇرۇتۇۋەتسەم جاھاندىكى مەرەزلەردىن بىرقانچىسى كېمەيسە، ئوبدان ئادەملەرگە ياشاش يولى ئازراق ئېچىلار دېگەنىدىم. ئېرىنىڭ تەلىيى باركەن، ئۆيىدە يوق بولغاچقا قۇتۇلۇپ قالدى.

— ئۇھ... ئۆلگەنلەرغۇ كەتتى. ئەممازە ئېرى بىچارە دەردكە چىدىماي ئىچىگە ئېلىپ كەتتى، — دېدى سابىر قاسىم گەپ ئارىلاپ، — كېيىن ئۇ سەۋدايى بولۇپ قالدى. مانا ھازىر ساراڭلار ساناتورىيىسىگە ئاپىرىپ بەرگىلى يەتتە يىلدىن ئاشتى. دېمەك،

سەن بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلدىڭ .
— قىساس ، ئاكا ، قىساس ! ياخشى ئادەملەرنىڭ قىساسىنى ئاللا ئىگەم مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق ئېلىپ بەردى . مەن دېگەن گېپىمدىن يانمايدىغان ، كۆڭلۈمگە نېمە كەلسە ، كاللام كەتسىمۇ دەۋېرىدىغان قارىتۇرۇك ئادەممەن .
ياتاق ئىچىنى بىر پەس جىمىلىق باستى . پەقەت بۇ ئىككىسىنىڭ تاماكىسىنى شورىغىنى بىلەن تۈتۈننى پۈۋلىگىنى بۇ يەردە ئادەم بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى .
— گېپىڭىزنىڭ ئۇرانىغا باقسام ، مەنمۇ ئاقىۋەتتە سورۇقچىلىق تارتىپ قالىمەنكەن ـ ھە ؟
— كۆڭلى قارىلىق قىلماي ھەق ئىش قىلغان بولسىڭىز ، ھەربىر ئادەمگە بۇمۇ ئاللانىڭ ماڭا ئوخشاشلا بەندىسى دەپ ، ئۇنىڭغا ئاسانلىق ئىزدىگەن بولسىڭىز ، خۇدا سىزگە ئۇنداق كۈننى كۆرسەتمەس .
قۇۋان توختىنىڭ قارچىغىنىڭكىدەك كۆزلىرى باشقىچە يېنىپ نۇرلىنىپ كەتكەندەك بولدى .

## 10

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ، قۇۋان توختىنىڭ ئۆيىگە ئىككى ساقچى كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئايالى ئاينۇرخان كېلىشكەن بىر ياش يىگىت بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى . ساقچىلار بىر ـ بىرى بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، بىرى دېدى :
— بۇ قۇۋان توختىنىڭ ئۆيىمۇ ؟
ئولتۇرغانلار چۆچۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇردى . يىگىتنىڭ چىرايى تاتىرىپ ، ئۇزۇن بۇرنىنىڭ ئۇچىغا تەر تەپچىرىگەندى . ئاينۇرخان ۋىلىلىدە قىزىرىپ ، كۈلمەكچى بولۇۋىدى ، ئەپلەشمەي ، ئاغزى كۈلگەندەك ، كۆزى يىغلىغاندەك بىر ھالەت روي بەردى .
— سىز قۇۋان توختىنىڭ ئايالى ئاينۇرخان بولىسىزغۇ

دەيمەن .

— ھە... ھەئە ، شۇ... شۇنداق .

ئاينۇرخان ھودۇققىنىدىن ئاغزى گەپكە كەلمەي ، دۇدۇقلاپ قالدى ، نېپىز پوپايكىسىنىڭ تۈگمىسىنىمۇ ئېگىز - پەس ئېتىپ قويدى .

— ئولتۇرۇڭ ، ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى .

— قېنى ، ھەرقايسىڭلارمۇ تۆرگە ...

ساقچىلار يېكەنداز ئۇستىگە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى .

— ئاينۇرخان ھەدە ، مەن چىقاي ، دېيىشكىنىمىزدەك بولسۇن ، ئەمىسە .

— ماقۇل .

— ياق ، سىزمۇ ئولتۇرۇڭ ، سىزمۇ ئاڭلاشقا تېگىشلىك بولغان گەپلەر بار ، — دېدى ساقچىلاردىن بىرى بۇيرۇق قىلغاندەك تەلەپپۇزدا .

يىگىت قايتىدىن تېخىمۇ بەكرەك تاتىرىپ كەتتى ۋە كۆرسەتكەن جايدا قولاشمىغان تەرزدە ئولتۇردى .

ئاينۇرخان چاي - مەزە ئەكەلمەكچى بولۇۋىدى ، ساقچىلار رەت قىلدى .

— ئولتۇرۇڭ ، سىزگە دەيدىغان مۇھىم بىر گەپ بار .

ساقچىلار قۇۋان توختىنىڭ يىراق ئۆتمۇشى ، تۇرمە ھاياتى ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ غۇلجىغا قېچىپ كەتكۈچە يۈز بەرگەن ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى . ئاينۇرخان ئاڭلىغانسېرى كۆزلىرى چەكچىيىپ ، ئاغزىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن توسقان ھالدا گويا قورقۇنچلۇق ھېكايە ئاڭلاۋاتقاندەك ئولتۇردى ، كۆڭلىدە مۇنداق خىياللار كېزىپ يۈرەتتى : «بۇ ئوغۇممۇ - چۈشۈممۇ ! شۇ قاتىل مېنىڭ ئېرىممىدۇ ؟ بەش بالامنىڭ دادىسىمىدۇ... ئىسىت ... ئىسىت ، قاتىلغا خوتۇن بوپتىمەن... ياخشى مېنى ئۆلتۈرمەپتۇ... خۇداغا شۈكۈر... »

قۇۋان توختىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئون ئالتە يىلدىن كېيىن

ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئاينۇرخان يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن توسقان هالدا هۆكرەپ يىغلىدى . يىگىتنىڭ بېشى چاتىرىقىغا كىرىپ كەتكەنىدى .

ساقچىلار كېتىپ بىر ئايدىن كېيىن ، ئاينۇرخان تۇتقان - قويغىنىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ توختىماي بارمىقىنى چىشلەيتتى ، قۇۋان توختىنىڭ قورقۇنچلۇق تارتۇق باسقان يۈزى زادىلا كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى . ئولتۇرغان يېرىدە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئۆزاققىچە ئولتۇرۇپ كېتەتتى… ئۇنىڭ بۇ هالىتىنى كۆرگەن قولۇم - قوشنىلىرى : «بىچارە ، تولا يىغلاۋېرىپ دەردنى ئىچىگە ئېلىپ كەتتى» دېيىشەتتى . بالىلارنىڭ : «دادام نەگە كەتتى ، نېمىشقا كەلمەيدۇ» دەپ بوينىنى قىسىپ سوراشلىرى ، يىغلاپ تۇرۇۋېلىشى ، بەزىدە تېخى تاماقمۇ يېگىلى ئۇنىماي دومسىيىپ پۇشقۇنۇشى ئۇنىڭ دەردلىرى ئۈستىگە دەرد قوشاتتى . ئۇ بالىلىرىنى ئېلىپ جەنۇبقا بارماقچى بولدىيۇ ، سوغۇقتا قىيىنىلىشىدىن قورقتى ، بۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراق تۈيۈلۈۋاتقىنى ئېرىنىڭ يۈزىگە قانداق قاراش ئىدى .

ئۇ بىر كېچىسى شۇنداق ئوچۇق بىر چۈش كۆردى : قار قاپلىغان بىپايان دالا ، سارغىيىپ قاتقان قومۇشلار ، كىرپە ئۆۋا سالغان ئېگىز - پەس دۆڭلەر قېلىن قار ئاستىدا قالغان ؛ دەرەخلەرنىڭ كۆك نوتىلىرى ئۆزىگە چاپلاشقان قارنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلگەن ؛ توقۇناق قاغىلار قار ئاستىدا قالغان كۆزگى بۇغداي قىرلىرىغا توپ - توپى بىلەن قونۇۋېلىپ ئوزۇق ئىزدىشىۋاتقۇدەك ؛ ئاق قۇشقاچلار غەلۋىرەك شەكلىنى هاسىل قىلىپ تەرەپ - تەرەپلەرگە ئۇچۇشقۇدەك ؛ ئېگىز جىگدە شاخلىرىغا قونۇۋالغان جىگدىچۇكلەر قۇيرۇقلىرىنى دىڭگايتىۋېلىشقانمىش ؛ ئىككى ساقچى قۇۋان توختىنى نەيزىلىرى پارقىراپ تۇرغان مىلتىقلىرىنى تەڭلىگەن هالدا قارلىق دالىدا هەيدەپ كېتىۋاتقۇدەك ؛ ئۇنىڭ قوللىرى كەينىگە قايرىپ چىڭ باغلانغان ، قەددىنى تىك تۇتۇپ يىراقلارغا قاراپ ماڭغۇدەك . ئاينۇرخان ئېرىگە قاراپ ۋارقىراپ

يىغلىغان پېتى يۇگۈرگەنمىش . باللىرىمۇ «دادا··· دادا··· » دەپ ئارقىسىدىن يۇگۈرگۈدەكمىش . ئەمما ھېچقايسىسىنىڭ ئاۋازى چىقمايۋاتقۇدەك ، قانچە يۇگۈرسىمۇ ئالدىغا ماڭالمىغۇدەك . قۇۋان توختى ئۇلارغا قاراۋاتقاندەك قىلسىمۇ كۆرمەي مېڭىۋەرگۈدەك . بىر پاكار دۆڭنىڭ باغرىغا كەلگەندە ساقچىلار ئۇنىڭ قولىنى يېشىۋەتكەنمىش . ئۇ ئولتۇرۇپ قاردا تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇۋاتقۇدەك . ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ تۆت ئەتراپقا تەكشى قاراۋاتقۇدەك . ئەمما باللىرى بىلەن ئايالىنى كۆرمەيۋاتقۇدەك ؛ يىراقتىكى جاڭگالنى قاپلىغان ئاقۇچ تۇمانغا قاراپ كۆزلىرىدىن ياش قويۇلۇۋاتقۇدەك ؛ ئۇ قىبلە تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ يۇكۇنۇپ ئولتۇرغۇدەك . مىلتىقنىڭ نەيزىسى ئۇنىڭ گەجگىسىگە ئاستا بەتلىنىۋاتقۇدەك . ئارقىدىن مۇزدەك سوغۇق بىر قول ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئۇدۇلىنى بەلگە قىلىۋاتقۇدەك . شۇ چاغدا بىر ئاسماندىن بىر يىراق جاڭگالنىڭ ئاقۇچ تۇمانلىرى ئارىسىدىن ، بىر قۇۋان توختىدىن ئاۋاز چىقىۋاتقۇدەك . ئىبرىنىڭ ئاينۇرخانغا تونۇشلۇق بوم ، قوپال ئاۋازى ناھايىتى يىراقلارغا تاراۋاتقۇدەك :

— ئۇلۇغ خۇدا ، گۇناھىم ئۇچۇن ئۇ ئالەمدە دوزاخقا تاشلىساڭمۇ بەخىرامان كۆيگىلى نېسىپ قىلغايسەن ، بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرىنى يادىمغا سالمىغايسەن !...

ئاينۇرخان شۇئان : «ۋاي جېنىم» دەپ ۋارقىراپ ئۇنىڭغا قاراپ يۇگۈرگۈدەك . ئەمما نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكۈدەك . قارىسا ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئامراق يىگىتى يالىڭاچ ھالدا كۆلۈپ ياتقانمىش . ئۇ «بولدى بارماڭ ، بىكار سىزنىمۇ ئېتىۋېتىدۇ . ئۆلسە ئۆلسۇن . ئۇ ئۆلسە مەن بار» دېگۈدەك . ئاينۇرخان ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ قويۇپ ، ئۆملىگەن بويى ئورنىدىن قوپقۇدەك . قارىسا قار ئاستىدا قالغان دۆڭ باغرىدىكى توپا يېڭىدىن دۆۋىلەكلىك تۇرغۇدەك ، توپا ئۇستىگە نان جىگدىنىڭ بىر تال نوتىسى قاداپ قويۇلغانمىش . نوتا بىردە قۇۋان توختى بويىنىنى قىسىپ تەلمۈرۈپ تۇرغاندەك ، يەنە بىردە جىگدە شېخىدەك

كۆرۈنۈۋاتقۇدەك . بالىلىرى قار قاپلىغان توپا دۆۋىسىنى قۇچاقلاپ : «دادا... دادا» دەپ چۇرقىرىشىپ يىغلىشىۋاتقۇدەك .
— تۇر ئورنۇڭدىن ! — دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىسا ، بايا ئېرىنى ھەيدەپ ماڭغان ئىككى ساقچى ئۇنىڭغا مىلتىق تەڭلەپ ۋارقىرىغۇدەك .
— سەن قاتىلنىڭ خوتۇنى بولغۇنۇڭ ئۈچۈن سېنىمۇ ئېتىپ تاشلايمىز . بالىلىرىڭ قاتىلنىڭ بالىسى بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىمۇ ئاتىمىز . تۇخۇمۇڭنى قۇرۇتۇۋېتىمىز !...
شۇئان مىلتىقنىڭ نەيزىسى كۆكسىگە گاچچىدە سانجىلغۇدەكمىش...
ئايىنۇرخان قاتتىق چىرقىراپ ئويغىنىپ كەتتى . بۇنىڭدىن چۆچۈپ ئويغىنىشقان بالىلار ، ئانىسىنىڭ ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا جور بولدى .
— ئانا... ئانا... دادام... دادىمىز...
— بالىلىرىم ، ئوبدان بالىلىرىم ! داداڭلار كەلمەيدۇ . بىز بارايلى . داداڭلارنى كۆرگىلى بارايلى !... بۈگۈنلا بارايلى...
بۇ تەرەپ - تەرەپتە خورازلار چىللاپ ، يېڭى بىر تاڭنىڭ ئاتقانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن چاغ ئىدى .



# تاش مۇنار

## 1

بۇ يۇرتۇم قۇم ئۇستىگە قۇرۇلغان. تەكلىماكاندىن باشلانغان قۇم دەرياغا قىستاپ كېلىپ، پاكار قومۇشلۇقلارنى، يۇلغۇنلۇقلارنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن باراقسان توغراقلىققا تۇتىشىپ كېتىدۇ.

بۇ يەردىن تاش تېپىلمايتتى، يېقىن يەردە تاغ ياكى تاشلىق ساي يوق ئىدى. يۇرت خەلقى بىر چاغلاردا ئېگىزلىكى توققۇز مېتىرلىق تۆت چاسا بىر مۇنار ياسىدى. مۇنارنىڭ گىرۋەكلىرى سېرىق، باشقا يەرلىرى قان رەڭگىدە سىرلاندى. مۇنارنىڭ چوققىسىغا تۆت تەرەپتىن تۆشۈك ئېچىلدى، بۇ تۆشۈكنىڭ نېمىگە ئېچىپ قويۇلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. كېيىن بۇ تۆشۈكلەرگە ئاق سار بىلەن غۇزغۇنەك ماكانلاشتى. يىل بويى ئۇلارنىڭ چىرىلداپ، ئۇۋا تالىشىپ سوقۇشقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۆلۈكتەك قېتىپ تۇرىدىغان بۇ مۇنارنىڭ بېشىدا ھاياتلىق پەيدا بولدى. بۇ مۇنارنى كىشىلەر ئىككى كۈنلۈك يىراقتىن تاش ئەكېلىپ ياسىغانىدى. كىشىلەر ھېسابلىشىپ، بىر چارەك تاش ئۈچۈن ئىككى چارەك بۇغداي كەتكەنلىكىنى بىلدى ۋە كۈلۈشۈپ كەتتى. تاش مۇنار شۇنچىۋالا قىممەتكە توختىغان

بولسمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بارلىقىغا ھېچكىمنىڭ كاللىسى يەتمەيتتى . كىشىلەر مۇنار تۈۋىگە يىغىلىشىپلىپ پۈتۈن دۇنيا ھەققىدە كېچە ـ كېچىلەپ سۆزلىشەتتى ، مەدداھلار جەڭنامە ، ۋايىزلار داستان ، قىسسە ئېيتىشاتتى . باللار پومداقلىشىپ ئېشەك ئـويـۇنى ئوينىشاتتى . سۈرلۈك مۇنار بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە گـۇۋاھ بـولـۇپ جـىمجىت تۇراتتى . كېيىنكى كۈنلەردە مۇنارغا «ئالتۇنخان يېرىم كېچىگىچە ئېرىنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ ، كېيىن ئۆگزىگە چىقىپ باش ئەزان ۋاقتىغىچە قادىر جۇۋازنىڭ قۇچىقىدا تاڭ ئاتقۇزدى » ، «سايىم ئاخۇن توڭنىڭ ئالا ئىنىكىنى يۇسۇپ ئـوغـرى ئوغرىلاپ ئاپىرىپ شاقۇنىڭ بازىرىدا ساتتى » دېگەندەك قـىـزىـق گەپلەر يېزىلىپ ، كىشىلەرنى كۈلكىگىمۇ ، جېدەلگىمۇ سـالـدى . ئىمام ئاخۇنۇم بىلەن يۇرت ئاقساقاللىرى كىشىلەرگە خـۇدادىـن قـورقـۇش ھەققىدە سۆزلەپ ، جامائەتچىلىكنى بۇنداق سـەتـچـىـلىكنى ياپماسلىققا ئۈندىدى . بۇ ئىش شۇنىڭدىن كېيىن بېسىققان بولسىمۇ ، يەنە ئاندا ـ مۇندا كىشىلەرنىڭ لەقىمىنى يېزىپ قويۇش ، ئىت ، مۈشۈكنىڭ رەسىمىنى سىزىپ قويۇشتەك ئىشلارمۇ يـۈز بېرىپ تۇردى . بازار باشلىقى داۋۇت قاپاق يۇرت خەلقىنى قـۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇغىلى قويماي ھاشارغا سېلىۋېدى ، خـەلـقنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتتى . ئەتىسى ئەتىگەندە مۇنارنىڭ تېمىغا «داۋۇت قاپاق مەست بولۇپ قېلىپ تەچەك ساراڭ بىلەن نورۇز باينىڭ زاسۇيخانىسى ئالدىدىكى ئېرىقتا يالىڭاچ ئۇخلاپ قاپتۇ » دېگەن خەت يېزىلىپ قالدى ، پۈتۈن خـەلـق ھېيتتا كۈلەلمىگەن كۈلكىسىنى كۈلۈپ سۆز ـ چۆچەك قىلدى . تەچەك يۈزىگە گوداڭنىڭ قېنىنى سۈۋاپ ، تېرەك ياپرىقىنى مىجىپ ئۇسما قويۇپ ، يېرىم يالىڭاچ يۈرىدىغان ئايال بولۇپ ، كۆپ چـاغـلاردا مەستلەر بىلەن ئېرىقتا ئۇخلاپ قالىدىغان ئادىتى بار ئـىدى . داۋۇت قاپاق نومۇستىن ھۆكرەپ يىغلاپ ، بۇ يالغان ـ

ياۋىداق گەپلەرنى تاپقان تۆھمەتخورنى تاپسا ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلدۇرىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچتى .

## 2

قوغۇن ئۇرۇقى مەھەللىسىدە ھاشىرخان چاپاق ئىسىملىك بىر قىز بار ئىدى . ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئىچىنى كۆرگىلى بولمايتتى . كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ تۇراتتى . كىرپىكلىرىگە دائىم دېگۇدەك سېرىق چاپاق يىغىلىپ قالاتتى . ئۇ كىچىك ۋاقتىدا بۆشۈكتىن ساڭگىلاپ قېلىپ دوك بولۇپ قالغانىدى . چاپاق ئارىسىدا يەملىشىپ تۇرىدىغان بۇ كۆز بىلەن گەجگىسىدىن قايناپ چىققان دوك بۇ قىزنى ئەرسىز قېرىتىۋەتتى . دادىسى نامرات باخشى بولۇپ ، ئۆمۈر بويى جىن ـ ئالۋاستىلار بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتتى . ئۇ قىزىغا جىنكەشلىكنى ئۇدۇم قىلغاندىن باشقا خارابە بىر كەپىنى قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ھاشىرخان چاپاق يېگانە قالدى . دادىسى ھاياتلىقىدا جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ياردىمىدە ھاشىرخاننى بىرەر ئەرگە چېتىپ قويۇشقا قانچە ھەپىلەشكەن بولسىمۇ بولماي قالدى . بىر كۈنى ھاشىرخان دادىسىنىڭ يوتقىنىغا كىرىۋالدى . دادىسى يېرىم يالىڭاچ ئىشىك ئالدىغا قېچىپ چىقتى ۋە ئىشىك ئالدىدىكى قاقشال بولۇپ قالغان تۇغ ـ شەددىگە تەزىم قىلىپ ئىسرىق سالدى . باخشىلىق تىلى بىلەن ئۇزاق دۇرۇت ئوقۇدى . بىر چاغدا تۇغ ـ شەددىلەر قاراسلاپ شامال چىقتى ، شامال چىرىپ كەتكەن قۇراق ئەلەمنى لەپىلدەتتى . ئاندىن قويۇن قۆتۈرۈلۈپ ، قويۇن ئىچىدىن بىر قېرى تېكە مەرەپ باخشىنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— سەن مەن بىلەن قىرىق يىللىق قەدىناس ، — دېدى باخشى .

— شۇنداق پىرىم . مەن قىرىق يىل لەشكەر بولۇپ خىزمىتىڭىزنى قىلدىم .

— سەن ماڭا كۈيئوغۇل بول .

— مادارىمدىن قالدىم ، پىرىم .

— گېپىمنى يە بۇرادىرىم ، پۈتۈن قۇۋۋىتىڭ بىلەن كېلىشكەن يىگىت بولۇپ ، قىزىمغا كېچە - كۈندۈز ھەمراھ بول . بىر كۈنلەردە مەن سېنى ئۆز يېنىمدىن ئازاد قىلىۋېتىمەن .

— مېنى ھۆرلۈككە چىقىرامسىز ، پىرىم ؟

— بۇ ئىش قىزىمنى رازى قىلىشىڭغا باغلىق .

قېرى ئالۋاستىنىڭ خۇنۇك كۆزلىرى خۇشاللىقتىن قارا تۇتۇن بىلەن تولدى .

— مېنى ئازاد قىلىپ ئۆز جاڭگىلىمغا قويۇۋېتىدىغان بولسىڭىز ، مەن مىڭ يىللىق كۈچۈمنى يىغىمەن .

— بوپتۇ ، شۇنداق قىل ، مەن سېنى ئازاد قىلىمەن .

ئالۋاستى تۇتۇن بولۇپ يېيىلىپ كەتتى . ئاندىن كېيىن كېلىشكەن ، قامەتلىك بىر يىگىتكە ئايلاندى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، قېيناتا .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، نىكاھىڭنى ئوقۇۋەتتىم . ئۆيگە كىر .

شۇنىڭدىن كېيىن ھاشىرخان چاپاق قېرى ئەركەك ئالۋاستى بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتتى . ئۇ كۈن بويى ئېرى بىلەن مۇڭدىشىپ يېتىشنى ياخشى كۆرەتتى . ئەمما ئېرى ئاسانلا ئۇخلاپ قالاتتى ياكى مۈگىدەپ ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ پەيزىنى چىقىرال- مايتتى . لېكىن ھاشىرخان چاپاق قانداقلا بولمىسۇن بىر ئەرگە ئۇلاشقانىدى . ئۇلارنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپ بىرەر ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا بۇ كېلىشكەن ئەر قېرى مۇشۇكتەك خىرىلداپ ، بىر ئۇخلىسا ئون بەش كېچە - كۈندۈزگىچە ئويغانمايدىغان بولۇپ قالدى . بۇ چاغدا ھاشىرخان چاپاقنىڭ دادىسى ئورنىدىن تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى . بىر كۈنى ئۆيگە يەنە بىر يىگىت كىرىپ كەلدى . ئۇ كېلىشكەن ، ئەمما چىرايىدا دەرد - ئەلەم ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . ھاشىرخان ئۇنى كۆرۈپلا كىچىك تىللىرى لىپىلداپ كەتتى .

— ماڭا بىر قىزنى كۆيدۈرۈپ بەرسىڭىز ، نېمە كەتسە مەيلى

ئىدى ، — دېدى يىگىت .
— نېمە دېسەم بېرەمسەن ؟
— ھەئە .
ھاشىرخانىنىڭ تەنلىرى جۇغۇلداپ دادىسىغا ئالايدى . دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان قېرى جىن ھاشىرخانىنىڭ كۆڭلىدىكىنى باخشىغا پىچىرلىدى .
— ئۇ كىمنىڭ قىزى ؟ — دېدى باخشى ئاغزىنى ماكىلدىتىپ ، ئۇنىڭ خۇنى كەتكەن كۆزلىرىدە سۇس بىر ئۇچقۇن پەيدا بولدى .
— ئەترەت باشلىقىنىڭ قىزى .
— سەن ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدىڭمۇ ؟
— راست گەپ قىلمىسام جىنلىرى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى دەپ قويىدۇ باخشىم ، — دېدى يىگىت ئەلەم بىلەن .
— سەن نىيەت قىلىپ بىزنىڭ قەسىرگە قاراپ يولغا چىققاندىلا خەۋەردار بولغانمەن .
— ئەمىسە دېمىسەممۇ بولىدىكەنغۇ .
— مەقسىتىڭنى ئۆز ئاغزىڭدىن ئاڭلىمىسام بولمايدۇ .
— ئاتام يەتمىشكە ، ئانام ئاتمىشقا كىردى . ئەترەت باشلىقى شۇلارغىمۇ ھاشار چىپىپ خاپا قىلىۋاتىدۇ . مەن ئۈچ كىشىلىك چامنى چىپىپ بولالماي بېلىم چىم بولۇپ كەتتى . يەرنىڭ يېرىمىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ چامنىڭ يېرىمىنى ئالاي دېسەم ، «يەر تېرىمايدىغان ، ھاشار چاپمايدىغان ئادەمگە بۇ يۇرتتا نان يوق ، يۇرتتىن چىقىپ كەت ، ئۆيۈڭدىن كۆچۈپ كەت» دەۋاتىدۇ . مەنغۇ نەگىلا بارسام جېنىمنى باقالايمەن ، لېكىن قېرى ئاتا ـ ئانامنى سەرسان قىلىشقا يۈرىكىم چىدىمايدۇ ، — دېدى يىگىت .
— ئاڭلىسام كادىر ، قاسساپ ، ساتىراشلارنىڭ ھاشىرىنى ئاشۇنداق تۇل خوتۇن ، يېتىم ئوغۇللار چىپىپ بېرىدىكەن ، ۋايساپ كەلمىگەنلەر ئاز قالدى ، يۇرتنى تاشلاپ كەتكەنلەر…
باخشى سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە تىلى تۇتۇلۇپ قالدى . چۈنكى يۇرتنى تاشلاپ ياقا يۇرت ، چۆل ـ باياۋانلارغا قېچىپ كەتكەن

دېھقانلارنى ئاشۇ باخشى جىنلىرى ئارقىلىق دېرەكلەپ ، ئۇلارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئەترەت باشلىقىغا ئېيتىپ بېرەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئەترەتنىڭ ئامانلىق ساقلىغۇچىلىرى ئۇلارنى تۇتۇپ ئەكېلىپ راسا ئۇرۇپ ئىشقا سالاتتى . ئىشقىلىپ ، قاچقانلار ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيتتى . شۇڭا يېقىندىن بېرى ھېچكىم قېچىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولغانىدى . ئەترەت باشلىقى باخشىنى ھاشارغا ھەيدىمەيتتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، باخشىنىڭ يەرلىرىنى دېھقانلارغا تېرىتىپ بېرەتتى . دېھقانلار باخشىنىڭ يېرىنى تېرىپ ھوسۇلىنى يىغىپ دان قىلىپ ئەكىرىپ بېرەتتى . دېھقانلار باخشىغا جان - جەھلى بىلەن ئۆچ بولسىمۇ ، ئۇنىڭ جىنلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزلىرىنى پۈتى باسماس ، تىلى سۆزلىمەس قىلىپ قويۇشىدىن ، ئەر - خوتۇنلارنى ئۆچ قىلىپ بۇزۇۋېتىشىدىن ، بالىلارنىڭ ئاغزىنى مايماق قىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ ، ئۇنىڭ پاتراق ئۆلۈشىنى تىلەپ ، ئاللاغا يالۋۇراتتى . ئەمما بۇ نالە - زارلار ئاللانىڭ قۇلىقىغا يەتمەيتتى .

— پاقىدىن بىرنى تۇتۇپ كەل ، يىڭنىگە ئوقۇپ پاقىنىڭ كۆزىگە سانجىپ بېرىمەن . پاقىنى ئەترەت باشلىقىنىڭ بوسۇغىسىغا كۆمىسەن ، بىردەمدىلا كۆزى تۇتۇلۇپ قېلىپ ئەترەت باشلىقلىقىدىن قالىدۇ .

— خۇدادىن قورقىمەن ، باخشىم .

— قورقۇنچاق بولغىنىڭ ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ھايۋاندەك ئازابلىنىپ ئۆلىسەن .

— مەيلى قالغىنىنى خۇدايىم تەڭشەپ قويار ، ئىشنى ياخشى يول بىلەن قىلاي .

— قىزى ئارقىلىق ئاتىسىنى يۇمشىتامسەن ئەخمەق ، ماڭە سەن قىلىدىغان ئىشنى ھاشىرخان ساڭا ئېيتىپ بېرىدۇ ، — باخشىنىڭ كۆزى قوقاستەك پىلدىرلاپ قىسىلدى .

ھاشىرخان ئىشىك ئالدىدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغانىدى . يىگىت سەسكەنگەن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى .

هاشىرخان سىرىق سۇ شەلۋەرەپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ يىگىتكە سىنچىلاپ قارىدى .

— ئەترەت باشلىقىنىڭ قىزىنى ساڭا كۆيدۈرەمدۇق ؟

— ھەئە شۇنداق قىلايلى .

— ئۇ نەچچە ئەردىن چىققان قىچىشقاق خوتۇن تۇرسا...

— جېنىم ئارام تاپىدىغان ئىش بولسىلا مەيلى .

— سەن تۆمۈرچىگە تۆمۈر قورچاق سوقتۇرۇپ كەل ، شۇنىڭغا قىرىق بىر كېچە ئوقۇيمىز ، ئوقۇپ بولغۇچە ھەر كېچە مەن بىلەن بىللە ياتىسەن . ئايەت ئوقۇلۇپ بولغاندا تۆمۈر قورچاقنى ئوتقا كۆمىسەن . قورچاق قىزىغانچە ئەترەت باشلىقىنىڭ قىزىنىڭ يۈرىكى كۆيۈپ سېنى كۆرمىسە تۇرالمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ ، ھا... ھا... ھا...

— ئوبدان ھاشىرخان ، بولسا شۇنداق قىلايلى .

— سەن مېنى رازى قىلمىساڭ تەتۈرىگە ئوقۇپ سېنى شۇنداق قىلىۋېتىمەن .

پاسكىنا ئاشخانىدا تېتىقسىز غىزانى زورلاپ يېگەندەك يىگىتنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى . شۇنداق بولسىمۇ ھاشىرخاننىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى . ئۇزاق ئۆتمەي ھاشىرخان بىر ئوغۇل تۇغدى .

## 3

داۋۇت قاپاق كىچىك ۋاقتىدا ناھايىتى چېچەن ، ئەقىللىق ، چىرايلىق بالا ئىدى . ئۇ قارا نىيەت ، مۇتتەھەم ، جېدەلخور ، ھىيلىگەر بولغاچقا ، ئاسانلا ئەل ـ جامائەتنىڭ ئالدىدا نامدار بولۇپ تونۇلدى . مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە چېپىپ يۈرۈپ داڭ ئۇردى ، تېزەك ئەكەلمىگەن باللارنى سۆرەپ ، ئۇرۇپ يۈرۈپ ، تېزەك تەرگۈزدى . ئەترەتنىڭ قىغلىرىنى ئوغرىلاتقۇزدى . كەلمىگەن باللارنى ئۆيدىن قىچقىرىپ ئەكېلىپ مۇدىر ،

مۇئەللىملەرگە تاپشۇردى . قاتاردا سەپراس تۇرمىغان بالىلارنى دۆشكەلەپ تۇرغۇزدى . چوڭ بالىلاردىن تاياق يېسىمۇ ، كىچىكلەرنى ئۇرسىمۇ مۇدىر ، مۇئەللىملەرنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ دېگىنى توغرا بولۇپ چىقتى . ئۇ سەل چوڭ بولغاندا قەيەردە جېدەل بولسا شۇ يەرگە شاياتۇندەك ئۇنۇپ ، جېدەل قىلغۇچىلارنى پومداقلاپ ساقچىغا ئاپىرىپ بېرىدىغان بولدى . يەكشەنبىدە بازارغا بېرىپ ئېشىككىنى مايانغا تارت ، شاپتۇلۇڭنى ئايەرگە قوي ، دەپ بازار تەرتىپىنى باشقۇردى . كىنو - تىياتىرخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەرتىپ ساقلى- دى . باج تۆلىمىگەنلەرنى باجگىرغا تۇتۇپ بەردى . بارا - بارا ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ يۈرىكى جىغىلدايدىغان بولدى .

يۇرت خەلقى قاچانلاردا ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە باشلىق بولۇپ قالغىنىنى بىلمەيتتى . ھۆكۈمەت خادىملىرىمۇ ئۇنىڭ قايسى دەرىجىدىكى ، قانداق ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتى . قانداقلا بولمىسۇن ئۇ خەلق سايلىمىغان ، ھۆكۈمەتنىڭ دەپتىرىگە چۈشمىگەن بىر ئەمەلدار بولۇپ قالغانىدى . كىشىلەر ئۇنى بازار باشلىقى دەپ خۇشامەت قىلىدىغان ، ھۆكۈمەت ئۇنى بارلىق يىغىنلىرىغا قاتناشتۇرىدىغان ، ئۇنىڭغا خىزمەتلەرنى تاپشۇرىدىغان بولدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇرت خوجايىنى بولۇپ قالدى . بۇ ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىكى ئىش بولغاچقا ، كىشىلەر بۇ بازار باشلىقىنىڭ ھۆكۈمران بولۇپ كۆتۈرۈلۈش تارىخىنى ئۇنتۇپ كەتتى . داۋۇت قاپاقنىڭ ھىلىقى تۆمۈر قورچاق ياساتقان يىگىتتىن ياكى ئۆچكە قىياپەتلىك ئالۋاستىدىن تۆرەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى . ئىشقىلىپ ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۆرەلمە بولغان چېغىدىلا ئادەملەرنى بويسۇندۇرۇشنى بىلىدىغاندەك مۇشۇ يۇرتنىڭ بويىنىغا مىنىپ تۇغۇلغانىدى .

مۇنارغا داۋۇت قاپاق توغرىسىدا ھاقارەتلىك سۆزلەر يېزىلغاندىن كېيىن ئۇ ئۈچ كۈنگىچە دۈم يېتىپ يىغلىدى . تالاغىمۇ چىقمىدى ، كىشىلەر ئۇنىڭغا كۆڭۈل قويۇش ئۈچۈن كالا ، قوي ، پۇل ، گىلەملەرنى ئەكەلدى . ئۇ ئۇلارغىمۇ كۆرۈنمەي قويدى .

يۇرتىنىڭ ھەر تەبىقىسىدىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى . داۋۇت قاپاقنىڭ خوتۇنى مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىپ ، ئۇزىتىپ بولالماي بېلى ئوشتۇلۇپ كېتەي دەپ قالدى . لېكىن ئۇ قىلچىلىك ھارغىنلىق ھېس قىلمىدى . بىر ئۆي ئالىي دەرىجىلىك رەختلەر بىلەن تولدى . سەكسەنگە يېقىن كالا ، ئۈچ يۈزچە قوينى ئۇنىڭ سادىق يۈگۈر - يېتىمچىلىرى بازاردىكى قاسساپلارغا ، گىلەملەرنى سودىگەرلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەردى . چۈشكەن بارلىق پۇللار بىر يۈز يەتمىش ياشتىن ئاشقان ھاشىرخان چاپاقنىڭ قات - قات ماموق تۆشەكلىرى ئاستىدىكى باخشىدىن مىراس قالغان قەدىمىي كات ساندۇقىغا قاچىلاندى . ئۆي ئىچىدە بۇ يەر ئەڭ بىخەتەر ئىدى . ھاشىرخان چاپاقنىڭ ئەتراپىنى ئاتىسى باخشى يىغقان ھەم ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى توپلىغان مىڭلىغان جىن - ئالۋاستىلار ئوراپ ، سادىقلىق بىلەن قوغداپ تۇراتتى . داۋۇت قاپاقنىڭ خوتۇنى ھېرىپ - ئاچقىنىغا قارىماي خۇشال ئىدى . ئېرى يىغىۋالغان مال - دۇنيانىڭ جەۋھىرى ھاشىرخان چاپاقنىڭ تولمايدىغان داخىركالۋارىغا قاچىلانغان بولسىمۇ ، بازار نامراتلىرى ئەكىرگەن نەچچە مىڭ بولاق قەنتنى ماگىزىنچىغا ساتقۇزۇپ ، ئۇنىڭ پۇلىنى ئۆزى تېقىمىغا باستۇرغانىدى .

ئەمدى كېلىدىغانلار شالاڭلاشقا باشلىدى . داۋۇت قاپاقنىڭ دەردى چىقىپ ، پۇغانى تارقىغان بولسىمۇ ، ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىققۇسى كەلمىدى . ئۇنى ئاقتىكەن كەنتىنىڭ كەنت باشلىقى يوقلاپ كەلمىگەنىدى . ئۇ ئادەملەر بىلەن كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ خوتۇنىنىڭ مەلۇم قىلىشى بىلەن ئاشۇ ئەيسا مەڭ دېگەن بەز قاپاق كەنت باشلىقىنىڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلىۋالغانىدى . ئۆزىگە سادىق بولمىغان بۇ ئەمەلدارنى ئېلىۋەتسە ئاقتىكەننى سورىغۇدەك ئۇنىڭدىن باب ئادەم تاپماق تەس ، مەيلى دەي دېسە ، پۈتۈن يۇرت ئۇنىڭ خاپىلىقىغا ماتەم تۇتۇۋاتسا ، بۇ ئەبلەخ ھېچ ئىش بولمىغاندەك مەھەللىدە مەشرەپ تارتىپ يۈرۈۋاتىدۇ . داۋۇت قاپاق ئەيسا مەڭنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنىڭ چارىسىنى تاپالماي ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك

بولدى. ئاخىر، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، گىلەم ئۈستىدە يۇملاشقا باشلىدى.

## 4

ھاشىرخان چاپاق جىن - ئالۋاستىلارنىڭ پەۋقۇلئاددە كۈتۈشى بىلەن ناھايىتى ئۇزاقتىن بېرى سۇنئىي ھالدا ياشىدى. ئىككى، ھەتتا ئۈچ ئادەمنىڭ ئۆمرىنى كۆردى. جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ھاشىرخان چاپاقنى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگۈزۈشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، ئۇ ئۆلۈپ كەتسە جىنلار ئۆزلىرىنىڭ ئىگە - چاقىسىز قېلىپ سەرسان بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇلار ئەگەر ئادەمدىن تۆرەلگەن بىرەر باخشىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ئۇنى پىر - ئۇستاز تۇتۇپ مىڭ ياشقا كىرىۋالمىسا يەنە تۇتۇن بولۇپ تۇگەيتتى، شۇڭا ئۇلار ھاشىرخان چاپاقنى يۆلەيتتى ھەم ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ياشايتتى.

ھاشىرخان چاپاق ئادەملەر ئەسلىي ياشايدىغان ياشتىن ئېشىپ، ئالۋاستى ياشايدىغان ياشقا ئۆتۈپ كەتكەچكە، شۇنداقلا ئۇزاق يىل ئالۋاستىغا خوتۇن بولغاچقا، ئۇنىڭ قېنىغا ئالۋاستىنىڭ ھېسسىياتى، روھى، ئېڭى سىڭىپ، ئەقلى بارغانچە ئۆتكۈرلىشىپ، سېزىمى ئېشىپ كەتتى. بىر جۈپ چاپاق ھەم يۇملاق كۆزلىرى روشەنلىشىپ، كۆكۈچ ئىستەك يېلىنجايدىغان بولۇپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئادەملىك جىسمانىي قۇۋۋىتى قالمىدى، تېنى چىرىپ، تېرىسى نېپىزلەپ، گۆشلىرى مىلىقلاپ كەتتى. ئىچىدىكى سارغىيىپ كەتكەن سۆڭەكلىرى ئېنىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. كىمىكى ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەرقانداق يېرىنى تۇتسا شۇ زامان مىلىقلاپ كەتكەن گۆشىنىڭ ئىچىگە قولى كىرىپ كېتىپ، شۇ يەردىن زەرداب سۇ ئېقىپ چىقاتتى. ئۇنىڭ قول - پۇتلىرىنى بالىلىرىنىڭ تۇتۇپ باقمىغىنىغا ئوتتۇز يىلدىن ئاشتى. ئۇنىڭ ھەممە يېرى چىرىپ كەتكەن، سۇلۇق ئىششىق بىلەن تولغانىدى.

بىرىنچى تارتىپ پۈتىغىچە پۈتۈن ئىسكىلىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بالىلار كۆرسە قورقۇپ چىرقىراپ قاچاتتى. ئۇ جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ياردىمىدە يېتىپ قوپاتتى. ئولتۇرغۇزۇپ قويسا ئولتۇراتتى، ياتقۇزۇپ قويسا ياتاتتى، ئالدىنى قاياققا قىلىپ قويسا يىل بويى شۇ ياققا ياتاتتى. جىن ـ ئالۋاستىلار تۇتۇن، بۇلۇتقا ئايلىنىپ، ئۇنى ياتقۇزۇپ، قوپۇراتتى. ئۇ تۇتۇندەك كۆكۈچ يېلىنجاپ تۇرغۇن كۆزىنى پىلدىرلىتىپ يېتىپ، جاھاندا بولۇۋاتقان ئىشلارنى جىن ـ ئالۋاستىلار ئەكېلىپ بەرگەن جاھاننامە ئەينىكىدىن كۆرۈپ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى.

ھاشىرخاننىڭ قاپىقىدىن بىرمۇنچە قومۇشلار ئۈنۈپ چىقىپ يېپەك تارتىپ كەتتى. بېشىدىكى ئاق چاچلىرى چىگىملىك بولۇپ قومۇشلارغا يامىشىپ چىقتى. جىنلار ئۇياق ـ بۇياققا ئۇچقاندا شامال چىقىپ، قومۇشلار تەۋرەپ كېتەتتى. دەل شۇ چاغدا ھاشىرخان ئاغزىدىن ئىس چىقىرىپ، جىنلاردىن:

— ھوي ئەر ئالماسلار، سول قاپىقىم بەك تارتىپ كەتتى. ماڭا نېمە خۇشاللىق باردۇ؟ — دەپ سورايتتى. جىنلار پىخىلدىشىپ كۈلۈشۈپ:

— ياشاپ كەتسىلە پىرىم، كېلىشكەن، دېۋىدەك كۈچلۈك، ئوغۇزخاندەك پالۋان يىگىتتىن بىرى سىلىگە ئەر بولىدىغان ئوخشايدۇ. مانا سىلىنى پەرىزاتتەك ياساندۇرۇپ قويدۇق، ئەمدى يىگىت بىر كۆرسىلا يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپ كېتىدىغان بولدى، — دېيىشەتتى.

ھاشىرخان خۇشال بولۇپ:

— دېگىنىڭلاردەك بولغاي، — دەيتتى.

ھاشىرخان كۆزىنى يۇمۇپ مۆگىدەپ بولغۇچە جىن ـ ئالۋاستىلار ئۇنىڭغا چۈش كۆرسىتەتتى. مانا پەرىزاتتەك ياسانغان قىرىق كۆكۈلىلىق ھاشىرخان قىزچاق ياپىيېشىل چىمەنلەر ئارىسىدىكى بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق بويىدا ئالتۇن كۆكۈلىلىق يىگىت ئوغۇزخان بىلەن پۈتلىرىنى بۇلاق

سۈيگە چىلاپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشماقتا . ئوغۇزخان ئۇنىڭ ھەربىر تال كۇكۇلىسىغا بىر تالدىن گۇل قىستى . بارماقلىرىغا ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك ، بىلەكلىرىگە ئالماستىن كۆز قويۇلغان بىلەزۈك تاقاپ قويدى . بوينىغا بۆرە كۆزىدەك چاقناپ تۇرىدىغان برىلليانتنى ئاستى .

ھاشىرخان ئويغىنىپ چۇشلىرىنى جىنلارغا سۆزلەپ بېرەتتى . جىن ـ ئالۋاستىلار ئۇنىڭ پات ئارىدا ئەرگە تېگىدىغانلىقى ۋە توي كېچىسىدىكى شېرىن ئىشلار ھەققىدە سۆزلەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى .

ھاشىرخان چاپاق ئوغلىغا زېھنى زەئىپلىنىشىپ ، كۇندىن ـ كۇنگە گالتە پەم بولۇپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنى قانداق باشقۇرۇش ھەققىدە جىن ـ ئالۋاستىلار بىلىدىغان سىرلىق يولىورۇقلارنى بېرەتتى .

ھاشىرخان چاپاق چىمەنلىك ئىچىدە ئوغۇزخان بىلەن چىرمىشىپ ئويناۋېتىپ ئويغىنىپ كەتكەندە ، بىر جىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئوغلى داۋۇت قاپاقنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزدى .

— ئۇنى ئالدىمغا ئەكىرىڭلار !

— چىققىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ .

— روھىنى بەند قىلىپ ئەكىرىڭلار !

— خوپ .

جىن ـ ئالۋاستىلار داۋۇت قاپاقنىڭ روھىنى قىلدا باغلاپ ئانىسى ياتقان ئۆيگە سۆرىۋېدى . ئۇنىڭ تۇلۇمدەك تېنى پۇشۇلداپ كىرىپ كەلدى . ھاشىرخان ئىشارەت قىلىۋېدى . جىنلار داۋۇت قاپاقنىڭ روھىنى ئۇنىڭ بۇرنى ئارقىلىق تېنىگە سولىۋەتتى ، شۇئان ئۇ ئەقلىگە كېلىپ ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئانىسىغا سالام بەردى ۋە ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى .

— ئەھۋالىڭ قانداق ، بالام ؟

— ئانچە ياخشى ئەمەس، چىرايلىق ئانا.

— سىـبـنـى ھاقارەتلىگەنلەرگە پەرۋا قىلماي، خىزمىتىڭنى پۈتۈن نىيەت ـ ئىقبالىڭ بىلەن قىلىۋەر. ئۇ ئازغۇنلار نېمە دېسە دەۋەرسۇن.

— جېنىم چىرايلىق ئانا، مەن بۇ ھاقارەت، تۆھمەتكە زادى چىـدىـيـالـمـىـدىـم. ئۆچـۈمـنـى ئېـلـىـپ بەرسىڭىز. غايىب لەشكەرلىرىڭىزنى ئىشقا سېلىپ ئاغزىنى مايماق، زۇۋانىنى گەپكە كەلمەس قىلىۋەتسىڭىز.

— كــەم ئەقىللىق قىلما، بالام. ئۇنىغۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما پۈتۈن خەلقنى ئاغزى مايماق، زۇۋانــســز قىلىۋەتسەك باشقا يۇرتنىڭ خەلقى يەنە ساڭا لەنەت ئوقۇمامدۇ؟ يۇرتنىڭ ئادەملىرى ئەقلى خوراپ كەتكەن ئۇنتۇغاق خەلق، سەن ئۆزۈڭ ھەق دەپ بىلگەن ئىشىڭنى قىلىۋەر، بىرنەچچە ۋاخ ئۆتە ـ ئۆتمەي ئۇلار بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ يەنە ساڭا خوپ دەيـدۇ، خـۇددى سېنىڭ ئۆزلىرىگە باشلىق بولغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالغاندەك.

داۋۇت قاپاقنىڭ كۆز ئالدى يورۇپ كەتتى.

— ئـەقىل ئۆگەتكىنىڭىزگە رەھمەت ئانا. پۇت ـ قولۇمغا يېڭىباشتىن جان پەيدا بولدى، روھلىنىپ كەتتىم.

— ئاقتىكەنلىك ئەيسا مەڭ ھازىر سەندىن قورقۇپ تېپىرلاپ قالدى. مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇنى قانداق ئەيىبلىسەڭ، بۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭدىن چىقمايدىغان جۇۋاز كالىسى بولىدۇ، بىلدىڭمۇ؟

— ئـۇقـتـۇم چــىـرايلىق ئانا، خۇدا ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن، تــېـنـىـڭىزنى سالامەت قىلسۇن. شۇ تاپتا بېشىڭىزدىكى ئالتۇن تاجىڭىز تېخىمۇ كۆركەم جۇلالىنىپ كېتىپتۇ، — دېدى داۋۇت قاپاق ئانىسىنىڭ بېشىدا ئىرغاڭلاپ تۇرغان قومۇشنى كۆرسىتىپ.

ھــاشــىـرخــان چاپاق پەخىرلىنىش ئىچىدە كۆزىنى يۇمۇپ، چىمەنلىك ئىچىدىكى شېرىن چۈشنىڭ ئاخىرىنى كۆرمەك بولۇپ ئۇيقۇغا كەتتى.

## 5

داۋۇت قـاپـاق نـاھايىتى روھلۇق ھالدا كالتا پاچاقلىرىنى سـىـيـاچـۆكتەك ئالماپ يۆتكەپ ، ئەتىگەندىلا يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدا پەيدا بولدى . چاپارمەنلەر ئۇنىڭ ئىشقا چۈشكەنلىكىنى قول باغلاپ تۇرۇپ قۇتلۇقلاشتى .

— كېسەللىرى خېلى ئوڭلىنىپ قالدىما ؟

— خۇداغا شۈكۈر .

— نەلىرى ئاغرىپ قالغان بولغىيدى ؟

— كۆزۈم ئاغرىپ كېتىپ… پەقەت ئاچالمىدىم .

— ھازىر كۆزلىرى شۇنداق روشەن ، ئۆتكۈرلىشىپ كېتىپتۇ .

— خۇدا شىپالىق بېرىپتۇ .

— بۇ ئىپلاس كېسەل نەدىن چاپلاشتىكى كۆزلىرىگە ؟

— خۇدايىم ئۆزىگە يېقىن كۆرگەن بەندىسىگە مېنى پات ـ پات ئەسلەپ تۇرسۇن دەپ ئاغرىق سالىدىكەن .

داۋۇت قاپاق بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۆيىگە بېكىنىپ ياتقاچقا ، بۇنداق يېقىملىق گەپلەرنى خېلى سېغىنغانىدى .

— بـىـرقـانـچـىـڭلار ھوشۇر باينىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ ، ئاقتىكەندىكى ئەيسا مەڭ دېگەن كېپەك ئوغرىسىنى پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئەكېلىڭلار .

— ماشىنىغا چىقىرىپ ئەكېلەمدۇق ، ماڭدۇرۇپمۇ ؟

— تولا تىلىڭنى چايناشماي ئۇچقاندەك ئەكېلىشە .

— خوش .

— سـىـلـەر ئـەيـسـا مـەڭ كـېلىشىگىلا كەپتەرگە سالغان قـارچـىـغـىـدەك تېگىش قىلىسىلەر ، ئۇقتۇڭلارمۇ ! — دېدى ئۇ يېنىدىكىلەرگە قاراپ .

سەرۋازلار ئەيسا مەڭنى ئېلىپ كەلدى . ئەيسا مەڭ كەشىنىڭ

قونچىغا دەسسەپ پۈكلىنىپ سالامغا كېلىشۈىدى ، داۋۇت قاپاق ئۇنىڭ سوزۇلغان ئىككى قولىغا ئۇرۇۋەتتى .

— ئەيسا باي دېگەن سەنما ؟

— خوش ، شۇنداق .

— سەن نېمە ئىش قىلىشۋاتىسەن ؟

— سىلى تاپشۇرغان ئىشنىڭ كويىدا يۈرۈۋاتىمەن ، ئاتا .

— ھۇ ئۆلۈكىنى ئىت يېمەيدىغان ئوغرى !

بىر توپ ئادەم ئوۋ ئىتلىرىدەك بىرھازاغىچە قاۋاپ ، ئەيسا مەڭنى كېسەل توخۇدەك دۈگدەيتىۋەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇت قاپاق قولىنى بىرلا شىلتىۋىدى ، سەرۋازلار خۇددى كۇنۇپكىسى بېسىلغان ماشىنا ئادەملەردەك شىپپىدە توختاپ ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىشىپ ، قاراپ تۇرۇشتى .

داۋۇت قاپاق يەنە قايناپ كەتتى :

— سەن كېپەك ئوغرىسىنىڭ دېھقانلىرى ئۆز قەرەلىدە ئىشنى پۈتتۈرمەيدۇ ، بۇگۇن چاقىرسا ئەتە ھە دەيدۇ ، ئالدىغا كادىر ئۇچرىسا سالام بەرمەي ، كالىدەك ماڭىدۇ . يىغىن ئېچىلسا ئۇخلايدۇ .

— ئۇلار تۇر دېسە تۇرىدىغان ، ماڭ دېسە ماڭىدىغان ماشىنا ئەمەسكەن ، ئەمدى ئادەم بولغاندىكىن...

— سەن كېپەك ئوغرىسى زادى... نېمىدەپ تىلىڭنى چاينايسەن ؟

— مەن تۇزىتەي ، ئاتا .

— قانداق تۇزىتىسەن ؟

— قانداق دېسىلە شۇنداق تۇزىتەي .

داۋۇت قاپاق بىردەم ئويلاپ تۇرۇپ قالدى .

— ئادەم دېگەننى قانداق باشقۇراي دېسە شۇنداق باشقۇرغىلى بولىدۇ . سەن ئاقتىكەنلىك خوتۇن تالاقلارنىڭ كىچىك تىلىنى ئوبدان بىلىسەن ، مەن ئەتە ئەتىگەندە ئاقتىكەنگە بارىمەن ، مەن

بارغۇچە يولنى سوپۇرگۈزۈپ، سۇ چاچتۇرسەن، ئادەملىرىڭنىڭ ھەممىسىنى قاتار قىلىپ تىزىسەن، ئۇلارنى «ماڭ» دېسە ماڭىدىغان، «تۇر» دېسە توختايدىغان، «ئىشلە» دېسە ئىشلەيدىغان قىلىسەن. دېگىنىمدەك قىلمىساڭ يۇرتتىن كۆچۈپ كەت. ئاناڭدىن قانداق تۇغۇلغان بولساڭ شۇنداق ھالدا يۇرتتىن چىقىپ كېتىسەن. سەن ئاقتىكەنگە مال - دۇنيا، يەر - زېمىن ئەكەلمىگەن.

— ھازىر ئاقتىكەنگە بېرىپ بولغۇچە كەچ بولىدۇ، ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرسىلە.

— دېگىنىم ھېساب. سەن كېچىچە دېھقانلىرىڭنى مەن دېگەن قىنغا ئەكەلمىسەڭ يۇرتتىن چىقىپ كېتىسەن.

— شۇنداق قىلاي دېمەمسەن، گۆشىيىپ تۇرىسەنغۇ كالۋا، — دېيىشتى سەرۋازلار.

— شۇنداق قىلاي.

نامازشام مەزگىلىدە ئەيسا مەڭ كەنتكە كەلدى. ئۇنىڭ ماڭغۇدەك، گەپ قىلغۇدەك مادارى قالمىغانىدى. ئېرىقتا دۈم يېتىپ لاي سۇدىن قانغۇچە ئىچتى. سۆگەتكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كۆك موخوركىنى غاڭزىسىغا بېسىپ قېنىپ - قېنىپ شورىدى. چەكسىز كەتكەن بوستانلىقلارغا، يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان قومۇشلۇق دۆڭلەرگە، تاقىر قۇم دۆۋىسىگە قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

كېچىدە ئەترەت باشلىقلىرى غۇدۇرشىپ، تەستە يىغىلدى. ئەيسا مەڭ ئەترەت باشلىقلىرىغا قاراپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى.

— مۇشۇ يۇرتتا بىللە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلىقىمىزنىڭ، بىللە يېگەن تۇزىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، مېنىڭ پالاندى بولۇپ يۇرتتىن ھەيدىلىپ كەتمەسلىكىم ئۈچۈن ماڭا بىر شەپقەت قىلساڭلار...

ئەيسا مەڭ بوغۇلۇپ قېلىپ گېپىنى داۋام قىلالمىدى. ئەترەت باشلىقلىرى ھەيران بولۇشتى. چۈنكى بۇ ئادەمنىڭ يالۋۇرۇپ گەپ

قىلغىنىنى يۇرتتا ئانىسىدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىغانىدى .
داۋۇت قاپاق پۇشۇلداپ ماشىنىغا چىقتى ۋە شوپۇرغا :
— ئۇچقاندەك چاپتۇر بىر نېمەڭنى ، — دەپ ۋارقىرىدى .
ماشىنا تېز ئايلانغانلىقتىن ئىشىك ئېچىلىپ كېتىپ داۋۇت قاپاق ھەلەپ سېۋەتىدەك يەرگە يۇمىلاپ چۈشۈپ كەتتى . قاتتىق تورمۇزلانغان ماشىنا ئاسمان ـ پەلەك توپا ئارىسىدا قالدى . قورقۇپ قېتىپ قالغان شوپۇر تورمۇزغا دەسسىگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى . قويۇق چاڭ ـ توزان ئارىسىدىن داۋۇت قاپاقنىڭ ئېيىق تاپىنىدەك قوللىرى شوپۇرنىڭ ياقىسىغا سوزۇلدى . ئۇ شوپۇرنى يەرگە سۆرەپ چۈشۈرۈپ پومداقلاپ تېپىپ كەتتى . شوپۇر توپىدا يۇمىلاپ تاياق يەۋېتىپ ئۆزىچە شۈكۈر دەپ قويدى . چۈنكى داۋۇت قاپاق ساق ئىكەن . ئۇنىڭ يېڭى كىيىملىرى ، مايلاپ قويغان ياغاچ ئاياغدەك يوغان يۈزلىرى ، يېڭى قىردۇرغان گۆشلۈك بېشى توپىدا بۇلغىنىپ كەتكەن بولسىمۇ ، بىر يېرى زەخىملەنمىگەنىدى .
— سەن مۇناپىق نېمىشقا ئىشىكنى چىڭ ئېتىلمەيدىغان قىلىپ قويىسەن ؟ سەن ئابدالنىڭ بالىسىنىڭ مەندە نېمە ئۆچۈڭ بار ئىدى ؟ ساڭا يامانلىق قىلمىدىم . بىر دىۋانە ئابدالنىڭ بالىسىنى ئۆستۈرۈپ شوپۇر قىلىپ قويسام ياندۇرغىنىڭ شۇ بولدىما ؟
— ئۆزلىرى ئىشىكنى چىڭ ياپماپلا .
— سەن يەنە لاتا چاينايسىنا !
داۋۇت قاپاق شوپۇرنى يەنە بىر ھازا ئۇرۇپ ، تەپتى . شوپۇرنىڭ ئاغزى ـ بۇرنى قان بولۇپ كەتتى . داۋۇت قاپاق پۈت ـ قولى تالغاندىلا ئۇرۇشتىن توختىدى . ماشىنا ئاقتىكەنگە قاراپ ئۇچقاندەك چاپتى . داۋۇت قاپاق شوپۇرنى يول بويى ئېسىگە كەلگەن ھەممە سېسىق تىل بىلەن تىللاپ ماڭدى .
ئاقتىكەن دائىرىسىگە كىرگەندە داۋۇت قاپاقنىڭ ئالا كۆچۈكلىرى تارقاپ ، قاپىقى ئېچىلدى . ئاغزى تىللاشتىن توختىدى . يوللارغا سۇ چېچىلىپ ، تۈزلىنىپ كەتكەنىدى . كەنت ئالدىدىكى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەيسا مەڭ قول باغلاپ تۇرغانىدى .

داۋۇت قاپاق ئەتراپقا قارىدى . پۈتۈن مەھەللە تىلسىمدەك جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى . ئەيسا مەڭدىن باشقا ئادەم دىدارى كۆرۈنمەيتتى . داۋۇت قاپاقنىڭ يەنە قاپقى تۇرۇلدى .

— ھەي ، ئادەملىرىڭ كۆرۈنمەيدىيا ؟

— ئۇرنۇڭدىن تۇر !

ئەيسا مەڭ بىر ۋارقىرىۋىدى ، يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئېرىقتىن دېھقانلار ئورماندەك ئۈنۈپ چىقتى . داۋۇت قاپاق تەبەسسۇم بىلەن نەزەر سالدى . قېرىلار ، بالىلار ، ئەرلەر ، ئاياللار ھەممىسى ھارغىن قىياپەتتە قارىشىپ تۇراتتى .

— چاۋاك چال ! — دەپ بۇيرۇق بەردى ئەيسا مەڭ . قاراسلاپ چاۋاك چېلىندى .

— توختا !

چاۋاك توختىدى .

— ئارقىغا بۇرۇل ! كەتمەننى ئال ، ئېتىزغا ماڭ !

دېھقانلار ئەيسا مەڭنىڭ بۇيرۇقىنى شۇئانلا ئىجرا قىلدى .

— مانا ، مانا ، ئەيسىراخۇن ، قىلاي دېسە ھەرقانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ . ھوقۇقنى مۇشۇنداق ئىشلىتىڭلا ، ئاندىن مەن داۋۇتنىڭ ئادىمى بولالايسىلەر ، ياخشى بولدى ، كەتتۇق .

ئەيسا مەڭ تاماكىسىنى شورىغىنىچە كۆزىنى قىسىپ قاراپ قالدى . دېھقانلار شۇئان تارقاپ كەتتى .

يول بويى داۋۇت قاپاقنىڭ ئاغزى كۈلكىدىن يۇمۇلمىدى .

— قانداق ، ھوشۇرباي ، سەنمۇ خۇش بولغانسەن ؟

— سىلىدەك خۇش بولمىدىم .

— ئەتىگەنكى ئىشنى ئۇنتۇپ كەت . ماۋۇ ئىشتىن خۇشال بول .

— ئەتىگەن خۇدا ساقلىدى ، ئۇنىڭدىن خۇشالمەن . لېكىن ئەيسا مەڭنىڭ ئىشىدىن خۇشال بولمىدىم .

— نېمىشقا ؟ مېنىڭ گېپىمنى ھەممە ئادەم ئاشۇنداق ئىجرا قىلىشى كېرەك .

— ئـۇغـۇ شۇنداق ، سىلىنىڭ گەپلىرىنى بەجانىدىل ئىجرا قىلىمىز ، لېكىن ئەيسا مەڭ سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئەينەن ئىجرا قىلغاندەك تۇرغان بىلەن ئەمەلدە سىلىنى مەسخىرە قىپتۇ .

— نېمە ؟ توختا .

ماشىنا توختىدى .

— سۆزلە .

— ئەيسا مەڭ دېھقانلارنى «يات» ، «قوپ» ، «ماڭ» دەۋاتقاندا ھەممە خەق پىخىلداپ سىلىگە قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ ، ھەممە ئەرلەر چاترىقىنى چاڭگاللاپ تۇرۇپتۇ .

— نېمە ؟ نېمە ؟ راست ، مېنى زاڭلىق قىلدىمۇ نېمە بۇ كېپەك ئـوغـرىـسـى ! يـاق ، تـوخـتـا ، مەن… بىز بېرىپ بۇ مەسىلىنى يېشىۋاشتىن مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى . ئاندىن… ھەيدە ، بەتبەخت !

داۋۇت قاپاق يەنە يول بويى شوپۇرنى تىللاپ ماڭدى . يېزا مەركىزىدە ئۇنى يەنە بىر كۆڭۈلسىزلىك كۈتۈپ تۇرغانىدى . تاش مـۇنـارغـا : «داۋۇت قاپاق ھارامدىن بولغان ، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ يېرىمى ئادەم ، يېرىمى ئالۋاستى . شۇڭا ئۇ ئادەممىكىن دېسە ئادەم ئـەمـەس ، ئالـۋاستىمىكىن دېسە ئالۋاستى ئەمەس» دەپ يېزىپ قويۇلغانىدى . نۇرغۇن ئادەملەر مۇنار ئەتراپىغا ئولىشىپ سۆز ـ چۆچەك قىلىپ كۈلۈشمەكتە ئىدى . داۋۇت قاپاقنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئادەملەر تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى . پەقەت بىرلا ئـادەم قـاچمىدى . يىل بويى مۇشۇ مۇنارنىڭ يۇمىلاق سۇپىسىدا قـىـپـيـالـىـڭـاچ سوزۇلۇپ ياتىدىغان ، سوغۇقتا توڭلىمايدىغان ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئەۋلىيا دەپ نام ئالغان رېخىماخۇن ئاتلىق بىر ئادەم سۇپىدا كۈلۈپ ئولتۇرغانىدى . داۋۇت قاپاق دىرىلدەپ تىترەپ كەتتى . رېخىماخۇن يالىڭاچ تېنىمىنى قاشلاپ تۇرۇپ ، مۇناردىكى خەتنى كۆرسىتىپ داۋۇت قاپاققا قاراپ كۈلدى . نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغان داۋۇت قاپاق ئېتىلىپ بېرىپ رېخىماخۇننى تېپىپ ، ئۇرغىلى تۇردى .

— كىم يازدى بۇنى ، ھەي ساراڭ دەلدۈش ، سەن يازدىڭمۇ ؟

رىخىماخۇن مۇشت ، تېپىك ئۆتمىگەندەك قولىنى ئۇياق - بۇياققا ئىشارەت قىلىپ ئاللىنېمىلەرنى دېدى . ئۇنىڭ گېپىنى بىلگىلى بولمايتتى .

## 6

سېمىز خوتۇن خەيرىخاننىڭ ئەمدى رەسمىي ئاچچىقى تۇتتى .
— ھالىڭ نېمانچە يوغان سېنىڭ ؟ سەن كىم بىلەن گەپلىشىۋاتقىنىڭنى بىلەمسەن ؟ سەن ھازىر خاتىب مىراپ بېگىمنىڭ ئاغچىسىغا گەپ قىلىۋاتىسەن ! ھوشۇڭنى بىل ! ئۆزۈڭ بىر كۆك تۆش پادىچىنىڭ ئوغلىسەن ، گۈلبانۇدەك گۈزەل باي قىزنى چۈشۈڭدىمۇ كۆرەلمەيسەن .
— بۇنى ئۆزلىرى دېمىسىلىمۇ تانمايمەن ، گۈلبانۇدەك بەگ قىزى مەندەك كۆك نامرات پادىچىنىڭ ئوغلىغا لايىق ئەمەس . بەگزادىلەردىن كۈيئوغۇل تاللاڭلار .
— خۇدا كاككۇكنىڭ ئىشقىنى پاقىغا باغلاپ قويۇپتۇ . خۇدانىڭ ئىرادىسىگە توغرا تۇرما .
— مېنىڭ ئامالىم يوق .
— سەن كېسەلمۇ ؟
— بىلمەيمەن .
— ئالدىرىما ، پۇشايمان قىلىسەن ، گۈلبانۇغا ئۆيلەنسەڭ ئۆمرۈڭ باياشاتلىقتا ئۆتىدۇ ، خۇدا ساڭا مال - دۇنيا بەرمىگەن بىلەن يۇسۇپتەك كېلىشكەن ئەرنىڭ سۆلىتىنى بېرىپتۇ . بۇ كېلىشكەن قامىتىڭگە پادىچىنىڭ پىتلاپ كەتكەن جەندىسى ئەمەس ، بەگزادىلەرنىڭ زەر تونلىرى كېرەك . ھاسىنىڭ ئورنىغا قامچا تۇتىدىغان ، ئېشەك ئورنىدا تۇلپاردەك ئات مىنىدىغان بولىسەن ، ئەقلىڭ جايىدا بولسا رەت قىلمايسەن ، ئاتا - ئاناڭمۇ دۆلەتمەن بولۇپ سەندىن رازى بولىدۇ .
— سۆزلەۋەرمەڭ ، گۈلبانۇغا ئۆيلىنەلمەيمەن .

— ئۆمرۈمدە ئاللاغا شۇنداق يېلىنغان، مەن گۈلبانۇنىڭ ھامىسى بولغاچقا، ئۇنىڭ ھالىغا چىدىيالماي ساڭا يالۋۇردۇم. ئەمدى ئاڭلا، ئەگەر نىيىتىڭدىن يانمايدىغان بولساڭ، ئاشۇ قىزنىڭ تارتقان ئازابى ئۈچۈن ئاتا - ئاناڭنى سەرسان قىلىۋېتىمىز. سەن چۆلدە مال بېقىپ يۈرگەندە ياخشىلىق قىلىپ گۈلبانۇنى ئۆزۈڭگە كۆيدۈرۈۋاپسەن، ئۇنىڭغا ئۆيلەنمىسەڭ سېنى چوقۇم ساراڭ قىلىۋېتىمىز. سەن ۋەيران بولۇپ كېتىسەن.

— خۇدادىن سىلەرگە ئىنساپ، ئىمان تىلەيمەن.

ئاغىچا خېنىم مەپىسگە چىقىپ يامانلاپ كەتتى. راخمان پادىچى قويۇق توپا توزىتىپ كېتىۋاتقان قوڭغۇراقلىق ئارغىماقلار كەينىدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قاراپ قالدى. قوينىدىن نەينى ئېلىپ، پاكار بىر دۆڭدە ئولتۇرۇپ «باياۋان» غا چېلىشقا باشلىدى. چەكسىز مۇڭ، ھىجرانغا تولغان كۈي بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرگەن زەڭگەر كۆكنىڭ باغرىغا يېقىملىق سىڭىپ باردى. بىر توپ تورغاي چۇچۇلاپ راخمان پادىچىنىڭ بېشىنى ئەگىشكە باشلىدى. بىر تورغاي بۇلۇتلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چۈشۈپ راخماننىڭ مۈرىسىگە قوندى ۋە مەڭزىگە سۆيدى. ئىپارنىڭ خۇش ھىدى راخماننىڭ ۋۇجۇدىنى مەست قىلدى. نەي چېلىۋاتقان قولى تىترەپ، نەي توپا ئۈستىگە سىيرىلىپ چۈشتى. ھۆل، ئىسسىق كەلگەن يۇمشاق لەۋ چېكىسىگە تەگكەندە ئۇنىڭ بويۇن پەيلىرى سىرقىراپ، مۇسكۇللىرى دىرىلدەپ تىترەپ كەتتى، ئۇ تاقەت قىلالماي تۇرالماي ئاق شايىلىق قىزنى قۇچاقلاپ باستى. ئاق لىباسلىق قىز يىلاندەك سوغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. قىزنىڭ قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك لېۋىدە كۈلكە ئوينايتتى، كۆزلىرىدىن يۇلتۇزدەك كۈمۈش نۇر چاچراپ تۇراتتى، راخمان پادىچى توپا ئارىسىدىن ئۆمىلەپ تۇرۇپ قىزغا يەنە تاشلاندى، قىز لىككىدە كۆتۈرۈلۈپ راخمان پادىچىنىڭ بويى يەتمىگۈدەك بوشلۇقتا جىلۋە قىلىپ قاراپ تۇردى. راخمان توپىغا تىزلاندى.

— ئۇلۇغ پەرى، بۇنداق قىيناۋەرگۈچە قېنىمنى ئېلىپ

كەتسىڭىز .
— سىز مېنى قانچىلىك قىينىدىڭىز ؟
— مەن قىينىمىدىم .
— يالغان سۆزلىمەڭ . ئىرادىڭىز تەۋرەنگەن ۋاقىتتا جىسمىمغا ئوت تۇتىشىپ كۆيۈشكە باشلايمەن . ئادەم ئاتا ۋەدىسىدە تۇرماي جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن بېرى پەرىزاتلار ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلمىغان . خۇدا سىزنىڭ ئوتىڭىزنى ماڭا تۇتاشتۇردى . شۇنىڭ بىلەن نەچچە مىڭ يىللىق ئادەتنى بۇزۇپ مۇھەببەتكە باغلاندىم . سىز قەسەم بەرگەن تۇرۇقلۇق يەنە تەۋرىنىپ قېلىۋاتىسىز ، يەنە ئالتە ئاي بەرداشلىق بەرسىڭىز جىسمىڭىزنى پەرىزات جىسمىغا ئايلاندۇرىمىز ، جىدامىلىق بولۇڭ .
— ئۇلۇغ پەرى ، ئاتام دائىم ماڭا ئىنسان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئازغۇچى دېگەنلىك بولىدۇ ، دەپ تەلىم بېرەتتى ، ئېھتىمال مەن ئېزىۋاتقاندۇرمەن . ئەمما ، ئاتا ـ ئانامنىڭ مېنىڭ سەۋەبىمدىن ماكانسىز قېلىپ ، سەرسان بولۇشىغا زادىلا چىدىيالماي قېلىۋاتىمەن .
— مەن پەرىزاتلار پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى . ئاتا ـ ئانامنى ، شاھلىق تەختىنى ساڭا تېگىشتىم . ھازىر ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىلدىم . سۇرگۈنلۈكتە ياشاۋاتىمەن...
قىزنىڭ كۆزىدىن مەرۋايىتلار تۆكۈلدى .
— ئاتا ـ ئانام سەرسان بولۇپ كەتسە مەيلىمۇ ؟
— قورقۇنچاق بولمىغىن ، ئىشلار ئىنسانلارنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس ، ئاللانىڭ دېگىنىدەك بولىدۇ . ساڭا تەھدىت سالغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئادەملەردۇر . قاراڭغۇلۇقتا تېڭىرقاپ قالغان قەلبىڭنى يورۇتاي ! — قىزنىڭ كۆكسىدىن ھەسەن ـ ھۈسەندەك بىر جۈپ نۇر سوزۇلۇپ چىقىپ ، راخماننىڭ كۆكسىنى تېشىپ كىردى ، يىگىتنىڭ دىلى شۇئان يورۇپ قىز بىلەن بولغان ئايرىلىقى بارغانچە قىسقاردى .
راخمان خۇش كەيىپ ھالدا پادىسىنى ھەيدەپ قايتىپ

كەلگەندە ، ئاتا ـ ئانىسى يىغا ـ زار قىلىپ ئالدىغا چىقتى .
— ئۇبدان ئوغلۇم ، سەن ھامان ئۆيلىنىسەنغۇ ، بىز گادايچىلىقتا سېنى قانداق ئۆيلەرمىز دەپ غەم قىلىۋاتاتتۇق . سېنى بەگنىڭ كۈيئوغۇللۇقىغا تاللىشى بىزگە كاتتا ئامەت ، ئامەت بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايدۇ . ئەمدى جەندىنى تاشلاپ قامچا ئوينىتىپ يۈرىدىغان بەگزادە بولىسەن ، ئەقلىڭ بارمۇ سېنىڭ .
ئانا توختىماي سۆزلەپ راخماننىڭ قولىقىنى پاك قىلىۋەتتى . ئاتىسى ئۇن چىقارماي غاڭزا تارتىپ ، تام تۈۋىدە مۈكچىيىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ چۈپۈر قېشى ئاستىدىكى ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرى ئوغلىغا تىكىلگەندى .
— ئاتا ، مېنى قىينىمىساڭلار .
— بەگ قىزىغا ئۆيلەنگۈڭ يوقمۇ ؟
— يوق .
— ئەمدى بۇ يۇرتتا نان يەپ بوپتۇق ، ئوغلۇم .
— مەيلى ئاتا ، بىزگە خۇدايىم بار . جاھاننىڭ بىر بۇرجىكىدىن نان تېپىپ يېگۈدەك يەر تېپىلار .
ئاتىسى غاڭزىنى ئايىغىنىڭ قونچىغا ئۇرۇپ كۆلىنى قاققاندىن كېيىن قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ئانىسى ھۆكۈرەپ يىغلاپ ئاتىسىنىڭ كەينىدىن ماڭدى .
— توۋا قىلدىم خۇدايىم . مەن ئېيتتىممىكىن دېسەم ئىشەكنى ئېيىپتىكەن بۇ دۆيۈز . ئوغۇل بېقىپ چوڭ قىلماپتىمەن ، غەرەز ئۇقمايدىغان ئېشەك بېقىپتىمەن . بىر دۆلەتمەن قىز تېگەي دېسە...
ئانىسىنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي تۇرۇپ ئىشىك ئالدىدا قىقاس ـ سۈرەن كۆتۈرۈلدى . ئاتلار دۈكۈرلەپ كىشنىدى . راخمان ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقىشىغا تومشۇقىغا مۇشت تېگىپ ، ئۆي ئىچىگە ئوڭدا چۈشتى . چوماقچىلار ئۇنى ھەش ـ پەش دېگۈچە باغلاپ تورۇسقا ئېسىۋەتتى . ئۇ مۇشت ، قامچا زەربىسىدىن خۇدىنى بىلەلمەي قالدى . ئاغزى ـ بۇرنى قانغا بويالدى . ئاتىسى بىلەن

ئانىسمۇ تۇۋرۇككە تېڭىلدى ، شاپ بۇرۇتلۇق چاكارنىڭ قول ئىشارىسى بىلەن قامچا تۇتقانلار شىپپىدە توختىدى . ئۇ راخمانغا قاراپ پەس ئاۋازدا سۆزلىدى :

— بىز ساڭا ئازراق نەسىھەت قىلىپ قويايلى دەپ كەلگەندۇق ، نەسىھەتنى ئاڭلىمىدىڭ . بۇنداق بولسا سېنىڭ دىلىڭ ئازار يەيدۇ ، بىزمۇ ھوزۇرلىنىپ كەتمەيمىز ، جاھاندا باشقىغا ئازار بېرىپ ، ئۆز كۆڭلىنى خوش ئېتىدىغان ئادەم بولمايدۇ . ئەقلىڭلار بىلەن گەپ قىلىڭلار ، ئىشنىڭ ياخشىلىق بىلەن پۈتكىنى خوپتۇر .

— يۇرتنى بېرەيلى ، — دېدى راخمان قان قېتىشقا باشلىغان ئاغزىنى ئەستە ئېچىپ ، ئاغزىدىن يەنە قان ساقىپ چىقتى .

— سەن ئامەتنى قاچۇرۇۋەتتىڭ ، كاجلىقىڭدىن بېشىڭغا قونغان دۆلەت قۇشى سېنى چوقۇۋاتىدۇ .

ئىككى چاكار راخماننى يەنە غەزەپ بىلەن قامچىلاشقا باشلىدى . بۇ قېتىم راخمان ئاغرىق سەزمىدى . سەزمەس بولۇپ قالغان ئوخشايمەن دەپ ئويلىدى . ئەمەلىيەتتە پەرىزات قامچىنى جىسمى بىلەن توسۇپ تۇرغانىدى .

— شۇنچە چىرايلىق ئوغۇلنى ئەقلى بىلەن تاپساڭ بولماسمىدى ، پايپاق ساقال بەڭگى ! ئۆزۈڭ قانداق ئويلاۋاتىسەن ؟

— ئوغلۇم يۇرتنى بېرىشكە رازى بولدى . مەن نېمىدەيمەن…

ئۇنىڭ باش ـ كۆزىگە تارسىلداپ قامچا تەگدى .

— سىلەر يۇرتنى بېرىپلا قۇتۇلمىز ، دەپ چۈچۈرنى خام سانىماڭلار ، يۇرتىمىزنىڭ تۇزى ئېغىر ، ئەقلىڭلارنى تاپقۇچە مۇشۇ يوسۇندا پات ـ پات مۇڭدىشىپ تۇرىمىز… خۇداغا ئامانەت ، يەنە يوقلاپ كېلىمىز .

ئۇلار قايتىپ كەتتى .

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە مۇڭداشقىلى كېلىدىغانلاردىن يەنە ئۈچەر كەلدى . ئاتا ئوغلىغا يۈزلىنىپ دېدى :

— قانداق قىلىمىز ، ئوغلۇم ، ئاخىرەت ئۈچۈن ئىمان

ئېيتىۋالىمىزمۇ ياكى توي ئۇچۇن تەييارلىنىمىزمۇ ؟
راخمان ئاتىسىغا ئۇزاق قارىدى . ئاتا جىسمانىي جەھەتتە خورلانغان بولسىمۇ ، روھىنى پاك قوغداپ كەلگەنىدى . ئەمدى ئۇ ئوغلى ئۇچۇن ئاخىرقى قىسمەتكە تەييارلاندى .
راخمان كۆزىنى يەرگە تىكىپ :
— بىز ياشايلى ، ئاتا ، — دېدى .
— بۇرۇنراق شۇنداق دېسەڭ بولماتتى ، بالام !
ئاتا ئوغلىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى ، ئاتا دەرھال مومايىنى سىلكىشلەپ توختاتتى .
— ئازراقمۇ رازىچىلىقىڭ بولمىسا ياشىمىساقمۇ بولىۋېرىدۇ . بالام ، بىز پەقەت بۇ دۇنيادىلا ياشىمايمىز .
— ياق ئاتا ، رازى بولۇشقا مەجبۇرمىز . ئانامدەك خۇشال بولدىڭىزمۇ ، ئاتا ؟
— ياق بالام ، ئارتۇق گەپ ئېشەككە يۇك .
— گېپىڭىزنىڭ تېگىنى بىلەلمىدىم ، ئاتا .
— مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان چېغىڭدا ئالەم كۆتۈرەلمىگۇدەك خاپىلىقنى ئىچىڭگە سىغۇرالماي قىينىلىۋاتقانلىقىڭنى سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن . بىزنىڭ ھاياتىمىزدىن ئەنسىرەپ كۆڭلۈڭ خالىمىغان ئىشقا رازى بولۇۋاتىسەن . بۇنى بىلمىگەن يەردە ئەمەسمەن . سېنى بۇ ھالدا قويۇپ تىرىك ياشاش ماڭا ھارام .
— ئۇنداق دېمەڭ ئاتا ، مېنى دەپ تارتقانلىرىڭلار يېتەر .
— بالام ، كۆڭلۈڭدىكى تۈگۈننى دېيىشكە بولارمۇ ؟
راخمان چۆچۈپ ئانىسى بىلەن ئاتىسىغا قارىدى .
— دېيىشكە بولمايدىغان سىر بولسا تىنمىغىن ، — دېدى ئاتىسى .
راخمان ئاغزىنى ئۆمەللەپ توختاپ قالدى .
— بولغۇلۇق ھامان بولدى ، دۇنيادا سىلەردىن يېقىن ئادىمىم يوق . ئەمدى دېمىسەممۇ ھامان ئاشكارا بولىدۇ . پەرىزاتقا ئۆيلەندىم .

ئانىسى پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، ياقىسىنى تۇتۇپ قالدى. ئاتىسى ساقىلىنى سىلاپ ئويغا چۆمدى.

يىراقلاردا خوراز چىللىدى.

راخمان ئۇخلىيالماي ئاي نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرغان سۈزۈك كېچە ئاسمىنىنى تۇتۇلۇكتىن كۆرۈپ ياتتى. دالان ئۆيدە ياتقان بوۋاي بىلەن مومايمۇ ئۇخلىمىغانىدى.

— پەرىزات خەلقى مىڭ يىلدا بىر قېتىم ئىنسانلارنىڭ ئەڭ پاكلىرىدىن بىرىنى ئۆزىگە جورا قىلىپ تاللايدىكەنمىش. ئىسىت كالۋالىقىم، بۇ ئىش نەدىمۇ خىيالىمغا كەلسۇن. ئوغلىمىز بىر پاك ئىنسان ئىكەن ئەمەسمۇ. پەرىزات خەلقى بۇ ئىشنىڭ باشقا ئىنسانغا ئاشكارا بولۇپ قېلىشىنى يامان كۆرىدۇ. بالىمىزنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپتىمىز...

ئانا ئۆكسۈپ ناله قىلغىلى تۇردى.

— ۋاللاقۇەرمىسەڭچۇ، كۆڭلۈم بىر ئىشنى تۇيغان، شۇڭا مەن ئۆلۈشكە رازىلىق بەرگەن. خۇدا ئوغلىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

سۈت رەڭ ئاي نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرغان تۇتۇلۇكتىن زىلۋا ئاق سايە سوزۇلۇپ كىردى. شەھلا كۆزلىرى يىغىدىن قىزارغان پەرى راخماننىڭ تەكىيىسى يېنىدا ئولتۇردى.

— سىرنى ئاشكارا قىلىپ مېنىڭ نامىمنى بۇلغىدىڭىز. ئەمدى مېنىمۇ، مانا بۇ بالىڭىزنىمۇ كۆرەلمەيسىز.

پەرىزات ئاق شايە يېپىنچىسىنى قايرىپ قورسىقىدا بەخىرامان ئۇخلاپ ياتقان بوۋاقنى كۆرسەتتى. راخمان قورۇنغىنىدىن يوتقانغا پۈركىنىۋالدى.

— بۇ مەخپىيەتلىك باشقا ئىنسانلاردىن قەتئىي مەخپىي تۇتۇلۇشى كېرەك ئىدى. ۋەدىڭىزنى بۇزدىڭىز. مەن جازالاندىم، پەرىزاتلار ئارىسىدىن قوغلىنىپ جىن - شاياتۇنغا ئايلاندۇرۇۋېتىلدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ كاساپىتىڭىز، پەرىزات خەلقى مېنىلا ئەمەس، بالىڭىزنىمۇ جازالىدى. سىزنىمۇ بوش قويمىدى.

ئەتىدىن باشلاپ سىزنىڭ گۈزەل تېنىڭىز خۇدىنى بىلمىگەن هالدا زېمىندا خارۇزار بولۇپ ياشايدۇ . سىز ئۆمۈر بويى خۇدىڭىزنى بىلمەيسىز . خەير ، قىيامەتتە كۆرۈشەيلى .

پەرىزات بىر كۆزىدىن قان ، بىر كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇپ تۇغۇلۇكتىن سوزۇلۇپ چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ ھەسرەتلىك يىغا ئاۋازى ئۇزاققىچە كۆكتىن ئاڭلىنىپ تۇردى ، راخمان گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى .

## 7

راخمان پادىچى ئەتىسى ئاجايىپ مەلئۇن بولۇپ ئورنىدىن قوپتى . يۇرت پاتىپاراق بولدى . ئۇ ئانىدىن تۇغما ھالەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ كوچىغا چىقتى . ئادەملەر بىلمەيدىغان تىلدا بىرنېمىلەرنى سۆزلىدى . كىشىلەر قاچتى . يىراقتىن ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ شۇنچە تۈز ، زىلۋا ، چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى . ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ كىيىم كىيدۈرۈۋىدى ، سېلىپ تاشلىۋەتتى . ئۇنى باغلاپ سولاپ قويۇۋىدى ، ئارغامچا ئۈزۈلمىگەن ، ئىشىك بۇزۇلمىغان ھالدا سىرتقا چىقىپ كەتتى . ئاتا - ئانىسى ئۇزۇنغا قالماي كەينى - كەينىدىن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى .

راخماننى باينىڭ ئىككى چاكىرى ئۇرۇپ قويۇۋىدى ، ئۇلارنىڭ پۇت - قولى قاقشالدەك قۇرۇپ كېتىپ ئۆلدى . ئۇنى چىشلىۋالغان بىر ئىت ئۆزلۈكىدىن كۆيۈپ كېتىپ ئۆلدى . مانا شۇنىڭدىن باشلاپ يۇرتنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭدىن قورقىدىغان ، ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىغان بولدى . كىشىلەرنىڭ قارىشىدا ئۇ ئەۋلىيا مۇقامىغا يەتكەن ئادەمگە ئايلاندى .

دەسلەپكى چاغلاردا ئۇ نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە تۈنەپ قالدى . ئۇ بەزىدە ئاسمانغا قاراپ ئىشارەت قىلاتتى . بەزىدە دۈم يېتىۋېلىپ بىرنېمىلەرنى دەيتتى . دەسلەپ بۇ يالىڭاچ ئادەمنى كۆرگەن

ئايالـلار ، قىزلار يۈزىنى يۆگەپ قېچىپ يۈرۈشتى . يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئادەم شۈنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك ھېچكىم ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدىغان بولدى . كىشىلەر قىشتا ئۇنىڭ ياتقان يېرىگە قار چۈشمەيدىغانلىقىنى ، يالىڭاچ بەدىنىدىن ھور چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈشتى . ئۇ يالاڭ ئاياغ مۇزغا ، قارغا دەسسەپ كېتىۋېرەتتى . ئۈستىگە قار - يامغۇر چۈشمەيتتى . قىش - ياز يالىڭاچ يۈرەتتى ، كاۋا يەپ ، قېتىق ئىچەتتى . كاۋىنى پۈتۈن ھالدا ناۋاينىڭ تونۇرىغا كۆمۈپ پىشۇراتتى ، ئۇنى يەپ بولۇپلا بىر قاچا قېتىق ئىچەتتى . ئۇ قايسى كاسىپنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر نەرسا ئالسا كاسىپ گەپ قىلمايتتى . ئەكسىچە «ئېلىڭ راخمان ئەۋلىيا» دەپ قول باغلاپ تۇراتتى . ئۇ ئارتۇق ئالمايتتى ؛ ناۋايدىن بىر نان ، قاسساپتىن ئالىقاندەك گۆش ، سامسىپەزدىن بىر سامسا ئالاتتى . ئاپىرىپ ھەممىنى كاۋا بىلەن قېتىققا تېگىشەتتى . بىر چاغدا بىر ئاشپەز راخمان ئەۋلىيانىڭ قولىغا ئۇرۇۋۋەتتى . شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر «ئەۋلىياغا ئازار بەرگەن ئادەم توپىدەك سورۇلۇپ كېتىدۇ» دەپ يۈرۈشتى . ئۇنىڭ ئاشخانىسىغا ھېچكىم ئاياغ باسمىدى . ئۇزاققا قالماي بۇ ئاشپەز راستتىنلا ۋەيران بولۇپ كەتتى .

* *

يۇرت مەركىزىدە تاش مۇنار قەد كۆتۈرگەندىن كېيىن رېخىماخۇن (كىشىلەر كېيىنچە بۇ كىشىنى شۇنداق دەپ ئاتايدىغان بولۇشتى ) كېچە - كۈندۈز تاش مۇنار سۇپىسىدا سوزۇلۇپ ياتىدىغان بولدى . مۇنار مەركىزنى ماكان تۇتقان رېخىماخۇن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا مۇنار بىلەن بىرلىشىپ كەتتى . رېخىماخۇن مۇنار ، مۇنار رېخىماخۇن ئىدى . رېخىماخۇن ئەرشكە تىكىلىپ پەرىزاتلار دۇنياسىغا قارايتتى . پەرىزاتلارنى كۆرەلەيتتى ، لېكىن ئۇلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلەلمەيتتى . ئۇچۇشۇپ

يۈرگەن قىزلار ئارىسىدىن ئۆز مەھبۇبىسىنى ئىزدەيتتى . ئەمما ئۇنى پەقەت چېلىقتۇرالمايتتى . بىر - بىرىدىن گۈزەل پەرىلەر ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سالماي كېتىۋېرەتتى . بەزىسى ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلەتتى . شۇ چاغدا رېخماخۇن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يەرگە تىكىلەتتى .

رېخماخۇن بىر كۈنى پەرىزاتلارنىڭ غەزەپلىك تىكىلىشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي كۆزىنى يەرگە تىكتى . ئۇزاققىچە شۇ يوسۇندا ئولتۇرۇپ كەتتى . بارا - بارا ئۇنىڭ كۆز نۇرى يەرنى تېشىپ كىردى ، ئۇ يەرنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىنى كۆردى . ئاخىر قۇم ئاستىدا قالغان بوستانلىق شەھەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى . رېخماخۇن دەسلەپ بۇ شەھەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . ئۆزى يىل بويى ياتىدىغان مۇنارنىڭ كۆتەك تەرىپى دەل شۇ شەھەرنىڭ مەركىزى ئىكەن . رېخماخۇن بىردىنلا شەھەرگە كىرىپ قالدى . شەھەرگە ئۇنىڭ روھى كىردىمۇ ياكى جىسمى كىردىمۇ ، رېخماخۇن بۇنى بىلەلمىدى ، شەھەرنىڭ يوللىرى كۈمۈشتىن ، بىنالىرى ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ ، ئالتۇن بىلەن كۈمۈشلەر جۇلالىنىپ ، شەھەر ئىچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى . كوچا دوقمۇشلىرىدىكى جاھاننەما ئەينەكلەردە پۈتۈن ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ئىشلىرى ، ھەتتا رېخماخۇننىڭ يۇرتىدىكى ئىشلارمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى . شەھەر كوچىلىرىدا ئادەملەر ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى . جۈپ - جۈپ بولۇپ كېتىۋاتقان قىز - يىگىتلەرنى كۆرۈپ رېخماخۇننىڭ قەلبى ھەسرەتكە تولدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتا - بوۋىسىنىڭ روھى ئىدى . ئۇلارنىڭ تېنى بىلەن روھى ئاجرىتىۋېتىلگەن بولۇپ ، تەنلىرى قۇم ئارىسىدا ئاللىقاچان چىرىپ تۈگەپ كەتكەن ، روھلىرى ئۆز شەھەر بوستانىدا ھايات قالغانىدى . پەقەت جان - جانىۋار ، ھايۋانلارلا تېنى بىلەن روھى ئايرىلمىغان ھالدا ياشاۋاتقانىدى ، رېخماخۇن ئۆزىگە تولىمۇ ئوخشايدىغان مىڭ يەتتە يۈزىنچى بوۋىسىنىڭ روھىنى كۆرۈپ تونۇۋالدى . ئۇ كىشى تولىمۇ سالاپەتلىك ئىدى ، رېخماخۇن تونۇشلۇق بېرىۋىدى ، بوۋاي

ئۇنى باغرىغا باستى. بوۋاي ئۆز قىيىنىنىڭ مىڭ يەتتە يۈزىنچى تەندە تېخى ئېقىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، خۇشال بولدى.

بوۋىسى رىخىماخۇننى ھەيۋەتلىك بىر جاھاننەما ئالدىغا باشلاپ كەلدى. ئۆزى ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرۇپ مىڭ يەتتە يۈزىنچى نەۋرىسىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

— ئەي جاھاننەما، تۇنجى بوۋامدىن ماڭا كەلگۈچە كۆرسەتكىن! — دەپ ئىلتىجا قىلدى رىخىماخۇننىڭ مىڭ يەتتە يۈزىنچى بوۋىسى، جاھاننامە پاللىدە يورۇپ، قىسسە كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

كۆك دېڭىزدىكى بوستانلىق ئارالدا چاترىقىنى يوپۇرماق، قوۋزاقتا توسۇۋالغان يالىڭاچ ئادەملەر چوماقتا ئوۋچىلىق قىلىپ، ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى قان ساقىپ تۇرغان ھالدا يېيىشمەكتە، ئۇلار بىر ـ بىرىگە شۇنچە مېھرىلىك تەبەسسۇم، سەممىمي مۇھەببەت بىلەن كۆيۈنۈشمەكتە ئىدى. ھەركىم تويغۇچە يېيىشتى. چوڭلار كىچىك باللارنىڭ، ئاياللارنىڭ، ئاجىز قېرىلارنىڭ ئالدىغا لوق گۆشلەرنى قويۇپ، كۆپرەك يېيىشكە زورلايتتى، تاكى ئۇلار تويۇپ كېكىرگەندىلا ئاشقىنىنى چوڭلار تەڭ تالىشىپ يېيىشتى. ئۇلار قان ساقىپ تۇرغان ئۇستىخانلارنى غاجىلاۋاتقاندا دەھشەتلىك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتتى. باللار، ئاياللار قورققىنىدىن چىرقىرىشىپ كېتىشتى. قېرىلار نالە ـ زار قىلىشتى. كۈچلۈك پالۋانلار ئاجىزلارنى، ئايالارنى، باللارنى دالدىغا ئېلىپ، ئۆزلىرى چوماقلىرىنى چىقىرىشىپ بالا ـ قازاغا تىكىلىپ تۇرۇشتى. گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئۇزاققىچە ئاڭلىنىپ، كېيىن ئاسماندىن بىر پارچە ئوت چۈشتى. بۇ مۆجىزات ئوۋچىلارنى تىترىتىۋەتتى، ئۇلار قاتتىق قورقۇنچ، ھودۇقۇش ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، بىر ـ بىرىنى تاشلاپ قېچىشماي، قوللىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ مەھكەم تۇرۇشتى، ئوت ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا كۆيۈشكە باشلىدى. ئوۋچىلار كۆيۈۋاتقان نەرسىلەرنىڭ جاھاندىكى ھەممە نەرسىگە ئوخشايدىغان بىر مەخلۇق

ئىكەنلىكىنى بايقاشتى. ئۇۋچىلار ۋارقىرىدى:
— سەن نېمە؟
— مەن ئوت ئىلاھى. ئەي ئازغۇن ئادەم باللىرى، ماڭا چوقۇنۇڭلار، مېنىڭ دىنىمغا كىرىڭلار!
— بىز كۈنگە چوقۇنىمىز. بىزنىڭ ئىلاھىمىز قۇياش. چۈنكى ئۇ بىزگە جاھاننى يورۇتۇپ بېرىدۇ. بىز شۇنىڭ ھىمايىتىدە ياشايمىز. ساڭا نېمىشقا چوقۇنىمىز؟
— كۈننى مەن سىلەرگە ھەدىيە قىلغان. ئۇ مېنىڭ چىرىغىم. شۇڭا سىلەر مېنىڭ چىرىغىمغا ئەمەس، ماڭا چوقۇنۇشۇڭلار كېرەك.
— ئۇنداقتا سەن كۈننىڭمۇ ئىلاھىمۇ؟
— شۇنداق، مەن ھەممىڭلارنىڭ ئىلاھى بولىمەن.
— سېنىڭ دىنىڭغا كىرىپ ساڭا چوقۇنساق بىزگە نېمە قىلىپ بېرىسەن؟
— مەن سىلەرگە جاھاندىكى يېگىلى بولىدىغانلىكى نەرسىنى پىشۇرۇپ بېرىمەن. ئۇنىڭ لەززىتىگە ھېچنېمە تەڭ كەلمەيدۇ. سىلەرگە يەنە كىيىم تىكىشنى ئۆگىتىمەن، سوغۇقتا توڭلىمايسىلەر، ئەڭ مۇھىمى يورىكىڭلارغا ئوت سالىمەن، شۇنىڭ بىلەن سىلەر بىر - بىرىڭلارنىڭ ئىشقىدا كۆيىدىغان بولىسىلەر.
— بىز مەسلىھەت قىلىشايلى.
ئادەملەر مەسلىھەتنى بىردەمدىلا پىشۇردى.
— بىز سېنى ئىلاھىمىز دەپ بىلىپ سېنىڭ دىنىڭغا ئىشەندۇق. ساڭا چوقۇندۇق.
ئۇلار ئوت ئىلاھىنىڭ دىنىغا كىرىپ، ئوتقا چوقۇنۇشقا باشلىدى. راستتىنلا ئۇلار دۇنيانىڭ يېڭى لەززىتىگە ئېرىشتى.
قانچىلىك ئەسىرلەر ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، بىر چاغدا يەنە بىر ئىلاھ پەيدا بولدى.
— ساڭا نېمىشقا چوقۇنىمىز؟
— ئەسلى ئىلاھىڭلار مەن. چۈنكى سىلەر چوقۇنغان ئىلاھ

مىنىڭ بالام، ئۇنىڭغا ئىلاھلىقنى مەن ئۆگەتكەن، ماڭا چوقۇنساڭلار سىلەرنى بەختلىك قىلىمەن. سىلەر نېمىنى ئارزۇ قىلساڭلار، نېمىنى ئويلىساڭلار شۇنى ئاسماندىن تاشلاپ بېرىمەن.
— ئۇنداقتا، بىز سېنىڭ دىنىڭغا كىردۇق. ھازىردىن باشلاپ ساڭا چوقۇندۇق. ئەسلىي ئىلاھىمىز سەنكەنسەن.
ئادەملەر ئەمدى چوڭ ئىلاھقا سەجدە قىلىشقا باشلىدى. راست دېگەندەك ئادەملەر نېمىنى ئارزۇ قىلسا، شۇ نەرسە ئاسماندىن چۈشۈشكە باشلىدى. ئاسماندىن ھەر خىل تاۋار كىيىملەر، شارابلار، ئېسىل مېۋىلەر، مەززىلىك تائاملار ياغدى. ئادەملەر ئۇ نەرسىلەرنى تالىشىپ، بىر - بىرىگە يامان نىيەتتە بولۇشۇپ جېدەل قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر ئارىسىدا دۈشمەنلىشىش ئەۋج ئالدى. كېيىن قىرغىنچىلىق قوراللىرى، بالا - قازالارمۇ يېغىشقا باشلىدى. بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئادەملەر بىر - بىرىنى بۇلاپ - تالاشقا، بىر - بىرىنى بالاغا تىقىشقا، قىرىشقا باشلىدى.
بارا - بارا ئىلاھلار كۆپىيىۋەردى. ئېتىقادلار ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە سىغماي قالدى. ھەركىم ئۆزى خالىغان ئىلاھقا چوقۇنىدىغان بولدى. توڭغاقلار ئوت ئىلاھىغا، ئىسسىقتا چىدىمايدىغانلار سۇ ئىلاھىغا، نازۇ نېمەتكە، مال - دۇنياغا ئامراقلار ئاسماندىن ياغدۇرىدىغان ئىلاھقا چوقۇندى. ھەتتا كىم قايسى ۋاقىتتا نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا، شۇ ۋاقىتتا شۇ ئىلاھنىڭ دىنىغا كىرىپ ئېھتىياجى پۈتكەن ھامان ئۇ ئىلاھنى ئۇنتۇيدىغان بولۇشتى.
ئۆزىنى ئىلاھ ئاتىۋالغانلارمۇ ئادەملەردىن ھېيلىگەر ئىدى. ئۆزىنى ئالىدىغان ئادەملەرنى ئۆزئارا جېدەلگە سېلىپ جازالاپ تۇردى، ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى شەيتاننىڭ ھېيلىسى ئىدى. شەيتان ھەر خىل ئىلاھ قىياپىتىدە بولۇپ ئىنسانلارنى ئازدۇرماقتا ئىدى، شەيتان ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانلار قەلبىدىكى سەمىمىيلىك، ئىنساپ، دىيانەت، ئىشەنچ، مېھرىبانلىق، مۇھەببەت قاتارلىق تېپىلماس بايلىقنى ئالداپ ئېلىۋالماقچى، ئۇنى

ئۆزىگە ئوزۇق قىلىپ، ئۆز ئۆمرىنى ئۆزارتماقچىدى. ئادەملەر هاياتىنىڭ لەززىتىدىن بارغانچە ئايرىلىپ قېلىشقا، توقلۇق ئازابىدىن سېسىق كېكىرىپ هۆرۈنلىشىشقا، ئۇلارنىڭ ئەقلى سېزىمى ئۇيقۇلۇق هالەتكە كۆچۈشكە باشلىدى.

مانا شۇ چاغدا قاتتىق يەر تەۋرەپ، تاغۇ تاشلار يېرىلدى. دەريا ـ دېڭىزلارنىڭ ئورنىدىن تاغلار ئۈنۈپ چىقىشقا باشلىدى. تاشلارنىڭ ئورنىدىن سۇلار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئاسمان، يۇلتۇزلار پارە ـ پارە بولۇپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئىلاهلار ئۆزلىرىنىڭ بەندىلىرىنى تاللىشىپ قاتتىق ئۇرۇش قوزغىغانىدى. ئادەملەر ئالاقزادىلىك ئىچىدە مەسلىهەت قىلىشىپ:

— ئىلاهلار ئۇرۇشۇپ قايسىسى يېڭىۋالسا كۈچلۈك ئىلاهقا چوقۇنايلى، — دېيىشتى. ئۇلار مەسلىهەتنى ئەمدىلا پىشۇرۇپ تۇرۇشىغا قاتتىق گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلىنىپ، جاهاننى قاراڭغۇ تۇمان بېسىپ كەتتى. شەهەر تاڭ ئاتماس قارا كېچە ئىچىدە قالدى. ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى قاراڭغۇلۇق باستى. مانا شۇ چاغدا ئەرشتىن زېمىنغا ئۇلۇغ بىر نۇر چۈشۈپ، ئادەملەرنىڭ دىلىنى نۇرلاندۇردى. ئارقىدىنلا ئاشۇ نۇر جۇلاسىدىن زۇۋان كەلدى.

— هەي بەندىلەر، قۇلاق سېلىڭلار، بارلىق ساختا دىنلاردىن كېچىڭلار. ماڭا ئىمان ئېيتىڭلار، سىلەرنى شەيتان مال ـ دۇنياغا قىزىقتۇرۇش هىيلىسى بىلەن ئازدۇرۇپ مەڭگۈلۈك بايلىقىڭلارنى يالماپ كېتىۋاتىدۇ. سىلەر چىن بايلىقىڭلارنى بىلىڭلار، چىڭ تۇتۇڭلار. ساختا بايلىققا ئالدىنىپ بەختسىز بولماڭلار. سىلەر ئېتىقاد قىلىدىغان بىرلا ئىلاه بار، شۇنىڭ دىنىغا كىرسەڭلار مەڭگۈلۈك بەختىڭلارنى تاپىسىلەر.

— سېنىڭ دىنىڭ قانداق دىن؟

— هەق، ئادالەت، پاكلىق، ئىشەنچ...

— سەن هەممە ئىلاهنىڭ ئىلاهىمۇ؟

— هەق ـ ئادالەت ئىگىسىدىن باشقا ئىلاه يوق. قالغانلارنىڭ هەممىسى شەيتان. ئالدامچىلار.

— ئۇنداقتا سەن بىزگە نېمە بېرىسەن ؟
— دىلىڭلارغا ھەق ، ئادالەت ، پاكلىق ، ئىشەنچتىن ئىبارەت كاتتا ھەم مەڭگۈلۈك بايلىقنى بېرىمەن .
— يەنىچۇ ؟
— سىلەر ياشىغان ۋە ياشاش ئۈچۈن پايدىلانغان ھەممە نەرسىنى بەردىم .
— سېنىڭچە ، مۇشۇ ئالتۇن بوستان شەھەرمۇ يالغانمۇ ؟
— شۇنداق .
— ئەمىسە بىزگە بۇنىڭ يالغانلىقىنى كۆرسەتكىن .
شەھەردىكى ئالتۇندىن ياسالغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى — شەھەر تاملىرى ، ھەشەمەتلىك سارايلار ، توخۇ كاتەكلىرى بىردەمدە توپىغا ، خارابىلىككە ئايلاندى . ئادەملەر كۆزلىرىدىن قان - ياش ئاققۇزۇشۇپ ئۇلۇغ ھەق ئىگىسىگە سەجدە قىلدى ۋە :
— ھەق دىنغا ، ھەق ئىگىسىگە ئېتىقاد قىلايلى ، ئەمما بىز ياشىغان ئاشۇ ئالتۇن ماكاننى ، بايلىقلارنى راستقا ئايلاندۇرۇپ بەرسەڭ ، — دەپ نىدا قىلىشتى . ھەق - ئادالەت ئىگىسى ئادەملەرنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئالتۇن شەھەرنى راستقا ئايلاندۇرۇپ بەردى . توپا خارابىلىك قۇياش پاتماس شەھەرگە ئايلاندى . ئادەملەر بىر زامانلارغىچە ھەق - ئادالەت دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ياشىغاندىن كېيىن ، يەنە ئەجىر - ئەمگەكتىن قورقۇپ ، ھەق - ئادالەتنى ئۇنتۇدى . يەنە بىر - بىرىگە زۇلۇم سېلىشقا باشلىدى . ھەق - ئادالەت يولىدا ناھايىتى ئاز ئادەم قېلىپ ، قالغانلىرى دىندىن يېنىۋالدى . ئەرشتىن :
— ھاي ئادەملەر ، قەسىمىڭلارنى ئۇنتۇماڭلار ، ۋەدەڭلاردا تۇرۇڭلار . ئېتىقادىڭلاردىن يانماڭلار ! — دېگەن سادا كەلدى .
— بىزنىڭ ھەممە نەرسىمىز تەل . ئەمدى بىزنىڭ ساڭا ھاجىتىمىز يوق . بەرگەنلىرىڭنى ئېلىۋالما ، بىزمۇ سەندىن تەلەپ قىلمايلى . سەنمۇ بىزنى ئاۋارە قىلما .

— ھەق ـ ئادالەتنى تاشلىماڭلار ، ئۇنى خارلىماڭلار . ئۇنىڭـ
دىن ئايرىلغانلارنىڭ ئۇزاق ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇماڭلار .

دىندىن تانغانلار ھەق ـ ئادالەت ئىگىسىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى . شۇئان ئاسماندىن نەرە تارتقان سادا ئاڭلىنىپ ، شىددەت بىلەن قۇم يېغىشقا باشلىدى . توپان بالاسى دېگەن شۇ ئىدى . ئالتۇن بوستان شەھەر كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قۇم ئاستىدا قالدى .

جاھاننەما ئۆچتى . رېخماخۇننىڭ روھى بىلەن ئۇنىڭ بىر مىڭ يەتتە يۈزىنچى بوۋىسىنىڭ روھى جاھاننەما ئالدىدىن قوپۇپ ، چەكسىز ھەسرەت ئىچىدە تىلسىم قىلىنىۋېتىلگەن كۆك دېڭىزغا قاراپ تۇرۇشتى .

— ئەۋلادىم ، — دېدى بوۋىسىنىڭ روھى ، — ھەممىنى كۆردۈڭ ، بىز ئىلاھلارنى ، دىنلارنى بىلمەيدىغان چاغدا ھېچنېمىمىز يوق ئىدى . لېكىن قەلبىمىزدە سەمىمىي مېھىر ـ مۇھەببەت ، ئاق كۆڭۈللۈك ، كۆيۈمچانلىق بار ئىدى . ئىلاھلارنىڭ ، ئېتىقادلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئۆزىمىز خالىغان بايلىققا ئېرىشتۇق . بايلىققا ئېرىشكەنسېرى بىز مېھىر ـ مۇھەببەت ، ھەق ـ ئادالەتنى يوقىتىپ قويۇپتۇق . يالغان ئىلاھلار بىزنى ئالداپ قەلبىمىزدىن سەمىمىي مېھىر ـ مۇھەببىتىمىزنى ، پاك روھىمىزنى تۇيدۇرماستىن سوغۇرۇۋېلىپ ، ئورنىغا ئېپلاسلىق قاچىلانغان قارا تاشنى ئېسىپ قويۇپتۇ . شۇ چاغدا ھەق ئىگىسى بىزنى مانا شۇنداق قۇمغا باستۇرۇۋېتىپتۇ .

— نېمە دېمەكچى بولىسىز ، بوۋا ؟

— ھەرقانداق بەختنى بېرىمەن دەپ كەلگەن ھەرقانداق ئۇلۇغ ئىلاھلارغا ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا ئىشەنمەڭلار . بايلىق ، بەخت دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆتكۈنچى نەرسىلەر . سىلەر ھەق ـ ئادالەت ، مېھىر ـ مۇھەببەت ، سەمىمىيلىك ، پاكلىق ئىگىسى بولغان ئىلاھنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلساڭلار ئالدانمىغان بولىسىلەر ، باشقىلارنىڭ ھەممىسى ساختا ، يالغان ئىلاھلار ، سىلەرنىڭ دىنىڭلار

قانداق دىن ؟

— بىزدە ھەق دىنمۇ ، باشقا دىنلارمۇ بار . ھەركىم ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىدۇ .

بوۋاينىڭ روھى قورۇنۇپ ئەۋلادىغا ئۇزاقتىن ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ كەتتى . ئۇ بارغانچە بىچارە ، ئىنتايىن ئاجىز ئەرۋاھقا ئوخشاپ قالدى . كېيىن ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرىدىن قان ئارىلاش نۇر تامچىلىغىلى تۇردى .

— سىلەر مەڭگۈلۈك بايلىقنى شەيتانغا بېرىپسىلەر ، بولمىسا ئېتىقاد بۇنداق چېچىلىپ كەتمەيتتى . ئادالەت يولىدىكىلەر ئاز ، شەيتان يولىدىكىلەر كۆپ بولسا ، بىزنى باسقان قۇم - توپان بالاسى سىلەرنىمۇ باسماي قالمايدۇ ، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ياغما بالاغا گىرىپتار بولۇپ ، ھالاك بولۇشۇڭلار مۇمكىن .

بوۋاينىڭ روھى قېتىپ قالدى . رېخىماخۇننىڭ روھى بوۋىسىنىڭ روھىنى گەپ قىلدۇرالمىدى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ تېنى قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ ، روھى دەرھال ئۆز تېنىگە قايتتى . ئۇ ھوشىنى يىغىپ ئۆزىگە قارىۋىدى ، داۋۇت قاپاق ئۇنى تېپىپ ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ .

داۋۇت قاپاقنىڭ رېخىماخۇننى ئۇرغانلىقى ئەھلى جامائەتنىڭ يۈرىكىگە ئەنسىزلىك ئىچىدىكى خۇشلۇققا ئوخشايدىغان بىر ئوتنى سېلىپ قويدى . ئۇلار مۇشۇ سەۋەبلىك يۇرتقا شۇملۇق يېغىپ كېتىشى مۇمكىن ، دەپ پەرەز قىلىشاتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ، رېخىماخۇنغا چېقىلغۇچىنىڭ ئۆمرىنىڭ كوتا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ خۇشال بولاتتى .

رېخىماخۇن ئەرشكە قاراپ پىچىرلىدى . كىشىلەر ئۇنىڭ بىلگىلى بولمايدىغان گەپلىرىنى چەكسىز ھۆرمەت ئىچىدە زەن قويۇپ تىڭشىدى . مۇنار بېشىدىكى غۇژغۇنەك باللىرى رېخىماخۇننى دورىغاندەك ۋىچىرلاۋەردى . بىردەمدىلا مۇنار ئەتراپىغا ئولاشقان ئادەملەرنىڭ كۆكسىدىن خۇددى رېخىماخۇن ساقلاپ كەلگەن مۇشۇ مۇنار شەكلىدەك كىچىك - كىچىك مۇنارلار ئۇنۇپ

چىقىشقا باشلىدى. كېيىن بۇ مۇنار شەكىللىك گۆش بارغانسېرى كىچىكلىدى ۋە ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە قوشۇلۇپ كەتتى. كىشىلەر بۇنىڭدىن ھەيران قېلىشتى. ئەمما ئۇزۇنغا قالماي ئۇلار بۇنىڭ سىرىنى بىلىشتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆكسىگە ئۈنگەن مۇنار شەكىللىك گۆش ئۇلارنى قورقماس قىلىپ قويغان ھەم ھاشىرخان چاپاق ۋە ئۇنىڭ جىن - شاياتۇنلىرىنىڭ ئەپسۇنلىرىنى ئۆتمەس قىلىپ قويغانىدى.

شۇ دەقىقىدىن ئېتىبارەن ئادەملەر داۋۇت قاپاقتىن قورقمايدىغان، ئۇنىڭ پوپوزىلىرىغا پىسەنت قىلمايدىغان، تاش مۇنارنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان بولۇشتى. يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەن مىڭلىغان ئادەملەر ھەر تەرەپتىن تاش مۇنارغا سېغىنىپ كېلىشكە باشلىدى. كەلگەنلەرنىڭ كۆكسىگە ھەمساتتا ئانىسىنىڭ ئەمچىكىدەك چوڭلۇقتا مۇنار ئۈنۈپ، كېيىن يۈرىكىگە قوشۇلۇپ كېتىۋەردى. شۇ ھامان ئۇ كىشىنىڭ دىلى يورۇپ، يۈرىكى خۇشال تېپچەكلەيدىغان، ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈمەيدىغان بولدى.



# ئاھ، مېنىڭ كىندىك قېنىم! ...

## 1

شۈنداق، كىندىك قېنىم، مەن سېنى سېغىندىم. ھېلىغۇ سەندىن سەل يىراقتا بولۇپ سېنى سېغىنىپ كەلدىم. سېنىڭ يېنىڭدا بولسامۇ سېنى سېغىناتتىم. سەن ئاققان تۇپراققا مەڭزىمنى ياقاتتىم، كۆزۈمگە سۈرتەتتىم. ھازىرمۇ ھەم شۇنداق. كۆز يېشىم خۇددى سەن تۆكۈلگەندەك، سېنىڭ ئىزىڭغا تۆكۈلۈۋاتىدۇ. كۆزۈمگە سۈرتتۈم. سەن ئاچچىق شور بولساڭمۇ سەن ماڭا شېكەر تېتىيسەن، بۇرنۇمغا يېقىن ئەكىلىپ سېنى پۇرىدىم. تونۇش پۇراق، كونا پۇراق، قەدىناس پۇراق. يەنە شۇ، سەن ئۆزگەرمەپسەن. ھاۋايىڭمۇ دەل شۇ.

ھەئە، كىندىك قېنىم، سەن مېنى ئۇنتۇماپسەن، سەن ئۇنتۇغان تەقدىردىمۇ، مەن سېنى ئۇنتۇمايمەن. سەن تۆكۈلگەندە، مېنىڭ يۈرىكىمدىكى تۇنجى مۇھەببىتىمنى بىرگە ئېلىپ، مۇشۇ تۇپراققا بىرگە تۆككەنىدىڭ. ئۇ بۇ تۇپراققا چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ كەتتى. مەن سەندىن ۋاقتىنچە بەزىدە يىراقلاپ كېتەي، بەزىدە يېقىنلاي، سېنىڭ بۇ تۇپراققا بارغانچە چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىڭنى قەلب كۆزۈمدە كۆرىمەن. ھازىر قارىسامۇ تۇپراقتا بارغانچە چوڭقۇرلاپ ئېقىۋېتىپسەن. مەن يىراققا بارغانچە سەن تېخىمۇ تېز، شىددەت بىلەن چوڭقۇرلايسەن، يېقىنلاشقانسېرى

بۇرنۇمغا پۇرايسەن . سەندە تېنىم يايرايدۇ...

ئۇھوي ، كىندىك قېنىم ، سەن نېمىلەرنى دەپ ماڭا دەرد تۆكىسەن؟ مېنى ئۆزۈڭ بىلەن ئەكەت دەمسەن؟ ! ياق . مەن سېنى ئەكېتىش ئەمەس ، مەن سېنىڭ يېنىڭغا ، سەن مەن ئۇچۇن بۆشۈك قىلىپ ساقلاۋاتقان تۇپراققا كەلمەكچى ، كېچە - كۈندۈز سېنىڭ تىنىقىڭدىن نەپەس ئالماقچىمەن . نېمە جاپا چېكىسەن ، يۈرىكىڭ زەردىگۆش بولۇپ پۇشايمان قىلىسەن ، دېدىڭمۇ؟ ئۇ يوق گەپ ، پۇشايمان قىلمايمەن ھەم جاپادىن قورقۇپ زەردىگۆش بولمايمەن . مەن مۇشۇ يەردە چوڭ بولغان . قۇم - بورانغا سەن بىلەن تەڭ كۆمۈلگەن ، شوخا - تىكەنلەرگە سەن بىلەن تەڭ سانجىلغان ، ئاچ - يالىڭاچلىقتا سەن بىلەن تەڭ ئەسنىگەن ، قار - شىۋىرغاندا سەن بىلەن تەڭ تىترىگەن . تەقدىر ئۈستىدە سەن بىلەن كۈسۈرلىشىپ تەڭ شىكايەت قىلىشقان ، تىل - ئاھانەت ، كالتەك - توقماق ئاستىدا ، نىمجان ھالدا ھوشسىز تەڭ جۆيلۈگەن... قار لەپىلدەپ يېغىۋاتقان ، قانجۇقنىڭ قورسىقىدىكى كۈچۈك سوغۇقتا توڭلاپ قالغاندا ، سامانغا كۆمۈلۈپ بىرگە يېتىپ ئۆلۈم ئۈستىدە مۇنازىرىلەشكەن . شۇ چاغدا سەن ئۆلگىن ، دېگەنىدىڭ ، مانا ئەمدى كەلمە دەۋاتىسەن ، ئاچلىقتا ، ئېچىق بېشىدا كۆكباش ئوغرىلاپ پۇچىلاپ يەپ ، مۇڭلۇق ھىجران ناخشىسىنى تەڭ توۋلىغان ، ئۇسسىلىقتا چۇشۇۋالغان ساناقسىز قارىباش ئاق چورلۇقلار بىزنىڭ ناخشىمىزغا جور بولغان ، ئۇلارمۇ ئۆزىگە ئوزۇق تاپالماي ، ئاچلىق ناخشىسى ئېيتقان ، بىراق بىزگە پەقەت قورساق گېپىلا ئەمەس ، يەنە ئىسسىق يوتقان ، كۆڭلىمىز تارتقان ھەممە نەرسە سۆھبەت تېمىسى بولاتتى . مېنىڭ كۆپ نەرسىلەرنى كۆڭلۈم تارتىدۇ . بولۇپمۇ ، بىزدەك كۆپ نەرسىلەرنى كۆڭلى تارتقان ، ئەمما ھېچقايسىسىغا باغرى قانغۇدەك ئېرىشەلمىگەن ئادەملەرگە تېخىمۇ شۇنداق .

نېمە ، بىزنىڭ ئادەملەر گۆھەرنى قەدىرلەشنى بىلمەي بارغانچە

گۆھەرگە نىجاسەت تۆكۈۋاتىدۇ ، دەمسەن ، ياق ، سەن راستىنلا سۆزلەپ قاپسەن ، ئەسلىي سارالڭ سەن بولغان ئوخشايسەن . بىزنىڭ ئـادەملەر شۇنچە ئەقىللىق ، ئۇلار ياخشى تەربىيىلەنسىلا ، پەقەت ئـاشـۇ كـالـلـىـسـدىكى ئاددىي ، قوپال ، ئەھمىيەتسىز نادانلارچە ئەقىدىلەر ئورنىغا ھازىرقى زامانىنىڭ خوجايىن ئادەملىرى كاللىسىغا قاچىلاۋاتقان ، قاچىلىغان بىلىملەرنى قاچىلاشقا قاراپ ماڭسىلا ، ھازىرقى قارىغۇلۇقتىن قۇتۇلۇپ ، ئۆز يولىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ، ئۆزى قايسى يولدا مېڭىش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ . بـۇلار ئوقۇسۇن ، مەنمۇ ھېچبولمىسا بالىلارغا باشلانغۇچ ساۋات بېرەلەيدىغان مۇئەللىم بولماقچىمەن ، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن !

ھە ، نېمە ؟ نېمە دەۋاتىسەن ، بۇ يەردىكى بەزى ئادەملەرنىڭ تەلۋىلىكى ، نادانلىقى ، ياۋايىلىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى ، ئـۇلار ئـاغزىغا ئىلىم سالغۇچى ، قاراڭغۇلۇققا چىراغ ياققۇچى ، خـۇنۇك كۆزلەرنى روشەنلەشتۈرگۈچى مۇئەللىملەرنى شۇنچىلىك يامان كۆرىدۇ ، قاراقچىنى كۆرگەندەك ، تۈكلىرى تىكىلىپ يانىدۇ ، دىۋاننى كۆزگە ئىلمىغاندەك كۆزگە ئىلمايدۇ... كوچىدىكى ئايالنى مەسخىرە قىلغاندەك مەسخىرە قىلىدۇ . مۇئەللىم ئۇنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سېلىشقا تىرىشقانسېرى ، ئۇلار ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئۆچلۈك قىلىدۇ . ھەتتا ئۇنى ، ئاڭلا ، سېنىڭ جاندىن ئەزىز دوستۇڭ ، مۇشۇ تۇپراقتىكى نادانلىق ، ياۋايىلىقنى ئىلىم خەنجىرىدە يۇنۇپ چىقىرىش ئۈچۈن بارلىقىنى مۇئەللىمگە بېغىشلىغان !...

نۇرئېلى تۇرمىگە سولاندى . مېنىڭ غەزەپتىن كاللام چاراسلاپ كەتكەندەك بولدى . ئېيتە ، كىمدىك قېنىم ، نۇرئېلى نېمە ئۈچۈن تـۇرمـىگە كىردى ؟ نېمە ، مۇئەللىملىك قىلىمەن دەپمۇ ؟ مۇشۇ تـۇپـراقنىڭ يۇمران بالىلىرىنىڭ يەنە نادان ، سەھرا پادىسىدەك بـولماسلىقى ئۈچۈنمۇ ؟ ئۇنى كىم ، كىملەر تۇرمىگە ئەكىردى . ياۋايى نادانلار ، ئۇلارنىڭ ھامىيلىرى . ياق ، ئۇلار نادان بولسىمۇ ، ئـاق كۆڭۈل ، يىراقنى ، كەلگۈسىنى ئويلاشنى بىلىدۇ ، ئۇلاردا

ئىنسانىي خىسلەت تولۇپ يېتىپتۇ. بىزنىمۇ مۇشۇ ئادەملەر ئۆستۈرگەن. ماقۇل، مەن ئاڭلاي، سىنىڭ دېگىنىڭ بويىچە مەن ئاۋۋال نۇرئېلىنى يوقلاي، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاي...

## 2

— سىز ئۇنىڭ نېمىسى؟ — دېدى قاراچوقۇر، سىمىز، پاكار تۇرمە باشلىقى خۇشياقمىغاندەك ماڭا كۆزنىڭ قۇيرۇقىدا باش - ئايىغىمغا ئانچىكى سەپسېلىپ مەسخىرە قىلغان بىر خىل تەلەپپۇزدا. ئۇ ھەدەپ دىقماق قولىغا قىستۇرۇۋالغان كۆك تاماكىنى شوراپ، ئۇنىڭدىن ھالقا ئىسلارنى چىقىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغىنى مەلۇم ئىدارە باشلىقى بولسا كېرەك، ئۆزىگە ئوخشاش سىمىز، سالاپەتلىك، تۈگمىسىنى كانىيىغىچە ئېتىۋالغان، ئاددىي - ساددا، كونا كىيىم كىيگەن ئادەمگە خۇشامەت يېغىپ تۇرغان چىرايى بىلەن قاراپ قويىدۇ. مەن ئىمكان بار ئېغىر - بېسىق ھالەتتە:

— ئۇ مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم بولىدۇ. يوقلاپ كەلدىم، كۆرۈشكىلى بولارمۇ؟ — دېدىم.

ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك، ھېلىقى سالاپەتلىك كىشىگە مەھبۇسلار ئۈستىدە ھەدەپ شىكايەت قىلماقتا ئىدى. شالىنى چاچرىتىپ، ئاغزى كۆپۈك بولغۇچە تاغدىن - باغدىن بىرھازا سۆزلىگەندىن كېيىن:

— كۆرۈشكىلى بولىدۇ، ئەمما ئەتە كېلىڭ. كىم بىلەن دېدىڭىز، ھە، ئېسىمگە كەلدى. ھېلىقى يەر پاپىسى چېلمەكچى مۇئەللىممۇ، ياﺋاللا، مۇئەللىم دېگەن نېمىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسامىمۇ، قۇيقا چېچىم تىك تۇرىدۇ. مۇشۇ دۇنيادا ئەپەندىدەك مايماق دەۋاچى بارمىدۇ؟ بىر كاسىلدىغىلى تۇرسا، كاللام غوڭۇلداپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ، ماۋۇ پاپا مۇئەللىمدەك ئىلمەككە چېلمەك سالىدىغان كاس - كاس ئەپەندىنى كۆرمەپتىكەنمەن. ھېلى

بىرنىمە دەپ كاسىلداپ ئىچىمنى پۇشۇرىدۇ . گەپ تېپىپ بەرمەك ھەقىقەتەن تەس ئىكەن . ئەپەندىدەك نەس باسقان نىمىمۇ بارمۇ بۇ دۇنىيادا؟ بۇ چۈغۈندەك ئەپەندى بىلەن سۆزلىشىپ قالسا ، گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمايدۇ . بۇ ئەپەندى دېگەن نىمىلەر گەپلا ئۆگىنىدىكەن !...

ھېلىقى سالاپەتلىك كىشىنىڭمۇ ئېغىزى ئېچىلدى . مەن غەزەپتىن ئارانلا تىنىپ ئولتۇردۇم .

— ھە ، توغرا دەيلا ، دۇنىيادا مۇشۇ ئەپەندى ـ مۇئەللىمدەك ، ئۇششاق سۆز ، پىتنە ـ پاساتچى يوق . ئۇلار شۇنچە پىخسىقكى ، بىر تەڭگە قىستۇرۇۋالسا ، تەكلىماكاننىڭ جاڭگىلىنى بىر ئايلىنىپ كەلسىمۇ ، شۇ تەڭگە چۈشۈپ قالمايدۇ .

— ھەببەللى ، — تۇرمە باشلىقىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى ، — تازا جايىدا گەپ قىلدىلا ، جۇيجاڭ ، ھېلىقىدەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئاشۇ چۈغۈندەك ئەپەندى پۇتاق چىقىرىپ ، بىرمۇنچە پىتنە ـ پاسات ۋەز سۆزلەپ ، ئادەمنى جىلە قىلىۋېتىدۇ . شۇڭا ، بۇ چۈغۈندەكنى ئۇ ئىشلارغا بۇيرۇمايدىغان بولدۇم . قايسى كۈنى ، ئۇ جۇرېن بەش ـ ئالتە ئادەم لازىم بولۇپ قالدى دېۋىدى ، مەنمۇ بېرىپ ـ كېلىپ شۇ دۆيۈزنىمۇ ئىشقا بۇيرۇپ ساپتىكەنمەن ، كاسىلداپ بېشىمنى ئوچاق ئېتىۋەتتى...

مەن چىداپ تۇرالمىدىم :

— بەلكى سىلەرمۇ مۇئەللىمنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان بولغىيدىڭلار . مۇئەللىمنىڭ سىلەرگە ، جەمئىيەتكە ھېچقانداق زىيىنى يوق . ئۇ ھېچكىم ۋە ھېچنېمىگە زىيان سالمايدۇ . پەقەت ، بالا تەربىيىلەيدۇ . بالىلىرىڭلارنى ئوقۇتىدۇ . سىلەر نىمىدەپ مۇئەللىمنى سۆكىسىلەر ؟

ھەر ئىككىيلەن ماڭا قاراپ گېپىدىن توختاپ قالدى . قىزغىن سۆھبەتنى بۇزۇلغاچقا ، تۇرمە باشلىقىنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى .

— ۋۇي ماۋۇ يەردىمۇ بىر ئەپەندى بار ئىكەن ، دىققەت قىلماپتۇق ئەمەسمۇ ! ۋاھ ، ھازىر قەيەرگە قارىسا ، ئەپەندى ،

ئىتنىڭ بېشىغا ئۇرسىمۇ، كۆتىدىن ئەپەندى چۇشىدۇ.

ساقچىنىڭ بۇ گېپىدىن ھەر ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— مەن كۆرۈشەلەمدىمەن - يوق؟

تۇرمە باشلىقى كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ماڭا بىر قاراپ قويۇپ:

— ئەتە كېلىڭ، بىر گەپ بولار، لېكىن بۈگۈن ئۇنىڭ ئىشى ئالدىراش، — دېدى.

— ئەتە مېنىڭ ئىشىمۇ جىددىي ئىدى...

تۇرمە باشلىقىنىڭ سەپراسى ئۆرلىدى:

— ۋۇي تازا گەپ قىلىدىغان ئاداش ئىكەنسەنغۇ؟ سېنىڭ ئىشىڭنىڭ جىددىي بولۇشى بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم؟ نېمە ماڭا بۇ يەردە پوپوزا قىلىسەن؟ ئەتە كەل دېدىم. ياق دېسەم، نېمە دەيتتىڭ؟ ئاڭلاپ قوي، بۇ ۋاقىتلىق تۇرمە بولسىمۇ، بەرىبىر تۇرمە!

مەن بۇ سەپرا مىجەز قوپال ئادەم بىلەن يەنە دېيىشىپ تۇرۇشقا تاقەت قىلالماي قايتتىم. ئۇ مېنىڭ ئۇنسىزلا قايتقىنىمغا ئەزۋەيلەپ، ئۆزىنى كۆرسىتىپ سۆزلەپلا كەتتى... شۇنداق، كىندىك قېنىم، ئادەملىرىمىزدىكى بۇنداق قوپاللارچە، ئۆز قوۋمىغا بىر نەچچە ئېغىز قوپال ۋارقىرىۋېلىش ياكى ئۇرۇۋېلىشلار ئۆز ئىچىمىزدە نوچىلىق ھېسابلىنىپ كەلدى. بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك، نادانلارچە نوچىلىق. شۇنداق، كىندىك قېنىم، ئاڭلىدىم، مۇشۇنداقلار ئادەم تەربىيىلىگۈچىلەرنى تىللايدۇ. بايىقى ئىككى كىشىنىڭ سۆزلىرى سارغايغان كۆز يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا، سوغۇقتىن پاناھلىنىدىغان دالدا جاي ئىزدەپ يۈرگەن بىر جۈپ چوڭ - كىچىك ھەرىنىڭ كۆڭۈلسىز ئاۋازىدەك قۇلاق تۈۋىمدە ھازىرمۇ غوڭۇلداۋاتىدۇ. كاللامدىن چىقىراي دېسەممۇ چىقىرالمىدىم. ھازىرغىچە ئادەملىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن «مەرەز»، «رودۇپاي» دېگەن سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلىدىم. ھەر ئىككىسى

ئادەمگە يېپىشىۋالسا، ھېچقانداق قىلىپمۇ ئاجرىغىلى بولمايدۇ، دەيدۇ. كاللامغا چاپلىشىۋالغان، چىقىرىۋەتكىلى قۇربىم يەتمىگەن ئاشۇ ئاۋازلار مەرەزنىڭ ئۆزى بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلدىم.

— ھازىر، ئۆزى، مەدىكارلارنىڭ باھاسى ئۈستۈن بولۇپ كېتىپتۇ، بىر كۈنلۈككە بەش كويدىن بېرىپ، ئۈچ ۋاخ نان بەرسە، قىلدىڭمۇ قىلدىڭ قىلىپ، ئىشنىڭ بەرىكىتىنى چىقارماي غىپ قىلىپ قاچىدىغان گەپ ئىكەن، — ھېلىقى سالاپەتلىك باشلىق سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ، يەنە ئارقىغا يېنىپ سۆزلىگىلى تۇردى… تۇرمە باشلىقى جۇيجاڭنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ بولدى. ئەمما گېپىنىڭ ئايىغىنى ئۈزمىگەچكە، ھەرقانچە ئىچى پۇشسىمۇ، ھەدەپ ئېڭىكىنى سىلاپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاۋاتقاندەك ئولتۇردى. ئاخىر چىداپ بولالماي، ھەققىي ھېسسىياتىنى يالغان پەرداز بىلەن نىقابلاش ئۇسۇلى بويىچە، قىيىنىلىپ زورغا كۈلۈپ:

— ھە، ئۇنى بىر دېمىسىلە، جۇيجاڭ! ئۇنىڭ ئۈستىگە كوچا مەدىكارلىرىغا پۇل بېرىپ پۇل توشاتقىلى بولامدىغان. مانا، بىزدە ھەقسىز مەدىكارلار تولۇپ يېتىپتۇ، قىلغىلى ئىش يوق، قىچىشمىغان يەرنى قاشلىغاندەك ئىشلارنى قىلىدۇ. لازىم بولسا ھايت دەۋەتسىلە، ئونلاپ ھەيدەپ چىقىپ ئىشلىرىغا سالىمىز. ھە، ئۆي خېلى يەرگە بارغاندۇ؟

جۇيجاڭ تۇرمە باشلىقىنىڭ ئاغزىغا ئالماي كۆڭلىدە بىلىپ ئىش قىلىدىغان گەپلەرنى ئوچۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە توۋلىغان تەرزدە دەۋەتكەنلىكىدىن قىزىرىپ، ھىجىيىپ دېگۈدەك، باش لىڭشىتتى.

— ھازىر تام يېرىملاشتى، تامنى قوپۇرۇۋالساقلا، چوڭ ئىش ئاساسەن بىر يەرگە باراتتى. ھى… ھى… ھى…

— ھە، بولىدۇ. مەن سىلىگە قاچمايدىغان، ئۆزى كۈچتۈڭگۈرلىرىدىن ئوننى تاللاپ بېرەي، شۇغىنىسى، تامىقىنى بەرسىلە بولىدۇ. ئاندىن ئۈستىدە تۇرۇپ كۆز ـ قۇلاق بولىدىغان

گەپ ! بۇنى ئۆزى مەخپىيرەك قىلمىز ، بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەردىن بىرەرى بىلىپ قېلىپ چېقىپ قويسا ، بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك دېسىلە ! بىز ئىدارىدە ئاغزىمىزدا كۇلۇشۇپ ، هە - هۇ ، دېيىشىمىزيۇ ، ئەمما بىر - بىرىمىزنىڭ پېيىدە دېسىلە... سەل قىڭغىر كەتسە ، ئىش چاتاق ، — تۇرمە باشلىقىنىڭ ئاغزى كۆپۇكلىنىپ كەتتى .

— هە ، هازىر بۇنداق ئىش هەممە يەردە بار دېسىلە ، جۇمۇ ، ئادەملەردە ئىنساپ قالمىدى . بىزدىمۇ شۇ ، قەيەرگە بارسا شۇ گەپ : بولسا مۇشۇ ئىشتا بىر ياردەم قىلسىلا ، هاجىتى چۇشمەيدىغان ئىش كىمكىنتالڭ ، هى... هى... هى...

تۇرمە باشلىقىنىڭ قوپال ، قاتما چىرايىغا كۇلكە يۇگۇردى :

— هە ، مېنىڭ ئۆزلىرىگە دېمەكچى بولۇپ يۇرگەن مۇنداق بىر گېپىم بار ئىدى : مەن تېخى بىر كۇنى ئۆزلىرىنى ئىزدەپ بارماقچىدىم . ئاشۇ مېنىڭ تاغامنىڭ بىر ئوغلى بولىدىغان ، ئۆزىمۇ خېلى ئوبدان بالا بولدى . ۋاي ئاكا ، سەي جۇيجاڭغا دېسەڭ ، يېزىدا خىزمەت قىلماق قارىغۇنىڭ يىڭنىگە يىپ ساپمىقىدىنمۇ تەس ئىش ئىكەن . شەهەرگە كىرىۋالسام ، سەن بىر يول مېڭىپ بەرسەڭ . هازىر يولى بولمىسا ، مىڭ قىلغان بىلەن بىكار ، دەيدۇ . ئاشۇ بالىنى يانلىرىغا ئەكىرىۋالغىلى بولارمۇ ؟...

جۇيجاڭ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى . تۇرمە باشلىقىنىڭ گەپنى دەۋەتكۇچە تاتىراڭغۇ چىرايىدا كۇلكە بارغانچە پىلدىرلاپ ئۆچۈپ قالاي دەۋاتقان سەرەڭگە ئوتىدەك پىلدىرلاپ قالدى . جۇيجاڭ دەرهال ھىجايدى :

— بولىدۇ ، بۇ قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەس . ئىسمى نېمە ؟ — جۇيجاڭ يانچۇقىدىن كىچىك خاتىرىسىنى ئېلىپ ، قەلىمىنى تاپالماي هەممە يانچۇقلىرىنى سىلاشتۇرغىلى تۇردى . تۇرمە باشلىقى دەرهال قەلىمىنى چىقىرىپ ، قەلەم قاپچۇقىنى ئۇچىدىن چىقىرىپ ئارقا تەرىپىگە سېلىپ بولغۇچە تەمتىرەپ - تىترەپ سالالماي تەستە سالدى .

— ئۆركەش... ئۆركەش مۇسا، ھەئە.

جۇيجاڭ خاتىرىسىگە يېزىپ بولۇپ:

— مۇشۇ ئالدىمىزدىكى ئايدا ئۇيان- بۇيان ئالمىشىدىغانلارنىڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ بىر تەرەپ قىلمىدىغان ئىشلىرىمىز بار. ئۆركەشنىڭ ئىشىنى ئاشۇ مۇزاكىرىگە ئۇلگۇرتۇپ ئورنىنى توغرىلىسام بولىدۇ. چوڭ ئىش ئەمەس ئۇ، — دېدى مەغرۇر ھىجىيىپ.

— ئاشۇنداق، شۇنداق. بۇرۇنتىلىرى بىر تەۋرەپ كەتسە بولىدىغان گەپ. ھە، ئاۋۋال بىر يۆتكەپ قويسىلا، لېكىن ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتىدىغان، پارتىيىگە كىرىدىغان ئىشلىرىنى...

تۇرمە باشلىقىنىڭ قوپال ئاۋازى بارغانچە ئىلاجى بار يۇمشاۋاتقاندەك قىلاتتى.

— سىلى- بىز بولغاندىن كېيىن، ۋاقتى كەلگەندە... ھە... ھا... ھا... ھا... ئەمىسە شۇنداق بولسۇن.

— شۇنداق، شۇنداق.

ھەر ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، گېپىنى تۈگەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرمە باشلىقى ماڭا «بولىدۇ» ياكى ھازىرقىدەك «ئەتە» دېگەن جاۋابنى بەرگۈچە ئارىلىقتا مۆكۈندى. بۇ تۇرمە ئادەتتە ھاراق ئىچىپ جېدەل چىقارغانلارنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئالتە ئايلىقتىن تۆۋەن مۇددەت بىلەن توختىتىپ قويىدىغان، شۇ خىلدىكى مەھبۇسلارنىڭ تۇرمىسى ئىدى. مەن ئۇنى كېيىن بىلدىم.

## 3

ئۇ مېنى كۆرۈپ قاتتىق ئۈيلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قۇچاقلاپ، مۇشتلاپ كۆرۈشىدىغان ئادىتىنىڭ ئورنىغا دەسلەپتە ھەيران بولۇپ، ئولتۇرۇشۇپ، چوڭقۇرلاپ كەتكەن كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ بىردەم قارىدى. ئۇنىڭ بوينىنى قىسىپ قاراشلىرى

ئاندىن يىتىم قالغان، تام تۆۋىدە بويۇن قىسىپ ئولتۇرىدىغان، يىتىم بالىلارغا ئوخشىشىپ قالدى. كېيىن ئۆزىنىڭ يەردىكى پاخال ئۈستىگە قويۇلغان يوتقان - كۆرپىسى ئۈستىگە لاسسىدە ئولتۇرۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ بېشى بارغانچە چاترىقى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. كۆزۈمگە ئۇ بارغانچە يەرگە پېتىپ كېتىۋاتقاندەك، بارغانچە كىچىكلەپ، ئادەتتىمۇ پاكار، ۋىجىك گەۋدىسى تېخىمۇ تۈگىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. مەنمۇ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي، ناھايىتى ئەپسىز ھالەتتە مەھبۇسلارنىڭ يوغان يىغىن زالىدەك ياتىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرۇپ قالدىم. ئۆيگە كىرىشىمگىلا بۇرنۇمغا ئەڭ ئاۋۋال سېسىق زەي پۇرىقى بىلەن ئارىلاشقان ئادەملەردىن چىقىدىغان سېسىق تەر ھەم باشقىلارنىڭ ئارىلاشما پۇرىقى ئۇرۇلدى. دېرىزە بولمىغاچقا، ئۆينىڭ ھاۋاسى شۇنچىلىك بەتبۇي ئىدىكى، خۇددى چوشقا قوتىنىغا كىرىپ قالغاندەك تىنالماي قالدىم. مەن كىرگەندىن كېيىن، بۇ قاراڭغۇ ئۆيگە ئىشىكتىن غۇۋا يورۇق كىردى، گۇندىپاي ئىشىكنى ئەتمەستىن، ئىشىك تۈۋىدە كوچا ناخشىسىغا ئىسقىرتىپ قاراپ تۇردى. غۇۋا يورۇق ئۇدۇل تامغا خېلى ئېنىق چۈشكەندە، تامغا كۆزۈم چۈشۈشى بىلەن تېنىم تىكەنلەشكەندەك بولۇپ كەتتى. تام ساناقسىز قان داغلىرىدىن خۇددى چېكىت گۈللۈك رەختكە ئوخشىشىپ قالغانىدى، يورۇقلۇقتىن قورقىدىغان چۈشىلار ئۇيان - بۇيان قىمىرلىشىپ يۈرەتتى. پاقالچاقلىرىمغا بۇرگە ئولاشتى.

— قاچان كەلدىڭ؟ — نۇرئېلى بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن سورىدى.

— ئۆلۈشكۈن، شەنبە كۈنى.

— قانچىلىك ۋاقىت تۇرىسەن؟

— ئىككى ھەپتە چامىسىدا.

— ئۇنداق بولسا، بۇ يەردىن چىقىپ كەت. سەن كېتىدىغان ۋاقىتقىچە مەنمۇ چىقىمەن. يەنە بىر ھەپتىلىك ۋاقتىم قالدى، شۇ

چاغدا سۆزلىشەيلى . بۇ ئۇزۇن تۇرىدىغان يەر ئەمەس .
— بىردەم بولسىمۇ...
— چىقىپ كەت دېگەندىكىن چىقىپ كەت ! هامان سۆزلىشىپ بولالمايمىز .
مەن ئەكىرگەن نەرسىلىرىمنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم . ئۇ قولۇمدىكى نەرسىلەرگە سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ قويۇپ :
— نەزىرىڭدە مەن قورساق بەندىسىگە ئايلىنىپ قالغان ئوخشايمەن ، ئالدىڭغا بىرەر كىتاب ئۇچراپ قالمىدىمۇ ؟ — دېدى .
— خاپا بولما ، ئەكىرىپ بېرەي ، راستىنى دېسەم ، مۇشۇ يەرگە كېلىپلا كاللام قورساق ئاچقاندىن باشقا هېچ نەرسىنى سەزمەي قالدى .
ئۇ كۆزۈمگە تازا تىكىلىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ، قولۇمدىكى نەرسىلەرنى ئالدى .

## 4

شۇنداق بولدى ، كىندىك قېنىم . نۇرئېلى ، سېنىڭ جەمئىيىتىڭدىكى ئادەملەر تالىشۋالغان ياشاش ئۇسۇلى بويىچە جەمئىيەتكە قەدەم قويدى . سەن دېگەن ۋە خەقتىن ئاڭلىغان ئىشلار مېنى ئويغا چۆكتۈردى .
— هوي بالىموي ، سەن شۇنداق قىلىپ ، ئەمدىزە... ئوقۇشۇڭ تۈگىدى . ئەمدى ئوقۇيمەن دەپ ناهىيىگە سوكۇلدىمايدىغان بوپسەن ـ هە ؟ هە ، بوپتۇ ، بۇ ئوقۇشۇڭ بىلەن سەن ئەمدى نېمە بولدۇڭ ؟ هەرقاچان بىرنېمە بولىسەن . هە ، هۆكۈمەت سېنى ئىشتىنىڭنىڭ ئېغى يوق ، پوتلاڭ مەڭزىڭگە چاپلاشقاندا ئوقۇتقىلى تۇرغان . بۇ ئوقۇشقا سەن چىدىدىڭكى ، ۋاي ـ ۋاي ، مەندەك ئادەم بىردەم چىدىيالمايمەن . شۇنچىۋالا ئوقۇتقاندىكىن ، سېنى بىر يەرگە قويار ؟ ئاتاڭمۇ بىر قولاق موللىسى بىرنېمە ، ئېلىپنى لام دېيەلمىگىنى بىلەن ، قۇلىقى ئۇزۇن . ئەمەلدارلار بىلىدىغان خېلى

گەپلەرنى بىلىدۇ ، شۇڭا سېنى ئوقۇتتى . بىز تاش سانىساق ، ئاتاڭ قـوم سانايدۇ ، يامان سالپاڭ قۇلاق پاكار ، جۇمۇ ! سېنىمۇزە ، چوقۇم ئاخىر پىكاپتا ئولتۇرىدىغان ئادەم قىلىمەن دەپ ئوقۇتتى . ئەممازە ، سەن ئۆزۈڭ ئاناڭ دېگەن جاۋىلداق بايتالنى دورىماي ، ئاتاڭ يەر پايپىسىنى دوراپ چۇغۇندەكتەك بولۇپ قالدىڭ . مەيلى ئۆزۈڭ ھۆكۈمەت ئادىمى بولۇپ قالساڭزە ، قورسىقىڭ تاغاردەك بولسا ، ماۋۇ سېرىق ساقال يۇزۇڭ گەپ يوق بىزنىڭ قوكۇر ئۇينىڭ كانىيىدىكى سالپىقىدەك بولىدۇ . قورسىقىڭ تاغاردەك بولسازە ، پىكاپتا ماڭمىساڭ بىر غېرىچ يول ماڭساڭ تامبىلىڭ سۆڭگىچىڭدە تۇرمايدۇ . كىندىكىڭىنىڭ تۆۋىنىنى ئۆمۈر بويى كۆرەلـمەيـسەن . ھا... ھا... ھا...

شاپ بۇرۇتنىڭ ئۇچى ئوتتا كۆيۈپ كۆتمەكلىشىپ ، چار كالتە ساقىلى ئوتتا سارغىيىپ كەتكەن ھۇسەن ناۋاي ناننىڭ زوۋۇلىسىنى قىلغاچ ، ھارماي سۆزلەيتتى . شاگىرتلىرىمۇ ، نۇرئېلىمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىگە كۈلەتتى .

ھۇسەن ناۋاي شاگىرتلىرىغا ۋارقىرىدى :

— ھوي ، چەم قۇلاقلار ، قولۇڭ توختاپ قېلىشتىمۇ ؟ ياۋا شېخىدىن بولغانلار ، كىچىك بالا دېگەن قۇلىقى گەپتە بولسىمۇ ، قولى ئىشتا بولىدىغان... ئېشەك ھاڭرىغان ، داپ داراڭلىغان يەرگە ھــەپتە قارىشىدۇ . ئادەم دېگەن گەپنى ئاغزىدا ، قولىدا ، پۇتىدا ئاڭلىمايدۇ ، ئاۋۇ قوۋۇزۇڭ ئۇستىدىكى ئىككى تۆشۈك سالپىدا ئاڭلىساڭ بولدى...

ھـۇسـەن نـاۋاينىڭ تونۇر بېشى ، پەشخۇنىدا قولى ئىشتىن توختاپ قالغان سەككىز ياشتىن ئون بـەش ياشقـىچە ئارىلـىقـتىـكى يەتتە ـ سەككىز شـاگـىـرتى قـارچىغىدىن ئۈركۈگەن توشقاندەك دەرھال پايپېتەك بولۇشۇپ ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىشتى . ھۇسەن ناۋاينىڭ چۇپۇر قاشلىرى ئارىسىدىكى ئاچچىقتىن قىسىلغان كۆزلىرى يەنە نۇرئېلىغا ئاغدۇرۇلۇپ ئويناپ كەتتى .

— ھەئە... قەيەرگە كەلدىم ، ھە ، دۇرۇس ، شۇنداق قىلىپ ،

ئاۋۇ شەھەر گۈڭشىسىنىڭ جۇرىنىنى — قەييۇم قورساقنى تونۇمسەن؟ ھە، ئاشۇ جۇرىن بۇرۇنقى چاغلاردا ئاپتاپپەرەستەك بىر كىيمە تاز ئىدى. بۇ تاز ئۆزى ھۆكۈمەتكە قانداق ياراپ قالغان، كەچ كۇرستا ئوقۇپ، مىس كانايدا ھۇقۇيتلاپ يۈرۈپ، مانا ئەمدى جۇرىن بولۇپلا، كالىنىڭ تاۋىزىگىدەك يۇمىلاقلىشىپ سەمرىپ كەتتى. ئەمەل دېگەن يارىشىدۇ. سەن ئۇنى بۇرۇن بىلمەيتتىڭ. ئۇ دېگەن تۇل خوتۇننىڭ پۇچۇق ئىشۈرۈقىدەك كۆرۈمسىز بىرنېمە ئىدى. كۆتىدىن يەل بەرگەندەكلا، ئېسىلىپ سەمرىپ كەتتى. سەنمۇ شۇنداق بولىسەن. ئاشۇ پاخشەك خۇدايىم زوۋۇلىسىنى زور ئۇزۇپ، ئاتا - ئانىسى دۇئا قىپتىكەن، مانا ئەمەل يارىشىپ، سەمرىپ كەتتى ئۆزى. سەن، بىز بىر سېرىق قوناق زاغرىسىغا شۈكۈر قىلىپ، ئايدا - يىلدا بۇغداي ئېشى كۆرۈپ، كۆزىمىزدىن ئوت چاقنىغىنىنى بىلەن، ئۇنىڭغا قەيەرگە بارسا قازاندا شورپا قايناقلىق. ھا... ھا... ھا... دۆلەت دېگەن ماۋۇ قوتۇر ئىتقىمۇ يارىشىدۇ. كاساپەت، — ھۇسەن ناۋاي يىراقتا — ناۋايخانىغا قاراپ تۇمشۇقىنى يەرگە سوزۇپ، بىرنېمە يەپ ياتقان ئورۇق قانجۇققا قول شىلتىپ قويدى. قانجۇق بويناق سېرىق بولۇپ، قورساقلىرى ئىچىگە تارتىشىپ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ، قوۋۇرغىلىرى سانجىپ سۆرىلىپ، يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرىنى تونۇر بېشىدىكى قوللارغا تەلمۈرۈپ ياتاتتى. بەش كۈچۈك ئۇنىڭ ھۆل يەرگە سوزۇلغان لەش ئەمچىكىنى ھەدەپ تۇگۈلۈپ تۇرۇپ شورىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئاق، قارا، سېرىق مويلىرى ئەتىگەندىكى كۈز ئاپتىپىدا پارقىرايتتى.

— ئاز كۈچۈكلىمەيدۇ، ئېلىنمايدىغان قوتۇر! جىنازىدەك بولۇپ قالدى. كۆمۈۋېتەي دېسە، ھەممىسى ئەركەك ئىكەن. ئۆزى لالما بولغاچقا، كۈچۈكىنى باققىلى ئادەم يوق، سەت قوتۇرنىڭ! — دېدى خىرقىرىغان ئاۋازدا ھۇسەن ناۋاي.

— ھە، مانا، ساڭا ھازىرقى تونۇردىكى ناندىن بېرەي، كېيىن باشلىق بولۇپ قالساڭ پايدىسىنى كۆرەرمەن. قانچىلىك نان تېگىشسەن دوقا باش؟

— مۇشۇ يەردە بىر چارەك بۇغداي ئەكەلدىم ، ھەممىسىگە تېگىشىمەن .

ھۇسەن ناۋاينىڭ قىسىق كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى .

— ھە ، بىر چارەكلىك دېدىڭما ، بىر چارەك نان تېگىشىپ نېمە قىلىسەن . ئاتاڭ بىرەرىگە ئارقا ئىشىك قىلاي دېدىمۇيا ؟ ھە ، دۇرۇس ، دۇرۇس . سەن ئوقۇپ بولدۇڭ ، ھەرقاچان سېنىڭ ئىشىڭنى جۆندەي دەيدۇ . ئاغزىنى مايلايدۇ . ھە… ھە… ئەي ، بىر چارەك بۇغدايغا نان تېگىشكۇدەك جىق مېھمان… كالتە ـ كۆسەي باشلىقنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاي دەپتۇ ـ دە ، كاساپەت ! بۇغداي جىق ئوخشايدۇ . ئالدىڭلىمۇيا ؟ ئاتاڭ دېگەن كاساپەتنىڭلا ئەمەس ، مۇشۇ دەگادىكى ھەممە كۆرەك تۇماقنىڭ قانچىلىك بۇغدىيى بارلىقىنى بىلىمەن ، ھەرقاچان ئاپتۇ .

— قەيەردىن ؟

— سېرىقبۇيلىقتىن .

— چارىكى نەچچە پۇل ؟

— ئون سەككىز كوي .

— قانچە چارەك ؟

— ئۈچ يېرىم چارەك .

ھۇسەن ناۋاينىڭ چىرايى دەسلەپ قىزىرىپ ، كېيىن سەل تاتىرىپ ، زورغا كۈلدى .

— ئاتاڭ دېگەن پەلچاڭ تەخەي زادى يامان نېمە . ئەجەب ئەرزان ، تېخى بىرمۇنچە ، ئاتاڭ بۇنچە پۇلنى قەيەردىن تاپتى ؟

— بۇلتۇرقى غۇنجىننى ساتتۇق .

— ئەي ، ئېشەك ، كالىسى ئىككى بولغاندى . خەقنى ئىندەككە كەلتۇرىمەن دەپ ساتتى ـ دە ، ھەممىسى سېنىڭ غېمىڭ ـ دە ! ھەرقاچان قويدىن بىرەرىنىڭ كاللىسىنى كېسىدۇ . بىرمۇنچە زىيان… ئاتاڭ پەلچاڭ تەخەي ھەرگىز زىيان تارتىدىغان ئادەم ئەمەس . بىر كوي خەجلەش ئۈچۈن ئىككى كوينىڭ ئىزىنى چىقىرىۋېلىپ ئاندىن خەجلەيدۇ . سېنى تازا بىر يەرگە تىقاي

دەپتۇ ـ دە !... پەلچاڭ ، شۇنداق قىلىپ قايسى ئېچىقنىڭ بېشىغا يولتاي دەيدۇ ، نېمە قىلىدىكەنسەن ؟

— مۇئەللىملىك .

— نېمە ، مۇئەللىم ، ئەپەندىچىلىك ؟

ھوسەن ناۋاينىڭ ئاغزىغا كەمپۈت سالغاندەك چاكىلدىغان ئاغزى پۇرۇشۇپ ، كالپۇكى دوردايدى . ئۇن ـ خېمىر يۇقى قولى بىلەن بۇرۇتى ئارىسىغا سىڭىشكە باشلىغان بۇرنىدىكى سۇنى پەشتامىسىنىڭ ئارقىسى بىلەن سۈرتتى . ئۇنىڭ يۈزىدىكى ھاياجاننىڭ ئورنىنى سوغۇقلۇق قاپلىدى .

— ئا... ھاي... چىك ، — ئۇ كەڭ پۇچاقلىق كونا چىبەرقۇت تامبىلىنىڭ يانچۇقىنى بىرھازا كولاشتۇرۇپ يۈرۈپ كىچىككىنە غوڭ قاپاقتىن ياسالغان ناسۋال قاپىقىنى چىقاردى . ناسۋال قاپىقى ئۇزۇن يىل ياغ قازىنىدا پىشقان ياغاچ چۆمۈچتەك قوڭۇر ، ياغلىشاڭغۇ بولۇپ پارقىراپ كەتتى . ھوسەن ناۋاي قاپاقلىرى سېلىنغان ھالدا ئالقىنىغا ناسۋال تۆكۈپ ، سېرىق ھەرە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرۇپ ناسۋال كاپ ئەتتى . ئاندىن چىرت قىلىپ بىر تۈكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ، ئۇدۇل چىشى چۈشۈپ كېتىپ ئاغزىدىن گەپ چۈشۈپ قالغاندەك كەمتۈك سۆزلىگىلى تۇردى ، — ئوھوي... بۇ بولماپتۇ . ئاتاڭ دېگەن سالپاڭ تەخەي نېمىنى ئويلاپ سېنى ئەپەندىچىلىككە تۇتۇپ بېرىدۇ ؟ ئەپەندىچىلىك دېگەن ساڭا ئوخشاش بىرمۇنچە ئوقۇغان ئادەم قىلىدىغان ئىشمۇ ؟ ياق ، ئەپەندىچىلىك دېگەن ساڭا لايىق كەلمەيدۇ . بىر پۇڭلۇق پايدىسى يوق . جاپاسى ئالتە پاتمان . بىر كىمگە ياكى بىر پۇڭلۇق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ ، بىر پۇڭ پايدا ئالالمايدۇ . ئەمدىزە ، سەن قەلەندەردەك ئۆيمۇئۆي بالا يىغىمەن دەپ يۈرىدىكەنسەن ـ دە ! قاچان قارىسا ، ئالتە توك ـ توك شۇمنىڭ ئارىسىدا ، بىر يىل ئەپەندى بولساڭ ، ئۆزى بىر نېمىگە ئايلىنىسەن ، شەپكىنى قىرلاپ ، كوكۇلىسىنى ھۆپۈپ تاجىسىدەك چىقىرىپ رودۇ ۋېلىسىپىتتىن بىرنى قىستۇرساڭ ، كۆتۈك يېغىر بولغۇچە ھارماي مىنىسەن .

قالىسا سۆلتىڭنى ئات تارتالمايدۇ. يانچۇقۇڭنى ئاختۇرسا، بەش موچەن چىقىدۇ ياكى چىقمايدۇ. ۋاي يېتىم قوۋۇرغامەي. ھە، بۇلار ئاشۇنداق پوچى، بىر كىمگە سىرىق سىنتىسىنى كۆرسەتمەيدۇ. «يۇندىسىنى ئىت، تۇتۇننى بۇلۇت كۆرمەيدۇ»، كىيىنىشى ئاشۇنداق. ھە، بىز دېگەن كونا مەينەت كىيىم كۆرۈنگىنىمىز بىلەن ئوغۇل بالىدارچىلىققا يارايمىز، دەمال تۆت ئاغىنە بىلەن قاسساپ ياكى ئاشخانىغا بارساق، ئالدى - ئارقىمىزغا قارىماي، يانچۇقىمىزنى كۇچەنمەي كولاپ مېھمان قىلالايمىز. ۋاي ئەپەندىچىلىك. ئايدا ئالىدىغىنى ئون سەككىز كوي، نېمە كېلىدۇ؟ ماڭا ئايلىق ناسۋال پۇلۇمغا يەتمەيدۇ... ۋاي سالپاڭ پالەچ تەخەي. بىر بەلەن ئوغۇلنى بىر مۇنچىۋالا ئوقۇتۇپ، ئەمدى شۇ ئەپەندىچىلىككە تۇتۇپ بېرەمدۇ؟ مانا ھازىر قارىسام، بېجىرىم تۇرىسەن. يېرىم يىل ئەپەندى بولساڭزە، بېشىڭغا تورغاينىڭ سۇپىسىدەك كوكۇلا قويىسەن. مەنزە مۇشۇ چېچى بار ئادەمنى، پايپاق كىيگەن، تامبىلىغا دەزمال سېلىپ ئۆزىنى ياسايدىغان ئادەمنى كۆرسەم، مىجەزىم قوداڭشىيدۇ. خۇددى قىچىقى بار جۇۋاننى كۆرگەندەك. ھىم، ھازىرنىڭ ياش بالىلىرىغۇ خوتۇن خەق بىلەن سۆزگۇچ - تارغاق تالىشىدىغان بولدى. ئايدا، يىلدا مەسچىتتە بىر قىتىغىر شەپكە ئەپەندىنى كۆرگەن بولسام كاشكى. شۇڭا مەن ئەپەندىگە ئۆچ. بۇ نېمىلەر ئوقۇتقان بالىمۇ بىر ئاق سۆسە، مىجەزى بوش بولىدىكەن. ۋاي خوتۇن تالاق سالپاڭ تەخەي، بالاڭنى ئەپەندى قىلدىم - دە.... ھېچبولمىسا تۇگمەننىڭ پوستەكچىسى بولساڭ، نۇرغۇن ئادەم ساڭا يالۋۇرغان، مەن چېغىمدا سېنىڭ پېشىڭنى قاققان بولاتتىم. ۋاي ئەپەندىچىلىك... دىتسىز سالپاڭ، قىلغان خۇشامىتىڭنىڭ كۆزى ئوچۇق كېتىدىغان بوپتۇ - دە!...

ھۇسەن ناۋاينىڭ ئاغزىدىن بارغانچە بىر - بىرىدىن سېسىق گەپلەر تامغىلى تۇردى. نۇرئېلى ئاچچىقتىن تاتىرىپ، تىترەپ ئاغزىدىن ھېچقانداق گەپ چىقىرالمىدى. نەچچە قېتىم ھۇسەن

ناۋاينىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ تونۇرغا بىشچە تىقاي دېدىيۇ ، يەنە پەيلىدىن يېنىپ ، گەپ قىلماستىن ئالىيىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .

— هوي بالىموي... ئەي ، كىچىك سالپاڭ ، ئەي ، پاپا ئەپەندىچەك ! توختا ، ناننى ئالامسەن ؟ دۆيۈز ! ئاچچىقىنى كۆرۈڭ . چوڭ ئادەمنىڭ ئاچچىقى كەلگۈچە ، كىچىك ئادەمنىڭ جېنى چىقتى ، دېگەن شۇ... هۇ سېرىق توك چەمەك ، ئاتاڭ پەتەكىنىڭ ئۇرانىنى ئۇنداق ـ مۇنداق ئالارسەنمۇ...

نۇرئېلى بۇجۇق توپىلىق يولدا ئاچچىقتىن خۇدىنى بىلمىگەن هالدا ، قىسقا لەڭگىش پاقالچىقىنى چوڭ ـ چوڭ كېرىپ ماڭدى . كۆز ئاپتىپى ئەتراپنى قۇرۇتۇۋەتكەندى . يولنىڭ چېتىدىكى ئاق تېرەكنىڭ تولغان ياپراقلىرىمۇ بىرئاز سولىشىپ قالغاندى . خەقنىڭ ئۆگزىسىدىكى قوغۇن ، گۈلە ـ قاق ، يېمىشلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئۇستىدە چوڭ قوڭۇر هەرىلەر غوڭۇلداپ باراتتى . يولدىن زاۋۇتقا كېۋەز سانقىلى كېتىپ بارغان دېهقانلارنىڭ ئايىغى ئۇزۇلمەيتتى . قارا كۆرپە تۇمىقىنىڭ ئارقىسىنى چاپىنىنىڭ ياقىسى يالاپ غىلتاڭ قىلىپ قويغان ، قارا بۇس بىر ئادەم ياغاچ هارۋا ئۇستىگە يىرتىق تاغارغا قاچىلاپ باسقان كېۋەز ئۇستىدە ئولتۇرۇپ ، ئىككى غولاچ ئۇزۇنلۇقتىكى بىر سېرىق سۆگەت غولى بىلەن هارۋىدىكى كالىنى هەدەپ ئۇراتتى . كالىنىڭ دۈمبىسىدىكى يېغىردىن جىرتىلداپ قان چىقىپ ، قارا موي ئۇستىدىن دوملاپ قورساقلىرىغىچە سارقىغانىدى...

نۇرئېلى مەهەللىسىگە بۇرۇلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىغىچە بىرگە ئوقۇپ ، مەكتەپتىن قېلىپ ، ياغاچچىغا هۈنەرگە كىرىپ كەتكەن ، بىر مەهەللىلىك ئاغىنىسى ئابلىز ئالىغايغا يولۇقتى . ئابلىز ئالىغاي يىراقتىنلا ۋارقىرىدى :

— ها... هاي ، خاپا ئەپەندى بوپسەن ـ دە ، مۇبارەك بولسۇن . باللار سېنى بوزەك قىلىپ شەپكەڭنى رورو ئويناپمىكىن هەرقاچان . هاي دېسەم ئۇنىماي ئون يىل ئوقۇپ ، قاغا پۇتى

چوقۇپسەن ئەپەندى . بىر سوكالتالىڭ يالاڭ ئاياغ ئەپەندى بوپسەن - ھە ، تېخى ئاغزىنى مايلاپ ئاران ئۈلاشتىم - دە ! ئىسىت ، ئەپەندىچىلىك قىلىمەن دېگۈچە ، ئاستا ھۈنەر ئۆگەنسەڭچۇ ، ياكى پات رەسمىيلەشتۈرمىسە ، ياكى ئوقۇشقا ئەۋەتمىسە ! يەنە بىر پوق يەپسەن...

— ئەپەندى دېمە ، — ئاران شۇنى ئېغىزىدىن چىقىرالىدى نۇرئېلى .

— ئەممىسە ، نېمە ، ئەپەندى شۇ ! ئاچچىقىڭ كېلەمدا ، خاپا بولامسەن ، خاپا بولساڭ چاي قۇي ئەپەندىچەك . ئەمىسە ، ئەپەندى بولماي...

ئابلىز ئالىغاي گېپىنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە ، نۇرئېلى «قاس» قىلىپ ئابلىز ئالىغاينىڭ قاڭشىرىغا مۇشت بىلەن ئۇرۇۋەتتى . تۇيۇقسىز تەگكەن مۇشتتىن ئابلىز ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى .

— ئاناڭنىڭ ئەپەندىسىمىكەن ؟ ھۇ سەت ئالىغاي ! — نۇرئېلى شۇنداق دەپلا ئارقىسىغا قارىماي كەتتى . ئابلىز شۇئان كۆكرىپ تېرەك پوقىقىدەك دومسىيىپ چىققان قاڭشىرىنى بىر قولى بىلەن تۇتقانچە ، ئورنىدىن تۇرۇپ ، بىرقانچە قەدەم ئالدىغا مېڭىپ :

— ھۇ ، ئانىسى كېۋەزلىكتە تۇغۇپ قويغان ئالتە ئايلىق سېرىق مۇشۇك . سەن پەلچاڭدىن قورقۇپ قالمايمەن ، جۇما ! سالپاڭ ، ھۇ سېرىق ئەپەندى ! ناھايىتى ئەپەندى بولىدىكەنسەن ، يوغان نېمە ئەمەسسەن . خەپ بىر كۈنى ئەمەس ، بىر كۈنى ئاناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن يەر كۈچۈكى . ئەي ، خۇشامەتچى غالچا ، باشلىقنىڭ چاترىقىدىن چىقمىسا كۈنىنى ئالالمايدىغان ئەبگار...

ئابلىز ئالىغاي ئاغزىدىن يەنە بىرنەچچە ئالغۇسىز گەپلەرنى قىلىپ تىللاپ قالدى .

نۇرئېلى چىرايى تاتارغان ھالدا ئۆيگە كىرگەندە ، ئانىسى سايىمقارى قوي سويۇۋاتاتتى . ئانىسى ئالدىراش قازان يۇيۇپ قازانغا سۇ تولۇقلاپ شورپىسىغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى . سايىمقارى

نۇرئېلىنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كىرىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، جىددىيلەشتى ، جاۋغىيىنىڭ ئۇستىدىلا بولۇق ئۆسكەن قوڭۇر بۇرۇتى دىڭگىيىپ كەتتى .

— نان قېنى ؟

نۇرئېلى گەپ قىلماستىن ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ئىشىكتە كىچىك ئىنىسى شىرئېلى دوقۇرۇشۇپ قېلىۋىدى ، ئۇنى بىر ئىتتىرىپلا كىرىپ كەتتى . شىرئېلى ئىشىككە يۆلىنىپ قالدى . سايىمقارى قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ تاپ باستۇرۇپ ئارقىسىدىن كىردى . قازان بېشىدا ئەندىشە بىلەن تۇرغان ھەمسايىخان چۆمۈچىنى تاشلاپ ئۆيگە يۈگۈرگەندەك كىردى . ئۇ ئىشىكتىن كىرگەچ غوتۇلدىدى :

— نېمە بولۇشتۇڭ ئۆلگۈرلەر ، بېشىڭنى يە تەلۋە...

— نان قېنى دەپ سەندىن سوراۋاتىمەن ؟

— قالدى ، — ئاتىسىدىن بەكرەك ۋارقىراپ جاۋاب بەردى نۇرئېلى .

— نېمشقا قالدى ؟ — چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قان يۇقى قولى بىلەن سول كۆزىنى زەردە قىلىپ ئۇۋۇلىدى سايىمقارى .

— بوشراق ۋارقىرىشە توڭگۇزلار . خەق ئاڭلىسا قوڭچە كۈلىدۇ ، بېشىڭنى يەيدىغانلار... — دەپ خىڭىلدىدى ھەمسايىخان ئالاق - جالاق بولۇپ .

— ھۇسەنباي ئۇنداق ئەپەندى ، بۇنداق ئەپەندى ، ئۇنداق پوداقچى دەپ كاسىلداۋەرگەندىكىن يېنىپ كەلدىم . يەنە تۇرسام ئۇ گاسنى تونۇرغا تىقىۋېتىدىغان ئوخشايمەن...

— ھېچ ئىشتا كارغا كەلمەيدىغان بىر ئاقسا مەرەز بوپسەن ، ئۇ گاس نېمىدەپ ۋالاقلىسا ۋالاقلاۋەرمەمدۇ ! كۆرەلمەيدۇ . قانجۇق گاس . دائىم قاۋاپ تۇرمىسا كۆنەلگىسى ئۇيۇمايدۇ . قۇلاقنى يوپۇرۇپ يۈرىۋەرمەمسەن ! ئۇ گاسنىڭ گېپى ئاشۇنداق پوقتىن سېسىق... ئاكاڭ دېگەن لەنتى ئەلەس قىزىنى ئالغىلى ئۇنغان بولسا ، ئۇنداق قاۋىمايتتى ، لەنتى قانجۇق...

— تولا قاۋاپمۇ ئاغزىغا بالا بەرمىدى دۆيۈز گاسنىڭ ، — دېدى ھەمسايىخانىمۇ سايىمئاخۇنغا ئەگىشىپ ، سايىمقارى بارغانچە ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى .

— يۈگۈر ، بېرىپ ئەكەل ، مېھمانلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى . قىلىدىغان ئىشنىڭ تېخى بىرىنىڭ ئايىغى چىقمىدى . ئىشەنچلىك ئىشنى ئاقتۇرالماي لازا خالتىسىدەك يېنىپ كەلگىنىنى بەغەرەزنىڭ !

— بارمايمەن .

سايىمقارى دەررۇ ئارقىسىغا قايرىلدى . ئاچچىقتىن قارا ساقاللىق قوۋۇزى لىپىلداپ قوش كالىسىدەك پۇشۇلداپ كەتتى .

— ئەمىسە ، قوينى سەن سوي ، مەن باراي . بۇ مېنىڭ ئىشىم بولغاندىكىن . مەندىن كېيىن قالساڭ ، گۆرۈمگە ئىشقا بۇيرۇغىلى بارارسەن .

— ۋاي مەن باراي . مەن ئۆلمىگەن قېرى ، مەن باراي . بىر خۇش بولاي ، تالاشماڭلار ! — ھەمسايىخان تېپىرلاپ تالاغا ماڭدى . سايىمقارى بوغۇلۇپ خىرقىراپ ئاۋازى ئالىتاغىل چىقىپ كەتتى :

— قازان بېشىغا ئاناڭ كېلىپ قالارمىدى ؟ ماڭە يۈگۈر تولا كاسىلدىماي قازىنىڭ بىلەن بول ! — سايىمقارى قولىنى بىر شىلتىۋىدى ، ھەمسايىخان قورقىنىدىن بوسۇغىغا پۇتلىشىپ مۇدۇرۇپ كېتىپ دالانغا ئاران چىقىۋالدى :

— ھۇ ئۆلگۈر ! ئانام يەتمىش پۇشتۇڭنىڭ ئارپىسىنى خام ئورۇغان بولسىمۇ ، ئانامنى چىشلەپ تارتما ، تۇزكور••• — ھەمسا- يىخان غۇدۇرىغانچە چىقىپ كەتتى .

— قوپە ، قوينى سەن سوي ، ناننى مەن ئەكېلەي ، تۇرقىنى كۆرگىنە بۇنىڭ ! بەئەينى يەكەننىڭ دىلداڭدىن كەلگەن ئاقسانىڭ ئۆزى .

— قوي سويالمايمەن•••

— نېمە ئىش قىلالايسەن ، ئاقسا ئۆلۈك ؟

— بۇ ئىشلىرىڭ بىلەن كارىم يوق .

— ئاپلا جۇمۇ ، گۈينىڭ بالىسىنىڭ بىلىشىگىلىقىنى ! تۆگىدەك بولغاندا گۇمباگشىتىپ ئۇرىۋېرەي دېسە بولمايدۇ ، مۇشۇ يەردە . ئويلاپ باقە ، مەن ماۋۇ ئىشنى كىمنى دەپ قىلىۋاتىمەن ؟ سېنى دەپ ئەمەسمۇ !

— خۇشامەت قىلمىساڭمۇ ئۇرۇنلاشتۇرۇپ بولغان .

— سەن نېمىنى بىلىسەن ، توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن ! هازىر قۇرۇق قۇلاق قۇرۇق قۇلاققا ياقامدۇ ، ئورۇنلاشتۇرغان بىلەن ياللانما مۇئەللىمسەن ، ئالدىن مۇنچىلىك شەرتىنى قىلىپ قويمىساڭ ، ئەتە تۇرۇپ ئۆگۈن ئەسكى چاپان ئورنىدا توڭلىسا كىيىدىغان ، تەرلىسە سالىدىغان بولىسەن . ئاۋۇ تۇرسۇن توكۇرمۇ بۇرۇن ئەپەندىچىلىككە ئورۇنلاشقاندا رەسمىي ئەپەندى ئەمەس ئىدى . تېخى سەنچىلىك ئوقۇماي ، ئوتتۇرا مەكتەپنى چالا ئوقۇغان ماڭقا ئىدى . كېچىسى ئۇخلىماي مال ئۆلتۇرۇپ باشلىقنىڭ ئاغزىنى مايلاپ ، قوينى پۇتۇن پىشۇرۇپ باشلىقنىڭ ئارقىسىدىن يىغىنغا كەتكەن ، خىزمەت تەكشۈرۈپ كەتكەن يەرلىرىگىچە قوينىڭ ئۈچىيىنى پوپكىغا سولاپ ئاپىرىپ ، قوغلاپ يۈرۈپ يېدۈرۈپ رەسمىيلەشكەن . بولمىسا نى - نى بەلەن ئوقۇغان ئوبدان باللار ئەپەندىچىلىكتىن قېلىپ ئىت ئۇرۇپ ئويناپ يۈرمەيتتى . ئۇلار بىلمىگە ئىشنىپ باشلىقنىڭ ئاغزىنى مايلىمىغاچقا ، قالدى… بۇ جاھان شۇنداق جاھان… يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ ، بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال ، دېگەن گەپ بار . هازىر جاھاننىڭ رەپتارىغا باقمىساڭ قورسىقىڭدا مىڭ ئۈمچىلىك بولغىنى بىلەن بىر تىيىن .

— ئاتا ، هوسەن گاس شاگىرتىدىن ناننى ئەۋەتىپتۇ ، — دېدى شىرئېلى دالاندىن ئىچكىرىگە بېشىنى تىقىپ .

— هە… بوپتۇ ، ماڭە ، قويغا قارا ، ئىت ئەپقاچىدۇ . كاللا - پاچاق بارمۇ ؟

— بار ، — شىرئېلى جاۋاب بەرگەچ چىقىپ كەتتى . سايىمقارىنىڭ ئاچچىقى يېنىپ پەسكويغا چۈشۈپ قالدى . يانچۇقىدىن ئۇزۇن ئىنچىكە قارا تاشنى چىقىرىپ تۇكۇرۇكىدە نەمدەپ پىچىقىنى

بىلگەچ يۈمشاپ سۆزلىدى :

— قاۋغان بىلەن كۆڭلىدە يامانلىقى يوق گاس ، ئەنە بىزنى خاپا بولۇپ قالمىسۇن دەپ ناننى ئاتايىن ئەۋەتىپتۇ . بولمىسا خەق بىزدىن قورقمايدۇ ، ئادىمەتچىلىك . ئۇ گاس ئاچچىقى تۇتسا يۈزىدە تۈكى بار نىمە . ھاتەمدىن قورقمايدۇ . ھە... سىنى ئون يىل ئوقۇتتۇم ، بەزىدە كاللاڭ خېلى بىرنىمىگە ئىشلەيدۇ ، بىلمىگىمۇ خېلى بار . ئەمما سەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلسەڭ ، ئاندىن ئادەم بولىسەن . مەن جاھانغا تۈۋرۈك بولۇپ دائىم سىنى ، ئوڭ تۇر ، سول تۇر دېيەلمەيمەن . سۇنىڭ بىشى لاي بولسا ، ئايىغىدىن سۈزۈلدۈرمەن دېگەن ئادەم ئەخمەق . باشلىقىڭ خۇشامەتچى بولسا ، سەن ئۇنى دورىمىساڭ ، كۆن ئالالمايسەن . قاراپ باقە ، سەن خېلى كۆپ ئوقۇغان ، مەنغۇ قارىتۇرۇك . سىنىڭ مائارىپ گەنسەڭ ناھىيىدىكى جۇيجاڭلار كەلسە كېچە - كۈندۈز پايىپېتەك بولۇپ قىلمىغان - ئەتمىگىنى قالمايدۇ . ھېلى قوي ئۆلتۈرۈۋاتقان ، ھېلى بىرنىمە... كەينىدىن ئوتۇن ، ياغاچ ، ئۇن ، گۈرۈچ ، ھەتتا قوي - كالىسى يەيدىغان ئوت - ساماندىن تارتىپ ، ئىت - مۈشۈكى يەيدىغان كېپەككە قەدەر . خۇدايىم بەرگەن بىر سوپەكتە توشۇيدا ، ھارماي توشۇيدا ، شۇڭا ئۇ نىمە قىلسا مەيلى ، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئاغزى پوق ، گەپ قىلالمايدۇ . يەيدۇ ، ئىچىدۇ ، ئىگىلەيدۇ . قول ئاستىدىكى ئەپەندى ، شوجاڭلارنى كىچىك بالىسىنى باشقۇرغاندەك باشقۇرىدۇ . بېقىپ چوڭ قىلىپ قويغاندەك تىللايدۇ . دېمەككى ، ئۇ ئۆزىدىن چوڭغا خۇشامەت قىلىپ پارا بەرگەندىكىن ، قول ئاستىدىكىلەردىن پارا ئېلىپ ئۇندۇرۇۋېلىشقىمۇ ئامراق . يەپ كۆنۈپ كەتكەن بۇ ھامغا تاپقىنىڭنى تاشلاپ تۇرمىساڭ ، ئۆزۈڭنى يەۋەتىدۇ... ئوبدان ئويلا ، مەن ساۋاتسىز بولسامىمۇ نەچچە قازاندا قايناپ مۇشۇنداق قورۇلۇپ قالغان ئادەممەن . «ئىشەكنىڭ كۆتىگە ئاپتاپ چۈشسە ، قولۇڭنى ئىسسىت» دېگەننى مۇشۇ بىزنىڭ ئادەملەر ئويلاپ چىقارغان .

— ئاتا تولا سۆزلەپ كەتتىڭ ، قوينى سويساڭ پىچىقىڭ بەك

ئىتتىكلەپ كەتتى . ھېلى قولۇڭنى كېسىۋالىمەن .
— ھە ، ماقۇل ، ماقۇل ! مەن قوينى سوياي ، سەن مېنىڭ گەپلىرىمنى قۇلىقىڭدا ئوبدان تۇت ، كۆپ ئويلا !...
سايىمقارى بوسۇغىدىن ئاتلاپ بولۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ :
— مەن مۇنداق بىر نەزمىنى ئاڭلاپ قالدىم . دەپ بېرەي . سەن مەنىسىنى چۈشىنىپ باقە ؟ — دېدى :

«پادىشاھ ئۇۋغا چىقىپ قاغىنى شۇڭقار دېسە ،
سەن ئۇنى قاغا دېمەي تەڭ ئەگىشىپ شۇڭقار دېگىن .»

نۇرئېلى ئاتىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى .

## 5

ھاياتتىكى ھەممە تۇنجى ئىش ئىنسانلار ئۈچۈن ھەم ھاياجانلىق قىزىقىش ، ھەم غەم بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەندىشە ، ھەم ئۈمىد بىلەن تولغان ئارزۇلار ئىچىدە ۋاقىت ، كۈن بىر - بىرىنى قوغلاپ ئۆتكەندەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ . شۇنداق ، كىندىك قېنىم ، سەنمۇ دەسلەپ تۇپراققا سىڭگەن چېغىڭدا ئاشۇنداق بولغانىدىڭ . تۇپراق ئادەمنىڭ تېنىدىكى سۆڭەكسىز لوق گۆش ئارىسىدىكى كۆك تومۇردەك ئۇنداق سىلىق ، داغدام ، راۋان ئەمەس . تومۇر پەقەت سېنىڭ ئېقىشىڭ ئۈچۈنلا يارالغان ، ئەمما تۇپراق بولسا ھاياتلىقتىكى ھەممە مەۋجۇداتلارنى ئۆز زېمىنىدە كۆتۈرۈش ، كۈتۈش ، بېقىش ، ئويناش ، ئوينىلىش ، مۇشتلىنىش ئۈچۈن يارالغان . بۇ تۇپراق ئاۋۋال سوغۇق ، يىرىك تۇيۇلدى ، شوردىن ئاچچىق تولغانىدىڭ . يىلاندەك تولغىنىپ ھەر تەرەپكە ئېقىپ باقتىڭ ، چاڭ - توزاندىن رەڭگىڭ ئۆچتى . داڭگاللىرىغا سوقۇلدۇڭ ، بەزى يەرلىرىدە بەزدەك ئۇيۇشقا مەجبۇر بولدۇڭ .

ئەتراپىڭغا قاراپ باق ! سەن قاقشاپ تولا يىغلاپ كۆزۈڭنى چاپاقلاشتۇرۇپ يۈرگەن تۇپراقتا باشقىلار قاقشاش ئورنىغا قاقشىماسلىققا قەسەم سۆزلىرىنى جاراڭلاتتى . غەيۋەت ئورنىغا بىر - بىرىنى يۆلىدى . كۆز يېشى ئورنىغا دەريا ئاققۇزدى ، ئۆز جەننەتلىرىنى ئۆزى قۇردى . ئۇمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۇپراق ، بۇمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش تۇپراق . كىمنىدۇر قېنىم ، بۇ تەبىئىتىڭنى ئۆزگەرت ، خۇددى بۇرۇنقى دىنىڭ ، ئېتىقادتىن ۋاز كېچىپ ، يېڭى دىن ، يېڭى ئېتىقاد تاپقىنىڭغا ئوخشاش…

شۇ ، كىمنىدۇر قېنىم ، نۇرئېلىمۇ جەمئىيەت تۇپرىقىغا دەسلەپ قەدەم قويۇپلا ، خۇددى ساڭا ئوخشاش چۆچۈپ تولغاندى ، ئۆرتەندى ، ئازابلاندى . بۇ دەردلىرىنى زادىلا ئىچىگە سىغدۇرالماي قېرى ئۆرۈك دەرىخىنى تولا مۇشتلاپ ، قوللىرىنى قىپقىزىل قانغا بويىدى .

نۇرئېلى ئۆيىدىكى ئىككى چىشلىق بوز تەخەينى سېتىپ ئېلىپ بەرگەن كونا نىمكەش ۋېلسىپىتكە بىر كىشىلىك يوتقان - كۆرپىنى تېڭىپ ، ئۆيىدىن يىگىرمە يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇمتالاس دادۇي مەكتىپى ئالدىغا كەلگىلى يېقىن قالغاندا ، ئورۇن - كۆرپە تاڭغان ئۆچكە چۇۋۇلۇپ ئۈزۈلۈپ بىكىن كەسلىگەن ئارغامچا بوشىشىپ كېتىپ ، بىر نەرسە بىر ياققا يەڭدەپ كېتىپ ، قۇمساز بوجۇق ئۇستىگە يىقىلىپ چۈشتى . توپا ناھايىتى يۇمشاق بولغاچقا ، بىر يېرى ئاغرىمىغان بولسىمۇ ، ئەمما تەرلەپ يۇندى بولۇپ كەتكەن يۈز - كۆزلىرىگە توپا قونۇپ لايغا ئايلاندى . ئۇ ئورنىدىن ئالمان - تالمان تۇرۇپ توپىسىنىمۇ قاقماستىن ، ئاۋۋال كىمنى ، ئۆزىنىمۇ ياكى ۋېلسىپىتىنىمۇ ، ياكى توپىلىق يولنىمۇ ، بىر نەرسىنىمۇ ۋە ياكى تاڭغان ئادەمنىمۇ ، ئىشقىلىپ ئۆزىمۇ بىلمەستىن قارىسىغا تىللاپ غۇدۇراپ قويدى . «ھۇ ئانىسىنى ، ئاغزىغا پىياز ئىپلاس ، نەس باسقان» دەپ ئورۇن - كۆرپىنى ۋېلسىپىتتىن ئاجرىتىۋېتىپ ۋېلسىپىتنى ئېھتىيات بىلەن يۆلەپ ھەممە يېرىگە ئەندىشە بىلەن قاراپ قويدى . چۈنكى بۇ ۋېلسىپىت

كونا بولغان بىلەن ئەرزان توختىغان ۋېلىسىپىت ئەمەس ، ئۆيدە ئائىلىدىكىلەر ئىككى تەرەپ بولۇپ ، ساق ئىككى ھەپتە تالاش - تارتىش بولدى . نۇرئېلى :

— ھازىر ھەممە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كونا بولسۇندۇ ، يېڭى بولسۇندۇ بىردىن ۋېلىسىپىتى بار ، بىرەردىن سۆلەت سائىتى بار ، شۇنى ئېلىپ بەرسەڭ ، — دېدى . ھەمسايىخان ئوغلىنىڭ بۇ گېپىگە دەرھال :

— راست ، دېمىسىمۇ ئەپەندى دېگەن ئاشۇنداق ، ئىككى نان تاپسا بىرىدە داپ چېلىپ يۈرىدىغان سۆسە خەق . بۇنىڭغىمۇ بۇ بىرنېمىلەرنى ئېلىپ بەرمىسەك ، ئۇ كوت - كوتچى خەق ئالدىدا چېنىپ يۈرمىسۇن ، ئېلىپ بېرەيلى ، — دەپ ئاۋاز قوشتى . سىڭلىسى بۈۋىزورامۇ دەرھال قوشۇلدى :

— ئاكام خەق ئالدىدا چېنىپ قالمىسۇن زادى ، — دېدى گەپكە قوشۇق سېلىپ . لېكىن سايىمقارىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ، ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى .

— نەدىكى گەپ بۇ ؟ بۇ غوجامنىڭ جوخۇلىقىنى قىلىمەن دەپ بىر موزايدىن ئايرىلسام ، مەندە نەدە ئارتۇق پۇل بار ئىكەن ؟ پۇل چىقىرىدىغان زاۋۇتۇم يوق . ماۋۇ پۇل تاپقاندا بىر گەپ بولار ياكى قىشلىق دارامەتتە ئالارمىز . ئۇياقتىن مۇئەللىم بولۇپ بولغۇچە ، بۇياقتىن تويلۇقى ئاشقىلى تۇردىمۇ دەيمەن ئەمدى بۇنىڭ ! ئەمدى ئۆيدە ساتىدىغان بىرنېمە يوق . مېنى بازارغا ئاچىقسا بەش پۇڭغا ئالمايدۇ ، — دېدى بۇرنىنى قېقىپ . ھەمسايىخان ئالىيىپ :

— گېپىڭنىڭ سېسىقلىقىنى ئاجاپنىڭ ، تۈز گەپ قىل . ئۆزۈڭنىڭ بالىسى ، مەن تالادىن كۆتۈرۈپ كىرگەن بالا ئەمەس... قانداق قىلىسەن ، خەقنىڭ ئالدىدا بالاڭنى سۇندۇرغۇچە ، خۇدايىم جاجاڭنى يەسەن . قىمار ئوينىمىغان ئەرغۇ چىدىماس كېلىدۇ . ئەمدى ماۋۇ بالىسىنىڭ زىيىنىغا چىدىمايدۇ . بالا چوڭ بولسا دەردىمۇ چوڭ بولىدۇ . ئاۋۇ تەخەينى ساتماي بېشىڭغا قويامتىڭ بېشىنى يېگۇر ؟ — دېدى ئۇچاقتىكى سېرىق قوناقنىڭ چاك - چاك

يېرىلىپ كەتكەن ئوتتۇرىسى ئويمانچاق زاغرىلىرىنى پاتاستا ئوت قالاپ پىشۇرۇۋېتىپ.

سايىمقارى ناس كاپ ئېتىپ يەرگە چىرت بىرنى تۈكۈردى - دە، قىستاپ كەلگەن يۆتەلدىن بىرھازا چىڭقىلىپ، قىزىرىپ، ئېسىلىپ بوغۇلۇپ قالدى. ئاندىن يۆتەلنى ياندۇرۇپ بىرھازادىن كېيىن جىمىدى:

— ياكى قىمارۋاز ئېرىڭدىن ئاجراشماي تۇرماپسەن، مەن چىدىماس بولسام پاخمىباش، تەخەينى دېسەڭ، تەخەينىڭ بېشىدا ھازىر ئوت كۆيىدۇ، — دېدى سايىمقارى.

— قىشچە ئوتۇن ئاچىقىمەن دەپ بېقىۋاتىمەن، خېنيادىن غىلىڭ قىلماي ئون ھارۋا ئوتۇن ئاچىقىدىغان گەپ، كەم دېگەندە بىر يۈز ئەللىك كويلۇق ئوتۇن ساتىمەن. بۇ يىل قىش ئوتۇن قىممەت بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى ئېشەكنىڭ نوختىسىنى ياساۋاتقان شىرئېلى قولىغا تۈكۈرۈپ تۇرۇپ.

— ئوھۇش غوجام، ئۇنداق تەخەينى! كۆزۈمدىن يوقالسۇنا... بەك ئوتۇنچىلىق قىلغۇڭ كېلىپ كەتسە ئىنەكمۇ تازا بەلەن. ئوتۇن ئاچىقىپ باي بولۇپ شەھەر سوقىدىغان ئوخشايسەن.

— ياكى ئادەمنى يېقىن كەلتۈرمىسە ئۇ قوتۇر، — دېدى سۇپىرا يىغىۋاتقان بۇۋىزورامۇ قاپىقىنى سوزۇپ. ئاشۇنداق تالاش - تارتىش بىر ھەپتە داۋاملاشتى، ھەتتا بىر قېتىم جېدەل چىقىپ، ھەمسايىخان يامانلاپ مېڭىۋىدى، نۇرئېلى يالۋۇرۇپ قايتۇرۇپ كەلدى. ئاخىر تەخەينى ساتىدىغان، پۇلىغا كونا، ئۆزى مەزمۇت، پۇلى ئەرزان ۋېلىسىپىتتىن بىرنى ئالىدىغان، ھېلىقى سائەت دېگەن بىرنېمىنى ھازىرچە ئالماي تۇرۇپ ئاشقان پۇلىغا ئوغلاق كېلەمدۇ، سوك پاقلان كېلەمدۇ، ئۆزى ھالال، تۆت پۇتى دەسسەپ تۇرىدىغان بىرنېمىدىن بىرنى ئېلىپ، تەخەينىڭ ئىزىنى ئۆچۈرمەيدىغان بولۇشتى. «ئاشۇنداق قىلساق ئۆي چەتنىمەي، مال قۇت تاپىدۇ» دېيىشتى. تەخەيگە چىدىماي كۆزلىرى قىسىلىپ كەتكەن سايىمقارى ئاغزىدىكى ناسۋال يۇقى قاپقارا تۈكۈرۈكنى

تۇكۇرۇۋەتتى...

يەكشەنبە كۈنى تەخەينى ئېغىلدىن يېتىلەپ ئاچىقىپ، بازارلىقىنى تاپسۇن دەپ، بۇۋىزورا چوڭ يولدا يەتتە قەدەمدە بىر تالدىن تېرىپ كىرگەن چاۋارنى ئىسرىق سالىدىغان چاغدا، تەخەي شوخلۇق بىلەن ھاڭراپ، نوچىلىق بىلەن ھاللىزى ئېتىۋىدى، شىرئېلى تەخەيگە چىدىماي يىغلىۋەتتى. «ئەجەب بەلەن ئېشەك بولغانىدى، كىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتەرسەن؟ ئىست، ئىست!» دەۋەتتى. شۇ چاغدا سايىمئاخۇننىڭ كاللىسىغا بىر ئوي يالت قىلىپ كەچتى. سايىمئاخۇن خۇشلۇقتا ساغرىسىغا بىرنى شاپىلاقلىدى. تۇيۇقسىز ئاۋازدىن ئۈركۈگەن تەخەي چاترىقىدا ئىسرىق دومىلاپ يۈرگەن ھەمسايىخاننى چەيلىۋەتكىلى تاس - تاماس قالدى.

— ۋايجان، ۋاي خۇدايىمەي، ساراڭ بولدىمۇ ئۆلگۈر؟ قىل قالدىيا ئادەمنى ئېشەككە دەسسىتىۋەتكىلى! — دېدى ھەمسايىخان چېچىلىپ كەتكەن ئىسرىقنى تېرىشتۇرگەچ.

— قوي خوتۇن، ئىسرىق - پىسرىقلىرىڭنى! بىر بەلەن چارە تاپتىم، بولدى قوي. خوششەر تەخەيمۇ قولدىن چىقمايدىغان بولدى. بولدى، ئىسرىقىڭنى ئۆزۈڭگە سال. بازىرىڭ چىقىپ قالسا، مەندىن قۇتۇلارسەن. نۇرئېلى مۇشۇ تەخەينى مىنسۇن. ئۇنداق ئەسكى تۆمۈرنى پۇلغا ئېلىپ يەنە تەپسە ماڭمىسا، بۇ توپىلىق يولدا ئۇ شەيتاننىڭ ئېشىكىنى ماڭدۇرماق ئاسانمۇ؟ قوش سۆرىگەندەك كۈچ كېتىدىغان گەپ. بۇ تەخەي دېگەن قوڭنى قويدۇڭمۇ بولدى، قۇيۇندەك چاپىدۇ، قۇيۇننىڭ ئۆزى بولدى. بولدى، ئۇ ئەسكى تۆمۈرنى پۇلغا ئالغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ مەكتەپ دېگەندە دەم ئېلىشتا بالىلىرنى ئازاد قىلىۋېتىپ، چوقامدەك ھەلەپ بېرىپ بىر سوغىرىپ قويسا، كەچتە يەنە قۇيۇندەك چېپىپ يېنىپ كەلسە بولىدۇ. ئۇ ئەسكى تۆمۈر بۇزۇلۇپ قالسا يەنە بىر ئېشەكنىڭ پۇلىغا ئوڭلىنارمىش. بولدى، بولدى، ۋاي - ۋاي، تازا بەلەن. مۇشۇنداق قىلساق تازا بەلەن بولىدۇ. موللامنىڭ ئەقلى چۈشتىن

كېيىن كېلىدۇ، دېگەن مۇشۇ - دە! سېتىپ بولغاندا كەلمەپتۇ ياخشى كاساپەت ئەقىل! — سايىمقارى خۇشاللىقىدا ھويلىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ئالچاڭلاپ كىردىن سارغىيىپ پارقىراپ كەتكەن ئاق شاپاق دوپپىسىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، ھىجىيىپ كۈلۈپ، ۋاقلاپ سۆزلەپ كەتتى. نۇرئېلى ئاتىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ھار ئېلىپ، پەقەت چىداپ تۇرالمىدى.

— ئاتا، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ مەن مەسچىتكە ياكى نەزىر - چىراغقا بارمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ياكى قېرى بولمىسام، ئېشەك مىنىپ مۇئەللىملىك قىلسام، خەق كەينىچە كۈلمەمدۇ؟ راسا گەپ قىلىدىغان بولۇۋالدىڭ مۇشۇ كەمدە گېپىم بار دەپ؟ ھەر قىسما گەپ قىلمىغىنا ئۇنداق! يېشىڭ ئاتمىشتىن ئاشتى، ئادەم بولغان يېرىڭ مۇشۇ! ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايسەن، ھازىر قەيەردە ئېشەك مىنىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ئىش بار ئىكەن؟ — سۆزلىگەنسېرى، نۇرئېلىنىڭ ئوغىسى قايناپ كەتتى. شىرئېلى بىلەن بۇۋىزورا ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ ئاتىسىنى زاڭلىق قىلىپ، ئاتىسىغا قاراپ خىرىلداپ كۈلۈشۈپ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— بولمامدىغان، تېخى ئاشۇ ئۆتكەن كۈنلەردە مۇئەللىم، ئەپەندى دېگەنلەرنىڭ بايراقلىرى ئاتلىق، كەمبەغەللىرى ئېشەك مىنىپ ئەپەندىچىلىك قىلىدىغان! مۇنۇ نېمە بوپتۇ، بۇنىڭدا تېپىد-دىغان ئىش يوق، بەلەن ئەمەسمۇ؟ — سايىمقارى بىر ئاز تىنىن-ۋالدى، ئاندىن بىردىنلا تەرىنى تۇردى، — ئەبگار شۇملار! سېسىق قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك، نېمە كۈلۈشۈۋېرىسەن؟ ئۆتمەس پۇل تېپىشىۋالدىڭمۇيا؟ كۈلۈشمە، ئاناڭنىڭ ھەققى بولسىمۇ!...

شىرئېلى بىلەن بۇۋىزورا دەرھال ئاتىسىغا كەينىنى قىلىۋېلىپ، دولىلىرىنى لىكىلدىتىپ، ئۇنىنى چىقارماي كۈلگىلى تۇردى.

— بۇرۇن دېگەن بۇرۇن، ھوي قېرى، ئۇ دېگەن ئاۋۇ بىزنىڭ ۋاقتىمىزدىكى ئەپەندىگە پەيشەنبىلىك بېرىدىغان چاغ. ھازىر، سەن ھازىرنىڭ گېپىنى قىل! قايسى ئەپەندى ھازىر ئېشەك مىنىدىكەن؟

ھەممىسى شەيتان قىستۇرۇۋالغىنىنى كۆرمىدىڭما؟ ۋاي بىئاغا قىلماي، سەن ئۆلەر ھالدا بولمىغاندىكىن، ئېلىپ بېرەيلى. ئادەم ئۆي، ۋەج دېگىنىنى بالىنى دەپ قىلىدىغان گەپ!... سات دېگەندىكىن ساتە. شەيتان ھارۋا مىنسۇن، — دېدى ھەمسايىخان.

سايىمقارى مىدىق ـ بىدىق قىلىپ دەمال باشقا گەپ تاپالماي قالدى. ئاخىر ئۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ تازا ۋارقىرىدى:

— ھازىرقى ئەپەندى دېگەنلەر زادى سۆلەتۋاز سۆسەلەر. قانداق قىلساڭ قىلىشە! تەخەيىنى ساتساڭ، مۇرادىڭ ھاسىل بولىدىغان بولسا، سېتىپ مەيلى پۇلىغا شەيتان ئېشەك ئالامسەن، ھە يەنە بىلمىگەنگە تاقايدىغان نېمە... ھە، سائەت ئالامسەن، سۇزگۇچ ـ تارغاق، سۇرمە، ئەينەك ئالامسەن، قانداق قىلساڭ، قىلىشە!... بۇمۇ تازا بىر ھېلىتىدىن دۇنيادا مىنىڭ خۇشۇم يوق سۆسە چىقىدىغان بولدى. قاراپ تۇر تېخى، بۇ ئەلپازىدا ئوغلۇڭ يانچۇقىغا يېلىم چۆچەك، تارغاق ـ سۇزگۇچ، ئەينەك، ئوسما سېلىپ يۈرىدىغان تازا بىر سۆسە ماز بولىدۇ. بەلباغ بىلەن پىچاقنىمۇ تاشلىغىلى خېلى بولدى، نەسىھەت قىلىپ ئاڭلىتالمىدىم.

— ھە، زۇۋانلىرىنى باسسىلا، ئەپەندىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولغاندىكىن، شۇ...

شۇنداق قىلىپ، تەخەيىنى سېتىشتى. سايىمقارى مىڭ غۇدۇراپ، تەخەيگە چىدىماي، ھەدەپ ئۇنى مەدھىيىلەپ ئاغزى كۆپۈكلىشىپ كەتتى. ۋېلىسىپىتنى ئالغاندا بولسا، قاپاقلىرى تېخىمۇ ساڭگىلاپ خۇيلىنىپ، تەنە قىلىپ غۇدۇراپلا تۇردى. «ئىست، دۆلدۆلنى بىر ئەسكى تۆمۈرگە تېگىشتى ئەقلىسىز... زامان ئاخىر ـ دە، توۋا خۇدا... ئاشۇ تۆمۈرنى ھە... بوزۇلسا تۆت باغ ئورۇس گۇگۇتى كېلىدۇ ناھايىتى، ئېشەك ئۆلسە دەرەخنىڭ تۇۋىگە كۆمسە ھەمساتتا يەنە بىر ئېشەكنىڭ پۇلى كەلگۈدەك يوغىنايدۇ» سايىمقارى غۇدۇرايدۇيۇ، ئوغلىنىڭ خۇشاللىقىغا يەنە قاراپ تۇرالمايدۇ. نۇرئېلى ۋېلىسىپىتنى مىنىپ بازاردا بىر توپ

ئادەملەر ئارىسىدا قىنىغا پاتماي ۋىلىسىپىتىنى يۇگۇرتكىلى تۇردى . ھەۋەسلىنىپ قاراۋاتقان نۇرغۇن خەق ئارىسىدا قىسىلغان كۆزىنى يەنە ئېچىپ ، يەنە يۇمۇپ ، قاراپ كۇلگۇسى كېلىپ ، يېرىم جاۋغىيىدا كۇلۇپ سالدى .

— ئىتنىڭ بالىسى... دېگەنىبىلەن خېلى پەمى بار . بولمىسا مۇنداق ماڭسا ، بىزنىڭ گۇڭشېنىڭ كادىرلىرىغا ئوخشىشىدۇ... شۇغىنىسى ، كۆتىنى تولا سۇۋاپ يېغىر بولىدىغان بولدى . بەتبەخت ، پەسرەك قىلغىلى بولمامدىكىنە ئانىسىنىڭ چەللىسىنى ، — دەپ خىرىلداپ كۇلۇپ قويدى . نۇرئېلى تەرلەپ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ خۇشال قايتىپ كەلگەندە ، ئۇ دەرھال قاپىقىنى تۈرۈۋېلىپ دېدى :

— پالتا - كەكەڭنى قاقتۇردۇڭمۇ ئەمدى دۆيۈز ؟ غىڭىلداپ يۈرۈپ ئاخىر دېگەن قىنىقىڭغا كەلتۈرۈڭ . دېگەنىبىلەن يامان توڭگۇز - دە ، سەن !...

— ئاتا كېلە ، سىنى مىندۇرۇپ بىر ئايلاندۇرۇپ كېلەي . شۇ چاغدا رازى بولۇپ قالمىغىنىڭنى كۆرەي ، — دېدى خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۇدەك بولغان نۇرئېلى .

— ئىمانىم بىلەن كەتكىلى قوي بەتبەخت ! شەيتان ئېشەككە مىنىپ قىيامەتتە سورىقىغا قالمىسامىمۇ ، ئۆزۈمنىڭ گۇناھى يېتىپ ئاشىدۇ . جازاسىنى خۇدايىم ئۆزۈڭگە بېرەر . ئۆزۈڭلا كۆتۈڭگە قىس بۇ شەيتاننى ! مىنىش توگۇل چاپىنىمنىڭ پېشى تېگىپ كەتسىمۇ مەكروھ...

— جەننەتكە مەن كىرىپ ، سەن دوزاختا كىرەمسەن تېخى ئاتا...

— ئاغزىڭنى يۇم ، توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۇشكەن ئەبلەخ ! كۆپۈر سۆزلىمە ، سەنلەردەك چاچ قويۇپ ، قىزىل تامبال كىيىپ ، مۇشۇنداق شەيتان ئېشەك مىنىپ بىناماز يۈرگەن دۆيۈز جەننەتكە كىرسە... مەن ، مەن قىيامەتتە دەۋالىشىمەن . خۇدايا توۋا ، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن ئىگەم . ئىمانى خۇنۇكلەر بىلەن

پەيلى شەيتان سۆزلەشكەيمەن ، — سايىمقارى ئۆزىنىڭ بوغۇلۇپ ۋارقىرىشىدىن بازاردىكى بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇيىلىپ ئاغزىنى يۇمدى . بازاردىن چىققۇچە ئاتا ـ بالا ئىككىسى لام دەپ ئېغىز ئېچىشمىدى . كوچىنىڭ تۇغىنىغا كەلگەندە ، ئاتا ـ بالا ئىككىسى ئايرىلىدىغان بولۇشتى . ئاتىسى دەڭگە كالا ھارۋىسىنى ئالغىلى ماڭىدىغان بولدى . نۇرئېلى ۋېلىسىپىتتە ئالدىدا مېڭىۋېرىدىغان بولدى . ئاتىسى قول شىلتىپ قويۇپ مېڭىۋېتىپ ، نۇرئېلى ۋېلىسىپىتقا كاسىسىنى قويۇشىغا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ :

— ھە… ئەي… چەم قۇلاق ، ماۋۇ بىرنېمەڭنى ئايىماي يىقىتىپ بىر يېرىنى سۇندۇرساڭزە ، مەن سېنىڭ بىر يېرىڭنى سۇندۇرۇپ تايىنلىق ئىككىلەڭنى گۇگۇتقا تېگىشىمەن . ئاياپ مىن ، كەپسىز شەيتان… — دەپ ۋارقىرىدى . نۇرئېلى ئاتىسىغا قولىنى شىلتىپ بىر قاس چىقىرىپ قويۇپ ، توپىلىق يولدا ، كۆچەپ تېپىپ غۇيۇلداپ يۇرۇپ كەتتى .

— ئەبگار شەيتان ، خۇدا ساقلا… — دېدى سايىمقارى . نۇرئېلى ئاتىسىغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن ، ئۆز ـ ئۆزىگە ۋېلىسىپىتنى ھەرگىز يىقىتماسلىققا قەسەم بەرگەندى . لېكىن ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىنلا يىقىتىۋەتتى . شۇڭا ئەندىشە بىلەن ۋېلىسىپىتنىڭ بىر يېرى بۇزۇلدىمىكىن دەپ قارىدى . ئاتىسى بېشىدا قاراپ تۇرغاندەك قورقۇپ ھودۇقتى . نېمىشقا يىقىلغانلىقىنى ئويلاپ ، ئويلاپ : «ئاخشام ئالغان چالا تەرەتنىڭ كاساپىتى ، نەس باستى… سەن جىن» دەپ قويدى . ئاخشام كەچ ئۇ ئوتىغۇچ بىلەن چار ئارغامچىنى ئېلىپ مەھەللىنىڭ كەينىدىكى كېۋەزلىككە ئوتقا چىققانىدى . ئۇ يەردە ئۇنى ئېقىن مەھەللىسىدىكى ئاۋۇت چاپاقنىڭ قىزى قەمبەرنىسا كۇتۇپ تۇرماقچىدى . بۇ ئىككىسى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مال بېقىپ ، ئوت ئېلىش جەريانىدا بىر ـ بىرى بىلەن «ئىجىل» بولۇشقانىدى . نۇرئېلى يىراقتىنلا كېۋەزلىكنىڭ ئوتتۇرا ئېرىقى بويىدىكى قويۇق ئۆسكەن سېسىق

ئەمەن ئارىسىدىن قىزىل ياغلىقنى كۆرۈپ ، كۆڭلى يايراپ كەتتى . ئۇ يېقىنلاپ كېلىشىگە ، قارىقۇمچاق ، ئۇزۇن چاچ قەمبەرنىسا دومسىيىپ ئورنىدىن تۇردى . ئۇ ئوت ئالغاندا كىيىدىغان قارا چىمبەرقۇت پىلاتى ، يېشىل دۇكچاكلى كۆڭلىكىنى كىيىۋالغان بولۇپ ، سەل كالتە ئۆڭۈپ كەتكەن ئاق چېچەك گۈللۈك قىزىل شەنبىزە تامبىلىدىن تومىلاق پاقالچىقى كۆرۈنۈپ قالغانىدى . پۇتىغا نەچچە يېرىدىن ئوتۇغۇچنى قىزىتىپ يەملىگەن سېرىق سۇلياۋ تانكىست كىيىۋالغانىدى . نۇرئېلى دومسىيىپ ئولتۇرغان قەمبەرنىسانىڭ قولىنى تۇتۇۋىدى ، ئۇ سىلكىشلىۋەتتى . نۇرئېلى تىلىنى چىقىرىپ قويدى .

— ۋاي ، ئاچچىقىڭ قالتىسيا ؟

— ھىم ، يوغان ئەپەندىگە ئاچچىقلىغىلى بولامدىغان ؟ تېخى بىسمىللا دېمەي تۇرۇپ پوچىلاشقىلى تۇردى…

— ئۆيدە ئۇششاق گەپ جىق بولۇپ كېتىپ ، شۇڭا كېچىكىپ قالدىم . بولمىسا سېنى سېغىنىپ ئۆلەيلا دېدىم .

— ھىم ، كۆرىمىز تېخى . ئەتە - ئۆگۈن داخۇڭگەيلىشىپ ئۇزۇن پايپاق خانىمچاقلارنى كۆرۈپ ، مېنى ياراتمايسىز… بىز دېگەن بېشىمىزغا جىگدە يېلىمى چېپىش بىلەن ئوسما قويۇشنىلا بىلىمىز . خانىملاردەك يەتمىش ياڭزا سۇر تارتىپ ، پايپاق كىيىپ ھال تارتالمايمىز . بىز ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمانلارغا خۇدايىم ئىمانىنى ، نامازسىزلارغا چىرايىنى بېرىپتىكەن…

قەمبەرنىسا شۇنداق دەپ مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى . نۇرئېلى نېمە دېيىشنى بىلمەي ، بىردەم گەدىنىنى تاتىلاپ تۇرغاندىن كېيىن :

— ماڭا ئىشەنمەيدىكەنسەن - ھە ؟ قانداق قىلسام ئىشىنىسەن ؟ ئۆيدىمۇ مېنى ئۆيلەشنىڭ گېپى بولۇۋاتىدۇ ، — دېدى .

قەمبەرنىسا دەررۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ نۇرئېلىغا قارىدى .

— نېمىدەپ ؟

— شۇ ، ھەممىسى ئەمدى بېشىڭنى ئوڭلاپ قويىمىز ، خوتۇن ئېلىپ بېرىمىز ، دەيدۇ .

— خانىمدىنما ؟

— ياق ، مەھەللىدىكى ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ قىزلىرىنى ساناۋاتىدۇ . ئۇنىڭ ئارىسىدا سەنمۇ بار .

— سىز نېمە دېدىڭىز ؟

— مەنما ، مەن ساڭا بۇرۇنلا دېدىمغۇ ، قەيەرگە بولسا ئوقۇشقا بېرىپ ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىگە ئۆتۈپ ، كادىر بولمىغۇچە ئۆيلەنمەيمەن دەپ . ئۆيدىكىلەرنىڭ گېپى بىكار . ھازىر ياللانما ئوقۇتقۇچى بولغان بىلەن ۋاقتى كەلسە ئىشىڭىز يەتتى بالام دەپ يولغا سېلىپ قويسا ، ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ . مۇشۇ مۇئەللىمچىلىكتە رەسمىيلىشمەن ياكى ئوقۇشقا بارىمەن . كادىر بولمىغۇچە ، زادى ئۆيلەنمەيمەن .

— دېمەك ، ئۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزنى پۇۋلەپ يۈرىدىغان سۆسە ، ھۆكۈمەت كادىرى مەن دەپ ، ئېتىزلىقتا يۈرىدىغان قارا كۆمەچ دېھقان قىزىنى ئۇ چاغدا ياراتماسسىز ؟

— يەنە دېسە يەنە دەيسەن ، بوش دېسە بەك دەيسەن . قانداق قىلسام سەن ماڭا ئىشىنىسەن ؟ مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلىدىغان ، شۇمەك سالغان ئوغۇل بالا ! ئاغزىمدىن چىققان ھورغا ئىگە بولىمەن .

— قەسەم قىلالامسىز ؟

نۇرئېلى قەمبەرنىساغا قاراپ تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ پىلىموتتەك سايراۋاتقان ئاغزى ھىملەندى . قەمبەرنىسا قاپقارا كۆزىنى چىمىلداتماستىن ، نۇرئېلىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلدى ، نۇرئېلى كۈلدى .

— مەن قەسەم قىلسام ، مېنىڭ ئۆيلىنىدىغان ۋاقتىمغىچە ئاتا ـ ئاناڭ سەندىن نەۋرە كۆرەرمىكىن ! سېنى قويمايدۇ ، ئەرگە بېرىشىدۇ . سەندەك چىرايلىق قىزنى خەق بوش قويۇۋەتمەيدۇ .

— قەسەم قىلىپ ، بىزنىڭ ئۆيگە ئاتا ـ ئانىڭىز بىر قېتىملا

يەپ چاغلىق بىرنېمە تاشلاپ قويسا، بېشىم ئاقارغۇچىمۇ ساقلايمەن!

— ئۇنداق بولسا قەسەم قىلاي ئەمىسە.

— تەرەت ئېلىڭ.

— هازىرما؟

— هەئە.

— قۇرئانچۇ؟

— مەن ئەكەلدىم.

نۇرئېلى قەمبەرنىساغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. كېۋەزلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئويمانغا يىغىلىپ قالغان سۇزۇك سۇدا تەرەت ئالدى. يۈرىكى جىغىلداپ، ئىچىگە ۋەھىمە سالىدىغان گەپلەرنى قىلىپ قەسەم قىلدى.

— قۇرئاننى يىراقراق يەرگە ئاپىرىپ قوي.

نۇرئېلىنىڭ چىرايى ئاجايىپ سۇرلۇك تۇس ئالغانىدى. قەمبەرنىسا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى. ئۇ قۇرئاننى تاۋارغا ئوراپ بەش قەدەم مېڭىپ ئارقىسىغا قايرىلدى. هاياجاندىن ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرىدە بولسا زور ئىشەنچ، رازىمەنلىك چىقىپ تۇراتتى.

— مەيلى، شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. ئىچىمدىكى هەممە غەم ـ ئەندىشە، ئۇستۇمدىكى تام يىقىلىپ چۈشكەندەك بولدى...

ئۇلار كېۋەزلىكتە كەچ قالدى. غەرب تەرەپتە تېرەك ئۇچىغىلا قونغاندەك چولپان چىققاندا، هەر ئىككىسى تەرەت ئېلىپ بىكار بولدى. قەمبەرنىسا كۆڭلىكىنى يۇماقچى بولدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆزى ـ ئاغزى كۈلۈمسىرەيتتى.

— كەچ بولغاندىكىن، كۆڭلىكىڭىزنىڭ ئۇ يېرىنى كىم كۆرەتتى؟ غىپپىدىلا كىرىپ باشقىنى كىيىۋال شۇ. هازىر ئۇتنى كۆتۈرۈپ ماڭالىساڭلا بولاتتى. بولمىسا مەن مەهەللىگىچە ئاپىرىپ بېرەي.

— ياق ، ئۆزۈم ئەكېتىمەن .
— مەيلى ، ئەمىسە .

ئىككىسىنىڭ ئالغان ئوتى كىچىك بالىنىڭ كۆتۈرۈمىدە ئاران بىر كۆتۈرۈم بولغانىدى . ئىككىنى بىر قىلىپ قەمبەرنىسانىڭ ئارغامچىسىغا بېسىپ كۆتۈرۈپ كەتتى . نۇرئېلى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى . ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىچە پەسكويغا چۈشمەي ئۇنى هاسىرىتاتتى . قەمبەرنىسا يەرنىڭ قوۋۇرغىسى سۇنۇپ كېتىدىغاندەك ئاياپ دەسسەپ مېڭىپ كەتتى .

شۇ تاپتا ئۇ ھەم ئازاب ھېس قىلدى ، ھەم قورقتى . ئەمما كۆڭلى توق ، خۇشال بولغاچقا ، بۇنى ئۇ ئانچە ئېتىبارغا ئالمىدى . ئۇ بەك يېنىكلەپ كەتكەنىدى .

— ئالغان ئوتۇڭ قېنى ؟

— كېۋەزلىككە كىرە ـ كىرمەي ، نۇرەك قارىغۇ ئارغامچا ، ئوتىغۇچنى تارتىۋېلىپ ئەتىگەندىن جېدەل ئويناپ ئاران كەلدىم ، — دېدى هارغىن هالدا نۇرئېلى .

— ئۆزۈڭمىغۇ ئاقسا بىرنېمە ، كارغا كەلمەس ئاق نانچى ، نېمىدەپ تارتىۋالىدىكەن ئۇ تۇزكور ؟

— كېۋەزنىڭ غوزىسىنى چۇشۇردۇڭ دەپ .

سايىمقارى يوغان بىرنى ئالىيىپ قويۇپ :

— ماڭە ، هەلەپ چىلا ، بەزدەك قاراپ تۇرماي ! — دېدى .

— بەش ـ ئالتە كۈن بولدى ئەمەسمۇ ، ئۇ غالچىنىڭ ئاغزى بىر قاچا يۇندىغا تەگمىگىلى ! غالچا دېگەن غالچىلىقىنى قىلمىسا بولامدۇ ، — دېدى ئوچاققا زاغرا يېقىۋاتقان هەمسايىخان .

## 6

نۇرئېلى يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى قايتىدىن تېڭىپ ، مەكتەپ ئىچىگە كىرىدىغان توغرا يولغا بۇرۇلۇپ ئۇستىنى توپا بىلەن كۆمگەن شاخ ـ شۇمبا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە سىنىپلارنىڭ كەيند-

ـدىكى تار يول (مەكتەپ سىنىپلىرىنىڭ كەينى يولغا قارىتىپ
سېلىنغان )دىن ئاۋۋال بىر سوپەك تراكتور ۋاتىلداپ ، قويۇق قارا
ئىس چىقىرىپ چىقتى . سوپەك ھەيدىگەن ئادەم ئوتتۇزلارنىڭ
قارىسىنى ئالغان ، قارا يۈزىنى قوڭۇر ساقال باسقان ، يۈز - كۆز ،
شەپكە ، بويۇن - قۇلاق ھەممە كىيىملىرى مايلىشىپ قاپقارا قاسماق
باسقان بولۇپ ، خۇددى ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك گىدىيىپ
ئولتۇرۇپ ، ئاچىماق رولىلۇق سوپەكنىڭ رولىغا پۇتىنى
قويۇۋالغانىدى . سوپەك ئۈستىدە ئىككى ئۇيغۇر ، بىر خەنزۇ ساقچى
قاپاقلىرىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ئولتۇرغانىدى . خەنزۇ ساقچى ئاۋۇ
ئىككىسىنىڭ باشلىقى بولسا كېرەك . قولتۇقىغا ئالاھىدە ئىشلەنگەن
جىگەر رەڭ سومكا قىستۇرۇۋالغان ، ئىككى ئۇيغۇر ساقچىنىڭ
ئارىسىدا كونىراپ ، كىر بېسىپ كەتكەن ئەبجەق زىغىر رەڭ شەپكە
كىيگەن ، دەلدەڭ قۇلاق ، تەڭدىن تولا چېچى ئاقىرىپ كەتكەن ،
قىزىل يۈزلۈك ، ساقىلى پاكىز قىرىلغان ، قىزىل كەلگەن يۈزىنى
ساناقسىز مىنگەش قورۇق باسقان قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى بىر
ئادەم ئولتۇرغانىدى . ئۇنىڭ چىرايىدىن مىڭ پاتمان غەم يېغىپ ،
سالپىيىپ تاتىرىپ كەتكەنىدى . قولىغا سېلىنغان كويزىنىڭ ئاق
زەنجىرى ئىلەڭگۈچتەك پۇلاڭلاپ تۇراتتى .

سوپەكنىڭ كەينىدىن بىر توپ ئوقۇغۇچى ئەگىشىپ چىقتى .
ئۇنىڭ ئارىسىدا بويى بىر - بىرىدىن سەل - پەلدىن ئېگىز بولغان
ئۈچ قىز ، تۆت ئوغۇل «ئاتا - ئاتا !» دەپ قىرقىراپ يىغلىغانچە
ئەگىشىپ چىقتى . يەنە ئوتتۇرا ياشلىق ، ئۇدۇل چېشى ئالتۇندا
قاپلانغان ، پېشانە ، قاڭشىرىدا قاپقارا داغ توختاپ قالغان پاكار بىر
ئايالمۇ قۇچىقىدا بالا كۆتۈرگەن ھالدا پالاقلاپ يۈگۈرۈپ چىقتى .
ئۇنىڭ قىزىل ئايىغى يىرتىلىپ كەتكەن ، ئىچ كۆڭلىكى ئۈستىگە
كىيىۋالغان كونا ئوچاق چالمىسى پىلاتىسى جۇۋازچىنىڭ ياقىسىدەك
كىرلىشىپ كەتكەنىدى . قۇچىقىدىكى بالا تېلىقىپ يىغلايتتى . ئۇ
يالاڭ تەرەت كەشىنىڭ سوڭىغا دەسسەپ تازا يۈگۈرەلمەي ، ئاخىر
كەشى چۈشۈپ قېلىپ يالاڭ ئاياغ يۈگۈردى . ئۇ بوغۇلۇپ -

بوغۇلۇپ ۋارقىراپ يىغلايتتى :
— ۋاي ئۆلـىـدىـغـان ، بېشىڭنى يەيدىغان… ۋاي ، ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىڭلار… خۇدايىم ماۋۇ چۆچۈرىدەك توققۇز بالىغا كىم ئاتا بولىدۇ ؟… ۋاي ، مەن قانداق قىلاي ، خۇدايىم !…
سـوپەك بــارغــانـچە تېزلەپ يىراقلىشىپ كەتتـى . ئـايـال قــاقشــاپ - قاقشاپ بالىلىرى بىلەن بىر يەرگە پومزەك بولۇپ يىغلىشىپ قالدى . ئوقۇغۇچىلار ئۇلارنى چۆرىدىشىپ قارىشىپ تـۇرۇشـتى . نۇرئېلى بۇ كۆڭۈلسىزلىكتىن غەش بولغان ھالدا ، مـەكـتــەپ ئـىچىگە ماڭدى . مەكتەپ تاملىرى كونىراپ كەتكەن بولۇپ ، سۇۋاقلىرى چۇشۇپ ھەرە ، قۇشقاچلار كامار قىلىپ ئۇۋا سالغانىدى . مەكتەپنىڭ شىمال تەرىپى كەڭرى بىر قومۇش باسقان سازلىق ئىدى . ئارقا تەرىپى يىراققا كەتكەن ئېگىز قۇم دۆڭلىرى بولۇپ ، بۇ دۆڭلەر سۇرلۇك چوقچىيىپ تۇراتتى . بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ نۇرئېلىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۇھ تارتىۋەتتى . مەكتەپ ئـورنـى ئـاســاســەن قـۇم ئـۇسـتى ، ئېگىز يەردە بولغاچقا ، سۇ چــىـقــمىغانلىقتىن بولسا كېرەك ، يازنىڭ يارىشىقىدا بىرەر تۇپ دەرەخــمــۇ يوق ئىدى . مەكتەپ مەيدانىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە غۇژمەك - غۇژمەك خوخا ، كۆك يانتاق ، قومۇش سالپىيىپ تۇرات-تى . چۆلدەرەپ تۇرغان بۇ قاقاس مەنزىرە نۇرئېلىنى تەكلىماكان ئىچىدە قالغان قەدىمىي مازار خارابىسىگە كېلىپ قالغاندەك بىئارام قىلىپ پۇشايمان قىلدۇردى . ھەيران قالما كىنىدىك قېنىم ، بۇ تېخى بالا . ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىسسىق ئۇماچ يارمىسىنى ، پاتاس ئوتىدا يۈزى كۆيۈپ قېتى پىشمىغان زاغرىنى تويغۇچە يەپ ، ئۆيدىن مــەكتەپكە بېرىپ ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ ماكاندا بۇنداق يەرلەرنىڭ بـارلـىـقـىـنـى ، ئـادەمـلـەرنـىـڭ مـۇشـۇنـداق يـەردە ئـۆزىدەك يـاشـاۋاتـقـانلىقىنى ، ئەمدى ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ مۇشۇنداق كۆڭلى خالىمىغان يەردە ئىشلەيدىغانلىقىنى كۆرگەندە ، جــەمئىيەتكە يېڭى كۆچ بولۇپ قوشۇلغان بۇ بالا ئۇچۇن ، يېڭى يېتىلگەن ئۆكۈز ھارۋىغا كۆنمىگەنگە ئوخشاش بىر ئىش بولىدۇ -

ده ! كىندىك قېنىم ، سەنمۇ بىلسەڭ ، بىزنىڭ جەنۇبتا يېزىلىرى-
مىزدىكى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ، ئورۇقلۇقتىن تولەپ
كېتەلمىگەن قېرى توخۇنىڭ تۈكىدەك ، مۇشۇنداق كۆرۈمسىز ،
ئۆزۈڭنى بېسىۋال كىندىك قېنىم ، سەن بىلەن مەنلا سۆزلەپ ، بۇنى
ئۆزگەرتىپ كېتەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ، كۆنۈپ قالىمىز .
سەنمۇ ، مەنمۇ ئاستا ـ ئاستا كۆنىمىز . بۇ بالىمۇ كۆنۈپ قالىدۇ .
ياش ئۆكۈزنى بىز يېڭى ھارۋىغا قاتقاندا ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن زۇلۇم
سالغۇچى بۇ ئارتۇق يۈكنى بار كۈچى بىلەن سۆرەپ ، ئېگىز ـ پەس
ياردائىلارغا گۈلدۈرلىتىپ ئاپىرىپ چېقىپ پاچاقلاپ ، ئۆلە ـ
تىرىلىشىگە قارىماي بۇنىڭدىن قۇتۇلماقچىمۇ بولىدۇ ، ئەمما بىز
ئۇنىڭ يامان پەيلىنى ئاشۇ قان تولۇپ چەكچىيىپ تۇرغان كۆزىدىن ،
پۇشۇلداپ كېڭىيىپ كەتكەن بۇرنىدىن ، ھاللىرى ئېتىپ تۇرغان
ھەرىكىتىدىن بىلىمىز ـ دە ، مۇڭگۈزى ، تۇمشۇقى ، ئالدى پۇتىدىن
سەككىز ئارغامچىدا باغلايمىز ، ئاندىن ھارۋىغا ئۇ ئاران سۆرەپ
ماڭغۇدەك ئالتە تاغار قۇمنى باسىمىز . سەككىزىمىز سەككىز
ئارغامچىنىڭ ئۇچىدىن چىڭ تۇتۇپ ماڭىمىز . مانا شۇ چاغدا ، بۇ
ياش ئۆكۈز ماڭماي چىچاڭلاپ تۇرۇۋالىدۇ . قامچا بىلەن ئۇرۇپ
مېڭىشقا ئۈندەيمىز ، ئىزىدا تۇرۇپ بىر سەكرەپ دۆيلۈپ ھارۋىنى
بىراقلا قوزغايدۇ . شۇئان دۇم چۈشۈپ تۇمشۇقى يېغىر بولىدۇ···
مانا شۇنداق قىلىپ ، ئاخىر ئۇ قامچا بىلەن كومشىرىنى قىسىپ
تۇرغان نوختىدا ھارۋىنى سۆرەپ ، بىز ئاستا دېسەك ئاستا ، تېز
دەپ قامچا بىلەن سالساق تېز ماڭىدىغان بولىدۇ . بۇ قۇملۇق ، بۇ
بىپايان چۆل — شۇنچە كەڭ تۇرغان بىلەن ئۇ بۇ ھارۋىنى
سۆرىمىسە ، پۇتى پاتقۇدەك زېمىنغا ئىگە بولالمايدۇ . كىندىك
قېنىم ، بەلكى سەنمۇ ئاڭلىغان بولغىيدىڭ ، بىز ئادەملەر
ئانىمىزنىڭ قورسىقىدىن يەرگە چۈشكەندە ، «كەڭرى دۇنيادىن تار
قەپەسكە چۈشۈپ كەتتىم» دەپ يىغلايمىشمىز . بۇنى بىلسە نۇرغۇن
ئادەملىرىمىز كۈلۈپ كېتىدۇ . ھەتتا مەن تۇغۇلغاندا ئاشۇنداق دەپ
يىغلىغان تۇرۇقلۇق ، كېيىن كۈلگەنىدىم··· ئەمما ئاشۇ دەسلەپكى

ئەقىلنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ، بىز ئۇچۇن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى مەن ئەمدىلا بىلىۋاتقاندەك ، بىزنىڭ ھەممە ئادەملىرىمىز بىلىدىغاندۇ ياكى بىلمەيدىغاندۇ… دېمەك ، ئادەملەر ، بىزنىڭ دۇنياغا تۇغۇلۇشىمىزدىلا ھېس قىلغىنىمىز بەكمۇ توغرا ئىكەن ، ئاشۇنداق دەپ يىغلاپ تۇغۇلۇپ ، ئاخىر يىغلاپ خوشلىشىمىزغۇ . ئەمما خوشلىشىدىغان چاغدىكى يىغىمىز ئانىمىزدىن تۇغۇلغان چاغدىكىگە ئوخشاشمايدۇ . خوشلىشىدىغاندا ، ئەلۋەتتە دەسلەپكى «قەپەستەك تار دۇنياغا ئەجەب چۈشۈپ قالدىم» دېگىنىمىزنىڭ ئەكسىچە بۇ قەپەسكە چىدىماي ، «يەنە بىر ئاز ياشىسام ، خۇدا ئۆمرۈمنى بەرسە» دەپ خوشلىشىمىز… مۇشۇنچىلىك ئادەملەرمىز . دېمەك ، بۇ كۆڭەنلىك… كىندىك قېنىم ، ئەنسىرىمە ، ئۇ كۆنىدۇ ، كۆنمەيمۇ ئىلاجى يوق .

بۇ يەرگە كېلىپ ئۇ كۆڭۈلسىزلىكنى بىر كۆلكە بىلەن ئۇنتۇدى . مەيداننىڭ چېتىگە توختىتىلغان ياغاچ گار يانغا ئۆرۈلۈپ يىقىلىپ قالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ جازىسى ئاجراپ كەتكەنىدى ، بىرنەچچە تال شېلىمۇ يوق ، توپ سولايدىغان چەمبىرىكىنى بىر چۈۋۈق سېۋەتنى باغلاپ بىرلا كۇچۇككە ئۇۋا قىلىپ بېرىشكەن بولۇپ ، كۇچۇك قۇيرۇقىنى ئاستىغا بېسىپ ئولتۇرۇپ ئانچە - مۇنچە خوشياقار ، خوشياقماس قاۋاپ قوياتتى . ئۇ كۆلكىسىنى يىغىپ بولغۇچە ، سېرىق سىيامبۇ چاپاننىڭ پەقەت كانىيىدىكى تۈگمىسىنىلا ئەتكەن ، ياقىسى كىرلەشكەن ، بېلىگە بەلكى ئاياللىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ، كونا قىزىل يىپ ياغلىق باغلىۋالغان ، ئېگىز بوي ، يىرىك قارا ساقال ، كومشار بۇرۇن ، قىزىل يۈز ، چىشى ھىڭگىل بولغاچقا ، ئادەتتە كالپۇكى يېپىلمايدىغان دورداي بىر كىشى قولىغا قۇرۇپ قالغان كالا تېزىكى تۇتقان ھالدا يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدەك ۋارقىراپ - جارقىراپ سۆزلەپ چىقىپ كەلدى . ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پەقەت ياقا تۈگمىسىلا بولغاچقا ، شۇنى ئېتىپ باشقىسى ئېتىلمىگەچكە ، تولىمۇ كۈلكىلىك كۆرۈنەتتى . نۇرئېلى ئىچىدە بەك كۈلدى . ئەمما سىرتقا چىقارمىدى ، چۈنكى ئۇ بۇ

ئادەمنى بۇرۇنلا تونۇيتتى . چوڭلاردىن ھېكايىسىنى ئاڭلىغانىدى . بۇ مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى سادىرغوجا ئىدى ، سادىرغوجا تراكتورغا ئەگىشىپ چوڭ يولغىچە چىقىۋالغان باللارغا يەتكەن يېرىگىچە قولىدىكى قۇرۇپ قالغان كالا تېزىكىنى ئېتىپ شالىنى چاچرىتىپ تىللاپ ئۇزۇن پاقالچاقلىرىنى ئالماپ دەسسەپ يۈگۈرۈپ كەتتى .

— ھەي ، ھەي ، ھەرقايسىڭغا سوۋۇتۇپ قويغان بىرنېمە بارمىكەن ئۇ يەردە ؟ يېنىشە ، ھۇ سەندەك بويۇنتاۋلارنى !… نەرىڭنى ئوقۇغۇچى دېگىلى بولىدۇ ؟ قېنىڭدا يۈرۈش دەپ نەچچە قېتىم دېدىم ھەرقايسىڭغا…

سادىرغوجا ئاتقان تېزەكلەر شامالنىڭ كۈچى بىلەن نىشانغا بارماي ، باشقا ـ باشقا تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى . باللار ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك غۇژمەك بولۇۋېلىپ ، ھېلىقى تراكتوردىكى ئادەملەر توغرىسىدا تالىشىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋەردى ، يېنىغا بارغۇچە ئىزىدىن بىرىمۇ مىدىرلاپ قويمىدى . سادىرغوجا مۇدىرنىڭ ئاۋازى ئەمەلىيەتتە ئەزاندىن بۇرۇن ھاڭرىغان ئېشەكنىڭ ئاۋازىدەك يىراق ـ يىراقلارغا كەتكەنىدى ، ئەمما باللارنىڭ قۇلىقىغا كىرىپمۇ قويمىغاندەك ئىدى . تۆت ـ بەش قەدەم قالغاندا ، غەزەپتىن بوغۇلۇپ خىرىلداپ قالغان مۇدىر قولىدىكى قۇرۇق تېزەك تۈگەپ كەتكەچكە ، ئەتراپىغا قاراپ باللارغا ئاتقىلى قولىغا چىققۇدەك بىر نېمە تاپالماي ، يەرگە ئېڭىشىپ يولنىڭ قۇرۇق توپىسىدىن بىر چاڭگال ئېلىپ :

— تارقىلىش دەيمەن ، توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن ھارامىلار ! — دەپ ۋارقىراپ توپىنى باللارغا چاچتى . باللار چۇرقىرىشىپ كۈلۈشكەنچە تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ قېچىپ كېتىشتى . سادىرغوجا مۇدىر ئاتقان توپا شامالغا قارشى بولغاچقا ، ئۇچۇپ ئارقىسىغا يېنىپ ، ئۆزى توپا ئارىسىدا قالدى . توپا ـ تۇمان تارقاپ بولغۇچە ، باللار چۇرقىراشقىنىچە مەكتەپكە كېلىپ بولدى . سادىرغوجا مۇدىر يەنە ئاسمان ـ زېمىننى شىپى كەلتۈرۈپ باللارنى

قارغاپ تىللىغىنىچە قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئۇستىبېشىنى تام ئۆرۈگەن مەدىكارنىڭكىدەك توپا باسقان ، بايىقى ياغلىشاڭغۇ پارقىراق قىزىل يۈزى تاتىرىپ توپىدا تېخىمۇ خۇنۇكلىشىپ كەتكەنىدى . مەكتەپ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا بىرمۇنچە ئوقۇتقۇچىلار قولتۇقلىرىغا دەپتەر ، كىتاب قىستۇرۇۋالغان ھالەتتە بىر ئىشلار ئۇستىدە سۆزلەشمەكتە ئىدى . نۇرئېلى بىرىپ كۆرۈشۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ ، ئۇلارنى تونۇمىغاچقا ، بىر خىل تارتىنىش ئۇنى مەكتەپ قورۇسى ئوتتۇرىسىدىكى توپىدا بىر تۈپ كۆك يانتاق يېنىدا توختىتىپ قويدى . ئۇ ياكى ئالدىغا مېڭىشنى ، ياكى كەينىگە يېنىشنى بىلمەي بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن ، مۇدىر قايتىپ كەلگەندە ، مائارىپ گۇرۇپپىسى مۇدىرىغا قارىتىپ يېزىپ بەرگەن تامغىلىق خەتنى ئىچ يانچۇقىدىن ئېلىپ چاپاننىڭ يان يانچۇقىغا سېلىپ ئاسانراق ئېلىش ھازىرلىقىنى قىلىپ قويۇپ ، سادىرغوجا مۇدىرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى . سادىرغوجا قايناپ ئۇنى كۆرگەن بولسىمۇ ، كۆرمىگەندەك يېنىدىن ئۆتتى . نۇرئېلى قاراپ قالسا سالام قىلاي دېگەن ئۇمىدتە ، ۋېلىسىپىتىنى تەستە توختىتىپ شۇنچە قارىغان بولسىمۇ ، مۇدىر ئۇنى كۆرمەي ئاخىر ئۇدۇلىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى . نۇرئېلى ئالدىراپ - تېنىگەن ھالدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم شياۋجاڭ !— دېدى ، ھودۇقۇپ قالغانلىقتىن ئاۋازى غەلىتە بولۇپ خېلى بەك چىقىپ كەتتى . ئەمما سادىرغوجا مۇدىر ئاڭلىماي قايىنىغىنىچە كېتىۋەردى . نۇرئېلى يېرىم يولدا توختاپ قالدى . ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ تەرلەپ كەتكەنىدى . بىر خىل كۈچ يەنە ئۇنىڭ توۋلىشىغا يول قويمىدى . ئۇ ئۆزىچە نومۇس قىلىش كەيپىياتىغا چۈشۈپ ، ئۆزىنى ھاياتىدا خېلى بىر ئوسال ھالدا سەزدى . مۇدىرنىڭ ئاغزىدىن ئېقىۋاتقان گەپلەر بارغانچە بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتقانىدى . ئۇ يىراقتىنلا ئوقۇتقۇچىلارغا قولىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى :

— ھەي ، ھەي… ھەرقايسىڭ ئوقۇتقۇچىمۇ نېمە ،

ئوقۇغۇچىلىرىڭ نېمە كويدا ، ھەرقايسىڭ نېمە كويدا؟ ھە ، تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق ، ھەزىلەكىنىڭ خۇدا بىلەن ، دەپ... ھەرقايسىڭ بۇ يەردە كېسەل توخۇدەك پىتلىنىپ تۇرۇشسەنغۇ ، غېمىڭدە يوق؟ ماڭە ، ھەي ، ئاۋۇ ھاراملىقلىرىڭنى يىغىپ قويۇۋەت ، ھازىر جىددىي يىغىن بولىدۇ . يىغىن بار... قايسىڭ دىجورنى؟ چاله داڭنى !...

سادىرغوجا مۇدىر شۇنچە ۋارقىراپ - جارقىراپ قايناپ قول شىلتىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېنىغا بارغۇچە بايىقى ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاشلا ھېچقانداق ئوقۇتقۇچى ئاڭلىمىغاندەك ئىزىدىن مىدىرلاپ قويمىدى . تاكى يېنىغا بارغاندىن كېيىن ھەممىسى ھەر تەرەپكە — قىشتا ئۇۋىسىدىن چىققىلى خۇشياقمىغان قوي پادىسىدەك قىمىرلىشىپ تارقىلىپ كەتتى . بىر ئوقۇتقۇچى ئوغۇل ئوقۇغۇچىغا داڭ چېلىشقا بۇيرۇۋىدى ، ئۇ بالا خۇددى مايمۇندەك مەكتەپ تېمىغا يامىشىپ چىقىپ تانىسى ئۈزۈلۈپ كەتكەن ، مەكتەپ كەينىدە ئۆسكەن جىگدىگە باغلانغان قوڭغۇراقنى بىر تاش بىلەن «داڭ ، داڭ ، داڭ... !» قىلىپ ئۇرغىلى تۇردى .

ئوقۇغۇچىلار خۇددى قىشلىق قوناق خامىنىدا ئۈچۈپ يۈرگەن بىر توپ ئاق قۇشقاچتەك سىنىپلىرىغا گۇرۇلدەپ چېپىشتى...

نۇرئېلى سادىرغوجا مۇدىرنى ئىچىدە مىڭنى تىللاپ ، كۆپكەن قورسىقىنى بوشاتتى . ئۇنىڭ تۆپەيلىدىن ئۇرۇلغان ئىززەت نەپسىگە بىرئاز تەسەللى تاپتى . «ئىسىت ، سەندەك قارا قورساق تەلۋە ، چاكىنا ئادەمگە ئېزىپ - تېزىپ مۇدىرلىق ، بىر مەكتەپتە مۇدىرلىق ھوقۇقى بېرىلگىنىنى !... سېنىڭ نەرىڭنى ئادەم تەربىيلەيدىغان مەكتەپنىڭ باشلىقى دېگىلى بولسۇن؟ بىزنىڭ ئالىدىغان تەربىيىمىز سەندەكلەردىن بولغاچقا ، بىر يىپنى تارتسا مىڭ يىپى ئۈزۈلىدىغان روناق تاپمايدىغان مىللەت بولۇپ قالغانمىز . سەندە ئادەم تەربىيلىگۈچىدىن چىقىدىغان بىرەر ئېغىز ياخشى گەپ يوق . سەندە ھاشارچىلارنى ئىشقا سالىدىغان مىراب ، كەپسىز تېكە باقىدىغان پادىچى ، ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ كىبىرى بار ئىكەن...» نۇرئېلى

بۇ ئادەمنى كۆرەر ـ كۆرمەيلا ، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىشكە باشلىدى . «مۇشۇنداقلا بولساڭ ، سەن بىلەن قانداقمۇ ئىشلەپ بولغىلى بولار ؟ خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت...» دېدى ئۇ .

7

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم .

— ...

نۇرئېلى ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى . سادىرغوجا مۇدىرنىڭ پەقەت ئاستىدىكى ئۇستەل ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىغاندەك غىچىرلاپ قويدى . سادىرغوجا مۇدىر ئالدىغا ئېگىشىپ ، شىرە ئۇستىدىكى جىگدىنى بىر تالدىن تېرىپ يەۋاتقانىدى . نۇرئېلىنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ، كۆزىنى يېرىم يۇمغان هالدا ، ئۇستەلنىڭ يۆلەنچۇكىگە ئۆزىنى تاشلاپ ، سوغۇق نەزەردە بىر قولىنى بوشلا ئۇزارتتى ، نۇرئېلىنىڭ قىزغىن سوزۇلغان ئىككى قولىغا ئۇنىڭ قولى تېگە ـ تەگمەيلا ، كۆرۈشۈش تامام بولدى . ئىسىت ، مەنمۇ بىر قولۇمنى تەڭلىسەم نېمە بولاتتىم ؟ دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى نۇرئېلى چىرايى ۋىل قىلىپ قىزارغان هالدا :

— ۋاسىل شىياۋجاڭ بۇ خەت بىلەن مېنى ئەۋەتكەنىدى ، — دەپ يانچۇقىدىن قاتلاقلىق خەتنى ئېلىپ سۇندى نۇرئېلى . سادىرغوجا ئالدىدىكى چېچىلىپ ياتقان جىگدىدىن بىر تال ئېلىپ پۇۋۇلىۋېتىپ ئاغزىغا سېلىپ ، چىۋىن پوقىدا رەڭگىنى يوقاتقان يالتىراق تۇتۇلغان دېرىزىدىن سىرتقا بويۇنداپ قارىغاچ ، خەتنى خۇشىياقماسلىق بىلەن ئاچتى ـ دە ، ئالدىدا ئالىقىنىنى بىر ـ بىرىگە سۈۋاپ قاراپ تۇرغان نۇرئېلىغا باشتىن ـ بوي بىر قارىۋېتىپ ، خەتنى كۇسۇلداپ ، ئاغزىنى قىمىرلىتىپ ئوقۇغىلى تۇردى . ئۇنىڭ دوردىيىپ تۇرغان تۇمشۇقلىرى يېقىدىن موزايلىغان ئىنەكنىڭ ئوغۇزىدەك سېرىق گەز باغلاپ ، ئىككى جاۋغىيىغا ئاق قۇشقاچىنىڭ

پـوقـىدەك يـىغـلـىـپ قالغان بولۇپ ، كاللۆكى ھەر قېتىم ئېچىلىپ ـ يۇمۇلغاندا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئىلەشتۈرگۈدەك ھالدا سوزۇلۇپ ، ئىككى كالپۆكى ئارىسىدا يىپتەك تارتىلىپ تۇراتتى . ئۇ خەتنى بىـردەم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تاۋۇز ئۇرۇقىدەك بىر چىمدىمدىن قـېـشىنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ ، بىردەم ئۇچۇرۇپ ، بىر يەردە تـوخـتاپ قىلىپ دىرىزە تەرەپكە تۇتۇپ ئوقۇدى . بىر يەرلىرىگە كـەلگەندە دىرىزە تەرەپكە تۇتۇپمۇ ، ئارقىسىغا قايتىپمۇ ، ئالدىغا دومچـىـيىپمۇ ، خەتنى كۆزىگە يېقىن تۇتۇپمۇ ، نېرى ئاپىرىپمۇ ئوقۇيالماي سەپراسى تۇتتى :

— ئۇكاموي ، بۇ قايسى چالا ساۋات ئېشەكچىنىڭ خېتى ؟ ساپ ئـۆمـۈچـۈكنىڭ پۇتىنى رەڭگە چىلاپ قويۇۋەتكەندەك يېزىپتۇ بۇ خەتنى ! خەت بولامدۇ بۇ ؟ ساۋات چىقىرىش كۇرسىدا ئوقۇسىچۇ سورۇننى پاخاللاشتۇرماي…

— ۋاسىل گەنسى شياۋجاڭنىڭ خېتى .

مۇدىر لىككىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ :

— تۈز گەپ قىلە ئۇكاموي . ئاتىكارچى بىرنېمىمۇ نېمە سەن ؟ ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىل جۇمۇ ، ۋاسىلخان دېگەن بۇنداق خـەت يـازمـايـدۇ . مـەن دائـىـم بـىـرگە تۇرمىسام ، دائىم خەت يېزىشمىساق كاشكى…

—راسـت ، ۋاسـىـل گـەنـسـى شياۋجاڭنىڭ خېتى ، خەتنى يـېـزىۋاتقاندا ، مەن يېنىدا قاراپ تۇرغان ، تىزىغا قويۇپ يېزىپ بەردى .

— ھە ، مۇنداق دېسەڭ بولمامدۇ بالدۇرراق ، ۋاسىلخان بىلەن بىز دېگەن تۇغقاندىن چارە بىلىشمىز بىر ـ بىرىمىزنى . بىزنىڭ مـائـارىـپـنـى ۋاسىلخاندىن باشقا ئادەم باشقۇرۇپ قاملاشتۇرۇپ بولالمايدۇ جۇمۇ ، دۇنيادا تېپىلغۇسىز ئادەم . سەن يەنە ۋاسىلخانغا شياۋجاڭ سىلىنىڭ خەتلىرىنى ئۇنداق دېدى ، مۇنداق دېدى دېمە جۇمۇ ! بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن ، بولمىسا سەن بىلەن بىز مۇشۇ يەردە بار…

— ياقەي شياۋجاڭ ، بۇنداق گەپلەرنى دەپ يۈرىدىغان كىچىك بالىمۇ مەن ؟

ئىشخانىغا ئىككى مەڭزى قاسماقلىشىپ كەتكەن تۆت ياشلىق بىر بالا كىردى . باش - كۆزى توپىدىن پوستەكچىگە ئوخشىشىپ قالغان بالا كىرە - كىرمەيلا :

— ماڭا پۇل بەر ، پۇل ! دادا ، ماڭا پۇل ! — دەپ غەلۋە قىلىپ مۇدىرنىڭ پېشىگە ئېسىلدى .

— ماڭە ، ماڭ ، ماڭە ، ئىتنىڭ بالىسى . ھېلىتىن ساڭا نېمە پۇل ؟ پۇل يوق مەندە ، ماڭە ، يوگۈر ئاناڭغا دە !...

بالا يىغلاپ ئىشخانىنى بېشىغا كىيدى .

مۇدىر بالىنىڭ بېشىغا پاقىلدىتىپ ئىككىنى سېلىپ دۈشكەلىگەن بولسىمۇ ، بالا جاھىللىق قىلىپ قاپقارا قوللىرى بىلەن كۆزىنى ئۇۋۇلاپ قىزارتىپ يىغلاپ پەقەت ماڭغىلى ئۇنىمىدى . مۇدىر سەپرا بولغان ھالدا ھەممە يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ ، خالتىسىنى ئۆرۈپ بالىسىغا كۆرسىتىپ تىللاپ كەتتى . ئۇ نۇرئېلىغا قاراپ قىزىرىپ كەتتى . نۇرئېلى ئىت تالىشىشى كۆرۈۋاتقان ھارىۋىكەشتەك قاراپ ئولتۇرىۋەردى . مۇدىر ئۇنىڭغا قاراپ زەردە بىلەن :

— تازا غەرەز ئۇقمايدىغان بالا ئىكەنسەن ئۇكاموي ، قاراپ ئولتۇرغۇچە يېنىڭدا پۇلۇڭ بولسا بىرەر موچەن بەرسەڭ ، كېيىن مەندىن ئېلىۋالماسەن ؟ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن مانا...

نۇرئېلى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ يانچۇقىنى كولاپ بولغۇچە ، ئالتە - يەتتە ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچى مۇدىرنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلگۇرۇپ كىردى - دە ، «مانا ئېلىڭ سۇلتانجان ، ۋاي مانا بۇنى ئېلىڭ ، ماۋۇ ئاۋۇنىڭكىدىن چوڭ ، ماۋۇنىڭغا جىق كەمپۈت ، گازىر كېلىدۇ... » دېيىشىپ كەتتى ، ئۇلار نۇرئېلىدىن چاققان چىققتى . نۇرئېلى ئوڭايسىزلىنىپ ، ياكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۆرۈشەلمىدى ، ياكى پۇلنى بالىغا تەڭلىيەلمەي بىرھازا تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ، ئاستا جايىغا كېلىپ ئولتۇردى . سادىرغوجا

مۇدىر ئۇنىڭغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . ئىككى ئوتتۇرا ياش ئايال بىلەن بىر ياش چوكان خانىم ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشىپ كەتتى :

— ۋايجان شىياۋجاڭ ، سىلىمۇزە تازا ئىكەنلا جۇمۇ ! سۇلتانجان شۇنداق ئوماق چىرايلىق بالا تۇرسا ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تېخى مۇشۇ بىر تاللا بالا تۇرسا ، ئۇنچىۋالا يىغلاتقۇچە بىرىمىزنىڭ ياتىقىغا چىقارسىلاچۇ بالدۇرراق ، خەنگۇل كۆرسە مۇشۇ تاپتا بىرمۇنچە خاپا بولار ، ھەرقاچان .

— بۇ نېمە مۇشۇنداق قىلىپ قورقىتىدۇ ئادەمنى . پۇل توشمايدۇ...

— بىرمۇنچە ۋەجىلىرىنى سۇلتانجاننى دەپ يىغىۋاتقاندىكىن... ھە ، سىلىنىڭ نېمىلىرى بار ئىدى . شىياۋجاڭ ھى... ھى... ھى...

تۇمشۇقى بىلەن ئېڭىكىدە ئازغىنە ساقىلى بار ، ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان بىر ئەر ئوقۇتقۇچى خۇشامەت بىلەن شۇنداق دەپ ھىجايدى . مۇدىرمۇ مەغرۇر كۈلۈپ كېرىلىپ قويدى . ھېلىقى كوسا ئوقۇتقۇچى نۇرئېلىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ نۇرئېلى بىلەن قول ئېلىشماستىن ، سەل ئېگىلىپ سالاملاشتى ، ئاندىن سورىدى :

— ئۇكام ، بىزگە كەلگەن مۇئەللىم ئوخشىمامسەن ؟

— ھەئە ، — دېدى نۇرئېلى . ئۇنىڭ ئاۋازى پاژىلداپ چىقتى . مۇدىرنىڭ ئېغىزى ئېچىلدى :

— ئۇكاموي ، سەن قەيەردە ئوقۇغان ؟

— ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە .

— تولۇقىچىما ؟

— ھەئە .

— قانچىگە كىردىڭ ؟

— ئون توققۇزغا .

— ئاتاڭ ئۆگزىگە باغلاپ باققانمۇ سېنى ؟ چوڭ بولمىغان

بىرنېمە ئىكەنسىنا؟
ئوقۇتقۇچىلار پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.
— بۇ سەن، بىر غېرىچ تۇرسەن، سىنىپقا كىرسەڭ بىزنىڭ ياۋايى بالىلار سېنىڭ شەپكەڭنى ئەپقېچىپ كېتىدۇ، ئېشەك ئېتىپ مىنىدۇ سېنى! ۋاسىلجان قاراپ تۇرۇپ سېنى ماڭا ئەۋەتىپتۇ. قارىسام، بىزدە مۇئەللىمدىن جىق نېمە يوق. ئالدىغان يەر بولسا دۆۋىسىنى ئىككى پۈلدىن بېرىۋېتىمەن. هازىر ياش بالىلار شۇ، ئاسمان دوپپام، يەر كەشىم دەپ هېيت مانتىسىنىڭ بايتىلىدەك يۈرىدىغان بولدى. ئېلىپنى لام دېيەلمەيدۇ. هال تارتىڭ دېسە، هالىنى بىزنىڭ كالا هارۋىسى تارتالمايدۇ. سېنى مۇئەللىم دەپ سىنىپقا سولاپ قويساق، بالىلار ئىككى كۈندە سېنى تەپكۈچ ئوينايدۇ. بۇ قۇملۇق سەھرادا بوش بالىلار يوق. مەن تېخى مۇنداق قاراپ تۇرساڭ، سېنى مەكتەپكە ئويىنىغىلى كەلگەن بالىمىكىن دەپتىمەن. ها... ها... ها...
هەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. نۇرئېلى ئۆپكىدەك ئېسىلىپ تىنالماي قالدى. يېنىدىكى كوسا مۇئەللىم ئاستا ئۇنىڭ تىزىنى بېسىپ قويۇپ جىم ئولتۇر دەپ، كۆزىنى يۇمۇشلاپ قويدى.
— هە، ئېتىڭنى يازالامسەن؟ — هجىيىپ تۇرۇپ سورىدى مۇدىر.
— ياق! — نۇرئېلىنىڭ ئاۋازى ئاچ قالغان كۆك بۇقىنىڭ ئاۋازىدەك ئىشخانىنىڭ ئىچىنى ياڭرىتىۋەتتى. هەممە ئوقۇتقۇچى چۆچۈپ نۇرئېلىغا قاراشتى. بىرنەچچە چىراي مۇدىرغا خۇشامەت يۈزىسىدىن نۇرئېلىغا غەزەپ بىلەن قارىدى. شۇ چاغدا ياش، چىرايلىق مۇشۇ ئاياللار ئىچىدە هەممىدىن پوزۇر ياسانغان بىر چوكان خۇش پۇراق تارتىپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ تولغاپ مېڭىشلىرى، قاش - قاپاقلىرىنى سۈزۈشلىرىدىن تازا هاكاۋۇرلۇقى چىقىپ تۇراتتى. بىرقانچە ئەردىن باشقا هەممە ئوقۇتقۇچى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى. نۇرئېلىنىڭ يېنىدىكى كوسا هەممىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرغانىدى. نۇرئېلى قىمىرلاپمۇ

قويمىدى .

— كەلسىلە ، خەنگۈل .

— ماۋۇ يەرگە كەلسىلە ، قىستىلىپ قالىلا .

— مانا ماۋۇ يەرگە !

خەنگۈل نۇرئېلىغا تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ بىر قاراپ قويۇپ ، خانىملار ئارىسىغا قىستىلىپ ئولتۇردى . «مۇدىرنىڭ خوتۇنى ئىكەن ـ دە ! ياش ، چىرايلىق بىرنېمە ئىكەنسەن ، ھوقۇق ، پۇل دەپ ئاتاڭدىن قېرىغا تېگىپسەن ـ دە !» دەپ قالدى نۇرئېلى .

— ۋاي ، خېلى ئاچچىقىڭ بار ئوخشىمامدۇ ؟ چوڭنىڭ ئاچچىقى كەلگۈچە ، كىچىكنىڭ جېنى چىقىپتۇ ، دېگەن شۇدە . ئۆپكەڭنى بېسىۋال . بىزدە ئەپەندىلەر ئوشۇق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنى ئالساق ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن پەرق ئېتىپ تاپالماي قالمايلى يەنە ، سېنى ئالالمايمىز .

مۇدىرنىڭ گېپى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، نۇرئېلى ئورنىدىن دەس تۇردى :

— خەتنى بەرسىلە ئەمىسە ، مەن كېتەي .

ئۇنىڭ كۆزىدە ياش پىلدىرلاپ ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەندى .

— ئولتۇر لەگلەك بالام ، ئولتۇر ، بۈگۈن بىزگە خىزمەت بىلەن كەلگەنىكەنسەن ، بۈگۈن بىزنىڭ مەشغۇلاتقا قاتناش . سېنى بۇنداق يولغا سېلىپ قويالمايمەن . ئەتە ئۆزۈم سەن بىلەن بىللە ۋاسىل گەنسى شياۋجاڭ بىلەن سۆزلىشىمەن . شۇ چاغدا ئەركەك ـ چىشىسى ئايرىلىدۇ ئىشىمىزنىڭ .

نۇرئېلىنىڭ يېنىدىكى كوسا مۇئەللىم ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ :

— شياۋجاڭ ئولتۇر دېگەندىكىن ئولتۇرمامسەن ؟ كىچىك بالا دېگەن ئالدىراڭغۇ بولمايدىغان··· چوڭ ئادەمنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىش تۇتىمىز .

نۇرئېلى ئىزىغا ئولتۇردى . سادىرغوجا مۇدىر گېلىنى قىرىپ بىرقانچىنى يۆتىلىۋەتكەندىن كېيىن :

— ھە··· ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى . مەكتىپىمىز تازا بىر

بـوٗزوٗق ئەبلەخلەر يىغىلغان مەكتەپ بولدى . ئىپسىمىزنى يىغىپ يوٗرەيلـى ، ئـوٗيـقـوٗمـىـزنـى ئاچايلى ، بەك ئىچىلمىغان بولسا ، مـەكـتـىـپـىـمـىـز ئەتراپىدا كوٚك يانتاق خېلى كەڭرى ، چىقىپ سوٗۋوٗنوٗۋەتسەك ئىچىلىدوٗ . بـىـزـىـمـىـز ئاغـزىـمـىـزدا هى··· هى··· هى··· ئارقىمىزدىن بولسا ۋاي شياۋجاڭ ئوٗنداق ، موٗنداق دەپ ، نەق لوق يېرى قەيەردىن چىقاركىن دەپ غاجايمىز . يەنە بىرلىرىمىز قولتوٗق پىتىدەك ، قولتوٗق ئاستىغا كىرىۋېلىپ چاقىمىز . يەنە ئاشوٗ هـەمـرا يـولـداشـقا ئوخشاش ئىدىيىسىنى داۋاملىق ماركسىزم - لـېـنـىـنـىـزم ، مـاۋ جـوٗشـى ئـىـدىيـىسى بىلەن قورالاندوٗرماي ئەكسىيەتچىلىشىپ ، ئوٗلوٗغ داهىيمىز ماۋ جوٗشىغا تىل تەگكوٗزوٗپ ، ئىككى پوٗتىمىزنى بىر ئوٚتوٗككە تىقىمىز . ئوٗ ئەبلەخ ئىككى سەر ئىچىپ ، ئالتە سەر مەست بولوٗپ ئەكسىيەتچىل گەپ قىلىپ ، مانا ئەمدى ئوٚزىگىموٗ قىلدى ، بىزگىموٗ قىلدى . بىزنىڭ مەكتىپىمىزدىن ئاشوٗنداق ئەكسىلئىنقىلابچى ئوٗنسوٗر چىقسا ، بىزگە شەرەپموٗ ، هە ؟ دەپ بېقىڭلار - هە ؟ مانا بوٗگوٗن گوٗڭشەنجوٗيدىن ساقچىلار كېلىپ بوٗ قارا نىيەتنى ئەكەتتى··· بىز بوٗگوٗندىن باشلاپ كوٗندە يېرىم كوٗن ، چـوٗشـتـىـن كېيىن ، بوٗ بوٗزوٗقنىڭ بىزگە قالدوٗرغان زەهىرىنى تازىلايمىز ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىمىز···

موٗدىر بارغانچە گوٗمبوٗرلەپ سوٚزلەشكە باشلىدى . نوٗرئېلىنىڭ يـېـنـىـدا ئولتوٗرغان كوسا ئادەم ئاغزىنى ئاستا نوٗرئېلىغا يېقىن ئەكېلىپ :

— هەمرا يولداش ئون سەككىز يىللىق پېشقەدەم ئوقوٗتقوٗچى ئىدى . ئوٗنى موٗشوٗ شياۋجاڭ چېقىپ قويوٗپ قولغا ئالدوٗروٗۋەتتى . مەستلىكتە ئوٗ بىچارە دېدىموٗ ، دېمىدىموٗ ، بىلگىلى بولمايدوٗ . ئوٗ ئادەموٗ دائىم هاراق ئىچىپ پەلىپەتىش گەپنى تولا قىلىدىغان ئادەم ئـىـدى ، ئـاخـىـر بـېـشـىـغا چىقتى . توققوٗز بالىسى بار دېگىنە كاساپەتنىڭ ! ياكى كېرەككە كەلگىنى يوق ، ياكى خوتوٗنىنىڭ ئىش ئـورنـى يـوق . ئوٗ ئادەم شياۋجاڭ بىلەن كېلىشەلمەيتتى . هاي موٗئەللىم ، بوٗ شياۋجاڭ بىلەن هەپىلەشمىسىلە ، بوٗ ئادەم خەتەرلىك

دېــەم ، ئـۆنـــمـــدى . بۇ ئادەمنى سەن بىلمەيسەن ، ناھايتى خەتەرلىك ئادەم ! مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىمۇ ئۇرغۇن ئوبدان ئادەمنى قارىغا ئىتتىرىۋەتكەن . گەپ ـ سۆزدە ئۆزۈڭگە ھېزى بولمىساڭ ، سېنىمۇ تۆت كۇندە كېرەكتىن چىقىرىدۇ . بىزمۇ ئاغزىمىزدا ۋاي دېگــەن بــىلەن دەردىمىزنى ئىچىمىزدە بىلىمىز . ھازىر بەزىلەر خـۇشـامـەتـچىگە ئامراق بولغاندىكىن ، ئۇنىڭ گېپى ھامان گەپ بـولــدۇ . يـۇقــىرىـغا بىرىمىزنى تالاتماقچى بولسا يېمىسىمۇ ، ئــچىمىسىمۇ ، ئىشتىنى قالمىسىمۇ ھەممە نېمىسىنى خۇشامەتكە دەسـمـايـە سـېـلىپ گېپىنى ئاقتۇرىدۇ . ئۇنى شياۋجاڭ قىلىپ تـۇرۇۋاتقانمۇ داستىخان . ھەمرا يولداشمۇ بۇ ئادەم بىلەن شۇڭا ئۆچلىشىپ قالغان . ئاخىر بېشىنى يېدى . سەن تېخى كىچىك ، ئوبدان دىققەت قىل !...

— ئەي ، قاسىم ئىسلام ، نېمە دەۋاتىسىلە ؟ يىغىننى سىلى ئاچامسىلە ، مەنمۇ ؟ ھە ، دىققەت قىلىڭلار ، ئەگەر سىلى يىغىن ئـاچـسـاڭلار ، مـاۋۇ مېنىڭ ئورنۇمغا كېلىپ سۆزلەڭلار ، مەن ئاڭلاي . بولمىسا ، مەن سۆزلىگەندىكىن ، سىلى دىققەت قىلىڭلار ، سـاقال ئەستاغپۇرۇللاغا يەتكەندە ، ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ قىلساڭلار ، ئىزا تارتىسىلەر !...

كــوسـا مــۇئەللىم ھۇپپىدە قىزىرىپ كېتىپ ئالدىغا قاراپ ئولتۇرۇۋالدى . ھە ، قاسىم ئىسلام دېگەن مۇئەللىم شۇ ئىكەن ـ دە ، پەرىزىم خاتا ئەمەس ئىكەن . بۇ ئادەمنى ئارىلىقتا گەپ توشۇپ يۇرىدىغان سۇخەنچى دەۋاتاتتى . گېپىنىلا ئاڭلاي ، گەپ قىلماي ، دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى نۇرئېلى . «تازا خەتەرلىك ئادەملەر ئــارىسىغا كېلىپ قالدىمۇ نېمە ، تېخى ئالمايمىز دەيدۇ ، بولسا خــۇدايــىم بۇنداق تېگى يوق بالا ـ قازا بار يەردىن باشقا يەرگە كەتسەممۇ ياخشى ئىدى » دەپ ئۇمىدسىزلىنىپ ھەممە چىرايلارغا قارىدى نۇرئېلى . سادىرغوجا مۇدىر ھەدەپ قورقۇنچلۇق سىياسەت ، ۋەزىيەت توغرىسىدا گۇمبۇرلەپ سۆزلىمەكتە . سۆزلەپ قىزىرىپ كەتكەندە ، بىردەم شىرەگە مۇشتلايدۇ ، بىردەم ئېڭىكىگە شاپلاق

سىلىپ بارمىقىنى چىشلەيدۇ . بىردەمدە ھاياجاندىن ھەيران قىلىپ پېشانىسىگە مۇشتلايدۇ . سۆزلەپ كېلىپ ئۆزىنىڭ سۆزىنى دەللىلىمەكچى بولۇپ ، ماتېرىيال ئىزدەيدۇ . تاپالىسا ، ھاياجان بىلەن تازا قايناپ ئوقۇۋېتىپ ، ئۆزىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ ، ھەممەيلەنگە تازا مەغرۇر قارايدۇ . ئەگەر ماتېرىيال تاپالمىسا ، كونىراپ غىچىرلاپ قالغان جىنازىدەك ئۆرە ئىشكاپىدىكى قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالدىدىكى شىرە ئۈستىگە پادىچى مالغا پىچان تاشلىغاندەك تاشلايدۇ . ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەر بىلەن تىللايدۇ . كىمنى تىللايدۇ ؟ بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ . ئىشكاپتىن چۇۋۇلۇپ ، ئۇۋۇلۇپ كەتكەن بور ، پالتا ، كەكە ، كونىراپ كېرەكتىن چىققان توپ ، سېتكا ، كۆكىرىپ كەتكەن پۇچۇق زاغرا ، چاشقان پۇچەكلىرى بىلەن ماياقلىرىنى قالدۇرۇپ قويغان يېرىم خالتا گازىر ، يېرىمى سېسىغان ئالما ، ئامۇت ، يېرىم كاسا پاختىلىشىپ كەتكەن قوغۇن ، چالا غاجىلىپ قالغىنىنى چاشقان يېگەن پايخان… دېگەندەك نەرسىلەرمۇ سۆرۈلۈپ چىقىدۇ . ئوقۇتقۇچىلار بۇنى قەدىمىي بىر تارىخىي مۇزېينى كۆرگەندەك كۆرۈپ ، سۆزلىشىپ كېتىدۇ . «ئاۋۇ ئالما پالانى باشلىق كەلگەندە ئالغان ئالمىنىڭ قالدۇقى ، ئاۋۇ پايخان ھېلىقى چاغدا مېھمان چاقىرغان چاغدىكى پايخان شۇ»…

مۇدىرنىڭ گۇمبۇرلەپ سۆزلىشىنى ئاڭلىمىغاندەك ، بىرنەچچەيلەننى مۇگدەك باستى . بىرنەچچەيلەن ئاڭلاۋاتقاندەك قىلىسىمۇ ، كاللىسى ئۆز ھەلەكچىلىكىدە ئىدى .

قاسىم ئىسلام نۇرئېلىنى جەينەكلىدى :

— ئۇكاموي ، خاتىرەڭنى جەم قىل ! شىياۋجاڭ دېگەن پورداقچى ۋاسىل گەنسىدىن خۇدادىن قورققاندەك قورقىدۇ . چاپىنىنىڭ پېشىگە سەجدە قىلىپ داستىخان سالىدۇ . ئۇ شىياۋجاڭلىقنى ئاشۇ كەڭرى داستىخىنى بىلەن ساقلىمىسا بولمايدۇ . ۋاسىل ئەپەندى ھەر ئايدا ئىككى - ئۈچ كېلىپ بىر قوينىڭ

كاللىسىنى كېسىپ يەپ، كېچىلىك مەشرەپ قىلىپ كېتىدۇ.

— قوي دېگەن توخۇغا ئوخشاش ئەرزان بىرنېمە ئەمەس، ھەرقانچە بولسا شىياۋجاڭ بىلەن خوتۇنىنىڭ مائاشىغا ئايدا ئالسا ئاران كۆك پىت باسقان پاقلاندىن بىرى كېلەر؟ ئۇنداق قىلىۋەرسە ئۇ يالىڭاچ قالامدۇ؟

— ھىم، بالا - دە، سەن، بالا! سېلىق چاپىدۇ… ھەممە ئەپەندى تەڭ تارتىمىز، ئايدا ھەربىر ئەپەندىنىڭ مائاشىنىڭ ئوتتۇز پىرسەنتى مېھمان چىقىمىغا كېتىدۇ. مەن مۇشۇ مەكتەپتە ئىشلىگىلى تۇرغىلى ئالتە يىل بولدى. مائاشىمنى ساق ئالغىنىمنى بىلمەيمەن. ئالىمەن - ئالىمەن، ئۇ ئايدىن بۇ ئايغا چىغىرىسى چىقماي، ئاينىڭ ئون بەشىدىن تارتىپ كۈن ساناپ قەرزگە بوغۇلۇپ ئاران ئاي توشقۇزىمەن. ھەممىسى شۇنداق، ھەممە ئەپەندىلەر شۇنداق. ئېشىمىز يەتمەيدۇ، ئەترەتنىڭ ئامبارچىسىغا يېلىنىمىز. نورمىمىز ئايدا بارى - يوقى يىگىرمە سەككىز جىڭ. ئەترەتنىڭ يىگىلۈسىغا قوشقان لىڭشىما بايتىلىدىن ساق بەش باراۋەر كەم ئۆزۈلىنىمىز. قوتۇر ئات كۈندە تۆت جىڭ ئات چىشى يېگى قوناق يەيدۇ. بىزچۇ، يىگىرمە سەككىز جىڭ نورمىنى بىر ئايغا سوندۇر، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئاۋۇ تومىلاق خانىمنى كۆردۇڭمۇ، ئېرى ئاۋۇ سالپىيىپ ئولتۇرغان لاتا قونچ ئاداش، بالىسى تۆت، ئىككىسى خەلق ئوقۇتقۇچىسى، ئون سەككىز كويدىن مائاش ئالىدۇ. ئىككىسىنىڭ مائاشى ئۆيىدىكى ئالتە جاننىڭ نورمىسىغا يەتمەيدۇ. نورمىسىنى دادۇي بېرىدۇ. ئۇ بىچارىلەرنىڭ ھال - كۈنى ناھايىتى يامان… ئۆيىدە سەككىز - ئون توخۇسى بار. ئاشۇ پۇچۇق توخۇنىڭ تۇخۇمىغا تايىنىپ كىيىمى كونا بولسىمۇ، يالىڭاچ قالماي، سېرىقتال بولسىمۇ، ئاچ قالماي، جاھاندارچىلىق قىلىدۇ… ئاۋۇ چىرايلىق خانىم بولسا… ئەترەتنىڭ ئات ھارۋىسىنى ھەيدەيدىغان پۇچۇق ئاداشنىڭ ئاشنىسى. ئۇ پۇچۇقنى كۆرىدىغان بولساڭ، قۇسقۇڭ كېلىدىغان ماخاۋ كېسەللى بىر نېمە… بېشى ئىششەك چارەك تاز. بۇ چىرايلىق خانىمچاقنى ئاشۇنىڭ ئاشنىسى دېسە، كىم

ئىشىنىدۇ ؟ ئەمما ئىشەنمىگەن بىلەن خۇدا ئۇ تازىنىڭ قولىغا هارۋىكەشلىك نېسىۋىسىنى بەرگەن . ئۇ ئاتىنىڭ قونىقىنى بۇنىڭ ئۆيىگە توشۇيدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايالنىڭ ئاشلىقى ئۇ ئايدىن بۇ ئايغا ئۈزۈلۈپ قالماي يېتىشىدۇ .

نۇرئېلى گېپى بولۇۋاتقان خانىمغا قارىدى . بۇ بىر ئاق يۈزلۈك يۇملاق ، پاكار كەلگەن ياش چوكان بولۇپ ، ئۆز ۋاقتىدا تازىمۇ شوخ ، قىپىندا تۇرمايدىغان ئويۇنباز قىز بولسا كېرەك ، مانا ئەمدىلىكتە تۇرمۇشنىڭ ئۇنى سۇندۇرغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ . نۇرئېلى قاسىم ئىسلامنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن شۇ خانىمنىڭ ماڭسۇر ئىسىملىك ئېرىگە تىكىلىپ قارىدى . قىزىل ياغاق يۈز ، غاز بويۇن ، ئاغزى كۆپۈش ، ياش تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى ئۆمۈچۈك تورىدەك ئىنچىكە قورۇقلار بىلەن بېزەلگەن مۇئەللىم ئىدى ئۇ . بۇ ئەر بىلەمدىغاندۇ ؟ چىرايلىق ئايالىنىڭ ، ئۆزى هالاللاپ خوتۇن قىلىۋاتقان ئايالىنىڭ ئۆزىدىن باشقا يەنە بىر ئەرنىڭ ئايىغىدا ئىنجىقلاپ يۈرگىنىنى بىلەمدىغاندۇ ؟ ئەگەر بىلگىنىدە ئۇ ئۆز ۋىجدانىغا لايىق چارە بىلەن بۇ ئىشلارنى يىغىشتۇرغان بولاتتى تايىنلىق . بىلمەيدۇ ، دۇنيادا ئادەملەر ئەتراپىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقىنىنى بىلمىگەندەك ، بىلمەيدۇ...

— ئىچىڭ ئاغرىۋاتامدۇ ؟ — سورىدى قاسىم ئىسلام ، نۇرئېلى مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى :

— قانداق دەيسىز ؟

— ئەمدىچۇ ، قارىسام ، ئىچىڭ ئاغرىغاندەك قاراپ كەتتىڭ . جەمئىيەتنى چۈشەنمەيسەن ، بۇنىڭدىن كېيىن بىلىپ قالىسەن . بىر كاماردىن چىقىپ ، يەنە بىر كامارغا كىرگۈچە ، نەچچە قازاندا قاينايدىغان گەپ . ئىچ ئاغرىتمىساڭمۇ بولىدۇ . بۇ غاز بويۇنمۇ ، ئۇنداق قېرى كالىدەك مۈگدەپ ئولتۇرغىنى بىلەن بوش نېمە ئەمەس... ئۇ باجىسى هارۋىكەش بىلەن يېقىن ئاغىنە . بىر نان تاپسا ، بىر جىگدە تاپسا ، بىللە يېيىشىدىغان ئاغىنىلەر .

دۇنيادا ئۇلاردىن يېقىن ئاغىنىلەر يوق. ئاتىسىغا دېمىگەن گەپلىرىنى دېيىشىدۇ. بۇمۇ شياۋجاڭنىڭ يېقىن ئادىمى، بىزنىڭ ئۈلگىمىز! بۇ قېرى شياۋجاڭ خوتۇنىنىڭ تۆگىسى، سىزىقىدىن چىقمايدۇ. خوتۇنى نېمە دېسە، شۇنى دەيدۇ. خوتۇنى ياخشى دېگەن ئادەم يامان بولسىمۇ ياخشى، يامان دېگەن ئادەم ياخشى بولسىمۇ يامان. بۇ قېرى شياۋجاڭ ياش خوتۇنىنىڭ قۇلى. بۇ خوتۇن شەيتىنى يامان خوتۇن. ماڭسۇر ئۇ خوتۇنىنىڭ قوشقىرى. ئوخشاش، ئىككى سەككىز ئون ئالتە دېگەن گەپ... ئۇنىڭ بىلەن بۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ! ئۇنى دېگەنبىلەن، مەنمۇ ئېيپى كەلسە بوش قويۇۋەتمەيمەن. مېنىڭ خوتۇنۇم نېمە ئىش قىلىدۇ؟ خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. خوتۇن كىشى دېگەن، خۇدا كۆڭلىگە ئىنساپ بەرمىسە توخۇغا ئوخشاش بىرنېمە... شۇڭا خوتۇن كىشى بىلەن گۇلگە شەك كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۆچكە يېغى بىرنېمە ئەمەسمۇ، ئاسان ئېرىپ كېتىدۇ. ئۇستىرا كاپقا، خوتۇن خەق لاپقا ماڭىدۇ...

بۇ گەپلەردىن نۇرئېلىنىڭ كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولۇپ قۇسقۇسى كېلىپ، سەسكىنىپ كەتتى. بۇنىڭ گېپىچە بولغاندا، دۇنيادا پاك ئايال يوق ئىكەن ـ دە! راست شۇنداقمۇ، بۇنىڭ ئاغزىدىن شۇنداق چىقىۋاتامدۇ؟ بۇ تازىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن گۇمانخور ئىكەن. ئۇ ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ. ئاياللارغا ئىشەنمەيدۇ. ئەمما بۇ يېڭى گەپ ئەمەس، بىزدە كەڭرى تارقىلىپ يۈرگەن، كىشىلەر ئاغزىدىن تولا ئاڭلىغىلى بولىدىغان گەپ. ئەمما بۇنى نۇرئېلى پەقەت ئوقۇمىغان ساۋاتسىزلار ئارىسىدىكى گەپلەر دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى. ئەمما بۇلارنى يەنە ئۇنىڭ ئۈچۈن پەزىلەتلىك كۆرۈنگەن ئادەملەر ئارىسىدىن ئاڭلاۋاتىدۇ. بۇ راستمۇ؟ دۇنيانىڭ ئىشلىرى مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ؟ جاھاندىكى ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىدىن گۇمانلىنىپ ياشىسا، ئۇ ئەتراپىدىكى ھەممە ئادەمگە ئىشەنمەيدۇ، ھەتتا ئۆز ئايالى ئۆزىگە ئىشەنمەيدۇ. دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ بىزدە جاھاننىڭ ئىشلىرى مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ؟ بىزنىڭ ئارىمىز خۇددى ئۆمۈچۈك توردەك چىرمىشىپ كەتكەن

گـۇمانخورلۇق ، بىزەپچىلىك ، غەيۋەتخورلۇق بىلەن تولغانمىدۇ؟
نۇرئىلىنىڭ نەپرىتى قوزغالدى . بۇ نەپرەت كىمگە ، ماۋۇ يېنىدىكى
ۋالاقـتـەگـكـۇر ئـادەمـگـىـمـۇ يـاكى بـۇ ئادەم گېپىنى قىلغان
ئـادەمـلـەرگـىمۇ ، بۇنى ھېچ بىلمىدى . ئىشقىلىپ نەپرەتلەندى .
دۇنـيـادا زادى ئـىـشـەنچ دەيدىغان نەرسە بارمۇ - يوق؟ مانا بۇ
ئـىشەنمەسلىكلەر ، بىر - بىرىگە گۇمان بىلەن قاراشلار . بىر -
بىرىنىڭ پېيىدە يامانلىق ئىزدەپ يۈرۈش . بىر - بىرىگە كەينىنى
قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ غەيۋىتىنى يەنە بىرىگە قىلىپ بېرىپ ، يەنە
ئارقىسىغا قىزارماي - تاتارماي ئوخشـاشلا ھـىـجـىـيـىـپ تـۇرۇپ
قاراشلار... بىر - بىرىنىڭ ئامانەتلىرىگە خىيانەت قىلىپ تۇرۇپ ،
يـەنـە جانـجىگەر دوستلۇقلار . بىر - بىرىنى قولتۇقلاپ تۇرۇپ
كۆڭلىگە ياقمىغاننى پۈتلاپ مېڭىشلار... ئاجايىپ مۇناسىۋەتلەر...
ئـويـلاپ يـەتـكـىـلـى ، يـېـشـىـپ چـىـقارغـىـلى بولـمـايـدىغان
مـۇنـاسـىـۋەتلەر... بۇلارنى ئۇلار قانداق ئۆگەنگەندۇ؟ كىمدىن ،
نېمىدىن ئۆگەنگەندۇ؟ ئۇلار ياكى بۇرۇندىن تارتىپ بىلەمدىغاندۇ؟
نۇرئىلى گويا ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ يەرگە موللاق ئېتىپ
چۈشۈپ كەتكەندەك ، بۇ زېمىندا بارمۇ ، يوقمۇ بولۇپ ، سېزىمىنى
يوقاتقاندەك بولدى .

— ئەي ، ئىچىڭنى پۇشۇرما ، كىچىك بالا ! بۇ ئادەمنى سەن
خاپا قىلىپ قويدۇڭ . بولمىسا سېنى بۇنداق قارشى ئالمايتتى . سەن
قايسىبىر كۈنى ۋاسىل گەنسى شياۋجاڭنى ئۆيۈڭگە قىچقارغاندا ،
بىزنىڭ شياۋجاڭنىمۇ قىچقىرىپ قويىدىغان يولى ئىدى . قىچقارغان
بولساڭ ، سەن تۈنجى قەدىمىڭنى جايىدا باسقان بولاتتىڭ ، چۈنكى
بـۇ ئادەم خـۇشـامـەتچى . خۇشامەتچىنىڭ تەمەخورلۇقىنى ئۆزۈڭ
بـىلـسەن . سېنىڭ ئۆيۈڭدە ، مەيلى قايسى سورۇندا بولمىسۇن ،
بىزنىڭ شياۋجاڭ ۋاسىل گەنسى شياۋجاڭنىڭ يېنىدا بىر داستىخاندا
بـىـر ئـولتۇرۇۋالسا بولاتتى... ئىت ئۆرگەنغا ئامراق دېگەندەك ،
ۋاسىل گەنسى شياۋجاڭ ئۇنىڭغا ھەم ئامراقتەك ، ھەم خۇشى يوق
ئـادەمـدەك ھـەمـلـە قـىـلـىدۇ . ۋاسىل گەنسى شياۋجاڭ بىزنىڭ

شىياۋجاڭنى دائىم تىللاپ تۇرىدۇ ، كۆلكىگە زورلاپ تازا تىللايدۇ . ئادەم جىق يەردە ، چوڭ سورۇنلاردا تازا گەپتە پوملاپ مازاق ، مەسخىرە قىلىدۇ . بۇ ئادەمنىڭ لەقىمى خۇرجۇن قاچا ، باشقا ئادەم بىلمەستىن خۇرجۇن ياكى قاچىنىڭ ئىسمىنى گەپ ئارىسىدا ئۇدۇل كېلىپ قالغاندا دەپ سالسا ، ئانىسىنى ئوغرى ئالغاندەك كۆكىرىپ ئۇرۇشىدۇ . ئەمما ۋاسىل گەنسى شىياۋجاڭ مىلىق قېتىم دەپ ، ھەتتا خوتۇنى ئۇستىدە چاقچاق قىلىپ خەق ئارىسىدا تازا سۇندۇرسا ، خەق بىلەن تەڭ كۈلۈپ ، «ئوھوي ، پەرۋايىم پەلەك ، مەيلى ۋاسىلخان كۆڭلى خوش بولىدىغان ئىش بولسا نېمە دېسە مەيلى» دەپ ئاغزىنى يالاقتەك قىلىپ ھىجىيىپ تۇرىدۇ . ۋاسىل گەنسى شىياۋجاڭ بىلەن ئاشۇنداق بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ زوۋانغا كەلگۈچە بۇرنىغا يېسىمۇ ، خۇددى ھەرەمگە بېرىپ كەلگەندەك ئۇزاق ۋاقىتقىچە خەق ئارىسىدا «ۋاسىلخان مېنى ئۇنداق داڭلىدى ، مېنى مۇنداق قىلىدىغان بولدى . پالانى ۋاقىتتا ئاتايىن مېھمان بولغىلى كېلىدىغان بولدى» دەپ ئاغزىنى تاتلىق ئېتىپ ماختىنىپ يۈرىدۇ . سەن ئىش بىلمەس ، ۋاسىل گەنسىنى قىچقارغان ئادەم ، بۇ ئادەمنىمۇ بىر قىچقىرىپ قويغان بولساڭ . بۇ ئادەمگە ۋاسىل گەنسى شىياۋجاڭ غاجاپ تاشلىۋەتكەن بىر تال سۆڭەك تەگكەن بولسىمۇ ، ئۇنى تاۋاپ قىلىپ بىر سان پاقلان گۆشى يېگەندەك خوش بولاتتى . خېلىغىچە ماختىناتتى ، ئەمدى ئاچچىقىدا شۇنداق دەيدۇ ، كۆزىگە سەت كۆرۈندۈڭ ! مەن ياردەملىشىمەن . بىرئاز خۇشامەت قىلىسەن ، ئۇنى قىلمىساڭمۇ ، خۇشامەت گېپىدىن قىلساڭمۇ بولىدۇ . يەنە بىر يولى شىياۋجاڭنىڭ خوتۇنىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالما ، بۇ ئەڭ مۇھىم . شۇنداق سەت كۆرۈندۈڭمۇ ، بولدى ، ئەمدى بۇ يەردىكى رىزقىمغا توپا چۈشتى دېسەڭ بولغىنى . بۇ خوتۇن سەندەك ياش باللارغا ئامراق . چىشىغا تەگمىسەڭ ، بۇ خوتۇن توغرىسىدا بىركىمگە مىت قىلىپ تىنىپ سالمىساڭ بولدى…

— مېنىڭ بىركىمنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بىلەن خۇشۇم يوق ،

نېمە دەيتتىم ، — دېدى نۇرئېلى تولا گەپتىن زېرىككەن ھالدا .

— بۇ ئاجايىپ خوتۇن ، كېيىن بىلىسەن ، ئىسكەندەرنىڭ بېشىنى چۇشۇرگەن ساتىراشتەك قۇسۇ ئېلىپ كەتمىگەننى كۆرەي ، لېكىن دېمىسەڭ بولدى . مەنمۇ ، سەنمۇ شۇنداق ، كۆنۈپ كېتىسەن ، ئاڭلىسام ئۇ دۇنيادا گۇناھى ئېغىرلار ئۇزاق مۇددەت دوزاختا يېتىپ كۆنۈپ كېتەرمىش . خۇددى جەننەتتە ياشىغاندەك ياشارمىش . سەنمۇ كۆنۈپ كېتىسەن . كۆنۈشتىن ئاۋۋال ساڭا باشقىچە تۇيۇلۇپ ئاغزىڭدىن چىقىرىپ سالساڭ ، بىر قولۇڭدا ئاغزىڭنى ، بىر قولۇڭدا كۆتۈڭنى تۇتۇپ ماڭىسەن . مەن بۇنداق ھەۋلى مونەك سېرىق بولغىنىم بىلەن مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئىلمي مۇدىرى . ئاكاڭنىڭ دېگىنىنى قىلساڭ ، زىيان تارتمايسەن...

يىغىن تۈگىدى . ھەممەيلەن تاراقلىشىپ ئون كۈن قوتاندا قالغان پادا يايلاشقا ئالدىرىغاندەك بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ ، بېقىنىدىشىپ ، چاقچاقلىشىپ ئىشىكتىن چىقىشتى . نۇرئېلى ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى ، قاسىم ئىسلام ئۇنىڭ بېغىشىدىن تۇتۇۋېلىپ ئولتۇرغۇزدى . ئۇنىڭغىچە شىياۋجاڭنىڭ ئايالى ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قاپاقلىرىنى سۇزۇپ :

— ۋايىيەي ، قاسىمئاخۇن ، نېمانچە بۇ بالىنىڭ بېغىشىنى تۇتۇۋالىلا سەتلىشىپ ؟ بۇمۇ ئەر كىشى جۇمۇ ، ۋاي جېنىم ، ئەجەب بىر كاللەك سەيدەك چوڭ بولغان بالىكىنە ماۋۇ ، ھى... ھى... ھى...

نۇرئېلى ئۆپكىدەك ئېسىلىپ ، قىزىرىپ كەتتى . قاسىم ئىسلام خۇشامەت بىلەن ھىجايدى :

— بېغىشىدىن تۇتسام نېمە بوپتۇ ؟ ئوغۇل بالا ئوغۇل بالىنىڭ بېغىشىدىن تۇتمىسۇن دەپ بەلگىلىمە يوقتۇ ، خەنگۈل ؟...

خەنگۈل قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن كالاچتەك كەلگەن ئاغزىنى يېپىپ تۇرۇپ تېخىمۇ قىيقاسلاپ كۈلۈپ چىقىپ كەتتى . قاسىم ئىسلام نۇرئېلىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ سادىرغوجا مۇدىرنىڭ شىرەسى يېنىغا كېلىپ ، گېپىدىن بۇرۇن بىرقانچە قېتىم بۇرنىنى

تارتىپ ھېجىيىۋېتكەندىن كېيىن :
— ھە··· ئەھە··· ھە··· ھى··· ھى··· ھى··· شىياۋجاڭ ، بۇ بالا ، ئۇكام ئىسمىڭ نېمە ئىدى ؟
نۇرئېلىنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كېلىپ ، قاسىم ئىسلامنىڭ كۆزىگە تىكىلدى . قاسىم ئىسلام دەررۇ سول كۆزىنى قىسىپ قويدى .
— نۇرئېلى ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ سەسكەنگەن ھالدا .
— ھە··· ھەئە . نۇرئېلى ، ئۆزى بەك تارتىنچاق بالا ئىكەن . ئەسلىي قايسى كونى ۋاسىل گەنسى شىياۋجاڭ بىلەن بىر قاتاردا سىلىنىمۇ قوشۇپ ئۆيىگە قىچقارماقچى بوپتىكەن ، ئاتىسى مەن سىنىڭ شىياۋجاڭنىڭ ئەر - خوتۇنغا مەخسۇس بىر پاقلىنىم بار ، ئۇ ئادەمنى خەق بىلەن شېرىك قىچقارمايمەن ، يېرىم - يارتا ئىش قىلمايمەن ، شىياۋجاڭغا مەخسۇس بىر پاقلىنىم بار ، دەپ ئۇنىماپتۇ . بۇنى سىلىگە تارتىنىپ دېيەلمەي باياتىن بېرى ماڭا دېدى .
«نېمىدەپ جۆيلۈيدۇ ماۋۇ كوسا ؟» نۇرئېلى ھەيران بولغان ھەم گويا بۇ گەپلەرنى ئۆزى قىلىۋاتقاندەك ئۇيالغان ھالدا قاسىم ئىسلامغا قارىدى .
— نۇرئېلىنىڭ ئاتىسى سايىمقارىكام خېلى ئادەمگەرچىلىكى بار ئادەم . تېخى سىلىگە ئاتاپ بىر كېچە مەشرەپ قىلىپ بېرىمەن دەپ يۈرەرمىش···
سادىرغوجا مۇدىرنىڭ مۇز يېغىپ تۇرغان تاۋۇز ئۇرۇقى قېشى ئاستىدىكى ئۇششۇك تەگكەن خوراز تاجىسى قاپىقى لىپىلداپ پولتىياڭغۇ كەلگەن قىزىل جىيەك كۆزلىرىنى كۆتۈردى .
— ھە ، مۇنداق دېگىن ! سەن ئۆزى سايىم تەخەينىڭ ئوغلىمۇ سەن ؟ خېلى مۇسۇلماندارچىلىقى بار ئادەم جۇمۇ ئۇ ! ئاتايىن ئاۋارە بولمىساڭلارمۇ ۋاسىلخان بىلەن بىللە قىچقىرىۋەتسەڭلار بولىۋېرەتتى . ئاتاڭنىڭ بۇنچىلىك ئىلتىپاتى بولسا ، يەنە ۋاسىلخان بىلەن بىللە ئولتۇرىمىز - دە !

— قاسىمئاخۇن، 1 - سىنىپقا ئوقۇغۇچى تىزىملاشنى تۈگەتتىڭلارمۇ؟

— ئازراق چالىسى قالدى، شياۋجاڭ.

سادىر غوجا مۇدىرنىڭ دەررۇ قاپىقى تۈرۈلدى.

— قانداق دېگەن گەپ بۇ قاسىمئاخۇن؟ بۇ ئون بەش كۈننىڭياقى تەلپىكىمدەك بار دادۇيدە بىر سىنىپ بالىلارنى تىزىملاپ بولمىساڭلار، ئۇنى قىل دېسە، تېخى ئاقتۇرالمىساڭلار، بۇنى قىل دېسە، تېخى ئاقتۇرالمىساڭلار، بىر ئىشنى تاپشۇرسا توشقاندەك ھىڭگىيىپ ئاز قالدى دەۋەرسەڭلار، سىلى بىلەن قانداق ئىشلەپ بولارمىز - ھە؟ ھۆرۈننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس، قەلەندەرنىڭ پەتىسى دەپ، سىلى ماۋۇ مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى، مەندىن قالسا، سىلى بار جۇمۇ ماۋۇ يەردە. قانداق دېگەن گەپ بولدى ماۋۇ...

— خاپا بولمىسىلا شياۋجاڭ، ئەتە تۈگىتىمىز...

— كۈن چىقمىسىمۇ كەچ بولىدۇ. ساقال چىقمىسىمۇ قېرىيدۇ جۇمۇ ئادەم! سىلى - بىز ئەمدى ياش جەھەتتىن خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدۇق. ئاغزىمىز بىلەن باشقا يەرنىڭ پەرقى بولسا بولىدۇ.

قاسىم ئىسلام قىزىرىپ كەتتى.

— شياۋجاڭ، ئەتە چۈشتىن بۇرۇن تىزىملىكنى سىلىگە تاپشۇرۇپ بولىمىسام نېمە دېسىلە دېسىلە. لېكىنزە، مۇشۇ ساقالنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا. جان ئالسىلىمۇ ساقالنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا... ھەممە ئادەمنىڭ سىلىگە ئوخشاش كۆڭلى بار، مەنمۇ خۇرجۇن - قاچىنىڭ گېپىنى قىلمىغاندىكىن!

سادىرغوجا مۇدىرنىڭ چىرايى دەرھال بوزاردى:

— قاسىمئاخۇن، ئۇنداق دېيىشىپ كەتمىسەك بولارمىكىن، — مۇدىر قاسىم ئىسلامغا بىرھازا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاغزىدىن شۇ گەپ چىقتى. قاسىم ئىسلام دەرھال ئىككى چىشلىق كېۋەزدەك ھىجايدى:

— مەنمۇ باشقا گەپ قىلمىدىم ، شىياۋجاڭ ، خاپا بولمىسىلا…

قاسىم ئىسلام شۇنداق دەپلا ، سادىر غوجا مۇدىرنىڭ ئەلپازىدىن ئەيمىنگەن ھالدا ، دەرھال كۆلكىگە زورلاپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئايىغىدىن چىققان توپا بوسۇغىدا قونا ـ قونماي سادىرغوجا مۇدىر ئاغزىنى بۇزۇپ ، ئۇنىڭ كەينىدىن بىرمۇنچىنى تىللىۋەتتى . ئاغزى قىزىپ كېتىپ بىرنەچچىنىمۇ تۆكۈرۈۋەتتى . گەپنىڭ سېسىقلىقىدىن نۇرئېلى بەدىنىگە چاققاق ئولاشقاندەك قىمىرلاپ ، ئولتۇرالماي قالدى .

— ھە ، ئۇكاموي ، مېنىڭ قول ئاستىمدىكى ئادەملەر ساپ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چۆل بىرنېمىلەر . ئەركەكلىرى غەيۋەتخور ، ئاياللىرى جېدەلخور . سەن بۇ نېمىلەرنىڭ گېپىگە ئارىلاشماي ، قۇلىقىڭنى يوپۇرۇپ ، ئۆز ئىشىڭنى قىلىۋەر ، پۇختا بول…

ئەسلي ئاچچىقىمدا سېنى بوسۇغا ئاتلاتماي ئارقاڭغا ياندۇرۇپ بېشىڭنىز باش ، پاقالچىقىڭنىز تاش بولسۇن غوجام دەپ ، يولغا سالاتتىم . بىرىنچىدىن ۋاسىلخاننىڭ يۈز ـ خاتىرسى . ئەڭ مۇھىمى شۇ ، مۇھىمى شۇ . ئادەمنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئۇ ئادەمنىڭ گېپىنى يىرغۇسى كەلمەيدىكەن . ئىككىنچىدىن ، ئۆزۈڭ پاكار ، كۆرۈمسىز بولغىنىڭ بىلەن خېلى دىتى بار چېچەن كۆرۈنىسەن . شۇڭا ئەپقالاي دەۋاتىمەن . ھەممىمىز مۇسۇلمان ئەمەسمۇ ، بىرەر ئادەمنىڭ كۆڭلىنىڭ سىرىقىنى كۆرۈشنى خالايدىغان گەپ . بۇ يەرگە ئېلىپ قالدىم . كېيىن ۋاقتانىۋاق كېلىپ ، بىز ھە دېگەنگە ھە بولۇپ ، دېگەن يېرىمدىن چىقىپ بەرسەڭ ، ئىز بېسىپ قالىسەن . ۋاسىلخانغا مانا مەن ئۆزۈم گېپىڭنى قىلىپ رەسمىيلەشتۈرۈۋالىمەن . ۋاسىلخان بىلەن گېپىمىزنى يىرىشمايمىز . ناھىيىدىكى ھەرقانداق چوڭ ساقال ، ئېچىق بېشىدىكى كالتە ساقال باشلىقلارمۇ ۋاسىلخاننىڭ گېپىنى يىرالمايدۇ . ۋاسىلخاننى خۇدايىم شۇنداق سۆزى ئۆتكۈر ، سورۇنى بار ، زوۋۇلىسى چوڭ ، قولى ئۇزۇن

يارىتىپتۇكى ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئوت چىقىدۇ . ھەممە ساھەدە ئۇنىڭ يۈزى چوڭ . قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن . ئۇ ئادەم ھەممىنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ ، بۇرنىدىن چىقالايدۇ . بىز ئىككىمىز ھەقىقەتەن يېقىنلاردىن ، شۇڭا ، سەن گۆدەك ، تېخى ئىش ئۇقمايسەن ، ماۋۇ يەردىكىلەرنىڭ ھە ـ ھۇسىغا كىرىپ كېتىپ ، ئاكاڭغا چالما ئاتساڭ ، مازارغا چالما ئاتقان بولىسەن !… قىسقىسى ، ئوبدان بولساڭ ، ئېشىڭنى يەيسەن ، بولمىسا بېشىڭنى ! ھە ، ماقۇل ، ھازىرچە ساڭا باشقا ياتاق ئورۇنلاشتۇرالمايمىز ، مەكتەپنىڭ ئىشچىسى ئابدۇرېھىمبەگنىڭ ياتاقخانىسىدا سۇپا بار . شۇ يەردە يات ! ھە ، سەن يېڭىدىن قوبۇل قىلىنىدىغان 1 ـ سىنىپنى ئوقۇتىسەن . ئەته بىر كۈن بىزنىڭ ئايالنىڭ سىنىپى — 3 ـ سىنىپقا كىرىپ ئايالغا ياردەملەشسەڭ ، ئۆگۈنلۈككە يېڭى بالىلارنىڭ تىزىملىكىنى بېرىمىز . تىزىملىك بويىچە بالا قوبۇل قىلىپ يىغىسەن .

سادىرغوجا مۇدىر شۇلارنى دەپ بولغۇچە ئاغزىدىن چاچراپ تۇرىدىغان تۈكۈرۈك ئالدىدىكى گېزىتنى يامغۇر تامچىلىغاندەك ھۆل قىلىۋەتتى . تۈكۈرۈكى ئانچە ـ مۇنچە نۇرئېلىنىڭ يۈزىگىمۇ چاچراپ تۇردى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ دورداي كالپۇكىنىڭ قىسىلچىقى سوپۇنىنىڭ ماغزىپىدەك سارغۇچ كۆپۈكلىشىپ كەتكەنىدى . نۇرئېلى گەپ قىلىشقا ئالدىراپ تۇرسىمۇ ، مۇدىرنىڭ گېپى ئۈزۈلمەي ، گەپ قىلسام گېپىمنىڭ بىلىگە تەپتى دەپ خاپا بولۇپ قالمىسۇن دەپ ، تۇرالماي قالدى . سادىرغوجا گېپىنى تۈگىتىپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ يەنە گېپىنىڭ ئايىغىنى ئۈزمىدى :

— تامىقىڭنى ئابدۇرېھىمبەگ بىلەن بىرگە قىلساڭلار بولىدۇ . ئۆزى ئوقۇمىغان تۈرۈك ھەم لايغەزەل . كوم ـ كوم ئاداش ئۇ ! ئەمما كۆمەچ كۆمۈشكە مۇشۇ دەگادا ئۇنىڭدىن ئۈستىسى يوق . يوبدان دەمدۇ ، چوڭقۇرچەك دەمدۇ ، مونەك دەمدۇ ، قوناق تامىقىنىڭ ھەممىسىنى ئېتەلەيدۇ . سەن كىچىك بولغاندىكىن ، ۋاي ئاكا دەپ ئالداپ ـ سىلاپ كېلىشىۋالساڭ ، تامىقىڭ ئىسسىق ، تەييار

بولىدۇ ھەم ساڭا ياخشى ھەمراھ ، ھە ، ئاغزىڭ گەپ يۇقى تۇرىدا ؟ نېمە دەيسەن ؟ — مۇدىر بۇرنىنى قىقىپ يوغان ئىلمەك بۇرنىدىن سوزۇپ چىقىپ تۇرغان قارا تۈكلەرنى يۇلغاچ ، ئىزىدا توختاپ ، نۇرئېلىغا قارىدى . نۇرئېلى قىزىرىپ ، دۇدۇقلاپ گېپىنى قولاشتۇرالماي قالدى .

— شىياۋجاڭ ، بۇ ئەمدى سىلى ماڭا كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلدىلا ، ياخشى نەسىھەت بەردىلە . مەن سىلى نېمە دېسىلە شۇ دەيمەن ، ئەمما… ئەممازە… مەن… مەن تېخى ئوقۇتقۇچىلىققا ئەمدى ئورۇنلىشىۋاتىمەن ، مەن تېخى سەل - پەل پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرەرىگە ئەگىشىپ شاگىرت بولسام ، بەش - ئالتە زاماندىن كېيىن سىنىپ تۇتسام دەيتتىم ، — دېدى . ئۇ گېپىنى قىلىپ بولغۇچە باش - كۆزىدىن تەر قۇيۇلۇپ بۇرنىمۇ قىنىغا كەلمەي قالدى . مۇدىرنىڭ يالاڭ قاپاق كۆزلىرى ئاچچىقتىن پارقىراپ كەتتى :

— ئۇكام ، بۇ يەردە ئۆگىنىدىغان نېمە بار ؟ قارىسام ئون يىل ئوقۇدۇم دەيسەن ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسىدىن جىق ئوقۇغىنى مەن . مەن 7 - سىنىپ ئوقۇغان . 4 - سىنىپ ئوقۇغانلارمۇ بالا ئوقۇتۇشتا تۇرۇمتايدەك كېتىۋاتىدۇ . مۇئەللىمىڭ سېنى قانداق ئوقۇتقان بولسا سەنمۇ شۇنداق ئوقۇتساڭ بولىدۇ . بۇ يەردە ئۆگىنىدىغان ھېچ ئىش يوق . خەپ ، ئىككىنچىلەپزە بۇ گەپنى ئاغزىڭغا ئالما ، ھازىر راستىنى دېسەم ، ھەممىمىز سەندىن قورقۇۋاتىمىز ، سەن ھەممىمىزدىن جىق ئوقۇغان . بىزنىڭ جىق يېرىمىزدىن ئېۋەن چىقىرارمىكىن دەيمىز ، ئەيمىنىمىز . بىز بۇنداق دەۋاتساق ، سەن ئۇنداق دېسەڭ ، تازا بىر گەپ - دە !… ئېلىپبەنى بىلىدىغانسەن . 1 - سىنىپ دېگەندە چوڭ ئىش يوق . شۇنى ئۆگەتسەڭ بولدى…

نۇرئېلى يەنە بىرنېمە دېمەكچىدى ، ئەمما مۇدىر قول شىلتىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلما ! دەپ ئىشارەت بەردى . ئۇ ئىلاجسىز مۇدىرنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى .

# 8

— ۋاھ، ئابدۇرېھىمباي، بارمۇ سەن. قوپەۋە ئادىشاۋاي، ئۆتتۈرۈۋەتكەن قىمارۋازدەك ئىشىكىڭنى دۈملەپ ئۇخلاۋېرىدىكەنسەن ئادىشاۋاي! قوپە زەڭگىۋاي، قوپە، ھەممە يەرنى كەندىر پۇرىتىۋېتىپسەن ئادىشاۋە! بوشراق چەكمەيسەن... بىر كۆن ئەمەس بىر كۆن، نۆر تەپەيەنگە بىر دەيمەن بىكار... ئاندىن ھەمرا يولداشقا ئوخشاش قولۇڭنى قارلىغاچ قانىتى قىلىپ بوغۇچلاپ ماڭغاندا، نەشە چەككەنگە تويۇپ، ۋاي بىلمەپتىمەن دەيسەن...

شالاقلاپ چۈۋۈق سېۋەتتەك بولۇپ قالغان ئىشىك بىرمۇنچە غىچىرلاپ، قارىداپ ئۇششۇك سويىمىسىدەك قورۇلۇپ قالغان، كۆرەك تۇماقنى قىستۇرۇپ ئۆرۈمە قىلىپ كىيگەن، قاپقارا ساقاللىق، ئوتتۇرا بوي، بىر پۈتىنى ئاياپ دەسسەيدىغان ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر ئادەم كوڭۈلداپ يۆتىلىپ ھەم ھېجىيىپ دېگۈدەك چىقتى. ئۇنىڭ ئىستىن سارغىيىپ قوڭۇر رەڭگە كىرگەن ھەم قارىدىغان ئۇدۇل ئاستىنقى چىشى ئارىسىدا بىر چىشى ئاق كۈمۈش بولۇپ، ئۇنىڭمۇ توۋى زەيلىكىنىڭ ئېچىلغان لېۋىدەك قارىيىپ قالغانىدى.

— ئۆھۆ... ئۆھۆ... خۇش شياۋجاڭ... ئۆھۆ... ئۆھۆ... خۇدايىم كۆڭۈللىرىگە ئىنساپ بېرەر... خۇدايىم مەندەك ياۋاش بەندىگە كۆڭۈللىرىنى كەڭرى قىلار...

— مانا... مانا ئۆزۈڭگە زىيان. ياش تۇرۇپ كۈسۈكقا چۈشكەن قانجۇقتەك كاڭشىيسەن. ئۆزۈڭگە زىيان ئاداش. چەكمە دېسە ئۇنىمايسەن. مەندىن ساق ئون بەش ياش كىچىكسەن. ھازىر قارىسا ھېچكىم مېنى سەندىن چوڭ دېمەيدۇ. بىز ھەقىقىي ئوغۇل بالا ـ دە، تاماكا چەكمەيمىز، ھېچبولمىسا چوڭ تاماكىنى بولسىمۇ تاشلىساڭ بولاتتى. بەتبەخت بەڭگىسەن. ئابدۇرېھىمباي، ئاچ قالساڭ رازىسەنكى، تاماكا چەكمىسەڭ تۇرالمايسەن. مەن تازا

ئويلاپ يېتەلمەيمەن . سېنى مۇشۇ ھۇنىرىڭدىن تەزدۇرىدىغان بىر ئەپچىل چارە تاپسام ، تاماكا چەككەننىڭ سازايى قىلسام ئوبدان بولاتتى…

— ھى… ھى… ھى… ئۆھۆ… ئۆھۆ… قانداق قىلىمىز ، شىياۋجاڭ ، ئۆگىنىپ قاپتىمىز . ئەسكىنىڭ ئوتى يامان دەپ ، تاشلىمىغىمىز تەس ئىكەن ، خۇدايىم كۆڭلىمىزگە ئىنساپ بەرسە ، بىر كۈنى تاشلايمىز .

ئابدۇرېھىمنىڭ ئارقىسىدىكى قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن ئاقۇچ ئىس تۈرۈلۈپ چىقىۋاتاتتى . ئاچچىق تېزەك تۈتۈنىدىن ئابدۇرېھىمباينىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇراتتى . ئۇ كۆزلىرىنى قاپقارا يىرىك قوللىرى بىلەن ئۇۋۇلاپ تۇردى .

— ھە ، بەڭگى ، مەن ساڭا ھەمراھ ئەكەلدىم . بۇ بىزگە يېڭى كەلگەن ئەپەندى . ئىسمى نۇرئېلى سايىم . سەن بىلەن بىرگە يېتىپ - قوپۇپ ئىشلەيدۇ .

نۇرئېلى بىلەن ئابدۇرېھىمئاخۇن قايتىدىن قول ئېلىشىپ سالاملاشتى . ئابدۇرېھىمئاخۇننىڭ قاپقارا يۈزلىرى تېخىمۇ بەكرەك قارىداپ كەتتى . ئەمما تېزلا ئەسلىگە كەلدى . مۇدىر يەنە سۆزلىدى :

— بىرنەنچىدىن ، بۇ يېڭى ئەپەندىمىزگە بەڭگىلىكنى ئۆگەتمەيسىلە ؛ ئىككىنەنچىدىن ، بوزەك ئەتمەيسىلە ؛ ئۈچىنەنچىدىن ، ماۋۇ ئىشىكتىن چىقىۋاتقان تۈتۈننى موردىن چىقىرىسىلە . مەن ھېچ بىلمىدىم . يەتتە يىل ئوتۇنچى بولغان ئادەم دوپپىسى يەرگە چۈشۈپ كەتسە ئالغىلى خۇشياقماس بولۇپ قالىدۇ ، دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ . موراڭلىنى سۈپۈرۈۋەتكىلى خۇشياقماي پاتاس بىلەن تېزەكنىڭ تۈتۈنىدە ئولتۇرىۋېرىدىكەنسىلە ، تۈتۈنغۇ سىلىنىڭ ئون سەككىز يىللىق قەدىناسىڭلار . شۇنداق بولسىمۇ ، ئوچاققا قالىغان پاتاس تېزەك تۈتۈنىنىمۇ ئىچىمگە تارتىمەن دېسەڭلا ، باشقا پايدىسى يوق . بالدۇرراق قارىغۇ بولۇپ ، پاتراق ئۆلۈشكە پايدىسى بار…

ئابدۇرېھىمئاخۇن يەنە ھىجايدى .
— لىللا گەپ قىللا ، شياۋجاڭ . راست دېدىلە . تۈزىتەي ، زادى تۈزىتەي . ئەمما ، لېكىنزە ، بۇ ئەپەندى بالا بۇ يەرنى ياراتماسمىكىن . مەن بىر ئوتتۇنچى ، بۇ بالا ئەپەندى . مەن يېتىپ قوپقان يەرنى بۇ بالا ياراتماسمىكىن ؟
مۇدىرنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى :
— چىك... ئاھاي... ياراتماي نېمە بوپتىكەن . سەن دەپ باقە جۇۋا ئېغىز بەڭگى . ئەمىسە ، مەكتەپنىڭ قەيەردە ياتقۇدەك يېرى بار ؟ ئىشخانىدا ياتامدۇ ، سىنىپتىمۇ ياكى مېنىڭ ئۆيۈمدىمۇ ؟...
— ۋاي شياۋجاڭ ، خاپا بولمىسىلا ، ئەمدى شۇ ، مۇنداق دەپ ساپتىمەن ، ئەمدى شۇ...
— نېمە ئەمدى شۇ تەخەي ئېشەكنى ئەمدىما . ئەمدى شۇ دەۋەرمەي ماۋۇ بالا ياتقۇدەك يەر راسلا ئاداش .
سادىر غوجا مۇدىر شۇنداق دەپ قولىنى بىر شىلتىپ ، نۇرئېلىغا بىر قاراپ قويۇپ ، قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ يۇمشاق بوجۇق توپىنى توزىتىپ مېڭىپ كەتتى .
— دۇنيادا ئىككى مەرەز كاس ـ كاس بولسا ، بىرى مۇشۇ ئادەم . كۆڭلىدىكى گېپىنى دەپ بولغۇچە گەپنىڭ بېلىگە تېپىپ ، ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىدۇ . ئىچىدە توڭگۇز قاترايدۇ بۇ جوھۇتنىڭ ! ئۆزىنى خۇددى ئەرشىئەلادىن چۈشكەندەك چوڭ تۇتۇپ ، دۇنيادا ئۆزۈمدىن چوڭ ئادەم يوق ، دەيدۇ . توخۇ پوقىلىقىدىنمۇ بۇرنى قۇلىقىغىچە ئىچىدۇ . قېرى جوھۇت ! — ئابدۇرېھىمئاخۇن مۇدىرنىڭ كەينىدىن بىرمۇنچە تىللاپ غودۇرىغاندىن كېيىن ، نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان نۇرئېلىغا قاراپ تۇرۇلگەن قاپاقلىرى سەل ئېچىلىپ ئوڭايسىز بىر ھىجايدى :
— ئوكام ، كۆردۇڭمۇ ماۋۇ ئىپلاسنىڭ ئىشىنى ! بىر ئەپەندىنى مەكتەپتە ئۆينىڭ شۇنچە كەڭرىسىدە مەندەك بىر ئوتتۇنچىنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرغىنىنى ! گەپلىرىم ساڭا

تەگمىسۇن ، كىرىپ كۆرۈپ باق . بۇ يەر ساڭا لايىقمۇ ، ئەمەسمۇ ؟ ئۆزۈڭ كۆر . ئۇ قېرى جوھۇت ئادەم بولىدىغان بولسا ، بەش بالىسى بىلەن خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ ، ئۆزىنىڭ قىزىدەك خوتۇنىنى ئېلىپ بۇرنى قۇلىقىغىچە ئىچىپ ئولتۇرامدۇ ؟ ئەلۋەتتە ئۇمۇ ئادەم بولغاندىكىن ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىززىتىنى قىلسا ، ئۆزىمۇ ھۆرمەت تاپامدۇ ؟ سۆزلەڭ دېسە ، ماركستەك سۆزلەيدۇ ، ئەممازە ، مۇشۇنچىلىك ئىشلارغا كاللىسىنى ئىشلەتمەيدۇ ، ئۆتۈپ كەتكەن لامزەللە قاپاق . مانا كىرە ، كۆرە تاللىۋال . مۇشۇ ئۆينىڭ ياتقۇدەك يېرىنىڭ ئەڭ بەلەن يېرىنى سەن تاللىۋال ، قالغىنى ماڭا...

نامازشام ۋاقتى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ چوڭ ئۆي (ئەسلى سىنىپ بولۇشى مۇمكىن ) بولغاچقا ، دېرىزىسى خام كېسەكتىن ئېتىۋېتىلگەچكە ، ئۆي قاراڭغۇ ئىدى . ئابدۇرېھىمئاخۇن ئاۋۋال كىرىپ كىچىك دورا شېشىسىدە ياسىۋالغان كىرسىن چىرىغىنى ياندۇردى . چىراغ پەقەت ئۆزىنىڭ ئەتراپىنى غۇۋا يورۇتالىدى . تېزەك ، شادا ، پاتاسىنىڭ ئاچچىق تۇتۇنى نۇرئېلىنىڭ كۆزىدىن ياش چىققۇچە يۆتەلدۇرۇۋەتتى . ئۇ بىرھازا كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن قايتا كىردى . ئۆيدىن زەي ، چىلە ـ قىغ پۇرىقى ، يەنە سېسىغان سامان پۇرىقى كېلەتتى . بۇ ئۆي خېلى چوڭ ئۆي بولۇپ ، ئۆينىڭ يېرىمىغىچە سۇپا سېلىنغان ، سۇپىنىڭ جەنۇب تام تەرىپىگە بۇغداي پالىڭى ئۇستىگە ئۆتمىتۆشۈك بىر كىگىز ، بىر ئۆڭ جۇۋا ، بىر چىت يوتقان ، بىر توپا باسقان قۇراق تەكيە قويۇلغان . سۇپىنىڭ شىمال تام بۇرجىكىگە تام تورۇسىغىچە تاقاشقان سامان دۆۋىلەكلىك ئىدى . جەنۇب تام تەرەپتىكى سۇپا بېشىغا چاپلاپ بىر تام مەشلىك ئوچاق سېلىنغان بولۇپ ، تام مەشىنىڭ بۇلۇڭىغا بىر كونا ياماق خالتا ، بىر بېشى يىرتىلىپ كەتكەن كونا ئۇجمە كاساڭ ، بىر پۇچۇق چىنە ، بىر ئاياق ، بىر سۇپرا بىلەن تاختا ـ نوغۇچ قويۇلغانىدى . ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە يوغان بىر پۇچۇق داش قازاندا كالىنىڭ ئېشىپ قالغان يىرىك

ھەلىپى تۇراتتى. مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ سەل بېرىسىدە، كالىنىڭ كونا ـ يېڭى تېزەكلىرىگە چاپلىشىپ مەلەق بولۇپ كەتكەن شادا پاتاق سامان، پىچان كۆدىلىرى چېچىلىپ ياتىدۇ. چوڭ داش قازاننىڭ يېنىدا ئۈستى يېرىلغان ھەم قالپاق يېنىپ كەتكەن بىر جىگدە قوۋزىقى تۇراتتى. نۇرئېلى بىر قاراپلا بۇ يەردە كالا ياتىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى.

— مانا ئۇكام، كۆردۈڭ! سېنى ئۆزۈمدىن قاچۇرغانلىق ئەمەس، بۇ يەر ھەم ئېغىل، كالا ماخوسى، ھەم ئوت ـ سامانخانا؛ ھەم مېنىڭ ياتىدىغان، ھەم تاماق ئېتىپ يەيدىغان ئۆيۈم!...

ئۇ ياغاچ چۆمۈچتە ئوچاقتىكى كىچىك چويۇن داشقاندا قايناۋاتقان ساپسېرىق دۇگىلەك ـ دۇگىلەك چوڭقۇرچەكنى تازا بىر قوچۇپ مالتىلىۋەتكەندىن كېيىن، كىچىككىنە سۇيىنى ئېلىپ ئوتلاپ باقتى. بۇلۇڭدىكى كونا باش ياغلىقىنى كۆتۈرۈۋىدى، ئۈچ ئاچىماق قوزۇقا دەسسىتىلگەن تۇزلۇق قاپىقى كۆرۈندى، تۇزلۇق قاپاققا ئاپئاق تۇز قېتىشلىرى ئورنىشىپ، خۇددى قىرى موماينىڭ بېشىغا ئوخشىشىپ قالغانىدى. ئابدۇرېھىمئاخۇن كىچىك تۇزلۇق نوگاينى قاپاقنىڭ ئىچىگە تىقىپ بۇلدۇقلىتىپ تۇز ئالغاندىن كېيىن، پىتىقلاپ قايناۋاتقان ئاشقا كولدۇرلىتىپ قويدى. قايناۋاتقان ئاشتىن چامغۇر، كاۋا، يۇمغاقسۇتنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى.

— رەزگى كاسكا! كاسىلداۋېرىپ ئاش قايناۋېرىپ ئېزىلىپ ئۇماچ بوپتۇ... كۆردۈڭ ئۇكام، كۆڭلۈڭ كۆتۈرسە، مەن بۇنداق كۆرۈمسىز بەڭگى ئوتۇنچى بولغىنىم بىلەن قىزغانچۇق ئەمەس. بىللە ياتىمىز. قارىسام سەن بالىلىق قىپسەن، ئۆيۈڭلاردا ئانچە ـ مۇنچە ئۆيگە كەلگەن بالا ـ قازاننىڭ ھەققىدە نەزىر بېرىدىغانسىلە، شۇ نەزىرنىڭ ئورنىدا، بۇ ئىتقا بىر قازان يۇندى قايىنتىپ زۇۋانىغا ئۇرغان بولساڭلار، سېنى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرمايتتى. ھېلىمۇ شۇنداق قىلساڭ، باشقىدىن ئورۇنلىشىسەن. بايا قول شىلتىپ كېتىشى، مېنىڭ ئۆيگە كىرسىلە دېمىگىنىمگە بوخسۇپ

كەتكىنى . بىر قاچا چوڭقۇرچەك دېگەن بىر مەكتەپنىڭ شياۋجىڭى ئۇچۇن قانچىلىك نېمە؟ ئۇ ئادەم مەيلى ئۇماچ بولسىمۇ ئالدىغا داستىخان سالماي ئەكەلسىمۇ خۇش بولۇپ ئىچىدۇ . ھەممىنى تەمە قىلىدۇ . ھازىرچە مەن بىلەن يېتىپ تۇر . قالغىنىنى كېيىن ئوڭشىۋالارسەن . كېلە ، ماۋۇيەردە ئولتۇر . ئاۋۋال تائام ، ئاندىن كالام دەپتىكەن . ئاۋۋال ، ھە ، راست ، چوڭ بولۇپ چوڭقۇرچەك ئىچىپ باققانمۇ؟ سورىمايلا داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ كېتىپتىمەن . بىز قارا دولانلار شۇنداق تۇز ، ساددا كېلىمىز ، بارنى ئايىمايمىز .

— مەنمۇ كۆزىڭىزگە باشقىچە كۆرۈنۈۋاتىمەنمۇ؟ مەنمۇ دېھقان بالىسى ، چوڭقۇرچەك ئىچىپ چوڭ بولغان .

— سەن دولانلىقمۇ؟

— ھەئە ، بىز كونا دولان . ئاتا دەيمىز .

— ھە ، ئۇنداق بولسا ئوخشاش ئىكەنمىز . كونا دولانلار بىلەن كېيىن كەلگەنلەرنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇچۇ ھازىر . ئارىلىشىپ كەتتى . مەن مانا تېگى ـ تەكتىمىزدىن ، قەدىمدىن قەدىم مۇشۇ يەردىن . بىزنى ئۇرۇشۇپ قالساق ، مۇغاللار دەپمۇ تىللىشىدۇ .

— بىزمۇ شۇ ، — دېدى نۇرئېلى كۆڭلى ئېچىلغان ھالدا .

— كېلە ، ئۇنداق بولسا ئاۋۋال قورساقنى خۇيلىۋېلىپ ، ئاندىن ساڭا ئورۇن راسلايمىز .

نۇرئېلى يۇمشاق پالاڭ ئۇستىگە سېلىنغان كونا كىگىز ئۇستىگە چازا قۇرۇپ ئولتۇردى . ئابدۇرېھىمئاخۇن كىردىن رەڭگىنى يوقاتقان يىپ باش ياغلىقنى نۇرئېلىنىڭ ئالدىغا سېلىۋېتىپ :

— ئۆي ـ ئوچاقلىق بولمىغاندىكىن ، مۇشۇنداق بولىدىغان گەپ··· بۇنى بۇرۇنقى ئاقۋەللىك ئاشنام تۇخۇم ، قۇيماق چىگىپ ئەكەپتىكەن ، باش رومال بولسىمۇ داستىخان قىلىۋالدىم ، زاڭلىق قىلما ئوكاموي ! — دەپ كۈلدى .

— نېمىشقا زاڭلىق قىلىمەن ؟ ئاقۋەللىك ئاشنىڭىزنى بۇرۇنقى

دەۋاتىسىز ، ھازىر ئاشنا ئەمەس ئوخشىمامسىز ؟
— ھازىر ماۋۇ داۋزا توغراقلىق بىر ئاشنام بار . ئاقۋەللىكىنىڭ مەنىدىن باشقا يەنە ئىككى ئاشنىسى چىقىپ قىلىپ ، ئالە ئىت گۆيلار ، دۇنيادا سەن تېپىلماسنىڭ خورمىسىمىدىك دەپ تاشلىۋەتتىم . سەن ئاشنى ئىچىۋەرگەچ تۇر . بىر ئاياق ، بىر چىنەم بار . ئاياقتا ئۇساي دېسەم كۆڭلۈم قويمىدى ، چىنەم پۇچۇق بولسىمۇ كۆڭلۈم پۈتۈن .
— چاتاق يوق ئاكا .
ئابدۇرېھىمئاخۇن ھور چىقىپ تۇرغان چوڭقۇرچەكنى نۇرئېلىنىڭ ئالدىغا قويۇپ بولۇپ يەنە ئېلىۋالدى :
— توختا ، سەن قارىسام ئۆيلەنمىگەن ئوخشىمامسەن ؟
— ياق تېخى ، ئاكا ، — دېدى ئۇزارتقان قولىنى ياندۇرۇۋېلىپ ئۇ .
— ئەي ، بولماپتۇ ، بولماپتۇ . ئۆيلەنمىگەن بالا پۇچۇق چىنىدە ئاش ئىچسە ، يامان بولىدۇ . تاس قاپتىمەن جۇمۇ ! — ئابدۇرېھىمئاخۇن ئاشنى تام مەش ئۈستىگە قويۇپ ، ئۆزىنىڭ ئايىغى بىلەن ياغاچ قوشۇقنى چايقاپ ئاش ئۇستى .
— قانداق يامان بولىدۇ ، ئابدۇرېھىمكا ؟ مەن ئاڭلىمىغان گەپ ئىكەنغۇ بۇ ؟
ئابدۇرېھىمئاخۇن ئاياقنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇۋېتىپ :
— قانداق يامان بولاتتى ئۇكام ، ئالغان قىزىڭ قىزىل چىقماي ، ئاق چىقىپ قالىدۇ . ھا... ھا... ھا... دىققەت قىل ، جۇمۇ ، ئوغۇل بالا دېگەن ھەرقانداق يەردە پۇچۇق تاۋاقتا ئاش ئىچمەيدۇ .
ھەر ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى .
— قىزىق ئىكەنسەن جۇمۇ ئابدۇرېھىمكا ، راست دىققەت قىلمىسام بولمىغۇدەك ، — دېدى نۇرئېلى .
— سەن ئاشنى ئىچكەچ تۇر . مەن كالىنى ئەكىرىۋېتەي ، بۇ كەمدە خەقتە ئىنساپ قالمىدى . قورساق تويمىغاندىكىن ، ساق

ئادەممۇ ئوغرى بولۇپ كەتتى . ھېلى قويغان نېمە ھېلى يوق ، ھازىر خەق ئوغرىلىغىلى بىر نېمە تاپالمىسا ، ئۆزىنىڭ تامبىلىنى ئوغرىلايدۇ . بۇ ئەتراپنىڭ ئوغرىلىرى يامان . شۇڭا كالىنى بېشىمغا باغلاپ ياتىمەن . سامىنىنغۇ يېنىمدا قويدۇم .

— ھازىر ھەممە يەردە ئوغرى يامان بولۇپ كەتتى .

ئابدۇرېھىمئاخۇن چىقىپ كەتتى . ئەسكى ئىشىك بىرمۇنچە غەلۋە بىلەن ئۈنى ئۇزاتتى . ھارغانلىقتىن پۇت - قوللىرى سىرقىراپ كەتكەن نۇرئېلى بىر ئاياق ئاشنىڭ يېرىمىنى ئاغزى كۆيگىنىگە قارىماي شالاپلىتىپ ئىچىپ بولدى . ئاشنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ، ئاغزىغا ئىس تېتىدى ، ئۇ بوغچىسىدىن ئانىسى قېتىغا قوينىڭ قۇيرۇقىدا قىيما قىلىپ سېلىپ يېقىپ بەرگەن ئاق سۇزۇك قوناقنىڭ زاغرىسىدىن ئىككىنى ئېلىپ داستىخان ئۈستىگە ئوشتۇپ قويۇپ ، چوڭقۇرچەككە تۇگۇرۇپ يېيىشكە باشلىدى . ئابدۇرېھىمئاخۇن چوڭ بىر ئالا پاقالچاق قوڭۇر كالىنى ھەيدەپ كىردى . كالا پۇشۇلداپ ئالدىرىماي كىردى .

«چۇ - چۇ ، مىس - مىس شۇمەك...»

ئابدۇرېھىمئاخۇن كالىنى قوزۇققا قىسقا قىلىپ باغلىدى .

— ھە ، سېنى ئوغرى خام كاۋاپ قىلىپ يەۋېتەمدىكىن دەپ كېچە - كۈندۈز يۈرىكىم سۇ ، ۋاي - ۋۇي ، ئانىسىنىڭ ھەققىدە ئۆي بەك دىمىق بولۇپ كېتىپتۇ ، ئىشىكنى ئېچىۋېتەيلى . جەددال كېلىپ تارتىپ ئاپىرىپ ئىشىكنىڭ قۇلىقىغا تىقىۋەتمىسۇن ، خۇدايىمنىڭ ھەققىدە !...

ئابدۇرېھىمئاخۇن ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ ، تام مەش ئۈستىدىكى قارا - قۇرا چۆشۈپ يۈزى نېپىز بىر قەۋەت قايماق باغلىغان ئاشنى قولىغا ئېلىپ كېلىپ سۈپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى .

— ۋاي ، دوستۇمنىڭ بەرگىنى خۇدانىڭ بەرگىنى ، ئاقسۇزۇكنىڭ گۆش نېنى . مەنمۇ يەيدىغاندىمەن - ھە ، ئۇكام ، — ئابدۇرېھىمئاخۇن قاچىنى داستىخانغا قويۇپ ، قېنىغا پاتمىغان ھالدا زاغرىنى ئېلىپ موكۇلدىتىپ يېدى .

— ئەلۋەتتە، يېمەيدىغان گەپ بولامدىغان!
— ئاپلا، بوپتۇ، ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ دەپ، بىسمىللا دەپ ئىچىشنى ئۇنتۇپتىمەن. شۇڭا ئوتۇنچى باي بولمايدۇ. ھەرئايدا مۇشۇ مىس ـ مىستا تۆت قېتىم خېنىياغا ئوتۇنغا كىرىمەن. بىرىدۇ قىرىق ئىككى كوي، ئۆزۈم ئوتۇنچى، قالايدىغىنىم تېزەك بىلەن پاتاس. ھە، ئۇكاموي، سەن ئۆزۈڭ قانچە يىل ئوقۇدۇڭ؟
— ئون يىل.
— تازا ئوقۇپسەن، ئون يىل ئوقۇپ ئاران ئەپەندى بولدۇڭمۇ؟ بىزنىڭ بۇ مەكتەپتىكى ئەپەندى ـ خانىملارنىڭ ئىچىدە 2 ـ سىنىپ ئــوقۇغانلىرىمۇ بار، مەسىلەن، شياۋجاڭنىڭ ھېلىقى ياسانچۇقى خــەنــگۇل ساۋاتسىز ئىدى، شياۋجاڭ بىرنېمە قىلىپ ساۋاتىنى چىقىرىپلا، خانىم قىلىۋالدى. ھازىر 3 ـ سىنىپ ئوقۇتىدۇ. ھالى ھەممىدىن يامان، ئەممازە، كۆڭلى پەس كاساپەتنىڭ! ئاڭلىسام، شياۋجاڭ دەپتىرىگە يېزىپ بەرگەننى ئەتىسى بالىلارغا كۆچۈرۈپ بــېــرەرمــىــش. ئۆتــكــەنــدە بــىــر قــېــتــىــم بىر ھېسابنى تەتۈر كۆچۈرۈپتىكەن، بىرمۇنچە شاڭخوغا قالدى. سەن ئۆزۈڭ قانچە پۇل ئايلىق ئالىدىغان ئەپەندى بولدۇڭ؟
— ئون سەككىز كوي.
— ۋاھــاي، ئــوخــشــاش ئىكەنيا؟ مەن تېخى جىق ئوقۇغان ئەپەندىگە جىق، ئاز ئوقۇغان ئەپەندىگە ئازراق مائاش بېرەمدىكىن دەپتىمەن، — ئۇ سۆزلەۋېتىپمۇ قاچىدىكى ئاشنى ئىككى سۈمۈرۈپلا ئىچىپ بولدى. زاغرىنىمۇ تۆت چىشلەپ بىرنى تۈگەتتى.
— ئاقسۆزۈكتىن يەنە يوقمۇ؟ ئاناڭ ياققان نان ئىكەن ـ ھە؟ قولى تەملىك ئىكەن، شۇنداق تاتلىق نان بوپتۇ.
— يەنە بار.
— بولسا ئالە يەنە بىرنى! دولاندىن پىخسىق چىقمايدۇ، چىقسا يــوقــى تــالادا قــالسا قورسىقى ئالتە ئاي ئاغرىيدۇ دەپ، سەنمۇ زاغراڭغا چىدىمايۋاتامسەن؟ ھە، بولدى، بىرنى دېسەم ھەممىسىنى ئالدىڭغۇ؟ قارنىم يامان بولغان بىلەن يەنە بىرنى يېسەم تويىمەن.

قورسىقىم تويغاندەك قىلىدۇ ، ئەمما كۆزۈم تويمايۋاتىدۇ . سەن شۇنچە ئوقۇپ يەنە ئون سەككىز كوي ئالىدىكەنسەن ، مەن ھېچ بىلەلمىدىم . ئەپەندىنىڭ قاندىقى جىق پۇل ئالىدۇ ؟

— دۆلەت شتاتىدىكىسى جىق ئالىدۇ .

— سەن دۆلەت شتاتى ئەمەسمۇ ؟

— ياق .

— ئەمىسە ، نېمە شتات ؟ شتات - پىتات دېگەن نېمە ئۇ ؟ گېپىمۇ جىق ھۆكۈمەت ئىكەن بۇ ! ئۆلمىسەم ، تېخى خېلى - خېلى ئىشلارنى كۆرۈپ ، ئاتام - ئانام ئاڭلىمىغان گەپلەرنى ئاڭلايدىغان ئوخشايمەن . قانداق بولسا ھېلىقى شتاتقا ئۆتكىلى بولىدۇ ؟

— يەنە ئوقۇسا ، مەسىلەن ، قەشقەر ، ئۈرۈمچىلەردە...

— ۋاي ، ئـاغـزىغا پىياز يەي . بۇمۇ ئاسان ئەمەس ئىكەن دېگىنە . مەن ئۇ شەھەرلەرنى ئاڭلىغان . بەك چىرايلىقمىش . خۇدا پېشانەڭگە پۈتكەن بولسا ، باراسەن . ئوقۇپ جىق پۇل ئالىدىغان شتاتلىق ئەپەنـدى بـولارسەن . سېنـىڭ ئاشـناڭ بـارمـۇ ؟ بار - ھە . بولماي قالامتى . مەن سەندەك چېغىمدا تازا ئاشنا ئويناپ ، قـىـز بالا دېگەننىڭ بىر كۆزىدىن قان ، بىـر كـۆزىـدىن يـاش چىقارغان...

— بار .

— ئۇ خېلى چىرايلىقمۇ ؟

— يامان ئەمەس .

— ئـويـنـاپ تـاشـلايـدىـغان ئاشناڭمۇ ياكى ئاخىر خوتۇن قىلامسەن ؟

— خوتۇن قىلىشقا قەسەم قىلدىم .

— ئـاپـلا سويمەك ، قەسەم قىلمايدىغان ئىش ئىدى . خۇدا رىزقىڭ قوشۇلسا خوتۇن قىلىدىغان گەپ ، بولمىسا باشقا . قەسەم قىلغاندىكىن چاتاق . قەسەم قىلغاندىكىنلا قىز بالا پىسكىيىپ جىم تۇردى دېگەن گەپ ، پەيلى شەيتان ، ئىش تۇگىدى . شۇنداقمۇ ؟ نۇرئېلى پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى . ئابدۇرېھىمئاخۇن يانپېشىغا

شاپىلاقلىدى .

— ئــاپلا ، ئەمدى بولماپتۇ . مېنىڭ دېگىنىم بوپتۇ ـ دە ، كاساپەت . ئەمدى ئۇنى ئالما ، هارام ، خوتۇن قىلىپ ئالساڭ هارام بولىدۇ . تۇتقان ئۆيۈڭ ، تاپقان ۋەجەڭ ، تاپقان بالاڭ ئاشۇ خوتۇن بــىــلــەن بــولغان ئىشىڭنىڭ هەممىسى هارام . ئالىدىغان خوتۇن دېــگــەننى نىكاھتىن كېيىن ئاندىن بىر گەپ بولمامدۇ شەيتان ؟ ئــەمــدى ئــالمىساڭ بولىدۇ ، ئالدىڭمۇ ، گۇناھ ئۈستىگە گۇناھقا بــوغــۇلــســەن . شەيتان ـ دە ، شەيتان !··· بوپتۇ ، دۇنيادا قىز ئــازمــىــدى ، ئــۇنى ئالمىساڭلا بولدى . كاساپەت ، چوكان ئەرگە تېگىدىغان بوپتۇ ـ دە . بوپتۇ ، تەلىيى باردىن بىرى ئالار . سەن سىرىق تۇك سويمەك ئاڭلا ، كۆڭلۈڭدە ئالىسەن ، مۇشۇ ماڭا ئاش بــولــىدۇ دېگەن خوتۇننى ئۇنداق قىلمايسەن . بىز ئۇيغۇر خەقتە ئۇنداق گەپ يوق . ئۇنى ئۇبدان ساقلايسەن . ئىچ پۇشۇقى دېگەن باشقا گەپ ، مانا مەن جۇغى جەمئىي ئون بەش خوتۇن ئالدىم . بىرى بىلەن ئۆي ـ ئوچاقلىق بولالمىدىم···

نۇرئېلىنىڭ كۆڭلى غەش بولدى . هارام دېگەن نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق گەپ ! توڭگۇز ، ئېشەك ، چاشقان ، ئىت ، مۇشۇك — بۇلارنىڭ هەممىسى هارام . ئاشۇنداق بولسا قەمبەرنىسا بىلەن توي قىلسا ئۆزلىرى تاپقان بالىلىرى هەممىسى هارام ، ئاشۇ توڭگۇزلارغا ئوخشاش هارام . هەممىسى هارام بولۇپ كېتەمدۇ ؟

— ئۇ كاساپەت ئاشناڭغا راسا كۆيىدىكەنسەن جۇمۇ . غەمگە چــۆكــۈپ ئولتۇرۇپ كەتمە . كېيىن بىر گەپ بولىدۇ . سېنىڭ يېشىڭدىكى كۆيۈك دېگەن ئوت ـ سامانىنىڭ تۇتۇرۇقىدەك كۆيۈك . ئەمما ئۇنتۇلمايدىغان كۆيۈك . كېيىن بىردەمدىلا ئۆچىدۇ ، بولدى . غەم قىلما ، خۇدا ئۆز يولىغا سالىدۇ . بۇ ئىشلار دېگەن ئويلاپ باشقا ئــاچــىــقــىلى بولىدىغان ئىشلار ئەمەس . كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇپ قالدى . مەن ساڭا ئون بەش خوتۇنۇمنىڭ گەپلىرىنى دەپ بېرەي ، ياتقاچ ئاڭلا .

ئــۇلار داســتــىخــانــغا دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن ، ئىككىسى

نۇرئېلىغا ئورۇن راسلاشتى. سامانىنى تام تەرەپكە تېخىمۇ ئۆرىدەپ قىستىدى. ئاچچىق، پىخسىق پۇراق دىماغنى شوخىدەك تاتىلاپ نۇرئېلىنى راسا يۆتەلدۈردى. ئابدۇرېھىمئاخۇن يۆتىلىپ تۇرسىمۇ پەرۋاسىز سامانىنى بىردەمدە ئۆرىدەپ، سۇپىنى خېلى كېڭەيتتى. بىر قۇچاق سامانىنى يېيىتىپ ئۈستىگە نۇرئېلىنىڭ يوتقان-كۆرپىسىنى سالدى. ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ، ھەر ئىككىسى ياتتى.

— مەن جەمئىي ئون بەش خوتۇن ئالدىم. بۇنىڭدىن يەتتىسىنى قىز ئالدىم، تۆتى ساق چىقتى، قالغىنى ئاق...

ئىشىك قېقىلىپ غىچىرلاپ كەتتى.

— ھاي-ھۇي، نۇرئېلى، ئابدۇرېھىمباي؟ توخۇغا ئوخشاش نامازشامدا قونداققا چىقىپ بولدۇڭلىمۇ؟

— ھە، بىز يېتىپ بولدۇق ئاداش، گېپىڭ بولسا ئەتە قىل.

ئابدۇرېھىمئاخۇن شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپ بولۇپ، پەس ئاۋازدا:

— قاسىم ئىسلام دېگەن سۇخەنچى بۇ، ئانىسى تالاق، ئادەمگە ئارام بەرمەيدۇ... — دېدى.

— نۇرئېلى، قوپە ئۇكاموي، بۇ بەڭگى مۇشۇنداق بىردەمدە ئۇخلايدۇ. باللار تاماق ئېتىپتىكەن، ھەرقاچان غورىگىل سەن.

— بولدى ئاۋارە بولماڭ قاسىم ئاكا. ئابدۇرېھىمكامنىڭ تامىقىغا شېرىك بولدۇم، قورساق تويۇپ كەتتى.

— ئەمدى شۇنداق بولسىمۇ، ئاتايىن قىچقارغىلى چىقتىم، كۆڭلۈمنى قايتۇرما!

— چىقە ماڭ، بۇ سالجا بىر چاپلاشسا ئاجرىمايدۇ، — دېدى ئابدۇرېھىمئاخۇن. نۇرئېلى كىيىملىرىنى كىيىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— يۈرۈڭا ئابدۇرېھىمكا، بىللە چىقايلى، — دېدى نۇرئېلى.

— ماڭمامسىلە ئابدۇرېھىمباي؟

— ھە، بولدى، مەن تولا چىققان ئۆي. چىقسام قوغۇنلۇقنىڭ يولى، چىقماي...

— يۈرۈڭ دەيمەن، — دېدى نۇرئېلى.

— بولدى زورلىما ئۇكاموي ، چىلىم تارتقۇسى كەلدى بۇ بەڭگىنىڭ ، — دېدى قاسىم ئىسلام .

— تاپتىڭ ئانىسى تالاق ، — دەپ يۆتەلگىنىچە قالدى ئابدۇرېھىمئاخۇن . قاسىم ئىسلام بىلەن نۇرئېلى ئىشىكنى يېپىپ كېتىپ قالدى .

## 9

قاسىم ئىسلامنىڭ يېرىم كېچىگىچە قىلغان تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىرى ، غەيۋەتلىرى ، قاقشاشلىرى ، شىكايەتلىرى نۇرئېلىنىڭ كاللىسىنى قىزىتىپ مېڭىسىنى قوچۇۋەتتى . قايتىپ كىرگەندە ، ئۆينى كەندىرنىڭ پۇرىقى بىر ئالغان بولۇپ ، ئابدۇرېھىمئاخۇن خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . نۇرئېلى يېتىپلا ئۇخلاپ قالارمەن دەپ ئويلىغۇدى ، ئۇنداق بولمىدى . ئۇ توخۇ چىللاپ ، ئېشەك ھاڭرىغانغا قەدەر ئۇخلىيالمىدى . بىر ـ بىرىدىن كۆڭۈلسىز گەپلەر ، ئىشلار ، بەزىسىگە ئاڭلاپ ئىشەنگىلى بولمايدىغان ، بەزىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئىشلار… بۇ ئىشلار ئۇنىڭ كاللىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغاندەك قىلدى ، ئەمما چىقمىدى . ئۇيقۇ كەلمىگەنىسېرى جىلە بولدى . تالاغا چىقتى . سىياھدەك قاراڭغۇ كېچە ، روشەن يۇلتۇزلار… بۇ يۇلتۇزلار مەھەللىدىمۇ ھاۋا ئوچۇق چاغدا مۇشۇنداق نۇرلۇق كۆرۈنىدىغان ، مۇشۇ يەردىمۇ يەنە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتىدۇ . قارىسىپ كۆرۈنگەن ئېگىز قۇملۇقتىن كەچ كۈزنىڭ نەمخۇش سوغۇق ، قومۇش بىلەن پىشقان قوناقنىڭ بىر خىل كۆڭۈلسىز پۇرىقى ئارىلاشقان ھاۋاسى ئاجىز شامالدا ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى . ئاسماندا ئۇچ جۈپ ياۋا ئۆردەك ناھايىتى ئېگىز ئۇچۇشۇپ قاقىلدىشىپ ئۆتتى . «قىش كەپتۇ . بۇ قۇملۇق زەيلىكتە جاننى غىردايمەن . پاتراق ئوقۇش چىقىپ قالسا كەتسەم ، رەسمىي ئوقۇتقۇچى بولسام ، تىلىم ئۈزىرايدۇ . ئۇ چاغدا ، بەلكىم بۇ نەس باسقان قۇملۇققا ئەكېلىپ

قويماس ئىدى... مۇنۇ قاملاشمىغان ئىشنى كۆرمەمدىغان! قەمبەرنىسا بىلەن توي قىلسام، ھەممىسى ھارام بولىدىغان گەپ ئىكەن. ئەجەپ شەيتىنىمغا ھاي بەرمەپتىمەن، كاساپەت. بۇ چاغقا شىرىن چۈش كۆرۈپ ئۇخلاۋاتقاندۇ ئۇ؟» ئۇنىڭ بەدەنلىرى قورۇلدى. قايتىپ كىرىپ يوتقاندا يېتىپ كىتاب ئوقۇماقچى بولدى. ئەمما چىراغ ياقسا ئابدۇرېھىمئاخۇن خاپا بولىدۇ. چۈنكى ھازىر كىرىسىن تاپماق ئاسان ئەمەس. ئۇ يوتقانغا كىرىپ ئايىغى چىقماس ئويغا چۆكۈپ، قانداق چاغدا ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمىدى. ئەمما ئەتىگىنى سادىرغوجىنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى.

— بەللى، ئابدۇرېھىمئاخۇننىڭ قېرى ئۆيدەك ئۇخلايدىكەنسەن، ئۇكاموي، قوپمامسەن؟ مەشغۇلىيەت باشلىنىپ كەتكىلى نەۋاخ! ئىشتىنىنىڭ ئېغى يوق بالىلارمۇ سىنىپقا كەلگىلى خېلى بولدى.

نۇرئېلىنىڭ ئاغزىغا بىرمۇنچە گەپ كېلىپ بولدىيۇ، يەنە باشقا گەپ قىلماي:

— ئوتۇنچىنىڭ كالىسىغا ئوخشىشىپتىمەن - ھە؟ — دەپ توختاپ كۈلدى.

— ھە شۇ، — دەپ ھۆركىرىدى مۇدىر.

— ئۆلۈكتەك ئۇخلايدىغان ئادەمنى ھەرنېمىگە ئوخشاتماي ئەمسە، — مۇدىر ئېسىلىپ قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ ئەتراپىدا قانداقتۇر بىر قوناق تەمىنىڭ يۇقۇندىلىرى قېتىپ قالغاندى. نۇرئېلىنىڭ كۆڭلىگە: كۆزىگە تېخىمۇ سەت كۆرۈنۈپ قالماي، دېگەن ئەندىشىلىك بىر خىيال كېچىپ، مۇدىرنىڭ گۈمبۈرلەپ سۆزلەشلىرىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ، دەرھال كېيىنىپلا مۇدىرنىڭ قول شىلتىپ كۆرسىتىپ قويغان سىنىپىغا يۈگۈرگەندەك كەتتى. ئۇنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن بۇجۇق توپا پەس بىر قەۋەت تۇمان بولۇپ قالدى. بۇ تۇپراقتا بۇنداق تۇمانلار تولا. بوشلۇقنىڭ ھەممە يېرى تۇمان بىلەن قاپلانغان. كىشىلەرنىڭ مورىسىدىن

چىقىقان تېزەك ، پاتاسىنىڭ ئاق ئىسلىرى ئادەملەرنىڭ ئۈستىدە تۇمان بولۇپ كۆن تىك چۇشۇپ قۇم قىزىغانغا قەدەر تارقىماي تۇرىدۇ . ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ ، كىشىلەر تەرىپىدىن كۆلكىلىك ھالدا توپا سورۇش ماشىنىسى دەپ نام بېرىلگەن تراكتورلارنىڭ توزۇتقان توپىسى ئادەم بويىدا قويۇق تۇمان ھاسىل قىلىپ ، ئادەملەرنىڭ بېشىدا ، تىنىقلىرىدا ، كۆزلىرىدە لەيلەپ كىرىپكىدىن تارتىپ باشلىرى ، ھەممە ئەزالىرىغا قونىدۇ . تامىقىنىڭ ئاخىرقى چايناملىرىدا چىشلىرى قۇم ـ توپا چاينايدۇ . بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۇچۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىشىپ كەتكەنلىك . دېمەك ، ھەممە تەرەپ تۇمان بىلەن بېزەلگەن ، ئادەملەر بىر ـ بىرىنى غۇۋالىق ئىچىدە كۆرۈشىدۇ ياكى كۆرۈشەلمەيدۇ . زېمىندا ھايات باشلانسىلا ، ھەرىكەت باشلانسىلا ، تۇمان كۆتۈرۈلىدۇ . ھەرىكەت توختىغاندا ، تۇمان تارقايدۇ .

نۇرئېلى سىنىپقا كىرگەندە ، تۇنجى كۆرگىنى ئۇپا ـ ئەڭلىك بىلەن بېزەلگەن ، يېپيېڭى بولۇپ پارقىرىغان خەنىگۈل بولدى . بۈگۈن قاشلىق شۇنچىلىك ئېتىلگەندىكى ، قاشىنىڭ قۇيرۇقى قاپاقتىن يىراقلاپ ، ئېرىق بويىدىكى ئۇزۇن بويۇن چۈجگۈننىڭ سۇغا چۈشكەن سايىسىدەك چاچ ئارىسىغا سوزۇلغان ، ئىككى قاش ئارىسىدىكى كەڭرى بوشلۇق تانىدەك چوڭقۇر ئىككى جىلغىنىڭ يىراقتىن كۆرۈنگەن كۆۋرۈكىگە ئوخشىغانىدى . خەنىگۈل نۇرئېلىنى كۆرۈپ قاپىقىنى سۈزۈپ بىر قاراپ قويۇپ ، چاڭىلداپ سۆزلەشنى داۋام قىلدى :

— ئەي ، سەن ، سەن سەت قارىۋاي ماڭقا ، مەن ساڭا تۇنۇگۈن نېمە دېدىم ؟ سېغىز ئەكەل دېسەم ، ئەكەلگىنىڭ مۈشۈك پوقىدەك مازارلىقنىڭ چالمىسىغۇ !

شاپاق دوپپا ، كۆك كاجى چاپان ، ئىچىگە كونىراپ ياقىسى ئىچىگە تۇرۇلۇپ قالغان ماتا كۆڭلەك كىيگەن قارا قېتىق ، گومۇشراق بىر بالا يەر تېگىدىن قاراپ كۆزىنى پارقىرىتىپ ، بىر نۇرئېلىغا ، بىر خەنىگۈلگە تىكىلىپ ، بۇرنىنى بىر ـ ئىككى

تارتىۋەتكەندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ يەرگە قاراپ پارتا ئۈستىنى تىرنىقىدا كىرتىلدىتىپ تاتىلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— شۇ خانىم، شۇ، ئېقىندىكى سېغىزلىقنى سۇ بېسىپ كېتىپتىكەن، شۇ، ئۈستەڭگىمۇ سۇ كېلىپ كېتىپتۇ، تاپقىنىمنى ئەكەلدىم. ئانام خانىمىڭنىڭ بالىسىنىڭ يىرىقىغا سالغىلى مەن كۆككۆلدىن بەك بەلەن كۆك سېغىز ئالغاچ كېلەي دېگەنىدى، بۇنى دوسكىغا خەت يېزىشقا ئەكەلدىم.

— ئانىاڭ قاچان ئەكېلىپ بېرىدىكەن؟ — ئاچچىقى سەل پەسكويغا چۈشۈپ سورىدى خەنگۈل.

— بۈگۈن. شۇ بۈگۈن كۆككۆلدىكى قوناقنى ئورۇغىلى كەتتى، ئالغاچ كېلىدىغان بولدى. ئەته، خۇدايىم بۇيرۇسا، ئالغاچ كېلىمەن.

— ئولتۇر قارا پاقا، گېپىڭ راست ـ ھە؟

— راست خانىم، قەسەم قىلايمۇيا؟

بالا تىلىنى چىقىرىپ ھىجىيىپ قويدى.

— قالغانلىرىڭلارنىڭ ھەممىڭلار سېغىز ئەكەلدىڭلارمۇ؟

— ئەكەلدۇق، — دەپ ھەممىسى تەڭ چۇرقىراشتى بالىلار.

شۇئان بىر كىچىك بوۋاقنىڭ قىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بوشراق ۋارقىراشمامسەن ماڭقىلار! بالىنى ئويغىتىۋېتىشتىڭ. مەرەك، بالىنى تەۋرەتمەمسەن، نېمە ھاڭۋېقىپ قالدىڭ.

شۇئان نۇرئېلى ھېلىقى قارا بالىغا تىكىلىپ يېتىپ قالغان خىيالدىن ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئالدىنقى ئورۇندۇقتا بىرى قارا، بىرى سېرىق ئىككى قىز بالىنىڭ يېنىدا كونىراپ، غىچىلداپ كەتكەن بىر بۆشۈكتە ئىككى مەڭزى قاپقارا قاسماق باسقان بىر بالىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردى. ھېلىقى سېرىق قىز بالا بۆشۈكنى تەۋرەتكىلى تۇردى. گەپنىڭ ئۇرانىدىن ھەم بالىنىڭ سادىرغوجىغا ئوخشاش سوقا يۈزىدىن بۇ بالىنىڭ خەنگۈلنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. سىنىپتا تەخمىنەن ئون

يورۇش ئورۇندۇق بولۇپ، ھەممىسى كونا زاماندىن قالغان قوش چېتىقلىق تۆت كىشىلىك ساندۇقلۇق ئورۇندۇقلار ئىدى. ئورۇندۇقلار، قاسساپنىڭ گۆش كۆتىكىدەك قوتۇر ھەم ھەممىسى دېگۈدەك، بىرىنىڭ يۆلەنچۈكى، بىرىنىڭ يان تەرىپى، بىرىنىڭ بىر پۇتى دېگۈدەك سۇنۇپ، تۇرماي غىچىرلاپ تۇراتتى. ئورۇندۇقنىڭ تولىسى بوش. باللار ئولتۇرغىنىدا تۆتى قىستىلىپ ئولتۇرۇۋالغان. خۇددى ئوخشىمىغان قوناقتەك ئالا پاساق كۆرۈندۇ. نۇرئېلى باللارنى ساندى. ئون بىر بالا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ھەدەپ ئالدىدا قاراپ تۇرغان يات ئادەمگە قاراپ، ئۆزئارا كۇسۇرلىشاتتى. سىنىپنىڭ تېمىنىڭ مۇشۇ ئولتۇرغان باللارنىڭ بويىچىلىك يېرى قۇرۇق زەي بولۇپ، ئۇۋۇلىپ چۈشۈپ كەتكەن تام ناھايىتى بەتبەشىرە، خۇددى كېسەل توخۇلارنىڭ لاي ـ چىلىگە مىلەنگەن كۆتىدىكى تۈكلىرىدەك جۇل ـ جۇل كۆرۈنەتتى. تاملىرى توخۇ چوقۇلىغان شاپاقتەك قوتۇر، تورۇستىكى سويۇلمىغان جەگە ياغاچلارنى قۇرت يەپ تۆشۈك قىلىۋەتكەن. بورىسى يىرتىلىپ، ئۈستىدىن سېسىغان سامانلار كۆرۈنۈپ قالغانىدى.

— ھەي، دىققەت قىلىشە، دەيمەن. ئاغزىغا بالا تەگكەنلەر. خۇدايىم ھەممىڭنىڭ زۇۋانىغا بىر بالا بەرسە… — دېدى خەنگۈل.

ئاۋۇال ئۆزۈڭدەك بىر ساۋاتسىزنىڭ ئاغزىغا بالا بەرسە بولغۇدەك، دېدى ئىچىدە نۇرئېلى.

— ھەممىڭ ئەكەلگەن سېغىزىڭنى بېشىڭدىن ئېگىز كۆتۈرۈشە!

باللار قوش مۇشتتەك، بەزىلىرى خام خىشتەك چاسلاپ ياسىغان كۆك، پور رەڭ، قوڭۇر سېغىزلارنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ پەخىرلىنىپ بىر ـ بىرىنى بېقىندىشىپ پىخىلداپ كۈلۈشتى. خەنگۈل ھەممىسىنىڭ سېغىزىنى بىر ـ بىرلەپ تۇتۇپ كۆردى:

— ھەنىپەك بىلەن سەمەت خېلى ئوبدان سېغىز ئەكەپتۇ. قالغىنىڭ ئاختامنىنىڭ چالمىسىنى ئەكەپسىلەر. مەرەك تۇتە، ماۋۇ

سىغىزنى ئۆيگە ئاچىقىپ قوي، بالىنىڭ يىرىقىغا سالىمەن.
قالغىنىنى ئاۋۇ دوسكىنىڭ تېگىگە تۆكۈڭلار، خەت يازىمىز.
بالىلار خۇشال هالدا دۈكۈرلىشىپ تامغا يۆلەپ قويۇلغان ئىككى پۇتلۇق ياغاچ دوسكىنىڭ تۈۋىگە سىغىزلارنى تۆكتى.
— ئەي مەمتىلى سوك، بوشراق قويامسەن؟ ئۈۋۈلىپ كەتسە، توپا بولۇپ كەتسە، ئاناڭنىڭ ئوسما قويغۇچىدا خەت يازامدۇق؟ — دېدى خەنگۈل. بالىلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. مەمتىلى دوغىلاق، ئاق يۈز، هەييار بالا ئىكەن. ئۇ هەييارلىق بىلەن ئۇدۇل يوغان چىشىنى هىڭگايتىپ كۈلۈپ:
— خانىم، مېنىڭ ئانام دېگەن دېھقان، ئوسما قويمايدۇ، قاشلىق ئەتمەيدۇ، سىلىنى بۈگۈن نېمانداق ياسىنىپ كەتتىكىن دېسەم، ئى يېڭى مۇئەللىم كەپتىكەن... شۇڭا هە، دائىم مەكتەپكە بىر يەردىن ئادەم كەلسە، بەك ياسىنىلا ـ هە؟
بالىلار چۇرۇقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.
— ماۋۇ سوكىنى! ئاغزىڭنى يىرتىۋېتىمەن، نومۇس قىلمايدىغان ئۆلگۈر سوك، — خەنگۈل قىزىرىپ كېتىپ يۈگۈرۈپ بېرىپ مەمتىلىنىڭ بېشىغا بىر شاپىلاق سېلىپ، كۆتىگە بىرنى تەپتى. بالا ئورۇندۇق ئايلىنىپ قېچىپ، خەنگۈل كەينىگە يېنىپ كەتكەندىن كېيىن هەييارلىق بىلەن كۆزلىرىنى قىسىپ كۈلۈپ قويۇپ، جايىغا كېلىپ هەمراھلىرىنى تازا قىستاپ سۈرۈۋېتىپ ئولتۇردى.
— دىققەت قىلىشە! چۇرقىراشما دەيمەن، بېشىڭنى يەيدىغانلار.
بالىلار بىرئاز جىمىقتى.
— مەرەك، سەن چامغۇر ئەكەلدىڭمۇ؟
— ئەكەلدىم.
— نۇرنىسا، سەن پىياز ئەكەلدىڭمۇ؟
— هەئە.
— تۇرغۇن، سەن جىگدە، گۈلە ئەكەلدىڭمۇ؟

— چاتاق يوق .
— هۆرنىسا ، سەن قوغۇن ئەكەلدىڭمۇ ؟
— تازا يوغاندىن ئىككىنى ئەكەلدىم ، خانىم .
— هادى ، سەن تۇخۇم ئەكەلدىڭمۇ ؟
— توخۇ كاكىلىماپتىكەن ، ئۆۋلىقتىن ئىككىنى ئوغرىلاپ كەلدىم .
ھەممە باللار چۇرۇقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى . ئاچچىقتىن تىنالماي قالغان نۇرئېلىمۇ كۈلۈپ سالدى .
— ئەمىسە ، باللار ھەممىڭلار ئەكەلگىنىڭلارنى بىزنىڭ ئۆيگە ئاچىقىپ نۇخان چوڭ ئاناڭلارغا بېرىسلەر...
باللار شۇ زامان تاراقلاپ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى .
— ئولتۇرۇشە ! ئورۇندۇقنىڭ مىخى بارمىكەنيا سانجىلىدىغان ؟ گېپىم تۈگىمەي تۇرسا ، قاراڭ ! ئىت قوغلىغاندەك... ئولتۇرۇشە ، ئەي تۇرغۇن ، جۇمۇ تۇرغۇن ، ھېلى بىكار... ماڭقاڭنى ماشقا ئۆرۈمەي يەنە...
باللار جىمىشتى . ئورۇندۇقلار توختىماي غىچىرلايتتى .
— تۇرغۇن بىلەن مەخمۇت ، سىلەر ئوبۇلنى قىچقىرىپ كېلىسىلەر .
— خانىم ، ئۇ بۈگەمگە يىراق ھەزرىياغا مال باققىلى كەتتى ھەرقاچان ، مەھەللىسىدە يوق ، — دېدى تۇرغۇن .
— ھەزرىياغا كەتسىمۇ بىرىڭلار ئىككى قولىدىن ، بىرىڭلار ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ ئاللا قازان ئېتىپ ئەكېلىڭلار . بىر سائەت ئىچىدە ئۇچقاندەك بېرىپ دەرسكە ئۈلگۈرتۈپ ئەكەلمىسەڭلار ، مەندىن كۆرىدىغان كۈنۈڭلار بار !
— سەمەت بىلەن بېرىپ بۈۋىخېلچىنى قىچقىرىپ كېلىڭلار !— دېدى خەنگۈل بەستلىك بىر قىزغا قاراپ .
— خانىم ، مەن سەمەت بىلەن بالا قىچقارغىلى بارمايمەن . سەمەت ئادەمنى بوزەك ئېتىپ ئۇرىدىكەن . ئۆكۈنى تۇرسۇننى قىچقارغىلى بارغاندا ، مېنى هاپاش قىلىسەن دەپ ئۇرغان . مەن

ئۇنىڭ بىلەن بارمايمەن ، — دېدى نۇرنىسا .

— بارسەن ، مەن بارسەن دېگەندىكىن بارسەن ، قېنى ، سەمىتاخۇن ، بۇ قېتىم سېنى بىر بوزەك ئېتىپ باقسۇنا ، مەندىن كۆرىدىغان كۈنى بار . نۇرنىساغا خاپا سالما ، جۇمۇ لاتا قورچاق !

— مەن··· مەن بوزەك ئەتمىدىم . خانىم ، ئۇ ئۆزى··· — سەمەت نۇرنىساغا تەھدىت بىلەن ئالىيىپ قويدى .

— ھاشىم بىلەن سىدىق ، سىلەر قادىر دېگەن چاقا باش بەز قۇلاقنى تېپىپ كېلىڭلار !

— ئۇ تازنى قىچقارمايمەن ، ئادەمنى ئۇرىدۇ . ئاتا - ئانىسىمۇ تىللايدىكەن . ئۆكۈنى بارسام ، ئىتىنى قويۇۋېتىپ ئۆگزىسىگە چىقىۋالدى . ئىتى چىشلىۋالغىلى تاس قالدى مېنى . ئورمانچى ھاپىز توكۇر بولمىغان بولسا ، ئىت چىشلىۋېلىپ مەنمۇ مەكتەپكە كەلمەيتتىم ، — دېدى ھاشىم .

— مەن بارسەن دېگەندىكىن بارسەن . جۇۋا ئېغىز دەلدۈش ، — دەپ ۋاقىرىدى خەنگۇل .

ئۇ ئەنە شۇنداق تەرزدە سىنىپتىكى ھەممە بالىلارنى بالا چاقىرىشقا يولغا سالدى . سىنىپ بىردەمدىلا تىنچىپ قالدى . سىنىپتا ئالدىنقى بىر پۇتى سۇنۇق ئورۇندۇقتا مەرەك ئىسىملىك خانىمنىڭ بالىسىنى باقىدىغان قىز بىلەن خەنگۇل ۋە نۇرئېلى قالدى . نۇرئېلى ئارقا ئورۇندۇقتا كېلىپ ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭغا بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى ياقمىدى . «مەنمۇ ياقىدىغان ئىشنى بۇنىڭدىن باشقىراق يول بىلەن بالىلارنى كۆڭۈللۈك ئوقۇتۇش مۇمكىنلىكىنى ھازىر تەسەۋۋۇر قىلغۇدەك مادارىمنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم ، قېنى ، مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئاپئاق سىنىپتا ، پارقىراپ تۇرغان ئورۇندۇقلاردا رەت - رەت تىزىلىپ ئولتۇرغان ئوماق بالىلار ؟ قېنى ، مەن ئويلىغان ، ھارماي چاڭىلداپ سۆزلەپ ، بالىلارغا ئەستايىدىل دەرس ئۆتۈشلەر ؟··· بۇ يەردىكى رېئاللىق گەرچە مەن ئۈچۈن يېڭىلىق بولمىسىمۇ ، بۇرۇن مەن ئوقۇغاندىمۇ بۇ ئىشلارنى ئۆز بېشىمدىن

كــەچۈرگەن ، كۆرگەن ، ئاڭلىغان ، ھەتتا مۇئەللىم قىچقارغىلى ئۆيگە كەلسە كونا مەھەللىنىڭ ئارقىسىدىكى مازارلىققا — يۇلغۇن چاتقـاللـىـرى ئـارىسىدىكى تېخى ئادەم قويمىغان شام گۆرگە مـۆكۈنۈۋالغان ، مۇئەللىم بولسا مېنى تېپىۋېلىپ ھاپاش قىلىپ يۈدۈپ مەكتەپكە ئېلىپ ماڭغاندا ، تېپىچەكلەپ يىغلاپ مۇئەللىمنىڭ گەدىنىنى چىشلىۋالغان بولساممۇ ، مانا بۇ رېئاللىقلارنى نېمىشقا ئـويـلـىـغـۇم كـەلـمەيدۇ ؟ نېمىشقا ئۇنىڭدىن قاچىمەن ؟ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى رېئاللىق بۇ يەردە بارمۇ ؟ » نۇرئېلىنىڭ خىيالىنى خەنگۈل بۇزدى . ئۇ پىلاتىنى ئېچىۋېتىپ كۆڭلىكىنى ئۆرۈپ ئاق تورلىشاڭغۇ قورساقلىرىنى غىل - پال ئېچىپلا ئۇچى قاپقارا داغ بـولۇپ قالغان ئاق سوغا ئەمچىكىنى بالىسىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ ئېمىتىشكە باشلىدى . ئۇ نۇرئېلىغا لاپ ئېتىپ بىر قاراپ قويۇپ ، سوغۇق ، تەكەببۇر بىر قىياپەتتە تەبەسسۇم قىلدى :

— سىز بىزنىڭ مەكتەپكە مۇئەللىم بولۇپ كەپسىز - ھە ؟

— ھەئە .

— بۇرۇن قەيەردە ئىدىڭىز ؟

— مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى يېڭىدىن پۈتتۈردۈم .

— ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتىڭىزما ؟

— ھەئە .

— خېلى يولىڭىز بار ئوخشايدۇ . ۋاسىل گەنسى شياۋجاڭ ئـالـدىـراپ ئـوقـۇتـقۇچـىـلـىققا ئادەم ئالمايدۇ ، ئانچە - مۇنچە ئادەمگەرچىلىك قىلمىسا بولمايدۇ . ئەپەندىچىلىكنى ھازىر ھەممە ئادەم ئارزۇ قىلىدۇ . ئەممازە ، ئەپەندىچىلىكنىڭ نېنىنى يېمەك تەس جۇمۇ ! دۇنيادا كوپېراتسىيىنىڭكىدەك ئېغىر ئىش ھېچ يەردە يوق ، ئەمما ، ئەپەندىچىلىكنىڭ ئىشى كوپېراتسىيىنىڭ ئىشىدىن قېلىشمايدۇ . دېھقان خەق دېگەن مۇشۇنداق بالىلىرىنى بەرگىلى ئۇنىمايدۇ . ھەر كۈنى بالا قىچقارماق ، دۈگمۇدۈك ، پاتاسلىقمۇ پـاتـاسـلىق بالا يىغمىسا تېخى تۇرغان ! بىرنى يىغىپ بولغۇچە ، ئىككىنچىسى قېچىۋاتقان… نېمە ئىش قىلىدۇ ؟ پاتاس تەرمەك ،

تېزەك تەرمەك، مال باقماق... بۇ ئىشلارنى قىلغىلى
دېھقانلارنىڭ چولىسى تەگمەيدۇ. مۇشۇ بىچارە بالىلارغىمۇ ئۇۋال،
ئاشۇ ئىشلار، مەسىلەن، پاتاس، تېزەك تەرمىسە ئاش
پىشمىغان، ئاندىن، ئاتا ـ ئانىسىدىن تاياق يەۋاتقان... مال
باقمىسا، تېخى تاياق يەۋاتقان... مەكتەپكە كەلمىسە، تېخى
قىستاۋاتقان! مەكتەپتىن چىقىرىۋالاي دېسە، شۇئان
كوپېراتسىيىنىڭ تىزىمىغا ئۆتۈپ، كىچىك بولسىمۇ ئېتىزلىققا
چىقىپ بوينىنى يىلتىزەك قىلىپ ئىشلىسە بولىدۇ... دېھقانلار
بالىلىرىنى پەقەت كوپېراتسىيىنىڭ ئېغىر ئەمگىكىدىن قاچۇرۇپ،
چوڭ بولۇۋالسۇن دەپلا بېرىدۇ، مۇشۇ 2 ـ، 3 ـ سىنىپنىڭ
بالىلىرىنى مەكتەپ شۇنداق تىزىمدىن ئۆچۈرۈپ ئوقۇتمايمىز دېسە،
كوپېراتسىيە دەرھال بىز ئەمگەك كۈچى دەپ تىزىملاۋېرىدۇ،
ئېتىزغا ھەيدەيدۇ... كىچىك دېسە، نوپۇستىن ئۆچۈرۈپ، نورما
بەرمەيدۇ. بۇ دېھقان بىچارىلەر تازىمۇ قىستاقتا دەڭە، ئۇياقتىن
قىستايدۇ، بۇياقتىن قىستايدۇ... شۇڭا، بالىلىرى ئوقۇۋاتامدۇ
دېسە، ئوقۇۋاتقاندەك، ئەمما قىچقارغىلى بارمىغۇچە بالىلىرىنى
ئوتۇن، تېزەك تەرگىلى، مال باققىلى جاڭگالغا ھەيدەيدۇ.
قىچقارغىلى بارغاندىن كېيىن كېلىپ، ئاندىن كۈن سەل قايرىلىپ
بولغۇچە يەنە قاچىدۇ. ئوقۇۋاتىدۇ دېگەن بىلەن ھېچنېمىنى
بىلمەيدۇ. بالىلارنىڭ كاللىسى پاتاس، تېزەك، مال بېقىش،
جاڭگال، قۇملۇق، زەيلىك دېگەنلەر بىلەن تولغان. بىر گەپنى
كەچكىچە چۈشەندۈرۈپ، كەينىدىنلا سورىسا، بىلمەيدۇ. بىز بالىنى
تولا قىچقارغاچقا، ئۆيلىرىگە تولا بارغاچقا، دېھقانلار بىزنى
خالتىسى، ھاسىسى يوق دېۋانە دەيدۇ. سۆزلىسە گەپ تولا،
جۇمۇڭ. كۈننى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزمەكتىن باشقا ئامال
يوق...

خەنگۈل ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. نۇرئېلىنىڭ
كاللىسى قوچۇلۇپ مەشرەپتە قاتتىق چۆگىلەپ بېشى قايغاندەك
بولدى. ئۇ خەنگۈلنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ

تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ خەنگۈل خىرىلداپ دىمىغىدا كۈلۈپ كەتتى .

— قانداق ، گېپىمنى ئاڭلاپ بېشىڭىز ئايلىنىپ كەتتىما ؟ بۇ ئايلانغىنى تېخى ھېساب ئەمەس . ئىش بۇنىڭدىن كېيىن بولىدۇ . بۇ شۇملارنى ئوقۇتماق دېگەن ئاجايىپ تەس . خەق بىزنى مۇنداق يۇرسەك ، ئەپەندى ـ خانىملارنىڭ ئۆزىنى كۆرمەكتىن باشقا ئىشى يوق دەيدۇ . ئەمەلدە ، بالا ئوقۇتقاندىن تەس ئىش يوق . شۇنداق دېگەن ئادەمنى بۇ شۇملارنىڭ ئارىسىغا بىردەم ئەكىرىپ قويسا ، بىردەمدە كاللىسى چۆرگىلەپ داد دەيدۇ . كۆردىڭىز ، مېنىڭ بالىلىرىمنىڭ ئىنتىزامى بەك تۆۋەنلەپ كەتتى . بۇ شۇملار مېنى بارغانچە بەك خاپا سالغىلى تۇردى . مەن ئاۋۇ ئادەمدىن سىزنى ماڭا بۇگۈن بىر كۈن يادەملىشىشنى سىز كەلمەستىلا تەلەپ قىلغان ! چۈشتىن كېيىن ، ئىككىمىز ئائىلە سۆھبىتىگە بارايلى . ماڭا بالا قىچقىرىشىپ بېرىڭ ! بۇ يەرنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىنى بىلىۋالسىڭىز ، ئۆزىڭىزگە پايدا . ئەتىدىن تارتىپ ئۆزىڭىز بالىلىرىڭىزنى يىغىسىز ـ دە ! بىر كۈن سورىۋالدىم ، بىكار قويمايمەن ـ دە ، ھى... ھى... ھى... — خەنگۈلنىڭ كۈلكىسى ئاخىرلىششى بىلەن تەڭ تالادا قاتتىق غەلۋە ـ غوۋغانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

## 10

نۇرئېلى ئىشىك تۈۋىگە چىقتى . خەنگۈلمۇ تاپ باستۇرۇپ تەڭ چىقىپ دومباق كۆكسىنى نۇرئېلىنىڭ مۇرىسىگە سۈۋاشتۇرۇپ دېگۈدەك توختاپ ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن توپا ئۆرلەپ كەتكەن ، كۆك يانتاق ، قارا قومۇش ئۈنگەن مەيداندىكى بىر دۆۋىلەڭ ئادەمگە تىكىلدى . ئۇلار ئىشىك ئالدىدا بىرئاز تۇرۇپ ، بىر توپ ئادەملەر ئارىسىدىكى غوۋغاغا قۇلاق سالغاچ ، ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا توپىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى . توپلىشىۋالغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوقۇغۇچىلار ، ئاندىن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارمۇ

ئاندا ـ ساندا بار ئىدى. نۆرئېلى قىستىلىپ توپنىڭ ئالدىغىراق ئۆتتى. دەسلەپتە ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقىنى ھەممىدىن ئاۋۋال ماڭسۇر مۇئەللىمنىڭ يېرىلغان قاپىقى، بۇرنىدىن كوركىراپ ئاققان قان، ئىششىپ كالچىيىپ قالغان كالپۇكىدىن شالى بىلەن ئېلىشىپ سوزۇلۇپ چۇشۇۋاتقان قان... بولدى. قان ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىن تاكى شىمىغىچە ساقىپ بىر ئالغانىدى. چوققىسىمۇ تۇخۇمدەك قاينىغانىدى. ئۇ ھۆركىرەپ يىغلايتتى. بەش ـ ئالتە كۆرەك تۇماق، شاپاق دوپپا، يالاڭ ئاياغ دېھقان پەيلى بۇزۇلغان ھالدا ئاغزىدىن ئەڭ سېسىق گەپلەرنى ئېيتىپ ماڭسۇر مۇئەللىمنى تىللايتتى. ئۆزى پاكار، پۇلتاق قورساق، قارا كۆرپە تۇماق، قارا چىبەرقۇت شىم ـ چاپان كىيىپ قولىنى كەينىگە تۇتۇۋالغان تاۋۇز ئۇرۇقىدەك كۆزى بار ئادەم ھەدەپ ماڭسۇرنى تىللاۋاتاتتى.

سادىرغوجا بولسا، ھەدەپ ئاغزىنى كالچايتىپ ھېلىقى ئادەمگە قورقۇنچ ئىچىدە يالۋۇرۇپ، ئېھتىيات بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ قوللىرىنى سىلاپ مۇرىسىنى شاپىلاقلايتتى.

— ھۇ، سەت غاز بويۇن قىزىل دىۋانە. سەندەك پىتلىق ئەپەندىدىن يانچۇقۇمدا كۇرمىڭى بار جۇمۇۋا، شامال كېسىلى، ھۇ خوتۇنۇڭنى... ھۇ سولامچى. سەن تېخى تۇنۇگۇنلا ئاشۇ ئاراقوتاندىكى ھوشۇر دوغىنىڭ پوتلىسىنى ئېيتىپ يۇرگەن ماڭقىسى ئەمەسمىدىڭ! بۇگۇن ئەمدى ئەپەندى بولۇپ ئىشتانغا پاتماي قالدىڭما؟ ئەپەندى دېگەن چوڭ نېمە ئەمەس، مېنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرنىقىممۇ ئەپەندىدىن ياخشى، خىيالىڭدا مەنچە ئادەم يوق دەپ قالدىڭما؟... ھۇ ئىتنىڭ بۇرنىدىن چۇشكەن ئەسكى! سەن ماڭا بالا بېقىپ بەرگەنما. مەن ئاران تېپىپ چوڭ قىلغان ئاتىسى تىكىلىپ قارىمايمەنۇ، سەن چۇلە ماز پاينەك تېخى ئۇنى ئۇرامسەن؟ ھېلى بىكار، ئاپلاھۇئەپكەر جۇمۇ! تۇتۇۋالمىغىناۋا ئاداش سەنمۇ! مۇشۇ يەردە ئۇشۇ پولاخەمەك قىلىۋەتمەيدىغان بولسام بۇ قوڭ چالمىسنى!...

ھېلىقى ئادەم قايىنغانسېرى تېخىمۇ تەلەتى بۇزۇلۇپ، سەكرەپ قولىنى شىلتىپ كەتتى. ئۇ سەكرىگەندە، ھېلىقى تەك تىللىشىۋاتقان گۇرەن دېھقان ماڭسۇرنى ئۇرغىلى يۇگۇرەيتتى. باشقا ئوقۇتقۇچىلار بولسا ھەدەپ ماڭسۇرنى تىللاپ، ھېلىقىلارغا ھاي بېرەتتى. سادىرغوجا بولسا ھەدەپ ئالاق ـ جالاق بولۇپ يالۋۇراتتى.

— ۋاي ئوبدان قادىر شياۋدۇيجاڭ، خاپا بولمىسىلا، مانا مەن تەربىيە بېرەي... بۇ سويمەكنى مەن بىردەمدە ئادەم قىلىمەن، ئەمدى بولدى قىلسىلا، ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە! سىلىنىڭ بالىغا چېقىلغانلىقىڭ سۆۋاز تووسىنى بېرىمەن!...

— ۋاي ئوبدان قادىركا، ئوبدان شياۋجاڭ، مانا ماۋۇ ئۇستۇمدە كۇن تۇرۇپتۇ، قەسەم قىلىپ بېرەي، مەن قادىر شياۋدۇيجاڭنىڭ بالىسىنى ئۇرمىدىم، مەن ھېچكىمنىڭ بالىسىنى ئۇرمىدىم، دەرس ئۆتۈۋاتسام، كامالەك ئاتقاندى، ئاغرىقنىڭ يامانلىقىدىن ۋارقىراپ سالدىم...

— گەپ قىلما چۇلە! — سادىرغوجا ماڭسۇرغا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

— ماۋۇ ئاناڭنى... ھېلى جۇمۇ ئەبگار! كىچىك بالا يالغان سۆزلەمدۇ؟ سەن يەنە گەپ ياندۇرۇۋاتىسىنا؟ سىنىپتا يېگەن تاياق ئۆتمىگەن ئوخشىمامدۇ؟...

قادىر شياۋدۇيجاڭ يەنە ئۇرغىلى ئېتىلدى. سادىرغوجا مۇدىر ئۇنىڭغا يەنە ئېسىلىۋالدى. باشقا دېھقانلار شۇئان ماڭسۇرغا ئېتىلىپ، باشقا ئوقۇتقۇچىلار تۇتۇۋالغۇچە ئۇنى بىرقانچىدىن قارسىلدىتىپ ئۇرۇپ، تېپىۋەتتى. ماڭسۇر ئاغرىققا چىدىماي: «ۋايجان، ۋايجان، ئادەم ئۆلدى!...» دەپ ۋارقىراپ يەرگە يىقىلىپ، توپىدا يۇمىلاقلاپ تولغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭغىچە باشقا ئوقۇتقۇچىلار ھېلىقى ئادەملەرنى تۇتۇۋالدى. سادىرغوجا يىغلامسىراپ يالۋۇرۇپ كەتتى:

— ئوبدان قادىرخان، ئەمدى بولدى قىلسىلا، بۇ

كىسپۇرۇشنى ، ئەمدى مەن ئادەم قىلىۋالاي ، خوش بولۇپ كېتەي ، ئەمدى ماڭا قويسىلا ، قالغىنىنى ئۆزۈم جۆندەيمەن . ھېلىمۇ سىنىپتا بىرمۇنچە ئۇرۇۋېتىپىلا ، ئەمدى ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە !...

قادىر شىياۋدۇيجاڭ سادىرغوجىنى قاتتىق سىلكىۋەتتى .

— ماڭاۋە ، لاتا كىرىچ ماز ! سەنزە قانداق بولۇپ شىياۋجاڭ بولۇپ قالدىڭكى ! پورداقچىلىق قىلىسەن ، سېنىڭ ئەپەندىلىرىڭ بالىلىرىنى مۇشۇنداق ئوقۇتامدا ؟ ئىلگىرى - كېيىن ئۆتۈپ كەتكەن ئاقسا يۇندىخور ئىكەنسەن ! مۇشۇنداق ئېشەكچىلەرنى ئەپەندى دەپ يىغىۋېلىپ ، بالىلارنى ئۇرسا كارىڭ يوق . سورىمايسەن ، ئۆزۈم سوراي دېسە ، زاڭغا چىققان سۆڭەكتەك ئوتتۇرىغا چۈشۈۋېلىپ سالاكەشلىك قىلىسەن... بۇ ئەپەندى دېگەن نېمىلىرىڭنى باشقۇرساڭ تۈزۈك باشقۇر ، بولمىسا پۇت - قوللىرىنى چېقىپ ئەپەندى بولغانغا ئۆزۈم تويدۇرىمەن .

— ئوبدان ، ئوبدان ، خوش !... ئەيىب مەندە... مەن تۈزىتەي ، خاپا بولمىسىلا ، مەن تۈزىتەي...

— سەن تېرىپ يەۋاتقان بەش مو يەرنى قارنىغا يەپ يانچە يېتىپ سۈيۈق چىقىرىپ ياتسۇن دەپ بەرمىدىم ، قورسىقىنى ئوبدان توقلاپ ، پۇت - قولىغا ماغدۇر كىرگۈزۈپ ، مۇشۇنداق قۇلاق كەستى ئەپەندىلەرنى ئاچ بېقىنىغا تازا سېلىپ باشقۇرسۇن دەپ بەردىم ، ئاڭلىدىڭمۇ ؟ مەن ئەزالارنى قانداق باشقۇرىمەن بىلەمسەن ؟ باشقۇرساڭ تۈزۈك باشقۇر ، بولمىسا تېرىپ يەۋاتقان يېرىڭنىمۇ تارتىۋېلىپ ، مەكتىپىڭنىمۇ چېقىپ تۈزلەپ ، ئورنىغا كەندىر تېرىپ ، سەندەك نېمىلەرگە بەرگەننى نەشكەشلەرگە بېرىمەن !...

— ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىسىلە . بۇ جاھاننىڭ ئىگىسى بار جاھان ، سىلە پەقەت بىر ئەترەتنىڭ شىياۋدۇيجىڭى . جاھاننىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ ئەمەسقۇ !

— ئوھۇ !

— بۇ كىم

— كىمدۇ بۇ قاپ يۈرەك؟

— ئەجەب ئاتىنىڭ كاللىسىدەك يۈرىكى بار نېمىكىنە؟

توپ بىردىنلا جىمىپ كەتتى. قايناپ سۆزلەۋاتقان قادىر شىاۋدۇيجاڭمۇ دەمال گاڭگىراپ توختاپ قالدى. ھەممە كۆز توپ ئىچىگە، چىرايى تامدەك تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتكەن، پاكار نۇرئېلىغا تىكىلدى. بىرقانچە ئوقۇتقۇچىلار ئاغزىنى تۇتۇپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قېلىشتى. سادىرغوجىمۇ ھاڭقايغىنىدىن ئوڭۇمىمۇ، چۈشۈمىمۇ، دېگەندەك تېڭىرقاپ قالدى. بۇ ھالدىن توپ ئىچىدە كۇسۇرلاشلار، پىخىلداپ كۈلۈشلەرمۇ ئاڭلاندى. ھەممە نەزەر نۇرئېلىغا چەكسىز ھەيرانلىقتا تىكىلىپ قالغانىدى. بۇ تىكىلىشلەرنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي، كىندىك قېنىم! بۇ تىكىلىش، بۇ ھەيران قېلىش، بۇ ھەيۋە قىلىش، بۇ يالۋۇرۇش، بۇ قورقۇش... بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ ئېڭىغا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان سىڭىپ كەتكەن... بۇ ھەيران قېلىش چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە، بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى، ھوقۇقتا ھېيىقماستىن قاراش بىزدە كەڭ تارقالغان «چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ» دېگەن تەمسىلگە ئوخشاشقانلىقتىن بولۇۋاتقان ھەيران قېلىش بۇ! بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، سەن بۇ ئىشلارنى ئەتراپىڭدا دائىم كۆرىسەن، سەنمۇ ئاشۇنىڭدىن قورقىسەن، سەنمۇ شۇنداق ياشىغانسەن، بىزمۇ ياشاۋاتىمىز... بىز ئۈچۈن ھوقۇق قانۇن بولغان چاغلار ئىدى ئۇ. بۇنى سەن ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمايسەن ھەم ھازىرلا ئۇنتۇپ قالىسەن...

— قەيەردىن كەلگەن سېرىق قۇشقاچسەن؟ چىغ تۈۋىدىن ھوشۇر تاز قوپتى دەپ، نېمە تىلىڭنى چاينايسەن؟ كىمگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن ياكى قاغا مېڭىسى يېگەن ساراڭمۇ سەن؟

— ھە، ھەئە، بۇ... بۇ... بىزگە يېڭى كەلگەن ئەپەندىچەك.

— ھۇ ئاناڭنى سېرىق مۈشۈك! بىر قويمەن بىكار... —

دېدى قادىر شياۋدۈيجاڭ ھۆركىرەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ . ئۇنىڭ قۇشلىرىمۇ دەرھال نۇرئېلىغا تاشلاندى . نۇرئېلى دەرھال توپتىن ئايرىلىپ ئۆزىنى ئەپقاچتى . سادىرغوجا ئاللا ـ توۋا سالدى :

— ۋاي خۇدايىم ، بىر ئەپەندى ئەكەلدىم دەپ يەتمىش پاتمان قارا بالا ـ قازانى ئەكەپتۇمەنمۇ دەيمەن مەن ؟ قانداق دېگەن نەس شۇمتەك ماۋۇ ! بىر بالادىن قۇتۇلاي دەپ يالۋۇرۇپ ، ئاغزىم كۆپۈك بولۇپ كېتىۋاتسا ، ئەمدى ماشۇ ئىشنى كۆرۈڭ ! مېنى نەس باسقان ئوخشىمامدۇ ، مەن ماۋۇ مەكتەپتە كۈن ئالىمەنمۇ يوق ؟...

سادىرغوجا ئاغرىقتىن تۈگۈلۈپ قالغان ماڭسۇرنىڭ كانىيىدىن بوغدى .

— سەن مېنى ماۋۇ يەردە كۈن ئالغىلى قويامسەن ، قويمامسەن ؟...

ماڭسۇر كېسەل توخۇدەك تىترەپ يەرگە قاراپ يىغلىماقتا ئىدى...

قادىر شياۋدۈيجاڭ ھەم ئۇنىڭ ئالتە چاپارمىنى نۇرئېلىنى قوغلاپ مەكتەپ قورۇسىنى ئىككى ئايلاندى ، ئەمما ئۇنى تۇتالمىدى . ئوقۇغۇچىلار قورقۇنچتا تەرەپ ـ تەرەپكە دۈرۈلدەپ قاچتى . ھېلىقىلار نۇرئېلىنىڭ كەينىدىن داڭگال ، كېسەك ئاتتى . ئەمما ھېچبىرى نۇرئېلىغا يەتمىدى . نۇرئېلى قالتىس تېز يۈگۈرۈپ ، چاققان ھەركەت قىلدى . بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى نۇرئېلىنىڭ يۈگۈرۈشتە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇسابىقىگە ، پۈتبولدا ۋىلايەت بويىچە مۇسابىقىگە قاتناشقانلىقىنى بىلمەيتتى . نۇرئېلى يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ، ئىككى قۇرۇلۇش ئارىلىقىدىكى تارچۇقتىن ئۆتۈپ كەتتى . ئەمما ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن ئىككى چاپارمەن تازا يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ ، ۋايجان دېگەنچە شۇنداق تېز ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتتى ، توپىلىق يەرگە پالاقلاپ چۈشۈپ ، بوجۇق توپىنى توزىتىۋەتتى . ئۇلارنىڭ ئاللا ـ توۋىسى ئەتراپىنى بىر ئالدى . ئەسلىدە كىر ـ قات يايىدىغان سىم خالتىلىشىپ قالغاچقا ، ئۇلارنى بوغۇزىدىن ئىلىپ تاشلىغانىكەن !

بۇ تولىمۇ كۆلكىلىك ئىش بولسىمۇ، ئېغىر قورقۇنچ ھېچكىمنى كۈلدۈرمىدى. بىرقانچە بالا چالا ـ بۇلا كۈلۈپلا، كۈلكىنى يىغىشتۇرۇۋالدى. ئۇلار توپىدا يۇمىلاپ ۋايجانلاپ كەتتى. نۇرئېلى ھەددىدىن زىيادە پاكار بولغاچقا، سىمنىڭ ئاستىدىن دەخلىسىز ئۆتۈپ كەتكەندى. كەينىدىن قوغلاپ كەلگەنلەر يىقىلغانلارنى يۆلەشتۈرۈپ بولغۇچە، نۇرئېلى ئېرىق بويىدىكى بىلەكتەك بىر سۆۋادانىنى بىر قايرىپلا سۇندۇرۇپ قولىغا ئۇزۇن بىر كالتەك قىلىۋالدى. قادىر شياۋدۇيجاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى چاپارمىنى يۈگۈرۈپ كېلىپ، چىرايى دەھشەت تۈس ئالغان نۇرئېلىغا يېقىن كېلەلمەي، توختاپ قالدى. قادىر شياۋدۇيجاڭ بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى:

— خەپ سېرىق مايمۇن، ئۇرۇپ ئۇستىخانلىرىڭنى غۇچ ـ غۇچ قىلىپ، ئىتقا تاشلاپ بەرمەيدىغان بولسام!

— ئاڭلاپ تۇر قادىرۋاي! سەن بىر شياۋدۇيجاڭ، بىر شياۋدۇي ئادەمگىلا باشلىقسەن. ھەممە جاھان مېنىڭكى دەپ قالما، مېنى ماڭسۇرغا ئوخشاش ئىگە ـ چاقىسىز كۆرمە، يۆلەنچۈكى يوق كۆرمە! مېنىڭ مويۇمغا تېگىدىغان بولساڭ، يائاللا، سەن قەيەردە، مەن قەيەردە؟ ئاڭلاپ قوي، مەن ۋايىت ھاكىمنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى. ۋايىت ھاكىمنى تونۇمسەن؟ مەن ۋايىت ھاكىمنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى! سەن ماڭا تېگىدىغان بولساڭ، خىيال ئەيلىمە، تۈرمىگە سولىتىۋەتمەيدىغان بولسام!...

تازا غەزەپ بىلەن ھۆركىرەۋاتقان يولۋاسقا ئوۋچىنىڭ ئەجەللىك ئوقى تەگكەندەك، قوللىرىغا تۈكۈرۈپ، چاپارمىنى ئەكەلگەن كالتەكنى ئېلىپ چاپارمەنلىرى بىلەن نۇرئېلىنى تۆت تەرەپتىن قاپساپ كېلىۋاتقان قادىر شياۋدۇيجاڭ لاسسىدە توختاپ قالدى... ئۇنىڭ چاپارمەنلىرىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ توختاپ قېلىشتى...

«بۇ سەت يەر پاپىسى، سېرىق مۇشۇك شۇم شۇڭا دودەنلىك قىلىپتىكەن ـ دە، بولمىسا بۇ يەردە كىم ماڭا يوغانچىلىق قىلالايتتى؟ ۋايىت ھاكىم كىم، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە؟ ھىم،

تازا بىر نىجىسقا يولۇقۇپتىمەن... » قادىر شىياۋدۆيجاڭ تۇرغان يېرىدە بۇتتەك قېتىپ قالدى . ئۇنىڭ قولىدىكى كالتەكنىڭ ئاۋۋال تىكلىنىپ تۇرغان ئۇچى ، ئاندىن ھەممە يېرى يەرگە چۈشتى . بىرمۇنچە توپا توزۇدى . تەرلەپ يۇندا بولۇپ كەتكەن نۇرئېلى بىرنى تىندى . ئۇنىڭ يۈرىكى سەل پەسكويغا چۈشكەندى .

— ئاڭلا ، قادىر شىياۋدۆيجاڭ ! سەن چوڭ خاتالاشتىڭ... سەن چوڭ نېمە ئەمەس ، بىر شىياۋدۆيجاڭ ، خالاس . ھاكىمنىڭ ئېلىشۋەتكەن تىرنىقىغا تەڭ كېلەلمەيسەن . ۋايىت دادامغا دەيدىغان بولسام ، سېنىڭ ئىككى پۇتۇڭنى بىردەمدە بىر ئۆتۈككە تىقىدۇ !... سەن بۈگۈن چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭ ! ئادەم باشلاپ كېلىپ ، بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسىنى دەرس ئۆتۈۋاتقان سىنىپقا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالدىڭ ! يەنە تېخى مەكتەپنى تۈزلىۋېتىمەن دېدىڭ . سەن قۇشقاچ كاللىسىدەك ئەمىلىڭگە تايىنىپ مۇنداق يوغانچىلىقنى بوشراق قىلساڭ بولارمىكى ؟ مۇشۇ قىلغىنىڭنىڭ ھەممىسى خاتا . ماۋۇ جاھاننى كومپارتىيە باشقۇرۇۋاتىدۇ . سەن ھەممىنى مەن باشقۇرىمەنمىكىن دەپ قالما ، ماۋ جۇشى باشقۇرۇۋاتىدۇ . ئاڭلاپ قوي ! ماۋ جۇشى ئوقۇتقۇچىلارغا ساڭا قارىغاندا بەكرەك ئامراق . ئۇ ئۆزىنىڭ مۇئەللىمىگە سەندەكتىن نەچچە ئون ھەسسە يۇقىرى ئەمەل بەردى . ئوقۇتقۇچى ئوقۇتقۇچىنىڭ قاپاشى . مۇشۇ قىلغانلىرىڭنى ماۋ جۇشىنىڭ مۇئەللىمىگە دېسەك ، سەندەك بىر شىياۋدۆيجاڭ نېمە ئىدىڭ ، جاجاڭ بىر پاي مىشەك مانتىسى ! بۇنىغۇ ئۇ يەرگىچە دەپ كەتسەك ، گۇڭ كۆتۈرمەيدۇ . ھاكىم دادامغا دېسەملا ، ئىشىڭ تۈگەيدۇ ! ماقۇل ، سەن مېنى ئۇرمىغاندىكىن دېمەي دەۋاتىمەن . بىر شەرتىم ، سەن ھازىر بېرىپ ماڭسۇر مۇئەللىمگە ئاتاپ بىر پاقلان ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنى تېرىگە ئېلىپ ، مەشرەپ قىلىپ ، مۇشۇ مەھەللە ـ كوي ئالدىدا چاي قوي ! بولمىسا ، كىچىچە بولسىمۇ ، ناھىيىگە يۈمىلاپ بولسىمۇ بېرىپ ، ھاكىم دادامغا دەيمەن ، قانداق ؟

تامدەك تاتىرىپ كەتكەن قادىر شىياۋدۆيجاڭ بايىقى يولۋاستەك

ئەلپازىدىن شۇنداق ئۆزگەردىكى، گويا، بۆرە بىلەن قوزىچاق مەسەلىدىكى قوزىغا ئوخشىشىپ قالدى. ئۇنىڭ بايىقى ئەلپازى بىلەن هازىرنىڭ ئەهۋالىنى كۆرگەن خالايىق، هەيران بولغىنىدىن بۇ راست بولۇۋاتقان ئىشمۇ ياكى سېھىر - كارامەت يۈز بېرىۋاتامدۇ، بىلمەي قېلىشتى.

— خوش، ئوبدان… ئوبدان ئۇكام، مەن تۈزىتەي، سەن دېگەندەك قىلاي، چاي قۇياي، شياۋدۇيدىكىلەرنى يىغىپ مەشرەپ قىلىپ، مەشرەپتە چاي قۇياي، پاقلان سوياي، تېرىگە ئالاي…

ئۇ ئادەملەرنى ئېلىپ ماڭدى، ھېلىقى ئىككى ئادىمى قولتۇقلاپ، ئاياغلىرىدىن بوغاز ئىنەكتەك تويا تۈزىتىشىپ چىقىپ كەتتى. ھەممە ھەيران قالغىنىدىن يالغۇزلا ئوشۇقىغىچە تويغا پېتىپ تۇرغان ۋىجىك، سېرىق نۇرئېلىغا زوقلىنىپ قاراپ قالدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چىرايىدىن هاياجان يېغىپ تۇراتتى.

— رەھمەت ئۇكام نۇرئېلى، — دېدى ماڭسۇر يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئەجەب بەلەن قىلدىڭ!

— ئەجەب ئوبدان بولدى، سەت قارا كۆتەك ئوغرى، مۇشۇنچىلىك جاجىسىنى بەرگىلى ئادەم چىقماي ئىشتانغا پاتماي قالغانىدى.

— خوپ بولدى.

— ئاشۇنداق، خۇدايىم تەڭشەيدۇ…

— خۇدايىم، ئۇنى ھەر نېمە قىلسىمۇ دەردىمىز چىقمايدۇ. بىچارە دېھقانلارنىڭ هالىغا ۋاي، مۇشۇ دۇرۇننىڭ دەستىدىن بىچارە دېھقانلار زار - زار قاقشايدۇ.

— يۇرتنى تاشلاپ كەتتى.

— مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، يېزا ۋەيران بولىدۇ.

— بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق ۋەيران بولاتتى؟

سادىرغوجا قورقۇمسىراپ، بىر ھىجىيىپ، بىر قىزىرىپ نۇرئېلىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ھى… ھى… ھى… سەن… ھە، ياق… سىز راست ۋايىت

ھاكىمنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلىمۇ؟ مەن، مەن بىلمەيتىمەن. ۋاسىلخانمۇ شۇڭا سىزنى ئاسان ئاپتىكەن، مەن بىلمەيتىمەن، بالدۇرراق دېمەيسەن… باشقا ئورۇنلاشتۇراي، ياتاق، سىنىپ، ھەممىنى باشقىدىن… بۇ بولماپتۇ…

— يېڭى سىنىپ بالىلىرىنى ئوقۇتۇۋېرىمەن.

— ياق… ياق… ئۇنداق بولامدىغان، باشتىن، باشتىن ـ دە. نۇرئېلىنىڭ قاتتىق كۈلگۈسى كېلىپ كەتتى.

## 11

قىش ئەمدى رەسمىي باشلاندى. ھاۋا ھامان بۇزۇلۇپ، قىشچە جۇت كۈن بولىدۇ. ئاسمانغا قاراپ ئادەملەر قار ياغىدۇ، دېيىشىدۇ، ئەمما بۇ يەردە قىش بويى قار ياغمايدۇ. ياغسا غىل ـ پال يېغىپ يەر يۈزىنى نېپىز بىر قەۋەت كۆمۈپلا يەنە توختايدۇ. ئەمما يىل بويى قاغجىراپ، تۇزۇك يامغۇر ياكى قارغا ئېرىشەلمەيدىغان بۇ بوز تۇپراقلار، بۇ يەردە ئۇنگەن قۇرغاق تەنلىك گىياھلار، يىچان، قامغاق، زاغراق، چۆل كېۋىزى، سۆكسۆك، يۇلغۇن، يانتاق، چۇچۇكبۇيىلارنىڭ يىلتىزى تۇگۇل، تەنلىرى ھەمساتتا سۇمۇرۇۋېتىدۇ. يەنە شۇ پوستەك ئۇنۇپ تۇرغان بىپايان شورلۇق، قوتۇرماچ يەرلەر، ئېگىز ـ پەس قاغا قونداق دۆڭلەر، يىل بويى سۇكۇتكە پېتىپ جىمجىت سوزۇلۇپ ئۇيقۇغا پاتقان چەكسىز قۇملار يەنىلا قاغجىراپ تۇرىدۇ. قۇرۇق سوغۇق ئۇنسىز ھالدا بۇ يەرنى قورۇيدۇ. قۇرۇپ شىلدىرلاپ قالغان قومۇشلار ئارىسىدىكى توشقان ئاياغ چىغىر يولدا نۇرئېلى ۋېلسىپىت بىلەن تېز ماڭماقتا. ئۇ ۋېلسىپىتنى ھەر تەپكەندە پەسكە ئېڭىشىپ كاسىسى ئېگەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ۋېلسىپىتى پات ـ پات ئۇنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا يولدىن چىقىپ كېتىپ قوتۇرماچ، شورلۇق يەرلەرگە، قومۇشلۇققا كىرىپ كېتىدۇ. پاكار قومۇشلار چەيلەنگىنىدىن زارلانغاندەك شىلدىرلاپ كېتىدۇ.

ھېلىقى ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، قادىر شياۋدۇيجاڭ مەشرەپ قىلدى. يۇرتنى يىغدى، مال سويدى، ماڭسۇرنى تېرىگە ئالدى. جامائەت ئالدىدا ماڭسۇردىن ئەپۇ سورىدى. شۇنداقلا نۇرئېلىدىنمۇ ئەپۇ سورىدى. خورىكى ئۆسۈپ، ئىشتانغا پاتماي قالغان شياۋدۇيجاڭنى بۇنچىلىك بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان سېرىق چۈغۈندەك مۆئەللىمنى كۆرگەن دېھقانلار بۇ زالىممۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا يېتىمدەك بويىنىنى قىسىپ تۇرىدىكەنغۇ، دەپ ئىچىدە كۈلۈشتى... ئېسىلىپ زەرداب بولۇپ كەتكەن قورساقلىرى بوشىغاندەك بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن قولاقدىشىپ ھال - مۇڭ قىلىشىشۋالدى. بېشى قېيىپ يىقىلغۇچە ئۇسسۇل ئويناپ، يەردىن توپا - چاڭ چىقىرىپ، گۈپۈلدەپ دەسسەپ راسا پىرقىراشتى. بولۇشىغا ئاللا سېلىپ مۇقام توۋلاشتى. ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئوسال ئەھۋالىدىن خۇشاللىنىپ راسا ئويناپ - كۈلۈشى قادىر شياۋدۇيجاڭنى ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك قىلىۋەتتى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە دائىم پو ئېتىپ، ئۇلارنى يوغان سۆزلەپ قورقىتاتتى، ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايتتى. ئەمما، سېرىق چۈغۈندەك مۆئەللىم ئۇنى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئالدىدا كۈلكىگە قويغانىدى، ئۆزىنى يەر بىلەن تەڭ قىلغان سېرىق چۈغۈندەك مۆئەللىمنى ئۇنىڭ چايناپ پۈركۈۋەتكۈسى كېلەتتى، ئىچىدە يىغلايتتى، بوزەك بولغىنىغا يىغلايتتى. يەنە غەزەپلىنىپ چىشىنى غۇچۇرلىتاتتى، ئەمما قورقاتتى. بۇ ئىش بىردەمدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا چۆچەك بولۇپ، ئاۋۋال كەنتتە، كېيىن پۈتۈن يېزىدا تارقالدى. خەق ئاڭلاپلا كۈلدى. ئېغىر ئەمگەكتىن قايتىپ كەتمەننى تاشلاپ سۇپىغا ئۆزىنى تاشلاپ، مۈشۈكتەك كۆزىنى يۇمغانلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، خىرىلداپ تازا كۈلۈشتى... كېيىن بولسا، ئەمەلىيەتتە نۇرئېلىنىڭ ھاكىمنىڭ ھېچنېمىسى ئەمەسلىكىنى بىلگەنلىرىدە ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشتى. كۆزلىرىدىن ياش چىققۇچە تېلىقىشتى... ھەتتا سادىرغوجىمۇ ئۆزىنىڭ

ئالدانغىنىنى بىلىپ، بىر ئاغزىنى كالچايتىپ كۈلدى، بىر قورقۇپ كېتىپ تاتاردى. قادىر شياۋدۇيجاڭنىڭ قايتا كېلىپ ھېساب ئېلىشىدىن قورقۇپ نۇرئېلىغا تۇتقۇزغان 4 ـ سىنىپنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى يەنە 1 ـ سىنىپقا چۈشۈرۈۋەتتى. راست دېگەندەك، قادىر شياۋدۇيجاڭ ئۆزىنىڭ شۇنچىۋالا ئەخمەق قىلىنغىنىغا چىدىماي، غالجىرلاشقان ھالدا يەنە بىرقانچە قوشلىرىنى ئېلىپ مەكتەپكە باستۇرۇپ كەلدى. ئەمما يەنە نۇرئېلىدىن پەشۋا يەپ ئىچىگە بىرمۇنچە قورقۇنچ سېلىپ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ، چالمىسى سۇغا چىلاشتى...

— ئاڭلاپ تۇر، قادىر شياۋدۇيجاڭ! مەن سېنىڭ دېھقانلارغا سالغان ئېغىر زۇلۇمىڭنى خاتىرىلەپ چىقتىم. شياۋدۇيدە، سېنىڭ كۆزۈڭگە سەت كۆرۈنۈپ قېلىپ ئۆچ ئېلىپ ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىشىڭ تۇپەيلى، ئۆيلىرىنى چېقىپ ماكانسىز قىلىپ قويغانلىقىڭدىن يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن ئائىلە ئون بىر، سەن ئۇرۇپ زورلۇق قىلىپ بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ئايال بەش، سەن ئەترەتتە رەسمىي ئۇرۇپ ياكى ئۇرغۇزۇۋەتكەن ئادەم سەكسەن يەتتە، مۇشۇلار ئىچىدە قوۋۇرغىسى، پۇت ـ قولى سۇنۇپ مېيىپ بولغانلار ئاتمىش ئۈچ ئادەم، ھازىرغىچە ئەسلىگە كېلەلمەي ئەمگەك ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان ئادەم ئالتە. سەن قولۇڭنى تىقىپ كۆزىنى كور قىلىۋەتكەن ئادەم بىر. مانا مۇشۇلارنى جەملىگەندە سەن كونا جەمئىيەتتە ئادەم قېنى ئىچىدىغان زىندانىنىڭ جاللاتىدىنمۇ ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭ. بۇلارنى دېھقانلار سېنىڭ يەنە ئۆچ ئېلىشىڭدىن قورقۇپ يۇقىرىغا ئەرز قىلمىغىنىنى بىلەن، مەن سەندىن قورقمايمەن. مەن بۇلارنى ناھىيىدىكى ھۆكۈمەتلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان بولسام، سەن يەنە مۇشۇ يەردە ھۆركىرەپ يۈرەلەمسەن؟

— بۇ... بۇ يالغۇز مەنمىدىم... بۇ دېگەن ھەممە يەردە سامانىنىڭ نەرخى گەپ تۇرسا!...

— ئەمما ھازىر، سەن بىلەن مەن ھېسابلىشىدىغان بولغاندىكىن، بۇ گەپنى سەن بىلەن دېيىشىمەن. مەن ساڭا

ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ھېسابلىشىمەن دېسەم ، بۇ ھېساب ناھايىتى كۆپ . جىنىنىڭ چىچىدەك چىگىش . بۇ ھېسابلارنى مەن چىقىرىپ بولالمايمەن… سەن مەن بىلەن مۇشۇنداق ھەپىلەشسەڭ ، مەن بىردەمدە سېنىڭ ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىمەن . مېنىڭ سەندىن ئىككى پۇل ياكى ئون جىڭ سېرىق قوناق قەرزىم يوق . شۇڭا قورقمايمەن . مانا بۇ يېرىم توشقان خاتىرە — سېنىڭ ماتېرىيالىڭ !…

ساۋاتسىز شياۋدۇيجاڭ ئىسمىنىڭ ئەنگە يېزىلىشىدىن بەك قورقىدۇ . ياخشىلىقتىن يېزىلسا ، ناپولېئون پادىشاھلىق ئالتۇن تاجىنى كىيگەندەك ، خۇشاللىقتا مەست بولۇپ خۇدىنى بىلمەي قالىدۇ . يامان تەرەپتىن يېزىلسا ، مۇناپىق ، رەسۋا بولغاندەك قورقۇپ كېتىدۇ . ئەمما بۇ قېتىم قورقۇپ كەتكىنىنى بىلىندۈرۈپ قويۇش نەپسىگە ھار كېلىپ ، باشقا ئىشقا پېتىنالماي :

— قېنى سەن شەيتان كىسپۇرۇش ، نېمە قىلساڭ قىلمامسەن ، سېنىڭدىن قورقۇپ قالمايمەن ، — دەپ ، تىللىغانچە چىقىپ كەتتى . سادىرغوجا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېلى يەرگىچە «خاپا بولمىسىلا !… » دەپ ، يېلىنىپ بېرىپ ، بىرمۇنچە تىل ئاڭلاپ قايتىپ كەلدى…

نۇرئېلى كەلگەندىن بۇيان ، سادىرغوجىنىڭ ئىچىگە ۋەسۋەسە كىرىۋالدى . ئۇ ئەسلىي ماڭسۇرنىڭ قادىر شياۋدۇيجاڭنىڭ بالىسىنى ئۇرمىغانلىقىنى بىلسىمۇ ، ماڭسۇرنى بىر پاقلان ئالدۇرۇپ قادىر شياۋدۇيجاڭغا چاي قويدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى . ئەمما ، نۇرئېلى ئۇنىڭ بۇ پىلانىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى . ئۇ قادىر شياۋدۇيجاڭنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى . چۈنكى قادىر شياۋدۇيجاڭ ئۇنىڭغا بەش مو يەر بەرگەندىن باشقا ، پات ـ پات ئەترەتنىڭ ئوت ـ سامان ، ياغاچ ، قوي ، يەنە ئاللىقانداق سادىرغوجا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى بېرىپ تۇراتتى . سادىرغوجا قادىرنىڭ چىشىغا تېگىپ ئۆزىنىڭ يۇقىرىدىكىلەرگە خۇشامەت قىلىپ تۇرىدىغان ئارقا سەپ

تەمىناتىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا زادى ئۇنىمايتتى . پات ئارىدا گۇڭشى بويىچە مائارىپ باھالىشى بولماقچى . ۋاسىل گەنسى شياۋجاڭ بۇ مەكتەپكە چوقۇم كېلىدۇ . چۈنكى ماڭسۇرنىڭ چىرايلىق ئايالى ئۇنىڭ ئاشنىسى . ئىلگىرى ئۇ ۋاسىل گەنسى شياۋجاڭ ھەر كەلگەندە كەچتە مەشرەپ قىلىپ بېرەتتى . مۇنداق چاغلاردا ماڭسۇرغا ھاراقنى راسا ئىچۈرۈپ ، مەشرەپ بولغان ئۆيدىلا ياتقۇزۇپ قويىدۇ . ۋاسىل گەنسى بولسا ماڭسۇرنىڭ ئۆيىدە يېرىم كېچىگىچە بولۇپ ، ئاندىن قايتىپ چىقىپ ئۆزىنىڭ جايىدا ئۇخلايدۇ . بۇ قېتىممۇ ئۇنى كۈتۈشكە مەشرەپكە ئالاھىدە تەييارلىق كۆرۈپ ، ۋاسىل گەنسگە نۇرئېلىدەك بۇ بالا ـ قازانى يۆتكىۋېتىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك . ھازىرچە ئۇنى خۇمداندىكى سىنىپقا يۆتكىۋېتىش كېرەك . سادىرغوجا شۇنداق قىلدى . يىراق خۇمداندا قۇم ئارىسىدىكى ئەترەتنىڭ خىش پىشۇرىدىغان خۇمدانىدا ئاشۇ ئەتراپتىكى چارۋىچى ، خۇمدانچى بولۇپ كەڭرى جاڭگالغا ئۆي سېلىۋالغان بىرقانچە ئون ئائىلىلىك دېھقانلارنىڭ بالىلىرى ئۇچۇن خۇمداندا بىر سىنىپ ئېچىلغانىدى . ئۇ نۇرئېلىنى شۇ يەرگە يۆتكىۋەتتى . بۇ سىنىپ قوشما سىنىپ بولۇپ ، 3 ـ سىنىپ بىلەن 1 ـ سىنىپ ئىدى ، 3 ـ سىنىپنىڭ توققۇز ، 1 ـ سىنىپنىڭ ئون بىر بالىسى بار . نۇرئېلى نارازى بولسىمۇ ، مۇدىرغا ئارتۇق گەپ قىلالمىدى . بىر تەرەپتىن رازىمۇ بولدى . چۈنكى ئۇنىڭ بۇ مەكتەپتىكى ئىشلارنى ، بولۇپمۇ مۇدىرنى كۆرە كۆزى قالمىغانىدى...

مانا شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭ ياتقى چوڭ مەكتەپتە ، خىزمىتى باشقا جايدا بولدى . ئۆزى ياتاقتىن ساق سەككىز كىلومېتىر قۇمساڭ توپىلىق ، شورلۇق ، زەيلىك يولدا ۋېلىسىپىتىنى كۆچەپ تېپىپ مىنىپ ، ھەر كۈنى ئون ئالتە كىلومېتىر يول ماڭىدۇ . بۇ قوشما سىنىپ دېگىنىمىز بۇرۇن خۇمدانچىلارنىڭ ياتاق توشۇيدىغان كالىسىنى سولايدىغان ئېغىل بولۇپ ، ئۈستى جىگدە ياغىچى بىلەن يېكەندە يېپىلغان . يېكەن ئۇچلىرى ساڭگىلاپ ،

توزغاقلىرى توزۇپ تۇرىدۇ . باللارنىڭ ئورۇندۇق ، پارتىسى ، خۇمداندىن تاشلىۋەتكەن داشقالدىن قاتار قىلىپ سالغان كالتە سۇپىلار… ئوقۇغۇچىلار ئەنە شۇنىڭدا ئولتۇرىدۇ . ئىككى قاتارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە 3 ـ سىنىپ ، سول تەرىپىدە 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئولتۇرىدۇ ، ھەر كۈنى ئىككى سائەت دەرس ئۆتۈلىدۇ . ئاۋۋال 3 ـ سىنىپ بالىلىرىغا ، كېيىن 1 ـ سىنىپ بالىلىرىغا دەرس ئۆتۈلىدۇ . نۇرئېلىدىن بۇرۇن بىر چوكان بۇ سىنىپنى ئوقۇتقانىدى ، بۇ چوكان خۇمدانچىلار بىلەن چاتاق سېلىپ ، بۇ يەردىكى دېھقانلار : «بۇ پاسىق خوتۇن نارەسىدە بالىلىرىمىزغا تەرەت ئالماي قاراپ ، بالىلىرىمىزنىڭ باش ـ كۆزىنى يارا بېسىپ كەتتى . بۇ خوتۇندا ئوقۇتمايمىز » دەپ تولا ئەرز قىلىپ ، بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتمەي خاپا قىلدى . ئەمەلىيەتتە بولسا ، ئۇلارنىڭ بۇ باھانىسى بالىلىرىنى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن ئىدى ، ئۇلار بالىلىرىنى مال باققىلى ، تېزەك تەرگىلى سالاتتى . شۇنىڭ بىلەن بۇ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى توزۇپ كەتكەنىدى . بۇ سىنىپنىڭ بالىلىرى ھەر كۈنى قىچقارغىلى بارمىسا كەلمەيتتى . بۇ ئىلگىرىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن قالغان ھەم مۇشۇ ئەتراپ ئادەملىرىگە سىڭىپ قالغان ئادەت ئىدى . نۇرئېلى ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ بالا يىغىدۇ . بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن پەقەت خۇشى يوق ، سەۋەب ، بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەكەتسە ، ئۆيدىكى مال باقىدىغان ، ئوتۇن ـ تېزەك تېرىدىغان ، تۇز كولايدىغان ، ياغۇنچاق چۆرۈپ تاماقا ئۇن تارتىدىغان ئىشلار قېپقالىدۇ . باللارنىڭ مەكتەپكە كەتكىنى ئائىلە ئۈچۈن چوڭ زىيان ! ئۇلارنىڭ ئەمدى قولى ئىشقا كېلىپ بولغۇچە ، مەكتەپكە ئالىمىز ، دەيدۇ . مەكتەپكە بەرمىسە كوپېراتسىيىگە تۇتىدۇ . شۇڭا ئامالسىز بېرىدۇيۇ ، بالىلىرىنى ھە دەپ ئوقۇماسلىققا قىستايدۇ . بۇنى كۆڭلىدە بىلىپ مۇئەللىمگە دېمەيدۇ . مۇئەللىم بۇلار ئۈچۈن شياۋدۈيجاڭدىن قالسا ، ئىككىنچى دەرىجىلىك رودۇپاي ھېسابلىنىدۇ . نۇرئېلى قانچە تەربىيە بېرىپمۇ ، يالۋۇرۇپمۇ بۇ ئەنئەنىۋى ئادەتنى

ئۆزگــەرتەلمىدى . باللار بۆرۆن ئاساسەن توزۇپ كەتكەنىكەن . قىچقارسا هازىر بارىمەن ، تاماق پىشمىدى ، تاماق يەپلا بارىمەن ، دەپ ، كــەلــمــەيــتتى . كەلسىمۇ يەنە قېچىپ كېتەتتى . نۆرئېلى پــۆرســەت بــەرمەي چىلك تۇتقاچقا ، ئۇلار هازىر مەكتەپكە خېلى كۆندى . نۆرئېلىغىمۇ ئامراق بولۇپ قالدى . ئەمما يەنىلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېسىمى بىلەن ئۆيىنىڭ تۈگىمەس ئىشلىرىنى قىلىدىغان بــولغاچقا ، قىچقارمىسا كەلمەيدىغان ئادىتى پەقەت ئۆزگەرمىدى . نۆرئېلى هەر كۈنى قىچقارغىلى بارسا ، بىرمۇنچە سوقا سۆهبەت بولاتتى .

— ۋاي قارىسىلا ، ئەپەندى ، كۈندە ئوقۇتىمەن دەپ قىينالماي ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر ئوقۇتسىلا بولمامدۇ ؟ بولمىسا ، نۆۋەت بــىلەن ئوقۇتسىلا . بۇ يىل دارامەت تەگمەي قەرز چىقىدىغاندەك تــۇرىــدۇ . باللارنىڭ كىيىمى يېلىڭ ، مال باقمىسا ، ئۈچىسىغا كىيىم بولمايدۇ . ئوتۇن ـ تېزەك تەرمىسە ، قازان قاينىمايدۇ ، ياغۇنچاق چۆرۈمىسە ، قورساق تويمايدۇ . باللارنى نۆۋەت بىلەن ئوقۇتسىلا ، بۈگۈن ماۋۇنى ئوقۇتسىلا ، ئەتە ئاۋۇنى ! قانداق دېدىم ؟ ئۆزۈم ساۋاتسىز بولسامۇ ، كاللام خېلى ئىشلەيدۇ ـ دە ، مېنىڭ !

— ياق بولمايدۇ ، ئۇنداق گەپ يوق ! دەرستە كېيىن قالسا ، ئىمتىهاندىن ئۆتەلمەيدۇ . سىنىپ كۆچەلمەيدۇ .

— سىنىپ كۆچمىگەنگە نېمە بولاتتى ؟ ئوقۇتمايلى دېسەك ، مۇشۇ باللارغا كوممۇنانىڭ ئەمگىكىدىن پاناهلانغىلى مەكتەپتىن ئوبدان يەر يوق ئىكەن ، ئەمگەكتە چوڭىيالماي يېگىلەپ قالمىسۇن دەيــمىز . بولمىسا ، بىز دېهقان خەقنىڭ بالىسى ئىمــتــىهــانــدىــن ئۆتسە ـ ئۆتمىسە ، نېمە بولاتتى ؟ جىگدە ياغىچى بادرا بولماس ، دېهقان بالىسى كادىر بولماس ، دېگەن گەپ بىكار ئەمەس . ئۇلار هەرقانچە ئوقۇسىمۇ كادىر بولامتى ؟ يەنە شۇ ، ئىككى موللام بىر كىشى ، دېهقاننىڭ بالىسى — دېهقان ، كادىرنىڭ بالىسى — كادىر بولىدىغان گەپ !...

— ئوقۇتۇشنىڭ مەقسىتى كادىر قىلىش ئەمەس . مەدەنىيەت

سەۋىيىسى بار ئادەم قىلىش ، ساۋاتى بار ئادەم قىلىش !

— ئەمىسە ، نېمە بولىدۇ ؟ يەنە شۇ دېھقان بولامدۇ ؟ بىز ئوقۇمىساقمۇ كەتمەننىڭ قولىقىدىن تۇتماي سېپىدىن تۇتۇپ ، دېھقان بولدۇققۇ ؟ تامبىلىمىزنى ئوڭ كىيىمىز ، كاللاڭ نەدە دېسە ، بوينۇمدا ، دەيمىز ، قىينىلىپ ئوقۇپ يەنە دېھقان بولغاننىڭ نېمە پايدىسى ؟

— بۇ پارتىيىنىڭ سىياسىتى .

— پارتىيىنىڭ سىياسىتى بولسا نېمە بوپتۇ ؟ پارتىيىنىڭ سىياسىتى ئازمىدى ؟ قۇرۇق گەپ . ياكى كادىر قىلىپ قويۇشقا ھۆججەت بەرسىلە ، قانداق دېسىلە شۇنداق ئوقۇتىمىز . ئەمما ، ئەپەندىچەك ، كادىر قىلىش سىلىنىڭمۇ قوللىرىدىن كەلمەيدۇ . سىلىمۇ تېخى ھۆكۈمەتنىڭ جىڭ كادىرى ئەمەس . گۆش بىلەن ياغنىڭ ئارىلىقىدىكى بەزگە ئوخشاش بىر گەپ !...

— بالىلار ساۋاتسىز بولۇپ قالسا ، بۇنىڭدىن كېيىن كۈن ئالالمايدۇ .

— جاھاندىكى دېھقاننىڭ ھەممىسى ئوخشاش . كەتمەن بىلەن يەردىن ئايرىلمىسا ، كۈننى ئېلىۋېرىدۇ...

— مەسىلەن ، ھېچبولمىسا شەھەرگە كىرسە ، خالىنىمۇ تاپالمايدۇ .

— بىز دېھقان خەققە خالا كەتمەيدۇ . تەكلىماكاننىڭ قۇملۇقى ، قۇمۇشلۇقى بىزنىڭ خالايىمىز . شەھەرگە كىرسەك ، دۇنيادا شەھەرنىڭ خالاسىدەك سېسىق نېمە يوق . خەت بىلمىسەك ، پۇراپ تاپىمىز ، ئەر كىشى كىرگەن تەرەتخانىغا كىرسەك بولىۋېرىدۇ .

— يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلىشىدىغان ، زامانىۋىلىشىدىغان گەپ . ساۋاتسىز ئادەم ئۇ چاغدا دېھقانچىلىق قىلالمايدۇ .

— ۋاي ئاتامەي ، بۇ گەپ مەن تۇغۇلسام بار ئىكەن . زامانىۋىلىشىش زامانە ئاخىرىدا بولىدۇ چېغىم . زامانىۋىلىشىش دېگەننى بىلمەيمەن ، بەلكى ماشىنا ھەيدەش بولسا كېرەك . شوپۇر

دېگەن ماشىنا ھەيدىگەندە، كىتابقا قارىمايدۇ، يولغا قارايدىغان گەپ…

شۇنداق تالىشىپ دېھقان نۇرئېلىنى يەڭگەن بولىدۇ. شۇ خۇشلۇقتا بالىسىنى يەنە بېرىدۇ.

— بالدۇر كەل ھە، كاشكى، بىرەر ۋاخ ناماز ئوقۇشنى ئۆگىنىپ قويغان بولساڭلار ئۇنىڭغا!

نۇرغۇن دېھقانلار ئاچ - يالىڭاچ… بۇلارنى كۆرگەندە، نۇرئېلىنىڭ ئىچى ئاغرىغىنىدىن كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلىدۇ.

— ۋاي، بۇ بالامنىڭ ئىشتىنى يوق، ئەپەندى، بۇنى مۇشۇنداق قانداق مەكتەپكە ئەۋەتكىلى بولىدۇ؟

— ئۆيدە يېگىلى بىرنېمە يوق، باللار ھەر كۈنى جىگدىلىككە بېرىپ جىگدە قېقىپ كېلىدۇ، يىل بويى ئىشلىسەك دارامەت كەلمەيدۇ. ئۇماچ قەرزىگە ئىشلەيمىز. بىزنىڭ ئۆيگە دارامەت تەگمىگىلى بەش يىل بولۇپ قالدى. بەش يىلنىڭ ئالدىدا، بىر يىللىق ئەمگىكىمىزگە ئالتە موچەن تېگىپ بىر شىشە كىرسىن ئالغاندۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدا ئۇماچ قەرزىگە ئىشلەۋاتىمىز. بۇ باللارنى ئاچ - يالىڭاچ مەكتەپكە ئەۋەتەلمەيمىز. ئوقۇسىغۇ سىلىدەك سەت ئادەممۇ خېلى چىرايلىق بولۇپ قالىدىكەن. ھى… ھى… ھى… خاپا بولمىسىلا…

بۇنداق نىدا يېزىنىڭ ھەممە ئۆيلىرىدىن ئاڭلىنىدۇ. ئۇماچ قەرزىگە بوغۇلغان دېھقانلار كۆپ… شۇ، كىنىدىك قېنىم، بىزنىڭ تولا دېھقانلىرىمىز قاتمۇقات ئۇماچ قەرزىگە بوغۇلغان. ئۇلار يىل بويى قان - تەر ئاققۇزۇپ، يەرگە ئىشلەيدۇ. يەردىن خېلى كۆپ ھوسۇلمۇ ئالىدىيۇ، ئەمما قورسىقى تويمايدۇ. ئالغان شۇنچە ئاشلىقنىڭ بەرىكىتى يوق. يەنىلا كانايغىچە قەرزگە بوغۇلغان، يەنىلا ئاچ - توق، لېكىن ئۇلار بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن…

نۇرئېلى يەنىلا ئايلىنىپ يۈرۈپ بالا يىغماقتا. ئۇنىڭ ۋىلىسىپىتىنىڭ چاقى مۇشۇ ئەتراپتا ئاجايىپ ئۇزۇن، تەكرار قالايمىقان ئىزلارنى قالدۇردى. گويا ئۇزۇن ئارغامچىدەك…

— ئوھوي مۇئەللىم ، سىلىمۇ ياشلىرى باشقا ئەپەندىلەرگە قارىغاندا كىچىك بولغىنى بىلەن خېلى چوڭ ئادەم بوپتۇلا . قىز بالا دېگەن ئۈچ يىل ئوقۇسا بولدى . ئەمدى ئۇنى يەنە ئوقۇتىمەن دەپ يۈرۈشتىن ئىزا تارتسىلا بولا . ئەمدى ئاستا ئۇنى ئەرگە بەرمىسەك بولمايدۇ . بۇنىڭدىن كېيىن ئىزدىمىسىلە . سىلى ئەپەندى ناماز ئوقۇمىسىلىمۇ ھامان مۇسۇلمان بالىسى . بىز مۇسۇلمانلاردا بويىغا يەتكەن قىز بالىنى ساقلىسا يامان بولىدۇ . قىز بالا دېگەن ئېشەكنىڭ تاپى ، ئۆزۈن ساقلىدىڭمۇ بولدى ، سېسىقى چىقىدۇ...

— بۇ قىزلىرى تېخى ئەمدى ئون ئىككى ياشقا كىرگەن تۇرسا ! ياتلىق قىلسىلا بولامدۇ ؟

— بولمايدىغان نېمىسى بار ؟ تازا ۋاقتى ! سىلى ئۆيلەنمىگەن بولسىلا ، ئاتىلىرىدىن سورىسىلا ، ئانىلىرىنى شۇ ياشتا ئالغىنىنى دەپ بېرىدۇ .

— ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە خىلاپ بولىدۇ .

— نېمە بولسا بولسۇن ، ياتلىق قىلغىنىم قىلغان !

— پەتنە بەرمەيدۇ .

— جاجىسى پۇل . ئازراق پۇل بەرسەك بېرىۋېرىدۇ .

نۇرئېلىنىڭ قوشما سىنىپىنىڭ 3 ـ سىنىپىدىكى ئالتە قىزدىن ئىككىسى قېلىپ ، قالغانلىرىنى ئاتا ـ ئانىسى «بويىغا يەتتى» دەپ مەكتەپكە قەتئىي بەرمىدى . نۇرئېلى ئۇنى دەپ ، بۇنى دەپ بۇ خەقنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمەي ، جىلە بولۇپ كەتتى .

— ئەمىسە تايىنلىق سىلىگىلا بېرەي ، خوتۇن قىلاملا ؟ ئوقۇتاملا ، قانداق قىلسىلا مەيلى ، مانا بولدىما ؟ قانداق ئىززىتىنى بىلمەيدىغان ئاداش ماۋۇ ! سەنمۇ بالا چوڭ قىل ، ئاندىن بىلىسەن !...

بۇ قىزلارنىڭ ئالدى ئون تۆت ، كەينى ئون ئىككى ياشلاردا ئىدى . نۇرئېلى ھېچ ئىلاج قىلالماي ، سادىرغوجىغا ئەھۋال ئېيتتى .

— ئۇ خەق دېگەن شۇنداق دەيدۇ . دېھقان دېگەن شۇنداق

خەق ، خىزمەت ئىشلەيلى ، بۇ يەردە ئاشۇنداق يالۋۇرۇپ ئوقۇتمىساق ، مانا بالا ، ئوقۇتۇش دەيدىغان گەپ يوق . ئاسان ئىش يوق غوجام . سىلى خېلى چارە- تەدبىرگە باي ، ئوقۇتسىلا ، — دېگەن گەپنى ئاڭلىدى .

نۇرئېلى ئىچىگە تىنىپ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارغا قارىدى . ئۇلارمۇ بېشىنى چايقىدى .

## 12

نۇرئېلىنىڭ قوشما سىنىپىدا 3 - سىنىپتا ئوقۇيدىغان نۇرىمان ئىسىملىك ئون ئۈچ ياشلىق بىر قىز بار ئىدى ، بۇ قىز ئاجايىپ ئەقىللىق ، چېچەن ، ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى ئالاھىدە يۇقىرى ، ھۆكۈم قىلىش ، پىكىر قىلىش ئىقتىدارى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئۆتكۈر قىز ئىدى . نۇرئېلى ئۇنى بايقاپ ناھايىتى ھەيران قالدى ھەم خۇشال بولدى ، ئۇ يەنە كېلىپ دەرستە ناھايىتى تىرىشچان ئىدى . چىرايىمۇ ئوماق ، ئەتىيازنىڭ قارا توغىچىدەك يۇمىلاق ، قىزىل بۇغداي ئۆڭ ئىدى ، نۇرئېلى بۇ قىزنى ئوبدان بىر تەربىيىلەش لازىملىقىنى ھېس قىلىپ ، ئۇ قىزنى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ئوقۇتماقچى بولدى ، ئەمما تەلۋە ئاتا - ئانا بۇ قىزنى ياتلىق قىلىمىز دەپ مەكتەپكە قەتئىي بەرگىلى ئۇنىمىدى . نۇرئېلى ئۇنى دەپمۇ ، بۇنى دەپمۇ ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى قايىل قىلالماي جىلە بولۇپ تىترەپ كەتتى :

— ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن مۇشتتەك بالىنى ياتلىق قىلساڭلار ، سىلەرگە نېمە پايدا ؟ ئۇ دەرستە بەك ياخشى ، ئوقۇتسا كەلگۈسىدە ناھايىتى ياخشى ئادەم بولىدۇ . بەختى ئېچىلىدۇ . قىزىڭلار بەختلىك بولسا ، سىلەرمۇ ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرسىلەر ، خۇشال بولمامسىلە ؟

قوڭۇر ، شاپ بۇرۇت ، قارا قېتىق ، يىلتىز پاتاڭ كەلگەن ئاتا دىمىغىنى قاقتى :

— ئاڭلاپ قوي ، چوغۇندەك ئەپەندىچەك ، بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلاردا ئەزەلدىن ئايال دېگەننى ئۇزاق ئوقۇتمايدىغان ، ئوقۇتساق ، دىندا ئوقۇتقان ، پەننى ئوقۇتمايتتۇق . ھۆكۈمەتنىڭ سىياستى بىلەن چىشىمىزنى چىشلەپ تۇرۇپ مۇشۇ چاغقىچە ئوقۇتتۇق . قىز بالا پەننىي مەكتەپتە بۇنىڭدىن جىق ئوقۇسا ، كاج مىجەز ، جاھىل بولۇپ قالىدۇ . ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان بىر تەتۈر بولىدۇ . ئاڭلىدىڭمۇ ؟ قىز بالا بويىغا يەتكەندە ، ئەردە ياخشى ، ئەردە بولمىسا يەردە ياخشى . سەن ئەجەب ماڭا قىز چوڭ قىلىشىپ بەرگەندەك ، بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ يېپىدىن يىڭنىسىگىچە ئارىلىشىۋالىسەنغۇ ؟

— سىز بىر كۆيۈمچان ئاتا . قىزىڭىزنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ، مەسىلەن ، دوختۇر بولۇشىنى ، ئوقۇتقۇچى بولۇشىنى ، ھە يەنە مەسىلەن...

— مەسىلەن - پەسىلىنىڭنى قوي ، ئەپەندىچەك ! جاھاندا ئەپەندىدەك گەپدان پىتنىچى بولامدىغاندۇ ؟ يىپچى خوتۇندەك گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمايدۇ . ئۇنى دېسە ، بۇنى دەيدۇ . بوش دېسە ، بەك دەيدۇ . قىز بالا دېگەن بەش ناماز بىلەن تاماق ئېتىشنى ، ئېرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنى ، بىلى چىڭ بولۇشنى بىلسە بولدى . سەن يەنە نېمە ئۆگەتمەكچى ؟ بولدى ، بولدى ، ۋەزىڭنى باللارغا سۆزلە ، مەدداھلىقىڭنى قوي !...

داستىخان سېلىنىپ ، ياغاچ ئاياقتا ، سېرىق قوناق ئۇنىدا چامغۇرنى بولۇق توغراپ يۇمغاقسۇت سېلىپ ئەتكەن يوبدان كەلتۈرۈلدى . قىزىغا ئوخشىشىدىغان ، يۈزلىرى ئۆمۈچۈك تورىدەك قورۇقلار بىلەن بېزەلگەن يېشى ئوتتۇز بەشلەر ئەتراپىدا ، ئەمما ئالدىغا دۈمچەك بولۇپ قالغان ئانا بىر كولۇپ مىڭ قورۇلۇپ تۇرۇپ دېدى :

— قورۇق ئاش ، دېھقان ئېشى... ئاڭلىسام ، سىلىمۇ دېھقان بالىسى ئىكەنلا ، ئەيىب كۆرمەي باقسىلا ! گۆش - ياغ تۈگەپ قاپتىكەن...

ئاتىنىڭ ئاچچىقى كەلدى :

— يـالـغان گەپنى قويساڭا ! قازان ـ چۆمۈچ گۆش ـ ياغ كـۆرمىگىلى بېرىم يىلدىن ئاشتى . مۇشۇ دەگادىكى كادىرلاردىن باشقا دېھقان ئائىلىقىنىڭ ئۆيىدە گۆش ـ ياغ يەيدىغان بىرەر ئادەم چىقىپ قالسا ، قولىقىمنى كېسىپ بېرىمەن . ھەممىسى ئوخشاش ، ئۇماچ ، يارما ، يوبدان ، چوكۇرچەك… تېخى شۇلارمۇ بار يەردە بار ، قانداق دېدىموي ئەپەندىچەك ؟

ئانا قىزىرىپ كەتتى .

— بۇنىڭغىمۇ خۇدايىمغا مىڭ قەتل شۈكۈر !…

ئانا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى .

— قـېـنى ، باقمامسىنوي ئەپەندىچەك ؟ خوتۇن خەق دېگەن زۇۋانىغا بالا تەگكەن نەرسە ، ئادەمنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلايدۇ . ئاشقا باق دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، قۇرۇق كۆرمەي ئاغزىڭغا تېتىسا ئىچ ، بولمىسا ئۆيۈڭگە بارغاندا ، خوتۇنىڭ قوزۇقا ئارتىپ قويغان لەڭمىنىڭنى يەرسەن .

— ھازىر ھەممىمىز ئوخشاش ، قوزۇقا ئارتىقلىق لەڭمەن باشلىقلارنىڭكىدىن تېپىلار…

نۇرئېلى كۈلۈپ تۇرۇپ ئاياقنى قولىغا ئېلىپ ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىشىگە ، يۇمغاقسۇتنىڭ پۇرىقى ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىۋەتتى .

ئانا گەپ باشلىدى :

— مـانـا مـەن ھازىر ساق ئوتتۇز تۆت ياشقا كىردىم . بۇ ئادەمنىڭ قولىغا ئون بىر يېشىمدا چۈشكەن . بۇ ئادەم شۇ چاغدا ئىككى خوتۇن ئېلىپ قويۇۋەتكەن ، ئۆزى ئون توققۇز ياشتا ئىدى ، مەن تېخى ھېچ ئىشنى بىلمەيتتىم . ھەمساتتا مانا ھازىر توققۇزنى تۇغدۇم . خۇدايىم بەرسە ھازىرلا ئالتىسى ھايات . ئۈچى ئۆلۈپ كەتتى . خوتۇن كىشى بالا باقمەن دەپ قازان بېشىدا ، بالىنىڭ پوق ـ سۈيدۈكى ئارىسىدا ئاسان جۇدەپ تۈگىشىپ كېتىدىكەن . بۇ كـىـشـى مـەندىن سەككىز ياش چوڭ . مانا ھازىر قارىسا ، مەن ئانىسىدەك تۇرىمەن ئۇنىڭ ، ھا ـ ھاي ، قانداق قىلىمىز ؟ خوتۇن

كىشى دېگەن ئەر كىشىنىڭ قولى ئىكەنمىز . نۇرمان مانا بىزنىڭ تۆتىنچى بالىمىز . تېخى تۇنۇگۇن ئىشتانسىز ، چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئوينايتتى . ھەمساتتا بويىغا يېتىپ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى . قىز بالا دېگەن سەل چوڭ بولۇپ بولغۇچە خەقنىڭ كۆزى چۈشىدىكەن . غاچچىدە بىر ئەرنىڭ كەينىگە سىلىپ ، ئېشىكىمىز ئاش ، پاقالچىقىمىز تاش بولسۇن دېمىسە ، خەق ھېلى مانا قىزنى ئەرگە بېرەلمىدى دەۋاتقان ، ھېلى ئەنە قىزىغا ئەر چىقمىدى دەۋاتقان··· ھېلى پالانىۋاينىڭ قىزى ئۆستەڭ بويىدا تۇرىدۇ ، ھېلى كېۋەزلىكتە يۈرىدۇ ، دەپ ئادەمنىڭ بېشىنى ساق قىلمايدىغان گەپ ئىكەن··· قىز بالا ساقلىماق ، چوغنىڭ ئارىسىدا پاختا ساقلىغاندەك گەپ ئىكەن ئۇكام ! قارىساق ، نۇرمان بۇ يىل پىپەك قومۇشتەك پىررىدە چوڭ بولۇپ كەتتى . ھېلى بىر گەپ ئاڭلامەنمۇ دەپ يۈرىكىم سۇ . بىر ئەرگە بېرىۋەتسەم ئۇھ دەيمەنمىكىن ، بولمىسا··· شۇ خوتۇن كىشىنىڭ بەختى ئەر ! خوتۇن كىشىنى خوتۇن كىشى قىلىپ تۇرغىنىمۇ ئەر ! خوتۇن كىشىنىڭ دېگەن مۇشۇنداق ، قاراپ تۇرغىنىلا بىر ئادەم··· ئۇنىڭ ئېرى بولمىسا ، ئۇ تۇتسا قولىدا تۇرمايدىغان ، قارىسا كۆزگە ھەر خىل كۆرۈنىدىغان شەيتان . شۇنداق بىر شامالدارىدىمۇ بولدى ، خەقنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالسا ياكى بىركىم ئالاي دېمىگەن ، ياكى بىركىمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويارنىڭ ئورنى بولمىغان··· ياكى بازارغا ئاپىرىپ سېتىۋېتەرنىڭ ئورنى بولمىغان ! غىققىدە بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەي دېسە ، قورساقتىن يۈرەكنى يېرىپ چىققان بالا··· ئىككى كۆزى مۆلدۈرلەپ تۇرىدۇ··· ئۆتمەس ماتا بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرسا ، بەختسىزلىك دېگەن شۇ ئەمەسمۇ ! خوتۇن كىشى ياخشى ئەر بىلەن ئەپلەشتىمۇ ، خۇدانىڭ بەرگىنى شۇ . بەختى دېگەن شۇ . خوتۇن خەققە جاھاندا ئۇنىڭدىن ئارتۇق بەخت بولمايدۇ . ئۇنىڭدىن ئارتۇقى ئارتۇق كېلىدۇ··· ھارام ! قارىسام ساپ پالانىنىڭ قىزى كېۋەزلىكتە پۇستانىنىڭ ئاستىدا جىرقىراپ يۈرىدۇ ، پوكۇنىنىڭ قىزى قۇمنىڭ كەينىدە تۇغۇپ قويۇپ بالىسىنى قۇمغا كۆمۈۋېتىپتىكەن ، خەق

كۆرۈپ قاپتۇ ، پۈستاننىڭ قىزى قومۇشلۇقتا پالاننىڭ ئوغلى بىلەن شەرەتلىشىپ يۈرىدۇ ، دېگەن گەپنى تولا ئاڭلاپ ، ياقامنى تۇتۇپ توۋا دەيمەن . يۈرىكىم سۇ دېسىلە ! مۇشۇنىڭ بىلەن ئون يەتتە قېتىم كەلدىلە ، بىر نۇرىمانگۈلنى ئوقۇتمىغانغا سىلىنىڭ ئەپەندىچىلىكلىرى توختاپ قالماس... مۇشۇ بالىغا خېلى كۆڭۈلدىكىدەك يەردىن ئەر چىقتى . قىزىمىزنىڭ بەختى كېلەي دەۋاتقاندا ، سىلى مۇشۇ بالىنىڭ بەختىگە توغرا تۇرۇۋالمىسىلا . بىر بالا دېگەن ئوقۇمىغانغا جاھاننىڭ ئىشلىرى توختاپ قالامتى ؟ ياكى سىلىنىڭ ئەپەندىچىلىكلىرىگە تەسىر يېتەمتى ؟ ياكى مائاشلىرى كەملەپ كېتەمتى ؟

— بولدى ، بولدى . مۇشۇ كەمدە خېلى سۆزمەن بولۇپ قاپسەن . بېشىمنى ئاغرىتىپ تولا كولدۇرلىماي يوقىلە بىر دەم !...

— سانىخان ئاچا ، ياقۇپكا ! بىز ئۇيغۇرلاردا مانا مۇشۇنداق ئۆزىمىزنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلمەيدىغان ، ئاياللاردا بولسا ، ئۆزىنى ئەرنىڭ قۇلى دەپ ، ھەتتا ھايۋان ئورنىدا قارايدىغان خۇراپىي ئاڭ بار . بۇ ئاڭ ، بۇ قۇلچىلىق ئېڭىمىزغا سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا ، بىز جاھاندا تاكى ھازىرغىچە مۇشۇنداق ئېغىر كەتمەن ، ياغاچ ئاياق ، ياغۇنچاق ، جىنچىراغ ، قوتۇر ئېشەك ، تېزەك - پاتاستىن قۇتۇلالماي كېلىۋاتىمىز... مانا ھازىر تېخى ، سېرىق قوناقنىڭ زاغرىسىغا موھتاج بولۇپ ، قورساق تويماي ، ئاچارچىلىق دەستىدىن نۇرغۇن ئادەم يۇرتىدىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ ، بالىلار ئاتا - ئانىسىدىن ، ئاتا - ئانىلار بالا - چاقىسىدىن ئايرىلىپ كېتىۋاتىدۇ . سەرسان - سەرگەردان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ . ئايدا - يىلدا گۆش - ياغ ھىدى پۇرىماي ، شامال كېسەل بولۇپ ، ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ... ئەمما بۇ دۇنيادا باشقىلار بۇنداق قىلمىغاچقا ، بالىۋاقىسىنى ئوقۇتقاچقا ، باياشات جەننەتتە ياشىغاندەك ياشاۋاتىدۇ ، ئايروپىلان ياساپ ئاسماندا ئۇچۇۋاتىدۇ ، ئېشەك مىنگەننىڭ ئورنىغا ماشىنا ، پويىزغا ئولتۇرۇۋاتىدۇ...

— بولدى ، بولدى . ئەپەندىچەك ، تولا كوتۇلدايدىكەنسەن .

سەنچە، ئوقۇساق، ھەممىمىز ئىشلىمەي تۆت تامنىڭ ئىچىگە
كىرىۋېلىپ ئېلىپبە ئۆگەنسەك، ئاسماندا ئۇچۇپ، جەننەتتە
ياشايدىغان ئوخشىمايمىزمۇ! تازا لامزەللە گەپ قىلىدىكەنسەن…
گېپىم بار دەپ دەۋەرمە! ئەقلىڭ بىلەن ئويلا. بۇ ئالەم بەش
كۈنلۈك ئالەم، ئۆتكۈنچى پانىي ئالەم، خۇدانىڭ بىزگە ئاتا قىلغىنى
باقىي ئالەم! سەن بۇ بەش كۈنلۈك ئالەمدە ئاشۇنداق ئويناپ
يايرامسەن ياكى ئۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك جەننەتنىڭ راھىتىنى
كۆرەمسەن؟ ۋاي - ۋۇي، ئىسىت ئاغزىم، سەن دىنىڭنى يوقاتقان
ئادەمسەن، بۇنداق سۆزلەپ ساڭا بىلدۈرۈپ بولالمايمەن. گېپىم
گەپ، قىزىمنى ئوقۇتمايمەن دېگەندىكىن ئوقۇتمايمەن. ئەرگە
بېرىمەن! سەن توسۇپ قالالمايسەن. سەندە ئۇنچىلىك ھوقۇق
بارمىدى؟ توسۇپ قالالامتىڭ؟ ساڭا گەپ قىلغاننىڭ پايدىسى يوق…
— كىچىككىنە بالىنى، ھېچنېمە بىلمەيدىغان بالىنى ئەرگە
بەرسەڭلار، ئۇنىڭغا زەربە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاچىدۇ.
سىلەر تۇتۇپ ئاپىرىپ بېرىسىلەر. ئېرىدىن تاياق يەيدۇ. يەنە
قاچىدۇ. ئېرى كەلسە يەنە بېرىسىلەر، يەنە قاچىدۇ، ئاجرىشىدۇ.
ئەرگە بېرىسىلەر. بىر قىزنى ئون ئۇچ يېشىدا بىر ئەرگە بەرگىلى
تۇرساڭلار، تاكى ئوتتۇز يېشىغىچە نەچچە قېتىملاپ ئەرگە
بېرىسىلەر. ئىككىگە، ئۇچكە، بەشكە… بۇ ئېشەك سودىسىمۇ؟…
ھەم تولا توي قىلىپ، تاپقىنىڭلارنى توزۇتۇۋېتىسىلەر. ئۆزۈڭلارنى
ۋەيران قىلىسىلەر. شۇڭا زەئىپلىكتىن، دەرد - ھەسرەتتىن ئۆمۈر
بويى قۇتۇلالمايسىلەر، بالدۇر قېرىيسىلەر. بالدۇر كېرەكتىن
چىقىسىلەر، بالدۇر ئۆلىسىلەر. يەنە بۇنى تەقدىر، ئەجەل
دەيسىلەر. ئادەملەر، سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار خارلايسىلەر،
بىر - بىرىڭلارنى ساتىسىلەر، سودا قىلىسىلەر! سودىدا كېلىشەلمى-
سەڭلار بىر - بىرىڭلارنى ئۇرىسىلەر. ۋەھشىيلەرچە قىينايسىلەر،
ئىچىڭلارغا تۈگىمەس دەرد - ھەسرەتنى سالىسىلەر. ھەتتا
ۋەھشىيلىشىپ بىر - بىرىڭلارنى ئۆلتۈرىسىلەر… يۈرىكىڭلار
بۇنىڭغا نارازى بولۇپ قان يىغلاۋاتىسىمۇ، نىجىس، نەس كاللاڭلار،

ئېگىڭلار بۇنىڭغا قۇلاق سالماي، قىلغۇلۇقۇڭلارنى قىلىسىلەر… ئەي، مېنىڭ ئادەملىرىم، قېرىنداشلىرىم، سىلەر يەنە قاچانغىچە ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار قۇل قىلىپ، ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار خار قىلىپ، يەنە تەقدىردىن زارلىنىپ، يىغىدىن ئىچىڭلار بوشىسا، يەنە شۇ تەقدىرىڭلارغا شۈكۈر قىلىپ ياشايدىغانسىلەر؟…

بولدى قىل، كىندىك قېنىم، ئۆزۈڭنى بىسۇئال! بۇنى پەقەت ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، ئۇزاق مۇددەت، ئاستا - ئاستا، ئۆمۈر بويى، ئۆمۈرنى ئۆمۈرگە ئۇلاپ سۆزلە! سەن، بالاڭ، نەۋرەڭ، چەۋرەڭ، ئەۋرەڭ سۆزلىسۇن… سەن ئۈمىدسىزلەنمە. ئۇ چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. قېرى قاقشال توغراقلىرىمىز ئۆلسە، يىلتىزىدىن ياش كۆچەتلەر ئۈنىدۇ. شۇ چاغدا ئورمانچى ئۇنىڭ تەتۈر پۇتاقلىرىدىن كىچىكىدىن باشلاپ قىرقىسا، سەن ئويلىغاندەك، ئۇلار يارامىلىق، كۆركەم دەرەخلەردىن بولۇپ چىقىدۇ. بىراق قېرى توغراقنى ئۆزگەرتمەكنىڭ ئاسان ئەمەس. بىز مۇسۇلمان، مۇسۇلمانچىلىق ئاستا - ئاستا بولىدۇ… ھە، ئاشۇنداق. ئۆزۈڭنى بىسۇئال، ئۈمىدلىك بول، گۆرگە كىرگۈچە ياكى گۆرگە كىرىش ئالدىدا ۋە ياكى گۆردە ياتقاندا… كۆرەرسەن، ئارزۇيۇڭنىڭ چېچەكلىگەنلىرىنى…

نۇرئېلى پاتاس، قومۇش چېچىلىپ ياتقان ئىشىك ئالدىغا چىقتى. مولۇندەك چۇپۇرلۇق ياۋايى ئىتلار زەنجىر تارتىپ ئەسەبىيلىك بىلەن قاراپ تۇرماقتا ئىدى. بىر قانجۇق ئالتە كۈچۈكىنى ئەگەشتۈرۈپ نۇرئېلىغا ئېتىلىپ كېلىۋىدى، ياقۇپئاخۇننىڭ ئون ياشلاردىكى بىر ئىشتانسىز بالىسى قانجۇقنى تۇستى. غالجىرلىشىپ كۈچۈكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كاڭشىلداپ كەلگەن قانجۇق بالىنىڭ توپا، توڭرىدىن قاپقارا بولۇپ كەتكەن پۇتىنى كۈچى بىلەن بېلىگە دەسسىسىگە، غىڭشىپ، قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ، يەرگە پالاقىدە يېتىپ، توپا توزىتىپ ئەركىلىدى. نۇرئېلىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئېغىلدىن كالا سېغىپ بىر كورا سۈت كۆتۈرۈپ چىققان نۇرىمان مۇئەللىمنى كۆرۈپلا، يەرگە

قاراپ يوگورگىنىچە دالان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. نۇرئېلىنىڭ يۈرىكى سىيرىق ئېشەك چاققاندەك زىڭىلداپ كەتتى.
— ياقۇپ ئاكا، بىزدە قىزلارنى كىچىك ياتلىق قىلغاچقا، بىر ئەر بىلەن ئۆي تۇتىدىغىنى ئۇنىڭ ئىچىدە بىرى ئاران تېپىلىدۇ. بىزدە بىر قىز ئالدى ئالتە ـ يەتتە، ئارقىسى ئۈچ ـ تۆت ئەرگە تېگىپ ئاندىن ئەپلىشىدۇ. بۇ جەرياندىكى كۆڭۈل ئاغرىقى، بولىدىغان زىيان، قورساق كۆپۈكى، سورۇقچىلىق، جېدەل... مانا بۇلار ئۆزىمىزنى زەئىپلەشتۈرۈپ ۋەيران قىلىدىغان گەپ...
— قانداق قىلىمىز، ئەپەندىچەك؟ پېشانىگە پۈتكەننى تارتماققا ئامال يوق. كىم بىلەن رىزقى قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك بولىدىغان گەپ. بىرى بىلەن ئۆي تۇتمىسا، يەنە بىرىگە بېرىمىز. شۇنداق قىلىپ، بىرى بىلەن قاملاشمىسا، ئىككىنچىسى بىلەن، ئىككىنچىسى بىلەن قاملاشمىسا، ئۈچىنچىسى بىلەن... ئىشقىلىپ تۆشۈك مارجان يەردە قالمايدىغان گەپ.
بۇ، «ئادەملىرىمىزدىكى هايۋان تەبىئىتى... هايۋان ... ئىت خۇيى سىڭىپ كەتكەن...» دېدى نۇرئېلى ئىچىدە مىڭ لەنەت ئوقۇپ.
— نۇرىماننى قانچە قېتىم ئەرگە بېرەرلا؟
— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە، سېرىق مايمۇن! غار كۆپۈر سۆزلەيدىغان نېمە ئىكەنسەن، خۇدا ئىسسىقچىلىقنى بېرەر، بولمىسا ئۆز يولى.
— ئەمما مەن ئۇنى قەتئىي ئوقۇتىمەن. توي قىلدۇرمايمەن.
— سەن مېنىڭ ئاتامىدىڭ؟ نېمە يوغان سۆزلەيسەن گەپ قىلمىسام؟ ياخشىلىقچە ماڭە يولۇڭغا! هېلى بىكار، ئەتتىۋىلەندە...
— هاي بولدى، ساراڭ، — سانىخان ئېرىنى ئەيىبلىدى.
— هۆكۈمەتتىن پەتتە بەرگىننى كۆرەي قېنى! مەن يول قويمايمەن...
— بولسا، تەلىيىمگە شۇنداق بىر قىلە! پۈت ـ قولۇڭنى

غۇچ - غۇچ قىلىپ، مۇشۇ دەگادا ئەپەندىچىلىك قىلغىنىڭغا تويدۇ-رىمەن. ئانا - ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن!...

— قېنى كۆرەرمىز!...

— ھىۇ، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان كاكاپۇرەك ئەپەندى! يەنە كېلىدىغان بولساڭ، پۇت - قولۇڭنى ھەيمىناق قىلىۋەتمەيدىغان بولسام!...

نۇرئېلى قومۇشلۇق چىغىر يولدا ۋېلىسىپىتىنى كۆچەپ تېپىپ، ئېگىز - پەس قومۇشلۇق دۆڭ ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى...

ياقۇپباي بىردەم چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. «ئەجەب سالجىغا ئوخشاش چاپلاشماق چۇغۇندەك ئىكەن بۇ!»

## 13

— قادىرخان، ئىشىمىزغا ھوىناق چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ياقۇپباي روھى چۈشكەن ھالدا قاپاق چىلىمىنى خورۇلدىتىپ شوراپ. شىياۋدۈيجاڭ قادىرنىڭ تەكەببۇرانە كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايى تۇتۇلدى.

— نېمىشقا دەيسەن ياقۇپباي؟ چۈشۈڭ بۇزۇلۇپ بىرەر شەيتان ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتامدۇ؟

— ياقەي، ئۇنداق گەپ يوق. بىر بۇدۇشقاق ئىشىمىزغا چاتاق سالغىلى چاپلاشقاندەك قىلىدۇ.

— بۇ دەگالىقتا كىم ئىكەن ئۇ بىزنىڭ ئىشىمىزغا تۇك ئۈندۈرىدىغان؟ ھەرقانچە ھاتەم بولسىمۇ دېگىنە!

— ھېلىقى بىر چاغدا سېنى رەسۋا قىلغان چۇغۇندەك شەيتان ئەپەندى!...

بېشىدىكى قارا كۆرپە تۇماقنى پاقىىدە يەرگە ئۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن قادىرخان ئۆزىنى ئوڭشىۋالالماي ئارقىسىغا

سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ ، ئۆينىڭ ئىستىن قارىيىپ كەتكەن تۈۋرۈكىگە بېشىنى ئۇرۇۋالدى .

— ھۇ ، ئاناڭنى ، جوھۇت ، شەيتان ! ئۇ كىسپۇرۇش نېمىدەپ بىزنىڭ توي ئىشىمىزغا ئارىلىشىدىكەن ؟ بىزدە ئانىسىنىڭ ئېلىشى بارمىكەن ؟ ئەجەب مەن بىلەن ھەپىلىشىپ قالدىغۇ بۇ سېرىق مۈشۈك يەر مەرىزى ! — قادىرخان چىچاڭشىپ ، ۋارقىراپ بوغۇلۇپ كەتتى . ئۇنىڭ چىرايى قارىيىپ كەتكەنىدى .

— ئۇ ماڭقا تېخى ئۆز ھالىغا باقماي ، نۇرىمانگۇل ئۇنداق ياخشى ، بۇنداق ئەقىللىق ، مەن زادى ئوقۇتىمەن ، ئوقۇشتىن ئاجراتمايمەن ، دەيدۇ . ئۇ مۇشۇنداق غەلۋە قىلسا ، بىرەر ئېشەك بالا تېرىلامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم...

ياقۇپباي ئۆزىنىڭ قىزىنى ئون يەتتە ياشلىق ئوغلىغا ئېلىپ بەرمەكچى بولغان قادىرخانغا ، ئۇ كىچىك بولسىمۇ ، بىر كالتە ئاقساقال ، كادىر دېگەن دېھقانغا قارىغاندا ھۆكۈمەتنىڭ كىچىك تىلىنى جىقراق بىلىدۇ . ئۆزىگە بىر دەپ باقاي دېگەن مەقسەتتە ئاخشام ئايالى سانىخاننىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە بۈگۈن ئەتىگەندىلا كۆك مادىسىنى مىنىپ كەلگەنىدى . بۇ ئىككىسى بەك سوغۇق چۈشۈپ كەتكۈچە ، مۇشۇ كۈزلۈك دېھقانچىلىقنى يىغىپ بولۇپلا تويلاشماقچىدى . قادىرخان بولغۇسى قۇدىسىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر چۈجىسىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئاق سۈزۈك قوناقنىڭ يىرىك يارمىسىدا توخۇ گۆشلۈك يارما[①] پولۇسى ئەتكەنىدى . پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى دالان ئۆيدىن كىرىپ ، ياقۇپباينىڭ ئاغزىغا سۇ يىغىلدۇرۇۋەتتى .

— ئۇ سېسىق سولتەك ئەپەندىنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ ؟ ئادەمنى ئاشۇنداق قوقاقتا سېلىپ ئەخمەق قىلىدىغان شەيتان ئىكەن ئۇ . مەن تېخى ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم . يانپاشقا

① قىيىن يىللاردا دېھقانلار قوناقنى ياغاچتا يىرىك چۆرۈپ يارما پولۇسى ئېتىپ يەيدىغان بولغان .

كەلتۈرۈپ تۇرۇپ بىر سالماقچىدىم ، تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ دەپ ، چاپاقكۆللۈك كۆك كىلىپ ھەززىيادە يوغانلىق قىلسا ، مەن ئوبدان جاجىسىنى بىرىمەن...

قادىرخان سۆزلەۋېتىپ توختاپ قالدى . ئۇ ياقۇپبايغا گۇمان بىلەن قاراپ :

— ياقۇپباي ، ياكى سەن ئۆزۈڭ باشقا خىيالغا كېلىپ قالدىڭمۇيا ؟ — دەپ سورىدى .

— يوقسۇ ، يوقسۇ . مەن ئاغزىمغا چىش چىقىپ قىلغان ئىشىمدىن يېنىۋالغان بەندە ئەمەس .

— ئۆزۈڭ سەل ھەمدەم خىيالراق بەڭگى ئەمەسمۇ ، شۇڭا دەيمىنا ؟

— گۇمان ئىمانىنى قاچۇرىدۇ . مىنىڭ سەندەك پەمىم بولمىسىمۇ ، ئەلھەمدۇلىللا ، مۇسۇلمان ئادەمەن . خۇدا يالغانچىنى ئاۋۋال دوزاخقا سالىدۇ ، دەيدۇ ھەم رىزقىنى كەم قىلار ئىمىش...

— مەن تېخى ئاۋۇ شەيتانغا نوختا سالىدىغان سولتەك ئەپەندى ، قىزىڭغا ئۆزىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قىلىپ ۋاي ئۇندىقى ئېتىمەن ، بۇنداق قىلىمەن دىسە ، مىنىڭ ھارۋىكەش ئوغلۇمدىن ئۇ قىڭتاق ئەپەندىنى ئۇستۇن چاغلاپ...

— سەنمۇزە ، ھۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك ، قىرىغاندا تۈزسىز ئۇماچتەك قايناپ ، لاۋزا گەپنى تولا قىلىدىكەنسەن . ساقال ئەستاغپۇرۇللاغا يەتكەندىزە... مىنى نىمە چاغلاۋاتىسەن ؟ سەندىن كەمبەغەلمەن . ئەممازە چۈلە ئىشنى قىلمايمەن . ئەقلى بار ئادەمنىڭ ھەممىسى ساڭا ئوخشاش ھۆكۈمەتنىڭ پوكىنىغا كىرىۋېلىپ خەقنى يەپ باي بولۇپ كەتمەيدۇ . كەمبەغەل ئادەمنىڭ ھەممىسى تېزەك قالاپ ئۇماچ ، يارما ئىچىپ دۆتلىشىپ كەتمەيدۇ . بولدى ، ئىشەنمىسەڭ مانا ھازىرلا توي قىلىپ ئەكىۋال !...

قول چايقىلىپ ، داستىخان تارتىلغاندىن كېيىن غىزا كەلتۈرۈلدى .

— قېنى ، قۇرۇق كۆرمەي يارمىغا باقە !
— كايىپسىلەر .
— بارى شۇ . ئۆزۈڭ نېمە يېسەڭ ، دوستۇڭغا شۇ ، دەپتىكەن .
— ئاش يەيلىمۇ ؟
— خوشە .
غىزانىڭ دەسلىپىدە ئۇلار ئۈنسىز بىرھازا ياغاچ لېگەندىن باش كۆتۈرمەي يارما پولۇسىنى مەززە قىلىپ يېيىشتى . قادىرخاننىڭ ئاغزى ـ قولى ئاشتا بولسىمۇ ، مۇشۇكنىڭكىدەك كۆزلىرى خىيال بىلەن ھەرىكەتسىز توختاپ قالغانىدى . ياقۇپباي بولسا قىزىق پولۇدا قولىنىڭ ، ئاغزىنىڭ كۆيگىنىگە پەرۋا قىلماي پۈشۈلداپ ، پۈۋلەپ ، ھەدەپ پولۇنى يالماپ يېمەكتە ئىدى .
— مەندەك ئادەم بولىدىغان بولسام ، مەھەللەمدىن ئايىغى قۇرۇمايدىغان ئۇنداق سولتەكنى ئۆيۈم ئالدىغا ئىككىنچى ئالدىنى قىلالماس قىلىۋەتمەي ! ئۇ سولتەك ساڭا قىز چوڭ قىلىشىپ بەرگەنمۇ ؟ سەن ھەمدەم خىيال بەڭگى ، ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ، تېخى ئۇ مەن دېگەندەك خىيالدىمۇ ؟ ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە ، سەن ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىقمىغاندىكىن ، نەدىن بىلىسەن ؟ سانىخان ئېتىپ بەرگەن تائامنى يېيىشنى بىلىسەن ، خالاس . كۆڭلىدە قىزىڭ بولمىغان تەقدىردە... كېلىنلىرىڭ باردۇ ؟ جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلـ دا ! ئۆزۈڭ يالاڭ تۆش بولغان بىلەن كېلىنىڭ چىرايلىق... شۇنى دەيدۇ . ياكى قىزىڭ ، ياكى كېلىنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىدە ـ دە !...
— يوق گەپ .
— ئوغلۇڭ ھاشاردا ، ئېرى ئۆيدە يوق چوكاننىڭ قىچىقى كېلىپ تۇرىدىغان گەپ .
— جۆيلۇمە ، كېلىنىم خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى ، بەش نامازنى قازا قىلمايدۇ .
— ئەمىسە قىزىڭ...
— ئۇنداق نىيىتى باردەك ئەمەس .

— سەن نېمە بىلەتتىڭ ؟
— مەن بىلىمەن .
— نېمىدىن ؟
— گەپ - سۆزىدىن .
قادىرخان ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇ بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن ، بىردىن :
— سەن ئاشۇ شەيتان ئەپەندىدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ كەلدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى .
— ھەئە .
— مەن ساڭا بىر چارە دەپ بېرەيمۇ ؟
— بولسا شۇنداق قىل ، بىر قۇتۇلاي ئۇ رودۇپايدىن !
— شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ ، ئىللا - تاۋارا قۇتۇلىسەن . مېنىڭ ئۆچۈممۇ چىقىدۇ...
— قېنى قانداق چارە ؟
— ئالدىرىما ، بىر قاپاقتىن تارتىشىۋالايلى .
— قاندىقىدىن ؟
— ئەلۋەتتە كەندىرنىڭكىدىن - دە ! ئەي خوتۇن ، چىلىمنىڭ سۈيىنى يەڭگۈشلە . ئەڭ نوچىسىدىن بار دېگىنە . ۋاي - ۋۇي ، بۇ چۈغۇندەكنى ئاشۇنداق قىلىش كېرەك !
— قانداق ؟
— دەسسەپ مەلەق قىلىۋەتسەكمۇ ھەق بولىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدۇ .

## 14

نۇرئېلى قومۇش باسقان دۆڭ ئارىسىدىكى سارغىيىپ ، قوڭۇر شەپەق رەڭگىگە كىرگەن ، مانانلىرى ھەر تەرەپكە توزۇغان ، شەبنەم قىراۋغا ئايلىنىپ قوڭۇر ، سېرىق ساناقسىز پىچان ياپراقچىلىرى ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان بىپايان پىچانلىقتا ،

تـوشـقان ئاياغ چىغىر يولدا ، بالا قىچقىرىش ئۈچۈن مەھەللىمۇ مـەھــەللە قاترىماقتا ئىدى . ئۇنىڭ پاقالچاقلىرى تىزىغىچە ھۆل بـولـغـان ، پۇتى ، پاقالچىقى ھۆلدىن توڭلىغان ، بۇ ھۆلچىلىك پىچانلارنىڭ قىراۋلىرى ياماشقان ھۆلچىلىك ، كەچ كۈزنىڭ ساپ ھـاۋالــىق چـاقـقـاق ئـۈشـشـۈك سـوغـۇقى كومشالىرىنى يالاپ قــىـزارتـىـۋەتـكـەن . ئـۇ ھـازىـرغــىـچـە ساق ئون بەش كۈننى ئـۆتكۈزۈۋېتىپ ، ياقۇپباينىڭ ئاچچىقى يانغاندا يەنە بىر سۆھبەت ئـۆتـكـۈزەي ، دېـگەن ئۈمىد بىلەن ياقۇپباينىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ ماڭدى . يولدا كېتىۋېتىپ سول قاپىقى قاتتىق تارتىپ كېتىپ ، كــۆڭلىگە سەل ئەندىشە چۈشۈپ ، سەل ئاستىلاپ قالدى . ھەتتا ئېگىز بىر دۆڭگە چىقىپ ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ توختاپ قالدى . بـىـپـايـان قـومـۇشـلـۇق ئارىسىدا يىراقتىن قارىسىپ كۆرۈنگەن جىگدىلىك مەھەللىگە تىكىلدى . بۇ ئۆي ياقۇپباينىڭ ئۆيى . ئۇنىڭ ھاڭگا[1] تېرەكنىڭ ئۈچىغا باغلانغان قەپىسدە كەپتەرلەر تىزىلىپ ئـولـتـۇرغانـىدى . ئـۇلار ئــارىــســدىن پات - پات بىرى سەل كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ ، يەنە قونۇۋالاتتى .

ســاراڭ ئوغرى بىلەن قاتتىقراق دېيىشىپ قالارمەنمۇيا ؟…

نۇرئېلى شۇ خىيال بىلەن ، «ئوھۇي ، بولمىسا يېنىپ كېتەي ، سول قاپىقىم تارتسا ياراشمايتتى… بىرەر ئاي ھەپتىنى ئۆتكۈزۈپ كـېـلـەي بـولـمـسا…» دەپ ، ۋېلىسىپىتنى دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئىرغىتىپ كۆتۈرۈپلا ئارقىسىغا بۇرىدى . پىچانلار ئۈستىدىن قۇيۇن ئۇچقاندەك شالدىرلىشىپ كەتتى . «شۇنچە يولنى بېسىپ ئاتايىن مۇشۇ يەرگە كېلىپ يېنىپ كېتىمەنما ؟ بېرىپ سۆزلىشىپ باقاي ، سـەل بەكرەك ھۆركىرىسە ، جىم بولۇۋالارمەن . شۇنداق قىلىپ ئـاخــىـر يـاكـى مــەن ئـۇتارمەن ، ياكى ئۇ تەلۋە» دېدى - دە ، ۋېـلـىـســپــتنى يەنە بۇراپ كەلگەن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ، پىچانلىق ئارىسىدىكى قاتاڭغۇر شورلۇق چىغىر يول بىلەن مېڭىپ

---

[1] قاپاق تېرەكنىڭ يەنە بىر تۈرى .

كەتتى. يىراقتىنلا ياقۇپبايىنىڭ سەزگۈر ياۋايى قانجۇقى كۈچۈكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ مەھەللە ئالدىدىكى پاكار دۆڭگە چىقىپ، كۈچۈكلىرى بىلەن بەس - بەستە ھۇۋلاپ قاۋاشقا باشلىدى. نۇرئېلى ھەر ئەتىگىنى بالا يىغقاندا بىر تال سۆگەتنىڭ كۆك كەسمىسىنى ۋېلىسىپتنىڭ ئارقىسىغا قىستۇرۇۋېلىپ ئىت قورۇشقا ئېلىپ ماڭىدۇ. چۈنكى دېھقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىتلىرى بار، ھېچقايسىسى باغلىمايدۇ. ھەتتا بەزى ئائىلىلەردە تۆت - بەش ئىت باقىدۇ. قولىدا ئىت قورۇغىدەك بىرنېمە بولمىسا، ئىتقا تالىنىپ كېتىدىغان گەپ. ئۇ يىراقتىنلا ۋېلىسىپتتىن چۈشۈپ كۆك كەسمىنى قولىغا ئېلىۋالدى.

— ئاتا - ئانا! ھېلىقى خورجۇنى يوق دىۋانە يەنە كەلدى! — دېدى ياقۇپبايىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇماي پادا باقىدىغان تىلى ئىلمەك ئون بىر ياشلىق ئوغلى ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ.

— ھەببەللى، سېرىق مۈشۈك شەيتان. جاجاڭنى يېگىلى كەپسەن - دە، — ياقۇپبەگ قولىدىكى ئىچىپ يېرىملاشقان يارمىنى داستىخانغا توككىدە قويدى.

— قېنى زەينەپخان بالام سىز؟

— ھە، مانا ئاتا!

— ئەمىسە، ئۆيدىن ھېچقايسىمىز چىقمايمىز، سىز چىقىپ ئۇ سولتەك ئەپەندى بىلەن سۆزلىشىسىز، ئاندىن بىز ھەممىمىز يۈگۈرۈشۈپ چىقىمىز. ئۆيدىكى ئۈچ ئوغۇل، مەن، ھە يەنە ئاناڭ... كالتەك - چوماقنى تەييارلاپ تۇرۇڭلار! قويۇڭلار ئاشنى ئاژناپلار... كېيىن ئىچسەڭلار، ئىت ئىچىۋالمايدۇ... مەن ھە دېگەن ھامان، ھەممىڭلار مېنىڭ كەينىمدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ راسا ئۇرىمىز، پۇت - قولىنى چېقىۋېتىمىز! ئۆلىدىغان يېرىگە ئۇرماڭلار. قول، پاقالچاقا! پەملەپ سېلىڭلار. بىزگە ھېچ گەپ كەلمەيدۇ. بالىمىزنى ئوقۇتمەن دېگەن باھانە بىلەن كېلىنىمىزگە چاتاق سالدى دېسەك، خەلقئالەم ئۇ سولتەككە لەنەت ياغدۇرىدۇ. ھۆكۈمەتمۇ بىز تەرەپتە تۇرۇپ سورايدۇ.

— بۇنداق قىلساق قانداق بولار ؟ — دېدى سانىخان قورقۇمسىراپ .

— قانداق بولاتتى ، بۇ سولتەك ئەپەندىدىن قۇتۇلىمىز . قىزىڭنىڭ توينى قىلىمىز . ھېچقانداق ئەپەندى ، خانىم دېگەنلەر بۇ سولتەكتەك جاھىل سالجا ئەمەس ئىدى . ھېلىقى قىچىقى بار خانىمىنى قوغلاپ ، ئەمدى بۇ سولتەككە تۇتۇلدۇق . شۇنداق قىلمىساق ، قۇتۇلالمايمىز... — دەپ زەردە بىلەن ھۆركىرىدى ياقۇپباي .

— مەن قورقۇۋاتىمەن ئاتا ! — دېدى چىرايلىق بۇۋىنزەينەپخان يۈزى قىزارغان ھالدا يەرگە قاراپ .

— ئىزا تارتىۋاتامسىز ؟

— ئۇمۇ بار . يەنە كېيىنكى ئىزا ـ ئاھانەتتىن ، خەق ئالدىدا ياغلىق قاپاق بولۇپ قالارمەنمىكىن ، دەپ قورقۇۋاتىمەن .

— مېنىڭ ئالدىمدا ، ئېرىڭىز ئالدىدا ئاق سىز . خەق نېمە دېسە ، ئۆزىنىڭ ئاغزى ! نۇرىمانىنىڭ ئىشى ئۈچۈن ھەممىمىز مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز . خەقنىڭ زۇۋانى بېسىققۇچە پەقەت سىزنى ئون بەش كۈنلۈك قويدۇرۇۋېتىمەن ، بۇمۇ ، بولمىغان يەرگە كەلگەندە قىلىدىغان چارە... ئون بەش كۈندىن كېيىن يېنىشتۇرۇپ يەنە ئەكېلىۋالىمەن ، سىزمۇ يەنە بىر قۇر تويلۇق كېيىمگە ئىگە بولىسىز... پەقەت ئاغزىڭىزنى چىڭ تۇتسىڭىزلا بولىدى . بولمىسا سىزنى قويدۇرۇۋەتمىسەممۇ بولىدۇ . پەقەت ھۆكۈمەت ئالدىدا ماڭا زورلۇق قىلدى دەپ گۇۋاھلىق بەرسىڭىزلا بولىدى . سىزنىڭ گېپىڭىز ھېساب .

— شۇ ، مەن ئۇنداق ئىشنى قىلىپ باقماپتىكەنمەن . بەك سەت ئىش ئىكەن !...

— شۇنداق بولغاچقا ، مەن سىزنى كېلىن قىلغان ، بولمىسا... بولدى ئىت بەك قاۋاپ كەتتى . شۇنداق قىلىڭ . نەچچە قېتىم ئۆگەتسە ، يەنە مىجىلىپ تۇرىسىز . بىرەر ئېغىز گېپىمنى ئاڭلىمىسىڭىز ، مېنى قېيناتا دېمەڭ ھەم ئۆزىڭىزنى بۇ ئائىلىنىڭ

كېلىنى ھېسابلىماڭ ! قانداق دېگەن گەپ بولدى ! مەن نېمە دېسەم ، راست دەپ بەرسىڭىزلا بولدى . قالدىسىنى ئۆزىمىز جۆندەيمىز ، چىقماڭ ، ئىلدام بولۇڭ !...

نۇرئېلى ھويلا دەرۋازىسى ئالدىدا ۋېلسىپىتى يىقىلغان ھالدا قانجۇق ۋە ئۇنىڭ كۈچۈكلىرىگە قولىدىكى كۆك كەسمىنى شىلتىپ ، ئىتلارنى قورۇۋاتاتتى . دەرۋازىدىن بۇۋىزەينەپخان چىقتى .

— تىنچلىق تۇردىلىمۇ ، مۇئەللىم ؟

— تىنچلىق ، بۇۋىزەينەپخان . ئۆزىڭىزمۇ تىنچلىق تۇردىڭىزمۇ ؟ ياقۇپكام ، ئۆيئىچى تىنچلىقمۇ ؟

— تىنچلىق .

— ياقۇپكام ئۆيدە بارمۇ ؟

— قېيىناتامغا...

بۇۋىزەينەپخان قىزىرىپ كېتىپ لېۋىنى چىشلىدى . ئاندىن يەرگە قاراپ ئىزىدا تۇرۇپ قالدى . كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ نۇرئېلىغا تىكىلىپ قارىدى... ئەمدى ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى . ئىسىت ، ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق تاياق يەيدىغان بولدى بىچارە... ئوقۇسا ، ساڭا ئوقۇرمىدى ؟ تاشلىۋەتسەڭچۇ ئۇنى ! قېيناتامنىڭ گېپىنى ئاڭلىمسام ، مېنى قويدۇرۇۋېتىدۇ . ۋايىيەي... ساڭا ياخشىلىق قىلىمەن دەپ ئېرىمدىن ئاجرىشىپ كەتسەم ، سەن ماڭا ئەر بولامتىڭ ؟ بۇۋىزەينەپخان بىر قىزىرىپ ، بىر تاتىرىپ تۇرۇپ كۈلدى ، ئەمما ياسالما كۈلكىنى ئەپلەشتۈرەلمەي ، يۈزلىرى بىر قىسما تارتىشىپ كەتتى .

— مۇئەللىم ، ماۋۇيەرگە كەلسىلە . سىلىگە دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى .

— مۇشۇ يەردە دەۋەرمەمسىز ؟

— ياق ، ئىتتىك بولسىلا ، بىر ئېغىزلا گەپ... سىلىگە پايدىسى بار گەپ...

بۇۋىزەينەپخان دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىدىكى باغنىڭ بولجا

جىگدە چىتلىقى يېنىغا بېرىپ شەرەت قىلدى. نۇرئېلى باردى.
— ھە، نېمە گەپ؟
— ۋايجان، يەۋېتىدىغاندەك... يىقىنراق كەلسىلە!...
نۇرئېلى ئالدىغا بىر چامداپ ئىككىنچى قەدىمىنى يۆتكىشىگە، دەرۋازىدىن ياقۇپباي ئۈچ ئوغلى بىلەن كالتەك، چوماق تۇتقان ھالدا بوراندەك ئېتىلىپ چىقتى.
— ھۇ توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن سېرىق مۇشۇك! سەن قىزىمنى ئوقۇتىمەن دەپ قويۇپ، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇپ، كېلىنىمنى ئازدۇرۇپتىكەنسەنيا؟ مەن ساڭا ئۆگىتىپ قوياي.
ياقۇپباينىڭ كالتىكى ئەڭ بۇرۇن نۇرئېلىنىڭ مۈرىسىگە تەگدى. مەڭدەپ قالغان نۇرئېلى ئۆزىنى ئوڭشاپ قېچىپ بولغۇچە، دۈمبىسى، كاسىسى، سول بىلىكىگە بىردىن چوماق تەگدى. ياقۇپباي ئىككىنچى كالتەكنى شىلتىپ بولغۇچە، نۇرئېلى:
— ۋايجان، ئادەم بارمۇ!؟ ئادەم ئۆلدى! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە، قومۇشلۇققا قاراپ قاچتى. كەينىدىن ھەممىسى ئۇنى چۇقان - سۈرەن سېلىپ قوغلىدى. نۇرئېلى يۈگۈرۈش تەنھەرىكەتچىسى بولغاچقا، قۇيۇندەك يۈگۈرۈپ، ئارىلىقنى بارغانچە ئۇزارتىۋەتتى. ياقۇپباي ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈگۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يېتەلمىدى. ئەمما تۈت كۈچۈكنى ئەگەشتۈرگەن ئالا قانجۇق يېتىۋېلىپ، نۇرئېلىنىڭ پاقالچىقىغا ئۆزىنى ئۇرۇپلا نۇرئېلىنى ئالدىغا دۈم يىقىتىۋەتتى. ئۇنىڭ پاقالچاق بۇلجۇڭ گۆشىگە قانچۇقنىڭ زەھەردەك چىشى پاتتى. شىمى يىرتىلىپ قان جىرتىلداپ چاچرىدى، قالغان كۈچۈكلەرمۇ ئۇنى تالاپ، ئىشتان - چاپانلىرىنى تىتما - كاتاڭ قىلىۋەتتى. نۇرئېلى پاقالچىقىنى قويۇۋەتمەستىن بارغانچە چىڭ قاپساۋاتقان قانجۇققا پەملەپ تۇرۇپ، يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ قولىغا ئېلىۋالغان سېرىق بۇيىنىڭ خەنجىرىنى بىر تىقىۋىدى، خەنجەر قانجۇقنىڭ پوكىنىغا قادىلىپ، ئىتنىڭ قېنى چاچراپ چىقىپ، ئۇنىڭ يۈز - كۆزىنى بۇلغىۋەتتى. قانجۇق ئاچچىق

هـوْۋلاپ ، كـاڭـشـىپ ئارقىسىغا شوخشىدى ، نوْرئىپلى خەنجەرنى تـارتـىـۋالالـمـاي ، سىپىنى قولىدىن چىقىرىپ قويدى . خەنجەر قانجوْقنىڭ پوكىنىدا قالدى . قانجوْق يوْمىلاقلاپ هوْۋلاپ كاڭشىپ ، پىچانلارنى چەيلەپ جان تالىشىپ پىرقىراشقا باشلىدى ، ئاۋازى ئەتراپتا قورقوْنچلوْق ياڭراپ كەتتى ، قالغان كوْچوْكلەر دەرهال نوْرئىپلىدىن بەش ـ ئالتە قەدەم قىچىپ قاۋاپ توْردى ، قوغلاپ كىلىۋاتقانلار يىقىنلاپ قالدى . هەممىدىن ئاۋۋال ، ياقوْپباينىڭ پادىچى گاچا ئوغلى قەهرى بىلەن قولىدىكى چوماقنى پىرقىرىتىپ ۋارقىرىغىنىچە ئىتىلىپ كەلدى .

— ۋايجان… ۋاي ئاتا ، يوْگوْروْڭلار ، بوْ موْناپىق قانجوْقنى ئۆلتوْروْۋەتتى ، دوزىخى…

نوْرئىپلى ئورنىدىن توْروْپ ئاقساقلاپ جىنىنىڭ بارىچە يوْگوْردى . گاچا غەزىپىگە پايلىماي چوماقنى ئاتتى . يوْلغوْن چومىقى ئوْچوْپ بىرىپ نوْرئىپلىنىڭ گەدىنىگە تىگىپ ، ئوْنى ئالدىغا دوْم چوْشوْروْۋەتتى . ئوْ تولغىنىپ يىقىلىپلا چوماقنى قولىغا ئىلىۋالدى . ئوْ ئەمدى ئوڭدىسىغا ئۆروْلوْشىگە ، قارا سۆڭەك ساپلىق پىچاق توْتقان گاچىنىڭ قولى بىر شىلتىپلا ، نوْرئىپلىنىڭ سول بىلىكىنى تىلىپ ئۆتوْپ كەتتى ، نوْرئىپلى «ۋايجان ! » دەپ جان ئاچچىقىدا چوماقنى بىر شىلتىۋىدى ، «ۋايجان ، مەن ئۆلدوْم » دىگىنىچە گاچا ئوڭدىسىغا يىقىلدى ، ئوْ پىچانلارنى چەيلەپ يوْمىلاقلايتتى . چوماق ئوْنىڭ ئوڭ بىلىكىگە تىگىپ ، بىلىكىنى سوْندوْرغانىدى . نوْرئىپلى چوماقنى تاشلىماي ئوْمىلەپ قوپوْپ يەنە قاچتى . ياقوْپباي «ۋاي بالام» دىگىنىچە ، بالىسىنىڭ يىنىدا قالدى . ياقوْپباينىڭ قالغان ئىككى ئوغلى يەنە قوغلاپ كەلدى . نوْرئىپلى چوڭ يولغا چىقىۋالدى . چوڭ يولنىڭ ئوْ قىتىدىكى قوناق خامىنىدا دىهقانلار ئىشلەۋاتاتتى . ئوْلار قانغا بويالغان نوْرئىپلىنى ، ئوْنىڭ ئارقىسىدىن كالتەك ـ چوماق توْتوْپ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كىلىۋاتقانلارنى كۆروْپ ، ئىشنى تاشلاپ يوْگوْروْشوْپ كەلدى…

قوغلاپ كەلگەنلەر يولنىڭ ئوتتوْرىسىدا قانغا مىلىنىپ

يىقىلغان نۇرئېلىنى كالتەكلىمەكچى بولدى . دېھقانلار ئوتتۇرىغا چۈشۈپ يول قويمىدى . ئەھۋالنى قوغلاپ كەلگەنلەردىن ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئىگراپ ياتقان نۇرئېلىغا لەنەت ياغدۇرۇپ تۈكۈرۈشتى .

— خەقنىڭ كېلىنىگە ئاناڭنى بەرگەنمۇ دۆيۈز ؟

— خەقنىڭ خوتۇنىدا يەتمىش پۇشتۇڭنىڭ ھەققى بارمىدى ؟ تۇفى !

— تېخى ئوقۇتقۇچىمىش .

— ئەي ، سەن سولتەك ئەپەندى ، قىلغان ئىشىڭنى قارىغىنا !...

— ئۇرغىلى قويۇڭلار ، ئۇرۇپ ئۆچىنى چىقارسۇن !

— خەقنىڭ خوتۇنىغا چېقىلغاننىڭ سازايى بولسۇن !...

— ئۆلسە ، قاتىل بولىدۇ . ئۆلمەيدىغان يېرىگە راسا سالسۇن مۇناپىقنىڭ .

— ھەيمىناق قىلىۋەتسۇن .

— پىچىۋەتسۇن .

— باخشىغا ئوقۇتۇپ ئالدىنى بەند قىلىۋەتسۇن ، خوتۇن ئالالمايدىغان قىلىۋەتسۇن...

— سېسىق تۇخۇمغا ئوقۇتۇپ ، ساراڭ قىلىۋەتسۇن !...

— بۇنىڭ سورىقىنى ھۆكۈمەت قىلىپ ، ھۆكۈمەت ئەدىپىنى بەرسۇن !...

نۇرئېلىنى باغلاپ چوڭ ئەترەتكە ئاپاردى . ئامانلىق قوغداش مۇدىرى ئۇنى گۇڭشېغا ئىككى خەلق ئەسكىرى بىلەن يالاپ ئاپىرىپ بەردى . بۇ ئىشلار بىردەمدە بۇ كىچىككىنە يېزىغا تارقىلىپ ، يېزىلىقلارنىڭ قىزىق پارىڭىغا ئايلىنىپ قالدى...

## 15

— شۇنداق قىلىپ ، تۈرمىدە يېتىپ چىقتىم ـ دە !...

— ھە .

— ئۇ ئىش راست بىلەن بولدىمۇ؟
— راست بىلەن يالغان ئارىلىقىدا بولدى.
— ماۋ جۇشىنى ئۆلۈشكۈن ۋاپات بوپتۇ دېيىشىدۇغۇ؟
— ئاڭلىدىم.
— ئەمدى نېمە ئىش قىلماقچىسەن؟
نۇرئېلى بىردەم ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئىلگىرىكى شوخلۇقى خېلىلا بېسىلىپ قالغاندەك ئىدى.
— ئەتە - ئۆگۈن تويۇمنى قىلىدىغان ئوخشايدۇ، توي قىلىمەن.
— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟
— يەنە ئوقۇتقۇچىلىق قىلماقچىمەن.
— ئوقۇتقۇچىلىقتىن پاخشە بولدۇڭ، يەنە قىلامسەن؟ سېنى ئالامدۇ؟
— مەن پاخشە بولغىنىم بىلەن ئۆلمىدىم، مېنى يەنە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئاسان! يەنە بىر پاقلان بىلەن 200 كوي پۇل، مەدھىيە سۆزلىرى... شۇ! ئىش ئاسان...
— ياللانما بولالايسەن.
— بۇ ۋاقىتلىق.
— ياشاپ كەت دوستۇم. مەن سېنى سىنىدىم. ئوقۇتقۇچى بول! ئەۋلادلىرىمىزنى سەندەك ئىرادە بىلەن تەربىيىلىمىسەك، بىز مەڭگۈ نادانلىقتا، مەڭگۈ نامراتلىقتا ياشايمىز. ئەمما، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزۈڭگە ئوخشاش خۇشامەتچى قىلما!
— بۇ جەمئىيەتنىڭ مەجبۇرلىشىدىن، ئامالنىڭ يوقلۇقىدىن قىلىۋاتقان ئىش...
— بۇنداق ئىشلار قاچان توگەر؟
— ئۆلگەندە توگەيدۇ.
— بولدى. مەن ساڭا بىر خۇش خەۋەرنى ئەمدى دەيمەن.

مەنمۇ قايتىپ كېلىپ سەن بىلەن بىرگە ئوقۇتقۇچى بولماقچى !...

— راستما ؟

— بۇ يۈرىكىمدىكى گەپ !

— ياشاپ كەت ، دوستۇم !...

دوستۇم بىلەن خۇشاللىقىمىزدىن كىچىك چاغلىرىمىزدەك ئاۋۋال قۇچاقلاشتۇق ، شۇ قۇچاقلاشقانچە چېلىشىپ كەتتۇق .

شۇنداق بولدى ، ئەمدى زارلانما ، كىندىك قېنىم ، سەن زارلىنىدىغان ئىشلار ئەمدى ئاستا ـ ئاستا تۈگەيدۇ .

1987 ـ يىل 2 ـ ئاي ، ئۈرۈمچى



# تەكلىماكاندىكى ياۋا ئادەم

مىلادىيە 1868 ـ يىلى زىمىستان قىش . مەكىتنىڭ تۆمەنتال توغراقلىقىنى قېلىن قار باسقان ، ئاپئاق قار قومۇشلۇق ، كۆك تىكەنلىك بۆرە ئېغىزى دېگەن جايدىكى قۇش ئۇچۇپ ئۆتەلمەس دەرىجىدە گىرەلىشىپ ئۆسكەن توغراقلار ئارىسىدا توزان بولۇپ قونۇپ ، سامان باسقان ئۆگزىدەك ئۇيۇپ كەتكەن ، گويا ئاسماندىكى ئاق بۇلۇت توغراقلار ئۈستىگە ئۆگزە بولۇپ ئۇيۇپ ، تورۇس بولۇپ قاتقاندەك ئىدى . توغراقلارنىڭ ئادەم بويى كەلگۈدەك تۆۋى تەرەپ شاخسىز ، قوۋزاقلىق تۆۋى تەرەپ ئۆگزىسىنى قار باسقان گەمىدەك دىمىق قاردا نەمدەلگەنىدى .ئۇنىڭ ئاستىدىكى ھۆللىشىپ قالغان قومۇش ، ئەمەن ، كۆكتىكەن ، بۇيا ، تۆگىتاپىنى قاتارلىق ياۋا چۆپلەر سالما ، پاتمىچۇق ، تورغايلار يۇگۈرسە شىلدىرلىشاتتى . ئۇلار قارنىڭ بېسىۋېلىشىدىن توغراق شاخلىرى پاناھ بولۇپ ئامان قالغان ، سوغۇق چېقىۋېلىشتىن توغراق دالدا بولۇپ ساق قالغان ياۋا چۆپلەر ئىدى . ئەمما بىر توشقان ياكى قىرغاۋۇل ، بۆرە ياكى تۈلكە ، ئېيىق ياكى يىلپىز ئۆتسە ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىدا چەيلىنىپ كەتسە جان كىرىپ تىرىلگەندەك شىلدىرلىشىپ «ئۇلارنىڭ غەيۋەتىنى قىلىشقاندەك ئۆزئارا قولاقدىشىپ ، سىڭايان بويۇن قىسىشىپ كۇسۇرلىشىپ كېتىشەتتى» .

توغراق تۆۋىدىكى ئوت ـ خەسلەر ئادەتتىكىدىن ئۆتە شالدىرلاپ كەتتى . چۈنكى قويۇق قومۇشلارنىڭ بولجا چىۋىقلىرى ئارىسىدىن بىر قوڭۇر ئېيىق بالىسى نەمخۇش شاخلارنى شالدىرلىتىپ ،

قورۇغان قىلىن كۆرپىدەك توغراق غازاڭلىرىنى پۇراپ تىمىسقىلاپ تەمتىلەپ كەلمەكتە. قومۇشلار، بۇيىلار شىلدىرلىشىپ، بۇ ئېيىق بالىسىنىڭ غەيۋەتىگە چۈشتى. شالدىر بۇيا شىۋىرلاۋاتقان قومۇشقا سەندىرەكلەپ، تەمتىلەپ، تىمىسقىلاپ ئۆمىلەپ كېلىۋاتقان قوڭۇر ئېيىق بالىسىنىڭ غەيۋەتىنى قىلىپ ئۇلگۇردى.

— ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن كۈچۈك قىشلىق ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماي قايسى ئورا، گەمىدىن تەمتىلەپ چىققاندۇ؟ كەچ كۈزدە تۇغۇلۇپ قالغان پىستەككەن. غىڭشىپ، پىسىلداپ ئاران ماڭىدۇ. ئانىسىنىڭ سۈتى تۈگىگەن بولسا تاپىنىنى يالاپ قىشنى چىقارسا بولامدۇ. ئاللا ئۇلارنىڭ قىشلىق نېسىۋىسىنى تاپىنىنى يالاپ ئۇخلاش قىلىپ ياراتقان بولغاندىكىن نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلماي پىستەك. ئوۋچىنىڭ تاپان تۇزىقىغا يا قىلتىقىغا چۈشسە كۆرۈك.

— نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىش دېگەن تەس. نەپسىدىن كېچىش ھېچكىم، ھېچنېمىگە ئاسان ئەمەس، بولۇپمۇ ھەممە نەرسىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ۋاقتى ئەڭ ئېچىرقىغان ۋاقتى بولىدۇ.

كىچىككىنە قوڭۇر ئېيىق بالىسى شالدىر بۇيا بىلەن شىر-شىر قومۇشنىڭ تىلىنى بىلمىگەچكە، ئۆزى ھەققىدىكى گۆڭۈر-مۇڭۇرلارنى ئاڭلىماي، تىمىسقىلاپ، پىسىلداپ ئۆمىلەۋەردى. ئۇنىڭ قوڭۇر چۇپۇرلىرى ئۇستىگە قويۇق تۆكۈلۈپ كەتكەن يۇلغۇن ياپراقلىرى ئۇنى ئالدىڭغا ماڭما دېگەندەك چىڭ ھەم قويۇق چاپلىشىۋالغان بولۇپ، ئېيىق بالىسىنىڭ توڭلاپ دىرىلدەپ تىترەشلىرىگە تۆكۈلۈپ كەتمەيتتى.

— بۇ گۆدەك، نادانىنىڭ ئۇۋىسى قېرى يۇلغۇنلۇقنىڭ تېگىدە ئوخشايدۇ.

— ئانىسىنىڭ سۈتىگە ئېشىقماي، تاپىنىنى يالاپ تويماي، تالادا بىرنېمە بار دەپ ئانىسى ئۇيقۇغا كەتكەندە قېچىپ چىققاندەك قىلىدۇ.

— ئېيىقلار ئۇۋىسىنىڭ ئاغزىنى قىشلىق ئۇيقۇغا ئۆچەككە كىرگەندە چىڭ چۈمكەپ ئۇخلايدىغان. كېچىكىپ ئېلىنىپ بوغاز

بولۇپ كەچ كۈزدە كۆچۈكلىگەن گالۋاڭ ئانىسى بالىسىنىڭ ئاق -
قارىنى ئىلغا قىلغۇدەك ھالىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىكىن ،
بەخىرامان قىرىق كۈنلۈك ئۈيقۇغا كېتىشتىن بۇرۇن ئۆۋىسىنىڭ
ئاغزىنى ھەم ئەتسە بولماسمىدى .

— بەغەرەز ئانىسىنىڭ ئۈنچىلىك دىتى بولسا جۆپىنى
بالدۇرراق قىچقىلاپ بالدۇر ئېلىنىپ بوغاز بولۇپ ، كۆچۈكلەر
بولغىيدى ؟ مانا ئەمدى كەچ كۈزدە يەرگە چۈشكەن كۆچۈكى قارا
قىشتا قارنى تويماي تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ . جان - جانىۋارلارغا
ئاسماندىن بالا ياغقاندەك يۇرت - مەھەللىدىكى ئۆۋچىلار قۇتراپ ،
جاڭگالنى تۇزاق ، قىلتاق ، لەخمە قاپلىغاندا ماۋۇ ئەقىلسىز ئېيىق
خوتۇننىڭ بالىسى تالادا قالغان گەپ .

— ئانىسىنىڭ دىتى بولسا ئۆۋىسىنى ئۆزى ئۇخلاپ قالغاندا
يىراقلارغا كەتكەن بالىسى تاپالىغۇدەك ياسىمامدۇ... ھەيھات ، —
شالدىر بۇيا بىلەن قومۇشلار شۇ گەپنى قىلىشىۋاتقاندا ، تەمتىلەپ
يۈرگەن ئېيىق بالىسى «گۆلدۈر» قىلىپ لەخمىگە چۈشۈپ كەتتى .
ئۇنىڭ «غىڭ» قىلىپ بىر قاۋاپ غىڭشىلىدىغان ئاۋازى ئۆچۈپ ،
بىرھازادىن كېيىن يەرنىڭ تېگىدىن غىڭشىپ يىغلىغان ئاۋازى
ئاڭلاندى . قوڭۇر ئېيىق بالىسى قاراڭغۇ لەخمە ئىچىدە بىردەم
غىڭشىپ يىغلاپ تىمىسقىلىغاندىن كېيىن بۇرنىغا توشقان گۆشىنىڭ
پۇرىقى ئۇرۇلۇپ ، چاپاق باسقان قارا كۆزلىرى چەكچىيىپ ،
خۇشاللىقىدىن كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئاچ كۆزلۈك
بىلەن ئەسنىدى . شۇ ئەسنادا ، ئۇنىڭ ئېڭەكلىرىدىن قاس چىقىپ
كەتتى . پۇراپ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئۆۋچى تاشلاپ قويغان توشقاننىڭ
گۆشىدىن تويغۇچە يەپ ، ئالىقانلىرىنى ھۆللەپ يۈزىنى پاكىز
سۈرتۈپ ، كېكىردى . «خۇداغا شۈكۈر . ئانامنىڭ قۇچىقىدا
سېرىقتال ، قورسىقىم تويماي جان قىينىغۇچە ئۆۋچىنىڭ ئورىسىدا
بولسىمۇ ، ئۆۋچىنىڭ تەييار گۆشىنى يەپ ، قورساق توق ، كۆڭۈل
شوخ خاتىرجەم ئۇخلىمايمۇ . ئانام دائىم خەقنىڭ بىكارلىق
بىرنەرسىسىنى يىمە . يېسەڭلا بالاغا قالىسەن ، دەيدۇ . قانداق بالاغا

قالمەن دېسەم، يا ئۇۋچىنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ، بېشىڭنى يەيسەن. يا ئۇۋچىغا قول بولۇپ قەپەسدە ياشايسەن، دەيدۇ. بۇگۈن قورسىقىم تويىدىغانلا ئىش بولسا ئەتە نېمە بولسام بولمامدىمەن. نېمە كۆرسەم كۆرمەمدىمەن. يائاللا... ئۆز ئۆيۈمدە خاتىرجەم ياتتىم دەپ، ئاچلىقتىن ئۆلەمدىمەن، بىر كۈن بولسىمۇ جان قىينىماي جېنىم ئارام تاپقىنى تاپقان.» ئېيىق بالىسى توشقان گۆشىنىڭ ھوزۇرىنى سۈرۈپ تاتلىق ئۇخلاپ قالدى.

بىر چاغلاردا بۇقاپاتار تەرەپتىن ئوۋ ئىتلىرىنىڭ بەس - بەس بىلەن قاۋىغان ئاۋازى بارغانچە يېقىنلاپ كېلىپ، ئورا بېشىدا بىر - بىرىدىن غالجىر، تورپاقتەك سەككىز - ئون تاغىل ئىت ئورىغا قاراپ يەۋېتىدىغاندەك چەكچىيىپ قاۋىغىلى تۇردى. ئىتلارنىڭ قاتتىق قاۋاپ كېتىشلىرىدىن شېرىن ئۇيقۇسى بۇزۇلغان ئېيىق بالىسى ئورا بېشىدىكى ئوۋ ئىتلىرىغا قورقۇپ غال - غال تىترەپ يالۋۇردى.

— چۈشسەم ئۆزۈمنىڭ ئورىسىغا چۈشتۈم. يېسەم ئورىدىكى توشقاننى يېدىم. سىلەر نېمانچە خاپا بولۇپ كېتىسىلەر؟...

ئىتلار ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ئوغىسى قايناپ ئورىغا سەكرەپ چۈشۈپ ئېيىق بالىسىنى تالاش ئۈچۈن تەمشىلىپ ئورىغا سەكرىگىلى بويۇنداۋاتقاندا، بېشىدا تولكە سالۋار، ئۇچىسىدا ئۆك جۇۋا، شىراق مىلتىقلىق بوسۇغا باي پالۋان قارا ئارغىماقتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئىتلارغا گەپ قىلدى.

— ھە ئورىغا نېمە چۈشۈپتۇ. نېمانچە ئۈندەرەپ كەتتىڭلار... ھە، قايناپ كەتكىنىڭلارنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەن. ئاتايىن راسلىغان لەخمىگە چوڭراق بىرنېمە چۈشمەي، توشقانچىلىك ئېيىق كۈچۈكىدىن بىرى چۈشۈپ ئادەمنى گالدۇرلۇك قىپتۇ. بوپتۇ، خاپا بولماڭلار. بۇ ساقالدىكى ئاشتەك بولسىمۇ، بۇنى ھازىرچە ئۆلتۈرسەك خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ. قويۇۋېتەيلى، جېنىنى جان ئەتسۇن...

بوسۇغا باي قويندىن قىل ئارقانى چىقىرىپ سالما تاشلاپ

ئېيىق بالىسىنى تارتىپ چىقىرىپ ئۇنىڭ گەدىنىدىن تۇتۇپ، بوينىدىن قىلتاقنى چىقىرىۋېلىپ قارىدى.

— ھە، ئىنجىمارۇق ھالىڭغا باقماي ئەركەككەنسەن تېخى. بۇنىڭدىن كېيىن بەڭباشلىق قىلىپ بېشىڭ قايغان، پۇتۇڭ تايغان يەردە تەمتىلەپ يۈرمەي، ئاناڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆيۈڭدە ئاناڭنىڭ سۈتىگە شۈكۈر قىلىپ يات. سەن مېنىڭ بىرمۇنچە ئەجرىمنى كۆيدۈرگەن بولساڭمۇ، سەن تېخى گۆدەك بولغاچقا مەن ساڭا كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرسەتمەي. ماڭ ئۆيۈڭگە كەت، — ئاندىن ئۇ ئىتلارغا قارىدى، — سىلەرمۇ بوش كاڭشىڭلار، ئۇ تېخى نارەسىدە ئىكەن. جېنىنى جان ئەتسۇن، ھە دېگەندىلا ئۇرىغا چۈشۈپتۇ. ئۇمۇ بىر مەزگىل جان باقسۇن. تېرىسى، تاپىنى يوغىناپ، بويىنى ياغقا تولغاندا ھامان بىز كولىغان ئورىغا چۈشىدۇ. ھامان بىزگە ئەسقاتىدۇ.

ئىتلار بوسۇغا باينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قۇيرۇقلىرىنى شىپپاڭلىتىپ قاۋاشتىن توختاپ، مۇلايىملىق بىلەن ھاسىراپ، بوسۇغا باينىڭ ئايىغىدا تاپىنىنى يالاپ جىم يېتىشتى. بوسۇغا باي ئېيىق كۈچۈكىنى يەرگە قويۇشىغا قۇلا ئات مىنگەن ئون بىر ياشلىق ئوغلى نەيزە باي ئېتىنى چاپتۇرۇپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئاتتىن سەكرەپلا ئېيىق كۈچۈكىنى قۇچىقىغا ئېلىۋالدى.

— ئۇنى قويۇۋەت. ئۇ تېخى ئۇكاڭ ئارا بايدىنمۇ كىچىك. جېنىنى جان ئەتسۇن. بىزنىڭ ئوۋچىلىق رىسالىمىزدە يېشىغا توشمىغان ھەرقانداق جان ـ جانىۋارغا چېقىلمايمىز. ئۇنى قويۇۋەت!

— پوندەك ئاتا، خوش بولاي. ئۇنى ماڭا بېرىڭە.
— قانداق قىلىسەن، ئۇ پىچاققا يارىمايدۇ؟
— ئۇنى باقىمەن. ھويلىدىكى كۈچۈكلەردەك باقىمەن.
— ئۇنى ئىتلار يەپ كېتىدۇ.
— ئۇنى ئات ئېغىلىدا ئايرىم قورمىغا سولاپ باقىمەن. مېنىڭ باققۇم كېلىۋاتىدۇ ئاتا.

— ئۇنى باقمەن دەپ ئۆلتۈرۈپ قويسەن. ئۇ تېخى ئانىسىنىڭ ئەمچىكىدىن ئايرىلمىغان كۈچۈككەن.

— ياق، تۈككە قارىسام سۈت ئۇرۇقى بولۇپ قالغان نېمىكەن. ئانىسى ئۆلدىمۇ ياكى ئانىسىدىن سۈت چىقمىدىمۇ، ئەمچەكتىن ئايرىلىپ قالغانلىقى مانا مەن دەپ تۇرامدۇ؟

— باقمەن دەپ ئۆلتۈرۈپ قويساڭ قىساسىغا قالىسەن. نۆۋەي جاندارلارنى ئۆلتۈرگەن ئادەم ئوۋچى بولالمايدۇ.

— مەن سىزگە قەسەم بېرەي ئاتا، ئۇنى نۇزەمبىللا ئۆلتۈرۈپ قويمايمەن. بىر باققىلى قويۇڭە.

بوسۇغا باي قىزىل سىمدەك بومبۇر ساقىلىنى سىلاپ، چوڭقۇر كۆكۈچ ئورا كۆزلىرىنى بىر ئوغلىغا، بىر ئۇنىڭ قۇچىقىدا بىغەم تەلمۈرۈپ تۇرغان ئېيىق بالىسىغا تىكىپ، قېلىن كالپۇكلىرىنى چىشلەپ قويۇپ سۆزلىدى:

— بوپتۇ، رايىڭغا باقاي. ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان بولساڭ پۇتۇڭدىن باغلاپ توغراققا بىر كېچە ھاۋا تاپان قىلىپ ئېسىپ قويىمەن.

— خوپ ئاتا، ئوبدان ئاتا، پوندەك ئاتا، قاپاق توغراقتەك ئاتا...

بوسۇغا باي قارا ئارغىماققا مىنىپ توغراقلىق ئىچكىرىسىگە ئات سالدى. ئوۋ ئىتلىرى نارازى بولۇپ ئېيىق كۈچۈكىنى جۈۋىسىنىڭ قوينىغا سېلىۋاتقان نەيزە بايغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ غىڭشىپ قاۋاپ قويۇپ، خوجىسىنىڭ كەينىدىن چېپىپ كېتىشتى. نەيزە باي ئېيىق كۈچۈكىنىڭ تۇمشۇقىنى ساغرا تاسما بىلەن يېنىك بوغۇپ، بېشىنى قوينىدىن چىقىرىپ قويۇپ ئاتىسىنىڭ كەينىدىن ئات سېلىۋىدى، ئېيىق بالىسى ئۇنىڭ مەيدىسىنى تاتىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ توختاپ، ئېيىق بالىسىنى ئاستىدىكى قىل خۇرجۇنغا بېشىنى چىقىرىپ سېلىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى.

ئۇلار كېتىپ ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە، ئانا

ئېيىق بىر پاتمان خاپىلىق بىلەن يىغا ـ زار قىلىپ ، ھۆكرەك ئېتىپ يىغلاپ يېتىپ كەلدى . بالىسىنىڭ ئىزىنى پۇراپ بالىسى چۈشۈپ كەتكەن ئورەك بېشىغا كەلدى ـ دە ، بالىسىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ قاتتىق ھۆكرەپ ئالەمنى مالەم قىلىپ يىغلاپ كەتتى . لەخمە بېشىدا ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈن ئايلىنىپ ھۆكرەپ يىغلىغاندىن كېيىن ، ئىككى پۇتلۇق بولۇپ ئۆرە تۇرۇپ تۆت تەرەپكە قارىدى ـ دە ، بالىسىنىڭ پۇرىقىنى ھىدلاپ غەزەپ بىلەن ھۆركىرىدى . ئاندىن بىر توغراقنى قۇچاقلاپ قاتتىق ھۆركىرەپ نەرە تارتىپ سىلكىپ توغراقتا ئۇستۇردى . قاتتىق سىلكىنىشتىن توغراق ئۈستىدىكى قارلار تاغدىن سىيرىلغەندەك سىيرىلىپ چۈشۈپ ، ئېيىقنىڭ ئۈستىباشلىرىنى قار باستى . قوڭۇر ئېيىق ئاقتا ئايلىنىپ گويا قار باسقان دۆڭ يۆتكەلگەندەك ، بالىسىنى ھىدلاپ ئۇۋچىلار كەتكەن تەرەپكە يۈگۈردى . ئېيىق يۈگۈرگەندە ئۈستىدىكى قارلار لەپ ـ لەپ چۈشۈپ يەنە ئەسلىي رەڭگىگە كەلدى . ئېيىق ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ ھۆتارتىپ يىغلىغانچە ئۇۋچىلارنىڭ ئىزىدىن قېلىن قارلىق توغراقلىق ئارىسىغا كىرىپ كەتتى .

*　　　　*

ئانا قوڭۇر ئېيىق بوسۇغا باينىڭ دەريا بويىدىكى سالمىلىق دۆڭگە جايلاشقان توقسان پاتمانلىق كەڭ قورۇسىنىڭ ئالدى ـ كەينى ، ئۆي ، ئېغىل ـ قوتانلىرىنىڭ ئۆگزىسىگە ئاسمان پەلەك بېسىۋەتكەن كۆك قومۇش ، مەنگەن ، پاتاس ، كۆك شاخ ، سامان دۆۋىلىرى ۋە باغنىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى ، يىغلاپ قاقشىدى . بوسۇغا باي ئائىلىسىدىن كۆزى سۇزۇلمىگەن نارەسىدە بالىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تىلەپ جىق يالۋۇردى . بوسۇغا باي ئېغىلنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئاستىغا قېلىن ئۇجمە شېلى ئورنىتىلىپ ، ئۈستى قېلىن كالا تېرىسىدىن تاسما تىلىپ ياسالغان باسماققا باستۇرۇپ قويغان ئېيىق بالىسى ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ،

غىڭشىپ باسماقنىڭ ھەر يېرىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ ، قېتىپ چويۇندەك بولۇپ كەتكەن تاسمىنى چايناپ باقتى . ئۆي ئىگىسى ئېيىق بالىسىنىڭ قورمىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ ، ئاستىدىكى قاتتىق ئۇچمە ياغىچىنى تاتىلاپ يىغلاشلىرىغا ، ئانا ئېيىق بىلەن بالا ئېيىقنىڭ تەڭ يىغلاشلىرىغا ئىچى ئاغرىپ ئېيىق بالىسىنى قويۇۋەتمەكچى بولدى . ئەمما ئاۋۋال ئۆگزىگە چىقىپ قاراپ باقماقچى بولدى . ئۇ ئۆگزىدىكى كەپتەر پەغىزىنىڭ ئون بىر غولاچلىق توققۇزىنچى باسقىسىغا دەسسەپ تۆت تەرەپكە قارىدى . يىراق تۇمان قاپلىغان چەكسىز توغراقلىق دەريا ساھىلىغا قاراپ بوگۈن قايسى تەرەپتىكى تاپان ـ تۇزاق ، قىلتاقلارنى يوقلاشنى چەنلەۋېتىپ ، يىراق دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ئەيسانىڭ ئاۋىنى ، ئات چاپار ، سېرىقبويا تەرەپلەرگە نەزەر سېلىۋېتىپ بىردىنلا ھەپتە ، ئون كۈننىڭياقى ئاۋازىنىلا ئاڭلاپ قارىسىنى كۆرەلمىگەن ئانا ئېيىقنىڭ ئاچقاش دۆڭ تۆپىسىدىكى يالغۇز قېرى توغراقنىڭ تۈۋىدە ئىككى پۈتلۈق بولۇپ ئۆزىگە زەن سېلىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇنىڭ يىگىرمە ـ ئوتتۇزچە ئوۋ ئىتى ھەپتە ، ئون كۈننىڭياقى بۇ ئېيىق بىلەن تولا ھەپىلىشىپ ، تولا قاۋاپ ئەگىشىۋالغانىدى . بىرقانچە ئىتىنى بوغۇپ قارنىنى يېرىپ ، پۇتلىرىنى تۆت پارە قىلىپ تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ئوۋ ئىتلىرى ھەم قورقۇپ ، ھەم ئۇنىڭدىن زېرىكىپ ، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماس بولۇپ كەتكەنىدى . بوسۇغا باي دەسلەپتە ئوۋ ئىتلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن قەستەن قېرىشىپ تۇزاق قۇرۇپ ، لەخمە كولاپ ، قىلتاق قۇرۇپ باقتى . ئەمما ئانا ئېيىق تۇزاققىمۇ ، قىلتاققىمۇ چۈشمىدى ياكى مىلتىق ، نەيزە ، چوماققا لايىق قارىسىنى كۆرسەتمىدى . مانا ئەمدى ، ياۋا جاندارنىلا كۆرسە ئوۋ خۇمارى تۇتۇپ كېتىدىغان بوسۇغا باينىڭ ئانا ـ بالا ئېيىققا ئىچى ئاغرىپ بالىسىنى قويۇپ بەرگۈسى كېلىپ باغرى يۇمشاي دېۋىدى ، زادى قانداقراق بولغىيدى دەپ بىر كۆرۈپ بېقىشقا تەقەززا بولۇپ كۆرەلمەي رايى يانغان چاغدا ئېيىقنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ تۇمەنتال بۆرە ئېغىزى ، ھەتتا

تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى كەندىكان خىنيا ، ئەختەمبايىنىڭ مورىسى دىگەن مەشھۇر توغراقلىقلاردىمۇ ئاغزىغا چىش چىقىپ ئەقلىگە كىلىپ بۇنداق تامدەك يوغان ئىيىقنى كۆرۈپ باقمىغانىدى .

«ئۇنىڭ تېرىسى ئون كالىنىڭ پۇلىغا ، يېغى ئوتتۇز ئاتنىڭ پۇلىغا ، تاپىنى ئىككى يۈز قويغا ، بىر هارۋا كەلگۈدەك سۆڭىكى يۈز ئۆچكىگە يارايدىكەن . خۇدايىم بوسۇغامغا ئەۋەتكەن بۇنداق پۈتۈن سۈرۈك ئولجىنى ئۆلتۈرمىسام مىنى ئۆۋچى دەمدۇ ؟ ئالدىمغا كەلگەن تەييار ئوۋنى ئۆلتۈرمىسام قاراپ تۇرۇپ چوڭ زىيانغا يول قويغان بولىمەن . بۇنداق ئوۋ ئەللىك بىر ياشقا تاقىلىپ ساقىلىم ئاقارغۇچە نىسىپ بولمىغان . ئەمدى يەنە نىسىپ بولامدۇ - بولمامدۇ ، خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت ! ئۆۋلىغىنىم ئۆۋلىغان ، بالىسىنى قويۇۋەتسەم مەھەللەمدىن كەتمەيدۇ . هامان بىر كۈنى يا تاپان تۈزاقتا ، يا مىلتىقتا توغرا كىلىدۇ .» بوسۇغا باي تۆيۈقسىز تاپقان ئەقلىدىن ئالا كۆچۈكلىرى تارقاپ ، پەغەز باسقىسىدىن ئالدىراپ چۈشتى . «خۇدايا توۋا ، كونىلار كاللىغا ئەقىل كەلمىگەندە ئات مىنىپ ، ئاتنى يورغىسىغا قويۇۋېتىپ ماڭسا ئەقىل كىلىدۇ دەيدىغان . بۇنىڭدىن كىيىن كاللام توختاپ قالسا پەغەزنىڭ توققۇزىنچى باسقىسىغا چىقىپ ئالەمنىڭ كۆز يەتكەن يېرىگىچە زەن سالسامۇ ئەجەب بەلەن ئەقىل تاپىدىكەنمەن . هەببەللى ، بۇنىڭدىن كىيىن دائىم پەغەزگە چىقاي . كەپتەرلەر نىمىشقا ئون كۈنلۈك يەردىن ، ئون يىلدىن كىيىنمۇ ئۆلمىسىلا ئۆزىنىڭ يۇرت - مەھەللىسىگە كىلەلەيدىكىن دىسەم ، ئۇلار دائىم پەغەزدە ئولتۇرۇپ ئەقىللىقلىشىپ كىتىدىكەن ئەمەسمۇ ؟ دىمەك ، خۇدا ياراتقان هەربىر ئىشنىڭ مىڭ بىر هىكمىتى بار . ئۇنى ئاللادىن باشقا مەخلۇق بىلمەيدۇ . كەپتەرنىڭ ئەقلى پەغەزنىڭ هىكمىتىكەن ئەمەسمۇ ؟ !»

شۇنداق قىلىپ ، بوسۇغا باي ئانا - بالا ئىيىققا ئىچ ئاغرىتىشتىن يېنىۋېلىپ ، ئۆۋچىلىق نەپسىگە تارتىپ باغرى تاشقا ئايلاندى .

ئېيىق توقسان ئۈچ كۈن بوسۇغا بايىنىڭ قورۇسىنى ئايلاندى . بەزىدە يالغۇز ۋۇرۇپ يىغلاپ ئايلاندى ، بەزىدە غەزەپ بىلەن ھۆركىرەپ يىغلاپ ئايلاندى . بوسۇغا بايىنىڭ قورغان قاپقان ، تۇزاق ، لەخمە ، ئورا ، قىلتاقلىرىغا ئېيىق چۈشمىدى . ئاتقان ئوقلىرى ئېيىققا تەگمىدى . ئېيىق بوسۇغا بايلارغا ئارام بەرمىدى ، بوسۇغا بايمۇ ئېيىققا ئارام بەرمىدى . مەھەللىگە ئېيىق كەلسە ، ئانىسى تالادا ئالەمنى مالەم قىلىپ يىغا ـ زار قىلسا ، بالىسى قورمىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ ھۆكرەپ يىغلاپ ھويلىنى بىر ئالاتتى . ئانا ـ بالا ئېيىقنىڭ نالە ـ زارىغا چىدىمىغان ، تېرىككەن ئوۋ ئىتلىرى بەس ـ بەس بىلەن قاۋىسا توخۇلار قاقىلداپ ، قويلار مەرەپ ، جىم ياتقان ئېشەكلەر ھاڭراپ ، ئېغىلدىكى كالىلار مۆرەپ ، بوسۇغا بايىنىڭ مەھەللە قورۇسى قىيامەتنىڭ نالە ـ زارخانىسىغا ئايلاندى . بۇ غوۋغادىن تېرىككەن بوسۇغا بايىنىڭ ئۆيىدىكىلەر قوي ـ كالا ، ئىت ، توخۇلىرىنى جىم بول دەپ ۋارقىراپ قولىغا چىققان نەرسىلىرى بىلەن ھايۋانلىرىنى ئۇرۇپ ـ تىللاپ ۋارقىراپمۇ توختىتالماي ، تالادا چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى توغراقلىققا قارىتىپ ئوق ئېتىپمۇ ئانا ئېيىقنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرەلمىدى . ئانا ئېيىق ھېلى كۈنچىقىش توغراقلىقتا ھۆركىرىسە ، ھېلى كۈنپاتار تەرەپتە نەرە تارتاتتى . ھېلى تاڭ ئېتىپ كۈن چىقاي دېگەندە بومبا پارتلىغاندەك ھۆم سالسا ، ھېلى تەسكەيدە ھەملە قىلىپ ، دەم كۆتە بولغاندەك بوقۇلدايتتى . بۇ قىش يا ئانا ئېيىق قىشلىق ئۇچەك ئۇيقۇسىنى تاپمىدى ، يا بوسۇغا بايلار ئائىلىسى ئارام تاپمىدى ، ئېيىق بوسۇغا بايغا ئارام بەرمىدى ، بوسۇغا باي ئېيىققا بالىسىنى بەرمىدى . يا بوسۇغا باي ئېيىقنى ئوۋلاپ نىيىتىگە يەتمىدى ، يا ئېيىق بالىسىنى ئېلىپ كېتەلمىدى . دەل توقسان كۈن بولۇپ باش ئەتىيازنىڭ مۇز كورۇك بولۇپ ، پاقا كۈركىرىغان كېچىسى ئانا ئېيىق خۇددى ئۆينىڭ ئىچىدىلا ھۆركىرىگەندەك بىر نەرە تارتتۇيدى ، بوسۇغا بايىنىڭ يېنىدا قورسىقىنى گۈمبەزدەك چىقىرىپ ئۇيقۇغا كەتكەن بوسۇغا بايىنىڭ خوتۇنى ئاغىچىخان «ۋايجان ، ئېيىق

يەپ كەتتى . مېنى ئېيىق يەپ كەتتى ! » دەپ ۋارقىراپ چۆچۈپ ، ئۆنىدەرەپ قوپتى ـ دە ، سۈپىدىن يۇمىلاپ چۈشۈپ ئوچاقنىڭ كۈلۈڭىگە يىقىلىپ ، مورىغا ئۇسۇۋېلىپ بېشىنى يېرىۋالدى . ئاغىچىخانىنىڭ يېنىدا بوراندەك خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان بوسۇغا بايمۇ ئۆندەرەپ تۇرۇپ ساپال چىراغنى ياققاندا ، ئايالى ئاغىچىخان بىر قولىدا يېرىلغان بېشىنى ، بىر قولىدا سەككىز يېرىم ئايلىق بولغان قورسىقىنى تۇتۇپ «ۋاي بېشىم ، ۋاي قورسىقىم» دەپ ۋايساپ ئۆينى خامان ئايلانغىلى تۇردى . ئاغىچىخانىنىڭ بېشىدىن ئاققان قان يۇزلىرىنى بوياپ ، شەبنەم كاۋىسىدەك كۆكسىگە تامچىلىغانىدى . بېشىدىكى چىگىپ ياتىدىغان ياغلىقى مورىسىگە چۈشۈپ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى . «ۋاي قورسىقىم ، ۋاي بېشىم... مەن ئۆلىدىغان بولدۇم . ۋاي قورسىقىمدىكى بىچارە بالام ، چالا تۇغۇلۇپ قالارمۇ ؟ ۋاي قارنى تويسىمۇ كۆزى تويمايدىغان ئاژناپلار... شۇ بالا تەگكۇر ئېيىق بېشىمنى يەيدىغان بولدى . نەدىن ئەكەلدى شۇ جاھىل قېرى ئېيىقنىڭ بالىسىنى ؟... ئېيىق سەندىن جاھىل ، سەن ئېيىقتىن جاھىل . ئىككى جاھىل بەدبەخت ئاخىر مېنىڭ بېشىمنى يەيدىغان ، قورسىقىمدىكى سەككىز يېرىم ئايلىق بولغان بالامنىڭ بېشىنى يەيدىغان بولۇشتۇق . »

يىغا ـ زار ، داد ـ پەريادتىن ياندىكى ئۆيلەردە ياتقان بالا ـ چاقىلار چۆچۈپ ، بوسۇغا باي ئەر ـ خوتۇن ياتقان ئۆيگە كىرىپ ئاغىچىخانىنىڭ بېشىغا قوناق پوخۇقى تۆكۈپ ياغلىقى بىلەن تېڭىشتى . بەزلەپ تەسەللى بەردى . دەرغەزەپكە كەلگەن بوسۇغا باي قورۇدا توختىماي ھاۋىلداۋاتقان قىرىق بىر ئۇۋ ئىتىنى ئېيىقنى قوغلاشقا ۋارقىرىۋىدى ، ئىتلار دەرۋازىدىن چىقىشقا قېرىنقلىق قىلىپ ھويلىدا تۇرۇپ ئېيىق ھۇۋلىغان تەرەپكە قاراپ قۇيرۇقلىرىنى ئىچىگە تۈگۈپ چىققىلى ئۇنىمىدى . تېرىككەن بوسۇغا باي شىراقلىق مىلتىقنى ئېلىپ ئۆزى يالاڭ ئاياغ ، كىيىپ ياتىدىغان كۆرەك تۇماق ، كالتە تامبال بىلەن توغراقلىق ئىچىگە كىرىپ ئېيىقنىڭ ئۈنى كەلگەن تەرەپكە يۈگۈردى . تاپانلىرىغا

پاتاس ، تىكەنلەرنىڭ زەھەردەك سانجىلىشى ئۇنىڭ ئۇششۇك ھەرىسىدەك غالجىرلاشقان ئاچچىقىغا تەڭ كېلەلمىدى . بىر چاغدا «گۇلدۇر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ، ئاستىغا يۇلغۇن قوۋزىقى قېقىلغان ئورىغا چۈشۈپ ئوڭ پۇتىنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن قوزۇق پۇتىنىڭ دۈمبىسىدىن ، سول يوتىدىن كىرگەن قوزۇق يانپېشىدىن بۆسۈپ چىقىپ بىر ئۇنى ئاسماندا ، بىر ئۇنى تەكتى ئەسرادا «ۋايجان» دەپلا ھوشىنى يوقاتتى . ئۇ ئېيىققا كولىغان قوزۇقلۇق بەش غۇلاچلىق لەخمىگە ئۆزى چۈشۈپ كەتكەنىدى . ئۇ ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقاندا ، ئۆزىنى تۇمەنتال بازىرىدىكى جەرراھ يۇسۇپ قارىمنىڭ ئۆيىدە كۆردى . يۇسۇپ قارىم ئۇنىڭ پۇتىدىن ، يوتىسىدىن يۇلغۇن قوزۇقىنىڭ سۇنۇقىنى تارتىپ چىقىرىپ ، قوزۇق تەشكەن كامارلارنى كۈمۈش خەنجەرنى ئوتتا قىزىتىپ داغلاپ ، تىرىك يىلاننىڭ قارنىنى يېرىپ تۆشۈككە چاپلاپ ماتانى تۇخۇمداپ شاقىداپ تېڭىپ ، ئوغلاق تېرىسىگە يۆگەپ قويغانىدى .

— ئۇھ ، خۇداغا شۈكۈر ئاتا . ھەنىم بولسا ھوشۇڭغا كەلدىڭ ؟

— ئاناڭ قانداق بولدى ؟

— ئانام ئوغۇل تۇغدى .

— نېمە ؟ بىر ئايغا يېقىن بالدۇر تۇغۇپ قويسا . چالا تۇغۇلغان بالا ساقمۇ ؟

— خۇدا ساق قىلغاننى كىم ساقسىز قىلالايتتى ، بوسۇغاخۇن . ئون ئۈچىنچى بالاڭلارمۇ ساق تۇغۇلدى . بالدۇر تۇغۇلغانىغا ئاچچىقى كەلگەندەك يامان يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيدى .

— سېنىڭ قارا كۆرپە تۇمىقىڭغا سېلىپ قويساق تاغىل مۈشۈكتەك ئۇخلايدۇ ئاتا . بۇۋىخان قۇشناچىم بالا ئۈچ كۈنلۈك بولۇۋالسا ئەي بولىدۇ دېگەنىدى ، بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى .

— نېمە مەن قانچە كۈن ياتتىم ؟

— توققۇزىنچى كۈنى كۆزۈڭنى ئاچتىڭ ئاتا .

— ھېلىقى بېشىمىزغا بالا ئېيىق بالىسىنى ؟...

— ئېيىق بالىسىنى يۇسۇپ قارىكامغا بىر موزايلىق ئىنەككە

بەردۇق . قالغىنىغا سېنى داۋالاپ قويغانغا پۇل ئالمايدىغان بولدى .

— ئۇنى نېمە قىلارسىلەر يۇسۇپئاخۇنباي ؟

— ئېيىقنىڭ ھەممە نەرسىسى دورا . دورا ياساپ ، سىلىدەك ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىدىن چىقىمىز بوسۇغاخۇن .

شۇنداق قىلىپ ، ئون بىر كۈن بولغاندا بوسۇغا باينى بالىلىرى ئات ھارۋىسىغا ياتقۇزۇپ بۆرە ئېغىزى جاڭگىلىغا ياندۇرۇپ ئەكەلگەندە ، توغراقلىقمۇ ، مەھەللىمۇ تىنجىپ قالغان ، تۇغۇتلۇق ئايالمۇ بىر ئوبدان ياتقاندى . مەھەللە ـ ئۆي بۇرۇنقى ھالەتتە جىمجىت ئىدى .

— ئېيىق يەنە ئادا سالمىغاندۇ ؟

— بۇ ئۆيدىن بالىسى يوقالغاندىن كېيىن ئۇ دۆيۈز ئېيىق يوقالدى . دۇرۇن شاۋچى ، بالامنى بالدۇر تۇغدۇرۇۋەتتى . تاس قالدى ، بالامنىڭ بېشىنى يېگىلى . بالام ، ئەركەك قوزام ، — دەپ ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنىڭ باش ـ كۆزىگە سۆيۈپ قويدى ئاغىچىخان . بوسۇغا باي ئون ئۇچىنچى بالىسىغا ھەۋەس بىلەن چوڭقۇر تىكىلىپ قارىدى .

— بىرەر يېرى ھەيمىناق تۇغۇلمىغاندۇ .

— ئاغزىڭغا تاش . يەتتە ئەزاسى بېجىرىم . سېنى دوراپتۇ ئوغرى . تىلىڭغا ھوناق چىققۇر ئەبگار ئوغرى .

— ھەرنېمە بولسا ، يارايسەن خوتۇن . ئون بەشنى تۇغۇپ ، تۇغۇشقا ئۇستا بولۇپ كەتتىڭلار ـ دە ! خۇداغا شۈكۈر .

— يەنە بۇ قېتىم ئېيىق بالىسىنى تىرىك ئەكېلىدىغان بولساڭ بىر چىشلەم گۆشۈڭنى خام يەيمەن جۇمۇ بوسۇغاباي . تاس قالدىڭ ئۆزۈڭ كولىغان ئورىغا ئۆزۈڭ چۈشۈپ كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرەلمىگىلى . ياخشى ، ھەرھالدا يەيدىغان رىزقىڭ باركەن ، خۇدا ساقلاپتۇ سېنى .

— نۇزەمبىللا بۇ پوقنى يەمدىغان ، نەيزە باينىڭ پوقىنى يەپتىمەن .

— ئوغلىمىزغا نېمىدەپ ئات قويىمىز ؟

— تېخى ئات قويمىدىڭلىمۇ ؟
— سېنى ساق كەلگەندە ، ئۆزى قويسۇن دەپ ساقلاپ تۇردۇق .
— ئېيىق پالۋان بولسۇن . ئېيىقتىن قورقۇپ كەتكەندە تۇغۇلغان بولغاندىكىن ، ئېيىق پالۋان بولسۇن ، ئېيىقتىن قورقمايدىغان بولسۇن .
— ئوھوي ، شۇنداقمۇ ئات بولامدۇ ئىيەكىم ؟
— بولماي ئەمسە .
شۇنداق قىلىپ ئون بەشنى تۇغقان ئاغىچىخاننىڭ هايات ئون ئۈچىنچى بالىسى ئېيىق پالۋان بولدى . ئېيىق پالۋاننىڭ قىرقى توشۇپ بۆشۈك تويى بولغاندا ئۈچ كالا ، توققۇز قوي سويۇپ ، قىرىق چارەك گۈرۈچ بىلەن يۇرت جامائىتىگە ئات تويى قىلىپ بەردى . ئەمما بالا دەل توقسان ئۈچ كۈنلۈك بولغاندا هويلىدىكى ئۈجمە تۈۋىدىن بۆشۈكى بىلەنلا غايىپ بولدى . ئاغىچىخان بالىسىنى ئۈجمە سايىسىدىكى سۇپىدا بۆشۈككە بۆلەپ ئۇخلىتىپ قويۇپ ، ئېغىلغا ئىنەك ساغقىلى كىرىپ كەتكەندە ، ئىتلار قاتتىق قاۋىشىپ كەتتى . بوۋاقنىڭ قىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى . ئاغىچىخان يېرىم بولغان ياغاچ سوغىدىكى سۈتنى تاشلاپ ئېغىلدىن يۈگۈرۈپ چىققاندا ، يوغان تامدەك بىر نەرسىنىڭ قارىسى دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى . بالىنىڭ قىرقىرىغان ئاۋازىمۇ تامدەك نەرسە بىلەن تەڭ چىقىپ كەتتى . ئاغىچىخان دەرۋازىدىن ئەس - هوشىنى تېپىپ چىققاندا ، يوغان قوڭغۇر ئېيىق قويۇق توغراقلىق ئىچىگە شۇڭغۇپ كۆرۈنمەي قالدى .
— ۋايجان ، ۋاي بالام . بالامنى نەگە ئاپىرىسەن ، بېشىڭنى يەيدىغان ئوغرى ! ئېيىق بالامنى بەر… مەن ئۆلدۈم… ۋاي بالام .
ئاغىچىخان ئېيىقنى قوغلاپ توغراقلىققا يۈگۈردى . تۆت - بەش ئوۋ ئىتى ئىگىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ قاۋاپ ئەگەشتى . ئەمما يۈگۈرۈپ ئالدىغا ئۆتۈشتىن قورقۇپ كەينىدىن يۈگۈردى ، ئالدىغا ئۆتمىدى . ئاغىچىخان ئېيىقنى قوغلاپ توغراقلىق ئارىسىغا كىرىپ بىر كېچە - كۈندۈز هاسىراپ ، هۆمۈدەپ يۈرۈپ هېرىپ ، بىر قەدەم

باسارغا ماجالى قالماي هوشىدىن كېتىپ يىقىلدى . ئوۋ ئىتلىرى غىڭشىپ ـ غىڭشىپ نەچچىسى هوشسىز ئاغىچىخاننىڭ بېشىدا ئۇنى قورۇقداپ قالدى . نەچچىسى هاسىراپ ـ هۆمۇدەپ ، قاۋاپ ، هۇۋلاپ مەھەللىگە بېرىپ خەۋەر يەتكۈزدى . ئۆرىتۆپە بولۇپ كەتكەن بوسۇغا باي ئائىلىسىدىكى ئەر ـ ئايال ، قېرى ـ ياش شۇئان ئاتلىق ، ئېشەكلىك ، پىيادە هالدا كالتەك ، توقماق ، ئارا ـ چوماق ، نەيزە ، قىلىچ ، ئوقيا ، پالتا ، گىلمان شىراقلىق مىلتىقلارنى ئېلىپ داد سېلىپ خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئوۋ ئىتلىرىنىڭ كەينىدىن كېچىچە يۈرۈپ ، توغراقلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تورغاي چۈچىلىغان بۈرجىدا هوشسىز ياتقان ئاغىچىخاننى تاپتى . ئاغىچىخاننى هوشىغا كەلتۈرەلمەي تۈمشۈقىغا جۈۋالدۈرۈز سانجىپ قان ئېلىپ هوشىغا كەلتۈردى . ئاغىچىخان ئىچىگە بىر ئۈھ تارتىپ هوشىغا كەلدى . هوشىغا كېلىپلا ئاللا ـ كاللا سېلىپ بالىسىنى ئېيىق ئەپقاچقان ئىشىنى سۆزلەپ بەردى . سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئېرى ، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ يۈز ـ كۆزلىرىنى تاتىلاپ ، مورلاپ هۆ تارتىپ يىغلاپ تاپا ـ تەنە قىلدى .

— ئېيىقنىڭ بالىسىنى بېرىش ، قويۇۋېتىش ، ساق بېشىمنى ئاغرىتىشما دېسەم ئۇناشمايسەن . مانا بولدىماۋاي يۈرەك پارەم بالام ! ۋاي ئېيىق پالۋان بالام ! هە··· بالىغا ئېيىق پالۋان دەپ ئات قويۇپ ئاغزىڭدىن سائەت چىقىپ كەتتىمۇ ، بالامنى ئېيىق ئەپقاچتى··· ئېيىق يەپ كەتتى . ۋاي بالام··· ۋاي كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرمەي ئېيىققا يەم بولۇپ كەتكەن بالام ! ۋاي بالام ، ۋاي بىگۇناھ بالام ! ۋاي نارەسىدە بالام ، ۋاي غۇنچە بالام ، ۋاي سەركە بالام !··· ۋاي بالام ، ۋاي بالام ! ۋاي ئەقىلسىز ئاتاڭنىڭ ، ۋاي ئەقىلسىز ئاكاڭنىڭ قارىسىغا ، بالاسىغا كەتكەن بالام ، ۋاي سېنى ئېيىق چاينىۋاپ يەپ كەتتىمۇ بالام ؟ ! قانچە چاينام بولغانسەن بالام ؟ ئېيىقنىڭ بالىسىنى دوراپۇرۇچقا سېتىپ دوراپۇرۇچ دورا ياساپ يەپ كەتكىنى ئۈچۈن ئېيىق بىزدىن ئۆچ ئېلىپ سەن بالامنى يەپ كەتتىمۇ بالام ؟ بالاڭنى كاللىسى يوق بوسۇغا باي بىلەن ئاق ـ

قارىنى بىلمەيدىغان نەيزە باي تۇتۇۋېلىپ يۈرىكىڭنى زېدە قىلسا ، سەن مېنىڭ بالامنى ئەپقېچىپ يەپ زەرداب بولغان يۈرىكىڭگە داۋا قىلدىڭمۇ ئېيىق ؟ مەن سەندىن خاپا بولمايمەن ۋاي ئېيىق . چۈنكى سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ئانا ، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئانا . يۈرەك باغرىڭنى يېرىپ چىققان بالىنى خەق ئوغرىلاپ دورا قىلسا ، سەنمۇ ئۆزۈڭگە دورا قىپسەن ئېيىق ! ۋاي مەن سەندىن خاپا بولمايمەن ئېيىق ! ئۆزۈمدىن خاپا بولىمەن ئېيىق ، ئۆزۈمنىڭ بالىسىدىن خاپا بولىمەن ئېيىق ! ۋاي ئېيىق دەردىمىز ئوخشاشكەن . ئېيىق ، ۋاي بۇ دەردىمىزنى كىمدىن ئالىمىز ئېيىق ؟ ۋاي بۇ دەردىمىزنى كىمگە ئېيتىمىز ئېيىق ؟ ۋاي ئېيىق ، ۋاي ئېيىق ، ئانا بولماق نېمانداق تەستۇ ئېيىق ؟… ۋاي بالىلىرىمىز… ۋاي جانجىگەرىمىز !… ۋاي بالىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ دەردىنى سەنمۇ تېتىپ باق دېدىڭمۇ ئېيىق ! ۋاي بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ ، دورا قىلىشنىڭ تەمىنى مەنمۇ تېتىپ باقاي دېدىڭمۇ ئېيىق ؟…

ئاغىچىخان شۇنداق قوشاق قوشۇپ يىغلاپ ، ئۇنى پۈتۈپ ، زۇۋانى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . ئۇنى ھارۋىغا يانتۇزۇپ كېلىن - قىزلىرى ، باشقا خەقلەر ، خوتۇنلار ئېلىپ ، يىغا - زار بىلەن توغراقلىق ئارىسىدىكى ھارۋا يولى بىلەن مەشئەل كۆتۈرۈپ ، ئاتلىق ، ئېشەكلىك ھارۋىنىڭ ئالدى - كەينىنى قورۇقداپ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ مەھەللىگە يىغا - زار بىلەن ياندى . ئوۋ ئىتلىرىدىن ئون - يىگىرمىسى ئۆلارنىڭ ئالدى - كەينىنى قورۇقداپ ماڭدى .

ئەرلەر تۆت توپقا بۆلۈنۈپ ئېيىقنى ئىتىپ ئەتتىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوقيالىرىنىڭ ئوقىغا ، نەيزە - قىلىچلىرىنىڭ تىغىغا يىلان زەھىرى سۈۋاپ ، چەكسىز توغراقلىقنىڭ تۆت تەرىپىگە تارقاپ يەتتە كۈن ئىزدەشنى ۋەدە قىلىشتى - دە ، ئاتلىق تارقاپ توغراقلىققا سىڭىپ كەتتى .

ئەتىسى سەھەر ناشتا ۋاقتىدا ، ماتانى تۇخۇمدا شاقىداپ بېلىغا تېگىپ ياتقان ، كۆزلىرى ئىششىپ قىزارغان ئاغىچىخاننىڭ بېشىدا

ئۆيىدىكى خوتۇن - قىزلار ئامراق سۈتئاش ئېتىپ داستىخان سالدى .

— گېلىمدىن بىرمە ئۆتەمدا ھۇ چۇپۇرلار ، — دەپ ھەممىسىنى سەت تىللار بىلەن تىللاپ ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتتى . ئاغىچىخاننىڭ قىز - كېلىنلىرى تاماقىا زورلىغان ئاغزىلىرىنى تۇتۇشۇپ مىشىلداپ يىغلىشىپ ، قول باغلاپ تۇرۇشتى . دەل شۇ چاغدا ، تالادىن بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازى ، ئىتلارنىڭ قاۋشى ، توخۇلارنىڭ ئەنسىز ۋاتاقلىشى ئاڭلاندى . ھويلىدا قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى . «ۋاي بالام… ئېيىق پالۋان !» دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ تالاغا ئېتىلدى . ئاغىچخان شۇ دەقىقىدە ھويلىدىن ئۆينىڭ نان يېقىپ ، كالا ساغىدىغان ئىشلەمچىسى ھەلىمخاننىڭ «ۋاي ئېيىق كەلدى !» دەپ ئاللا - چۇقان سالغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى . ئاغىچخانلار ئۆندەرەپ ھويلىغا چىققاندا ، دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئېيىقنىڭ كەينىدىن كۆرۈپ قالدى . بوۋاقنىڭ قىقىلىپ بوغۇلۇپ ، قىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى . «ۋاي بالام ، ۋاي ئېيىق بالامنى بەر ، خوش بوپ قالاي !» ئاغىچخان يالۋۇرۇپ دەرۋازىغا يۈگۈرۈپ چىققۇچە ئېيىق توغراقلار بىلەن بوي تالىشىپ ئۆسكەن قومۇشلۇق ، يۇلغۇنلۇق دۆڭ ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى . بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازىمۇ ئاڭلانمىدى .

خوتۇن - قىزلار قولىغا چىققان ئارا - كالتەكنى ئېلىپ كەينىدىن قوغلاپ قومۇشلۇق ئارىسىغا ئېتىلىپ مېڭىشتى .

— توختاش قوغلىما !… قوغلىما توختاش ، بالام ساقكەن ، بالامنى ئېيىق يەۋالماپتۇ… بالامغا چېقىلماپتۇ ، توختاڭلار ! سىلەرمۇ ئېيىققا چېقىلماڭلار ، قوغلىماڭلار…— خوتۇن خەقلەر ھاڭۋېقىپ توختاپ قېلىشتى . ئۇۋ ئىتلىرىمۇ ئېيىقنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا پېتىنالماي ئادەملەردەك توختاپ قاۋاپ قېلىشتى .

— ھوي نېمە بولدى ، ئېيىق نېمىگە كەپتۇ ، قانداق كەتتى ؟

ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىپ ئۇنىڭ يېنىدىنى بېسىپ تۇگۇلۇپ ياتقان ھەلىمخاننى ئاغىچخان ئالدىراپ

كېلىپ نوقۇشـلاپ ئۆرە قىلدى . ھەلىمخان قورقۇنچلۇقتا تامبالغا چوك ـ كىچىك قويۇۋەتكەنىدى . تۇمشۇق ـ قاڭشارلىرى ئۆلۈكنىڭ سىنىغا كىرىپ قالغانىدى .

— گەپ قىلىڭە ھەلىمخان ، نېمە ئىش بولدى ؟

— كـالا ئـېغىلىدىن ئىنەكنى سېغىپ يېرىم سوغا سۈتنى كۆتۈرۈپ ئېغىلنىڭ ئىشىكىدىن شۇنداق ئوڭ پۇتۇمنى ئېلىشىمنى بىلىمەن . تامدەك بىرى ئالدىمدا بالا كۆتۈرگەن پېتى تۇرغاننى بىلىمەن ، قالغىنىنى بىلمەيمەن . كۆزۈمنى ئاچسام ، سىز مېنى ئـىـتـنـى سـىـلكىگەندەك سىلكىۋاتىسىز ئاغىچىخان . قالغىنىنى بىلمەيمەن .

— كۆرگىنىڭىز نېمە ؟ ئادەممۇ ـ تاممۇ ؟

— تـامـمـكـىـن دېـسـەم ئـادەمدەك ، ئادەممىكىن دېسەم قـولـتۇقىدىن ژۇڭلار ئارىسـىـدىن بـوۋاقـنـىڭ بېـشـىـنى كۆرۈپ قالدىم...

— بـالام شـۇ... ئـېـيـىق ... ئېيىق شۇ . ئۇ سىزگە گەپ قىلدىمۇ ؟

— كۆزۈمنى ئاچسام گەپ قىلىۋاتىسىز ئاغىچىخان . قالغىنىنى بىلمەيمەن .

— بالامنى ئەپقاچقان ئېيىق... شۇ ئېيىق .

— يۈز ـ كۆزىگە قارىسام ، ئېيىقتەك تۇرىدۇ... ئەمما مەن ئۆمرۈمدە ئۇنداق يوغان ئېيىقنى كۆرۈپ باقمىغان... ئۇھ خۇدايىم ئېيىقمىكىن دېسەم ، ئۆرە تۇرۇشلىرى ، تەتۈر جۇۋا كىيىۋالغان ياۋا ئادەمدەك ئۆرە. تۇرىدۇ .

— قولىڭىزدىكى سوغا قېنى ؟

— قـولـۇمـدىـكـى سـوغـىـنى تارتىۋالغىنىنى غۇۋا يادىمغا ئېلىۋاتىمەن . راست سوغا قېنى ؟

ئۇلار ھەر تەرەپكە قاراشتۇرۇپ سوغىنى ئاقتىمۇ ـ كۆكتىمۇ كۆرۈشمىدى .

— مانا... مانا... سۈت تۆكۈلۈپ مېڭىپتۇ... — ئۇلار ئېيىق

ئىزىنى بويلاپ تامچىپ تۆكۈلۈپ ماڭغان سۈتنىڭ پىچان ، سامان ، كۆدەل ، پاتاس ئۈۋاقلىرىدا تۇرغان ساقىندىلىرىنى كۆردى . سۈت تۆكۈلگەن ئىزلار ئېيىق ئىزى بىلەن تەڭ توغراقلىق ، قومۇشلۇق ئارىسىغا كىرىپ كەتكەنىدى .

— توۋا خۇدايىم . توۋا… شۇنداق قىلىپ ئېيىق بالامنى بالا قىلىپ بېقىۋالدىمۇ نېمە ؟ ئۇنىڭ بالامنى يەپ كەتمىگىنى ، بىزدىن سۈت ئېلىپ كەتكىنى بالامنى بېقىش ئۈچۈنكەن ـ دە… ئۇھ… خۇدايا توۋا ، توۋا ، ئادەم تۇغۇلۇپ ئۆلگۈچە ، بۇ تۆشۈكتىن يەرگە چۈشۈپ ئۇ تۆشۈككە چىرىپ كەتكۈچە نى ئىش ، نى كويلارنى كۆرىدىكەن . بالىغا ئېيىق پالۋان دەپ ئات قويۇپ ئاغزىمىزدىن سائەت چىقىپ كېتىپتىكەن . بالا ئېيىققا نېسىپ بولدىمۇ ئەمدى… ۋاي بالام !… ۋاي ئىسست بالام ، ۋاي بىچارە بالام . تۇغۇلا ـ تۇغۇلماي ئاتا ـ ئاناڭدىن ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلىپ ، ئېيىققا بالا بولدۇڭمۇ بالام !… ۋاي ئاتا ـ ئانا مېھرىگە قانمىغان بالام ! ۋاي ئاتا ـ ئانا خوۋلۇقىنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇڭ بالام !… ئېيىق بېقىپ سېنى ئەي قىلالارمۇ بالام !… ۋاي ئېيىق بېقىپ ئادەم قىلىپ چوڭ قىلارمۇ بالام ! ۋاي ئېيىق باقسا ئادەم بولارسەنمۇ بالام ؟ ئېيىق بولارسەنمۇ بالام ؟ ۋاي ئىسست بالام… ۋاي بىچارە بالام… ۋاي سېنى ئېيىقنىڭ بالىسى بىلەن تېگىشتۇقمۇ بالام ؟ ۋاي بالام ، ۋاي قەندەك بالام ، ۋاي ناۋات بالام . ۋاي ھەسەل بالام… سېنى قانداق ئۇنتارمەن بالام ؟ ۋاي سېنى قانداق كۆرەرمەن بالام ؟ سېنى بىر كۆرمەي ئۆلەرمەنمۇ بالام ؟ ۋاي سېنى سېغىنسام بۆشۈكۈڭنى قۇچاقلارمەنمۇ بالام ؟ ۋاي سېنى سېغىنسام زاكاڭنى پۇرارمەنمۇ بالام . يوق لاتاڭنى سۆيەرمەنمۇ بالام… ۋاي بالام ، ۋاي بالام !… سېنى بىر كۆرۈپ ، باغرىمغا بىر بېسىپ قېنىپ ، بىر پۇرىۋېلىپ ئۆلەرمەنمۇ بالام ؟… ۋاي بالا دەردى يامانكەن . ۋاي بالام ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ئاللانىڭ تەقدىرى دەپ چىدار ئىدىم . ۋاي ئېيىق ئەپقاچقان بالام ، قانداق چىدايمەن ؟… ۋاي بالام نېمە كۈنلەرنى كۆرەر ؟… ۋاي جېنىڭ قىيىنىلىپ كەتسە قانداق قىلارمەن

بالام ؟...

— ئىسىت ، ئېيىقنىڭ بالىسى بولغان بولسىمۇ بالىسىنى بەرگەن بولساق...

— ئىم... ئۇمۇ بىزدەك...

— ئاغزىڭغا بىر زەمبىل پوق ...— ئاغىچخان شۇنداق دەپلا ھوشىدىن كەتتى .

ئائىلىدىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ ھەر كۈنى ئېيىق كېلىدىغان چىغىر يولغا بىر سوغا سۈتنى قويۇپ قويىدىغان بولدى . قاچانلاردا ئېيىق كېلىپ ئېلىپ كېتىپ سوغا يوقاپ كېتەتتى . ئۇۋچى ئەرلەر سوغا ئەتراپىغا لەخمە كولاپ ، قىلتاق ، تۇزاق قۇرۇپ قويۇۋىدى . ئېيىق ئۇ سۈتنى ئالمىدى ، سۈت توڭلاپ قالدى ياكى سىپسىپ كەتتى . تۇزاق ، قاپقانسىز ، لەخمىسىز يەرگە قويغان سۈتنى ئەكېتىپ ئالدىنقى دورەم ئەكەتكەن سوغىنى قۇرۇق ھالەتتە ئەكېلىپ قويدى . بەزىدە تۈيۈقسىز بوۋاقنىڭ قىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قېلىپ يۈگۈرۈپ چىقسا ، بالا كۆتۈرگەن ئېيىق سوغىدىكى سۈتنى كۆتۈرۈپ ئالدىراپ توغراقلىق ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتەتتى . ئاغىچخانلار ئۆگزىدىكى شادا ـ پاتاق ئارىسىغا مۆكۈنۈپ بالىسىنى كۆرۈشكە تەشنا ياتاتتى . ئېيىقنى يىراقتىن كۆردى . بالىنىڭ ئېيىقنىڭ يۇڭ ـ چۇپۇرلىرى ئارىسىدا مىدىرلاۋاتقان بېشىنى كۆرگەندەك بولدى . ئەمما يۈز ـ كۆزلىرىنى ئوچۇق كۆرەلمىدى . شۇڭا سۈت قويغان يەرگە يېقىن مۆكۈنۈپ يېتىۋىدى ، ئادەمنىڭ ھىدىنى ئالغان ئېيىق سۈتكە كەلمىدى . قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى . شۇنىڭ بىلەن يىراقتا ئۆگزىدە مۆكۈنۈپ ئېيىقنىڭ قارىسىنى كۆرۈش بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىشقا مەجبۇر بولدى . كېيىنچە سوغىنىڭ يېنىدا ياغاچ ئاياغ ، ئاياقتا پىشۇرۇلغان پاقلان گۆشى ، كاۋاپ ، نان قويۇپ قويدى . ئېيىق ئۇلارنى ئېلىپ «رەھمەت» دېگەندەك ئۆينىڭ يوغان قورشاملىق سىڭايان دەرۋازىسىغا قاراپ بوش ھۇۋلاپ قويۇپ كېتىدىغان بولدى . بۇ ئىش ئالاھەزەل بىر يىل داۋام قىلغاندىن كېيىن ، ئېيىق يوقاپ كەتتى .

بۇسۇغا بايلار ئائىلىسىدە يەنە بىر ھازا كۆتۈرۈلۈپ يىغا - زار قىلىشتى. بۇ ئەقىللىق ئېيىق خۇددى بىزگە ئوخشاش بالىنى بىر مەزگىل بېقىپ، خۇددى بىزدەكلا ئۆلتۈرۈپ بىزدىن ئۆچ ئېلىپ قانائەت تېپىپ تۈگەشتى، دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، ياغ پۇرىتىپ، بىر تۆگە ئۆلتۈرۈپ نەزىر - چىراغ قىلىپ، ئەلھۆكمىللا قىلىشتى.

* *

قۇش ئۆتەلمەس بۇك - باراقسان گىرەلىشىپ ئۆسكەن توغراق، يۇلغۇن، ئازغان، جىغان، ئاق يانتاق، كۆك يانتاق، سۆكسۆك، قومۇشلار قويۇق، قېلىن سېپىل تېمى ھاسىل قىلغان، توغرىراقى قاتمۇقات تاغدەك زور ھەم قېلىن ئۆسكەن بۇقاپاتار جاڭگىلىدىكى قېلىن ئورمانلارنىڭ ئاستىدا ئادەم شۇركۇنىدىغان بىر ئۆڭكۈر ئېغىزى بار. بۇ ئېغىز دەسلەپتە گىرەلىشىپ، چىرمىشىپ بىر - بىرىنى سىقىشىپ كەتكەن قېلىن چاتقال ئارىسىدىن باشلىنىپ، ئاخىرى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا كەتكەن توغراق، يۇلغۇن، سۆكسۆك، جىغان، ئازغان يىلتىزلىرى ئارىسىغا تەشمە بولۇپ يەر ئاستىغا كىرىپ كەتكەنىدى. يىلتىزلىق لەخمە يولى بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ماڭغاندا، بەش غۇلاچ كەڭلىكتە، ئىككى گەز چوڭقۇرلۇقتا بىر يەر ئاستى ئۆڭكۈر بار. مانا بۇ ئەۋلادتىن - ئەۋلاد مۇشۇ جاڭگالنىڭ ئوۋچىسى بولۇپ كەلگەن بوسۇغا باي جەمەتى تاپالمىغان ئېيىقنىڭ ئۆڭكۈرى. ئۆڭكۈرگە قېلىن پاخال يېيىتىلغان، پاخال ئۈستىدە ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ پارچە - پارچە، تىتما - كاتاڭ بولغان تېرىلىرى ئۈست - ئۈستىلەپ تاشلانغان. ئانا ئېيىق مانا مۇشۇ ئۆڭكۈردە ياشايدۇ. ئۆڭكۈرنىڭ دەسلەپكى ئېغىزى ئىنسۇجىن بىلەلمىگۇدەك ئازغان، جىغان، يۇلغۇن شىۋاقلىرى قاتمۇقات توراپ تۇراتتى، ئېيىق ھەر دورەم كىرىپ - چىقسا تىكەنلىك شىۋاقلار يەنە بىر - بىرىنى تارتىشىپ ئەسلىگە

كېلىۋالغاچقا، بۇ ئېغىز تەبىئىي ئېتىلىپ قالاتتى. ئۇۋ ئىتلىرىنىڭ
پۇراق سېزىمىنى ئازغاننىڭ ئېيىق پۇرىقىنى يوقاتقۇچى پۇرىقى
ئازدۇرۇۋەتكەچكە، بۇ يەردىكى ئېيىق ئىزى، پۇرىقى ئۇۋچىلارنى
ئۆمۈرلۈك ئازدۇرغانىدى. بارلىق ئېيىقلار ئۇۋچىنىڭ تۇزاق،
قاپقان، لەخمە قىلتاقلىرىدا نەسلى قۇرۇغان بولسىمۇ،
ھېلىگەرلىك، قۇۋلۇقتا ھازىرغىچە ئىنساندىن ئەقىللىق كەلگەن
ئانا ئېيىق ھايات ياشاپ كەلگەنىدى. بۇ جاڭگالدا دەسلەپتە شىر،
كېيىن يولۋاس، ئاندىن بۆرە، مانا ئەمدى ئېيىقنىڭ نەسلى قۇرۇپ
مۇشۇ ئانا ئېيىق قالغانىدى. ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ ئۇۋچىلىقىغا
يەم بولۇپ تۈگىگەنىدى. ئانا ئېيىق بىردىنبىر ئەركەك زاتى ئېيىق
بىلەن جۈپلىشىپ بوغاز بولۇپ ئاي ئۆتمەيلا، بىردىنبىر ئەركەك
ئېيىق مەخپىي لەخمىدىكى يۇلغۇن قوزۇقىغا قارىنچە سانجىلىپ
قېلىپ ئۆلۈپ، مانا مۇشۇ ئانا ئېيىق قورسىقىدىكى بالىسى بىلەنلا
يالغۇز قالغانىدى. بالىسىنى تۇغۇپ ئىككى ئايلىق بولغاندا، غەپلەت
ئۇيقۇسىدا قېلىپ بالىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئاخىر پۈتۈن
ئەسلى - نەسلىنى قۇرۇتۇۋەتكەن بوسۇغا بايدىن ئۆچ ئېلىپ، ئۇنىڭ
قىرقى توشمىغان ئوغلى ئېيىق پالۋاننى ئەكېلىۋالدى. ئۇ بوۋاقنى
قۇچىقىغا ئالسا، باغرىغا باسسا يۇڭلىرى ئارىسىدا توڭلىمىدى.
بوۋاقنىڭ قەيىرى توڭلىسا شۇ يەرنى يالاپ ئىسسىتتى. قورسىقى
ئاچسا ئۆز ئەمچىكىنى ئەمدۈردى. بالا ئۇسساپ يىغلىسا ئۆزىنىڭ
تىلىنى ئەمدۈردى. ئۇنىڭغا قانمىسا، يانلىرىدا ئۇياقتىن بۇياققا
سوزۇلغان، يەرگە تېشىلىپ كىرىپ كەتكەن توغراق، يۇلغۇن،
سۆكسۆكلەرنىڭ يىلتىزلىرىنى چايناپ سۇ چىقىرىپ شۈمۈپ
بالىنىڭ ئاغزىغا تېمىتتى. بالا تەرەت قىلسا تەرىتىنى يالاپ،
بالىنىڭ كۆتىنى پاكىزلىدى. بالا يەنە تويمىسا قۇۋۋەتلىك تاپىنىنى
بالىغا يالاتتى. دەسلەپتە بوۋاق ئۆزىنىڭ سۈتىگە كۆنۈپ بولغۇچە
بوۋاقنىڭ ئۆيىدىن كالا سۈتى ئەكېلىپ باقتى. كېيىنچە بالا ئېيىق
سۈتىگە كۆندى. ئانا ئېيىقنىڭ سۈتى تۈگىگەندىن كېيىن بالىغا
ئۆزىنىڭ تاپىنىنى يالىتىپ تويدۇردى. بالا ئانا ئېيىقنىڭ تاپىنىغا

شـۇنـداق كـۆنـدـكـى ، قويۇق يۇڭلۇق قۇچقىدا ياتسىلا ئاغزى ئانىسىنىڭ تاپىنىدا بولاتتى . يالاپ ـ يالاپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتەتتى . ئويغانسىلا ئانىسىنىڭ تاپىنىنى يالاپ تويىاتتى ھەم شۇ تاپاننى يالاپ ئۇيقۇغا كېتەتتى . بالىنىڭ بەدىنى توكسىز بولغاچقا ، ئانا ئىيىق بالىنى ئىسسىتالمايلا ئاۋارە ئىدى . پاخالغا ، تېرىلەرگە يۆگەپ ، ئۆز باغرىدا يۆگەپمۇ ئىسسىتىپ ئىسسىتىپ بولالماي ، بالىنىڭ قەيىرى مۇزلىسا ئوت ئىسسىق كەلگەن تىلى بىلەن يالاپ ئىسسىتتى . ئاندىن توشقان گۆشىنى يالاپ شۇمۇشنى ، كېيىن يېيىشنى ئۆگەتتى . ئادەم بالىسىنى قاتارغا قوشماق نىماداق قىيىن ؟ مۇشۇ ھالدا بالا ئىككى يىـل ئۆتـۇپ توشقان گۆشىنى دەسلەپتە يالاپ ، كېيىن يالماپ يەيدىغان بولدى . ئانا ئىيىقنىڭ بالىنى توختىماي يالاپ بېرىشى ، بالىنىڭ ئانا ئىيىقنىڭ تىلى بىلەن ، تاپىنىنى يالاپ ھەم خام گۆش يېيىشى نەتىجىسىدە بالىنىڭ سىدام ھەم سىلىق بەدىنىگە خۇددى بىشىدىكى چېچىغا ئوخشاش قاپقارا تۈكلەر چىقىپ ئانا ئىيىق بىلەن ئوخشاشلا تۈكلۈك بولدى . دەسلەپتە ئانىسى بىلەن تەڭ ئۆمىلەپ ، تـەڭ ھـۆركـىرەشـنـى ئـۆگـەنـدى . كـېـيـىن تولا ئۆرە بولۇپ يـۈگـۈرىـدىـغان ، يۈگۈرسە ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى . ئانىسى توشقاننى مۆكۈنۈپ پايلاپ تۇرۇپ تۇتسا ، بالىسى يـۈگـۈرۈپ قـوغـلاپ بـېرىپ تۇتۇۋالىدىغان بولدى . ئانىسى بىر توشقاننى يەپ بولغۇچە ئۇ ئىككى توشقاننى يەپ بولىدىغان بولدى . ئـانـىسـى قىرغاۋۇل ، كەكلىكلەرنى قوغلاپ تۇتالمىسا ، بالىسى قوغلاپ تەڭ ئۇچۇپ ، تەڭ سەكرەپ تۇتۇۋالىدىغان ، تۇتۇپلا يەيدىغان بولدى . ئانا ئىيىق دەرەخ تۆپىدىكى قۇش ئۇۋىسىنى سىلكىپ باچكا ياكى تۇخۇملارنى يەرگە چۈشۈرۈپ يېسە ، بالىسى دەرەخكە يامىشىپ چىـقـىـپ قـۇش بالىلىرى ، تۇخۇملىرىنى ماچىلدىتىپ يەيدىغان بولدى . ئوۋچىلىقتا بالا ئىيىق بارغانچە ئانا ئىيىقتىن ئېشىپ كۆپ ئـوۋلايدىغان ، تېز يۈگۈرىدىغان ، ئانىسى چىقالمايدىغان دەرەخكە چـىـقـالايـدىـغـان ، ئـانىسى يىراپ تاپالمايدىغان ئوۋلارنى يىراپ تاپالايدىغان بولدى . ئانا ئىيىق ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاپ ، قېرىپ

ماغدۇردىن كەتكەنچە بالىسى ئوۋغا ئۇستا بولۇپ ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئوۋ گۆشلىرىنى دۆۋىلەپ يەپ تۈگىتەلمەس قىلىۋەتتى . ئانا بارغانچە ئۆڭكۈردىن چىقالماس مادارسىز ھالەتكە يەتكەندە ، بالىسى ئۇنىڭغا يېڭى - يېڭى ئوۋ گۆشلىرىنى ئەكېلىپ يېگۈزىدىغان بولدى . ئانا ئېيىق كۆزلىرىدىن ياش ئاققان ھالدا بالىسى ئوۋ جەريانىدا ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى دەرەخلەر يىرتىپ قاناپ ، ئىششىپ كەتكەن جايلىرىنى ، ھايۋانلار چىشلىۋالغان ، ئۇسكەن جايلىرىنى يالاپ ، قان - يىرىڭلارنى شۈمۈرۈپ ، مېھرىبانلىق بىلەن ئەملەپ قويدى . بالا ئانا ئېيىقنىڭ يالاپ قويۇشىدا يارا ئېغىزلىرىغا ئانىسىنىڭ قىزىق تىللىرى شۇنداق خوشيېقىپ ، ئانىسىنىڭ قۇچىدا تاتلىق ئۇخلاپ كېتىدۇ . گۆشنى تولا يەپ كۆڭلى گۆش تارتماس بولغاندا ، بەزىدە ئانىسىنىڭ تاپىنىنى يالاپ بوۋاق چاغلىرىدىكىدەك ھۇزۇرلانسا ، بەزىدە ، ئانىسىنىڭ تىلىنى شۈمگەنچە ئۇخلاپ قالىدۇ . بالا ئون بەش ياشقا كىرگەن يىلى كۈزدە ، ئانا ئېيىق بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ بوسۇغا باينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ بالىسىنىڭ قۇلىقىغا ئۇزاق ھۆكرەپ ، پىچىرلاپ بالىسىنىڭ چاترىقىنى ئۇزاق يالاپ قويدى . بالا شۇنداق بىر تاتلىق ، ھازىرغىچە ھېس قىلمىغان سېزىمغا ئىگە بولدىكى ، قاتتىق چىڭقىلىشتىن سىيىپ سالغاندەك بولدى . ئانىسى يەنە يالاپ قويدى . ئانىسىنىڭ ئىسسىق تىلى بالىنىڭ سىيىپ سېلىشىدىن بوشاشقان تەنلىرىگە جان بەرگەندەك بولدى . شۇ چاغدا ، دەرۋازا ئېچىلىپلا دەرۋازىدىن قاپاق يۈدىگەن بىر چوكان چىقىپ پەستىكى كۆلگە كەلدى . كۆل بويىغا كېلىپ قاپاقنى سۇغا چۆكۈرۈشىگە ئانا ئېيىق يالاۋاتقان بالىسىنى تاشلاپ ، قىزغا قاراپ ھۆركىرەپ يۈگۈردى . بالىسىمۇ يۈگۈرۈشكە ھۆركىرەپ ئىشارەت قىلدى . بالىسى ئانىسىنىڭ ھاياتىدا بىلدۈرمىگەن تاتلىق يالىشىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا گاڭگىراپ ھەم بوشىشىپ ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالدى . ئەمما ئانىسىنىڭ : «ئاۋۇنى ئەپقاچ ، ئەپقاچ ، يېمە ، ئۇ سېنى باقىدۇ . سەن ئۇنى باقىسەن» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىلدى . ئەمما

دەماللىقتا مىدىرلىيالماي ئولتۇرۇپ قالدى . ئانا ئېيىق يېرىم يولغا بارغاندا ، كۆلگە قاپقىنى چۆكۈرۈپ سۇ ئېلىۋاتقان قىز ئېيىقنى كۆرۈپ چىرقىرىغانچە دەرۋازىغا يۈگۈردى . ئانا ئېيىق قىز بالىغا ، قىز دەرۋازىغا يۈگۈرۈپ يېتەي دېگەندە ، دەرۋازىدىن نەيزە كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ چىققان نەيزە باي نەيزىنى ئانا ئېيىقنىڭ مەيدىسىگە تىقىپ ئۆلگۈردى . ئېيىق قاتتىق ھۆركىرەپ يىقىلدى . ئانىنىڭ ھۆركىرىشىدىن بالا ئېيىق چاچراپ قوپۇپ ئانىسىغا قاراپ يۈگۈرۈشىگە ، بىر توپ ئادەملەر بالا ئېيىققا قاراپ يۈگۈردى . ئانا ئېيىق يەنە بىر قاتتىق ھۆركىرىدى ، «قاچ بالام ، قاچ ، ئۇلار سېنى ئۆلتۈرىدۇ . قاچ ، كېيىن كېلىپ مۇشۇ چوكاننى ئەپقاچ ، ئۇ سېنى باقىدۇ » دەپ ۋارقىراپ جىم بولدى . ئېيىق باتۇر دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ توغراقلىققا قاچتى . ئادەملەر كەينىدىن قوغلاپ كەتتى .

— بالام سارىخان ساقمۇسىز ؟ — دەپ ئاران سورىدى ، قېرىپ مۈكچىيىپ قالغان ئاغىچىخان دەرۋازىدىن چىقىپ .

— مەن ساق ئانا ، — دېدى ياش چوكان سارىخان .

— ئۇھ ، كاساپەت ئېيىق… ئوغلۇم ئېيىق پالۋاننى ئەپقاچقان قېرى قانجۇق ئېيىق شۇدەك قىلىدۇ . بۇ مۇناپىقنى كىم ئۆلتۈردى ؟

— ئى ئەدەم ، كەينىمدىن چىقىۋاتقان شۇ ، ئۆلگۈردى . بولمىسا… .

— ئوغلۇم نەيزە باي… مۇرادىڭغا يەت ئوغلۇم ، ئاخىر بىر كۈن ئۇكامنىڭ قىساسىنى ئېلىپ ئەتتىگنى ئېلىپ بېرىمەن ئانا دەيتتى . ئۇھ خۇداغا شۇكۇر . كېلىنىم ، ھەنىم بولسا ئېرىڭىز نەيزەباي سىز بىلەن بىللىكەن ، بولمىسا تويۇڭلار بولۇپ ئۈچ ئاي بولغاندا ، سىز بەلەن كېلىنىمدىن ئايرىلىپ قالسام قانداق قىلاردىم ؟ ھە ، ئوغلۇم خوتۇنىغا مۇشۇنداق ھېزى بولۇشنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپتۇ . ئۇھ مانا ئەمدى دەردىم چىقتى . ئۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلىدىغان بولدى . ئوغلۇم نەيزە باي ئىنىسىنىڭ قىساسىنى ، ئائىلىمىزنىڭ ئەتتىنى ئالدى . مەن رازى ، ئۇ دۇنيا- بۇ دۇنيا رازى ، خەپ ئېيىق تېرەڭنى ئۆزۈم ئەتۇر سويمايدىغان بولسام…

بالا ئېيىقنى قوغلاپ قويۇق توغراقلىقتا كىرىپ كەتكەن نەيزە باي قاتارلىق ئەرلەر قۇرۇق قول ، ئەمما خۇشال قايتىپ كېلىشتى . كېلىپلا مەيدىسىدە ئىككى غۇلاچ يۇلغۇن ساپلىق نەيزە سانجىلغان هالەتتە ياتقان ئۆيدەك يوغان ئانا ئېيىقنى سويۇشقا تۇتۇندى .

— شۇ ، مانا شۇ ، بىزنى سەرسان هەم ۋەيران قىلغان شۇم ئېيىق شۇ . ئۇنى تولۇمچىلاپ سويۇپ ، تېرىسىگە سامان تىقىپ پەغەزگە ئېسىپ قويۇپ ، بىزنى ئون بەش يىل قان يۇتقۇزغان ، ئۇكامنى يەپ كەتكەن ئېيىقنى سازايى قىلىمەن ، — دېدى نەيزە باي هاسىراپ - هۆمۇدەپ يېنىدىن خەنجەرنى چىقىرىپ ، تەتۈر ئۆڭ جۇۋىسىنىڭ پېشىگە خەنجەرنى كاپلاپ .

*  *

بالا ئېيىق ئۆڭكۈرگە قېچىپ بىرىپ ، پاخالدا ئانىسى ئۇچۇن ئۇزاقتىن - ئۇزاق يۇمۇلۇنۇپ دۇم يېتىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى . ئۆڭكۈر تاملىرىنى تاتىلاپ ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ ، يىلتىزلارنى يۇلۇپ ، باش - كۆزىنى تاتىلاپ يىغلاپ ، ئاستا - ئاستا هالسىزلىنىپ يىقىلدى . هارغىنلىقتىن ئۇيقۇغا كەتتى . قانچە ۋاقىت ئۇخلىدىكى ، ئۇقماي قالدى . بىر چاغدا ئويغىنىپلا ئانىسىزلىق ، يالغۇزلۇق يەتتى . ئۇ هەر دائىم مانا مۇشۇنداق ئويغانغاندا ، ئانىسىنىڭ ئوتتەك ئىسسىق تىللىرى بىلەن باش - كۆزىنى تاكى پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە كۆيۈمچانلىق بىلەن يالاۋاتقان ئىللىق قۇچىقىدا ئويغىناتتى . ئۇ قورسىقى ئاچقاندا ئويغانغاچقا ، ئانىسىنىڭ تۇگمەس - پۇتمەس قۇۋۋەت يىغىلغان تاپىنىنى يالاپ تويۇنۇپ بەزىدە ئۇخلاپ قالىدىغان ، يەنە بەزىدە خۇددى ئانىسى ئۆزىنى يالاپ قويغاندەك ئۇمۇ ئانىسىنىڭ هەممە ئەزايى بەدىنىنى ئالا قويماي يالاپ ، ئانىسىغا ئۆزىنىڭمۇ چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تولغان كۆيۈمىنى يەتكۈزەتتى . ئانا - بالىنىڭ بىر - بىرىنى ئىسسىق تىللىرى بىلەن يالاشلىرىدا بىر - بىرىگە ئۆتكەن مېھىر - مۇھەببەتتىن شۇنداق تاتلىق هۇزۇر-

لىنىشاتتىكى ، ئانا ـ بالا ئىككىيلەن بىر ـ بىرىنىڭ باغرىغا كىرىشىپ بىر تەن بولۇپ كېتەتتى . بالا ئانىسىنىڭ باغرىغا چاپلاشقاندا ، ئانىنىڭ قورسىقىدىكى يۈڭلار ئارىسىغا كىرىپ دۇمبىسى كۆرۈنمەي قالاتتى . بالىسىنىڭ دۇمبىسى توڭلىسا ئانا ئىسسىق تىلى بىلەن يالاپ ئىسسىتىپ ، ئاندىن تېرىگە يۆگەيتتى . بىر ـ بىرىنى يالاشلاردا بىر ـ بىرىنىڭ ئەتلىرى ، يۈڭلىرى ئاراشلىرىدىكى پىت ـ بۈرگىلەر يوقىلاتتى . هەر ئىككىسى ئارام تاپاتتى . بالا ئانىسىنىڭ مېهرىبان قۇچىقىغا ، قۇۋۋىتى قۇرۇماس تاپىنىغا شۇنداق كۆنگەنىدىكى ، ئۇۋنى ئۆزى ئۇۋلاپ كېلىپ گۆشنى يېگۈسى كەلمەي ، گۆشنى ئانىسى يەپ ، ئۆزى بولسا گۆش يەۋاتقان ئانىسىنىڭ پوكىنىغا كىرىۋېلىپ ، ئانىسىنىڭ تاپىنىنى يالاپ تويۇنۇپ ئۇخلاپ كۆنگەنىدى . مانا ئەمدى قورسىقى ئاچقاندا تاپىنىنى يالاپ قورسىقىنى تويدۇرىدىغان ، ئۆزى ئانىسىنىڭ تاپىنىنى يالاۋاتقاندا باش ـ كۆزىنى ئىسسىق تىلىدا مېهرىبانلىق بىلەن يالاپ تاتلىق ئۇخلىتىدىغان ئانىسى يوق . بالىنى يەنە يىغا تۇتتى ، يىغلىدى . قورسىقى ئېچىپمۇ يىغلىدى . ئانىسىنىڭ ئىللىق قۇچىقى ، مېهرىبان يالاشلىرىنى ، باش ـ كۆزىنى سىلاشلىرىنى سېغىنىپ يىغلىدى . بۇ سېغىنىش ، بۇ يالغۇزلۇق ، غېرىبلىق ئىچىدە قالغاندىن ، ئانىسىنىڭ يېنىغا بارغان خوپ . ئۇ ئۇۋۇسىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ ، ماڭار يولىدا نۇرغۇن تاپان تۇزاق ، قاپقان ، قىلتاق ، لەخمە ، تور ، قوزۇقلارنىڭ قېقىلىپ تاكى ئۇۋۇسىنىڭ ئاغزىغىچە قويۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆردى ، پۇراپ بىلدى . دېمەك ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۇۋۇسىنى ، ئۆيىنى بىلىۋاپتۇ . ئۆيگە كىرىشتىن قورققان بىلەن ئۆي ئەتراپىنى ، ئىزلىرىنى ، يوللىرىنى پۈتۈنلەي بىلىپ ، تۇزاق ، قىسماقلار بىلەن توشقۇزۇۋېتىپتۇ . ئۇ تاپان تۇزاقلاردىن ئاتلاپ ـ ئاتلاپ بولغىلى ، يانداپ ـ يانداپ بولغىلى بولارمۇ ؟ بىر كۈن ئاتلارمەن ، ئىككى كۈن ياندارمەن ، دائىم شۇنداق قىلىپ بولغىلى بولارمۇ ؟ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ،

يولۇمدىكى بۇ يوشۇرۇن تۇزاق ـ قىسماقلارغا دەسسەپ سالمايمەن دېگىلى بولارمۇ؟ غەپلەت باسمايدىغان، نەس ـ پالاكەت باسمايدىغان چاغ بولماسمۇ؟ ئەمدى بۇ يەردىمۇ ياشاپ بوپتىمەن... كۆچسەم بولغۇدەك... ئانامدىنمۇ ئايرىلىپ، ئەمدى ئۆيۈمدىنمۇ ئايرىلارمەنمۇ؟... ئېيىق باينى يەنە يىغا تۇتتى. ئۇ يەر يۈزىدە پۇت قويۇپ ماڭغۇدەك ئىشەنچلىك يەر تاپالماي توغراقتا يامىشىپ چىقىپ، شاختىن شاخقا سەكرەپ، ئۇچۇپ دېگۇدەك ئانىسىنىڭ بېشىغا چىققان مەھەللىگە قاراپ ماڭدى. شاخلار ئۈستىدىمۇ نۇرغۇن قىلتاق تورلارغا قارچىغا، كەپتەر، قىرغاۋۇل، كەكلىك، چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە ئۇچرىغان بىر ـ ئىككىنى يەپ قورسىقىنى توقلاپ، قالغانلىرىنى قىلتاقنى ئۈزۈپ تورلارنى يىرتىپ قويۇۋېتىپ ماڭدى. ئۆيگە يېتىپ بارغۇچە ئالدىدا ئۇچرىغان توغراق شاخلىرى ئۈستىدىكى بارلىق تور، قىلتاقلارنى ۋەيران قىلىۋەتتى. مەھەللىگە بېرىپ كۆردىكى، ئۆگزىدىكى ئېگىز كەپتەر پەغىزىگە ئانىسى ئېسىقلىق ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ. ئانىسىنىڭ ئارقا پۇتىدىن ئاسقان بولۇپ، ئاغزىدىن شالى ئېقىپ، تىلى ساڭگىلاپ، مەگىن چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئېيىق باي بۇ ھالەتنى كۆرۈپ پەقەت چىدىيالمىدى. ئۇ مەھەللە ئەتراپىغا نەزەر سېلىۋىدى، ئۆي ئەتراپىمۇ تۇزاق، قاپقان بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. پەقەت يەنىلا توغراقنىڭ ئۈستىدىلا يول بار ئىكەن. ئۇ كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە توغراق ئۈستىدە شاخلار ئارىسىدا ئولتۇردى. قاراڭغۇ چۈشۈپ ئۆيدىن چىقىۋاتقان پاراڭ، غەلۋە ـ غوۋغا بېسىققاندىن كېيىن، شاختىن شاخقا، دەرەختىن ئوت ـ سامان دۆۋىسىگە، سامان دۆۋىسىدىن ئۆگزىگە پەملەپ سەكرەپ چىقىپ، تىمىسقىلاپ بېقىۋىدى، ئۆگزىدە پەغەز تۆۋىدىمۇ بىرمۇنچە قاپقان، قىسماق قويۇلغانلىقىنى، ئانىسى ئۆگەتكەن بويىچە پۇراپ بىلىۋالدى. پەغەز بادرىسىغا يامىشاي دەپ قوچاقلىۋىدى، موما ياغاچقا قويۇق كالا يېغى بىلەن ئارىلاشقان موم سۈۋاپ تۇتقۇسىز،

قـۇچـاقلىغۇسىز سىلىقلاشتۇرۇۋەتكىنىنى ، پۇراپ ، يالاپ بېقىپ بىلدى . ئامالسىز ئاسمانغا ، ساڭگىلاپ ، ئېسىقلىق تۇرغان ئانىسىغا قاراپ ، ئىچى سىيرىلىپ كۆزلىرىگە ، بوغۇزىغا ئاچچىق تولدى . ئۇ غـەزەپ بـىـلـەن بىر ھۆركىرەپ ، نەرە تارتىپ پەغەز مومىسىنى قۇچاقلاپ بىر تارتتۇىدى ، پەغەز بادرىسى قاراسلاپ سۇنۇپ پەغەزنىڭ ئۇچى ھويلىغا چۈشتى . ئانىسىمۇ ھويلىغا «پوك» قىلىپ چۈشۈپ سوزۇلۇپ ياتاتتى . ئىتلار قاتتىق قاۋاپ ، تـوخـۇلار ۋاتـاقـلاپ ، كەپتەر ـ دەمدەرلەر بۇقۇلداپ ، قوي ـ كالىلار مەرەپ ـ مۆرەپ ، ئېغىللار ئۆرتتۆپە ، ئادەملەر ۋارقىراشماق بولۇپ كەتتى . ئېيىق پالۋان ئۆگزىدىن ھويلىغا سەكرەپ چۈشۈپ ، سوزۇلۇپ جىممىدە ياتقان ئانىسىنى قۇچاقلىدى . ئانىسىنىڭ پۇتىغا باغلانغان سىرتماق بـىـر تـارتىش بىلەن ئۈزۈلمىدى . چىشلەپ ئۈزۈۋاتقاندا ، يېرىم يـالـىڭاچ بوسۇغا باي قولىدا چوماق كۆتۈرۈپ ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقتى . ئېيىق پالۋان چوماقنى شىلتىغان بوسۇغا باينىڭ چوماقنى تۇتقان قولىدىن تۇتۇپ بىر چۆرۈۋىدى ، بوسۇغا باي سەككىز غۇلاچ يـەرگـە ئـەسـكـى چـاپانـدەك چۆرۈلۈپ «گۈپ» قىلىپ چۈشۈپ «ۋايـجـان ، ۋاي ئېيىق ، مېنى ئېيىق تالىۋەتتى» دەپ يۇمىلاپ قـوپـالماي قالدى . ئەگىشىپ يېتىپ كەلگەن نەيزەباي قولىدىكى ئـۈزۈن قـىـلـىـچنى ئېيىق بايغا چېپىۋىدى ، قىلىچ ئېيىق بايغا تەگمەي ، ئۆزى ئېيىق باينىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالدى . ئېيىق باي ئۇنى قۇچاقلاپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە بىر ئۇرۇۋىدى ، نەيزەباي «ۋاي ئاتام !» دەپلا ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ جىم بولدى . قالغانلار ئېيىق بايغا يېقىن كېلەلمەي ئۆيگە قېچىپ كىرىپ كەتتى . ئوۋ ئىتلىرىدىن ئىككىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېيىققا ئېغىز سېلىشـ غا ، ئېيىق باي ئىتلارنى بىردىن تۇتۇپ پۇتلىرىدىن يىرىپ ـ يىرىپ ئىككى پارچە قىلىپ چۆرۈۋەتتى . ئىتلار قاتتىق چىرقىراپ بىر ئۇنى ئاسمانغا چىقىپ ، بىر ئۇنى يەرگە كىرىپ ، جان تالاشتى . قـالـغـان ئـوۋ ئـىتلىرى يېقىن كېلەلمەي قورقۇپ ، كاڭشىپ ،

غىڭشىپ ، ھاۋشىپ تۇرۇشتى . ئېيىق باي ئانىسىنىڭ پۇتى باغلانغان پاتاڭدىن ئېشىلگەن سىرتماقنى چاينىپ ئۈزۈپ ، ئانىسىنى قۇچاقلاپ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۈزۈن ئاق كۆڭلەك كىيگەن ، چاچلىرى چۇۋۇق ، پاچاقلىرى يالىڭاچ ، يالاڭ ئاياغ ھالەتتە ، نەيزىنى تەڭلەپ ئۆزىگە ئېتىلىپ ۋارقىراپ يۈگۈرۈپ كەلگەن سارىخاننى كۆردى . سارىخاننىڭ نەيزىسى ئۇنىڭ سول مۈرىسىگە سانجىلدى . ئېيىق باي ئوڭ قولى بىلەن نەيزىنى تۇتۇۋېلىپ بىر تارتىۋىدى ، نەيزىنىڭ ئۇچى مۈرىسىنى يىرتىپ چىقىپ كېتىش بىلەن سارىخان قۇچىقىغا كىرىپ قالدى . سارىخان چىرقىراپ ، تېپىچەكلەپ مۇشتلاپ ئۇرۇۋىدى ، ئېيىق پالۋان بىر شاپىلاق سالدى . ئۇ ھوشىدىن كېتىپ جىم بولدى . شۇنىڭ بىلەن ئېيىق پالۋان ئوڭ قولتۇقىغا ئانىسىنى ، سول قولتۇقىغا سارىخاننى قىستۇرۇپ ، دەرۋازىنى بىر تېپىش بىلەن شاللار سۇنۇپ ئېچىلغان تۆشۈكتىن چىقىپ قاراڭغۇلۇقتا كۆزدىن غايىب بولدى . ئوۋ ئىتلىرى ئېيىق باينىڭ كەينىدىن ئەگەشتى ، ئەمما دەرۋازىدىن چىقىشقا پېتىنالماي كاڭشىپ ، تېخىچە جېنى چىقماي ، پۇتلىرى يىرىلىپ ، ئۈزۈلۈپ ، ھۇۋلاپ ياتقان ئىتلارغا ئولىشىپ ئايانچلىق قاۋشىپ قېلىشتى .

قالغان ئەرلەر بىلەن ئاياللار ۋايجانلاپ ، يۇمىلاپ ياتقان بوسۇغا باي بىلەن تېخىچە ھوشسىز ، ئۆلۈكتەك ياتقان نەيزە باينى كۆتە - كۆتە قىلىپ ئۆيگە ئەكىرىشتى . بوسۇغا باينىڭ ئوڭ قولى تاغىقىدىن چىقىپ كەتكەنىدى . نەيزە باينىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك كېلىپ ، چىرايى كۆكىرىپ كەتكەنىدى . بىرھازا چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ ، تۇمشۇقىغا جۇۋالدۇرۇز سانجىغاندىن كېيىن ، چوڭ بىر ئۇھ تارتىپ ، ھوشىغا كېلىپ ، كۆزىنى ئاچتى . «ۋاي مەن نېمە بولدۇم؟ ئوڭ يېنىمدا سانجىق بار ، ئاللايۋاتىمەن» دېدى . كېچىچە ۋايساپ ئۇخلىمىدى . ئەتىسى تۇمەنتالىنىڭ بازىرىغا ئاپىرىۋىدى ، تېڭىقچى سىدىق مىسكەر بوسۇغا باينىڭ تارغىقىنى ، نەيزە باينىڭ سۇنغان ئىككى تال قوۋۇرغىسىنى ئۇزاق ۋايجان قىچقارتىپ تۇخۇم بىلەن شاقىداپ ،

تارىشا گۈگۈتتا خام بىلەن تاڭدى .
— تۇۋا ، تۇۋا ، ئۇڭ قولۇمنى ئادەمدەك تۇتۇپلا چۆرۈۋەتتى .
ئۇ قول ئىپىقنىڭ قولى ئەمەس ، ئادەمنىڭ قولى ، — دەپ
توختىماي غوتۇلدىدى بوسۇغا باي .
— مىنىمۇ چىلىشچى سۇۋان داڭ چىلىشقاندەك يەرگە ئۇردى ،
خۇددى ئادەمدەكلا ، — دېدى نەيزە باي ، — سارىخاننى ئەپقاچتى ،
يامان بولغىنى سارىخاننى ئەپقاچتى . سارىخاننى تاپىلى ، ئۆلۈكى
بولسىمۇ ، تىرىكى بولسىمۇ…
— هە… توختاڭلار… توختاڭلار… يا بۇ ئادەممۇ ، هېلىقى
ئېيىق ئەپقاچقان ئوغلۇم… ئېيىق بايمۇ يا… هە… شۇمۇ يا…—
دەۋەتتى ئاغىچىخان .
— يوق گەپنى قىلمىغىنا… ئۇكامنى ئالىلقاچان ئاشۇ ياۋۇز
ئېيىق يەپ كەتكەن .
— نەدە قاملاشمىغان گەپ ، هەردەم خىيالنى قىلىدىكەنسىلە .
بالاڭنى ئېيىق يەپ كەتكەن . ساڭا بىقىپ بېرەمتى ، ۋايجان ! —
دېدى بوسۇغا بايمۇ ئاغىچىخاننى سىلكىشلەپ .
— ئۆيدىكى ئەركەك زاتى ئېيىق ئەپقاچقان سارىخاننى
ئىزدەپ ، قوغلاپ چىقىپ كەتكەنچە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز بولدى .
هازىرغىچە يا ئۆلۈكى ، يا تىرىكى يوق ، كەلمەيدا ؟ ئەمدى سارىخان
بىزگە كېلىن بولغىلى ئۈچ ئاينىڭ قارىسىنى ئالا ـ ئالماي يىتۇپ
كەتسە ، قۇدىمىزغا نېمىدەپ جاۋاب بېرەرمىز ؟ ۋاي شۇم پېشانەم .
ۋاي شور پېشانەم ، — دەپ يىغا سالدى ئاغىچىخان .
— بالىمىزنىمۇ ئېيىق ئەپقاچقانتى ، يەپ كەتكەننى بۆشۈكتىن
تۆشۈككىچە هەممە يۇرت ، مەهەللە كوي بىلىدۇ . بىز يا ئېيىققا
ئۆگەتمىسەك ، كەلگەن كەلگۈلۈكنى پېشانىمىزدىن كۆرىمىز ،
تەقدىرگە ئامال يوق ، بولدى بېشىمنى ئاغرىتما ، — دەپ ۋارقىرىدى
بوسۇغا باي .
سارىخاننى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن ئەرلەر سالپىيىپ قايتىپ

كېلىشتى . سارىخانمۇ ، ئېيىقمۇ ئاقتىمۇ يوق ، كۆكتىمۇ يوق
ئىدى . ئۆينى يەنە بىر يىغا - زار باستى .

* *

پۇتىنىڭ ئۈچىدىن باشلانغان ئىسسىق ھەم يۇمشاق نەمخۇش سىزىم ھەربىر بارماقلىرى ، تىرناقلىرى ، ھوشۇقى ، پاقالچاقلىرى ، تىزى ، يوتىلىرى ، ساغرىسى ، يىرىقلىرىغىچە ناھايىتى يېقىشلىق تارالدىكى ، بۇنداق تاتلىق يېقىشلىق سىلاش ، خۇشياقتۇرۇشنى ئۇ ئۆمرىدە ھېس قىلىپ باقمىغانىدى . ئۇ شۇنچىلىك مېھرىبانلارچە سىزىم بولۇپ ، ئۇ مېھرىبان ئانىسىنىڭ باش ، كۆز ، بەدەنلىرىنى سىلىغاندىكىگىمۇ ، ئېرى نەيزە باينىڭ سىلاشلىرىغىمۇ ئوخشىمايدىغان ، يۇلغۇن ئوتىنىڭ يېقىشلىق تەپتىگىمۇ ، ئۆرۈك چوغىنىڭ يالقۇنىغىمۇ ئوخشىمايدىغان يېقىشلىق ، تاتلىق سىزىم ئىدى . بۇ تاتلىقچىلىق ، يېقىشلىق تۇيغۇدىن ئۆزىنىڭ چۈش كۆرۈۋاتقىنى ياكى ئويغاقلىقى ، ئوڭىمۇ ، چۈشىمۇ بىلەلمىدى . خاراموش ، گاراڭ ھالەتتە ئاشۇ ئىسسىق سىزىم چۈش بولسۇن ، ئوڭى بولسۇن يەنە داۋاملىشىشىنى ، مەڭگۈ - مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى ئىستەيدىغان تاتلىق خىيال ۋە خۇشيېقىشتىن تىللىرىنى شۇمۇپ ، سوزۇلۇپ ياتتى . ئۇ مۇشۇ تاتلىق سىزىمدىن مەڭگۈ - مەڭگۈ ئويغىنىپ كەتمەي يېتىشنى تويماستىن خىيال قىلىپ ياتتى . تاتلىقلىق خۇشياققان قىچىقلاشقا ئوخشاش ۋۇجۇدىنىڭ نازۇك يەرلىرىگە يەتكەندە ، بۇ خۇشيېقىشنىڭ لەززىتىدىن مەست بولۇپ ، مۇشۇك مياۋلىغاندەك ، ئانىسىنى ئەمگەن ئوغلاق بوزلىغاندەك ، دەمدەر دەم تارتقاندەك بولۇپ يەنە ھوشىدىن كەتتى…

يەنە قانچىلىك ئۇخلىدىكىن ، قانچىلىك ھوشسىز ياتتىكىن ، ئۆزىمۇ بىلەلمىدى . بىر چاغدا ، بۇرنىغا ، دىمىقىغا ئۇرۇلغان بەدبۇي ، سېسىق پۇراقتىن قېقىلىپ يۆتىلىپ ، كۆڭلى ئېلىشىپ

ئويغىنىپ كەتتى. تۇمشۇقىدىلا يىرىك ھەم قىلچاڭ يۇڭلۇق بىر يۈز، يۇڭلار ئارىسىدىن سېرىق بىر تىنىق توختىماي بۇرنىغا ھەم يۈزلىرىگە ئۇرۇلماقتا ئىدى. سارىخان چۆچۈپ چىرقىراپ، ۋارقىراپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. يېنىدا قاپقارا يۇڭ ـ چۇپۇر باسقانلىقتىن يۈز ـ كۆزى كۆرۈنمەي قالغان مەخلۇقمۇ ئويغىنىپ چاچراپ تۇردى. سارىخاننىڭ چىرقىرىشى بىلەن ئۇمۇ ھۆركىرەك، چىرقىراق ئاۋاز چىقىرىپ نەرە تارتتى. ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىشى بىلەن چىشلىرى كۆرۈنۈپ، چۇپۇرلار ئارىسىدىكى ئاق چىشلىق ئاغزىدىن ھېلىقى ئۆزىنى ئويغىتىۋەتكەن سېرىق بۇس تېخىمۇ يامراپ چىقتى. ئاغزى سېرىق مەخلۇقنىڭ ۋارقىرىشىدىن سارىخان قورقۇنچلۇقتا شۇمشىيىپ دىرىلدەپ تىترەپ، تۈگۈلۈپ جىم بولدى. سارىخان جىم بولۇشى بىلەن تەڭ مەخلۇقمۇ جىم بولۇپ، ئىككىسى جىمجىتلىقتا بىر ـ بىرىگە تىكىلىپ قارىشىپ قالدى. سارىخان تورۇس تۆشۈكىدىن غۇۋا چۈشۈۋاتقان يورۇقتىن تۇرۇۋاتقان يەرنىڭ گەمە ياكى تاغنىڭ ئۆڭكۈرى ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلدى. غۇۋا يورۇقتا ئالدىدا تۇرغان قارا قويدەك دېسە ئۇنىڭدىن يوغان، قارا تورپاقتەك، ئەمما تورپاقتىن يۇڭى ئۆسۈپ كەتكەن، ئەمما پەقەت قىرقىلىپ باقمىغان قارا قوچقاردەك چۇپۇرلۇق مەخلۇقنى يا قويغا، يا تورپاققا، تۆگىگە، ئىتقا، ئۆزى كۆرگەن ھېچبىر ھايۋانغا ئوخشىتالمىدى. ھايۋانمىكىن دېسە، ئۆزىدەك ئۆرە تۇرىدۇ. ئادەممىكىن دېسە، ئۇنىڭ بېشىدىن تارتىپ پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە ھايۋاننىڭ، چېچىلما پاقلاننىڭ تېرىسىدەك يۇڭلۇق، يۇڭ، چۇپۇر دەستىدىن ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزى كۆرۈنمەيدۇ. ھەرقانداق ھايۋان ھەرقانچە يۇڭ ـ چۇپۇرلۇق بولسىمۇ يۈز ـ كۆزىنىڭ يۇڭى بۇنداق ئۇزۇن ھەم يۇڭلۇق بولمايدۇ. بۇ ھېچقايسى ھايۋانغا ئوخشىمايدىغان مەخلۇقنىڭ باش ـ كۆزىدىكى يۇڭ پۈتۈن بەدىنىنى چاپاندەك ياپقانىدى. ئۇنى ھېلىقى ئېيىقنىڭ جۈپتى، شېرىكى شۇمىكىن دېسە، ئۇ ئېيىقنى كۆرگەن، ئۇ ئېيىققىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇ نېمىدۇ، كۆرمىگەن ھايۋانكەن... ئۇ بىردىنلا ئۇنى

كۆرۈپ قېلىپ ، يەنە بىر قاتتىق چىرقىرىدى . چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچىسىدا بىر تال يىپ چاغلىق نەرسە يوق ، ئاندىن تۇغما ، يالىڭاچ ھالەتتە تۇرغانىدى . ئۇ ئىزا - نومۇستىن چىرقىرىۋىدى ، ئالدىدا ئۆزى بىلەن تەڭ تىك تۇرغان مەخلۇقمۇ ئۇنى دوراپ قاتتىق چىرقىرىدى ، ھۆركىرىدى . ئۇنىڭ ھۆركىرىشىدىن قورقۇپ كەتكەن سارىخان قورقۇپ قاچتى . ئۇ قېچىش بىلەن تەڭ مەخلۇق تۇتۇۋېلىپ ، باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىۋالدى . مەخلۇقنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالغان سارىخان قورقۇپ كېتىپ يەنە ھوشىدىن كەتتى . سارىخان بىرھازادىن كېيىن بىر ئىسسىق قۇچاقتا بايىقىدەك تۇغمىغان ، ئەمما يىرىقلىرى يەنە ھېلىقى ئىسسىق خۇشياقىدىغان ، ئاسلاننىڭ قولىنى يالاپ شۈمگىنىدەك تاتلىق سېزىم بىلەن قايتا ھوشىغا كەلدى . مەخلۇق ئۇنى يۈگلۈق باغرىدا چىڭ قۇچاقلىغان ھالەتتە ئۇنىڭ بەدىنىنى مېھرىبانلىق بىلەن يالىماقتا ئىدى . ئۇنىڭ ئىسسىق ، ئوتلۇق ، يېقىشلىق تىللىرى ، ئىسسىق باغرى ، سارىخانغا ئانىسىنىڭ ئىسسىق قۇچىقى ، ئېرىنىڭ يوتقىنىدەك ئىسسىق بىلىندى . مەخلۇق ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى پۇراپ ھەم يالاپ ، قەيېرى توگلىسا شۇ يەرنى پۇراپ ، شۇ يەرنى يالاپ ، ئوتتەك تىللىرى بىلەن ئىسسىتىپ ماڭدى . ئۇنىڭ ئوتتەك تىللىرى تېگىشى بىلەن تاتلىق سېزىم قورقۇپ كەتكەن سارىخاننى تاتلىق ئۇيقۇغا باشلايتتى . بىر چاغدا قورسىقىنىڭ قاتتىق ئېچىشى ئۇنىڭ چۈشىنىمۇ ، خىيالىنىمۇ قالايمىقان قىلىۋەتتى . ئۇ ھەرقانچە يۇلقۇنسىمۇ ، قىمىرلىسىمۇ مەخلۇق ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ قويۇۋەتمەيتتى .

— مېنى قويۇۋەت... مېنى قويۇۋەت ، قورسىقىم ئاچتى . قاچمايمەن... قاچمايمەن... قورقما ، قاچمايمەن .

— قا... قاچ... قا...

سارىخان چۆچۈپ كېتىپ توختاپ قالدى . ئۆزىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرغان مەخلۇققا زۇۋان چىقتى .

— قا... چ... قاچ... قا...

— ھە… سەن نېمە ، ئېيىقمۇ ـ ئادەممۇ ؟
— ھە… سە… ن… ئې…
سارىخان بۇ مەخلۇقنىڭ ئۆزى نېمە دېسە شۇنى دوراشقا ، زۇۋان چىقىرىشقا ئىنتىلىۋاتقىنىنى سەزدى .
— ھەئە ، قويۇۋەت !
— ھە… ئە… قو…
— قوسۇغۇم ئاچتى…
— قوسۇ…
سارىخانىنىڭ كۆزى ، دىللىرى يورۇپ ، ئاغزىنى ئېچىپ ئاغزىغا بىر نەرسىنى سېلىپ چاينىغانىنى دورىدى . مەخلۇقمۇ خۇددى شۇنداق قىلدى .
— بىرمە يەيمەن .
— بىر… بىر…
سارىخان جىددىيلىشىپ مەخلۇقنىڭ ئۆزىنى باغرىغا ئېلىپ تۇرغان بىلىكىنى يەڭگىل چىشلىدى . مەخلۇقمۇ سارىخانىنى دوراپ سارىخانىنىڭ بىلىكىنى يەڭگىل چىشلىدى . سارىخان ئامال تاپالماي يەرنى سىلاشتۇرۇپ قولىغا چىققان بىر كىچىك چالمىنى چاينىدى . مەخلۇقمۇ بىرنى ئېلىپ چاينىدى . سارىخان قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى . مەخلۇقمۇ دوراپ يۆتەلدى . سارىخان «نېمە تارتقۇلۇق ، نېمە كۆرگۈلۈك بۇ ؟ خۇدايىمنىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھى كەبىر ئۆتكەندۇ مەندىن ؟ » دەپ يىغلىۋەتتى . مەخلۇقمۇ سارىخانىنى دوراپ بىر نېمىلەرنى دەپ ئاۋاز چىقىرىپ تەڭ يىغلىدى . مەخلۇق سارىخانىنى دوراپ بىردەم يىغلاپ بېقىپ ، سارىخانىنىڭ ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ ئېسەدەپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ مەڭزىگە چۈشكەن كۆز ياشلىرىنى ، يۈز ـ كۆزلىرىنى يالاشقا باشلىدى . سارىخان ئۇنىڭ سېسىق دىماغلىرىدىن قېقىلىپ تۇمشۇقلىرىنى نېرى ئىتتىرىۋىدى ، ئۇ يەنە يالاشقا باشلىدى . شۇ چاغدا سارىخان يەرنى سىلاشتۇرۇپ قولىغا ئۇرۇنغان توشقان گۆشىنى ئېلىپ تېرىسىنى تارتىپ پاچاق گۆشىنى چىقىرىپ

يېپىشكە ، چايناشقا باشلىدى . مەخلۇقمۇ ئېلىپ يېپىشكە باشلىدى . ئاچقان قورساققا خام توشقان گۆشىمۇ ئانىسى ياققان ناندەك تېتىدى . سارىخان قورسقى تويۇشىغا مەخلۇق ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىكى قاننى يالاشقا باشلىدى . سارىخان ئۇنىڭ دىمىغىدىن سەسكىنىپ تۇمشۇقىنى قانچە ئىتتىرىپمۇ ، تۇمشۇقىنى ئەپقېچىپمۇ قۇتۇلالمىدى . ئاخىر بۇنىڭغىمۇ كۆنمەي بولمىدى . ئۇ مەخلۇق ئاغزى - بۇرنىنى ، تۇمشۇقلىرىنى يالاپ بولغاندىن كېيىن ، سارىخان ئۇنىڭ قۇچىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ قوللىرىنى ، قولتۇق ، مەيدىلىرىنى ئاستا سىلاشقا باشلىدى . سارىخان يېقىملىق سىلاپ قويغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغىمۇ خۇشىيېقىپ چىلىك گىرە سېلىنۇالغان قوللىرىنى ئاستا بوشاتتى . ئاندىن سارىخان ئۇنىڭ باغرىدىن ئاستا يۇلقۇنۇپ چىقماقچى بولدى . ئۇ يەنە قۇچىقىنى قورۇۋالدى . شۇنىڭ بىلەن سارىخان ئۇنىڭ مەيدە - بويۇنلىرىنى يەنە سىلاشقا باشلىدى . سىلاۋېتىپ بايقىدىكى ، ئۇنىڭ بوينى ، قۇلاقلىرى ، كانايلىرى ، كېكىردەك ، ئوخرەك سۆڭەكلىرى ، مۈرە - قولتۇقلىرى پۈتۈنلەي ئادەمگە ئوخشايدىكەن ، پەقەت ئادەمگە ئوخشىمايدىغان يېرى بېسىپ كەتكەن يۇڭ - چۇپۇر ئىكەن . ئۇنىڭ بېشىمۇ ئادەمنىڭ بېشىغا ئوخشايتتى ، ئەمما بېشىدىن ئۆسكەن چاچ پەقەت تۇكسىز پاتىڭدىن سوزۇلۇپ تاپىنىغا چۈشكەنىدى . ھايۋاننىڭ چوقا تۇكى بۇنداق ئۇزۇن بولمايتتى . ئادەمنىڭ ، ئايالّلارنىڭ بولسا مانا مۇشۇنداق ، خۇددى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى . نېمە ، بۇ ئادەممۇ نېمە ؟ ئادەمدەك تۇرىدۇ . سارىخاننىڭ كاللىسىغا لىپ قىلىپ كەلگەن خىيال بىلەن قوللىرى ئىختىيارسىز ئۇنىڭ چاترىقىغا سوزۇلدى . راست بۇ يەرمۇ ئادەمنىڭكى ، ئېرىنىڭكىگە ھەممىسى ئوخشاش ، ھايۋاننىڭ ئەمەس ، ئادەمنىڭ . سارىخاننىڭ قوللىرى تېگىشى بىلەن بۇ مەخلۇق خۇددى ئۆزىنىڭ ئېرىگە ئوخشاشلا خۇشىيېقىش ئىچىدە يايرىدى . ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى بارغانچە ئېرىنىڭكىگە ئوخشاپ كەتتى . ئۇنىڭ ئىنجىقلاپ ئۇھ تارتىپ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن پۇرسەتتە ، سارىخان يۇلقۇنۇپلا ئۇنىڭ قۇچىقىدىن چىقىپ ، بايا

سىلاشتۇرۇپ قولىغا ئىلىنىشتۇرۇۋالغان ئۆزۈن سەرگەز كۆڭلىكىنى كىيىۋالدى . ئەمما كۆڭلەك نەچچە يەردىن يىرتىلىپ ئالتە پارە بولۇپ كەتكەنىدى . ئۆزۈن خالتا كۆڭلەكنىڭ ئۆنىڭ ئۆچىسىدا تۇرغۇچىلىكى قالمىغانىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆڭلەكنى ئۆچىسىدا تۇرغۇزۇشقا تىرىشىپ تارتىشتۇرۇپ ئۆياتلىق يەرلىرىنى يېپىپ ، قوللىرىدا تۇتۇۋالدى . مەخلۇق سەكرەپ تۇرۇپ ئۆنىڭ ئۈستىبېشىغا ئارتىۋالغان سەرگەز كۆڭلەكنى تارتىشتۇرۇپ ، تىتىپ ، يىرتىپ ، چايناپ پۇركۇۋەتتى ، سەرگەزنىڭ يارماقچىلىك هالى قالمىدى .

سارىخان ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا قاچتى . مەخلۇق هۆركىرەپ نەرە تارتىپ ، ئالىتاغىل ۋارقىراپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ قالدى . سارىخان ئۆڭكۈر ئاغزىغا چىقىپلا ، بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئېگىز ، چەكسىز تۇمان باسقان تاغ ئىكەنلىكىنى كۆردى . ئەمما ۋىژىلداپ چىقىۋاتقان مۇزدەك سوغۇق شامال سارىخاننى كۆزنى - يۇمۇپ ئاچقۇچە بىگىز تىققاندەك چېقىپ بىر قەدەم ئالدىغا سىلجىتمىدى . ئۇ تىنىق ئۆتمەي ئارقىغا يېنىشقا مەجبۇر بولدى . دىرىلدەپ تىترىگەنچە ، تېخىچە مەيدىسىگە مۇشتلاپ هۆكرەپ يىغلاۋاتقان ئادەمسىمان ئېيىقنىڭ ئىسسىق قۇچىقىغا ئاران كىرىۋېلىپ ، ئۆنىڭ يۇڭ - چۇپۇرلۇق ئىسسىق باغرىغا تېخىمۇ چىڭ چۆكۈشكە مەجبۇر بولدى . مەخلۇق شۇئان هۇۋلاشتىن توختاپ سارىخاننى باغرىغا مەهكەم بېسىپ ، ئۆنىڭ ئوچۇق قېلىپ ئىسسىمايۋاتقان يەرلىرىنى ئىسسىق تىللىرى بىلەن يالاپ ئىسسىتىشقا باشلىدى . قوللىرىدا تېرە پارچىلىرى ، پاخاللارنى يۆگەشكە باشلىدى . سارىخان توڭلىغاننىڭ دەستىدىن ئادەمسىمان ئېيىقنىڭ بېلىدىن چىڭ قۇچاقلاپ ئۆنىڭ تۇكلىرى ئارىسىغا ، باغرىغا كىرىۋالغان بولسىمۇ ، ئۆنىڭ دۇمبىسى ، بەللىرى ، كاسىسى قاتتىق توڭلاپ ، ئادەم ئېيىقنىڭ يۆگەشلىرى ، يالاشلىرى پايلىماي قالدى . ئادەم ئېيىق ئۆنىڭ هەممىدىن بەك توڭلاپ ، زادىلا ئىسسىمايۋاتقان بەل ، سۆڭگەچ ، يانپاش ، كاسىسىنى يالاپ ئىسسىتىشقا باشلىدى . ئۆنىڭ قىزىق تىلىدا

يۇمشاق، يېقىشلىق يالىشى بىلەن سارىخاننى يەنە چەكسىز شېرىن ئۇيقۇ باستى. يەنە تاتلىقچىلىق ئىچىدە ئۇخلاپ كەتتى.

قورساقنىڭ قاتتىق ئېچىشى بىلەن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، ئادەم ئېيىق ئۇنى باغرىغا باسقىنىچە توشقان گۆشىنى غاجىلاپ يەپ ئولتۇرغانىدى. سارىخان ئۇنىڭ قولىدىكى توشقان ئۇستىخىنىنى تارتىۋېلىپ غاجىلاپ باقتى، لېكىن توڭلاپ قېتىپ كەتكەن گۆشكە چىشى ئۆتمىدى. ئاغزى توڭلاپ، ئېيىق ئاغزىدا يېرىمى چىقىپ تۇرغان يېرىم چايناپ يۇمشىتىلغان گۆشنى تارتىۋېلىپلا ھاپ قىلىپ چايناپ ـ چايناماس يۇتتى. يۇتقاندا قىيىنىلىپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئاندىن قولىدىكى توشقاننى ئېيىققا بەردى. ئېيىق ئۇنى سارىخاننىڭ ئاغزىغا تەڭلىۋىدى، سارىخان ئۇنى يەنە ئېيىقنىڭ ئاغزىغا تىقىپ قويدى. ئېيىق ئۇنى چىشلەپ قايرىپ، يالاپ ئېرىتىپ ئۇستىخاندىن ئاجرىتىشىغا، ئۇ ئۇزۇلۇپ چىققان لوقمىنى يۇلۇۋېلىپ چايناپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇ توشقاننىڭ ئۇستىخىنىنى يەنە ئېيىقنىڭ ئاغزىغا تىقتى. ئېيىق يەنە چايناپ ئېرىتىپ، بىر لوقما گۆشنى سۆڭەكتىن ئۈزۈۋېلىشىغا، ئايال ئۇنىڭ ئاغزىدىن يۇلۇۋېلىپ يېدى. شۇنىڭدىلا ئېيىق سارىخاننىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، گۆشنى ئۆزى چايناپ ئېرىتىپ يۇمشىتىپ، ئاغزىدىن ئېلىپ سارىخاننىڭ ئاغزىغا سېلىپ يېگۈزۈشنى ئۆگەندى. سارىخان تويۇپ خام گۆش كېكىرىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسۇۋەتتى. ئېيىق سارىخاننىڭ ئۆزىنىڭ پۇتى، قۇچىقىغا چۈشكەن قۇسۇقلىرىنى پاكىز يالاپ، يۇتۇۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ سارىخاننىڭ تېخىمۇ كۆڭلى ئېلىشىپ قۇرۇق ھۆ قىلدى. ئازراق ئۆتۈپ، قورسىقىدا ھېچنېمە بولمىغانلىقتىن ھالسىزلىنىپ يەنە ئۇخلىماقچى بولدى، ئەمما قورسىقىنىڭ ئاچلىقى ئۇنى ئۇخلاتمىدى. يەنە يەرنى سىلاشتۇرۇپ توشقان گۆشىنى ئېلىپ ئېيىقنىڭ ئاغزىغا تىقتى. ئېيىق يەنە نەچچە لوقما چايناپ بەردى. سارىخان بىرقانچە لوقما يەپ، كۆڭلى سەل يامانلاي دېيىشكە توختىۋېلىپ يەنە ئۇخلىدى. بىر چاغدا، قورسىقىنىڭ قاتتىق ئاغرىشى بىلەن ئويغاندى. ئويغىنىپ تەرىتى

قىستاپ قانچە يۇلقۇنسىمۇ ئېيىق ئۇنى چىقارمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئېيىقنىڭ قۇچىقىغىلا ئىچى سۇرۇپ كەتتى . ئېيىق بۇلارنىمۇ پاكىز يالاپ تۈگەتتى . ئۇنىڭ يالاشلىرى سارىخانغا يەنە ھەممىدىن يېقىشلىق تۇيۇلۇپ ، ئېيىقنىڭ يالىشىغا كۆنۈپ قالغاندەك ، يالىشىنى كۆڭلى تارتقاندەك بولدى . ئەمدى ئۇ ئۇسساشقا باشلىدى . بۇنى بىلدۇرەلمەي ئۆزىنىڭ كۆز يېشىنى قولىنىڭ دۈمبىسىگە تېمىتىپ شۈمۈۋىدى ، ئېيىق چۈشىنىپ ، سارىخاننى پاخال بىلەن تېرە پارچىسىغا چىڭ يۆگەپ قويۇپ ، ئۆڭكۈردىن چىقىپ كەتتى . ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىم بولغاندا ، بىر قولىدا بىر كاللەك كۆك مۇز ، قولىدا قېنى ئېقىپ تۇرغان بىر جەرەننى كۆتۈرۈپ كىردى . سارىخان تەشنالىقتا توڭلىغىنىنىمۇ ئۇنتۇپ كۆك مۇزنى يالاپ ، شۈمۈشكە باشلىدى . ئۇ شۈمۈۋاتقاندا ئېيىق ئۇنىڭ يالىڭاچ ئەتلىرىنىڭ توڭلىغان يەرلىرىنى پۇراپ تېپىپ يالاپ ئىسسىتىپ ، تېرە پارچىلىرىدا يۆگەشتۈرۈپ تۇردى . سارىخان كۆك مۇزنى قانغۇچە يالاپ ، ناۋات چاينىغاندەك چايناپ بولغاندىن كېيىن ، قېنى سارقىپ ياتقان جەرەنگە قاراپ كاللىسىغا بىر خىيال كەلدى . جەرەننىڭ تېرىسىنى تارتقۇشلاپ سويۇپ باقتى ، كۈچى يەتمىدى . ئاندىن ئۆزىنى يۆگەش ، يالاش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان مېھرىبان ئېيىقنىڭ ئادەمنىڭكىدەك بەش بارماقلىق ، ئەمما ئالىقىنىدىن باشقا قولىنىڭ دۈمبىسى ھەربىر بارماقلىرىغىچە يېرىم غېرىچ تۈك باسقان قوللىرىنى تارتىپ ئەكېلىپ ئىشارەتلەپ ، ۋارقىراپ ، تېرىنىڭ ئۈچىنى تۇتقۇزۇپ ، جەرەن تېرىسىنى گۆشىدىن ئاجرىتىپ سويۇشنى ئۆگەتتى . ئاۋۋال بىر غېرىچ كەلگۈدەك بىر تېرە ئاجراپ چىقتى . سارىخان خۇشال بولۇپ ، ئۇ تېرە بىلەن يىرىقنى يېپىۋىدى ، ئېيىق غەزەپ بىلەن تېرىنى سارىخاننىڭ چاترىقىدىن تارتىۋېلىپ تارتقۇشلاپ يىرتىپ تىتماكاتاڭ قىلىپ چۆرۈۋەتتى ، ئاندىن ئاغرىپ كەتتىمۇ دەپ ئەپۇ سورىغاندەك ، يۈزىنى تۇتۇۋېلىپ چاترىقنى قىسىۋېلىپ يىغلاۋاتقان سارىخاننىڭ چاترىقىنى سىلاپ ، يالىدى ، سارىخاننى دوراپ يىغلاپ ئۇنى ئېرىتتى . سارىخاننى ھەر

قېتىم خاپىلىق ، غەزەپ ، قورقۇنچ ، ئەسەبىيلىك تۇتقاندا ، بۇنداق ئىنسان بېشىغا كەلمىگەن خاپىلىق دەستىدىن جىنىدىن تويۇپ ئۆلۈۋېلىش خىيالىغا كەلگەندە ، ئادەمگىمۇ ، ئېيىققىمۇ ھەم ئوخشايدىغان ، ھەم ئوخشىمايدىغان بۇ مەخلۇقنىڭ ئىسسىق تىلى بىلەن يالاشلىرى ، ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان تەڭداشسىز مېھرىبانلىق ، ئىسسىقچىلىق لەززىتى ئۇنى ئوتقا قاقلانغان ئۆرۈك يېلىمى ياكى ئۆچكە يېغىدەك ئېرىتىپ ، ئۇنىڭ تاشتەك قاتقان ئىرادىسىنى ئۆزگەرتىۋېتەتتى . ئۇ بۇ مەخلۇقنىڭ شۇ قىلىقى ھەممىنى بېسىۋېتىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ھەممە يامان قىلىقىدىن ماۋۇ قىلىقىنىڭ بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ مۇشۇ قىلىقىغا چىدىمايدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭغا كۆنۈپ قېلىپ ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ يىغىسىدىن توختاپ ، ئىشارەت قىلىپ ، ۋارقىراپ تارتقۇشلاپ يۈرۈپ ، جەرەندىن يەنە بىر پارچە تېرە سويدۇردى . تېرىنى ئېلىپ چاترىقىغا ئاپىرىشتىن قورقۇپ ، ئىككى كۆكسىنى يېپىۋىدى ، ئېيىق يەنىلا تارتىۋېلىپ چۆرۈۋەتتى . سارىخان يەنە ۋارقىراپ ، چىرقىراپ ئېيىقنى كاچاتلاپ ، تاتىلاپ يىغلىۋىدى ، ئېيىقمۇ خۇددى شۇنداق قىلىپ يىغلاپ سارىخاننىڭ ئالمىدەك كۆكسىنى يالاپ قويدى . سارىخاننىڭ قورسىقى ئېچىپ سويۇلغان جەرەندىن بىر پارچە گۆشنى يۇلدۇرۇپ ئاغزىغا سېلىۋىدى ، سالا ـ سالماي ھۆ قىلىپ كۆڭلى ئېلىشىپ ياندۇرۇۋەتتى . سارىخان تۇكۇرۇۋەتكەن خام گۆشنى ئېيىق بىر ھاپ ئېتىپلا يەۋەتتى . سارىخاننىڭ ئەقلىگە يەنە بىر خىيال كېلىپ ، سىلاشتۇرۇپ ئىككى تال قارا كۆك تاشنى ئەكېلىپ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ ئېيىققا شۇنداق قىلىشنى ئىشارەت قىلدى . ئېيىق شۇنداق قىلىۋىدى ، كۈچلۈك ئۇرۇشلاردىن ئوت چاچرىدى . ئېيىق قورقۇپ كېتىپ تاشنى تاشلىۋەتتى . سارىخان تاشنى ئېلىپ ئېيىققا تۇتقۇزدى . ئېيىق قورقۇمسىراپ ، سارىخاننىڭ يالۋۇرۇپ قىستىشى بىلەن يەنە شۇنداق قىلدى . سارىخان قۇرۇپ قاق بولۇپ كەتكەن يۇڭلۇق تېرە پارچىسىنى ئۇرغان تاشنىڭ ئوت چاچراندىلىرىغا يېقىن

تۇتۇپ سۇركىشى بىلەن تاشتىن چىققان چاچراندى ئۇچقۇنلار تېرىنىڭ يۇڭىغا ، يۇڭىدىن تېرىدىكى مايغا تۇتاشتى . سارىخان خۇشال بولۇپ يىغلاپ كېتىۋىدى ، ئېيىق تاشنى ئېتىۋېتىپ ، سارىخاننىڭ قولىدىكى تۇترۇقنى چۆرۈۋېتىپ ، دەسسەپ ئۆچۈرۈپ ، سارىخاننىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلغان كاۋاپنىڭ ھىدىنى يوق قىلدى . سارىخان قاتتىق تېرىكىپ ، ھۆكىرەپ يىغلاپ ، ئېيىقنى تىللاپ ، مۇشتلاپ ، قولىغا چىققان تاشلار بىلەن كەلسە ـ كەلمەس ئۇرۇپ كەتتى . ئەمما ئېيىق سارىخاننى مېھرىبانلىق بىلەن چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ تەڭ يىغلاپ ، يالاپ ، مۇلايىملىق ، مېھرىبانلىق كۆرسەتتى . ئاخىر ئېيىق سارىخاننى ئۆزىنىڭ دېگەن يېرىگە كەلتۈردى ، بويسۇندۇردى ، كۆندۈردى ، ئېگىلدۈردى . سارىخان دەسلەپتە ئازدىن ـ ئازدىن ، كېيىن يېرىم تويغۇچە ، ئاخىرى راۋۇرۇس تويغۇچە خام گۆش يەيدىغان بولدى . كۆڭلى ، قورسىقى ، ئاشقازىنى ، قارنى خام گۆش يېيىشكە كۆندى . خام گۆشنى تويغۇدەك يەپ بولدى قىلغۇچە ئېيىق ئۇنىڭ قەيېرى توڭلىغىنىنى پۇراپ ، يالاپ ، شۇ يېرىنى باغرىغا بېسىپ ئىسسىتىپ تۇراتتى . سارىخان خام گۆشكە تازا تويۇپ ، ئىچ مايلىرىنى سەسكەنمەي يېگەندىن كېيىن ئىچى قىزىپ ، يالىڭاچ تۇرسىمۇ توڭلىماي تۇرىدىغان بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى . شۇڭا ئۇ قان ئېقىپ تۇرغان ياغلىق گۆشنى ، بۇغا ، كېيىك ، جەرەن گۆشىنىڭ ئەڭ سېمىز يېرىنى بىر ئايلاردىن كېيىن تازا ئىشتىھا بىلەن يەيدىغان بولدى . بۇرۇنقىدەك توڭلاپ كەتمىدى . كۆندە خام گۆش يېيىش ۋە ئېيىقنىڭ توختىماي يالىشى بىلەن ئۈچ ئاي بولغاندا سارىخاننىڭ پۈتۈن بەدىنىگە مۇشۇ ئېيىققا ئوخشاشلا قات ـ قات ھەم قويۇق تۈك چىقىپ ، بەئەينى مۇشۇ ئېيىق بىلەن ئوخشاش ھالەتكە كەلدى . ئەمدى توڭلاشتىن ئانچە ئەنسىرىمىدى . ئۈچ ئاي بولۇپ ئېيىق بىلەن سىرتقا چىقىپ كۆردىكى ، ئۆزى تۇمان باسقان ئېگىز بىر تاقىر تاغدا تۇرىۋېتىپتۇ . ئۇ تاغ ئارىسىدا ئېيىققا ئەگىشىپ يۈرۈپ ھېرىپ بىر تاشتا ئولتۇرۇۋىدى ، ئېيىق باي بىر مارالنى قوغلاپ ، تاغدىن تاغقا ، تاشتىن تاشقا ، بۇغا ـ مارال بىلەن تەڭ

سەكرەپ قوغلاپ كەتتى . ئېيىقنىڭ يىراقلاپ كەتكىنىنى كۆرگەن سارىخان قاچتى . يىراقتىكى قارا كۆرۈنگەن يۇرت ئورمانلىرىغا ، ئادەم بار تەرەپكە قاراپ قاچتى . قېچىپ مەھەللىنىڭ تېرەكلىرى ، پاكار جىگدە ، سۆگەتلىرى كۆرۈنگىدەك يەرگە كەلگەندە ، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولغان ئېيىق باي ئۇنى بويىندىن تۇتۇپ لىككىدە كۆتۈرۈپ بويىنغا مىندۇردى ـ دە ، ئوقۇر تاغ تەرەپكە — كەلگەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى . سارىخان چىرقىراپ ، ئېيىق باينىڭ مەيدىسىنى تاپانداپ تېپىچەكلىدى ، تەپتى ، پاخماق چۇپۇرلۇق بېشىغا مۇشتلىدى ، ئۆزىنىڭ قولى ئاغرىپ ئۆزى چىرقىراپ كەتتى . ئۆڭكۈردىكى قورام تاشنى مۇشتلىغاندىمۇ قولى بۇنچىلىك ئاغرىمىغانىدى . ئېيىق باينىڭ بېشى ئاشۇ دائىم تۇمان بېسىپ ئارقىسىنى كۆرسەتمەيدىغان ئوقۇرتاغنىڭ قارا تېشىدىنمۇ قاتتىق ئىدى . ئېيىق باي سارىخاننى تۇشقاننى ئالغاندەك ئېلىپ ، قولتۇقىدا يوغان تورپاقتەك بىر مارالنى قولتۇقلىغانچە يۈگۈرمەكتە . بويىندا تېپىچەكلەۋاتقان سارىخان بىلەن قولتۇقىدا ئۈزۈن مۈڭگۈزى يەر جىجاپ مېڭىۋاتقان ئۆلۈك مارال ئۇنىڭغا ھېچبىر يۈكتەك ئەمەس ئىدى . ئۇ شور كۆلنىڭ دۆڭ ـ تاراملىرىدىن كېچىپ ، ئوقۇرتاغنىڭ قوش ئۇچۇپ چىقمىشقا ئېرىنىدىغان تۇمانلىق خەتەرلىك چوققىسىغا قاراپ سىلجىدى . گويا تاش تاغدىن پەسكە قانداق راۋان چۈشكەن بولسا ، ئېيىق باي بويىندا سارىخان ، قولتۇقىدا ئۆلۈك مارالنى قىستۇرۇپ خۇددى شۇنىڭدەك كۆرۈنمەس تاغ چوققىسىغا چىقىپ كەتتى .

مانا ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سارىخان ئۆڭكۈردىن چىقالماس سولاققا چۈشۈپ قالدى . ئۇ سارىخان ئۇچۇن ئۆڭكۈر ئىچىگە بىر كۆلچەك ياساپ مۇز دۆۋىلەپ بەردى . ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى دۆۋىلەپ قويدى . بىرگە تۇرغاندا ئاشۇنداق تۇردى . سىرتقا چىققاندا ، ئۆڭكۈر ئاغزىغا يوغان ئۆيدەك بىر قارا تاشنى قاپلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىدىغان بولدى . ئېيىق باي ئانچىكى كۈچەپ دومىلاتقان تاشنى سارىخان مىڭ ئۆلۈپ ـ تىرىلىپمۇ

قىمىرلىتالمايتتى . سارىخان كۈنلەرنى ئۇنتۇدى ، ئايلارنى ئۇنتۇدى . قورساق كۆتۈردى ، ئوغۇل تۇغدى . ئېيىق باي خۇشاللىنىپ ھۆركىرەپ نەرە تارتتى . تاغلار تىترىگەندەك بولۇپ ، ئەكس سادا ياندى . شور كۆل تەۋرىگەندەك بولدى . ئېغىربوي كۈنلەردە سارىخان تولا يىغلاشتىن تەقدىرگە تەن بېرىشكە كۆچتى . ئۇ قېچىشتىن كۆرە كۆنۈشنى ئەۋزەل كۆردى ، چۈنكى ئۇنىڭ ئېرىگە مېھرى چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئېيىق بېقىپ چوڭ قىلغان ئادەم ياكى بالا چاغلىرىدا مومىسىدىن ئاڭلايدىغان ياۋا ئادەملەر ھەققىدىكى رىۋايەتتىكى ياۋايى ئادەملەرنىڭ بىرىنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى . ئۇ بۇ ياۋايى ئادەمنى كۆندۈرۈپ ئەر قىلىش نىيىتىگە كەلدى . بىر يىل ھەپىلىشىپ تولا جېدەل قىلىپ قاقشاپ ، تاشتىن ئوت چىقىرىپ ، ئوتنى قۇرۇق تېرىگە تۇتاشتۇرۇپ ، ئوت قالاپ كاۋاپ پىشۇرۇپ يېيىشكە كۆندۈردى . ئىككى يىل قاقشاپ ئۆزىنىڭ ئالدىنى ، كۆكسىنى كېيىك تېرىسى بىلەن يېپىشقا كۆندۈردى . ئېيىق بايغا ئۇن ئېغىز دەك گەپ ئۆگەتتى . ئوغلىغا نەيزە باي دەپ ئات قويۇپ ، تولا گەپ قىلىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ تىلىنى چىقاردى . بىر يىل بولغاندا بالا دادىسىدىن جىق تىل بىلدى . ئاپىسى ئۇنىڭغا دادىسىدەك يالاشنى ئەمەس ، ئەمچەك ئېمىپ ، بىر نەرسىنى چايناشنى ئۆگەتتى . ئىككىنچى يىلى يەنە قورساق كۆتۈرۈپ قىز تۇغدى . قىزىغا ئانىسى ھەسەلخاننىڭ ئىسمىنى قويدى . ئۈچىنچى يىلى يەنە ئوغۇل تۇغدى . ئوغلىغا رەھمەتلىك دادىسى توختامىشنىڭ ئىسمىنى قويدى . ئۈچىنچى بالا تۇغۇلۇپ يەتتە ئايلىق بولغاندا ، بىر ئىش يۈز بەردى . ئېيىق باي ھاڭدىن سەكرەپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئوڭ پۇتىنى سۇندۇرۇۋالدى . ئۆملەپ كېلىپ ئۆڭكۈر ئاغزىدىكى تاشنى ئىتتىرىمەن دېۋىدى ، سۇنۇق پۇتىنى تاش بېسىۋېلىپ ئېزىۋەتتى . ئۇ چىرقىراپ ھوشىدىن كەتتى . مانا شۇ چاغدا سارىخان ئېرىنى سۆرەپ ئەكېلىپ پۇتىنى يۇيۇپ تاغ توخۇسىنىڭ تۇخۇمىدا شاقىداپ تېرە بىلەن تېڭىپ ، ئۈچ يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئوچۇق قالغان ئۆڭكۈر ئېغىزىدىن

چىقتى. يورۇقلۇقنى، يورۇق دۇنيانى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. تويماي قاراپ، تويماي تىنىپ كەتتى. كەڭرى جاھان بىردىنلا ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىسى، يۇرتىنى سېغىندۇردى. يۈگۈرۈپ ئۆڭكۈرگە كىردى. ئۈچ بالىسىنى ئېلىپ قېچىش، بولۇپمۇ تاغدىن چۈشۈش مۇمكىن ئەمەس. ھازىرچە قۇچاقتىكىنى ئېلىپ قېچىپ، يۇرتتىن جەددى ـ جەمەتىنى باشلاپ كېلىپ قالغان ئىككى بالىسىنى ئېلىپ كېتىش قارارىغا كەلدى ـ دە، قۇچاقتىكى بالىسىنى ئېلىپ، ئۈچ ياشقا كىرگەن نەيزە باي بىلەن ئىككى ياشلىق ھەسەلخاننى قويۇپ، يىغلىغانچە قاچتى. باللار قىرقىراپ يىغلاپ قالدى. قۇچاقتىكىسىمۇ يىغلايتتى. ئەمما سارىخان تاغدىن تاش يۇمىلىغاندەك يۈگۈرۈپ قاچتى. تاغ بېلىگە چۈشكەندە، ئارقىسىدىن ئېيىق باينىڭ نەرە تارتىپ ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قورقۇنچتا تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ، يۇمىلاپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. بىر چاغدا كۆزىنى ئاچسا ئوغلى توختامىش قۇچىقىدا ساقمۇساق تۇرۇپتۇ. ئۇ بالىسىنى باغرىغا بېسىپ يەنە قاچتى. قېچىپ بىر مازارغا كېلىپ قالدى. قومۇشلۇق مازاردا قېچىپ بىر ئاتلىق ئادەمنىڭ ئالدىغا چىقىشىغا، ئات ئۈركۈپ ئات ئىگىسى ئاتتىن ئۈچۈپ كەتتى. ئۇ كىشى قوپۇپلا سارىخاننى كۆرۈپ «ۋاي جىن، ۋايجان!» دەپ ئاتنى تاشلاپ بەدەر قاچتى. سارىخان ئۈركىگەن ئاتنى يەم بىلەن تۇتتى ـ دە، ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ ئاتنى مىنىپ چىغىر يول بىلەن توغراقلىق جاڭگالغا كىرىپ كەتتى.

*　　　*

سارىخان ئاتلىق بۇقاپاتار مەھەللىسىگە، ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يۇرتقا كىرىپ كەلگەندە، كۆرگەنلىكى باللار «ئالۋاستى، ئالۋاستى كەلدى» دەپ قاچتى. قاپاق يۇدىگەن ئاياللار، سوغا، كومزەك كۆتۈرگەن ئاياللارمۇ قاچتى. ئېشەك مىنگەن بوۋايلار قورقۇنچتىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ دۇرۇت ئوقۇپ قېلىشتى. سارىخان

ئۆزىنىڭ قانداق قىياپەتكە كىرىپ قالغىنىنى بىلمەيتتى ، ئۇنىڭ ئەس ـ يادى قېچىش ، تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يۇرتى ، مەھەللىسى ، ئاتا ـ ئانىسى ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ھەم ئۆزى ياتلىق بولغان بۆرە ئېغىزى توغراقلىقىدىكى بوسۇغا باي ئائىلىسى ، ئېرى نەيزە باينى تېپىش ئىدى . ئۈچ يىللىق سولاق ، ئېيىق باي بىلەن ئۆتكۈزگەن ئامالسىز يالغۇز بىللە ياشاش ئۇنى ئادەم سېغىندۇرۇش ، ئادەملىك تۇرمۇشنى سېغىنىش ئازابىدا جېنىنى قىيىنغانىدى . مىڭ بىر قېتىم ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلگەندىمۇ ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئۇ دۇنيا ، بۇ دۇنيا ھارام ، دوزاخقا سەكرەش دېگەنلىكتىن دېرەك بەرگەچكە ، ھامان بىر كۈنى قاچىدىغان پۇرسەتنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ياشاپ كەلگەنىدى . ئەمما ئۇ قانداق ھالەتكە كېلىپ قالدى ؟ ئۇستىبېشىغا دىققەت قىلماس بولۇپ قالغانىدى . ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەندە ، ئاتام كۆرمىگەن ، ئانام كۆرمىگەن ئاياللار ، بالىلار چۇرقىرىشىپ قاچە ـ قاچ بولۇپ كەتتى . ئانىسى يوق ، ئاكىسى ياكى ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى ئەمەس ، يات ئادەملەر ئىدى . ئەمما ئۆي ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۇن تۆت ياشقىچە ، تاكى ياتلىق بولغانغا قەدەر ياشىغان شۇ ئۆي ئىدى . ئۇ ئۆيگە كىردى . ئاياللار ، بالىلار چىرقىرىشىپ ، بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭغا تىقىلىپ ئۈن ـ تىنسىز تۈگۈلۈۋېلىشتى . ئۇ مورا بېشىدىكى تونۇش ساپال چىراغ بىلەن ئانىسىنىڭ زاغرا نانەك كېلىدىغان ، چېقىلىپ يېرىمى قالغان ئەينىكىنى كۆردى . ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ توپىسىنى سۈرتۈپ قارىدى . قاراپلا ئۆزىمۇ چۆچۈپ چىرقىرىۋەتتى . ئۇنىڭ كۆزى بىلەن ئاغزىدىن باشقا ھەممە يېرىنى تۆت ئىلىك قاپقارا چۇپۇر باسقان ، يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى . ئۇ ئەينەكنى يەرگە تاشلاپ ، تالاغا ئېتىلىپ چىقتى . تالادا يىغىلغان ئادەملەر ھويلىغا پاتماي قالغان ، ئەرلەر ئارا ، كالتەك ، كەتمەن كۆتۈرۈپ دېۋەيلەپ تۇرۇشقانىدى .

بالىلار ، ئاياللار چىرقىراشتى . ئاياللار ھەم بىر قىسىم ئەرلەر قاچتى ، «قېچىڭلار ئالۋاستى !» دېيىشتى .

— مەن ئالۋاستى ئەمەس ، سارىخان . توختامىشنىڭ قىزى . ھەسەلخاننىڭ قىزى سارىخان ، — دەپ سۆزلىدى سارىخان .

— نىمە... گەپ... قىلىۋاتىدۇ... سەن ئادەممۇ ؟ ئالۋاستى ئەمەسمۇ ؟ ... سەن ... سارىخان دىدىڭما ؟ يەنە بىر گەپ قىلە... سەن توختامىشنىڭ قىزى... ھەسەلخاننىڭ قىزى سارىخان دىدىڭما... — دەپ ئالدىغىراق ئىككى ماڭدام ماڭدى ئارا كۆتۈرگەن سايىت باي .

— ھەئە... مەن... توختامىش باينىڭ قىزى سارىخان... ئانام ھەسەلخان... ئاتام بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن... ئانام ھەسەلخان ھايات ئىدى... ئاكام تۇرغۇن باي... ئاچام ئايزىمخانلار قىنى ؟...

— سەن راستىنلا ئادەمدەك گەپ قىلىۋاتىسەن... توختامىش جەمەتىنى ساناۋاتىسەن... ئۆزۈڭنى سارىخان دەۋاتىسەن... تۇرغان - پۈتكىنىڭ ئادەمگە ئوخشمايدۇ...

— مىنى ئاناملار بۆرە ئىغىزىدىكى بوسۇغا باينىڭ ئوغلى نەيزە بايغا ياتلىق قىلغان... مىنى شۇ يەردىن ئىيىق ئەپقاچقان .

— ھە... ھە... راست... راست... ئاناڭ يىغا يىغلاپ ، ھازا ئاچقان . كەنجى قىزىم سارىخاننى ئىيىق يەپ كىتىپتۇ... دىگەن... نەزىر قىلىپ خەتمە ئۆتكۈزگەن... شۇنىڭدىن كىيىن بەش - ئالتە زامان ئۆتۈپ ئاناڭ ، ئاكاڭلار ، ئاچاڭنىمۇ ئىلىپ بىر كىچىدىلا ئۆيىنى تاشلاپ ، يۇرت - مەھەللە كويغا غىڭ قىلماي يۇرتتىن چىقىپ كىتىپتۇ . نەگە كەتكىنىنى بىلمىدۇق ، ئاڭلىسام خەقلەر ئاكاڭنى چىتتىبىشى دىگەن يەردە كۆردۇق دەپتىمىش . بالام سەن راست سارىخان بولساڭ... بۆرە ئىغىزى تەرەپكە بىرىپ بوسۇغا باينىڭ ئائىلىسىگە بىرىپ باق... ئەمما سىنىڭ بۇ تۇرقۇڭنى كۆرسە ، ئىرىڭ نەيزە بايمۇ قورقۇپ كىتەر... ئەڭ ياخشىسى ، سەن يۇزۇڭنى ، ئۇستىبىشىڭنى ئادەمگە ئوخشىتىپ بار .

شۇنىڭدىلا سارىخان ئۇستىبىشىغا زەن سالدى ، ئۇستىبىشىنىمۇ غىرىچقا كەلگۇدەك قارا تۈك باسقاندى . بوۋاي شۇنداق دەپ ھويلىدىكى ئايالالارنىڭ بىرىنىڭ پەرىجىسىنى ، بىرىنىڭ رومىلىنى ،

يەنە بىرىنىڭ كۆڭلىكىنى دېگۈدەك ئېلىپ سارىخانغا بەردى. سارىخان بالىسىنى قولتۇقلاپ، بوۋاي بەرگەن كىيىملەرنى ئېلىپ ئېتىغا مىنىپ هويلىدىن چىقىپ كەتتى. هويلىغا يىغىلغان خالايىق ياقىسىنى تۇتۇشۇپ قېلىشتى. ئۇ توغراقلىق جاڭگال ئارىسىدىكى بىر سۈيى شورلۇق ئاچچىق بۇلاق بويىغا كېلىپ يۇزىدىكى، پېشانىسىدىكى تۈكلەرنى بىر - بىرلەپ يۇلدى. ئەمما يۇزلىرىدىكى تۈكلەرنى يۇلۇپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ سارىخان يۇلدى. يۇلۇۋېرىپ يۇزى قانغا بويىلىپ كەتتى. ئەمما كىچىككىنە يەرنىڭ — ئالىقانچىلىك مەڭزىنىڭ تۈكىنى يۇلغانىدى، سارىخان هالىدىن كېتىپ يېتىپ قالدى. بىر چاغدا ئوغلى تولغانمىشىنىڭ يىغىسى بىلەن تەڭ چۆچۈپ ئويغىنىپ، سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئەمما بۇ چاغدا كېچىككەنىدى. بېشىغا بىر تور كىيدۇرۇلگەنىدى.

— تېخى بالىسى بار ئىكەن… هەيبەللى… بالىسى ئەجەب ئادەمگە ئوخشايدىكەن…

— ئادەم ئېيىقى شۇنداق بولىدۇ…

— هە… نەيزە باي… — سارىخان ۋارقىرىۋەتتى، — نەيزە باي… بۇ مەن… مەن سارىخان…

— نېمە… بۇ… ئادەمگە ئوخشايدىغان ئېيىق… گەپ… گەپ قىلىۋاتىدۇيا.

— ۋاي مەن… مەن خوتۇنىڭىز سارىخان…

— نېمە… هوي… نەيزە باي… ماۋۇ ئېيىق مەن خوتۇنىڭىز سارىخان دەيدا…

— نېمە سارىخان؟

نەيزە باي ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ تورنى يەشتى. تورنىڭ ئاغزىدىن چاچراپ چىققان سارىخان ئېڭىشىپ سىنچىلاپ قاراۋاتقان نەيزە باينىڭ بوينىغا ئېسىلىپ هۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. نەيزەباي سارىخاننى يۇلۇپ، يۇلقۇنۇپ ئاجرىيالماي، يانپاشقا ئېلىشقا كۈچى يەتمەي ۋارقىرىدى:

— ۋاي... ۋايجان... ما... ما ئالۋاستىغا كۈچۈم يەتمىدى... قاراپ تۇرماي ئاجرىتىشە !

بىرى كېلىپ ئاجرىتالماي ، ئىككىسى تارتتى . ئاخىر چىلىڭ گىرە سېلىپ هۆكرەپ يىغلاۋاتقان سارىخاننىڭ گىرە سېلىنغان قولىغا خەنجەر تىقتى . سارىخان چىرقىراپ نەيزە بايدىن ئاجرىدى . ئۇلار سارىخاننى يەنە تورغا سولىۋالدى . تورنىڭ ئاغزىنى چىلىڭ بوغۇۋېلىشتى...

— ياﺋاللا... ئۆمرۈمدە بۇنداق كۈچى بار ، ئادەمدەك گەپ قىلالايدىغان ئېيىقنى كۆرمەپتىكەنمەن .

— مەن ئېيىق ئەمەس... سىزنىڭ خوتۇنىڭىز سارىخان .

— نېمە ؟

— سارىخان... مېنىڭ خوتۇنۇم سارىخان... ئېيىق يەپ كەتكەن سارىخان... مېنىڭ خوتۇنۇم سارىخان دېگەن مۇشۇنداق قېرى قوتازدەك چۇپۇرلۇق ، ئېيىققا ئوخشامتى ، ئۇ ئاق ئۆپكىدەك ، ئاق بېلىقتەك ئىدى .

— ماۋۇ بالىسىنىڭ چۇپۇرى ئازكەن . راست ئادەم بالىسىغا ئوخشايدىكەن .

— ئەمما بۇنىڭ ئادەم ئېيىقى ئىكەنلىكى مەيدىسىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ . ئادەمدەك گەپ قىلىشى ، ئاۋازىنىڭ توملۇقى سۇ بۇقىسىنىڭ ئاۋازىدەك چىقىۋاتىدۇ . سارىخاننىڭ ئاۋازى دېگەن كېيىك مەرىگەندەك چىقاتتى . مەن گەپ قىلالايدىغان ئادەم ئېيىقىنى كۆرمىگەن...

— مەن ئادەم ئېيىقى ئەمەس . نەيزە باي... مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز سارىخان . سىز ئانا ئېيىقنى ئۆلتۈرگەن كېچىسى ، ئېيىق بالىسى خوتۇنىڭىز سارىخاننى ئەپقاچقان... مەن ئايالىڭىز سارىخان...

سارىخان تور ئىچىدە هۆكرەپ يىغلاپ كەتتى .

— سەن... سەن... راست سارىخان بولساڭ ، نېمانداق... هەممە يېرىڭ چۇپۇر باسقان ئېيىق ، ئادەم ئېيىقىنىڭ ئۆزىغۇ

سەن…

— سوغۇقتىن توڭلىسام ئىپىق ياللاپ ، ئاچلىقتا خام گۆش يەپ ، مۈشۈنداق بولۇپ قالدىم… مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز سارىخان…

نەيزە باي بىلەن ئىككى ئۈۋچى بىر - بىرىگە قارىشىپ بىردەم جىمىدە تۇرۇپ قېلىشتى . ئاندىن تورىنىڭ ئىچىدە تۇگۇلۇپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان سارىخانغا ئالدىرىماي ، ئايلىنىپ زەن سېلىپ قاراپ چىقتى . سارىخان قولىدىكى خەنجەر ئىزىدىن چىقىۋاتقان قاننى يالاپ توختىتىشقا تىرىشتى . نەيزەباي سارىخانغا ئۇزاق سىنچىلاپ ، زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن گەپ قىلدى :

— سەن راستىنلا سارىخانمۇ ؟

— ھەئە ، مەن راست سارىخان .

— سېنى ئىپىق يەپ كەتمىگەنمۇ ؟

— ياق ، ئىپىق يەپ كەتمىدى .

— ئەمىسە ، ئىپىق يىمىسە قانداق قىلدى ؟ باقتىمۇ ؟

— ھەئە ، باقتى .

— خوتۇن قىلدىمۇ ؟

سارىخان دۇدۇقلاپ يەرگە قارىدى .

— ئاۋۇ بالا… شۇنىڭ بالىسىمۇ ؟

— ھەئە…

نەيزە باي چاچراپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى .

— ئىپىققا ئۈچ يىل خوتۇن بولۇپ ، ئۆزۈڭمۇ ئىپىقنىڭ سىنىغا چىرىپ ، ئىپىق سىياقىدىكى هارامدىن بولغاننى ئېلىپ بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ ؟

— نەيزە باي… سىز ئېرىم ، سىزنى ئىزدەپ كەلدىم . مەن ئامالسىزمەن… مەن سىزنىڭ ھەق نىكاھلىق خوتۇنىڭىز… مەن سىزنى ئىزدەپ كەلدىم .

— سېنى ئىپىق يەپ كەتكەن ، سەن ئۆلگەن ، سەن يوق ، سەن ئەمرىمدە ئەمەس . سەن ئۆلمىگەن بولساڭ هازىر مېنىڭ خوتۇنۇم

ئەمەس ، ئېيىقنىڭ خوتۇنى ، سەن ئېيىق ، ئادەم ئېيىقى ، سەن ئېيىق بىلەن ياشىماي بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ ؟

— مەن سىزنى سېغىندىم ، ئادەمدەك ياشاشنى سېغىنىپ كەلدىم . مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز… مەن ئامالسىز ئۆڭكۈردە سولاقتا…

— ئەگەر مېنى ئېرىم دەپ بىلگەن ئادەم ، ئادەم ۋاقتىڭدا ، ئادەمدەك ۋاقتىڭدا قاچماي ، مانا ئەمدى ئېيىق بولۇپ بولغان ۋاقتىڭدا قېچىپ كەلدىڭما ؟

— قاچتىم ، قېچىپ قۇتۇلالمىدىم…

— مانا ئەمدى قېچىپ قۇتۇلۇپسەنيا ؟

— ئۇنىڭ پۇتى سۇنۇپ ماڭالماس بولغاندىلا قېچىپ چىقالىدىم .

— ئەمدى قانداق قىلماقچى ؟

— مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز ، مانا سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلدىم . قاچالىغاندا كەلدىم .

— مەن سېنى ئۇنتۇپ كەتكەن .

— ئەمما مەن سىزنى بىر تىنىقمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم .

— قۇرۇق گېپىڭنى قوي . سەن ئاستا ئاشۇ ئېيىق ئېرىڭنىڭ يېنىغا كېتىۋال .

— ياق كەتمەيمەن ، ئېرىم سىز . مەن سىزنى دەپ كەلدىم .

— سەن يەنىلا ماڭا خوتۇن بولماقچىمۇ ؟

— مەن سىزنىڭ ھەق نىكاھلىق خوتۇنىڭىز ، ھەئە مەن يەنە سىزگە خوتۇن بولماقچى .

— بۇ بالىچۇ… بۇ مېنىڭ بالامما ؟

— بالىدا گۇناھ يوق… ئۇ مېنىڭ يۈرەك پارەم . ئۇنىڭدا گۇناھ يوق… مېنىڭ يەنە ئىككى بالام بار . ئەگەر سىزدە ۋىجدان بولسا ئۇلارنىمۇ قۇتقۇزۇۋالسىڭىز…

— ماۋۇ ساراڭ دۈيۈز نېمىدەپ جۆيلۈيدۇ ؟ ئەمدى خىيالىڭدا مېنى تازا بىر لاتا قاس ـ قاس ، شوۋىچى كۆردۈڭمۇ ؟ ماز پەيىنەكمۇ

مەن؟ مەن سېنى، بىر ئېيىقنىڭ ئاستىدا ئۈچ يىل ياتقان، ئادەم ئىسسىكەتى قالمىغان بىر ئېيىقنى قانداق قىلامەن، بۇ ئىشنى خەلقئالەمگە قانداق چۈشەندۈرەرمەن دەۋاتسام، بۇ رەسۋاچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەۋاتسام، توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۈچكە جاڭگال دەپ، سەن نېمە كويدا، مەن نېمە كويدا؟ نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ مەن ساڭا دەپ قوياي... سەن ئاللىقاچان ئۆلگەن، ئۆلمىگەن تەقدىردە مانا سەن ئېيىقنىڭ خوتۇنى، ئېيىقتىن بالىلىرىڭ بار. مەنمۇ ئاللىقاچان ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق، بالىلىق بولۇپ بولدۇم. ئەڭ ياخشىسى، سەن بالاڭنى ئېلىپ ئېيىق ئېرىڭنىڭ يېنىغا كەت. بالاڭنى باق، مەنمۇ ئۆيۈمنى تۇتۇپ بالىلىرىمنى باقاي. ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ ياخشى، ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈڭ، سېنى مەن كۆرمىدىم، سەن مېنى كۆرمىدىڭ.

— ياق، سىز مېنىڭ ئېرىم. مەن كەتمەيمەن. مەن دېگەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز.

— مەن سېنى خوتۇن قىلامدىم؟

— سىز مېنى خوتۇن قىلغان. مەن سىزنىڭ تۇنجى خوتۇنىڭىز، سىزمۇ مېنىڭ تۇنجى ئېرىم.

— ئېيىقتىن ئاشقان خوتۇن... مۇشۇ ئەپتىڭ بىلەن مەن سېنى قانداق خوتۇنۇم دەپ ئەل ـ جامائەتكە كۆرسىتىمەن؟ يۈزۈمنى قانداق كۆرسىتىمەن؟ سەن مېنى تولا خاپا قىلىپ يۈزۈمنى تۆكۈپ شەرمى ساز قىلما. بۇ جاڭگالدا سېنى مەن كۆرمىدىم، مېنى سەن كۆرمىدىڭ. چىرايلىق كېتىۋال، ئېيىق ئېرىڭنىڭ يېنىغا كېتىۋال. مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكمە...

— ياق، كەتمەيمەن.

— كەتمەمسەن؟

— ھەئە.

— كەتمىسەڭ مانا ئەمسە، مەن دېگەن ئۇۋچى، ئېيىق ئۇۋلىسام، بۆرە ئۇۋلىسام ماڭا بايرام، — نەيزە باي شۇنداق دەپ قولىدا ئويناۋاتقان جەرەن مۈڭگۈزى خەنجەرنى بۇلاق بويىدا جىمىدە

ئۇخلاپ ياتقان بوۋاق توختامسىز ئاتتى . خەنجەر بوۋاقنىڭ بوغۇزىغا قادىلىپ ، بوۋاق «قىر» قىلىپ بىر چىرقىراپلا جىم بولدى . سارىخان بىر چىرقىراپلا يولقۇنۇۋىدى ، تور پاراسلاپ ئۈزۈلدى . سارىخان توردىن بۆسۈپ چىقىپ نەيزەباينىڭ ئۆزىگە شىلتىپ ئۆلگۈرگەن ئوڭ مۇشتىنى تۇتۇپ ، ھۆركىرىگەنچە بىر تارتىۋىدى ، نەيزەباي ئەسكى تېرىدەك ئۈچۈپ بېرىپ توغراقىقا ئۇستى . ئاندىن يەنە بىر تارتىۋىدى ، قولى ئۈزۈلۈپ سارىخاننىڭ قولىغا چىقتى . ئۇ ياتقان نەنزە باينىڭ ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ بىر تارتىۋىدى ، پارچىلىنىپ كەتتى . ئىككى ئوۋچى نەيزىلىرىنى تەڭلەپ ئېتىلىپ كېلىۋىدى ، ئۇلارنىڭ نەيزىسىدىن تۇتۇۋېلىپ ئالدىغا تارتىپ ئەكېلىپ ، بويۇنلىرىدىن تۇتۇپلا بىر - بىرىگە سوقۇشتۇرۇپ ، باشلىرىنى تاۋۇزنى مىجىغاندەك مىجىۋەتتى . ئارقىسىدىن چاۋاك چىقتى . غالجىرلاشقان سارىخان ئارقىسىغا ئۆرۈلۈۋىدى ، ئىرى ئىپىق باي ئۆزىنىڭ مەيدىسىگە شاپىلاقلاپ ، ئىككى بالىسىنى قولتۇقلاپ قاراپ تۇرۇپتۇ .

— سارىخان ، باللا ۋاي - ۋاي ئېتىدۇ ، — دېدى ئىپىق باي ، ھەم باللىرىنى قويۇۋەتتى . باللار يۈگۈرۈشۈپ سارىخانغا ئېتىلىپ كەلدى . سارىخان ئىككى بالىسىنى باغرىغا بېسىپ ، خەنجەر قادالغان پېتى ياتقان بوۋاققا ئۆزىنى ئاتتى . ئىپىق باي پۇتىنى سۆرەپ كېلىپ بالىسىغا ئۆزىنى تاشلاپ ياتقان سارىخاننىڭ بېشىنى سىلاپ ، تېخىچە قان ئېقىۋاتقان سارىخاننىڭ خەنجەر سانجىلغان قولىنى يالاشقا باشلىدى .

ئەقلىمگە كەلسەم بۇ رىۋايەت مەكىت تۇمەنتالدا بار ئىكەندۇق . بۇ رىۋايەت ھازىرمۇ مەكىت تۇمەنتالدا بارمۇ - يوقمۇ بىلمەيمەن ، ئەمما بۇ رىۋايەتنى يېزىپ قويۇش ئىستىكى يىگىرمە يىلدىن بۇيان ئۇنتۇلماي كەلدى .

2006 - يىل 2 - ئاي ، ئۈرۈمچى

# ئومىقىم ، كۆزۈڭنى ياشلىما !

## 1

ھېچقانداق ئەر ، بالاغەتكە يەتكەن ، ھېسسىياتى دولقۇنلىنىپ تۇرغان ، خىياللىرى ئۇچقۇرلىشىپ ، قانلىرى قىزىپ ، يۈرىكى ئويناقلاپ تۇرىدىغان بىر ياش يىگىت ئۆزىگە ئوخشاش ، ئۆزىنىڭ تەڭ دېمەتلىك جان دوست ئاغىنىسىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتسا ، ئوينىشىپ ئولتۇرۇپ ، بىر ـ بىرىنى قىچىقلىسا ياكى پومداقلاپ بېسىشسا ، چېلىشىش ئۈچۈن ، بەللىرىنى مەھكەم قورۇپ چىڭ قۇچاقلاشسا ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق غەيرىي سېزىم بولمايدۇ . قىزلارمۇ دەل شۇنداق... مانا ھازىر ئومۇ دەل شۇنداق . ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆر ! ئۇ دوستىنىڭ ئۆزىنىڭكىدەك نازۇك ئاق قوللىرىنى تۇتتى ، ئۇنىڭ يۈرىكى قالايمىقان سوقۇۋاتاتتى ، ئۇنىڭ يۈرىكى قانداقتۇر ئانىسىدىن يىراقلاپ تېنەپ قالغان ياش تايچاققا ئوخشايتتى . تايچاق قاراڭغۇ بىر ئۆڭكۈر ئاغزىغا كېلىپ قېلىپ ، يالت قىلىپ چاقنىغان كىچىككىنە بىر يېشىل نۇردىن ئۈركۈپ قورقۇپ كېتىپ ، قورقۇنچ ئىچىدە ئېگىز خادا تاشلارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ ، جىلغا سۈيىدەك تاشتىن تاشقا سەكرەيدۇ... ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قورقۇنچتىن ئىبارەت غايىبانە ئاڭ ئىگىلىگەن... ئاشۇ تايچاق قىزنىڭ يۈرىكى ئىدى . ئۇ ھازىر قورقۇنچتىن ، غايەت زور قورقۇنچتىن باشقا ھېچ نەرسىنى ھېس قىلمايدۇ ، پۈتۈن دۇنيا مۇشۇ ئۆزىنىڭ ئۈچىسىغا

ئارتىلىش ئالدىدا تۇرغان ئاجايىپ گۈزەل، قىممەتلىك توپ - توپ كىيىملەر، ئۆزگە شوخلۇق ھەم شادلىق ئىچىدە قاراپ كۈلۈپ تۇرغان بىر - بىرىدىن گۈزەل ياسىنىشقان دوستلىرى، ھەممە چىرايلار، مۇشۇ قىزلار ئولتۇرغان چىرايلىق ئۆيلەر... ھەممە، ھەممىسى... ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئاتا - ئانىسى، ھەممىسى... ئۇنىڭغا قورقۇنچلۇق بولۇپ كۆرۈنگىلى تۇرغانىدى. ھەممە چىرايدا ئاشۇ تىپچەكلەپ بار كۈچى بىلەن چاپچىپ، ئويناقلاپ كېتىپ بارغان تايچاقنى قورقۇتۇۋەتكەن يېشىل نۇرنىڭ جۇلاسى بار. ئۇ نۇر مۇشۇ ھەممە كۆزلەردىن چىقىۋاتىدۇ. ئۇ نۇر ئاشۇ كۆزلەردە، ماڭا مېھرىباندەك، كۆيۈمچاندەك، ماڭا يېقىندەك تۇيۇلغان ھەممە كۆزلەردە بار... ئۇ ماڭا شۇنچە يېقىن... مېنى جىنىدەك كۆرىدىغان دادامنىڭ كۆزىدىمۇ جىق بار. مەن ئۇچۇن قورقۇنچلۇق بولغان نۇر نېمىشقا مېنىڭ مېھرىبان دادامدا بولىدىغاندۇ؟ مېنىڭ جان دوستلىرىمدا بولىدىغاندۇ؟ ئۇلار نېمىشقا مېنى شۇنچىۋالا قورقۇنچقا سالىدىغاندۇ؟ قورقۇتۇپ ئۆلتۈرەمدىغاندۇ؟ ياق، ياق، قورقۇنتقانغا ئۆلۈپ قالمايمەن، مەن كىچىك، بەش ياش چېغىمدا، ئانام ئاجىز قوللىرى بىلەن مېنىڭ كىچىككىنە يۈزۈمنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرى ئارىسىدىن مەن بىلمەيدىغان گەپلەرنى چىقىرىپ، بىردىنلا كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئېڭىكى چۈشۈپ، قورقۇنچلۇق ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، ئاغزى ئېچىلىپ قالغاندىمۇ، مەن قورقۇپ كەتمىگەن... چىرايلىق ئۆڭگەي ئانام، ئۇچى قىزارغان تۇمۇر كۆسەينى كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تىقىۋەتكۈدەك بولۇپ: «ئەي سوك، پېشانەمگە ئۇنگەن شۇمبۇيا سوك، مېنى خاپا قىلامسەن - ھە، يەنە خاپا قىلامسەن - ھە؟ داداڭغا چاقامسەن - يوق؟» دەپ قورقۇتقاندىمۇ بۇنداق قورقمىغانىدىم. يالغۇز ئۆيگە سولاپ قويۇپ، باشقا يات ئەر كىشى بىلەن كۇسۇرلاشقاندىمۇ قورقمىغان. دادامغا دېمىگەنىدىم. پەقەت، پەقەت قورقمىغانىدىم. مەن قورقماي دائىم جېدەل قىلغانىدىم. مەن دادام بار ھەم يوق چاغلارنىڭ ھەممىسىدە قىلچە قورقماي، ئانام ئاشۇ كۆزى

چەكچىيىپ قېلىپ ئۆيدىن غايىب بولغاندىن كېيىن ئانامنىڭ ئورنىدا پەيدا بولۇپ، دادام بىلەن ئانامغا ئوخشاش يېقىن تۇرۇپ سۆزلىشىدىغان، كۈلۈشىدىغان، دادامنى گويا ئانامدەك چاقىرىدىغان بۇ ئايالغا ئاجايىپ ئۆچ ئىدىم. بەك ئۆچلۈكۈم كەلگەن. دادامنىڭ يېنىغا كەلسىلا، دادامغا گەپ قىلسىلا، مەن چىرقىراپ يىغلىغان، دادام مېنى شۇنچە ئالداپمۇ، «ئانا» دېگۈزەلمىگەنىدى. ئۇ ئايالغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ: «ھەي قېرى، بۇ ئانام ياتقان يوتقان، سەن ياتما، سەن تۇتما! ئانا… ئانا… ھەي قېرى، بۇ ئانام ئولتۇرغان كۆرپە، سەن ئولتۇرما!… ھەي قېرى، مېنى توسىماسەن؟» دەپ يىغلىغان. مەن بۇلارنى دادام بار ھەم يوق چاغلارنىڭ ھەممىسىدە ھېچنېمىدىن قورقماي دېگەنىدىم. دادام يوق چاغدا، ئۇ ئۇرسىمۇ، چىمدىۋالسىمۇ قورقمىغانىدىم…

يېشىل نۇر ئەجەب قورقىنىۋەتتى. بەكمۇ قورقۇنچلۇق. قىزغا يېنىدىكى ھەمراھلىرىنىڭ، قىز دوستلىرىنىڭ ھەممىسى قورقۇنچلۇق تۇيۇلدى. بىردىنلا ئۇنىڭغا مۇشۇ قورقۇنچ ئىچىدە ئۆزىگە پاناھلىق بەرگۈچى غايىۋانە بىر يۆلەنچۈك باردەك تۇيۇلدى. ئىشقىلىپ بىر يېقىملىق، ئۆزىگە شۇنچە يېقىن بىر قول سوزۇلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ قورقۇنچتىن ئۇيۇشقان ۋۇجۇدىغا بىرخىل ئىسسىق ئېقىم تارالدى، قانلىرى تومۇرلىرىدا قىزىشقا باشلىدى، يۈرىكى ئاشۇ غايىبانە قولغا تەلپۈندى. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ھېسسىياتى بىردىن تاتلىق بىر تۇيغۇغا ئايلاندى. ئىختىيارسىز ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئەسەبىيلىك ئىللىق تەبەسسۇمغا ئايلاندى، تاتارغان ئاپئاق يۈزىگە قان يۈگۈرۈشتى، گويا يىگىتنىڭ ئوتلۇق بېقىشلىرىدىن ھاسىل بولغان نازۇك تۇيغۇدەك بىر خىل تۇيغۇغا چۆمۈلدى، يىغىدىن قىزارغان، ئىششىغان قاپاقلىرىغا تەبەسسۇمدىن ھاسىل بولغان نازۇك، ئىنچىكە، چىرايلىق ئۇششاق سىزىقچىلار ئولاشتى. ئۇزۇن، قويۇق قاپقارا قايرىلما كىرپىكلىرى تاتلىق تۇيغۇدا ھىملىشىپ، مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ، قىزىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى شۇنچىلىك ئوماق، چىرايلىق تۇسكە

كىردىكى ، ئۇنىڭ يېنىدىلا ئولتۇرغان ئەڭ يېقىن دوستى شەرىپەمۇ كىچىكىدىنلا بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان دوستى مېھرىئاينىڭ بۇنچىلىك چىرايلىق ھەم گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئەمدى ھېس قىلغان ، ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئوماق ، چىرايلىق بولۇپ كەتكىنىنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك تىكىلىپ قاراپ قالدى… مېھرىئاينىڭ مەڭزى خۇددى كۈزدە ۋايىغا يېتىپ ئېسىلىپ پىشقان چىلاندەك پارقىراپ كەتتى . كىچىككىنە ئاغزى ، بوياقتەك لەۋلىرى ناھايىتىمۇ شېرىن بىر نەرسىنى شۇمۇۋاتقاندەك توختىماي يىمىرىلىپ بىر نەرسىلەرنى پىچىرلايتتى . تەنلىرى توختىماي جۇغۇلداپ تىترەپ كېتىۋاتقاندەك ئىچىگە تارتىپ كەتتى ، كۆزى ، يۈزى زىناقلىرى شېرىن تەبەسسۇمدىن مەست بولغاندەك ئىدى…

مېھرىئاي گويا ھېلىقى غايىۋانە گەۋدىگە ئاشىق بولۇپ ، ئۇنىڭغا قولىنى سوزماقتا ، ئۇنى بارلىقى بىلەن ئۆزىگە تارتماقتا .

«ئۇ كىمنىڭ گەۋدىسىدۇ ؟ شۇنچىلىك تونۇش گەۋدە ، تونۇش قول ! ئاھ… بۇ قول بىر سوزۇلسىچۇ… ئۇنى بىرلا قۇچاقلىغانچە ، ئۆزى ئۇچۇن ھەشەمەتلىك خۇشال توي نەغمىسى ئۇزۇلمەي ياڭراپ تۇرغان بۇ دوزاختىن ئېلىپ چىقىپ كەتسىچۇ ! ئۇ كۆرمەيۋاتامدۇيا ؟ خۇددى قارىغۇ تەقدىرگە ئوخشاش ! يۈرەك نىداسىنى ئاڭلىمايۋاتامدۇيا ؟ خۇددى گاس ئاشىققا ئوخشاش ! ئۇ قولنى مەن تۇتۇۋالاي ، تارتىپ ئەكېلىپ كۆكسۈمگە باساي ، كۆكسۈمگە سىغمايۋاتقان يۈرىكىم بىرئاز ئارام تاپار .» ئاشۇ شېرىن سېزىم ئىچىدە گويا ئۆزى ئاشۇ گەۋدىنىڭ باغرىدا تۇرۇۋاتقاندەك شېرىن ھېسسىيات ئىچىدە مېھرىئاي ئاشۇ خىيالنى سۈرمەكتە ئىدى… ئاشۇ خىيالنىڭ يۈرىكىگە بەرگەن غايىۋانە سېھرىي كۈچىدىن مېھرىئاي قولىنى ئاشۇ غايىۋانە قولغا سوزدى ، يەتمىدى ، بەكرەك سوزدى ، يەنە يەتمىدى . باياتىن بېرى تەلمۈرۈپ قارىغانىدى ، چاقىرماق بولۇپ ئاغزىنى مىڭ قېتىملاپ ئۆمەللىگەنىدى ، ئۇ گەۋدە ياكى يىراقلاپ كەتمىدى ، ياكى يېقىنلاپ كېلىپ ، تەلمۈرۈپ تۇرغان بۇ گۈزەل بىچارىنى ، ئۆزىدىن مەنىۋى كۈچ تىلەپ ئولتۇرغان ئاجىز ،

يۇمران ، پاك ، نازۇك ، قىزغىن ، ئۇماقنى قۇچىقىغا ئالمىدى . ئۇ مىڭ قېتىملاپ ئۆزىگە ئىشارەت قىلدى ، قاپقارا خۇمارلاشقان كۆزلىرى بىلەن ئۆزىگە چاقىردى . كىرپىكى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ساناقسىز قېتىم جۇپلەشتى ، قىمىرلىمىدى... كۆزلىرىدىن يۈرەك سۆزىنى مىڭ قېتىملاپ تەكرارلىدى ، ئەمما كەلمىدى... مانا ئاخىر ئۇ ئۆزىدىكى بارلىق نومۇس ، قىزلىق نازاكەت ، نازلىق پەردىلەرنى قايرىپ تاشلاپ ، قۇربان بەرمەك بولدى . تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ... قىز بالىنىڭ ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەقدىرى ئاشۇنداق ئوخشايدۇ... ئۇ ئاخىر كۈچەپ تۇرۇپ قولىنى سوزدى . «ئاھ... نېمىگە قارايلا ، نېمىنى كۈتۈۋاتىلا ، مانىغۇ مەن .» ئۇ شۇنداق دەپلا ، ئۆزىگە سوزۇلغان ، ئەمما يېقىن كەلمىگەن قولنى كاپ قىلىپ تۇتتى ــ دە ، غايىۋانە ، ئۆزىگە تونۇشلۇق گەۋدىنى كۈچەپ تارتىپ باغرىغا باستى . «مەن... مەيلى ، مېنى تاشلىۋەتسىلىمۇ ، ياراتمىسىلىمۇ ، سىلىگە شۇنچە غەزىپىم كەلسىمۇ ، سىلىنىڭ ۋىجدانسىزلىقلىرىدىن ئۆمۈر بويى نەپرەتلەنسەممۇ ، مەن يەنىلا... مەن يىتتۇرۇپ قويغان نەرسەمنى يەنىلا سىلىدىن تاپالايمەن . مېنىڭ يۈرىكىم يەنىلا سىلىدە ئىكەن . مەندىن ھەرقانچە يىرگەنسىلىمۇ ، ماڭا كۆڭۈللىرىدە بىر تال كىچىك ئالمىچىلىك ئورۇن بولمىسىمۇ ، مەن ئۈچۈن ، مەن ئاجىز ئۈچۈن بولسىمۇ ، مەن سىلىدىن كۈتكەن چىرايلىق سۆزلىرىدىن ، مەن تەشنا بولغان سۆزلىرىدىن بىرنى بىر قېتىم قۇلىقىمغا پىچىرلاپ دېسىلە . مېنى ئاشۇ قوپال ، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن بىر قېتىم ئۆزلىرىگە تارتسىلا . مەن مۇشۇ لەززەتنىڭ كۈچى بىلەن بىلمەي قالاي ، ئۆزۈم خالىمىغان ئەڭ يىرگىنچلىك پاسكىنا سۇ ئازگىلىغا چۈشۈپ كەتكىنىمنى بىلمەي قالاي ، ئازگالدىكى سېسىق قارا لايغا مىلەنگەن يىرگىنچلىك پاقىنىڭ ماڭا چاپلاشقانلىقىنى بىلمەي قالاي ، گويا كاككۇك زەينەپنىڭ مەستخۇشلۇقىدا خۇدىنى بىلمەي ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپ ، پاقىنىڭ يالاشلىرىنى خىيالىدا زەينەپكە ئوخشىتىپ مەنىۋى كۈچ ئېلىپ ، ئۆزىنى بۇلغىغىنىغا ئوخشاش ، مەنمۇ شۇنداق بولاي .

مېھرىئاينىڭ قىمىرلىغان بوياقتەك لەۋلىرى ئەنە شۇلارنى يادلىغاندى . ئاشۇ كۈچ بىلەن ئۇ يېنىدىكى شەرىپەنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتۇپ چۆچۈتۈۋەتتى . ئۇ چۆچۈشتىن ئۆزىگە كېلىپ بولغۇچە ، ئۇنى شۇنچىلىك قاتتىق ئۆزىگە تارتىپ ، باغرىغا شۇنچىلىك قاتتىق باستىكى ، شەرىپەنىڭ جانسىز ، نازۇك ئۇستىخانلىرى ئاجايىپ ئەسەبىي ، تەلۋە كۈچتىن غىرسلاپ ، «ۋايجان !» دەپ ۋارقىرىۋەتتى . مۇشۇ ئاۋاز ، قول ، گەۋدىنىڭ تەسىرى بىلەن مېھرىئاي دەرھال ئېسىگە كېلىپ ، ئۇنى قويۇۋەتتى ھەم قورقۇش ئىچىدە كۆزىنى لاپپىدە ئاچتى . شەرىپە ئاغرىقتىن تولغاندى ، چىرايى پۇرلىشىپ كەتتى . ئۇ مېھرىئايدىكى بۇ كۈچتىن ھەيران قالدى . ئۇنى تۇغۇلۇپ مۇشۇ كۈنگىچە ھېچكىم مۇنداق قاتتىق قۇچاقلاپ باقمىغان ، ئۇستىخانلىرىنى غىرسلىتىۋەتمىگەن ، كۆكسىنى مىجىپ ئاغرىتىۋەتمىگەن . ئۇنى ھەتتا يىگىت بىر قېتىم قۇچاقلاپ باققان ، ئەمما بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە بوش ئىدى . ياش يىگىتنىڭ بىر قېتىم قۇچاقلىشىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ، ئەمما بۇنداق قوپال ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭدا ئاغرىنىش ئەمەس ، ئەمما بىر خىل يېقىملىق ، شېرىن تۇيغۇ ھاسىل بولغان ؛ سىرتىدا ناز قىلىپ ، خۇيلىنىپ تازا قاتتىق يىغلاپ ، ئەيىبلەپ ، ماي تارتىپ ، يىگىتنى بىر ھازا ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلىتىپ ، يالۋۇرتۇپ ، ۋەدە قىلدۇرغان بولسىمۇ ، كۆڭلىدە ، يۈرىكىدە تازا شېرىن ھېسلاردىن لەززەتلەنگەن ؛ ئۆزى قورقۇنچلۇق دەپ ۋەھىمە قىلىدىغان ، ئەمما ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا تەلپۈنىدىغان ئەرلەرنىڭ قوپال ئۇستىخىنى ، قاتتىق قۇچىقىدىن بۇنداق ئىللىق سېزىم ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى . شۇڭا ، ئاغزىدا ، تىلىنىڭ ئۇچىدا خاپا بولغان بىلەن ، يۈرىكىدە ، يەنە بىر قېتىم ، پەقەت بىرلا قېتىم بۇنىڭدىن سەل چىڭراق قۇچاقلاپ قويسا ئىكەن ، دېگەننى يادلىغانىدى . ئەمما يەنە قۇچاقلانسام بولمايدۇ ، قىممىتىم ھەربىر قۇچاقلاشتا بىر بالداق تۆۋەنلەيدۇ دەپ ، ئۆزىنى ئەيىبلىگەنىدى .

مانا ئەمدى ئۇ مېھرىئايدىن كۆڭلىدە رەسمىي رەنجىدى ، ئەمما

چىرايىدا كۈلۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر. ئادەتتىكى چاغلار بولسا، ئۇرۇشۇپ قالغان، ھەتتا بىرنەچچە ۋاقىتقىچە مايتارتقان بولاتتى. ئەمما ھازىر ئۇنداق قىلالمايدۇ. چۈنكى ھازىر بۇ دوستىنىڭ قىزلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان تويى، يىگىتنىڭ قۇچىقىغا رەسمىي خوتۇن بولۇپ كىرىدىغان تويى بولۇۋاتىدۇ، ئۆزى چىش-تىرنىقىغىچە قارشى توي، خۇشال نەغمە-ناۋا. ئەمما دوستىنىڭ بېشىدا مىڭ پاتمان قايغۇ-ھەسرەت بار. ئۇ ھازىر چىرايلىق سۆزگە، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىدىن كۈتىدىغان تەسەللىگە موھتاج. ئۇنىڭ بۇ ئەسەبىي قىلىقى ئۈچۈن ھازىر زەربە بېرىپ ئىچىنى بوشاتماسلىق، كېيىنكى كۈنلەردە، ئۇنىڭ خۇشال كۈنلىرىدە رەنجىۋېلىش كېرەك.

مېھرىئاي چۆچۈپ كەتتى، ئۆزىنىڭ شۇنچىۋالا كۈچىدىن چۆچۈدى. ئادەتتە ئۇ تولىمۇ ئاجىز، جانسىز ئىدى. بۇ كۈچ ئۇنىڭغا قەيەردىن كەلگەندۇ؟ جان ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان، پۇت-قاناتلىرى بوغۇچلانغان كەپتەر باچكىسىمۇ، قوي قوزىسىمۇ، گېلىغا پىچاق سۈرۈلۈپ قىزىل قان شۇرقىراپ ئاققاندا، قان چىرتىلداپ چاچرىغاندا، جان ئاچچىقىدا ئۆزىنىڭ ئاجىز بەدىنىدىكى ئاخىرقى ھاياتىي كۈچىنى بىر قېتىم نامايان قىلىدۇ. ئۇمۇ شۇنداق. ئۇ تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ، شۇنچە گۈزەل لاتاپىتى بىلەن پەخىرلىنىپ، مەغرۇرلىنىپ ياشىغان قىزلىقى بىلەن بۈگۈن ھېلى بىر يىرگىنچلىك، ئۆزى پەقەت ياراتمايدىغان، ياخشى كۆرمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان، يات بىر ئەرنىڭ ئايىغىدا، تاپان ئاستىدا مىجىلغان توقاچقا ئوخشاش ئېچىنىش بىلەن خوشلىشىدۇ.

بىراق بۇ كۈچ ئىنتىلىش بىلەن قېچىش، سېغىنىش بىلەن يىرگىنچتىن كەلگەن كۈچ ئىدى. ئۇ كۆكسىگە باسقان قولدىن، باغرىغا باسقان گەۋدىدىن، بۇرۇنقى يىگىت قولىدىن، يىگىت باغرىدىن، يىگىتنىڭ قوپال گەۋدىسىدىن ئۆزىنىڭ ئۇمران ۋۇجۇدىغا تارىلىدىغان ئەڭ شېرىن سېزىمنى دەپ قۇچاقلىغانىدى، ئەمەلىيەتتە قۇچاقلىغىنى ھېچقانداق ھېسسىياتسىز، ئۆزىگە ھېچقانداق لەززەت

بىغشلىيالمايدىغان گەۋدە بولدى . ئۆزى بىلەن ئوخشاش گەۋدە ، كۆكسىمۇ ئوخشاش ، بىلەكلىرى ، بەللىرى ، سۆڭەكلىرى ، ھەممە ، ھەممىسى ئوخشاش نەرسىلەر . ئوخشاش نەرسىلەر ھاياتتا بىر - بىرىگە ئاساسەن ئېھتىياجلىق بولمايدۇ .

مىھرىئاينى بىردىنلا قاتتىق پۇشايمان ، ھەسرەت يىغىسى تۇتتى . ئۇ ئىزا ھەم ئەلەمدىن يەنە ئەسەبىيلەرچە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلىۋەتتى . ئۇنىڭ ئاۋازى تولا يىغلاپ پۇتۇپ قالغانىدى . سىرتتىن ، ياندىكى ئۆزىنىڭ قورۇسىدىن توينىڭ قىزغىن ، جىددىي شاۋقۇنى ، سازەندىلەرنىڭ شوخ ، ياڭراق توي نەغمىسى ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ . شاد كۈلكە ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ جاراڭلىق كۈلكىلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ .

قىزلار ئولىشىپ مىھرىئايغا يەنە نەسىھەت قىلغىلى ، تەسەللى بەرگىلى تۇردى ، ئەمما مىھرىئاي ھەسرەت بىلەن يىغلىماقتا...

## 2

يىغلىمىغىن ، ئومىقىم ، بولدى بەس . بۇ يالغۇز سىنىڭ بېشىڭغا كەلگەن قىسمەت ئەمەس . ساڭا كەلگەن دەرد - ئەلەممۇ ئەمەس . سەن ئۆزۈڭنى پەقەت ھازىرلا ئاجىز ، بىقاۋۇل ھېسابلاۋاتامسەن ؟ يالغۇز سەنلا ئەمەس ، سىنىڭ تەڭتۇشلىرىڭ ، ئاچا - سىڭىللىرىڭ ، سىنىڭ ساناقسىز دوستلىرىڭ ساڭا ئوخشاش ئاجىز بەختسىزلەر . ئۇلار بۇرۇن ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ ، تىلغا ئېلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىغان . باشقىلارنىڭ تىلغا ئېلىشىنى خالىمىغان ، كېيىن ، پەقەت كېيىنلا ، بۇ ئېغىر قىسمەتلەر نۆۋەت بىلەن ئۆز بويىنىغا قىسماق سالغاندىلا ، مانا ساڭا ئوخشاش ، خۇددى ساڭا ئوخشاشلا زارلىغان ، قاقشىغان... ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ، ئۆز قوۋمى ۋە ئۆزلىرى ياسىغان ساناقسىز تەقدىر قىسماقلىرىنى بىلگەن . بۇ قىسماقلارنى باشقا بىرى ئەمەس ، ئۆزلىرى — ئاكىسى ئۇكىسىغا ، ئاتىسى بالىسىغا ، ئانىسى قىزىغا ،

ھەتتا نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگە ئۆزلىرى ياساشقان... ئۆز يوللىرىغا ساناقسىز ، پۇت پاتقۇدەك يەر قالدۇرماي قىسماق قۇرۇپ ، بىرقەدەم باسسىلا ئۇنى دەسسەپ ئاللاغا شىكايەت قىلىپ ، تەقدىردىن زارلىنىدىغانلىقىنى ، ھەربىرى پەقەت ئۆزى قىسماققا چۈشكەندىلا ، ئاندىن ھېس قىلىشقان . ئادەملەر ، سىلەر قىسماقنى ئۆز قولۇڭلار بىلەن بىر ـ بىرىڭلارنىڭ يولىغا ، ئۆز يولۇڭلارغا قۇرۇپ ، ماڭالماي زارلىنىسىلەر . باشقا بىرىنىڭ كېلىپ يولۇڭلارنى بۇ قىسماقلاردىن تازىلاپ بېرىشىنى ، غايىبتىن كېلىپ تازىلاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر ؟ بۇ ھەرگىز ، ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس... ئۆزلىرىڭلار قېرىنداش تۇرۇپ ، بىر ـ بىرىڭلارغا قىلغان كۆيۈمچانلىقىڭلار شۇ ، باشقا بىراۋلار سىلەرنىڭ ساناقسىز ، ئۈست ـ ئۈستىلەپ قۇرۇلغان قىسماقلىرىڭلارنى قانداقمۇ يىغىشتۇ- رۇپ بېرەلىسۇن ؟ بۇ خام خىيالىڭلارنى ھېچكىمگە تاڭالمايسىلەر . پەقەت ئۆزلىرىڭلار قۇرماڭلار ، ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئېلىڭلار . مانا ھاياتلىقتىكى ھەربىر گىياھنىڭ بەختسىز بولۇپ قالماسلىقىنىڭ بىردىنبىر يولى . تەقدىردىن زارلانغاندا ، مانا بۇ ئاددىي ساۋاتنى بەزىلەر چۈشىنىدۇ ، بەزىلەر چۈشەنمەيدۇ... يېرىم چۈشىنىدىغانلارمۇ ، ھاياتىدىكى ھەممە ئۈمىدلىرىنى يوقىتىپ ، پىشانىسىدىن كۆرۈپ ، تەۋەككۇل قىلىپ ، كەلگىنىنى كۆرۈپ ئۆلىدىغانلارمۇ ساناقسىز...

سىرتتا توي نەغمىسى بولۇۋاتىدۇ . ھېلى بېشىڭغا چۈمبەل ئارتىپ ، ئىككى ياكى تۆت يەڭگە سېنى قولتۇقلايدۇ ، بىرمۇنچە قىز دوستلىرىڭ سېنىڭ ھۇقۇيتۇپ يىغلاشلىرىڭغا چاۋاك چېلىشىپ خۇشال بولىدۇ ، ئالدىغا ئۇزۇن دۇخاۋىدا گۈل چىقىرىپ باغلانغان پىكاپقا كىرىسەن . سەن يەڭگىلەرنىڭ توختىماي قۇلىقىڭغا سەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ ئاڭلىمىغان گەپلەرنى دەپ سېنى بەزلىگەن گەپلىرىنى ئاڭلايسەن . كېيىن سېنى ئۇلار ئېسىل بېزەلگەن ، سەن كىرىپ باقمىغان يات ھۇجرىغا ئەكىرىپ ، يۇمشاق ، يېڭى ، ئەتىر پۇرىقى گۇپۇلدەپ بۇرنۇڭغا ئۇرۇپ تۇرغان تۆشەككە ياتقۇزۇشىدۇ .

ئۆزلىرىمۇ يېنىڭدا يېتىپ ساڭا يەنە ھاجەتسىز ھېجىيىشىپ تۇرۇپ تۇرغۇن گەپلەرنى دەيدۇ. كۆرپەڭنىڭ ئاستىغا نېمىلەرنى تىقىپ قويغانلىقىنى، يىگىتنىڭ يېنىڭغا كىرگەندە قانداق - قانداق قىلىدىغانلىقىڭنى ئۆگىتىدۇ. قورقىسەن، ھودۇقىسەن، جىددىيلىشىسەن، تىترەك ئولىشىدۇ، تېنىڭ جۇغۇلدايدۇ، كۆزۈڭگە ئۇيقۇ ئېلىشمايدۇ. چارچايسەن، مۇگدەيسەن، چۈش كۆرىسەن، يەنە چۆچۈپ ئويغىنىسەن. بۇ چاغدا، سېنىڭ باياتىن قۇلىقىڭغا پىچىرلىغان ھەمراھلىرىڭ كۆرۈنمەيدۇ. ئەتراپىڭنى ئېغىر جىمجىتلىق باسىدۇ. پۇشۇلداپ تىنغان، ساڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاياغ تاۋۇشى، ئەردىن كېلىدىغان پۇراق، تاماكا پۇرىقى، ھاراق پۇرىقى. كۆزۈڭنىڭ قۇيرۇقىدا قارايسەن. ئۆزۈڭگە يات، ئېچىرقىغان چىرايىنى كۆرىسەن. مانا بۇ سېنىڭ مۇشۇ چاغقىچە ياشىغان، قىزغىن، ھېسسىياتلىق، دولقۇنلۇق دېڭىزدەك، بۇلاق سۇيىدەك يېقىملىق چاغلىرىڭ بىلەن، ئەركىن يايرىغان، شوخ توسۇن تايدەك چاپىدىغان، جىلغا سۇيىدەك ئويناقلاپ ئاقىدىغان چاغلىرىڭ بىلەن خوشلىشىپ، خىلۋەت بىر كۆلگە — پاقا - قۇمچاق، يىلان، ئۆردەك، يەنە بېلىقمۇ بار كۆلگە كىرىپ، تىنچىق، مىسكىن ھاياتىڭنى باشلايدىغان، ئۆزۈڭنى يېڭى ياشاش يولىغا سالىدىغان چاغلىرىڭ!... بىر مۇنچە ئېغىزلار خۇشال بولۇپ، سېنىڭ بەختىڭدىن خۇشال بولۇپ سۆزلىشىۋاتىدۇ، كۈلۈشۈۋاتىدۇ. بىرمۇنچە پۇتلار سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن پايپاسلاپ يۈگۈرۈۋاتىدۇ. بىرمۇنچە قوللار تەرەپ - تەرەپلەرگە، قازانغا، تەخسىگە، ئېغىزغا ئۇزىتىلىۋاتىدۇ. بايا سەن «ياق» دېسەڭ ئاھانەت، پەند - نەسىھەتكە قالدىڭ، جىم تۇرساڭ «قوبۇل قىلدىم» دېدى دېيىلىپ، ئاخۇنۇم نىكاھىڭنى ئوقۇدى. ئاغزىڭغا تۇزغا چىلانغان شاكىراپ ناننى تىقىشتى. يېمىدىڭ، جاھىل ئىكەنسەن، تۇنجۇقۇپ قالغىلى تاس قالغان بولساڭمۇ پەقەت يېمىدىڭ. ئاخىر نائىلاج ئاغزىڭدىكى تۇزنىڭ تەمى ھېساب قىلىندى، ئەمدى سەن ئۆزۈڭ خالىمىغان ئاشۇ ئەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچىسەن، دەسلەپ ئەتىۋارلىق

گۈلسەن . كېيىن... كېيىن كىيىمىسەن ، كىيىلىسەن...
بەك ئويلاپ كەتتىڭ ئومىقىم . ئاناڭنى سېغىنىۋاتامسەن؟ ئۇنىڭ سېنى باغرىغا باسقان يۇمشاق قۇچاقلىرى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتتى . ئۇ ئەمدى سېنى بۇ ئالەمدە مەڭگۈ باغرىغا باسالمايدۇ . سەن تۇغۇلۇپ بەش يېشىڭدا ئاخىرقى قېتىم باغرىغا باسقىنىچە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى . ئاناڭمۇ داداڭغا ئەنە شۇنداق خۇددى سەن ھازىر مەجبۇرلانغاندەك مەجبۇرىي تەگكەنىدى . ئۇ تۆشەككە ھوشسىز ئېغىر ئۇيقۇدا كىرگەنىدى . ئۇ داداڭغا نېمىدەپ ئۇنىمىغان . مەجبۇرلاپ خوتۇن قىلىنغان بولغىيدى؟ ئۇ تەگكەندىن تارتىپ سەن تۇغۇلۇپ بەش ياشقا كىرگۈچە ، يوشۇرۇن دەرد ـ ھەسرەت ئىچىدە ياشاپ ، مىسكىنلىك بىلەن كۆزىدىن ياش قۇرۇماي ، ئاخىر دەرد بوغۇپ جېنى چىققاندۇ؟ ئۇ سېنى ئون ئالتە يېشىدا تۇغقان ، يىگىرمە بىر يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى ، ئۇ ھېچ بولمىسا ، يەنە يىگىرمە بىر يىل ياشىشى كېرەك ئىدى . ئۇنى ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان ۋاقتىدا ئەجەل سىرتمىقى نېمىشقا بالدۇر سۆرەپ كەتتى؟ ئەجەل سىرتمىقىنى سۆرەپ كەلگەن ، ئۇنىڭ تېخى يېڭىلا غۇنچىدەك يۈرىكىنى كاردىن چىقارغان دەرد ـ ئەلەم زادى قەيەردىن كەلگەندۇ؟ ئۇ بۇنى ھېچكىمگىمۇ دېمىدى . پەقەت شۇڭا بۇ دەرد ئۇنىڭ ئىچىدە بارغانچە تاۋلىنىپ ، كۈچلىنىپ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى . ئۇيغۇرلاردا «نەسلى تەقدىرداش» دەيدىغان بىر ئەنئەنىۋى قاراش بار . ئۇ بولسىمۇ ، «ئوغۇل ئاتىغا ، قىز ئانىغا تارتىدۇ» دېگەن ئەقىدە . دېمەك ، مېھرىبانىڭ تەقدىرىمۇ ئانىسىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاش بولامدۇ! ئانىسىنى يۈرىكىدىكى ئاشۇ يوشۇرۇن دەرد ـ ئەلەم ئەكەتتى . ئۇنىمۇ ئاشۇنداق تەقدىردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ دېگىلى بولارمۇ؟ ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى ئانىسىنىڭ قىسمىتىگە نېمىدېگەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ ـ ھە؟ ئاساسەن ئوخشىشىدۇ . بىراق ئۇ ئانىغا قارىغاندا تەقدىرچىلىككە قارشى . ئەينى چاغدا ئانىسىمۇ ، ھېچ بولمىسا جان ئۈزۈش ئالدىدا ، قىزىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش كۈنگە قالماسلىقىنى ئاللادىن تىلىگەن بولغىيدى؟

ئانىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن گەرچە ئۇنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ بۇنىڭغا ئانىسىغا ئوخشاش قول باغلاپ ، كۆزىنى ياشلاپ قاراپ تۇرالارمۇ ؟ ئانىسىدىن كېيىن ئۆگەي ئانىدىن نەچچىنى پاتۇرمىدى ؟ ئۈچىنى پاتۇرمىدى . ئۇلار ھېچ بولمىسا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قول ئىلكىدىكى ۋەجنى دەپ بولسىمۇ ، ئۆزىگە ئۆز ئانىسىدىنمۇ بەكرەك كۆيۈمچانلىق كۆرسىتىشكە ، كېيىنچە مۇشۇ ئائىلىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىگە ئايلىنىشقا ئۇرۇنغان . بۇ قىز بۇ ئۆيگە ھەرقانچە يوغانچىلىق قىلسا ئون بەش - ئون ئالتە ياشقا كىرگۈچە قىلار ، ئۇنىڭدىن كېيىن ، ئەرنىڭ چاڭگىلىغا تاشلىنىپ ، بۇ ئۆيدىن ھەيدىلىدۇ . ئاتا قىزغا ھەرقانچە جېنىنى بەرسىمۇ ، ئۇ چوڭ بولغاندا ، يالغۇز ئاتىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە موھتاج بولماستىن ، يەنە كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن يىگىتنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە موھتاج بولىدۇ . ئۇ چاغقىچە بۇ يېڭى كىرگەن ئايالىنىڭمۇ بالىسى بولىدۇ . بۇمۇ بالا - دە . ئاتىنىڭ مېھرى بۆلۈنىدۇ . ئەمما بۇ ئۈچ ئۆگەي ئانىنىڭ ھېچقايسىسى مېھرىئايىنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ ئورنىنى ھەرگىز ئالالمىدى . بالا ئۆگەيلەندى . ئانىسى ئۆگەيلىمەي ، چوجىسى ئۆگەيلىدى . ئاتا سەبىي قىزنىڭ يۈرىكىنى ئارتۇق دەردكە مۇپتىلا قىلماسلىق ئۈچۈن ، ئۆزى نۇرغۇن قۇربانلارنى بەردى . قىزنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ، لېۋىنى چىشلەپ ، كۆزىنى يۇمۇپ ، ئۇلارنى چىرايلىق ئۆز يولىغا سېلىپ قويدى . بۇ جەرياندا ئاتا ئازابلانمىدىمۇ ؟ ئازابلاندى . تۇرمۇشنىڭ زەربىسى كىمنى ئازابلىمىسۇن ؟ ئۇ بۇ چاغدا دائىم ئۆزىنى ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قىسىلغاندەك ھېس قىلدى . ھامان بىر تاشنى زەربە بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ ، بۇ قىسىلچىلىقتىن قۇتۇلۇش كېرەك ئىدى . قايسىسىنى ئىتتىرىۋېتىدۇ ، ئەلۋەتتە ئۆز يۈرەك پارىسىنى ئىتتىرىۋەتمەيدۇ . ئۇ ئۆزى سۆيگەن ئايالنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلىگە ئوخشىشىدۇ . يۈرەك پارىسى... ئۇنى ئەلۋەتتە چىڭ قۇچاقلايدۇ . بۇ يۈرەك پارىسىنىڭ ئانىسى ئۇنى سۆيەمدۇ ؟ ئۇنىڭغا ئۆزى كۆيگەندەك كۆيەمدۇ ، ئۇ بۇنى چۈشەنمەيدۇ . ئۇنىڭ نەزەرىچە

كۆيىدۇ ، ئۆزى سۆيگەندەك سۆيىدۇ . چۈنكى رىزقى ، پېشانىسى ، تەقدىرى شۇنداق . ئامال يوق ، ئىلاجىنىڭ يوقىدىن سۆيىدۇ . چۈنكى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ياشاۋاتقان نۇرغۇن ئاياللار ، ئۆز تەقدىرىگە شۈكرى قىلىدىغان ، ئۆز تەقدىرىنىڭ يىپىنى ئەرلەرنىڭ قولىدا ھېس قىلىدىغان ، بەرگەنگە شۈكرى قىلىدىغانلار . ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سۆيگۈسىنى يۈرىكىدىلا ساقلايدۇ ، ئىچىدە ھەسرەتلىنىدۇ ، ئۈنسىز ياش تۆكىدۇ ، كېيىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلماس چۈشكە ئايلىنىدۇ . چۆلدىكى كارۋان ئامالسىز ھايات قېلىش ، يەنە بىر ئاز بولسىمۇ كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىچىدىغان سۇلا بولسا ، ئۇ پاك ياكى ناپاك بولسۇن ، كۆڭلى خالىغان ياكى خالىمىغان بولسۇن ، ئىچىدۇ . ئەگەر ئۇ سۈزۈك بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان چىمەنزاردا بولغان بولسا ئىدى ، كۆڭلىگە شەك چۈشكەن ، ھەرقانداق سۇنى ئىچمىگەن بولاتتى ، ئەمما چۆلدە ئىچىدۇ ، بۇ ئىنساننىڭ تەبىئىتى ، ئامالسىز ئىچىدۇ ، يەنە ياشاش تەمەسىدە ئىچىدۇ . ئەركەكلەرنىڭ نەزەرىدە ئايال كىشىنىڭ ئۆزىنى سۆيۈش ـ سۆيدۈرمەسلىكى ئويلاشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان نەرسە . ئەگەر ئايال خەق دىتىغا كەلمىسە ، پەقەت كېلىشەلمىگەن ھېسابتا ئاجرىشىپ كەتسە ، يەنە كۆزلىرىگە سىغقاننى تېپىپ ، ئېلىشىپ ـ تېگىشىپ باقسا بولىدۇ . بۇ يەردە ئۆزىنى كۆپ ئۇپرىتىش ھاجەتسىز . ئۇنىڭ ئاتىسى قىزنىڭ ئانىسىنىڭ سۆيگەن ـ سۆيمىگەنلىكىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمايدۇ . ئۇ پەقەت ئايالىنىڭ ئۈنسىز ، ئىتائەتمەن بولۇشىدىن ، نېمە دېسە شۇنى قىلىدىغان ، ئۆزى قولىنى قاياققا شىلتىسا شۇ ياققا مېڭىشىدىن رازى ، ئۇ بۇنى ئۆزىگە سادىق بولغانلىق دەپ بىلىدۇ . كۆز ئالدىدىكى بۇ گۈزەل پەرىنىڭ كاللىسى گويا ئاشۇ ئىنسانلارغا ئومۇمىي بولغان ، بولمىسا بولمايدىغان بىر شەكىلگە ئوخشاش نەرسىمىدۇ؟ ئۇ باشقا ئويلىمامدىغاندۇ؟ دېگەننى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ ، ئۇنى ئۆزىگە بولغان ساداقەتمەنلىك دەپ ئويلايدۇ . ئايالىنىڭ ئۆلۈمىنى بولسا ، ئاللانىڭ ئۇنىڭغا بۇ ئالەمدە بەرگەن رىزقىنىڭ شۇنچىلىك

ئىكەنلىكىدىن دەپ بىلىدۇ. ئەمما ئاتىسى تۆتىنچى خوتۇنىنى ئالغاندا، قىزىنىڭ نالە-زارىنى، ئۆز ئانىسىغا ئوخشاتماي قىلغان دەرد-شىكايەتلىرىنى ئاڭلاشقا ئۇلگۇرەلمىدى. بۇ ئايال تازىمۇ چىرايلىق، ھىيلە-مىكىرىسى يامان، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە نەچچە خىل ئۆزگىرەلەيدىغان شەيتان بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ نېمە سېھرىي كارامىتى بارئىكەن، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئاياللىرىغا قىزى ئۇچۇن شىردەك ھۆركىرەپ، بۆرىدەك چاڭ سېلىپ، يولۋاستەك خىرىس قىلىدىغان ئاتىنىڭ مانا بۇ خوتۇنى ئالدىدا تىلى تۇتۇلۇپلا قالدى. گويا ئېرىك قويدەك، ھەممىسىگە گۇناھكاردەك، خوتۇنىنىڭ ئالدىدا ئۈنسىز، تىلسىز بولۇپ قالدى. مېھرىئاي بۇنىڭغا ھەيران قالدى. ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىدى. ئۇ ئاتىسى توغرىسىدا ئويلاپ بولغۇچە، ئۆزىنىڭمۇ بۇ چىرايلىق، توم بىلەك، پاكار پاقالچاقلىرى ئۆزىنىڭ بېلىدەك كېلىدىغان، كۆزىنىڭ ئېقى يوغان، كۇلۇپ تۇرىدىغان، بوغداي ئۆڭ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۇلگىنىنى كۆرسە، قورقۇپ تىترەپ كېتىدىغانلىقىنى، مەڭزىنى سىلاپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويسا، قاراڭغۇدا قالغاندەك، قارا باسقاندەك، چېكىسىدىن بۇژژىدە تەر چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدى. بۇ ئانىمۇ ئوخشاشلا كۇلۇپ تۇرىدۇ، ئاغزىدىن ئاجايىپ تاتلىق سۆزلەر، كۆيۈمچانلىق چىقىپ تۇرىدۇ. بازارغا چىقسا، ئۇنىڭغا چىرايلىق قورچاق، قورچاق بۆلەيدىغان كىچىك بۆشۈك، تاش تەرمەك، ئوينايدىغان ئالا-بۇلىماچ توپ ئالغاچ كېلىدۇ، بازارغا يېتىلەپ چىقىپ، ئۇ ئۆزى نېمىنى كۆرسە، نېمىگە تىكىلىپ قاراپ قالسا، شۇنى ئېلىپ بېرىدۇ، ئەركىلىتىدۇ، ئۆز ئانىسىغا ئوخشاش ئۇنى پاكىز يۇيۇپ تارايدۇ، ياخشى تاماقلارنى يېگۈزىدۇ. ئۇ ئۆزى نېمىنى يېسە، شۇنى يېگۈزىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بىر يېرى، ئۇنى باغرىغا بېسىپ قۇچىقىدا ئۇخلاتمايدۇ، ئايرىم ئورۇندا، باشقا ئۆيدە ياتقۇزۇپ قويىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ ئانىسى ئالدىدا قاتتىقراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇ نېمە دېسە، كۆزنى مۆلدۈرلىتىپ بېشىنى لىڭشىتىدۇ. ئاتىسى ئۇنىڭغا ۋارقىرىيالىغان

بولسا ، بۇمۇ ۋارقىرىيالارمىدى ؟ ئۇ بەزىدە ئاتىسىنىڭ قۇچىقىدا ۋىلىقلاپ تازا ئەركىن ـ ئازادە كۈلۈۋاتقان بولسا ، بۇ ئانىسىنى كۆرسە ، بىرەر گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك دەررۇ بارمىقىنى چىشلەپ ، ئاتىسىنىڭ قۇچىقىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ . ئاتىسىمۇ غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلىپ ، ئايالىغا خۇشامەت قىلغاندەك ھىجىيىپ ، ئالاھىدە سوراپ كېتىدۇ . ئانىسى بولسا ئوخشاشلا كۈلۈپ تۇرۇپ : «ئاتا ـ بالا ئىككىڭلارزە ، تازا يايرىۋاپسىلەر ـ دە ، ھا... ھا... ھا... كۆيۈشۈپ كەتكىنىنى كۆر ! » دەيدۇ . ئاتىسى شۇئان قىزىرىپ كېتىدۇ . ئانىسى بولسا ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قېقىشتۇرۇپ ، چىرايلىق تۈزەشتۈرۈپ قويىدۇ ، ئېتىلمەي قالغان تۈگمىلىرىنى شۇنداق سىلىق ، چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئېتىپ ، كەشىنى چوتكىلاپ قويىدۇ . مېھرىئاي بۇلارنىڭ ھەممىسىگە جىممىدە تىكىلىپ قاراپ قالىدۇ . ئۇنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ بىر ئاچچىق ، ئۆچمەنلىك ، غەزەپ ئوتلىرى لاۋۇلدايدۇ . يۈزلىرى قىزىرىپ ئېسىلىپ ، لەۋلىرى تىترەپ كېتىدۇ . ئۇ دەررۇ ئانىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ . بىر قېتىم ئۇ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرگەندە ، ئانىسى بىلەن ئاتىسى يېقىن ئولتۇرۇپ سۆزلىشىۋاتقانىكەن ، مېھرىئاينى كۆرۈپلا ئانىسى ھودۇقۇپ ، قىزىرىپ دەررۇ ئاتىسىنىڭ يېنىدىن كەتكەن ، مېھرىئايغا قارىيالماي تالاغا چىقىپ كەتكەنىدى . مېھرىئاينىڭ مىختەك قادىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئاتىسى كۆرۈپ قالدى ، ئۇ دەرھال قىزىرىپ كېتىپ ، باشقا ياققا قارىۋالدى .

### 3

مېھرىئاي چۈشلۈك غىزا يېمىدى . دوستلىرىمۇ ، دومباق ئانىسىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ، يالۋۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزەلمىدى . مېھرىئاي ئانىسىغا ھېچقاچان ھازىرقىدەك تىكىلىپ قارىيالىغان ئەمەس . ئۇنىڭ توڭلۇق بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ «يېمەيمەن» دېگەن

قوپال ئاۋازىدىن ئانىسى چۆچۈپ كەتتى . بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ناھا-
يىتىمۇ تۇيۇقسىز زەربە ئىدى . ئەمما ئۇ دەرھاللا چىرايىغا كۈلكە
يۈگۈرتۈپ : «زەنلىرى ئىتتىكلەپ قايتۇ ، دەسلەپ شۇنداق… »
دېدى ـ دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى . ھاياتتا بۇنداق تۇيۇق-
سىز زەربىگە ئۇ تۇنجى قېتىم ئۇچرىمىغان بولسا كېرەك ، شۇڭا
ئۇ كۈلەلەيدۇ . ئەگەر مېھرىئاي ئۆزى مۇشۇنداق تۇيۇقسىز زەربىگە
ئۇچراپ ئامالسىز قالغان بولسا ، ئۇ چوقۇم چىرايىغا كۈلكە
يۈگۈرتەلمىگەن بولاتتى . ئەمما ، ئانىسى يۈگۈرتەلىدى . ئۇ مۇشۇ
ئىشنىڭ پىلانلىغۇچىسى ، قوراشتۇرغۇچىسى . مېھرىئاينى ئاشۇ
مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئوغلىغا
بېرىش بەدىلىگە ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان كىچىك ئىنىسىنى
مەكتەپتە ئېپقالدۇرماقچى . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، ئۇنى
يىراق سەھرادا ئىشلەش ئازابىدىن قۇتۇلدۇرماقچى ، يەنە ئاكىسىنىڭ
بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان قىزىنى ئوتتۇرا
تېخنىكوم ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرغۇزۇپ ، ئاشۇ مەكتەپكە
ئۆتكۈزمەكچى . ھازىر بۇنداق مۇناسىۋەتلەر بىز ياشاۋاتقان بۇ
جەمئىيەتتە ئادەملەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا بازاردىن ئوتياش
سېتىۋالغانغا ئوخشاش ئادەتتىكى ئىش… ئادەملەر ياشاش يولىدا ئەنە
شۇنداق يوللارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ . گويا ئۆستەڭنىڭ سۈيىنىڭ
ئۈستى بىرخىل ، ئاستى بىرخىل ئاققانغا ئوخشاش بىر ئىش . سۇ
يۈزى شۇنچە تىنچ سۈزۈلۈپ ئاققاندەك كۆرۈنگەن بىلەن ، ئاستى
ھەرخىل يۇمىلاپ ئاقىدىغان چاغلار بولىدۇ . بۇنداق مۇناسىۋەت گويا
چۆلدىكى سۆكسۆكنىڭ يىلتىزى ئۆزىدىن يەتمىش ھەسسە
ئۇزۇنلۇقتا يىلتىز تارتقانغا ئوخشاش ، ھەممە يەرنى قاماپ كەتتى .
سەن ھازىر بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولساڭ ، تىنچ سۇغا
قاراپلا خۇشال قولۋاق سالمىغىن ، بەلكى سۇنىڭ ئاستىغا تىكىلىپ ،
ئۇنىڭ قانداق ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆر ، بولمىسا ئىشىڭنى ۋۇجۇدقا
چىقىرالمايسەن . سەن يۆتكەلمەكچى ، بالاڭنى خىزمەتكە
ئورۇنلاشتۇرماقچى ، نوپۇس ئالدۇرماقچى بولساڭ ، بۇلارنىڭ

ھەممىسىدە ئاۋۋال مۇناسىۋەت تورىنى ھېسابقا ئالمىساق ، ئۇزاق ، بەكمۇ ئۇزاق بىر سەپەرنى باشلىشىڭ تۇرغان گەپ… سەن ئىش بېجىرمەكچى بولغان ، بىر - بىرىگە زەنجىرسىمان تۇتۇشۇپ كەتكەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە ئادەملەرنىڭ تولىلىقىدىن كاللاڭ چۆرگىلەيدۇ . ئاۋۋال تۇغقىنىڭ ، ساۋاقدىشىڭ ، دوستۇڭ ، يۇرتلۇقۇڭ ، تونۇشۇڭنىڭ تونۇشى پەيدا بولىدۇ ، ئۆستەڭدە تىنچ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ يۈزى ئاستا پەسلىگەندەك كۆرۈنىدۇ . مۇبادا قاشنىڭ ئاستىدىن سۇ ئەكەتسە ، ئۇنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بىر چوڭ ئېقىن كۆرسەن . بۇ يوشۇرۇن مۇرەككەپ ئېقىن كۆز ئالدىڭدا توسقىلى بولمايدىغان ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ئېقىنغا ئايلىنىدۇ ، كۆڭلۈڭگە قورقۇنچ چۈشىدۇ ، ئېچىنىسەن . ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپمۇ بۇ ئېقىننى توسۇيالمايسەن ، ئايغىغا يېتەلمەيسەن . بۇ تورنىڭ يىپى ئۇزۇن ، ئېقىنى يىراققا سوزۇلغان ، كۆز يەتكۈسىز كۆرۈنىدۇ…

مېھرىئاي مانا بۇلارنى ، ئانىسىنىڭ كۆڭلىدىكى بۇ ئىشلارنى تولۇق بىلىدۇ . ئۇمۇ ئاشۇ ئېقىننىڭ كىچىككىنە قۇربانى ھېسابلىنىدۇ . ئۇ قۇربان بولسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ بىزنىڭ بۇ ھاياتتا بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن بىر ئادەم نۇرغۇن بەدەل تۆلىشى ، قۇربان بېرىشى ، بۇنىڭغا چىدىشى كېرەك بولۇۋاتسا ! تۇغقىنىڭ ، دوستۇڭ ، ساۋاقدىشىڭ ، تونۇشۇڭنىڭ تونۇشى ، ھەممە ، ھەممىسىگە ئوخشاشلا ئاز - ئازدىن بەدەل تۆلەيسەن ، قۇربان بېرىسەن . ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغان ئىشىڭ ئۈچۈن بۇ قۇربان بېرىشلەر ئەلۋەتتە ئانچە چوڭ ئىش ئەمەس…

مېھرىئاي ئۆزى قۇربان بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ياش تۆكەمدۇ ، ھەسرەت چېكەمدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىھۇدە قۇربان بولۇش . رىۋايەتلەردىكى بۆرىنىڭ ئۇۋىسىدا چوڭ بولغان قوزىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۆرىنىڭ بىر ۋاخلىق ئوزۇقى بولغىنىغا ئوخشاش . يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ ئادەم باللىرىنى ئوبدان غىزالاندۇرۇپ بېقىشى ئۇنىڭ قېنىنى شورىماقچى بولغىنى ئۈچۈن بولغىنىدەك ،

ئادەملەرنىڭ قوي ـ كالا بېقىشى ئۆزىنىڭ گۆشكە بولغان ئېھتىياجى ئۈچۈن ، ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە زورۇقۇپ خۇشامەت قىلىشى ، زورۇقۇپ ياخشىلىق قىلىشى ئۆزى ئۈچۈن ياخشىلىق ئىزدەشتىن ئىبارەت بولغىنىدەك... مېھرىئايغا مانا بۇ ئۆگەي ئانىنىڭ قىلغان مېھىر ـ شەپقىتى ئەنە شۇلارنىڭ بىر تۈرى بولۇشى مۇمكىن...

ھەممە بالىنىڭ بالىلىق چاغلىرى ئاتا ـ ئانىنىڭ چەكسىز مېھىر ـ شەپقىتىگە موھتاج بولىدۇ . بۇ ئادەم ھاياتىدىكى يېڭىش مۇشكۈل بولغان موھتاجلىق دەۋرى . ئەمما مېھرىئاي ئۆز نېسىۋىسىگە تولۇق ئىگە بولالمىغان ھاياتتىكى نۇرغۇن بەختسىز سەبىيلەر ئىچىدىكى گۆدەك قىز . ئۇ بالىلىق چېغىدا موھتاجلىق دەشتىدە تېنەپ يۈردى . ئۇ شۇ چاغلاردا ، دائىم چوڭ بولغاندا بۇ ئائىلىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ، ئۆزى ھەممىگە ئىگە ، سىقىلىش ، قورقۇش ، بويۇن قىسىش بولمىغان خۇشال بىر ئۆيدە ياشايدىغانلىقىنى دائىم كۆڭگا ھېس قىلىپ خۇشال بولاتتى ، ئۈمىدلىنەتتى . يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بۇ ئۈمىدلىرىمۇ بارغانچە چوڭايدى . ئەمما ئاشۇ ھايات يولىغا بۇرۇلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە ، ئۆزى ماڭماقچى بولغان يولدىن قويۇق تۇمان كۆتۈرۈلدى . ئۇ يولنى كۆرەلمىدى . ئەمما تۇمان تارالغۇچە قاراپ تۇرۇپ ، يول سۈزۈلگەندە ماڭماقچى بولغانىدى ، ئەمما ئۇنى يولغا سالغۇچى ئۇنى ئۆزىنىڭ كۆڭلى تارتقان يولغا ئىتتىرىۋاتىدۇ . ئۇ ئۆزى ئۈمىد كۈتكەن تۇمانلىق يولدىن يېڭى بەخت تاپماقچى ئىدى . بەلكى تۇمان سۈزۈلۈپ ، ئۇنىڭغا تونۇش بولغان ھەممە نەرسە ئۆزگەرمەي شۇ پېتىچە قالار ياكى ھازىرچە ئۆزگەرسىمۇ كېيىن ئەسلىگە كېلەر . مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن چوقۇم ئەسلىگە كېلىدۇ . ئۇ ئاشۇ يولدىن پەقەتلا مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ . ئۇ ئۇنىڭ بالىلىق چېغىدىلا روھىغا ، قېنىغا ، ھەممە تومۇرلىرىغا سىڭىپ كەتكەن ، ھەممە يېرى تونۇش يول... ئاتا ـ ئانىسى ئىتتىرىۋاتقان يول قانچىلىك سۈزۈك ، يالتىراق ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يول بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بۇ يولغا مېڭىشقا رايى يوق . ئۇ يولدىن ،

شۇنچىلىك جازىبىدار ، گۈزەل يولدىن ئۇ سەسكىنىدۇ . قانداقتۇر ئۇ يولدا كۆزگە كۆرۈنمەس بىر شۇملۇقنىڭ ئۆزىنى سۈرلۈك چەكچىيىپ كۈتۈۋاتقانلىقىنى ، ئۇنىڭ يامانلىقىنى سېزىدۇ . ئېھتىمال ئۇ يول ئۇنى چەكسىز بەخت ماكانىغا ، ئاتا - ئانىسى ئاغزى كۆپۈكلىنىپ ماختىغاندىنمۇ ئارتۇق ئۆزى ئويلاپ يەتمىگەن بەختكە ئېلىپ بارىدىغاندۇ ! ئەمما ئۆزى چۈشەنمىگەن ، كۆڭلى تارتمىغان ، تاسادىپىي خۇشاللىقتا ئېرىشتۈرگەن بەخت ھامان ئاخىر چوڭ بەختسىزلىك بولۇپ چىقىشى مۇمكىن . مېھرىئاي تېخى ھاياتنى ، ئۇنىڭ سىرلىرىنى بۇنچىۋالا چۈشىنىپ يەتكەن ئەمەس ، بۇنى ئويلاپمۇ يېتەلمەيدۇ . ئەمىسە ، بۇ يولدىن ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇملۇق سېزىدۇ ، قورقىدۇ ، سەسكىنىدۇ ، يامان كۆرىدۇ ؟ بۇ يولنى ئۇ ئۆزى جادۇگەر - ئالۋاستى دەپ بىلىدىغان ئاشۇ ئۆگەي ئانا نوچىلىق بىلەن داڭق چىقارغان دادىسىنىڭ بېلىنى پۈكۈپ تۇرۇپ كۆرسىتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن يامان كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن . ئۇ ئۆزىنىڭ پەقەت يامان كۆرىدىغانلىقىنىلا بىلىدۇ ، نېمە ئۈچۈن يامان كۆرىدىغانلىقىنى دەپ بېرەلمەيدۇ . زورلىنىش ئىچىدە ئۇ ئۆزى كەلگۈسىدە كېلىن بولىدىغان باياشات ، ئازادە ، ياسىداق ئۆيلەرنى كۆردى . بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ سىلىق - سىپايە ، تەربىيە كۆرگەن ئەزالىرىنى بىر قاراشتىلا بىلدى . چوڭىدا چوڭچە ، كىچىكلىرىدە كىچىككە لايىق ئەدەپ - ئەخلاق چىقىپ تۇرىدۇ . ئادەملەر ماڭسا ، پۇتلىرى يەرگە قاتتىقراق تېگىپ كەتمەيدۇ . گەپ قىلسا ، بىر ئېغىز مەقسىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تۆت ئېغىز تەكەللۇپ قوشۇلىدۇ . مېھرىئاي بىردىنلا تىنىقى يېتىشمەي قالغاندەك ، تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقاندەك بولدى . ئۆز ئۆيىدىن بۇ يەرگە چىقسا ، كەڭرى توخۇ كاتىكىدىن چىرايلىق قەپەسكە كىرىدىغاندەك ھېس قىلدى . بۇ ئۆيدىكى ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە قىلىشىدىغان گەپ - سۆز ، مۇئامىلىلىرى ، ھەربىر ھەرىكەتلىرى ، كۈلۈمسىرەشلىرى ئۇنىڭغا سەھنىدە تىياتىر ئويناۋاتقان ئارتىسلارنىڭ تولا ئويناپ قاتماللىشىپ كەتكەن يېقىمسىز كومېدىيىسىدەك شۇنچە سۈنئىي بىلىنىپ ، ئىچى

تىتىلداپ كەتتى . ئۇ بوسۇغا ئاتلاپ بۇ ئۆيدىن چىققاندا ، گويا تومۇز ئىسسىقىدا دەشت ـ چۆلدە ئۇزاق مېڭىپ هالىدىن كەتكەن يولۇچىدەك هالسىزلىنىپ كەتتى . بوسۇغىدىن پۇتىنى ئېلىپلا ، راهەتلىك ، ئارامبەخش بىر يولغا چىققاندەك بولدى . ئۇ بۇ ئۆيدە يەنە بىرئاز تۇرسا ، ئۆزىنى تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغاندەكلا هېس قىلدى . تازا كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى ، قانىتى بولسا ئۇچقۇسى ، ئەگەر ئادەملەر مازاق قىلىپ كۈلمىسە ، تازا توۋلاپ ناخشا ئېيتىپ ، يولدا باركۈچى بىلەن يۈگۈرگۈسى كەلدى . بىردىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر قورقۇنچ كىردى ، بۇ ئۆيدىن بىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك ، ئۇنى تۇتۇۋالىدىغاندەك ، ئۇنى يەنە ئىچىنى سىقىپ سۈنئىي قىلىق ، سۈنئىي گەپلەر بىلەن ئاۋارە قىلىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ، ئارقىسىغا قارىدى ، هىم ئېتىلگەن ئىشىكمۇ ئۇنىڭغا سۈنئىي هېجىيىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇنىڭ ئەمدى بۇ ئائىلىدىكىلەرنى كۆرەرگە كۆزى يوق ، گېپىنى ئاڭلارغا تاقىتى يوق . بايا ئۇ يېنىدا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان خەنجەر بولسا ، ئۆزۈمگە «گاچ ـ گۇچ ، پاراس ـ پۇرۇس» قىلىپ تىقىۋالسام دېگەندى ، بىردەمدە تومۇرلىرى يېرىلىپ مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك هېس قىلغان . ئۇ بارغانچە ئىتتىكلەپ ماڭدى ، يۈگۈرگەندەك ماڭدى . ئەگەر ئاشۇ ئۆيدىكىلەردىن بىرەرى چىقىپ يەنە گەپ قىلسا ، يۈرىكى سىقىلىشتىن يېرىلىپ كېتىشى ياكى ئاۋۇ پىچاقچىنىڭ ئالدىدىكى پارقىراپ تۇرغان شەمشەردىن بىرنى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېلىپ ئۆزىنىڭ قارنىنى يېرىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى . ئۇ ئاشۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئىككىنچى ئاتلىماسلىققا ئۆز ـ ئۆزىگە قەسەم بەردى . «ئۆلۈكۈم كىرسە كىرەر ، تىرىكىم كىرمەس .» ئۇنىڭ هەممىدىن بىزار بولۇپ يۈرىكى سىقىلغىنى — ئۆزىنى باشلاپ كەلگەن ئانىسىنىڭ ئەتەي ئۇنى مېهمانخانىدا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىپ ، سىرتتا كۇت ـ كۇت قىلىشقىنى بولدى . بىر چاغدا بىر نەرسە ئىزدىگەننى باهانە قىلىپ ئۆيگە توشقاندەك هېجىيىپ كىرگىنى ئېگىز بوي ،

چوكان مىجەز يىگىت بولدى. يىگىتنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشلىرىدىن ئۆزىنى ئالماقچى بولغان ئەركەكنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، مېھرىئاينىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى. بۇ يىگىتنى بايا كۆرۈپلا ھەپىلى قاچقانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ يۇمشاق گەپلىرىنى، قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ چىمچىلاق قولى بىلەن كالپۇكىنى بېسىپ جاۋغىيىغا سىيرىشلىرىنى كۆرۈپ، غىققىدە بولۇپ، قۇسقۇسى كەلگەندەك بولدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى ھەتتا مېھرىئاي ئۆزى قىلسىمۇ ئۆزىگە نومۇسلۇق ئىشتەك تۇيۇلۇپ، يۈزى قىزىرىپ كەتتى. يىگىت ئۆزىنىڭ كىيگەن كىيىملىرى، قايسى كىيىمنى كىيسە يارىشىدىغانلىقى، قايسى رەڭنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىگىلى تۇرۇۋىدى، مېھرىئاي ئۆزىنى يات جىنس ئالدىدا ئەمەس، بەلكى ياسانچۇق قىزنىڭ يېنىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭدا ئىسمى بىلەن تۇرقىدىن باشقا ئەركەكلەرگە خاس گەپ - سۆز، ھەرىكەت، ۋۇجۇدىدىن يات جىنسنىڭ يۈرىكىنى دۈكۈلدىتىدىغان ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى. مېھرىئاي ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن يامان كۆرۈپ قالدى، تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇنى ياش قىزلاردا بولىدىغان بىرخىل مەغرۇرلۇق چۇلغىۋالدى. ئۇنىڭ دوستلىرىغا مېنىڭ جۈپتۈم دەپ كۆرسەتكۈچىلىكى بارمۇ؟ بۇنى ئويلاۋېتىپ ئۇنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ كەتتى. خۇدايىمەي، بۇنداق دەپ قېلىشتىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن...

بىراق ئۇنى خۇدايىم قانداق ساقلىدى؟ ئۇ سەسكەنگەن يىگىت ئۇنى ئاشۇ كۆرۈشتىلا ياقتۇرۇپ قاپتۇ، ئايدەك جامالىغا، ئوماق كۈلۈشلىرىگە دىققەت قىپتۇ، قاپىقى تۈرۈلگەنسېرى، تېخىمۇ ئوماقلىشىپ، گۈزەللىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىۋاپتۇ، مەپتۇن بولۇپ قاپتۇ. ئۇ سەسكەنگەنسېرى، ئۇنىڭغا شۇنچە ئوماق كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ...

مانا توي بولۇۋاتىدۇ؟ ئۇ ئاشۇ ئەرگە خوتۇن بولۇۋاتىدۇ، ئاشۇ ئۆيگە، ئاشۇ ئۆزىگە سۇنئىي تۇيۇلغان ئۆيگە، ئاشۇ كومېدىيە

ئارتىسلىرى ئارىسىغا كىتىۋاتىدىغۇ؟ ئۇنىڭ قاقشاشلىرى، نالە - پەريادلىرى ئۆگەي ئانا تەرىپىدىن ھەممە قىزلاردا بولىدىغان ناز قاتارىغا چىقىرىۋېتىلدى. ئۇ يىغلاپمۇ، يالۋۇرۇپمۇ، تەھدىت سېلىپمۇ بۇ تەقدىردىن قۇتۇلالمىدى. دۇنيادا ئۆگەيلىكتە ياتلارنىڭ قولىغا قاراشلىق بولۇپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق خورلۇق بولامدۇ؟

## 4

ھازىرغىچە مەن سېنى سەن دەيتتىم. ئىككىمىز مەھەللىنىڭ چېتىدىكى شەيخ ئىسلامنىڭ كۆلىنىڭ بېشىدىكى قېرى ئۇجمىنىڭ ئاستىدا دائىم سىغىز لايدىن قورچاق ياساپ ئوينايتتۇق. بىرمۇنچە ئاداشلىرىمىز يىغلاتتى. ئىككىمىز قورچاقنى ھەممىدىن جىق ياساپ ئاپتاپقا سالغاندۇق. قورچاقلىرىمىز ئادەمنىڭ، قوينىڭ، ئۆچكىنىڭ، قوزىنىڭ شەكىللىرىدە ئىدى. سەن بۆشۈك ياساشقا ئامراق ئىدىڭ، مەن قوي ياساشقا ئامراق ئىدىم. قورسىقىمىز ئاچقاننى بىلمەي، ئاتا - ئانىلىرىمىز قوللىرىغا چۆپۈق ئېلىپ بىزنى «تامىقىڭنى يېمەمسەن، ھەممە يېرىڭنى پاسكىنا قىلىپ نېمىگە ئوخشىشىپ قاپسەن - ھە؟ خۇددى بۆرىگە ئوخشىشىپ قاپسەن. خەپ كاسەكلىرىڭدىن ئاقىبالداق ئېتىۋەتمەيدىغان بولسام، بەز قۇلاقلار...» دەپ قوغلىغۇچە ئوينايتتۇق. ھەر كۈنى شۇنداق بولاتتى. بىز دائىم ئاشۇ كۆل بويىدىكى قېرى ئۇجمىنىڭ تۈۋىگە توپلىشاتتۇق. بىر كۈنى بىز يەنە قورچاق ياساپ ئويناۋاتساق، سەن ئۆي تىزىشىپ ئوينايلى دېدىڭ. شۇنداق قىلىپ، ھەممىمىز قورچاقلىرىمىزنى تاشلاپ لاي ئەكېلىپ ئۆي سېلىشقا چۈشتۇق. سەن ئۆي سېلىشقا ئۇستا ئىكەنسەن. بىزنىڭ ھەرقايسىمىزنىڭ ھەر تەرەپتە ئۆي سېلىشىۋاتقىنىمىزنى كۆرۈپ: «بۇ يەرگە قويساڭ بولمايدۇ، مۇسا، ماۋۇ يەرگە قوي، ھەي سەن، ئاۋۇ يەرگە قوي، ئۇنداق قويساڭ، ئىشىك تەتۈر بولۇپ قالىدۇ» دەپ، ھېچقايسىمىزنىڭ ئۆي تىزىشىمىزنى ياراتمىدىڭ ھەم قويغان

لايلىرىمىزنى ئېلىپ باشقىدىن قويدۇق . شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە-مىز ئەكەلگەن لايلىرىمىزنى ساڭا بەردۇق . سەن لايغا مىلەنگەن ئاپئاق قوللىرىڭدا ئەپچىللىك بىلەن بىرمۇنچە ئۆي سالدىڭ . ئۆيگە ئوچاق ، سۇپا سالدىڭ . ھەممىمىز پاتقۇدەك ئۆي سالدىڭ . ئۆي پۈتكەندىن كېيىن ، سەن ئىككىمىز دادىسى بىلەن ئانىسى بولايلى ، دېدىڭ . مەن بىزنىڭ ئۆيدىكى ئاكا - ئىنى ئاچا - سىڭىللىرىم ھەممىمىزنىڭ دادامغا شۇنچە ئامراقلىقىمىزنى ئويلاپ ، مەنمۇ قاچان دادا بولارمەن ؟ پاتراق چوڭ بولسام مەنمۇ دادا بولسام ، مېنىڭمۇ بىرمۇنچە بالىلىرىم بولسا ، بالامنىڭ ھەممىسى ئوغۇل بولسا ، مەن بازارغا بېرىپ كەمپۈت ، قەنت ، ناۋات ، دەپتەر - كىتاب ئەكەلسەم ، بالىلىرىم دادا… دادام كەلدى ، دادا ، ماڭا نېمە ئەكەلدىلە ؟ دەپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىقسا… دەپ ئويلايتتىم . مانا ئەمدى سەندىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشلۇقۇمدىن يۈرەكلىرىم ئويناپ كەتتى . دائىم خۇش بولسام چۈشقىنى ئات ئېتىپ مىنىپ ئۆزۈنچە يۈگرەپ يۈرەتتىم . ھازىرمۇ چۈۋق بولمىسىمۇ ئاتنى دوراپ يۈگۈردۈم . سەن شۇئان ۋارقىراپ كەتتىڭ : «ھەي… ھەي مۇسا ، مۇسا ! سىلى دادىسى تۇرۇپ ئۆينىڭ ئىشىكىدىن چىقماي ، تامدىن سەكرەپ چىقسىلا قانداق بولىدۇ ؟ ئاشۇنداق قىلسىلا ، ئوينىمايمەن ئەمىسە ، بۇ ھېساب ئەمەس . دادام ، ئويدان ئادەم تامدىن ئارتىلمايدۇ ، ئۆينىڭ ئىچىدە قالايمىقان ماڭمايدۇ ، ئىشىكتىن چىقىپ - كىرىدۇ ، دېگەن ! » دېدىڭ . مەن شۇئان خىجىل بولغان ھالدا ئىزىمدا توختاپ قالدىم . يۈزۈمنىڭ قانچىلىك قىزىرىپ كەتكىنىنى بىلمەيمەن . سەن ئىنچىكە ياي قېشىڭنى تىكلەشتۈرۈپ ، كەڭ قاتلىشاڭغۇ قاپىقىڭنى سۈزۈپ ، ئۈزۈن كىرپىكلىك قارا كۆزۈڭنى ئالايتتىڭ . مەن خىجىل بولغىنىمدىن پۈتۈمنىڭ ئۇچىغا قارىۋېلىپ ، دەرھال يەنە بېشىمنى كۆتۈرۈپ ساڭا قاراپ ، بوينۇمنى قىسىپ ھىجايدىم . سەن سەل كۈلدۈڭ ، ئەمما دەرھال قاپىقىڭ تۈرۈلۈپ چىرايىڭ تاتىرىپ كەتتى . «سەنمۇ خۇددى دادامغا ئوخشاش… دادام ئۆگەي ئانامنىڭ ئالدىدا شۇنداق قىلسا ، مېنىڭ بەك ئاچچىقىم كېلىدۇ . ئۇنداق

قىلما !» دېدىڭ . «خاپا بولما مېھرىبانىم ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلمايمەن » دېدىم . بىز شۇ كۈنى ئولتۇرغۇچە ئۆي تىزىشىپ ئوينىدۇق . ئىككىمىز دادىسى بىلەن ئانىسى بولدۇق . قالغان بالىلارنىڭ ھەممىسى بالىمىز بولدى . ۋاي - ۋۇي ، بىزنىڭ بالىلىرىمىز نېمىدېگەن جىق ، بىرمۇنچە ئوغۇل بالا ، بىرمۇنچە قىز بالا - ھە !… شۇ كۈنى ھەممىسى مېنى «دادا !» دەپ توۋلىغاندا ، مەن خۇشال بولغىنىمدىن ، كەچكىچە كۈلۈپتىمەن . ئۇ كۈنى كېيىملىرىم شۇنچە ئەسكى بولۇپ كېتىپ ، ئانام ئۇرسىمۇ ، تىللىسىمۇ پەقەت يىغلىمىدىم . بىز كەچكىچە ، بالىلىرىمىز ئۇرۇشۇپ قالسا شۇلارنى باشقۇردۇق . ۋايجان ، دادا بىلەن ئانا بولماق نېمىدېگەن تەس - ھە ؟ سەن بىر بالىمىزغا : «ئۇكاڭنى يۇدۇپ ئوينىتىپ كەل » دەپتىڭ ، بالىمىز ئۇنىماي سېنى تىللىدى . سەن : «بولدى ، مەن ئانا بولمايمەن ، كىم ئانا بولسا بولسۇن » دەپ يىغلىغانىدىڭ ، ئايشەم دېگەن جاۋىلداق قارا پاقا : «سەن بولمىساڭ ، مەن بولىمەن » دەپ تۇرۇۋالدى . مەن سېنىڭ ئانا بولغىنىڭغا بەك خۇشال ئىدىم . سەن ئانا بولمايمەن دېۋىدىڭ ، بەك قورقۇپ كەتتىم . مەن دەرھال : «ياق ، ياق ! مېھرىبانىم ئانا بول ، سەن ئانا بولمىساڭ بولمايدۇ » دېدىم . چۈنكى سەندىن باشقىسى ئانا بولسا ، مېنىڭ دادا بولغۇم يوق ئىدى . ئايشەم بىلەن تېخىمۇ خۇشۇم يوق . ئۇ ھە دېسىلا ئادەم بىلەن ئۇرۇشۇپ جېدەل قىلىدىغان ئۇششۇق . بىكار تۇرماي ئۇ مېنى ئانامغا چېقىشتۇرۇپ ، مۇسا ئۇنى قىلدى ، مۇسا بۇنى قىلدى دەپ ، مېنى تاياققا قويىدۇ . ئۇ بەك ئەسكى ھەم قارا ، سەت ! پەقەت خۇشۇم يوق . مەن سېنى ئانا بولغىن دەپ شۇنچە يالۋۇرساممۇ ، ئۇنىمىدىڭ . ئاندىن مەنمۇ دادا بولغىلى ئۇنىمىدىم . شۇنىڭدىن كېيىن دادا - ئانا بولۇشنى تالىشىپ بالىلار ئۇرۇشۇپ كەتتى . يەنىلا ، سەن ئەقىللىق ئىكەنسەن . شۇ چاغدا ھەممىنى ئۆزئارا دادا - ئانا قىلىپ قويدۇڭ . شۇنداق قىلىپ ، بىزگە بالا بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا دادا - ئانا بولۇپ كەتتى . ئىككىمىز قالدۇق . مەن بىر ھازا يالۋۇرغاندىن كېيىن ، سەن ئىككىمىزنىڭ

دادا ـ ئانا بولۇشىمىزغا ماقۇل بولدۇڭ . ئاخىردا ، بىز ھەممىمىز دادا ـ ئانا بولۇپ كەتتۇق . بالىمىز لايدىن ياسالغان قورچاق بولدى . ئۆيلىرىمىز ئايرىم ـ ئايرىم بولدى . سەن ئۆيىنى بەك چىرايلىق ياسايتتىڭ . سەن نېمە دېسەڭ ، مەن شۇنى قىلاتتىم . ئىككىمىز پەقەت ئۇرۇشۇپ قالمايتتۇق . سەن دائىم گۆش ، ئوتياش ، ئۇن ئەكېلىشكە بۇيرۇيتتۇڭ . مەن سەن بۇيرۇغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەكېلەتتىم . سەن مېنى سۇپىدا كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇپ ، ئالدىمغا كاۋا يوپۇرمىقىدا داستىخان سېلىپ ، ئالمىدا ياسىغان قاچىغا چۆچۈرە ئۇسۇپ ئەكېلىپ ، «باقسىلا !» دەيتتىڭ . ئىككىمىز داستىخاننىڭ ئىككى بۇرجىكىدە ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتۇق . سەن «كەچتە نېمە تاماق ئېتىمەن ؟ ئەتە ئەتىگەندە قانداق تاماقتا تاۋىلىرى بار ؟ » دەپ سورايتتىڭ . مەن ئىزا تارتىپ دېگىلى ئۇنىمىسام ، سەن دېگۈزەتتىڭ . مەن دېگەندىن كېيىن ، سەن «گۆش ئەكەلسىلە ، پىياز ، زىرە ، قارىمۇچ ئەكەلسىلە !» دەيتتىڭ . مەن «ماقۇل» دەيتتىم . شۇ چاغدا خۇش بولغىنىمدىن يەنە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى سورايتتىم . سەن ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭنى سورايتتىڭ ، مەن شۇ چاغدا ساڭا : «ئىككىمىز پەقەت ئۇرۇشۇپ قالمايلى . ئۇرۇشۇپ قالساق ، مەن سېنى ئۇرسام ، سەن يامانلاپ كەتسەڭ بولمايدۇ . دائىم مۇشۇنداق ئۆتەيلى ، دادام بىلەن ئانام دائىم ئۇرۇشۇپ قالىدۇ . نېمىشقا ئۇرۇشىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن . سورىسام ، سەن بىلمەيسەن دەيدۇ . ھەر قېتىم ئۇرۇشقاندا ، دادام ئانامنى بەك ئۇرىدۇ ، تېپىدۇ . ئانام دادامنى يىغلاپ تورۇپ بەك تىللايدۇ . بۇنداق چاغدا مەن بەك قورقۇپ كېتىپ يىغلايمەن . ئانام ئۆلۈپ قالامدىكىن دەپ بەك يىغلايمەن . دادام بىلەن ئانام ئۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئانام يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ھەممە يەرگە تاشلاپ ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى ساندۇقنى ئېچىپ ، كىيىملىرىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ باش رومىلىغا چىگىدۇ . مۇشۇ چاغدا ئانام دادامنى بەك تىللايدۇ ، ئاغزى پەقەت

بىسلمايدۇ . دادام تاماكا چېكىپ ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ . ئۇ پات - پات : «ھېلى بىكار ، يەنە تاياق يەيسەن !» ، «ھېلى بىكار ، بوغۇزلىۋېتىپ بىر باشقا چىقىمەن !» دەيدۇ . ئانام : «خېتىمنى بەر ، ئاجرىشىپ كېتىمىز ، ئانام مېنى ساڭا قۇللۇققا ساتمىغان ، سەندەك ئەر بولغۇچە ئىت بولغان مىڭ ئوبدان ، تويدۇم ، ئەركىشى سەندەك بولىدىغان بولسا ، ئۆمۈر بويى ئەرسىز ئۆتسەممۇ رازى ، مۇسانى سەن ئال ، پاتەكنى مەن ئالىمەن ! ئۆيدىكى قوشۇق چاغلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى تەڭ ئۈلىشىمىز !» دەيدۇ . مەن بەك قورقۇپ كېتىپ ، تېخىمۇ يىغلاپ كېتىمەن . تىلسىز سىڭلىممۇ بەك يىغلايدۇ . ئانام بوغجۇمىسىنى ، سىڭلىمنى كۆتۈرۈپ ، چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىدۇ . مەن : «ئوبدان ئانا ، قەنتتەك ئانا ، كەتمە ، كەتمىگىن ، مېنى ئالغاچ كەتكىن !» دېسەم ، ئانام : «كەينىمدىن ئەگەشمە ، داداڭ دېگەن توڭگۇز بىلەن قال ! يەنە ئەگىشىدىغان بولساڭ ، بوينۇڭنى ئۈزۈۋې- تىمەن !» دەپ ۋارقىرايدۇ . مەن يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بوينۇمنى قىسىپ بارمىقىمنى چىشلەپ ، يىغلاپ تۇرۇپ قالىمەن . ئانامغا پەقەت چىدىمايمەن . ئانام بولمىسا ھېچنېمەم يوقتەك ، بەك قورقۇپ كېتىمەن . ئانام بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭا قارايدۇ . ئۇمۇ يېڭىدىن يىغلاپتۇ . «مۇسا ، جېنىم بالام كېلە !» دەپ تولۇلىدى . مەن شۇئان بار ئاۋازىم بىلەن «ئانا... ئانا !» دەپ تولۇلىغانچە يىغلاپ يۈگۈرۈپ باردىم . ئانام مېنى چىڭ قۇچاقلاپ باش - كۆزۈمگە سۆيۈپ يىغلاپ كەتتى : «يۈرە بالام . سېنى داداڭ دېگەن مەرەزگە تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قانداق چىدايمەن ؟ چوڭ ئاناڭنىڭ ئۆيىدە ئادەم جىق ، قىسىلىمەن . شۇڭا سېنى قويۇپ كېتەي دېگەن . ئەمما سېنى تاشلاپ كېتىپ قانداق ئۇيقۇم كېلىدۇ ؟» دېدى . بىز چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىگە كەتتۇق .

بىر ھەپتە ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ، بىزنىڭ قوشنىلار — سېنىڭ ئۆگەي ئاناڭمۇ ، بىرمۇنچە ئانىلار بېرىپ بىزنى ئەكېلىپ

قويدۇ. دائىم شۇنداق بولىدۇ. يەنە ئۇرۇشۇپ قالسا، يەنە كېتىمىز. بەزىدە قوشنا ئانىلار ئەكېلىپ قويىدۇ، يەنە بەزىدە دادام ئۆزى بېرىپ چوڭ ئانامغا يالۋۇرۇپ، ۋەدە بېرىپ ئەكېلىدۇ، يەنە ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. مەن «دادام ـ ئانملار ئۇرۇشۇپ قالسا، مېنى ئانام ئەكېتىدۇ، شۇ چاغدا ئىككىمىز ئايرىلىپ كېتەرمىزمىكىن، دەپ قورقۇۋاتىمەن. كۈندە مۇشۇنداق ئۆتسەك، دادام بىلەن ئانام ئۇرۇشۇپ قالمىسا دەپ دائىم يالغۇز يەردە يىغلايمەن. ئاخشىمى يوتقاندا ياتقاندىمۇ يىغلايمەن» دېدىم، سەن شۇ چاغدا: «داداڭ بىلەن ئاناڭ ئۇرۇشۇپ قالسا، سەن ئاناڭ بىلەن چوڭ ئاناڭنىڭ ئۆيىگە كەتمىسىگىن» دېدىڭ. مەن ئانامدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بەك قورقىمەن. ئانام كەتسە، مەن ئاچ قالىمەن، دادام ئاش ئېتەلمەيدۇ، دائىم چايغا نان چىلاپ بېرىپ «ئىچە» دەيدۇ. مەن ئاشقا ئامراق، نان بىلەن پەقەت خۇشۇم يوق، ئاش ئىچمىسەم، ئاچ قالىمەن. دادام چاينى ئىچە دەپ قۇلىقىمنى تارتىدۇ. شاپىلاق بىلەن ئۇرىدۇ. ئانام شۇڭا مېنى قويۇپ كەتمەيدۇ، ئەكېتىدۇ. «سەن كەتمە، ئۆگەي ئانام بىلەن دادامmu دائىم شۇنداق ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. مەن ئۆگەي ئانامدىن بەك قورقىمەن. ئانام بۇرۇن دادامنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ تاماق بېرەتتى. ئۆگەي ئانام ئۇنداق قىلمايدۇ. شۇڭا دادام بىلەن ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. مەن ئانامغا ئوخشاش، سېنىڭ ئالدىڭغا داستىخان سېلىپ تاماق ئەكەلدىم. سەن كەتمىگىن. بىز پەقەت ئۇرۇشۇپ قالمايلى، ئاناڭ كەتسىمۇ، سەن كەتمە. ماڭا ئۆگەي ئانام ئاش ئۇسۇپ بەرسە، مەن ئانام يوق يەردە ئىچمىسەم، ئانام خاپا بولىدۇ. شۇڭا ئاش پىشقاندا، سەن بىزنىڭ ئۆينىڭ ئارقىسىغا كەل، شۇ يەردە بىللە ئىچىمىز. ئاش پىشقاندا مەن سېنى قىچقىرىمەن. تەڭ ئىچىمىز، ماقۇلمۇ؟» دېدىڭ. مەن ماقۇل دېدىم. بىز شۇنىڭدىن كېيىن بالىمىز بولسۇن دېيىشتۇق. مەن لايدىن سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە بىر ئوغۇل، بىر قىز ياسىدىم، ئوغلىمىزنىڭ ئىسمىنى ئادىل، قىزىمىزنىڭ ئىسمىنى گۈلزات

قويدۇق . سەن ئىككى بالىمىز ئۇچۇن قوناق شېخىدىن ئىككى بۆشۈك ياسىدىڭ . سەن تاماق ئەتكەندە ، مەن بالا باقتىم . كېيىن بىز باشقا دادا ـ ئانىلارنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا باردۇق . ئۇلارمۇ بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان بولۇپ كېلىشتى . بىز ئوينىغان ھەممە ئويۇنلىرىمىز ئىچىدە بۇنىڭدەك خۇشال بولغان ئويۇن پەقەت بولمىدى . بىز ئاشۇنداق بىرنەچچە كۈن ئوينىغاندىن كېيىن ، دادام بىلەن ئانام بەك ئۇرۇشۇپ قېلىپ ، ئانام ئۇكام بىلەن مېنى ئېلىپ چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىگە كەتتۇق . مەن قالىمەن دەپ شۇنچە تارتىشساممۇ ئانام مېنى ئەكەتتى . مەن ساڭا دەپ قويماي دېسەم ، كەچ بولغاندىكىن ، ئۆيۈڭگە كىرەلمىدىم . مانا شۇنىڭدىن كېيىن ، بىز دادامنىڭ يېنىغا پەقەت كەلمىدۇق . داداممۇ بىزنىڭكىگە كەلمىدى . ئەمدى بىزنىڭ ئۆيىمىز چوڭ ئانامنىڭ ئۆيى بولدى . مەن ۋەدەمدە تۇرالمىغىنىمغا بەك يىغلىدىم . مەن كېچىدە يوتقاندا يېتىپمۇ سېنى ئويلاپ بەك يىغلىدىم . ئۆيىمىزنى ، ئىككىمىزنىڭ ئۆيىنى ، سېنىڭ ئەتكەن تامىقىڭنى ، ئالدىمغا داستىخان سېلىپ ئەكېلىدىغان تامىقىڭنى ، بۆشۈكنى ، ئادىل بىلەن گۈلزاتنى سېغىنىپ بەك يىغلىدىم ، ھەممىدىن سېنى بەك سېغىندىم . مەن دائىم ئۆگزىگە چىقىپ بىزنىڭ ئۆي تەرەپكە قاراپ يىغلايتتىم . مەن ئۆيگە كېتىمەن دېسەم ، چوڭ ئانام ، ئانىملار خاپا بولۇپ كەتتى . مەن دادامنىڭ ئۆيىنى ئەمەس ، ئۆزۈمنىڭ ئۆيىنى — ئىككىمىزنىڭ ئۆيىنى ، بالىمىزنى ، سېنى سېغىنغانلىقىمنى دەپ بەرسەم ، ئۇلار كۈلۈپ تېلىقىپ كېتىشتى . مېنىڭ بەك ئاچچىقىم كەلدى . مەن يىغلاۋاتسام ، ئۇلار نېمىشقا كۈلىدۇ ؟ مەن ئانامغا : «دادام بىلەن سەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ يېنىپ كەلسەڭ ، مېھرىئاي بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۆيى بۇزۇلۇپ كېتەمدۇ ؟ بىز ئۇرۇشۇپ قالمىغان ، پەقەت ئۇرۇشۇپ قالماسلىققا ۋەدە قىلىشقان . ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە كىرىمەن» دېسەممۇ كۈلۈۋاتىدۇ . كېيىن مېنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈپ ، ئۆزىمۇ يىغلاپ كەتتى . لېكىن مېنى ئاپارمىدى ، مەن

بارالمىدىم . دائىم سىنى ئويلىدىم ، سىنى ئويلىمايدىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق ، دائىم يىغا تۇتىدۇ . بۇ يەردىكى ئاداشلارمۇ ئۆي تىزىشىپ ئوينايدىكەن ، مېنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن ئۆي تىزىشىپ ئوينىغۇم كەلمىدى ، بولمىسا ئۇلار مېنى ئۆز ئويۇنلىرىغا دائىم قىچقىرىدۇ ، مېنى قوشىدۇ . مېنىڭ ئۇلار بىلەن پەقەت ئوينىغۇم يوق . مەن دائىم ئۆگزىگە چىقىپ ئۆزۈم بىزنىڭ ئۆيگە ئوخشىتىپ ئۆي تىزدىم . ئۇكامنىڭ قورچىقىنى سەن قىلدىم . ساڭا بولغان گەپنىڭ ھەممىسىنى دېدىم . سېنى بەك سېغىنغانلىقىمنى دېدىم ، سەن ئالمىغا بەك ئامراق ئىدىڭ ، مەن چوڭ ئانامدىن ، ئانامدىن پۇل ئېلىپ بىزنىڭ ئىشكىنىڭ تۈۋىدىكى باققالدىن ئالما ئالدىم . ئۆزۈممۇ بەك ئامراق ، يېگۈم كېلىپ كېتىپ ئىككىنى ئۆزۈم يېدىم ، ئۈچىنى ساڭا ساقلاپ قويدۇم ، ئۆگزىدىكى ئۆزۈم تىزغان ئۆينىڭ بىر يېرىگە تىقىپ قويدۇم . مەن بىر كۈنى چۈش كۆرۈپتىمەن . چۈشۈمدە : ئىككىمىز ئاشۇ ھەسەن سوغۇقنىڭ كۆلىنىڭ بويىدىكى ئۈجمە تۈۋىدىكى ئۆيىمىزدە كۆرۈشۈپتىمىز . بەك خۇش بولغىنىمىزدىن بىر - بىرىمىزنى قوغلىشىپتىمىز . سەن مەندىن قەيەرگە كەتكەنلىكىمنى سورىدىڭ ، مەن بولغان ئەھۋالنى ساڭا دەپ بەردىم . سەن ماڭا : «سەن كەتكەندىن كېيىن ، ھەركۈنى مەن سېنى ئىزدىدىم ، ئۈجمە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ سېنى ساقلىدىم ، داداڭدىن سورىسام ، داداڭ گەپ قىلمىدى . كېيىن باشقا باللار ئۆي تىزىشىپ ئوينىمايدىغان بولدى ، بىزنىڭ ئۆينىمۇ بۇزۇۋېتتى» دەپ يىغلىدىڭ . مەن «بىز يەنە ئۆي تىزىشىپ ئوينايمىز ، ئۆينى يەنە تىزىمىز» دېدىم . سەن خۇش بولۇپ : «ئەمدى ھەرگىز كەتمىگىن ، سەن بولمىساڭ ، بەك زېرىكىپ كېتىدىكەنمەن ، سېنى بەك سېغىندىم» دېدىڭ . «مەنمۇ بەك سېغىندىم ، ئەمدى ھەرگىز كەتمەيمەن» دېدىم ھەم ساقلاپ قويغان ئالمىنى ساڭا بەردىم . سەن بەك خۇش بولۇپ ئالمىنى ئالدىڭ ، ئالما قولۇڭغا پاتماي ، بىرى يەرگە چۈشۈپ كېتىپ كۆلگە يۇملاپ كەتتى . سەن ئالمىنى

تۈتۈۋالىمەن دەپ لايدا تېيىلىپ كېتىپ كۆلگە چۈشۈپ كەتتىڭ . مەن ۋارقىراپ يىغلاپ ئويغىنىپ كەتتىم . ئانام مېنى باغرىغا بېسىپ : «نېمە بولدۇڭ ؟ » دېدى . مەن كۆرگەن چۈشۈمنى ئانامغا سۆزلەپ بەردىم ، ئانام بىر هازا جىمىپ كەتتى . بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ، ئاندىن بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ : «ئوبدان چۈش كۆرۈپسەن بالام ، پات ئارىدا ئۆيىمىزگە كېتىپ قالساق ، كۆرۈشىدىغان ئوخشايسەن» دېدى . مەن كۆرۈشىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ ، كۆرگەن چۈشۈمنى دەرهال ئۇنتۇدۇم . هە ، ئەمدى ئوبدان بولىدىغان بولدى ، مېهرىئاي بىلەن ئەمدى كۆرۈشىدىكەنمەن دەپ خۇشال بولدۇم . خېلى ئۇزۇنغىچە ئويلاپ ياتتىم . مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ، ئالمىنى هەرگىز كۆل بويىدا بەرمەيمەن دەپ ئويلىدىم . ئەتىگىنى خېلى ۋاخ بولغۇچە ئۇخلاپ قاپتىمەن ، بىر مۇنچە چۈش كۆرگەندەك قىلدىم ، ئويلاپ هېچقايسىسىنى تاپالمىدىم . مەن ئويغىنىپلا ، كىيىمىمنىمۇ كىيمەستىن ، شوتىغا يامىشىپ ئۆگزىگە چىقتىم . چاق ئېگىرىۋاتقان چوڭ ئانام :

— قەيەرگە بارىسەن مۇسا ، ئەتىگەندە بىسمىللا دېمەي شوتىغا چىقىۋاتىسىنا ؟ ماڭە كىيىمىڭنى كىيىپ ، يۈزۈڭنى يۇ ! ئەمدى چوڭ بولدۇڭ . موزايدەك يۈرۈۋېرەمسەن ؟ كۈزلۈككە خۇدا بۇيرۇسا خەتنە قىلدۇرۇپ ، خەتنە تويۇڭنى قىلىمىز . داداڭ دېگەن توخۇ پوقى ئىگە بولمىسا ، مانا مەن ئىگە . قىيامەت كۈنى خۇدايىم جاجىسىنى بېرەر ئۇ نائەهلىنىڭ... — دېدى .

چوڭ ئانامنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنى ئاڭلىيالمىدىم . ئۆگزىگە چىقىپ ئالمىنى تىقىپ قويغان يەرنى ئاختۇردۇم . بۇلتۇرقى قۇرۇق بىر باغ پىچاننىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويغان ئالمىنى كۆرۈپلا يىغلىغۇم كېلىپ كەتتى . ئالمىنىڭ ئىككىسىنىڭ يېرىمى سارغىيىپ سېسىپ قاپتۇ ، بىرىنى چاشقان غاجىۋاپتۇ . ئىسىت ، ئىسىت ، ئەجەب چىرايلىق ئالمىلار ئىدى ، ساڭىلا ئوخشاشاتتى . نېمىشقىمۇ سېسىپ كەتكەندۇ ؟ ئوغرى چاشقان نېمىشقا غاجىلىۋالغاندۇ ؟ بۇنىڭدىن كېيىن ، بارىدىغان چاغقىچە پۇل يىغىپ بارىدىغان كۈنى ئاپىرىمەن .

# 5

ئەته بارىمەن ، ئۆگۈن بارىمەن دەپ بارالمىدىم ، سېنى بەك سېغىنىدىم . ئاشۇ بىر قېتىم چۈشۈمدە كۆرگەنچە پەقەتلا چۈشۈمگىمۇ كىرمىدىڭ . چۈشۈمدىمۇ بولسا كۆرسەم بولاتتى . ئەمما ، مېنى چۈشۈمدە كۆرەي دېسەم پەقەت كۆرەلمىدىم . دائىم ئېگىز قۇملۇق ئۈستىدە كېتىپ بارسام بىر توپ ئىت قاۋاپ يۈگۈرۈپ كېلىدۇ ، قورقۇپ كېتىپ قۇمنىڭ چوققىسىدىن يۇملاپ كېتىپ ، قورقۇپ ئويغىنىپ كېتىمەن . بەزىدە ، سۇنىڭ ئۈستىدە ئۈچۈپ يۈرسەم ، بىردىنلا ئۈچالماي سۇغا چۈشۈپ كېتىمەن . ساپلا شۇنداق چۈش كۆرىمەن ، سېنى پەقەت كۆرەلمىدىم . باراي دېسەم ، چوڭ ئانام : «داداڭ قاۋان توڭگۇزغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ . ئۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇز خوتۇندىن بىرنى ئاپتۇ . سەن بارساڭ ، ئۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇز سېنى تۇتۇۋېلىپ ، بوينۇڭدىن سىرتماقتا ئېسىپ قويۇپ ، تاپىنىڭغا يىڭنە سانجىپ قېنىڭنى شورايدۇ . قېنىڭ تۈگىگەندە ، قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپ يەيدۇ» دېدى . مەن : «دادام بار ، قورقمايمەن» دېسەم ، «داداڭمۇ قورقۇپ لاغىلداپ تىترەپ تۇرىدىكەن ھەم ئۆزىمۇ قاۋان توڭگۇزغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ، سەندەك بالىسى بارلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ . بۇرۇنقى ئادەملىك ۋاقتىنى بىلمەيدىكەن . بۇرۇن سەن ئادەم ئىدىڭ دېسە ، ‹ياق ، مەن ئۇنداق ئەمەس › ، دەيدىكەن ، شۇڭا ھازىر ئۇ سېنى تونۇمايدۇ» دېدى . مەن شۇنىڭدىن كېيىن ، قورقۇپ بارالمىدىم . مەن ئانامغا ، سېنى كۆرگۈم كېلىپ كەتكەنلىكىمنى ، بارسام مۈكۈۋېلىپ ، قاۋان توڭگۇز بىلەن يەتتە باشلىق يالماۋۇز كۆرمىگەندە بارىدىغانلىقىمنى دېسەم ، «سەن مۈكۈۋالساڭمۇ پۇراپ بىلىۋالىدۇ . مەن سېنى بىر كۈن ئۇلار يوق ۋاقتىدا ئاپىراي» دېدى . مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈم باراي دېسەم قورقۇپ بارالمىدىم . ئانامدىن ھەر كۈنى «قاچان بارىمىز ؟» دېسەم ، «ئۇلار

يوق ۋاقتىدا ، ئۇلار يوقالمىدى » دەيدۇ . مەن ئۇلارنىڭ پاتراق يوقىلىشىنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم . چوڭ ئانام ناماز ئوقۇپ ماڭا دۇئا قىلىپ يىغلىغاندا ، ئاشۇ قاۋان توڭگۇز بىلەن يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ يوقىلىشىغا دۇئا قىلىپ قوي چوڭ ئانا ، دېسەم ، بېشىنى لىڭشىتىپ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئىچىدە بىرنېمىلەرنى دەيدۇ ، كۆزىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلىدۇ . مەن پۇل يىغدىم ، بىرمۇنچە پۇل يىغدىم . چوڭ ئانامغا ماڭا پىچاق ئېلىپ بەر ، پىچاق قىسمەن دېسەم ، چاقىنىڭ يېكىنى سېلىپ قويغان بىر كونا غىلاپنى «هازىرچە مۇشۇنى ئېسىپ تۇر ، كېيىن چوقۇم پىچاق ئېلىپ بېرىمەن » دەپ ئېسىپ قويدى . يىغقان پۇلۇمنى ئاشۇ غىلاپنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇپ يىتتۈرۈۋەتتىم . شۇ كۈزدە مېنىڭ خەتنە تويۇم بولدى . مەن شۇنچە سېغىنغان بولسامۇ ، سەن بىلەن زادىلا كۆرۈشەلمىدىم . مېنى مەكتەپكە بەردى . سېنىمۇ مەكتەپكە بەردىمىكىن دېسەم ، سەن يوق . مەن سېنى دائىم ئەسلىدىم . سېنى سېغىنمىغان كۈنۈم يوق . بىزنىڭ مەكتەپتە بىرمۇنچە قىزلار بار . بىزنىڭ سىنىپتىمۇ بىرمۇنچە بار . ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ساڭا ئوخشىمايدۇ . مەن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن سەن بىلەن ئوينىغاندەك ئوينىمايمەن ، بىردەمدىلا ئۇرۇشۇپ قالىمەن .

مانا خېلى چوڭ بولۇپ قالدىم . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىغا چىققاندا ، بىز يەنە بىر سىنىپقا كىرىپ قالدۇق . مەن بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتىم . لېكىن سەن بۇرۇنقىدىن ئۆزگىرىپ كېتىپسەن ، مەندىن قاچىدىغان بولۇپ قاپسەن ، تارتىنىدىكەنسەن . مەن بىزنىڭ ئۆي تىزىشىپ ئوينىغىنىمىزنى دېسەم ، سەن ساق ئون توققۇز كۈنگىچە مېنىڭ يۈزۈمگە پەقەت قارىمىدىڭ . تاسادىپىي دوقۇرۇشۇپ قالساقمۇ قىزىرىپ كېتىپ ، باشقا تەرەپكە قارىۋالىسەن . مەن بۇنىڭغا پەقەت چىداپ تۇرالمىدىم ، نەچچە قېتىم يىغلىدىم . سەن دائىم قىز باللار بىلەن مەكتەپ مەيدانىنىڭ بىر تەرىپىگە ياكى سىنىپ ئالدىغا چىقىپ ، ساپىلەك ، سابىر ، تەمەچ ئوينايسەن . مەن يېنىڭغا بارساملا ، قاچىسەن . مەن

ئاچچىقىمغا چىدىماي ساڭا مايتارتىپ باقتىم. ئەمما سەن بۇ ئىشلارنى پەرۋايىڭغا ئالمىدىڭ. بىرەر باھانە تېپىپ سېنى ئۇرۇپ دەردىمنى ئالماقچى بولدۇم. بۇنى ئويلاپ يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى. قارىغىنا، مېھرىئاي، مەن سېنى ئۇرۇش توگۇل، ئۇنى ئويلىسامىمۇ يۈرىكىم تىترەپ كېتىدىكەن، ئەمما سەن مېنى ياراتمايدىكەنسەن. مەن باشقا دوستلىرىمنى ئاچچىقىم كەلسە ئۇرىۋېرىمەن، ئۇرغانسېرى ئۇرغۇم كېلىدۇ، لېكىن سېنى ئۇرالمايدىكەنمەن. مەن ساڭا خەت يازماقچى بولدۇم. مەن ئاۋۋال يازىدىغان قەغەز تاللىدىم. مېنىڭ تىل - ئەدەبىيات كونسپېكت دەپتىرىم سىنىپ بويىچە ھەممىڭلارنىڭكىدىن چىرايلىق، بىزنىڭ مۇئەللىممۇ بىرەر خەت يازماقچى بولسا، دائىم مېنىڭ مۇشۇ تىترىتىمنىڭ ۋارىقىنى يىرتىۋالىدۇ. ھەربىر ۋارىقىنى يىرتقاندا قىزىرىپ كېتىمەن. مۇئەللىم كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ باشقا تەرەپكە قارىۋالىمەن، مېنىڭ تىترىتىمنى ئۇرۇمچىدە ئوقۇيدىغان تاغام مېنى ياخشى ئوقۇ دەپ ئەكېلىپ بەرگەن. مەن ساڭا مۇشۇ تىترىتىمنىڭ ۋارىقىنى يىرتىشقا چىداپ تۇرۇپ خەت يازماقچى بولدۇم. بىر ۋارىقىنى يىرتسام يەنە بىر ۋارىقىمۇ يىرتىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا قوشماق ۋاراقنى بىراقلا يىرتماي سۆكۈۋالدىم. چوڭ ئانامغا يالۋۇرۇپ پۇل ئېلىپ، كىچىك سېرىق قاپلىق ئون ئىككى خىل بوياق ئالدىم. قەغەزنىڭ چېڭ ئوتتۇرىغا ئالما سىزدىم. ئالمىنىڭ بىرىنى قىزىل، بىرىنى سېرىق بويىدىم. ئىككى قولاق سىزدىم. قولاقلىرىنى ئالمىنىڭ قولىقىنىڭ رەڭگىدە بويىدىم. قەغەزنىڭ چۆرىسىگە بوغداي، قوناق، ئاپتاپپەرەس، گۈل، قوغۇن، تاۋۇزلارنىڭ رەسىمىنى سىزدىم، بەك تەستە سىزالىدىم. قەغەزنى يىرتىۋېتەي دېسەم، پەقەت چىدىمىدىم، شۇڭا تولا ئۆچۈردۈم. خەت يېزىشتا نېمىدەپ يېزىشىمنى پەقەت بىلەلمىدىم. باشقا قەغەزگە يېزىۋېلىپ كۆچۈرمىسەم بولمايتتى. بىرمۇنچە باشقا قەغەزلەرنى يىرتىۋەتتىم. ئاخىر ساڭا مۇنداق دەپ يازدىم: «ئوبدان مېھرىئاي، سەن ئۇنداق قىلما، مەن سېنى پەقەت ئۇنتۇپ قالمىدىم. بىز يەنە

بۇرۇنقىدەك بىر ـ بىرىمىزگە ئامراق بولايلى، سەن مېنى بۇرۇن دائىم بىرگە ئوينايلى دەيتتىڭغۇ؟ هازىر ياراتمايدىغان بولۇپ قاپسەن. بەك قاپىقىڭ يامان، تۇمشۇقۇڭ يامان، ماڭىلا شۇنداق قىلىسەن. مەن ساڭا قانداق يامانلىق قىلدىم؟ مەن ساڭا دائىملا ياخشىلىق قىلىشنى ئىزدەيمەن. ئەگەر مۇشۇ تىترىتىمىنىڭ ۋارىقى لازىم بولسا قانچىلىك يىرتىۋالساڭمۇ هەرگىز قىزىرىپ كەتمەيمەن. مۇشۇ چىرايلىق تىترىتىمىنىڭ ئۆزىنى ئىشلىتىدىغان بولساڭمۇ مەيلى. مېنىڭ تىترىتىمنى ئىشلەتكىنىڭ ئۈچۈن بەك خۇش بولۇپ كېتىمەن...»

شۇنداق خەتلەرنى يازساممۇ، ئۆزۈمنىڭ ئەڭ ئامراق نەرسەمنى ساڭا بېرەي دېسەممۇ، يەنە ئۇنىمىدىڭ. خېتىمنى ئوقۇدۇڭمۇ ـ ئوقۇمىدىڭمۇ، پەقەت بىلمىدىم. بىر قارىسام، ئوقۇغاندەك كۆرۈنىسەن، بىر قارىسام ئوقۇمىغاندەك كۆرۈنىسەن. مەن ئاخىر ئوقۇمىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. يالغۇز يەردە بۇنى ئويلاپ يىغلىغۇم كېلىپ كەتتى. مەن ئاخشىمى ئۆگزىگە چىقىپ، يۇلتۇزلارغا قاراپ، پىچانىنىڭ ئۈستىدە ئوڭدا ياتتىم. ئاسماندا يۇلتۇزلار بەك جىق، مەن بۇ يۇلتۇزلارنى يەردىكى ئادەملەردىن جىقمىدۇ؟ دەپ ئويلىدىم. يەنە سەن يادىمغا كىرىۋالدىڭ. مەن هازىر يۇلتۇزلارغا قاراپ ياتقاندا، سەن نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغانسەن؟ ئۆتۈك مايلايدىغان ماي قۇتىسىنىڭ ئىچىگە نەم توپىنى تولدۇرۇپ سېلىپ ئاداشلىرىڭ بىلەن قېرى ئۈجمىنىڭ تۈۋىدە، كۆل بويىدا ساپلەك ئويناۋاتامدىغانسەن ياكى كىچىك ئالا ـ بۇلماچ يەل توپ بىلەن ئالتە تال شاپتۇل ئۈچكىسىدە تەمەچ ئويناۋاتامدىغانسەن؟ ياكى بولمىسا هەرخىل رەڭدىكى لاتىنى قۇراپ تۆت چاسا تىكىپ ئىچىگە ئۇششاق ـ ئۇششاق چېقىلغان ئەينەك پۇچۇقى سېلىنغان سابىرنى ئويناۋاتامدىغانسەن؟ مەن بىلىپ قالدىم. هازىر ئويۇنۇڭ پەقەت مەكتەپتە بار، باشقا يەردە يوق! ئۆيگە بارساڭ ئۆگەي ئاناڭ ئىشتىن باش كۆتۈرتمەيدىكەن. مانا مەن هازىر يۇلتۇزلارغا قاراپ ياتقاندا، سەن چوقۇم ئۆگەي ئاناڭنىڭ

ئۆچىسىنى تۇتتۇۋاتقانسەن ياكى ئۆكىلىرىڭنىڭ مەينەت كىيىملىرىنى يۇيۇۋاتىدىغانسەن ! تاماقتىن بىكارلانغان قازان ـ چىنىلەرنى يۇيۇپ ، يۇندىسىنى ئىتقا تۆكۈۋاتقانسەن . مەنمۇ ئاشۇ مەھەللىدە بولغان بولسام ، ئۆگەي ئانام چوقۇم مېنىمۇ شۇنداق ئىشلەتكەن بولاتتى . شۇ چاغدا قوشنىمىزنىڭ ئۆگزىسىگە ئۇلارنىڭ يېڭىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوغلى بىلەن ئۇنىڭ بىر ئاغىنىسى چىقتى . قوشنىمىزنىڭ ئوغلىنىڭ ئاغىنىسى گەپ قىلىۋاتقانىكەن ، مېنىڭ خىيالىم بۇزۇلۇپ كەتتى . ئۇلار كىگىز ـ كۆرپە ئېلىپ چىققانىكەن ، بولتۇر يىغىۋالغان خازاڭ ئۈستىگە سالدى . ئۇلار ئوڭدا يېتىشتى ، مېنى كۆرمىدى . قوشنىمىزنىڭ ئوغلىنىڭ ئاغىنىسى ياتمىدى ، ئۇ تاماكا يۆگەپ چېكىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— خەقلەر قىز بالىلارنى ئۆزىگە كۆيدۈرۈۋېلىش ئۈچۈن مولللا ، باخشىغا ئوقۇتۇپ ، تۇمۇر قورچاق ، قەنت ـ ناۋاتقا ئوقۇتۇپ يۈرىدۇ . ئەي ئاداش ، مەن بىر گەپنى ئاڭلىدىم ، ئەگەر ئەتىگەن تورغاي چۇچۇلاشتىن بۇرۇن ئورۇندىن تۇرۇپ باغقا بارساڭ ، كاككۇك ئەتىگەندە تۇنجى سايرىغان چاغدا قونغان دەرەخ شېخىنى تېپىپ سۇندۇرۇپ ئەكېلىپ ، ھەرقانداق قىز بالىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈۋالساڭ ، شۇ قىز بالا ساڭا گەپ يوق كۆيۈپ قالار ئىمىش ، سەن ھەرقانچە قاچساڭمۇ سېنى قوغلايدۇ دەيدۇ . ئۇ قىز سېنى ياراتمىغان بولسا ، ئازراق جاپا ـ جەبىر تارتساڭمۇ كاككۇك قونغان شاختىن بىرنى تېپىپ ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆرۈۋېلىپ ، كەينىڭدىن يۈگۈرتۈپ جېنىنى قىينىمامسەن ؟

— قانداق بولار ؟

— بۇنىڭدا چاتاق يوق . كاككۇك كۈن بويى سايراپ ھالىدىن كېتىپ ، ئەتىگىنى سەھەردە ئويغىنىپ سايرىغاندا ئاغزىدىن قان تامار ئىمىش . خۇدايىم بۇ ئاشىقنىڭ زارى ئۈچۈن ئاشۇ شاخقا شۇنداق خاسىيەت ئاتا قىلىدىكەن . قانچىلىك ئىش ئىدى ، ئەتىگىنى بىردەملىك ئۇيقۇنى قويساڭ ، چوقۇم تاپقىلى بولىدۇ ، باغقا

باربدىغان گەپ . بولدى ، مەنمۇ سەن بىلەن بىللە چىقاي !
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمگە نېمە كەلدى دېمەمسەن ؟ مەنمۇ ساڭا كۆيىمەن . چوڭ ئانام دائىم : «ئاناڭ ساڭا بەك كۆيىدۇ ، كۆزۈڭدىن بىر تامچە ياش چىققىنىنى كۆرۈپ قالسا ، يۈرىكى ئېقىپ كېتىدۇ» دەيدۇ . مەنمۇ شۇنداق . مەنمۇ خۇددى ساڭا ئانام ماڭا كۆيگەندەك كۆيىمەن . ئانام دائىم مەندىن ئەنسىرەپ تۇرىدۇ . مەنمۇ سەندىن ئەنسىرەيمەن . ئانام ماڭا دائىم سىنچىلاپ قارايدۇ ، قېشىمنىڭ بىر تېلى تەتۈر يېتىپ قالسا ، ئۇنى تۈزەپ قويۇپلا سۆيۈپ قويىدۇ . كەشىمنىڭ بوغقۇچى ئۈزۈن ـ قىسقا ئېتىلىپ قالسا ، ئۇنى ئۆزى قايتا چىگىپ قويىدۇ . ئۇ مېنىڭ ھەممە يېرىمگە قارايدۇ . مەن قەيېرىمنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمەن . ئانام ھەممىنى بىلىدۇ . بەدىنىمدە قانچە تال مەڭ بار ، ئۇ مەڭلەر يارىشىدىغان مەڭمۇ ، ياراشمايدىغان مەڭمۇ ؟ ھەممىسىنى بىلىدۇ . كۆيۈش دېگەن شۇ ئوخشايدۇ . مەنمۇ ساڭا شۇنداق كۆيىمەن ، سەنمۇ شۇنداق كۆيسەڭ ، مەن قانداق بولۇپ كېتەر ئىدىم ؟ مەنمۇ ئانامغا بەك كۆيىمەن . ئانام بىردەم بولمىسا ، ئۆيدە ھېچنېمەم يوقتەك بولۇپ يىغا تۇتىدۇ . ئەمدى مەنمۇ كاككۇك قونغان شاخنى ئىزدەيمەن ، ئاشۇ شاخنى تېپىپ سېنىڭ بېشىڭدىن ئۆرۈپ ، سېنىمۇ ماڭا مەن ساڭا كۆيگەندەك كۆيدۈرىمەن ، بولمىسا ، ماڭا باشقا ساۋاقداشلىرىمدەك گەپ قىلساڭمۇ مەيلى !…

## 6

كاككۇك قونغان شاخنى تاپماق نېمىدېگەن تەس ! بىزنىڭ ئۆيدىن بەش ئون يېتىم يىراق يەردە بىر باغ بار . بۇ باغدا ئۆرۈك ، ئالما ، ئامۇت ، توغاچ ، شاپتۇل… ھەممە مېۋە بار . مەن ھەر كۈنى ئەتىگىنى سەھەر چوڭ ئانام ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تەرەتكە ماڭغاندا ، غىپپىدە ئۆيدىن چىقىمەن ـ دە ، باغ تەرەپكە قاراپ چاپىمەن . سەھەردە باغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان كاككۇكنىڭ ئاۋازى قۇلاققا

يىراقتىنلا ئاڭلىنىدۇ . قارىغىن ، مىھرىبان ، كاككۇكنىڭ ھەربىر سايرىغان ئاۋازى سىنىڭ ئاداشلىرىڭ بىلەن ساپىلەك ئوينىغان چاغدا ئاغزىڭنى تۇتۇۋېلىپ كۇلۇشلىرىڭگە ، بارماقلىرىڭ بىلەن يۇزۇڭنى ئېتىۋېلىپ كۇلۇشلىرىڭگە بەكمۇ ئوخشىشىدۇ . كاككۇك ھەر سايرىغاندا ، يۇرىكىم جىغىلداپ ، تېنىمگە بىر تىترەك تارقىلىدۇ . مەن تەرلەپ ، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندا ، ئاران دېگەندە باغقا بارالايمەن . تېخى ئەتراپ بەك سۇزۇلمىگەن ، بۇ باغ ئەتراپى پۇتۇنلەي قاغىلەك جىگدە ، ئازغان بىلەن چىتلانغان باغ بولۇپ ، خەق بۇ باغنىڭ ئىگىسىنى ھەسەن سوغۇق دېيىشىدۇ . ئۇ كۆزلىرى چوڭقۇر ھەم كۆك ، قاپاقلىرى دائىم تۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ئاق ساقال ئادەم . ئۇ ئالدىغا دۇمچىيىپ ماڭىدۇ ، ئۇزۇن خەسە يەكتىكىنىڭ ئالدى ئوچۇق ، پەقەت بەلباغ باغلىغان يېرىلا يېپىلىپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ بېغىدا ھەممە مېۋە بار ، يىل بويى سېۋەت - سېۋەت ، سوكەنلەپ مېۋە قاچىلىۋېلىپ ، چوڭ يوللۇق داستىخانغا موچەنلەپ دۆۋىلەپ قويۇپ ساتىدۇ ، خۇددى ئۆزىنىڭ بېغىدىن چىقمىغاندەك بەك قىممەت ساتىدۇ ، ئەمما خەق ئۇنىڭ ھەممە مېۋىلىرىنى بەك يېيىشىدۇ . ھەممىدىن ئۇنىڭ كۇزدە سارغىيىپ پىشىدىغان سۇلۇق قوتۇر ئامۇتى بەك ساپسېرىق ؛ تاتلىق ، ئۇنىڭ سېۋەتتە ئالتۇن سامسىدەك ئېسىلىپ ، كۇن نۇرىدا پارقىراپ تۇرغىنىنى كۆرسە ، ئادەمنىڭ ئاغزىغا بەك سۇ يىغىلىدۇ ، ئاغزىغا ئالىدىغان بولسا ، شۇئان ئېرىپلا گالدىن ئۆتۈپ كېتىپ ، ئادەم چاينىيالمىغىنىغا ئارماندا قالىدۇ . بىز ھەر تەتىلدە ئۇنىڭ بېغىغا ئامۇت ئوغرىلىغىلى كىرىمىز . ئۇ بەك ھاڭۋاقتى ئادەم ، بىز ئۇ تۇۋۈنى يۇمشىتىۋاتقان ئامۇتنىڭ تۆپىدە تۇرساقمۇ ، شاخلار شاراقلىسىمۇ ئاڭلىمايدۇ ، قۇلىقى گاس . ئۇ بەك قاقشايدۇ ، قارغايدۇ ، دەرەخلىرىنىڭ نوتىسى ، شاخلىرى تۇگۇل يوپۇرمىقى يەرگە چۇشۇپ كەتسىمۇ بىرمۇنچە زارلىنىدۇ . بىز مېۋە ئوغرىلىغىلى كىرسەك ، ئالدىراپ يوپۇرماقلىرى بىلەنلا سىيرىپ قوينىمىزنى تولدۇرىمىز . ئاندىن شاخلىرى بىلەن سۇندۇرۇپ

قاچىمىز. بىزنىڭ بۇلاق ـ تالىڭىمىزغا ئۇچرىغان ئامۇت دەرىخى بولامدۇ، ئۆرۈك بولامدۇ، سالپىيىپ قالىدۇ، خۇددى كېيىملىرى يىرتىلىپ ئىت تالىۋەتكەن بىچارە ئايالغا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇڭا، ھەسەن سوغۇق ئۇششاق باللارنى كۆرىدىغان بولسا، جىن ـ شاياتۇننى كۆرگەندەك، دۇمبەلچەك بولۇپ قالغان مەيدە سۆڭەكلىرىنى يېپىپ تۇرغان ئۇزۇن ساقاللىرىنى دىڭگايتىدۇ، بۇرۇتلىرى شىنىدەك قېتىپ كېتىدۇ. بىز ئۇنىڭ مېڭىشلىرىنى دورايمىز، ناسۋال سېلىۋېلىپ ساقىلىغا تۆكۈرۈپ گەپ قىلىشىنى دورايمىز. تىلىمىزنى ئاستىنقى كالپۇكىمىز بىلەن چىشىمىزنىڭ ئارىسىغا تىقساقلا، ئۇنىڭ ناسۋال چېكىپ قىلغان گەپلىرىنى ئاسانلا دورىيالايمىز. ئۇنىڭ ئەڭ قاتتىق تېرىكىدىغىنى بىزنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىۋېلىپ، نېمە دېسە شۇنى دەپ مايمۇندەك دوراشلىرىمىز… بۇ دوراشلار ئۇنىڭ جېنىنى چىقىرىدۇ. بىز ئۇنىڭ بېغىغا ئوغرىلىققا كىرگەندە، دائىم چوڭ ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ يۈزلىرىمىزگە سېغىز لايدىن تازا سۇۋاپ ئاندىن كىرىمىز ـ دە، قايسى مېۋە پىشقان بولسا شۇنىڭغا مايمۇندەك يامىشىپ چىقىپ، پۇتاپ، سىيرىيمىز.

تاڭ تېخى تولۇق سۈزۈلمىگەچكە، باشقا يەرگە خېلى ئاقچىلىق چۈشكەن بىلەن، باغنىڭ ئىچى تېخى ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك قاراڭغۇ ئىكەن، مېنىڭ تېنىم جۇغۇلدىدى. ئەمما باغنىڭ ھەممە يېرىدىن كاككۇكنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن، توختاپ ـ توختاپ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىز ئېچىپ قويغان تونۇش شورىغا كەلدىم، ھەممە يېرىمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. ھەسەن سوغۇق ئىتلىرىنى قويۇۋەتكەن بولسا قانداق قىلارمەن، قاراڭغۇدا ئامۇتقا يامىشىپ بولغۇچە پېيىمدىن ئالارمۇ؟ كاككۇكلار بەس ـ بەستە سايرىدى. قارا قۇشقاچمۇ ھەممە قۇشلارنى دوراپ سايرىغىلى تۇردى. خۇدايىم ساقلار، نېمە بولسام بولدۇم، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن دەپ باغقا كىردىم. باغنىڭ ئىچى راست بەك قاراڭغۇ، قورققىنىمدىن يۈرىكىم بارغانچە بەك سېلىپ كەتتى، بىر نەرسىنىڭ شەپىسى ئاڭلانغان ھامان يۈرىكىم «قارت» قىلاتتى. مەن جىن ـ

ئالۋاستىدىن بەك قورقىمەن. جىن ـ ئالۋاستى ساپ مۇشۇنداق باغدا ئۇۋا سېلىپ ياشارمىش. بىردىنلا ئېسىمگە جىن ـ ئالۋاستى كىرىۋالدى. جىن ئىتنىڭ سۈرىتىدە، ئۆچكە، مۈشۈك، ئىككى پۇتلۇق ئېشەك، تۈزلۈق قاپاق، بېشى يوق كالا بولۇپ كۆزگە كۆرۈنەرمىش. ئالىمادىس ئۆزۈمگە كاككۇك بولۇپ كۆرۈنۈپ بىرەر شاخقا قونۇپ سايرىسا، مەن ئۇنىڭ قونغان شېخىنى سۇندۇرسام، بىردىنلا قولۇم تۇتماس، پۇتۇم باسماس بولۇپ قالسا قانداق قىلارمەن؟ ئۈستۈم تەرەپكە قارىدىم، دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ھەممىسى خۇددى ئاسماندىكى قارا بۇلۇتتەك كۆرۈنىدۇ. قورققۇم كېلىپ كەتتى، بەك قورققۇم كېلىپ كەتتى. كۆزۈمگە تۈزلۈق قاپاق، بېشى يوق كالا، كۆزلىرى پال ـ پۇل پارقىرايدىغان مۈشۈك كۆرۈنۈپ كەتكەندەك بولدى. دەررۇ كەينىمگە ياندىم. قۇلىقىمغا ئۆچكە مەرىگەندەك، ئىتنىڭ غىڭشىغىنىدەك ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۆزۈم كىرگەن شورا قەيەرلەردە قالدى؟ ئالدى ـ كەينىمگە قارىماي جان ـ جەھلىم بىلەن قېچىپ، قويۇق ئازغان تىكەنلىك چىتقا چىقىۋېلىپ تازا يۈگۈردۈم. يېرىم يولغا كەلگەندە، يۈگۈرگۈدەك ھالىم قالمىدى. ئۆپكەم تىقىلىپ، يولنىڭ قىرغىقىغا ئولتۇرۇپ قالدىم. يۈزلىرىم، بىلەكلىرىم، دۈمبە، پاقالچاقلىرىم ۋاژىلداپ ئېچىشىپ كەتتى. بامدات نامىزىدىن يانغان جامائەت يوغان سەللە ئورىغان، ئۇزۇن ئاق ساقال ئاخۇنۇملارنىڭ كەينىدىن ئاللىكىملەرنىڭ نەزىرىسىگە ماڭغان چېغى، يولغا پاتماي سەپ بولۇپ دوقمۇشتىن ئەگىپ چىقىشتى. شۇئان قورقۇنچۇم تۈگەپ، پۈتۈن بەدىنىم قىزىپ ئېچىشىپ كەتتى. خەقتىن نومۇس قىلىپ، بىر تارچۇق يول تەرەپكە ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتىم. ھازىرقى تۇرقۇمدا مېنىڭ يۈزۈمدىكى، بەدەن ـ پاقالچاقلىرىمدىكى قالايمىقان قانلىق سىزىقلارنى كۆرسە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ تېنى شۈركەنمەي قالمايدۇ. ھەممە يېرىمگە قارا چۈمۈلە چاپلىشىۋېلىپ چېقىۋاتقاندەك، ئاچچىق ئاغرىق دەردىدىن يىغلىۋەتتىم. ئانام، چوڭ ئانىلارغا نېمە دەرمەن؟ ئۇلار

بۇنى كۆرسە چوقۇم ئاللا ـ كاللا دەپ ئالەمنى مالەم قىلىدۇ . بۇ ئىشنى ئۆزلىرىنىڭ كەيىنز بالىسىدىن كۆرمەي ، بىركىملەردىن كۆرىدۇ . راست گەپنى تېخى دېگىلى بولمايدۇ . نېمىدەپ چۇشەندۈرەرمەن ؟ قاق سەھەردە قەيەرگە بېرىپ نېمە بالا ـ قازاغا يولۇقتۇڭ ؟ دېسە ، نېمىدەپ جاۋاب بەرگۈلۈك ؟ كىم كۆرسە سورىماي قالمايدۇ . يات ئادەملەر كۆرسىمۇ نېمە بولغانلىقىمنى سورىمىغان تەقدىردىمۇ ، ماڭا ئىچ ئاغرىتىش ھەم ھەرخىل گۇمان بىلەن تىكىلىشىدۇ . ئاپلا ، نېمە دەرمەن ؟ خەق بىلەن نېمە كارىم ! ئەتىگەندە ھەر كۈنى بۇنداق چاغدا مەن يوتقاندا چۈش كۆرۈپ ئۇخلىمايتتىمۇ ؟ چوڭ ئانام توۋلاپ ھېرىپ ، ئانام كىرىپ مەكتەپكە بارىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ ئېشىپ كەتتى ، كېچىكىپ قالساڭ مۇئەللىمىڭ تىللايدۇ ، باللار ئارىسىدا ئىزا تارتىسەن دەپ ، بېشىمغا كېلىپ جورۇپ كەتمىگۈچە ، ئورنۇمدىن تۇرمايتتىم . ئەمدى ماۋۇ ئىشنى كۆر ! قانداق قىلارمەن ؟ ئۆيگە زادى نېمىدەپ كىرەرمەن ؟ ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ ، ئۆيدىكىلەر ئىشەنگۈدەك ھېچبىر گەپ تاپالماي تۇرغىنىمدا ، ئاسماندا غوڭ قاپاق بىلەن شۇقۇرمىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . قارىسام ، ئېگىزدە بىر جۈپ كەپتەر ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ . بىرىدىن بوم ، يەنە بىرىدىن زىل چۇڭقۇلدىغان ئاۋاز چىقىۋاتىدۇ . ئىگىسى بۇ ئىككى ئېسىل كەپتىرىگە غوڭ قاپاق بىلەن شوقۇرما ئېسىپ قويۇپتۇ . يادىمغا دەررۇ چوڭ ئانام ، ئاناملار ئىشەنگۈدەك بىر گەپ كەلدى . راست ، ئارقىغا چىقسام ، قانىتى بوغۇشلۇق بىر كەپتەر تۇرىدىكەن ، قوغلىسام ئۇزاق ئۇچالمايدىكەن ، تۇتۇۋالىمەن دەپ قوغلاپ ، ھەسەن سوغۇقنىڭ بېغىغا بېرىپ قالدىم . كەپتەر باغقا چۈشۈپ كەتتى . شورىدىن باغقا كىرسەم ، ھەسەن سوغۇقنىڭ ئىتى بار ئىكەن ، قوغلاپتى ، قاچىمەن دەپ چىتقا ئۆزۈمنى ئۇرۇۋېتىمەن...

ئەمدى بارا ـ بارا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم . مەن باغقا بېرىپ نېمىشقا قورققاندىمەن ؟ ئاتايىن بېرىپ نېمىشقا كاككۇك قونغان شاخنى ئەكېلەلمىدىم ؟ بىر ھەپتىگىچە كۈندۈزى باغنىڭ

يېنىغا بېرىپ چۆرگىلەپ كەلدىم . باغدا قورققۇدەك ھېچنېمە يوق ئىكەن ، نېمىشقا قورقتۇم ؟ ئەتىگەنلىككە ، خۇدا بۇيرۇسا چوقۇم بارىمەن . بېرىپ كاككۇك قونۇپ سايرىغان شاخنى چوقۇم تاپىمەن دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە بىرمۇنچە ۋەدە بېرىمەن . ئەمما ئەتىگىنى ئويغىنىپ تالاغا چىقىپ ، ھېلىقى كۈندىكى قاراڭغۇ باغنى ، ھېلىقى قورقۇنچلۇق جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ سۈرىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ قورقۇپ بارالمايمەن . ھەرقانچە قورقماي دېسەممۇ قورقىمەن . ئىككى ئەتىگەن قورقمايمەن دەپ بېرىپ ، باغنىڭ يېنىغا بېرىپ باغنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن قورقۇپ يېنىپ كەلدىم . كاككۇكنىڭ ھەرقېتىم سايرىغان ئاۋازى يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرۇپ ، كۆزۈمنى كەينىمدە قويىدۇ . مەن ئاخىر ۋەدەمدە تۇردۇم ، باغقا كىردىم ، يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلىشىپ ، كاللامدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ جىن ـ شاياتۇنلار كۆز ئالدىمدا ھېلى پەيدا بولۇۋاتقاندەك ، دەرەخنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ ماراپ تۇرۇۋاتقاندەك ، ئۈستۈمدە قاپقارا بۇلۇتتەك كۆرۈنىدىغان يوپۇرماقلار ئارىسىدىن تۆپەمگىلا چۈشۈپ ، گېلىمنى بوغۇۋېتىدىغاندەك ھېس قىلساممۇ ، ئىشقىلىپ ئۆلگۈدەك قورقۇپ ، ھەربىر شەپىدىن زۇۋانىمغا گەپ كەلمىسىمۇ ، چىداپ تۇرۇپ ئىزدىدىم . يان تەرىپىمدىلا كاككۇك سايرىدى ، قورققىنىمدىن ئىزىمدىلا چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا تۇرۇپ قالدىم . ئۇ كاككۇك سۈرەتلىك جىنمىدۇ ؟ يەنە سايرىدى ، سايراۋەردى . ھەربىر سايرىغان ئاۋازنىڭ ئاخىرى بوغۇلۇپ يىغلاۋاتقاندەك ئاڭلىنىدۇ . مەن ئاخىر ئالدىمغا چامدىدىم ، قاپقاراڭغۇ يوپۇرماقلار ئارىسىغا تىكىلىپ قارىدىم ، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولماي قالدى . مەن كاككۇك سايراۋاتقان ئامۇت دەرىخىنىڭ ئاستىغىلا كەلدىم . ئۇ ئۈستۈمدە ھارماي سايراۋاتىدۇ . ئۇ قەيەردىدۇ ؟ قەيەردە ، قايسى شاخقا قونۇپ سايراۋاتقاندۇ ؟ شۇنچە تىكىلىپ قارىساممۇ ، ھېچ كۆرەلمىدىم ، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمىدى ، پەرق ئېتەلمىدىم . شەپە چىقارماي جىم تۇرۇپ خېلى ئاڭلىدىم ، ئەمما قايسى شاختا ئىكەنلىكىنى پەقەت بىلەلمىدىم .

ھېلى ئاۋۇ ئېگىلىپ تۇرغان قېرى شاختا باردەك، ھېلى ئۇنىڭدا ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. مەن بەكرەك تاڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم. قاراپ ئولتۇرۇۋېتىپ بوينۇم قېتىپ قالدى. ئىچىمدىكى ھەممە قورقۇنچىم تۈگىگەن ئوخشايدۇ. ئىچىمگە بىر خۇشلۇق كىرىۋالدى. يۈرىكىم ئەمدى خۇشلۇق ئىچىدە بەك سوقۇپ كەتتى. ئاشۇ شاخنى كۆرۈۋالسام بۇ ئامۇتقا ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يامىشىپ چىقىمەن ـ دە، شاخنى پەم بىلەن سۇندۇرۇپ، باغدىن پەم بىلەن چىقىپ يولغا چىقىۋېلىپلا بار كۈچۈم بىلەن قاچىمەن. بۈگۈن چۈشلۈك تەنەپپۇستا مېھرىئاي يەردە يېرىم چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ باشقا ئادىشى بىلەن تەمەچ ئوينايدۇ. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ بۇ تاياقنى ئۇنىڭ بېشىدىن شارت ـ شۇرت قىلىپ ئۆرۈۋالىمەن ـ دە، ئاڭلىۋالغاندەك سۇزۇك ئېقىن سۇغا تاشلىۋېتىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن مېھرىئاي چوقۇم ماڭا بۇرۇنقىدەك ئامراق بولىدۇ. مەن ئۇ چاغدا ئۇنى ئۆزۈمگە كۆيدۈرۈۋالدىم دەپ ھەرگىز كەينىمدىن يۈگۈرتمەيمەن. دەل ئاشۇ چاغدا، «پالاق ـ پۇلۇق» قىلىپ قالدى، كاككۇك ئۇچۇپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ قاراڭغۇدەك سىيماسىنىلا كۆردۈم، يۈرىكىم سىلىپ كەتتى. بىر تىك ئۆسكەن شاخ ھەممىدىن بەكرەك پۇلاڭشىدى. مەن ئامۇتقا چىقتىم. ئامۇتنىڭ يىرىك ھەم قاتتىق قوۋزاقلىرى بىلەك، پاقالچاقلىرىمنى يالاپ، نېپىز بىر قەۋەت تېرەمنى سۇرۇپ پۇرلەپ تاشلىۋەتكەن قەغەزگە ئوخشاش يىغىپ قويدى. مەن ئاشۇ لىڭشىپ تۇرۇۋاتقان شاختىن پەقەت كۆزۈمنى ئۈزمىدىم. مەن ئاخىر ئامۇتنىڭ ئۇچىغا چىقتىم. شاخنى تۇتتۇم، شاخنى تۇتۇشۇمغا، دەسسىگەن شاخ قاراس قىلىپ سۇندى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ قولۇمدا تۇتۇۋالغان شاخمۇ سۇندى. «ۋايجان» دەپ قالدىم. يەرگە يانتۇ چۈشكىنىمنى بىلىمەن، قالغىنىنى بىلمەيمەن. قولۇمدا كاككۇك قونغان شاخ بار. بىر ھازادىن كېيىن ئېسىمنى بىلسەم، پۈتۈن ئەت ـ جېنىم مۇزلاپ كېتىپتۇ، ھەممە يېرىم لوقۇلداپ ئاغرىيدۇ. كاككۇك قونغان شاخنى تۇتقان ئوڭ قولۇمنى كۆتۈرەلمىدىم. سەل

مىدىرلاتسامىلا، جانىنى ئالىدىغان ئاچچىق ئاغرىق مېڭەمنى زىڭىلدىتىۋېتىدۇ. مېنىڭ ئوڭ قولۇم بېغىشىمنىڭ يېنىدىن سۇنۇپ كېتىپتۇ. بىر ئايغىچە تېڭىپ بوينۇمغا ئېسىپ يۈردۈم، لېكىن ئاشۇ كۈنى باغدىن ئۆيگە يېرىم كۈندە كەلدىم. كاككۇك قونغان شاخنى تاشلىۋەتمىدىم. مەن بۇ شاختىن گۇمانلىنىمەن. كاككۇك قونغان شاخ مۇشۇمۇ، ئەمەسمۇ؟ ئېنىق بىلمەيمەن. پەقەت لىڭشىغانلىقىنى، كاككۇك ئۇچقاندا لىڭشىغانلىقىنى كۆردۈم. چۈشكىچە ئۆملىگەندەك مېڭىپ ئۆيگە كەلدىم، شاخنى بىر دالدىغا كۆمۈپ قويۇپ، ئاندىن ئۆيگە كىردىم...

# 7

تاملىرىغا گىلەم تۇتۇلغان تار، ئەمما ياسىداق ھۇجرا، ئىككى قات تاۋار كۆرپە، ئاق كىرلىك، ئالما ئۇرۇقى دۇخاۋا يوتقان، بىر يوتقان، ئىككى قات كۆرپە، بىر جۈپ ياستۇق. مانا بۇ مېھرىئاي نەچچە قات تويلۇق كىيىملىرى بىلەن نۇرغۇن قىزلارنىڭ قىزلىق ھاياتىنىڭ ئاخىرقى قىرغىقىدىن ئاياللىق ھاياتىنىڭ دولقۇنلۇق دېڭىزىغا ئۈزۈلىدىغان پەيت، قىرغاق... مانا بۇ قىرغاقتىن ھېلىلا ئۈزايدۇ، ئۇنى مۇشۇ تار ھۇجرىدىن ئۈزىتىدۇ، سەسكىنىدىغان، پەقەت كۆڭلىگە سىغدۇرالمايدىغان بىر ياش ئەر ئۈزىتىدۇ. ئۇ ئىككى ئوتتۇرا ياش يەڭگىنىڭ ھەمراھلىقىدا ياتتى، كۆزىنى يۇمۇپ بېشىنى يوتقانغا پۈركەپ يېتىۋالدى. بۇ يوتقان ھېلى ئېچىلار، شۇ چاغدا ئۇ نېمە دەر، نېمە بولار... مانا بۇلارنى تولا ئويلاپ تاشلىۋەتتى، ئۇنىڭ قولداشلىرى ئۇنى تويلۇق كىيىملىرى بىلەن، ناغرا ـ سۇناي نەغمىسى ئىچىدە، يىگىتلەرنىڭ ھاي ـ ھايلىرى ئىچىدە كىچىك ماشىنىغا يېتىلەپ چىقتى. ئۇ ھېچنېمىنى ئويلىمىدى. پەقەت ئاشۇ مۇسانىڭ تالاي ئوقۇپ ياد بولۇپ كەتكەن، كىچىكىدىن باشلاپ تاكى ئىككىسى مۇھەببەتلەشكەنگە قەدەر، يەنى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىق سىنىپىدىن تارتىپ

رەسىمى مۇھەببىتىنى باشلاشقا سەۋەب بولغان ئۇزۇن خېتىنى ئەسلەپ چىقتى . ئۇ ماشىنىغا ئېلىپ چىقىلىۋاتقاندا ، ئەنئەنىۋى قائىدە بويىچە ، توي ئەھلى ئاڭلىغۇدەك ، يىگىتلەرنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرىنى ، ناغرا - سۇناي ئاۋازىنى ، قىزلارنىڭ قىقاس - كۈلكىلىرىنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئۈن سېلىپ ھۆكۈيتۈپ يىغلىشى كېرەك ئىدى ، ماڭغىلى ئۇنىماي قولداشلىرىنى قىينىشى كېرەك ئىدى ، ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلمىدى ، ئۇنىسىز ماڭدى ، ماڭغاندىمۇ ئىتتىك ماڭدى ، قولداشلىرى نومۇس قىلىپ ئۇنى تارتقۇچلاپ ، ئۆزلىرى سۆرەپ مېڭىۋاتقاندەك كۆرسەتمەك بولدى ، ئۇنىڭ بىلىكىدىن چىمداپ :

— ۋۇي ، سەت قىلىق قىلمىسىلا مېھرىئاي ، نېمە قىلغانلىرى بۇ ؟ ئەتىگەندىن بېرى سەۋر قىلسىلا دېسە ئۇنىماي يىغلايلا ، مانا ئەمدى يىغلايدىغان چاغدا يىغلىمىسىلا قانداق بولىدۇ ؟ بەك سەت تۇرىدۇ . يىغلىغان ئاۋازلىرىنى خەق ئاڭلىمىسا ، ئاران تۇرۇپتىمـ كەن ، دەيدۇ ، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ يۈزى تۆكۈلىدۇ . يىغلىسىلا دەيمەن ! باياتىن بېرى يىغلىغانلىرىنى خەق ئاڭلىمىدى ، خەق ئاڭلىمىسا يىغلىغاننىڭ نېمە پايدىسى ؟ خەق زاڭلىق قىلىدۇ ، — دېيىشتى . ئۇنىڭ دوستى شەرىپەمۇ بېقىنداپ تۇرۇپ :

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ مېھرىئاي ؟ نېمىدېگەن سەتچىلىك ! يۈزۈڭگە سەت ، يىغلا دەيمەن ! سەن ئۈچۈن مەن نومۇس قىلىۋاتىمەن ، ھېچ بولمىسا «ھۇ !» دەپ بىرنى توۋلىۋەتسەڭمۇ ھېساب ، ئوغۇل بالىلارنىڭ ھەممىسى سۆز - چۆچەك قىلىشىۋاتىدۇ .

بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى . ھېچ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا قاپاق تۈرۈپ گەپ قىلمىغان ئۆگەي ئانىسى :

— ۋاي خېنىم ، سىزدەك ساراڭ قىز بالىنى ئۆمرۈمگە كېلىپ كۆرمەپتىكەنمەن ، ھېچ بىر كىمنى زاڭلىق قىلىپ كۈلمەپتىم ، نېمە كۆرگۈلۈك بۇ ماڭا ؟ يىغلاڭ دەيمەن ! ئىشنى قۇراشتۇرۇپ ، مۇشۇ كۈنگىچە كۆزىڭىزدىن ياش قۇرۇمىدى . مانا ئەمدى بۇ نېمە قىلىق ؟

خۇشلۇقىڭىز ئىچىڭىزگە پاتمىغان بولسىمۇ يىغلاڭ ! ھەممىسى ئاران تۇرۇپتىكەن دەپ كۈلۈشۈۋاتىدۇ .

بۇ يەرنىڭ ئادىتىدە ئادەملەر «سىلى» ، «ئۆزلىرى» دەپ ، بىر - بىرىنى كىچىكىدىن چوڭىغىچە سىلىق - سىپايە ئاتىشىدۇ . «سىز» سۆزى بىر - بىرىنى كەمسىتىش مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ . ئادەملەر بىر - بىرى بىلەن جېدەللەشسە ، بىر - بىرىگە مۇشۇ سۆز بىلەن تەنە قىلىپ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىدۇ . ئۆگەي ئانىسىنىڭ نەشتەردەك سۆزلىرى مېھرىئايىنىڭ يۈرىكىگە بىر ئاغرىق كىرگۈزدى ، ئەمما ئۇ ئۈنسىز ھالدا ماشىنىغا چۈشتى . ئەتراپتىكى ھەممىنى بىرخىل سۆرۈنلۈك قاپلىدى . ئاياللارنىڭ كۇس - كۇس پاراڭلىرى ، بىر - بىرىدىن كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان پاراڭلار بولدى ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېھرىئايىغا چىۋىن چاققانچىلىك تەسىر قىلالمىدى ، قارامتۇل كەلگەن سوزۇق يۈز ، ئۇزۇن ئېڭەك ، قوڭۇر كۆز ، ئەگمەچ قىرلىق بۇرۇن ، خەت تارتقان مايسىدەك يۇمران بۇرۇت ، ئېگىز بەستلىك گەۋدە... مانا بۇلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇردى . بۇ چىراي ئۇنىڭغا بىرخىل قەتئىيەت ، ھەقىقىي ئەرلەرگە خاس بىر جاسارەت بىلەن تىكىلىپ قاراۋاتىدۇ . شۇنداق قاراشتىلا بۇ چىراي شۇنچە سۆرۈن ، قورقۇنچلۇق ، ئادەمنى ئەيمەندۈرىدىغان سۈرلۈك چىراي ، ئەمما ئۇنىڭغا سىنچىلاپ تىكىلگەندە ، سەل ئۇستىگە تارتىلىپ ، سارغۇچ ئېقى كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئاشۇ قوڭۇر كۆزىدىن ئاجايىپ سېھىرلىك ، مېھرىبان ، ئىسسىق ، سەممىي بىر خىل نۇر چىقىدۇ . بۇ نۇر ئادەمگە شۇنچە ئىللىقلىق ھېس قىلدۇرىدۇ . ئۇ مۇشۇ چىراي ئالدىدا ، مۇشۇ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بەست ئالدىدا ، ھەممىنى پەس كۆرىدۇ ، كۆزگە ئىلمايدۇ ، قەلبىدە بىرخىل ئازابلىق ، پەخىرلىنىش ھېس قىلىدۇ ، قىيىن ھاللاردا يۈرىكىدە ساقلىنىۋاتقان ئاشۇ غايىۋانە يۆلەنچۈكىنى يادىغا ئالىدۇ ، ئۇنىڭدىن مەدەت ئالىدۇ . مانا بۇ ئىشەنگەن تۈۋرۈكى — مۇسا ئىدى . مانا ئەتراپىدا ئۆزى ئارىسىدا ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇنىڭ

ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان ، شۇنچە ساختا ، ئىچى قارا ، كۆڭلى پەس ئادەملەر ، ئاجىز مەخلۇقلار… ئۇ ھازىرمۇ ئۆزى سەسكىنىپ تۇرغان بۇ ئادەملەرنىڭ يالغان ھېجىيىشلىرى ، ياسىما كۆيۈمچانلىقى ، غەرەزلىك تەسەللىلىرىدىن كۆرە ، كۆزىنى يۇمۇپ ئاشۇ مۇساسى بىلەن بىللە…

— كىم ؟

— مەن ، بۇياققا كەل .

— مەن دېگەن كىم ، بۇياققا… ھە سىلى مۇسامۇ ؟

— ھەئە ، ئىتتىك بۇ يانغا كەل ، مۇھىم گېپىم بار .

— ۋىيەي ، ئۆگەي ئانامنى بىلىلىغۇ ، بۇ ئالتە كېچىدە قانداق مۇھىم گەپ ئۇ ؟ ئەتە مەكتەپتە دېيىشسەك بولمامدۇ ؟

— تولا گەپ قىلماي ، بۇياققا كەل دېگەندىكىن كەل ! ئەتە مەكتەپتە دېيىشىدىغان گەپ بولىدىغان بولسا ، بۇ كېچىدە سېنى ئاۋارە قىلمايتتىم . ئۇ مۇھىم .

مېھرىئاي دەرۋازا غىچىرلاپ كەتمىسۇن دەپ ئاستا ئېچىپ چىقتى . مۇسا كاپ قىلىپ ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ دالدىغا تارتتى .

— قېلىن ، سەتلەشمىسىلە ، ئالدامچى ، مېنى گوللاپتۇ… ئۆيدىكىلەر قەيەرگە كەتتىكىن دەپ تۆت پۇتى ئۆرە قالىدۇ . مەن كىرىپ كېتەي !

مۇسا ھاسىراۋاتقانىدى ، مېھرىئاي ئۇنىڭغا سەل ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى .

— كىرىپ كېتىسەن مېھرىئاي ، ئومىقىم ، مۇشۇ كىرىپ كەتكىنىڭچە ئەمدى ھەرگىز چىقمايسەن . بۇنىڭدىن كېيىن ، سېنى ئۆگەي ئاناڭنىڭ ئالدىدا ھەرگىز تىلى كېسىك قىلىپ قويمايمەن ، بۇ مېنىڭ سېنى ئاخىرقى قېتىم مۇشۇنداق قىچقىرىشىم .

مېھرىئاي ئۇن قويۇپ ئىچىگە تارتىۋەتتى .

— نېمە ، نېمە دەۋاتىلا ؟ نېمە ئىش بولدى ؟ نېمىشقا بۇنداق دەيلا ؟ مەن سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىگە كېلىدىغان بىرەر ئىش قىلدىممۇ ، كۆڭۈللىرىنى ئاغرىتىپ قويدۇممۇ ياكى بىر كىم مەن

توغرۇلۇق بىر نېمە دېدىمۇ؟ — دېدى مېھرىئاي ئالاق - جالاق بولۇپ .

— ياق ، ياق ، ئومىقىم ، مېھرىئاي ، سەن گەپنى باشقا ياققا ئەكەتتىڭ . سەن مېنى ھەرگىز خاپا قىلمىدىڭ ھەم مەن سەندىن پەقەتلا خاپا بولمايمەن . خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا ھەرگىز بۇنداق بولمايدۇ… مەن ساڭا ، مەن ساڭا باشقا گەپنى دېگىلى كەلدىم . بۇ باشقا گەپ ، مېھرىئاي ، پېشانىمىزگە شۇنداق پۈتۈلگەن ، تەقدىر ، رىزقىمىز شۇنداق ئوخشايدۇ . مەن ئاران 9 - سىنىپقىچە ئوقۇيالايدىغان بولدۇم ، ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ئىشى تۈگەشتى ، مېھرىئاي ، ھەممىسى تۈگىدى…

— نېمە بولدى ، زادى نېمە بولدى؟ مەن تەقەززا بولۇپ ئۆلەي دېدىم . زادى نېمە ئىش بولدى ، دېسىلە قانداق؟ مەن ھېچنېمە بىلمىدىم . ماڭا ھېچنېمە دېمىدىلە ، نېمىشقا بىر - بىردىن ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان گەپلەرنى قىلىلا؟ ئىتتىك بولسىلا ، قانداق دېگەن باش - ئايىغى يوق گەپلەر بۇ؟ سىلىنىڭ بۇنداق گەپلەرنى قىلغانلىرىنى مەن تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتىمەن ، — مېھرىئاي يىغا ئارىلاشقان گېپىنى مۇشۇ يەردە توختىتىۋالدى .

— ئالدىرىما ، مېھرىئاي ، ئومىقىم ، كۆزۈڭدىن ياش چىقارماي تۇر ، سەن بەك ئاجىز ، جېنىڭ بەك ئاجىز ، مەن دېمىمنى ئىبلىۋالاي ، سەن قورقۇپ كەتمە ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال . سەۋر - تاقەتلىك بول! بۇ ئىشنى ساڭا دەي دەپ ئويلىساملا ، يۈرىكىم سىلىپ كېتىپ تىنالماي قېلىۋاتىمەن ، پۇت - قوللىرىم بوشىشىپ كېتىۋاتىدۇ . سەن ھەرگىز مېنى باشقىچە چۈشىنىپ قالما ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەرگىز مېنى خاتا چۈشىنىپ قالما! ھازىر دېسەممۇ ماڭا باشقىچە قاراپ قالىسەن ، بۇنى مەن بىلىمەن . ئەمما كېيىنچە چۈشىنىۋالىسەن . سەن ئاڭلا ، ھەرگىز قورقۇپ كەتمە . مەن ھازىر ، ياق ، بۇنىڭدىن بىرىم سائەت بۇرۇن ، دادامنى ، دادام دېگەن قارا يۈز بەدنىيەتنى بوغۇزلىۋەتتىم ، ئۆلتۈرۈۋەتتىم . ئۇ ئەمدى بۇ دۇنيادىن يوقالدى ، جاھاندىكى بىر ئەسكى ئادەم يوقالدى . ئۇ يەنە

قاچانغىچە قىلغۇلۇقنى قىلىپ ياشايدۇ؟ ئۇنداق ئادەم ئۆلسە ئۆزگىمۇ پايدا، چۈنكى بۇنىڭدىن كېيىنكى قىلىدىغان گۇناھلىرى قىلىنماي قالىدۇ.

— نېمە، نېمە دېدىلە، مۇساجان؟ ساراڭ بولمىغانلا؟

— ياق، ئومىقىم، ئەقىل - ھوشۇم جايىدا، تازا جايىدا. بولۇپمۇ ھازىر! بولمىسا سېنى ئىزدەپ كەلمىگەن بولاتتىم. جاھاندا ئۇنىڭدىن پەس ئەسكى ئادەم بولماس.

— ياق - ياق، مۇساجان دادىلىرىنىڭ ئەسكىلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ئەمما مەن ئىشەنمەيمەن، سىلى چاقچاق قىلىۋاتىلا، ئۇزاق ئەمەس، مەن تېخى ئەتىگەنلا كۆرگەن، ئۇنى سىلى ھەرگىز ئۆلتۈرمەيلا، ئۆلتۈرمىدىلە، مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن…

## 8

— سەن ئىشەن - ئىشەنمە. مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. مەن ساڭا دەپ قويىاي دەپ كەلدىم. سەن بىلىسەن، ئانام بىلەن ئىككىمىزنىڭ كۆرمىگەن كۈنىمىز قالمىدى، ئانام مەن بىلەن سىڭلىمنى ھەم چوڭ ئانامنى باقىمەن دەپ، كوچىغا چىقمىدى، تىلەمچىلىك قىلمىدى، ئۇنىڭدىن باشقىنىڭ ھەممىسى بولدى، تارتمىغان كۈنى قالمىدى. ئۇ ئەرلەردەك، بەلكى ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە ئېغىر ئەمگەك قىلدى، قۇرۇلۇشلاردا مەدىكار بولدى. مەن ئانامنىڭ بىزنى باقىمەن، ئوقۇتىمەن دەپ چەككەن ئازابلىرىنى، دەرد - ئەلەمنى ئويلىسام، پەقەت چىدىيالمايمەن، مېھرىئاي. ئانام چىدىغان جاپا - كۈلپەتكە ھېچقايسىمىز چىدىيالمايمىز، ھازىر چوڭ بولغانلىرىمىز ھېچقاچان چىدىيالمايمىز. چوڭ ئانام قازا قىلغاندىن كېيىن، ئانام ئۇكام بىلەن مېنى ئۆگەيىنىڭ ئالدىغا ئەكىرمەيمەن دەپ، قانچىلىك كۈلپەت تارتىسىمۇ، ياتلىق بولمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، دادام دېگەن ماز بىزنىڭ ھېچ ئىشىمىز بىلەن كارى بولمىسىمۇ، دائىم ئانامنى: «مەن ھايات بولسام، سەن ئەرگە

تېگىدىكەنسەن، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ قورقۇتۇپ كەلدى. ئانام بىچارە، ئەنە شۇنداق ئازاب بىلەن مۇشۇ چاغقىچە ھەممىگە چىداپ كەلدى. مەن ئەمدى چوڭ بولدۇم، جېنىم ئانا، مەن ئەمدى ئوقۇماي، ئىشلەي دېسەم، ئۇ نۆزەمبىللا ئۇنىمىدى. ئۇ بەك مادارىدىن كەتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا تەن بەردىمۇ، ئاخىر بىركۈنى ئۆزىنىڭ ياتلىق بولىدىغانلىقىنى سىڭلىم بىلەن ئىككىمىزگە دېدى. كۆڭلۈم كۆپ يېرىم بولدى. مەن گەپ قىلماستىن تالاغا چىقىپ كەتتىم. مەن بىلىمەن، ئۇ يەنىلا ئۇكام بىلەن ئىككىمىزنىڭ غېمىنى يەپ شۇنداق قىلماقچى بولدى. ئۇزۇندىن بېرى بىزگە خەيرخاھلىق قىلىپ كېلىۋاتقان، ئۇكام بىلەن ماڭا بەك ئامراق، بالا - چاقىسىز يۇسۇپ باقى ئىسىملىك موزدۇز ئادەم، ئۇ بىزگە ناھايىتى جىق ياخشىلىق قىلدى. دائىم ھېيت - بايرام بولسا بىزگە يېڭى كىيىم ئېلىپ بېرىدۇ، ھېيتلىق پۇل بېرىدۇ، قۇربانلىقنى بىرگە قىلايلى دەپ قوي ئەكېلىپ سويىدۇ، بىزگە شۇنچە ئامراق. مەن ئۇ ئادەمگە ئامراق بولسامۇ يۇسۇپ باقى نېمىشقا بىزگە مۇنچىۋالا قىلىدىغاندۇ؟ دەپ خۇدۇكسىرەپ ئويلاپ قالاتتىم، ھەرخىل گۇمانلاردا بولاتتىم، ئانامغا ئاچچىقىم كېلىپ، بەزىدە سەۋەبسىزلا ئاچچىقلىنىپ قايناپ كېتەتتىم، ئانام بۇ چاغدا ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتەتتى. مەن ئانامنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەنلىكىم ئۈچۈن دەرھال پۇشايمان قىلىپ ئىچىمدە ئۆزۈمنى تىللايتتىم، ئانامغا ئىچىم ئاغرىيتتى. كېيىنچە چوڭ بولسام، چوقۇم يۇسۇپ باقىنىڭ ھەممە ياخشىلىقىنى قايتۇرىمەن دەپ ئويلايمەن، ئەمما ئۇ ئادەمنى ئۆيىمىزدە كۆرسەملا غۇژژىدە ئاچچىقىم كېلىپ چىقىپ كېتىمەن، ناھايىتى ئېغىر ئازابلىنىمەن. ئانامنىڭ شۇ تاپتا قانچىلىك قورۇنغىنىنى، سىقىلىپ، ئىچىدىن تۇگىشىپ، كۈندىن - كۈنگە جۇدەپ كېتىۋاتقىنىنى ئويلىسام، يۈرىكىم يىلان چاققاندەك ۋىژژىدە بولىدۇ. ئاھ، ئانا، مەن چوڭ بولۇپ كۈنۈمنى ئالالىغۇدەك بولغۇچە ھايات تۇرۇپ بەرسەڭ، مېنىڭ ئازادە ئۆيۈم بولسا،

باللىرىم بولسا، مەنمۇ باشقا ئادەملەردەك بىر موربدىن تۇتۇن چىقىرىپ ياشىسام، سەن ئۆيىمىزنىڭ تۆۋرۆكى بولۇپ ئولتۇرۇپ بەرسەڭ، ئالدىڭغا داستىخان سېلىپ، كۆڭلۈڭ نېمە تارتسا شۇنى كەلتۈرسەم، ئازادە كۇلۇپ ئولتۇرۇپ، قارىشىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشسەك... مەن سېنى ئۆمرۈڭنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بىر بېقىۋالسام، مەن ئوغلۇڭنىڭ دۆلىتىنى كۆرۈپ، ھەرۋاقلىق تاماقتىن كېيىنكى دۇئايىڭدا مېنىڭ تېخىمۇ بەختلىك بولۇشۇمنى تىلەپ دۇئا قىلىپ، مەندەك بىر ئوغۇلنى تۇغۇپ، بەندىلەر ئۇ ئالەمدە تارتىدىغان بارلىق دوزاخ ئازابىنى بۇ ئالەمدە تارتىپ مېنى چوڭ قىلغىنىڭغا رازى بولساڭ... مانا مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىمدىكى ئارمىنىم. خۇدا ماڭا بۇ دۇنيادا پەقەت مۇشۇنى نېسىپ قىلسا، مۇرادىمغا يېتەتتىم. ئاھ، ئانام، ئانامنى بىر بېقىۋالسام... ئانام ھازىرغا قەدەر مېنى دەپ، سېغىنىپ دەپ ياشاپ كەلدى. بىزنى قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى...

ئاھ... مېھرىئاي، مېھرىئاي. مېنىڭ ئاشۇ بەختلىك ئائىلەمدە سەن ئانامنىڭ كېلىنى بولماقچىمىدىڭ، باللىرىمنىڭ ئانىسى بولماقچىمىدىڭ... ھەر ئىككىمىز ئاتا ـ ئانا مېھرىنى تولۇق كۆرمەي، يېتىملىك ئازابىنى تويغۇچە تارتىپ چوڭ بولغانىدۇق. مانا ئەمدى ھەممىسى تۈگىدى. ھەممە ئارمانلىرىم ۋەيران بولدى. ئەمدى مەندە ياشىغۇدەك نېمە قالدى؟ خۇدا پېشانەمگە شۇنداق پۈتكەنىكەن. رىزقىمىز بىز ئويلىغاندەك بىر ئەمەس ئىكەن. سەن چىرايلىق ھەم ئاق كۆڭۈل، مىجەزىڭ ئوبدان. خۇدايىم بەختىڭنى بەرسۇن!

مېھرىئاي چىداپ تۇرالماي ھۆڭرەپ يىغلاپ مۇسانىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، ئۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ يىغلاپ كەتتى:

— ئوبدان مۇساجان، ئۇنداق دېمىسىلە، مېنىڭ سىلىدىن باشقا كۆڭلۈم سۇ ئىچكۇدەك ھېچنېمەم يوق. ئۇنداق دېمىسىلە، مېنى... مەن قانداق قىلىمەن؟ مېنىڭ بۇ دۇنيادا نېمەم بار؟ مېنىڭ مۇشۇ چاغقىچە تارتقان ئازابلىرىم يەتمىگەندەك، ئەمدى بۇ ماڭا يەنە

نېمە تارتقۇلۇق ؟...

— يىغلىما ئومىقىم . ئەمدى بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى ، ئۇنى ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ !...

مېھرىئاي ئۇنى سىلكىشلەپ ۋارقىراپ كەتتى :

— سىلى نېمىشقا ئۇنداق قىلىلا ؟ زادى نېمىشقا ئۇنداق قىلىلا ؟ ئاشۇنداق ئىشنى قىلىۋاتقاندا ، مەن پەقەت يادىلىرىغا كەلمىدىمىمۇ ؟ مېنى ئويلاپ قويمىدىلىمۇ ؟ نېمىشقا پىتنىنىڭ ئاچچىقىدا ئىشتانىنى ئوچاقتا تاشلىدىلا ؟ مەن زادى سىلىنىڭ يادىلىرىدا يوقمۇ ؟... مەن بۇ ئىشنىڭ باش ـ ئايىغىنى زادىلا بىلەلمىدىم...

— ئۇنداق دېمىگىن ، ئومىقىم . سېنى بىردەممۇ يادىمدىن چىقىرىپ قويغان يېرىم بولسا ، خۇدا تۇرۇپتۇ ! مەن زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم . مېنىڭ ئارزۇلىرىم توزغاقتەك توزۇپ كەتكەندىكىن ، مەن زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم . مېنىڭ گېپىمنى تاقەت قىلىپ تۇرۇپ ئاڭلىغىن . ئانام ھەر قېتىم يۈرىكى سىقىلىپ ئازاب ئىچىدە قالغاندا ، مەن زادىلا چىداپ تۇرالمايتتىم . مەن ئانامنىڭ توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ، ئۈچ كۈنگىچە ئۆيگە كەلمىدىم . ئەمما ئۈچ كۈنگىچە قەيەردە مېڭىپ ، قەيەردە تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن . گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى ، قورسىقىممۇ ئاچمىدى . ئاغىنىلىرىمنىڭ زورلىشى بىلەن يېگەنلىرىم ئوغا ـ زەھەردەك تېتىيدۇ . ئانامنىڭ سۇنۇق چىرايى كۆز ئالدىمدىن زادى كەتمەيدۇ ، ئۇ مېنى دەپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ . مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇمنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەنلىكتىن ، ئۆزىنىڭ ئاجىز ، يالغۇز ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ، ئۆزىگە يار ـ يۆلەك بولمىسا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلدى . ئۈچ كۈنگىچە كۆزۈمنى يۇمسامال ، ئانام كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ . مەن پۇشايمان قىلمەن . ئانام ئۆزىنىڭ ياتلىق بولىدىغانلىقىنى قانچە پاتمان ئازاب ئىچىدە سىقىلىپ ، قورۇنۇپ دەپتۇيۇ ، مەن نېمىشقا ئانامنى تېخىمۇ تەس كۈندە قويۇپ ،

گەپ قىلماي ئۆيدىن يېنىپ چىققاندىمەن؟ ئۇ ھازىر نېمە بولۇپ
كەتكەندۇ؟ بۇ ئۈچ كۈندە ئۇ قانداق ئۇخلىغاندۇ؟ تاماق يېگەنمىدۇ؟
بۇ توي ئۇنىڭ ئۈچۈن تويمۇ ياكى نېمىدۇ؟ دوزاخ ئازابى ھەرقانچە
بولسا مۇشۇنچىلىك باردۇ؟ مەن ئانامنى قانداق قىلماقچىدىم؟ مەن
ئانامنى خۇشال قىلماقچى ئەمەسمىدىم؟ ھازىر نېمە قىلدىم؟ ئۇ
بەلكى تۈگىشىپ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.
مەن دەررۇ ئۆيگە بارماقچى بولدۇم. ئىشىكتىن كىرمەي تۇرۇپلا:
«جېنىم ئانا، سىلى توي قىلسىلا، مەن ھېچقانداق ئويلىمايمەن،
كۆڭلۈم يېرىم بولمايدۇ. باشتا سەل كۆڭلۈمگە يات تۇيۇلغان،
ئويلاپ باقسام سىلىنىڭ ئويلىغانلىرى توغرا ئىكەن!» دەيمەن.
ئانامنىڭ ئالدىدا ھەرگىز كۆڭلۈمدىكىنى بىلىندۇرمەيمەن،
ئۆزۈمنى ئىنتايىن خۇشال تۇتىمەن، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ
ھەممىسىنى قىلىمەن. ساۋاقداشلىرىم زاڭلىق قىلسىمۇ مەيلى،
ھەممىگە چىدايمەن. يۇسۇپ باقى بىلەن ھەرقانچە خۇشۇم
بولمىسىمۇ، كۆرەرگە كۆزۈم بولمىسىمۇ، ئۇ بىزگە ناھايىتى كۆپ
ياخشىلىق قىلغان ئادەم، مەن بۇنى ئۇنتۇپ قالسام بولمايدۇ. مەن
مۇشۇنداق ئۆزۈمنى زورلاپ ئۆيگە ماڭغان بولساممۇ، ئۆزۈممۇ
بىلمەيمەن، پەقەت ماڭغۇم كەلمىدى. بوينۇمدىن باغلىغاندەك
مېڭىپ ئۆيگە يېقىن بارغاندا، يەنە ئۆيگە كىرگۈم كەلمەي، يېنىپ
كەلدىم. يانغاندا خۇددى ئارقامدىن بىرى كېلىپ تۇتۇۋالىدىغاندەك
ياكى مەكتەپكە كېچىكىپ قالغاندەك يۈگۈردۈم. يەنە پۇشايمان
قىلىپ، باياتىن قىلغان خىياللىرىمنى ئويلاپ ئارقامغا ياندىم،
قەدىمىم ناھايىتى ئېغىر، پۇتۇمغا تاش باغلاپ قويغاندەك ناھايىتى
تەستە يۆتكەيمەن. ئادەم ئۈچۈن جاھاندا دىلىغۇل بولۇشتەك،
كۆڭلى تارتمىغان ئىشقا ئۆزىنى زورلاش، زورۇقۇشتەك ئازابلىق
ئىش يوقتەك بىلىندى. ئۆيدىن كەلگەن شۇم خەۋەر مېنى پۇتۇمنىڭ
ئىككى بولۇپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلدۇردى. ئاران ئۆرە
تۇرۇۋاتقان بىچارە ئانامنى، بىز بىلەن ئەزەلدىن كارى بولمايدىغان
باغرى تاش، كۆيۈمسىز دادام كېلىپ: «سەن مېنىڭ كۆز ئالدىمدا

ئەرگە تېگىدىغان بولدۇڭمۇ پەس !» دەپ ئۇرۇپ ، ئۆلەمجان قىلىپ قويۇپ كېتىپتۇ . بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى . ئۆلەر ـ تىرىلىشىمگە قارىماي ئۆيگە چاپتىم . ئاھ ، ئانا ! مانا ئەمدى بولدىمۇ ؟ مەن ئەقلىي كۆيۈك ئوغلۇڭ نېمىشقىمۇ سېنى تاشلاپ كەتكەندىمەن ؟ نېمىشقا سېنىڭ مېنى دەپ ، بىز باللىرىڭنى دەپ ، ياتلىق بولۇشۇڭنى توسقاندىمەن ؟ مەن نېمىدېگەن كالۋا ! مەن زادى نېمىشقا توسۇق بولىمەن ؟ بۇ قانداق دېگەن تەتۈرلۇك ؟ نېمىدېگەن تەتۈر جاھان بۇ ؟ بۇ تەتۈر جاھاندا ياشىغانلىقىم ئۈچۈن تەتۈرمۇ مەن ؟ دادامنىڭ ئانامنى ئۇرۇشقا نېمە ھەققى بار ؟ ئۇ ياۋۇز توڭگۇزنىڭ زادى نېمە ھەققى بار ؟ بىز بىلەن ھازىرغىچە ئۇنىڭ كارى بولمىغانغۇ ؟ ئۇن بىر يىلغىچە تاشلىۋەتكەنغۇ ! ئانام ئۆزىنى دېمىسىمۇ ، بىز باللىرىنى دەپ بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بىزنى پاناھىغا ئېلىشىنى شۇنچە چاغقىچە ئۆتۈنگەنغۇ ؟ بىزنى باقىمەن دەپ ئانامنىڭ تارتمىغان جەبرىسى ، ئاڭلىمىغان گەپ ـ سۆزلىرى قالمىغاندا ، سەن مۇتتەھەم ئۇششۇق ، نامەرد قەيەردە قالغان ؟ بىز يېرىم تاۋاق قوناق ، بىر پارچە زاغرىغا زار ۋاقىتتا سەن رەھىمسىز بۆرە يەپ ـ ئىچىپ كېكىرىپ ، بورۇتۇڭنى مايلاپ ، يانچۇقۇڭنى پۇلغا توشقۇزۇپ ، ھاراق ئىچىپ يۈردۈڭ . قىمارخانىدا ھوشۇق ئېتىپ ، مەيدەڭگە مۇشتلاپ ، ئالتە كۈندە بىر خوتۇن ئېلىپ يۈردۈڭ . مەن ساناپ تۇردۇم ، قانخور بەدبەخت ، گۆرىدىن توڭگۇز قوپقۇر . مەن ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندىن كېيىن ئالغان خوتۇنىڭ ئون ئۈچ ، پەقەت خاتاسى يوق ئون ئۈچ . ئاشۇ بىچارە ئون ئۈچ خوتۇن ساڭا تېگىپ قالغىنى ئۈچۈن مىڭ پۇشايمان قىلىپ ، داد دەپ تۇۋلاپ ، بارمىقىنى چىشلەپ ، سەندىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى . چوڭ ئانام ھەر قېتىم سېنى تىلغا ئالغاندا ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ، كۆزىگە ياش ئېلىپ ئادەمنىڭ قورسىقىدىن ئارغامچا ـ توقۇناقتىن باشقا ھەممە نېمە چۈشىدىكەن ، دەيتتى . ھەقىقەتەنمۇ سېنى بۇ جاھاندا ھېچنېمىگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ . ھەي ، دۇنيادا ئاجىزلارنىلا بوزەك

قىلالايدىغان نامەرد ! ئەجىبا ، سەن ئىت خۇيۇڭ بىلەن ئون ئۈچ خوتۇن ئېلىپ قويۇۋەتسەڭ بولىدىكەنۇ ، بىچارە ئانام بىزلەر يۆلەنچۈكسىز قالغاندا ، ياتلىق بولسا بولمامدىكەن ؟ خۇدايىم سەندەك ئادەملەرنى ياراتقاندا ، تېنىگە ، قېنىغا ئازراق ۋىجدان سۈيى قوشۇشنى ئۇنتۇپ قالامدىغاندۇ ؟ ئانام ، سەن ھەرقانچە ئەسكى بولساڭمۇ ، بىزنىڭ دادىمىز بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ، ئاخىر ئەقلىنى تاپار ، خۇدىنى بىلەر ، خۇيىنى تاشلار دەپ ، ساق ئون بىر يىل ساقلىدى ، ئەمما ، قانغا سىڭىپ كەتكەن تەبىئىتىڭ ئۆلگۈچە ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بىلمىگەنىكەن . ئانام ئاخىر ياتلىق بولماقچى بولغاندا ، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلەمجان قىلىپ قويۇپسەن . ئۆلۈك - تىرىكى بىلەن كارى بولمىغان ئادەم ، ياتلىق بولسا چىدىيالامدىكەنسەن ؟ ئۇيغۇرلاردا قىمارۋاز مەرد بولىدۇ ، دېگەن گەپ بار ، ئەمما سېنىڭدەك نامەرد ، پەسلىرىمۇ بار ئىكەنغۇ ؟ سەن ئانام ئۆلسە رازى ئىكەنسەن ، ئەمما ياتلىق بولۇپ ھايات ياشىشىغا رازى ئەمەس ئىكەنسەن ، ھۇ ، مۇتتەھەم !...

مانا ئەمدى ، ئانام بۈگۈن ياكى ئەتە ئۆلۈپ كېتىدۇ . ئەمما سەن ھازىر ئانامدىن بۇرۇن ئۆلدۈڭ ، مەن قىساس ئالدىم . مەن تۇغۇلغاندا ، قۇچىقىڭدا ئەركىلەتكەندە ، قولۇڭدىكى ئاشۇ ئەتلىمە گۆشنىڭ ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان بولغىيدىڭ ؟ راست ئۆلتۈرۈۋەتتىم ، مېھرىئاي ، ئىشەنگىن ! مەن دادامنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم . ئانامنىڭ ھالى بەك پەس . ئۇ ئەتە ياكى ئۆگۈن ئۆلۈپ كېتىدۇ... ئۇ ئەمدى ھەرگىز ئورنىدىن تۇرالمايدۇ . مەن ئۇنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرەلمەيدىغان بولدۇم ، لېكىن پۇشايمان قىلمايمەن . مەن ئانامنىڭ يېنىدىن كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي ، قولۇمغا قەيەردىن چىققانلىقىنى بىلمەيمەن ، پالتىنى ئېلىپ بېرىپ پايلاپ تۇردۇم . تەلىيىمگە ئۇ مەست بولۇپ يانغانىكەن ، ئىشىكنىڭ ئالدىدىلا ئۆلتۈرۈۋەتتىم . مەنمۇ ئۆلىمەن...

مېھرىئاي مۇساجاننى ئىتتىرىۋەتتى ، قورقۇنچتىن ئۇنىڭ ھەممە يېرى لاغىلداپ تىترەپ ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى .

توگىدى… ھەممىسى توگىدى… مۇساجاننى تۇتۇپ كېتىشتى . دادىسى بوينى مايماق ، يېرىم - يارتا بولۇپ ساقايدى ، ئۇنى تۇرمىگە سولىدى ، ئۇزۇن ئۆتمەي تۇرمىدە ئۆلدى . ئانىسى ئۆلۇپ توگىدى . مۇساجانغا ئون يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى . يېشى توشقىچە بالا جىنايەتچىلەر تۇرمىسىگە سولاندى… مېھرىئاينىڭ پېشانىسى باشتىن تەتۇر !…

## 9

مېھرىئاي يوتقاندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ قات - قات كىيىۋالغان كىيىمىدىن ئىچى سىقىلىپ ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى . چېكىلەپ تېڭىۋالغان ياغلىقىنى قايتا چىگىتتى . سىرتتا ئاندا - ساندا ئۇياق - بۇياققا ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ، توي توغرىسىدا بولۇۋاتقان ئېگىز - پەس پاراڭلار ، ئۇنىئالغۇدىن چىقىۋاتقان ناخشىلار بۇرۇنقىدىن پەسەيگەن بولسىمۇ ، يەنىلا ئاڭلىنىپ تۇردۇ . ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى . مېھرىئاينىڭ كاللىسىدا پەقەت چاقماق چاققاندەك پەيدا بولغان بىر خىيال ئۇنىڭ قاراڭغۇ ، ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان كۆڭلىنى يورۇتۇۋەتتى . ئۇنىڭدىكى ھەممە غەم - ئەندىشە گويا يورۇقلۇقتىن قورقىدىغان قۇرتلار ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ كامارلىرىغا كىرىپ غايىب بولغاندەك غايىب بولدى ، ھەممىسى يوق . خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلى بۇرۇن ھېچقانداق غەم - ئەندىشە داڭگاللىرىدا سوقۇلمىغاندەك ئازادە ، خاتىرجەم بولۇپ قالدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قەلبىدىكى مەنۋى كۈچلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بەربات بولۇپ ، پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە ، ئاشۇ چاقماقتەك چاقناپ پەيدا بولغان ، ئاخىرقى ، شۇنداقلا توسقىلى بولمايدىغان جاسارەتتىن بولغانىدى ، ھەممە ئۇششاق قارشىلىق ، نارازىلىق ، قورقۇمسىزلىقنىڭ يىغىلغان ، يۇغۇرۇلغان كۈچى ئىدى . ئۇ ئۆيدىن تار كوچىغا چىقتى ، توي بولغان ئۆي… ئادەملەر

تېخى ئۈيقۇغا كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسىگە ھاردۇق يەتكەن، ئېزىلىپ كېتىشكەندى. ئۆيدىن، ھويلىدىن چىقىپ بولغۇچە مېھرىئايىنىڭ يۈرىكى سېلىپ، پۇت - قولى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. چىقىۋاتقاچ، چېكىلەپ تاڭغان ياغلىقنى ئېڭىكىدىن چىگدى. ئۇنى ھېچكىم كۆرمەي قالدى. تار كوچا چىراغسىز، ئۇڭغۇل - دوڭغۇل، كىشىلەر يەردىكى يۇندا كۆلچىكىگە تۆككىلى خۇش ياقماي ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپلا تۆككەن يۇندا كوچىنى پاتقاق، تېيىلغاق قىلىۋەتكەنىدى. بۇرۇلىدىغان دوقمۇشتىلا مېھرىئاي بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى پەرق ئەتمىدى، پەرق ئەتكۇدەكمۇ ھالى قالمىغاندەك ئىدى. ئالدىغا كەلگەن تار كوچىلارغا بۇرۇلۇپ، ئادەم يوق يەردە يۈگۈرۈپ، ئادەم ئۇچرىغاندا ئاستىلاپ ماڭدى. ئىككى يەردە تېيىلىپ كېتىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆي ئىچىدە كىيىدىغان ساپما كەشىدىن بىرى چۈشۈپ قالدى. بىردەم مېڭىپ، ئېگىز - پەس دەسسەپ قېلىپ، يەنە بىرىنىمۇ تاشلاپ پايپاق بىلەن ماڭدى. ئەس - يادى كەينىدە، ئارقىسىدىن بىر كىم قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. قورقۇنچ بارغانچە ئۇنى ھاسىرىتىپ، ھالسىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. ھەر ئون قەدەم، بەش قەدەمدە ئىككى تامدىكى يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنىدىغان، ھىم ئېتىلگەن ھەرخىل تار - كەڭ قوش قانات، تاق قانات ئىشىكلەر خۇددى كۆزىنى پارقىرىتىپ ماراپ، تامغا چاپلىشىپ تۇرغان قاراقچىدەك مېھرىئايغا قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كەتتى. بىر نەرسە «تىرىق» قىلسا ياكى شەپە كەلسە، ئۇنىڭ جان - پېنى چىقىپ كېتەتتى. تار كوچىدا ئاندا - ساندا كەچ قالغان ئەركەكلەر ئۇچراپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىن قانداق ئۆتكىنىنى بىلمەي ئۆتتى. ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا ئاتايىن قاراپ قويۇشتى. بۇ كوچا ماڭغانچە تۈگىمىدى. چوڭ كوچا ياكى چوڭ يولغا چىققىلى ئۇ شۇنچە ئالدىرىغانچە بۇ قاراڭغۇ تار، ئېگىز - پەس يۇندا پۇرايدىغان كوچا شۇنچە ئۇزىراپ، تەرەپ - تەرەپكە شاخلاپ كەتتى. ئەگىلىدىغان

يەرنىڭ تولىلىقىدىن مېھرىئاي كەينىگە يېنىپ كېتىۋاتقاندەك ، ھېلى باشقا تەرەپكە كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . كەچ كۈز سوغۇقى يەرنى خېلى مۇزلاتقانىدى . ئاياغسىز پۇتى ھۆل ، لاي بولۇپ كەتكەن پايپاق ئۇنىڭ پۇتىنى مۇزلىتىۋەتتى .

يىراقتىنلا قۇدۇقنىڭ ئاغزىدەك قاراڭغۇ ئۆيىنىڭ تۆڭلۈكى ياكى تۇرمىنىڭ پەنجىرىسىدەك يورۇق ئاخىر كۆرۈندى . تەقەززالىقتىن مېھرىئاينىڭ ئۇمىدسىزلىك باسقان كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ ، كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى . يورۇق ئېغىزنى كۆرۈپلا ، ئۇنىڭ پۇت ـ قولىغا جان كىرىپ ، تېخىمۇ يۈگۈردى ، ستولبا چىراغلىرى قاتىرىسىغا غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان چوڭ ئاسفالت يولغا چىقتى . ھەرخىل ماشىنا ، هارۋىلار ئۇياق ـ بۇياققا ئاندا ـ ساندا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى . مېھرىئاي يولغا چىقىپ ، بىردەم قايسى يول ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالماي تۇرۇپ قالدى . ئېگىز ئەنجان تام ، ياداڭلىق ئۇستىگە سېلىنغان قۇشقاچ چاڭگىسىدەك ئېگىز ـ پەس غۇژمەك سېلىنغان ئۆيلەرگە ، يول بويىدىكى يالىڭاچلانغان ئاق تېرەكلەرگە سىنچىلاپ قاراپ پەرق ئەتتى . بۇ شەھەرنىڭ ئارقا يولى ئىدى . بۇ يەرگە چىقىپ قالغىنىغا ھەيران قالدى . سوغۇق كۈز شامىلىدا ئۇ سوغۇق تەردىن مۇزلىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئاسفالت ئۇنىڭ پۇتىغا مۇز ئۇستىدە تۇرغاندەك بىلىندى ، شەرق تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى ، سەل خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ، ئۇ بوشىشىپ ھارغانلىقىنى ھېس قىلدى . پاقالچاقلىرى سىرقىراپ ، پۇت ئالقىنى چىمىلداپ ئاغرىپ كەتتى . دوقمۇشقا يېقىن يەردە بىر ئات ھارۋىسى كۆرۈندى . ھارۋىكەش چوقۇغا يۆلىنىپ ، مېھرىئاي كېلىۋاتقان تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ مۈكچىيىپ ئولتۇرغانىدى . مېھرىئاي يىراقتىنلا يۈگۈرۈشتىن ئاستىلاپ ئىتتىك مېڭىپ كەلدى ، چۈنكى ئۇ يۈگۈرۈپ كەلسەم ھارۋىكەش سىرىمنى بىلىۋالمىسۇن دەپ ، يۈگۈرۈشتىن توختاپ ، ئىلاجى بار ئۆزىدىكى جىددىيلىكنى بىلىندۈرمەسلىكنى نىيەت قىلغانىدى ، شۇنداقتىمۇ تىنىقى يېتىشمەي ، ھاسىراشنى پەقەت باسالمىدى . مېھرىئاي يېقىنلاپ

كەلگەندە ، ئۇنىڭ ئاياغ شەپىسىدىن هارۋىكەش ئارقىسىغا قارىدى . ستولبىدىكى غۇۋا چىراغ نۇرى ئۇلارغا بىر - بىرىنى تازا ئېنىق كۆرسەتمەيتتى . هارۋىكەش كونا قولاقچىنى كۆزىگە چۈكۈرۈپ كىيىۋالغان ، قويۇق ساقىلى يۈزىنى قاپلاپ تىكەندەك ئۆسۈپ كەتكەن يىگىرمە بەش ياشلاردىكى قارامتۇل يۈز يىگىت ئىدى . ئۇ ئۇچىسىغا كالتە دىراپ چاپان كىيىپ ، بەلباغ باغلىۋالغانىدى . ئۇ چېكىنىۋاتقان تاماكىسىنى دەرھال تاشلاپ :

— قانداق خېنىم ، بىر يەرگە ئالدىراش ماڭغان ئوخشىمامال ؟ هارۋىغا چىقسىلا ، ئاپىرىپ قوياي . ئاتنىڭ ئايىغى ئىتتىك ، سىلىق ، ھەمساتتا ئاپىرىپ قويىمەن ! — دېدى .

مېھرىئاي گەپ - سۆز قىلمايلا هارۋىغا چىقىۋالدى . ئۇ ئېگىز هارۋىغا خېلى قىينىلىپ چىقتى . هارۋىكەشنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىملىق ئاڭلانغاندەك بولدى . بىزنىڭ تۇغقانلارنىڭ بىرىنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلاندىغۇ ؟ ياق ، بىزنىڭ هارۋىكەشلىك قىلىدىغان تۇغقىنىمىز يوق ، بۇ مۇشۇ شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلىقتەك قىلىدۇ دېگەننى ئويلىدى قىز . هارۋىكەش بىردەم ئېتىنى قامچىلاپ يولدا يۈگۈرتكەندىن كېيىن :

— خېنىم ، قەيەرگە ھەيدەيمەن ؟ — دەپ سورىدى .

مېھرىئاي جاۋاب بەرمىدى ، ئۇ ئاڭلىمىغانىدى . ئاتنىڭ بويىنىدىكى قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازى ھەممە ئاۋازلارنى بېسىپ چۈشەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مېھرىئاي ئەندىشىلىك خىياللار ئىچىگە چۆكۈپ قالغاچقا ، هارۋىكەشنىڭ گېپى قۇلىقىغا كىرمىگەنىدى . هارۋىكەش ئىككى قېتىم سوراپ جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن ، بىردەم جىممىتە هارۋىسىنى ھەيدىدى ، كۆۋرۈككە كەلگەندە ، ئاتنى ئاستىلاتتى . كۆۋرۈك بېشى چىراق يورۇقىدا كۈندۈزدەك ئىدى . ياپراقلىرىنى تولۇق تاشلىمىغان قويۇق سۆگەتلەر ئارىسىدا سۇزۇلۇپ شىرىقلاپ ئېقىۋاتقان تۇمەن دەرياسىدىن سوغۇق ساپ هاۋا ئۇرۇلدى . هارۋىكەش يىگىت ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قىزغا دىققەتتە قاراپ :

— خېنىم ، ئۆزلىرى قەيەرگە ؟— ... دەپلا گەپتىن توختاپ قالدى . مېھرىئايىمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھارۋىكەش يىگىتكە قارىغانىدى ، ئىككىسى بىر - بىرىگە تىكىلىپ قېلىشتى . قىزنىڭ قارا كۆزلىرى قېتىپ قالغاندەك ئىدى . بىر ئاپتوبۇس سىگنال بەرگەندىن كېيىن ، ھارۋىكەش دەررۇ ئاتنى يول چېتىگە تارتتى . كېيىن قىزغا يەنە قاراپ بىردەم قاتقاندىن كېيىن ، ئاستا بېشى پەسلەپ ، كۆزلىرىنى قىزدىن ئېلىپ يەرگە قارىدى . قىزنىڭ كۆزلىرىدىن لۆممىدە ياش چىقىپ قىزارغان ھالدا يۈزىنى بويلاپ دومىلىدى :

— سىلى... سىلى مۇساجانمۇ ؟

— مېھرىئاي ، بۇ سەنمۇ ؟

قىز يۈزىنى ئاالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ پاكىتدە يىغلىۋەتتى .

— ھەي ، يىغلىما ! يول تۆپىسىدە بۇنداق كېچىدە يىغلاپ يۈرسەڭ سەت تۇرىدۇ .

قىز دەرھال ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ يۈگۈردى .

— ھەي ، مېھرىئاي ، نېمانداق قىلىسەن ؟

قىز يۈزىنى تۇتقىنىچە يۈگۈرۈپ مېڭىۋەردى . مۇساجان ئاتقا قامچە سالدى . قولىقىنى سالپايتىپ تۇرغان ئات بىردىنلا يۇلقۇنۇپ چاپتى . يىگىت قىزنى يانداپ ئۆتۈپ ، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، قىزنى قۇچاقلاپلا تۇتۇۋالدى . قىز ئۇنى ئىتتىرىپ ، باشقا ياققا قارىۋېلىپ ، ھەدەپ ئۆزىنى ئەپقاچتى . ئەمما مۇساجان ئۇنى تېقىمچىلاپ لىككىدە كۆتۈرۈپ ھارۋىغا ئالدى . ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ ، تۆمەن كۆلى تەرەپكە قارىتىپ قامچىلىدى .

## 10

مېھرىئاينىڭ توي ھاردۇقى يەتكەن ئۆيدىكىلەر كەلدى - كەتتى مېھمانلارنى تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە ئۇزىتىپ بولۇپلا ، ھېچقانداق نەرسىنى يىغىشتۇرماي ، چېچىلىپ دەسسەلگەن

گۆرۆچلەرنى سۈپۈرۈپ ، ئورۇن راسلاپ يېتىپلا ئۇخلاپ قېلىشتى . ئىشىك قاتتىق قېقىلدى .

— رېھىمئاخۇن ، ھوي ، رېھىمئاخۇن ، مەيىنساخان...

بۇلارغا ئەمدى كۆزىنى يۇمغاندەك بولغانىدى .

— يائاللا ، بۇ خەققە ئەمدى نېمە بولغاندۇ ؟ ھەرقانچە گېپى بولسا تاڭ ئاتقاندا دېسە بولمامدىغاندۇ ؟

— ھــە ! دەپ قــويــاملا ، ھېلى ھارام بولۇپ قالمىسۇن ، ئىشىكنى چېقىۋېتىدۇ بۇ خەق ! نېمە بالا بولغاندۇ ؟

مېھرىئايىنىڭ دادىسى يۈرىكى ئاغقاندەك بولۇپ ، دەرھال بىر تەرەپتىن :

— ھــە ، مانا ، مانا ، ھازىر ، — دېگەچ ، كارىۋات بېشىغا باغلىۋالغان چىراغنىڭ پىپىنى تارتىپ ، چىراغنى ياندۇردى . ئىچ كــــيىمىنىڭ ئۈستىگىلا قارا دىراپ پەلتوسىنى ئارتىپ ، تەرەت كەشىنى سېپىپ كىيىپ ، ياتقان تۈمىقى بىلەنلا ئالدىراپ ھويلىغا چــىقتى . ھويلىنىڭ ئىشىكىنىڭ بېشىدىكى چىراغنى ياندۇرۇپ ، ھــويــلا ئىشىكنى ئاچتى ، ئېچىپلا چۆچۈپ كەتتى : «كۆڭلۈمگە چــۈشكەن ئىش ئاخىر بولغانمۇ ـ نېمە ؟ ۋاي ئىست !» ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭ ئەر ـ ئايال قۇدىسى ، ئۇلارنىڭ ئون ـ ئون بەش ئــەتــراپــىدا ياش ئەركەك تۇغقانلىرى ، ئەڭ ئاخىرىدا كۈيئوغلى ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا تىترىشىپ قاراپ تۇرۇشقانىدى . بولۇپمۇ كۈيئوغلىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ ، رېھىمئاخۇننىڭ پۈت ـ قولىدا جان قالمىغاندەك بولۇپ كەتتى .

— كېلىشىپلا ، قېنى ، ئۆيگە كىرىشسىلە ! — دېگەن گەپنى ئارانلا ئاغزىدىن چىقىرالىدى ئۇ .

— بىز ئۆيگە كىرگىلى كەلمىدۇق . گېپىمىزنى مۇشۇ يەردىلا دېيــىشىۋالايلى . بىزنىڭ ئۆيگە كىرىشىدىغان ئىشلىرىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولغان ئوخشايدۇ ، — دېدى ئايال قۇدىسى جالاقلاپ تىترەپ بــوغــۇلــغان ھالدا . رېھىمئاخۇن چۆچۈپ كەتتى . ئۇنىڭ زورىغا كۈلگەن كۈلكىسى دەرھال ئۆچتى .

— بىرەر… بىرەر كېلىشمەسلىك بولدىمۇيا؟…

— تولا خۇپسەنلىك قىلما پوق ساقال جوھۇت ، جاھاندا قىز ئازمىدى؟ — ئەك ئارقىدا تۇرغان كۆيئوغۇل كۆزلىرىگە قان تولغان ھالدا توپنى يېرىپ ئېتىلىپ كېلىپ ، رېھىمئاخۇننىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ ، كۆزلىرىگە قولىنى تىقىپ ، تۇكۇرۇك چاچرىتىپ سۆزلەپ كەتتى ، — سېنىڭ قىزىڭغا ئالغان تويلۇقىچۇ ، گەپ قىلماي ئۇن قىز ئالىمەن !…

توپلىشىپ تۇرغانلار دەررۇ كېلىپ ئۇنى ئاجراتتى .

— ھاي ، ھاي… ھاي… ھاي ، سەمەرھاجى ، ماۋۇ ئىشلىك بولمىدى . بۇ ئادەمدە نېمە گۇناھ؟ قىزىنى بىركىم بىلەن قاچۇرۇۋېتىدىغان نىيىتى بولسا ساڭا توي قىلىپ بېرەرمىدى؟ بۇ ئادەمگە ئازار بەرسەڭ بولمايدۇ ! — دېيىشىپ ، سەمەرھاجىنى سۆرەشتۇرۇپ ئارقىغا ئەكەتتى .

— يانە ۋا ، چۇلەماز گۇينىڭ بالىسى . سېنىڭ نەرىڭنى ئوغۇل بالا دېگىلى بولىدۇ؟ چوڭ داداڭدەك ئادەمنى ياقىسىدىن ئېلىپ ئەدەپسىزلىك قىلىشنى قەيەردىن ئۆگەندىڭ؟ ھۇ زاڭ ، يانە ئارقىڭغا !… — دېگىنىچە ئوغلىنى ئۇرغىلى ئېتىلىپ باردى رېھىمئاخۇننىڭ ئەركەك قۇدىسى . باشقىلار دەرھال :

— ھاي - ھاي ، سەۋر قىلسىلا ئا جۇيجاڭ ، سەۋر قىلسىلا ، ياش بالا ئەمەسمۇ ، ئاچچىق دېگەن ئەقىلنى كېسىدىغان نەرسە ، ياشلىق قىلىپ قويدى ، — دېيىشىپ ئا جۇيجاڭنى توسۇۋالدى . ئا جۇيجاڭنىڭ ئاچچىقتا قىزىل يۈزى قانسىزلىنىپ كەتكەنىدى . غوۋغادىن ئويغىنىپ كەتكەن قولۇم - قوشنىلار بىردىن - ئىككىدىن چىقىپ ، كوچىغا لىق تولدى . ياغلىقىنى چېكىلەپ تاڭغان مەينىساخان ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا ئۆيدىن چىقتى .

رېھىمئاخۇن ئۆلۈكتەك تاتارغان ھالدا ئاغزىغا گەپ كەلمەي ئىشكىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالغانىدى . مەينىساخان چىقىپلا :

— ۋاي خۇدايىم ، نېمە بالا بولدى؟ — دەپ سورىدى .

— نېمە بالا بولاتتى چىرايلىق خېنىم؟ ئارزۇلاپ، داڭلاپ ئەرشتە ئۇچۇرۇپ، مېنىڭ چېكەمگە گۈل قىلىپ بەرگەن پەرىزاتلىرى هارامتاماق لامزەللىدىن بىرى بىلەن قېچىپتۇ. ئەجەب بەلەن قىز ئىكەن، ئەجەب بەلەن قىز چوڭ قىپتىكەنلا! — دېدى. ئوغۇلنىڭ ئانىسى ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ چەكچىيىپ تۇرۇپ.

مەينىساخان پېشانىسىگە بىر شاپىلاق ئۇردى:

— ۋاي قاق پېشانەم، ۋاي مەن ئۆلەي، نى ئات - نى نومۇس ماڭا! ۋاي، هەرقانچە بولسىمۇ ماۋۇ ئۆيگە كىرىشسىلە، چىرايلىق ئولتۇرۇپ دېيىشەيلى! — دېدى مەينىساخان ئۆزىنى يوقاتقان هالدا يىغلاپ.

— سىلىگە نى ئات - نى نومۇس بولاتتى؟ داڭلاپ ئۇچۇرۇپ، تۇخۇمدەك ئاق، سېغىزخاندىن ساق، ئۇنداق ئەخلاقلىق، بۇنداق ئەدەپلىك قىز بولدىيەي، تاغنى تالقان قىلىۋېتىدۇ، باغنى بوستان قىلىۋېتىدۇ دەپ، ئاسماندا ئۇچۇرۇپ بەرسىلە، ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرگەن مەن ئەقىلسىز بولغاندىكىن، ئىزا - نومۇس دېگەن ماڭا بولماي سىلىگە بولارمىدى چىرايلىق مەينىساخان؟ ئىست - ئىست! ئەمدىچۇ، بىزنىڭ سالام - سائەتلىرىمىز، كەلدى - باردىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن! مېنىڭ هەرقايسىلىرىغا قاراشقا يۈزۈم، گەپ قىلىشقا ئاغزىم يوق. قولۇمنى ماۋۇ جەينىكىمگىچە يۇيۇۋېتىپ كەلدىم. سىلىنىڭ ئۆيگە بوسۇغا ئاتلاپ كىرىدىغان پۇتۇم يوق. مەن مۇشۇ كېچىچە قەيەردىن تاپسام، قىزدىن بىرنى تېپىپ، نىكاهىنى ئوقۇتۇپ، ئەتە تويىنى قىلىپ بەرمەيدىغان بولسام، ئىشتانبېغىمغا ئېسىلىپ غىققىدە ئۆلۈۋېلىپ، بۇ دۇنيا بىلەن تايىنلىق خوشلىشىمەن. قېنى، ئوغلۇمغا مۇشۇ قەشقەردىن قىز چىقمىسا ئۇنى كۆرەرمەن!

— هاي - هاي مەرەمنىساخان، ئۆزلىرىگە هاي بەرسىلە. ئۇنداق ئېغىزلىرىنى ئۇششۇتۇپ قويمىسىلا، كۇپۇرلۇق بولىدۇ. ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانغا بۇ بەك يات. ماۋۇ ئا جۇيجاڭنى

ئايسىلا ، ئاللا ھەربىر ئىمان ئېيتقان بەندىسىگە تىلنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن بىر - بىرىنىڭ ئىمان بىلەن يورۇغان دىلىنى خوش ئەتسۇن دەپ ئاتا قىلغان . يامان بولىدۇ . ئاللانىڭ تەقدىرى شۇنداق ، — مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى نىياز قارىم توپنى يېرىپ ئالدىغا ئۆتۈپ مەرەمنىساخانغا نەسىھەت قىلدى ، — ماڭا قارىسىلا ، مەرەمنىسا خېنىم . بۇ ئاللانىڭ تەقدىرى . ئاللا بۇ ئىككى ياشنىڭ رىزقىنى ، نىكاھىنى بىر قىلمىسا ، بىز ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى چېتىپ قويالمايمىز . نىكاھ قوشۇلمىغان گەپ . بولمىسا مانا مۇشۇنداق چىرايلىق ، كەمدىن كەم بولىدىغان كاتتا توي مۇنداق بولامدۇ ؟ خۇدا بۇلارنىڭ نىكاھىنى بىر قىلمىغان گەپ ! بۇنى بىز بەندىلەر بىر - بىرىمىزدىن كۆرۈپ سەتلىشىپ يۈرسەك ، ئاللا ئالدىدا تولىمۇ يامان سۈپەتلىك ئىشلارنى قىلغان بولىمىز ، — دېدى ئۇ . ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى نىياز قارىمنىڭ گېپىنى «راست زادى ، بەرھەق گەپ . نىكاھ قوشۇلمىغان گەپ !» دېيىشىپ تەستىقلاشتى .

— ھەرقانداق گېپىمىز بولسا ، مانا ماۋۇ ئۆيگە كىرەيلى ، داستىخان ئۈستىدە چىرايلىق سۆزلىشەيلى .

— سىلى ھەممىمىز ھۆرمەت قىلىدىغان ، ئەركەكلەر ئاياغلىرىدا ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان ئىمامىمىز ، ئاخۇنۇم !

— خوش ، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا ، — دەپ قول باغلاپ يەرگە قاراپ مەرەمنىسا خېنىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى نىياز قارىم .

— خاپا بولمىسىلا ، بىز سىلىنىڭ ھېچقانداق گەپلىرىنى يىرمايمىز . سىلى نېمە دېسىلى شۇ . ئەدەپسىزلىك قىلسامۇ ئەپۇ قىلارلا . مۇشۇ بىر ئىشتا بىزنى زورلىمىسىلا . مەن بۇ ئۆيدە ئەمەس ، ھەرقانداق ئۆيدە بۇلار بىلەن بىر داستىخاندا ھەرگىز ئولتۇرمايمەن . مەن ئەمدى ئارتۇق خاپىچىلىقنى كۆتۈرەلمەيمەن . ئاۋۇ ئادەمنىڭ قان بېسىمى يۇقىرى ، ئۆيدە ھەتتا «تىرىق» قىلغان ئاۋاز چىقسىمۇ ھەر ئىككىمىز كۆتۈرەلمەيمىز . مېنىڭ يۈرەك كېسىلىم بار . مۇشۇ يېتەر ! مەن بۇ يەرگە قىز سوراپ كەلمىدىم ،

مېنىڭ گېپىم ئاشكارا . مەن بۇ يەرگە ھەممە تويلۇق چىقىمىمنى ، ھەتتا بىر قاپ ئۇرۇس گۇڭگۇرتى بولسىمۇ تۆلەپ بەرسۇن دەپ كەلدىم . ئارتۇق ۋاقتىم يوق ، دېگىنىم دېگەن . كېچىچە مۇشۇ پۇتۇن قەشقەرنى قازساممۇ قېزىپ ، ئوغلۇمغا قىز تېپىپ ، ئەتە ئەتىگەن توي قىلمايدىغان بولسام···

— ھاي ـ ھاي··· بولدى قىلسىلا ، بەس ئەمدى .

— ياق ، زادى گېپىم گەپ ، لاپ گەپ ئەمەس . ماڭا قىزىنى كېلىن قىلىپ بېرەلمەي زەھەر يۇتۇپ ، ھازىر ئۇخلىيالماي ياتقان ئۆيدىن ئونى بولمىسا ھېساب ئەمەس ! مانا ھازىر ئېيتىپ قوياي ، ئەتىگەنلىككە بامداتتىن يېنىپلا ، ئالدى ـ كەينىلىرىگە قارىماي ، بىزنىڭ ئۆيگە تويغا بېرىشسىلا !

— دېگەنلىرى بەرھەق خېنىم ، ماڭا قارىسىلا ، مېنىڭ يېشىم سەكسەندىن ئاشقان ئادەم ، ماۋۇ ئا جۇيجاڭ بىلەن ئىككىلىرى ، ماۋۇ ئەتراپىمىزدا تۇرغان ئەللىك ـ ئاتمىش مەھەللە كوي ، جامائەت ئالدىدا مېنىڭ ماۋۇ ساقىلىم بىلەن سەللەمنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ، مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىمنى يېيىشسىلە ! خاتىرجەم بولۇشسىلاكى ، مەن رېھىمئاخۇن بىلەن ھەقەمسايە بولۇشقىلى ئوتتۇز يىلدىن ئاشتى . بۇ كىشى بىركىمگە ، ھەتتا چۇمۇلىگىمۇ ئازار بەرمەيدىغان ، قولى ئوچۇق ، مەرد ، كەڭ قورساق ئادەم . ئەمدى بۇلار ئىش بولۇپ ئۆتتى . مەن رېھىمئاخۇننىڭ ئورنىدا سىلىگە ۋەدە بېرەيكى ، ئۇ سىلىنىڭ بارلىق توي چىقىملىرىنى تۆلەپ ، بىر پىيالە چاي بىلەن ئۆزرىسىنى ئاشۇرۇپ قايتۇرىدۇ ، ئەمما مۇشۇ ھالەت ، مۇشۇ ئىشلىك ئالدىدا ئەمەس ، داستىخان ئۈستىدە چىرايلىق قايتۇرىدۇ . بۇ بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ زامان ـ زامانىسىدىن داۋام ئېتىپ كېلىۋاتقان قائىدىسى . بۇ قائىدىنى بۇزساق بولمايدۇ . ئىشلىك تۇۋىدە تۇرۇپ ، ئات بېشى ئالتۇن بېرىمەن دېسە ، ھەرقانداق ۋىجدانى بار ئۇيغۇر مۇسۇلمانغا ھاقارەت بولىدۇ . ئاللانىڭ تەقدىرى مۇشۇنداق ئىكەن دەپ ، چىرايلىقچە مۇشۇ ئۆيگە كىرسىلە ، رېھىمئاخۇن چىرايلىق داستىخان سېلىپ چېيىنى قۇيىدۇ ، ئۆزرە

بىلەن ! قانداق دېدىم رېھىمئاخۇن ؟ — ئىمام ئاخۇنۇم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ رېھىمئاخۇنغا قارىدى . رېھىمئاخۇن بېشىنى يەردىن كۆتۈرۈپ دەررۇلا :

— خوش ، تەقسىر ، قۇلۇم كۆكسۈمدە ! — دېدى .

— ھەببەللى ، مانا ! ئەگەرچەندە رېھىمئاخۇننىڭ ئۆيىگە كىرىشنى زادىلا بەتلىرى كۆتۈرۈشمىسە ، مانا ماۋۇ ئىشىك مېنىڭ ئۆيۈم ، مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىشسىلە . رېھىمئاخۇن چاينى مېنىڭ ئۆيۈمدە بەرسىمۇ بولىدۇ . ئىشقىلىپ ، ئىشىك ئالدىدا بۇنداق تۇرۇش بەناھەتەن سەت ، جوھۇتلار بىلەن سودىلاشساقمۇ بۇنداق بولمايدۇ بىزدە !...

— ئىمام ئاخۇنۇم لىللا گەپ قىلدى ، شۇنداق قىلسىلا ! باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە ، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە ئەمەسمۇ !

— تازا ياغدەك گەپ قىلدىلا تەقسىر .

— ئەمدى بۇ گەپكە غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلسىلا نېمە دېگۈلۈك ؟

— بۇنىڭغا ئۇنىمىسىلا ، تەڭلىدىكى يۇندىغا كۈل چىلاپ ، يۈزىگە چېچىپ بېرىش كېرەك[1] ، — دېيىشتى توپ ئىچىدىن .

— ھاي ، ھاي... ئېشىپ كەتتى ، بەس ، — دېدى ئىمام ئاخۇنۇم توپقا قاراپ .

— بىزنىڭ قىلىقىمىز ھەرقانچە ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ ، بىز يەنىلا قېرىنداش ئەمەسمۇ ؟ ئۇنداق دېيىشىپ كەتمەيلى ، — دېدى ئا جۇيجاڭ قىزىرىپ كېتىپ .

— بۇنچىۋالا زوتالىق قىلىپ ، تىللاپ غوۋغا قىلماي ، چىرايلىق دېيىشسىلىمۇ بولدى ئەمەسمۇ ، رېھىمئاخۇن ئاكام ئۆزى نوچى ئادەم ، ئەگەر توخۇ پوقى بىرسى بولىدىغان بولسا ، مەسىلەن ، مەن بولۇپ قالغان بولسام ، قىزنى مەن ساڭا نىكاھ قىلىپ قولۇڭغا بەردىم ، قىزىمنى خوتۇن قىلالماي ماڭا نېمە دەيتتىڭ ؟ دەپ

① ئۇيغۇرلاردا ئىككىنچى بوسۇغا ئاتلاپ كىرمىسۇن دېگەن مەنىدە ئىنتايىن يامان كۆرىدىغانلىقنى ئىپادىلەپ ، يۇندىغا كۈل چىلاپ چاچىدىغان ئادەت بار — ئاپتور .

قىلغۇلۇقۇمنى قىلاتتىم . رىھىم ئاكام نوچىلىقىنى قىلدى ـ دە ! — دېدى بىر ياش بالا .

— هاي بالام ئىمىرهاجى ، سەن تولا ئىش بۇزارلىق قىلماي ، ئۆيۈڭگە كىرىپ ئۇيقۇڭنى ئۇخلا !

— كۆيىئوغۇل قېيناتىغا شۇنداق قىلسا بولامدۇ زادى ؟ ياقىسىغا ئېسىلىدىغان ئىش قەيەردە بار ؟ قىز چوڭ قىلىپ بەرسە ، خوتۇن قىلالماي— ··· دېدى ئىمىرهاجى كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ .

— سەن نېمە دەيسەن ؟ گېپىڭ بار ئوخشىمامدۇ ؟ — دېدى سەمەرهاجى ئىمىرهاجىغا ئېتىلىپ ، باشقىلار دەرهال ئۇنى تۇتۇۋېلىپ هاي ـ هايلىدى .

— سەندەك لاۋزىغا گېپىم يوق ، سەندەك نېمىگە گەپ قىلغۇچە ئاستا گۆرگە تىرىك كىرىۋالىمەن دېگىنە . باشلىق بولساڭ ئۆزۈڭگە باشلىق . هوقۇقۇم بار دەپ ، جىم تۇرسا ياۋاشمىكىن دەپ ، رىھىم ئاكامنى بوزەك قىلىشما ! باشلىق بولساڭ ، قەشقەرگە پادىشاھ بولۇشمىدىڭ ، ناهايىتى ئۇن ئادەمنىڭ باشلىقى ! جاهاننىڭ مەنزىلى ئۇزۇن ، تېخى كۆرىمىز هەرقايسىڭنى ! سەندەكتىن يۈزى بولسىمۇ ، رىھىم ئاكامنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغا يەتمەيدۇ . ئۇنىڭ يەرگە چۈشكەن تىرنىقىنىمۇ تۇپراق كۆلۈپ قوينىغا ئالىدۇ···

— هاي دەيمەن ئىمىرهاجى ، ئاغزىڭنى باس دەيمەن ! ئارتۇق گەپ ئېشەككە يۈك . ئەكېتىڭلار ئاۋۇنى ! — دەپ ۋارقىرىدى ئىمام ئاخۇنۇم ساقاللىرىنى تىترىتىپ . مەرەمنىسا خېنىم تاتىرىپ ، جالاقلاپ ، سەت گەپلەر بىلەن ئىمىرهاجىنى تىللاپ كەتتى . ئا جۇيجاڭنىڭ بىرقانچە تۇغقىنى ئىمىرهاجىغا ئېتىلماق بولۇۋىدى ، خەقلەر هاي ـ هايلاپ توسۇۋالدى . هەممىدىن بەك سەمەرهاجى تېپىرلاپ ، قوللىرىنى شىلتىپ ، ئۆزىنى قۇچاقلاپ تۇرۇۋالغان تۇغقانلىرىنى مۇشتلاپ كەتتى . بىر چوڭ ، بىر ياش ئادەم ئىمىرهاجىنى سۆرەشتۈرۈپ ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى . ئا جۇيجاڭ بولسا پوكاندەك ئېسىلىپ قىزىرىپ كەتتى . ئىمام ئاخۇنۇم ئۇلارنى

ھەيدەشتۇرۇپ ، تەسەللى بېرىپ ، ئۆيگە باشلىدى .
مەينىساخان بىردىنلا پاڭگىدە يىغلاپ رىھىمئاخۇنغا ئېسىلدى :
— ۋاي سەن دۆيۈز ئوغرىنىڭ قىزىنىڭ دەردىنى مەن قاچانغىچە تارتىمەن؟ ھۇ ئۆلمىگەن شۇم پېشانە سوك...
مەينىساخان شۇنداق دېيىشىگە ، رىھىمئاخۇن تەستەك بىلەن بىر ئۇرۇپ مەينىساخاننى ئوڭدا چۈشۈرۈۋەتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ كەتكەنىدى . مەينىساخان ئوڭدا ياتقىنىچە يۈزىنى تۇتۇپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى . رىھىمئاخۇن ئۇنىڭغا ئېگىشىپ قول سوزۇۋىدى ، تۇرغانلار چەكسىز ھەيران بولۇشقان ھالدا :
— ھاي ، ئەمدى بولدى رىھىمئاخۇن ، — دەپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى . رىھىمئاخۇن بىر سىلكىپلا ئۇلارنى دۈگجەرتىۋېتىپ ، مەينىساخاننىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ دەس ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قويدى .
مەينىساخان ئىزا تارتىپ كېتىپ تېخىچە يۈزىنى قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ يىغلاۋاتاتتى .
— قولۇڭنى چۈشۈرۈپ ماڭا قارا ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى رىھىمئاخۇن . رىھىمئاخۇننىڭ مەينىساخانغا تىكىلىپ قارىيالمايدىغانلىقىنى ھەممە بىلدۇ . ئۇنىڭ بۇنداق ئاچچىقلىنىپ باققىنىنى خەق تۇگۇل مەينىساخاننىڭ ئۆزىمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى ، شۇڭا ، ئۇ رىھىمئاخۇننىڭ دەھشەتلىك ئاۋازىدىن چۆچۈپ ، قولىنى دەرھال چۈشۈرۈپ ، يىغلىغان ھالدا رىھىمئاخۇنغا قاراپ قالدى :
— بولە ، ئۇنۇڭنى ئىتتىك ئۆچۈر .
مەينىساخان ھۇقۇيتۇپ يىغلاشتىن دەرھال توختاپ ، ئۆپكىدەپ تۇردى .
— كىيىمىڭنى قىقىپ ماڭە ، ماڭ ئۆيگە !
رىھىمئاخۇننىڭ ھازىرقى ئەلپازىدىن مەينىساخان ئەمەس ، ئەتراپتا تۇرغانلارمۇ تېنى تىكەنلەشكەندەك بولۇپ ، ھاي بېرىشكە پېتىنالماي ، ئىزىدا تۇرۇپ قېلىشتى . دەل شۇ چاغدا ئىمام ئىشىك ئالدىغا چىقتى . رىھىمئاخۇننىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى .

— نېمە بولۇشتىلا؟ قېنى ، ئاۋۋال بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ قالدى گەپنى شۇ يەردە دېيىشىمىز . قېنى ، مەرھەمەت قىلىشسىلا .

— يىغلىماي ماڭ جۇمۇ ! — رېھىمئاخۇن بىگىز بارمىقىنى مەينىساخاننىڭ كۆزىگە تەڭلەپ قويۇپ ماڭدى . مەينىساخان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىمامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى . ئىمام توپلاشقانلارغا ئۆيۈڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار دېگەن ئىشارەتنى قىلىپ ، ئۆزىمۇ ئىشىكنى ئەتتى .

— رېھىمئاخۇن ئاكامنىڭ ئاچچىقى ئەجەب كېلىدىكىنە؟

— مەيىنىساخاندىن قورقىدۇ دەپتىكەنمىز ، مەينىساخاننى چۆچۈرىدەك تۇگۇۋەتتىغۇ؟ — دېيىشتى ياشلار خىرىلداپ كۈلۈشۈپ .

— هار كەلدى بىچارىگە ! ھېلىقى سەمەرھاجى دېگەن چۆلنىڭ قىلىقىنى... قىز چوڭ قىلىپ بەرسە خوتۇن قىلالماي ، شۇنداق قىلسا بولامدۇ؟ بۇ بىچارە قىزىغا ئاجايىپ كۆيىدۇ . قىزىنىڭ كۆزىدىن مىت قىلىپ ياش چىققىنىنى كۆرسە ، تۆت پۇتى ئۆرە قالىدۇ . ئانىسىدىن بەش يېشىدا قالغان شۇ قىزنى دەپ ، ئالدىدىكى بىر ئۇبدان خوتۇننى قويۇۋەتتى ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق ياۋاش قىزنى... بۇ مەينىساخاننىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى . ئۇ نېمە دېسە قىز شۇنى قىلىدۇ . ئۆيىنىڭ ھەممە ئىشىنى شۇ بىچارە مېھرىئاي قىلىدۇ . ئەرنى تېپىپ ، رېھىم ئاكام ئۇنىمىسا ئۆزى بېرىپ ، يەنە رېھىم ئاكامغا گۇناھنى ئارتىۋىدى ، ئەنە خوپ بولدى...

— شۇنداق ياۋاش قىزنى... كىم بىلەن تېپىشىپ قاپتۇ بولا ئۇ قىز؟ ئۇ قىز بالىنى ئۇنداق قىلار دەپ ئادەمنىڭ خىيالىغا كىرمەيدۇ...

— ئانارخاننى دوراپتۇ...

— ياق ، غۇنچەمنى دېگىنە !

— بۇنداق ئىشنى نى - نى يامان دېگەن قىزلارمۇ قىلالمايدۇ . مېھرىئاينىڭ يامانلىقىنى قارا !

— بۇ چاغقا يىگىتى بىلەن كۆڭلىنى خوش قىلىۋاتقاندۇ .
— ئەي ، ماۋۇ يەردە داداڭلاردەك ، ئاناڭلاردەك ئادەملەر بار جۇمۇ ! ياش باللار دېگەنزە ، مۇشۇ كەمدە پەردىشەپ قالمىدى ، — دېيىشتى چوڭلىرى . ئۇلار تارقىلىپ ، ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى .

## 11

— مېنى قەيەرگە ئاپىرىلا ؟
ھــارۋا قوڭغۇراقلىرى جاراڭلىغان ھالدا ئىتلار ئۆمىلىشىپ يــۈرگــەن كــەڭــرى بازارنى كېسىپ ئۆتۈپ ، تۆمەن دەرياسىنىڭ سۆگەتلىك ساھىلىدىكى بىر چىقىلغۇغا كېلىپ توختىدى . مېھرىئاي ئــاشــۇ بـــىــر ئــېــغىز سوئالنى سوردى . ئەمما مۇساجان جاۋاب بــەرمــىــدى . مــېھرىئاي بۇ سوئالنى سوراپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلدى . نېمىشقا پۇشايمان قىلغانلىقىنى كېيىن ئويلاپ قالدى . ئۇ بــارغانچە تىترەپ كېتىۋاتقانىدى . مۇساجان ھارۋىغا ئالغاندا ، ئۇ ئــولــتۇرغىلى جانسىزلىنىپ كېتىپ ، يېنىچە يېتىپ قالدى . ئۇ قورقۇش ، جىددىيلىك ، ھودۇقۇشتىن كېتىپ بارغانىنىڭ ئۈستىگە ، بــۇ تــاســادىــپــىــيلــىــقــقا بەرداشلىق بېرەلمىدى ، ھېرىپ ماجالى قالمىغاندا ، ئۆزى ياشاۋاتقان ھاياتتا يوق ، ئەمما يۈرىكىدە غايىۋانە سۆيگۈگە ئايلانغان مۇنۇ يىگىتنىڭ تازا بىر پەيتتە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى ئۇنى ھەممە دەرماندىن ئايرىۋەتتى . تويغا تەييارلىق قىلغان كــۈنــلــەردە ، توي بولىۋاتقاندا ، ھەتتا تېخى بۇنىڭدىن بىر سائەت بـــۇرۇن ئېرىنىڭ يوتقىنىدا يېتىپ ، سېغىنىش ئىچىدە ئويلىغان يـــىـــگـــىـتىنىڭ بىر سائەتتىن كېيىن ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بــولــۇشى ، كىنو ، كىتابلاردا دېيىلىدىغان گەپلەرگە ئوخشىشىپ قــېــلــىــۋاتقانىدى . ھارۋا توختىدى ، بۆككىدە سۆگەت شاخلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان دالدا چىقىلغۇدا توختىدى . تۆت قەدەم نېرىدىلا تۆمەن دەرياسىنىڭ سۈيى بوش شىلدىرلاپ ئېقىۋاتىدۇ .
— نېمانداق بەك تىترەيسەن ؟ ئەسكى بولسىمۇ جۇۋامنى يېپىپ

قويماي .

ئۇ هارۋىنىڭ ئارقىسىدىكى ساندۇقچىدىن بىر كونا جۇۋىنى ئېلىپ يېنىچە ياتقان مېھرىئاينىڭ ئۇستىگە يېپىپ قويدى . گەپ قىلىشلىرىدىن ئۇنىڭمۇ تىترەۋاتقانلىقى بىلىنىپ قالدى . ھازىر ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ ، تازا تەتۇر ئۇستىخان ئادەم بولغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ . مېھرىئاي ئۇنى تۇرمىگە كىرىپ كەتكەندىن بۇيان كۆرمىگەنىدى . بىردىنلا ئۇنى خىجىللىق ھېسسىياتى قوينىغا ئالدى . راست ، ئۇ تۇرمىگە كىرىپ كەتكەندىن بۇيان بىر قېتىم بولسىمۇ يوقلاپ قويمىدى . بېرىپ يوقلاشنى ئويلىغان ، ئەمما ئىككى كۇنلۇك يەردىكى ئادەمنى يوقلاشقا ئۇنىڭ چامى يەتمىدى . بىر ھەپتە سىرتقا چىقىش تۇگۇل ، بىر سائەت بىر يەرگە كېتىپ قالسا... مەكتەپتىكى چاغدا تېخى بولمىدى . خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ، ئۇگەي ئانىسى ئۇنى قىمىر قىلدۇرمىدى ، خىزمەتتىن چۇشكەن ھامان ئۇيگە كىرىشى كېرەك .

جۇۋىنىڭ ئىچىگە مۇساجانمۇ كىردى . مېھرىئاي قىمىر قىلمىدى .

— ھېچ تولغىنىدەك قىلمايمەن ، ئەمما ، تىترەپ كېتىۋاتىمەن .

مېھرىئاينىڭ بۇرنىغا قاڭسىق تەر پۇرىقى كىردى . بۇ تونۇش پۇراق سەل ئۆزگەرگەنىدى .

— مېنى سېغىندىڭمۇ ؟

— ياق ، — مېھرىئاينىڭ ئاغزىدىن ئاشۇ سۆز يىغا ئارىلاش چىقتى . ئەمما شۇئان ئۇ مۇساجاننىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ، بېشىنى ئۇنىڭ قوينىغا تىقىۋېلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . مۇساجان ئۇنى كۇچلۇك يوغان قوللىرى بىلەن چىڭ قۇچاقلىدى .

— دەسلەپكى يىللىرى بىردەممۇ يادىمدىن چىقمىدىڭ ، ئەڭ كەم دېگەندە ئىككى - ئۇچ كۇندە بىر چۇشۇمدىن چىقمىدىڭ ، — دېدى مۇساجان .

— يالغان .

— قولۇم - پۇتۇم باغلاقتا، ئۆزۈم قەپەستە تۇرسام نېمە ئامال؟

مېھرىئاي شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. تاكى باش ئەزاندىن ئىلگىرىكى توخۇ چىللىغانغا قەدەر يىغلىدى.

— بۇنداق قاتتىقتا يېتىپ باقمىغان بولغىيتىڭ. يېنىڭ ئاغرىپ كەتتىمۇ؟ قۇچىقىمدا تۇتۇپ ئولتۇراي، ئۆي تىزىشىپ ئوينىغان چاغلىرىمىز يادىڭدا بارمۇ؟

مېھرىئاي پېشانىسىنى مۇساجاننىڭ يىرىك ساقاللىق ئېڭىكىگە سۈركەپ تۇرۇپ بېشىنى چايقىدى.

— ئۇنتۇپ قاپسەن - دە!

— تاڭ.

— بۇنداق جاپا تارتمىغان بولغىيدىڭ؟

— تولا تايىنى يوق گەپنى قىلماي، رەسمىي گەپنى قىلىشايلى! مېنىڭ ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. سىلى تۇرمىدىن قېچىپ چىقتىلىما؟

— ياق، قويۇپ بەردى…

— نېمىشقا؟ تېخى يەتتە يىل بارغۇ؟

— ئىككى قېتىم يىلىمنى قىسقارتتى.

— قاچان قويۇۋەتتى؟

— بۈلتۈر روزىدا.

— نېمىشقا مېنى ئىزدىمىدىلە؟

— بوينۇم بارمىدى، ئويلاپ باقسام ھامان قاملاشمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— مانا مېنىڭ ئەھۋالىمنى كۆرگەنسەن؟ سەن دوختۇر، مەن مانا مۇشۇنداق كىرگىلى ئۆيۈم يوق، نان تېپىپ يەيدىغان ئىشىممۇ يوق بولۇپ قالدىم. ئارىلىقىمىزدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار. سېنى يىراقتىن كۆندە كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، كۆرمەيدىغان كۈنۈم يوق. خوش چاغلىرىڭ بىلەن خاپا كۈنلىرىڭنى ھېسابلاپ قويدۇم. بۈلتۈردىن بۇيان، ئىككى يۈز سەكسەن توققۇز كۈن چىرايىڭ

سۇنۇق ، خاپا . قىرىق ئىككى كۈن خۇش يۈردۈڭ .
— هازىر مەن قانداق كۈندە تۇرۇۋاتىمەن ، بىلەملا ؟
— ھەممىنى بىلىمەن ، تويى قىلدىڭ ، قېچىپ چىقتىڭ !...
— مېنىڭ قېچىپ چىقىدىغانلىقىمنى بىلەمتىلە ؟
— ياق . ئىچىمنى بىرنېمە يەپ ، پۇخانىم ئۆرلەپ ، ئۆيگە يەقەت كەتكۈم كەلمەي ، كېچىچە كىراكەشلىك قىلاي دېگەنىدىم . بىر قىز بىلەن بىر يىگىتنى ھېلىقى يەرگە ئەكەلگەن ، ئۇلار پەستىكى ئورمانلىققا كىرىپ كەتكەن ، مەن ئۇلارنى ساقلاپ تۇرسام ، سەن كەلدىڭ . ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولدۇڭ . ئىچىم پۇشۇپ ، جىلە بولۇپ تۇرغانىدىم ، بۇمۇ خۇدانىڭ تەقدىرى .
— بىردەم ئۆيۈم بار دەيلا ، بىردەم يوق دەيلا ، قايسى گەپلىرى راست !
— ئىككىلىسى .
— ۋىيەي ، مىجەزلىرى قىزىق بولۇپ قاپتۇ سىلىنىڭ .
— تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن ، ھەزرەتتىكى دېھقان تاغام ئىگىدارچىلىق قىلدى . يەر ئالدىم ، دېھقان بولدۇم .
— خۇدايىمغا ئازايىم يەتكەن ئوخشايدۇ . ئەمدى بولغۇلۇق بولدى ، خەق نېمە دېسە دېسۇن . ھازىر ھۆكۈمەت تارتىۋالغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋاتىدۇ . سىلىنىڭ ئۆيگىمۇ يول ماڭسىلا ھەل بولىدۇ . ئوقەتنىڭ بېشىنى تۇتسىلا ، ئانچىكى ئادەملەر ئوقەت قىلىپ ئوبدان جاھاندارچىلىق قىلىۋاتىدۇ . توي قىلايلى ! ئۇھ ، خۇدا ، بەرمەيدىغان بەندەڭ يوق ئىكەن .
مېھرىئاي شۇنداق دەپ مۇساجاننىڭ باغرىغا تېخىمۇ چىڭ چاپلاشتى .
— ئىسسىمايىۋاتىمەن ، چىڭراق يۆگىسىلە جۇۋىنى ! — دېدى مېھرىئاي . مۇساجان ئۈنى ئۈنسىز ھالدا تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى . ئۇلارنىڭ تىنىقلىرى تېخىمۇ چوڭايدى ، بارغانچە قاتتىق پۇشۇلدىغان تىنىقلار تۇمەن دەرياسىنىڭ بوش شىلدىرلىغان ئاۋازىدەك

ئاڭلىنىشقا باشلىدى .
— نېمانداق گەپ قىلمايدىغاندۇ ، گەپ قىلسىلا دەيمەن ؟ ھېلى ئۇخلاپ قالىمىز بىكار . ھە راست ، سۇ سوغۇقمىدۇ ؟ توڭلاپ كەتمەسمىز ـ ھە ؟ ئەسكى ! توينى قاچان قىلىمىز ؟ دادام ماڭا چىش يېرىپ بىر نېمە دېمەيدۇ . ئۆگەي ئانام ئەزۋەيلىسە ، ئۆيىنى تاشلاپ بېرىپ ياتىقىمغا چىقىۋالىمەن ، مېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ . گەپ قىلسىلا دەيمەن ، كالىدەك پۇشۇلداپ ياتماي !
— جېنىم مېھرىئاي ، مەن نېمە دېسەم بولار ؟ تاغام… تاغامنىڭ قىزى بىلەن چېتىپ قويغان…
— ھە ؟
مېھرىئاي ئۇنى قويۇۋەتتى . ھەر ئىككىسى جىمىپ قېلىشتى . بىر كەمدە مېھرىئاي ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى ، مۇساجان ئۈنسىز پۇشۇلداپ ياتاتتى . ئۇ چەكسىز خىجىللىق ئىچىدە قالدى . ئۇ ئەسلىدە مېھرىئاي ھارۋىغا چىققاندا تونۇشلۇق بەرمەسلىككە ، ئۆزىنى بىلىندۈرۈپ قويماسلىققا ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە بەرگەنىدى . ئەمما ۋەدىسىدە تۇرماق بەك تەس بولدى ، چىداپ تۇرالمىدى…
— يەنە كېسەل توخۇدەك شۈمشىيىپ ياتىلىغۇ ؟ ئويلاپ باقسام ، مەنمۇ بىر قېتىم توي قىپتىمەن . ئىككىمىز ئوخشاش بوپتۇق ، تاغىلىرىنىڭ قىزىغا چىداپ خېتىنى بېرەلەملا ؟
— مېھرىئاي جېنىم ، ئۆزۈڭنى ئايا ، سەن ماڭا تەگسەڭ بولمايدۇ ، خەقنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭ بولمايدۇ . كىچىكىمىزدە ئوخشاش بولغان بىلەن ، ھازىر ئوخشاشمايمىز . مېنىمۇ خەق ئورۇق ئات ئېگىز ئوقۇرغا ئېسىلدى دەيدۇ . توي قىلساق ، زادى بولمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، خوتۇنۇم قوشماق ئوغۇل تۇغدى .
مۇساجاننىڭ ئاغزىدىن مۇشۇ سۆز چىقىشى بىلەنلا ، مېھرىئاي ئۇنىڭ مەيدىسىدىن قاتتىق ئىتتەردى ، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى ، بېشى قېتىپ ، لوقۇلداپ ئاغرىپ كەتتى ، پۇتلىرى سىرقىراپ ئاغرىدى . ئۇ چاچلىرى چۇۋۇق ، پۇتى يالاڭ ئاياغ ، نېپىز كالتە ئىشتاندا ئىدى ، كۆندۈزى ئېرىپ ، كېچىدە قېتىپ داڭگاللىشىپ ،

يەنە بەزى سۇ يىغىلىپ نىپىز مۇز توڭلىغان شەلۋەر يەرلەرنى شالاپلىتىپ دەسسەپ ، يۈزىنى تۇتقىنىچە يۈگۈردى .

— هەي ، مېھرىئاي ، پەلتۇيىڭنى ئېلىۋال ، سوغۇق تېگىپ قالىدۇ . قەيەرگە بارىسەن؟ كۆڭلىكىڭنىڭ ئايىغىدىكى داغنىمۇ بولسا يۇيۇۋەت ، سەت تۇرىدۇ...

مېھرىئاي توختىماي يۈگۈردى . مۇساجان ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ ئۇنىڭ كەينىدىن قوۋۇق ھارۋىنى داراڭلىتىپ ھەيدەپ قوغلاپ ماڭدى . بۇ چاغدا ، شەھەرنىڭ توخۇلىرى بەس - بەستە چىللاشقا باشلىغانىدى ، ئېگىز يار بېشىدىكى مەھەللىلەرنىڭ چىراغلىرى يېنىپ ، كىشىلەر ناماز بامدات ئۈچۈن تەرەتكە سۇ ئىسسىتقىلى ئوچاق - مەشلىرىگە ئوت يېقىشقانىدى .

## 12

ماي ئېيىنىڭ ئاخىرىدىكى سالقىن شامالدا ، يۇمران يوپۇرماقلارنىڭ ، مايسا ، چېچەكلەرنىڭ ، يالپۇزلارنىڭ پۇرىقىنى ، مەست بولۇپ بىر - بىرىنى قوغلاپ سايرىشىپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ چاڭىلداپ سايراشقان ئاۋازىنى ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوچۇق دېرىزىدىن كۆرگىلى ، ئاڭلىغىلى ، پۇرىغىلى بولىدۇ .

مېھرىئاي ئوچۇق دېرىزىدىن يىراقتىراق كۆرۈنۈپ تۇرغان باغلارغا ، ياشىرىپ تۇرغان بۇغداي مايسىلىرىغا ، دولىسىغا كەتمەن سېلىۋېلىپ بۇغدايلىقتا يۈرگەن دېھقانغا تىكىلىپ قاراپ قالغانىدى . دېھقاننىڭ كەينىدىن بولجا قۇيرۇقىنى تاشلىۋېتىپ بىر چۇپۇرلۇق سېرىق ئىت ئەگىشىپ يۈرگەنىدى . مېھرىئاينىڭ كۆزلىرى ئاشۇ يەردە بولغىنى بىلەن ، كۆزى ئۇلارنى كۆرمەيۋاتقانىدى . ئۇ مۇرىسىگە يېيىلغان قوڭۇر چاچلىرىنى بۇدۇر قىلىۋالغان بولۇپ ، چاچلىرى پارقىراق ئىدى . چىرايى تاتىراڭغۇ ھەم ئورۇقلاپ قالغان ، كۆزىنىڭ ئەتراپىغا چۈشكەن ئىنچىكە قورۇقلار بىلەن مەڭزى ، قاڭشىرىغا چۈشكەن سۇس داغنى ئۇپا بىلەن باسۇرغانىدى . ئازادە

ئىشخانىدا ، ئۇنىڭ يان تەرىپىدە ، قىرىق ياشلارغا بېرىپ قالغان ، قارا ياپىلاق يۈزىنى تەكشى ساقال باسقان ، پاكار ھەم ۋىجىك يەنە بىر دوختۇر — تەلئەت دۈمچىيىپ ئولتۇرۇپ مىكروسكوپتا قان ئەۋرىشكىسىنى تەكشۈرمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ موزاي كۆزى پات ـ پات مىھرىئايغا تىكىلىپ قوياتتى ، ئاندىن ئۆزىچە خۇدۇكسىرەپ ، ئارقىسىدىن ئىشىككە قاراپ ، يەنە مىھرىئايغا تىكىلەتتى :

— مىھرىئاي ، نېمانچە سۈنۈپ ئولتۇرۇپ كېتىلا ؟ ئۇنچىۋالا غەمگە پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتمىسىلە !...

مىھرىئاي تەلئەتكە بۇرۇلۇپ سۇس كۈلۈمسىرىدى . ئۇنىڭ تاتارغان چىرايى ۋىللىدە قىزاردى .

— تەلئەت ئاكا ، كۆزلىرىگە سۇنۇق كۆرۈنۈۋاتىمەنمۇ ؟ مەن نەدە غەمكىن ؟ بىكاردىن ـ بىكارغا كۈلۈپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ ـ دە !

— ياق ، مەندىن يوشۇرمىسىلا ، مېنى زاڭلىق قىلىسىلىمۇ ، تىللىسىلىمۇ ، نېمە قىلسىلا ، نېمە دېسىلە مەيلى ، مەن سىلىگە...

— تەلئەت ئاكا ، بۇنداق گەپنى ھەرگىز قىلمىسىلا ! مەن سىلىنىڭ سىڭىللىرىدەك ئادەم ، بەلكى قىزلىرى دېسەممۇ بولىدۇ . كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن ، ساقاللىرىنى سىلىۋېتىپ ، ئۆيلىرىنى ، تۆت باللىرىنى ، باللىرىنىڭ ئانىسىنى ئويلىسىلا . مەن ھەرقانچە تاشلاندۇق بولسامۇ ، ماڭىمۇ دېمەتلىكىمدىن بىرى چىقار ، — مىھرىئاي شۇنداق دەپلا ، ئالدىدىكى شىرەگە بېشىنى قويۇپ يىغلاپ كەتتى . يىغلاپ تۇرۇپ دېدى ، — ياكى بولمىسا ئۆلەرمەن !...

— ئوبدان مىھرىئاي ، مېنىڭ دەردىمنى چۈشەنسىلە ، مەن تۆت بالامنى دەپ مۈشۈ كۈنگىچە زەردىگۆش بولۇپ ئىچىمگە تىنىپ كەلدىم . قارىسىلا ، مەن ئۆز ۋاقتىدا خېلى چىرايلىق ، كېلىشكەن يىگىت ئىدىم . ھالا بۈگۈنكى كۈندە نېمىشقا مۇشۇنداق قۇرۇق قاقشال ، سەت بىر پىيەنچۈك بولۇپ قالدىم ؟ نېمىشقا ھاراقكەش ، بەڭگى بولۇپ قالدىم ؟ ئاشۇ ئازازۇل ، ئايىغى قۇرغاق شەقىقى

خوتۇننىڭ دەردىدىن ئەمەسمۇ ! مېنىڭ خەقتىن ئاڭلىغانلىرىم ، كۆرگەنلىرىم ئازمۇ ؟ مانا بولدى ، ئۆزلىرى كۆردىلە ، ئاخىر نېمە بولدى ؟ بۇزۇق خوتۇننىڭ ئاقىۋىتى ئاشۇنداق بولدى . ئۇ تېخى بويىنغا ئالماي يۈرىدۇ ، نېمە بولسا بولسۇن ، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز بىر ئۆيگە كىرمەيمەن . ئۆينى تاشلاپ چىقتىم ، مۇشۇ چىققىنىم ھېساب . ھەممىنى بەردىم . بالىلارنىڭ چوڭى ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى . تېخى ئۇ خوتۇن بۇزۇقچىلىقتىن قالمىسا ، مېنى شۇنداق بوزەك قىلسا بولامدۇ ؟ ئويلاپ باقسىلا ، ئۇ مېنى ئەر قاتارىدا كۆرمەيدۇ ، ھازىر تېخى تېنىۋالدى ، مانا كۆردىلىمۇ !

تەلئەت ئۆپكىدەك ئىسىلغان ھالدا ، مەيدىسى ، بېقىنى ، دۈمبىسىنى ئېچىپ :

— مانا قارىسىلا دەيمەن ، مۇشۇ كۆك ، كالتەك ، تېپىك ئىزلىرى پاكىت . ئۆزىنىڭ ئىنىسىدەك بىر ياش لۈكچەك بىلەن ياتقان يېرىگە كىرىپ قالدىم . لۈكچەك مەندىن كۈچلۈك ، قاۋۇل بولغاندىكىن ، مېنىڭ كۈچۈم يەتمىدى . مېنى ئۇرۇپ يىقىتىپ قويۇپ ، قېچىپ چىقىپ كەتتى . مۇشۇنداق بوزەك قىلسا بولامدۇ ؟ مەن تۇتالمىغاندىن كېيىن ، ئۇ تېنىۋالدى . مەيلى ، تېنىۋالسىمۇ مەن ئەمدى ئۇنى خوتۇن قىلمايمەن . مەيلى ، تۆت بالىنىڭ رىزقىنى خۇدا بېرەر . بىلمەيدۇ دېمىسىلە ، ئىككىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ئوخشىشىپ كېتىدۇ . ئەگەر مەن سىلىنى دەپ مۇشۇنداق تۇرمىغان بولسام ، ئاللىقاچان ئۆلۈپ تۈگەيتتىم . مېنى نائۇمىد قويمىسىلا ، سىلى نېمە دېسىلە شۇنى قىلىمەن . سىلىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىمەن . مېنى پەقەت يارىتسىلا ، مەن ئۆمۈر بويى سىلىنىڭ قۇللىرى بولىمەن . ئەگەر سىلىمۇ مېنىڭ ئاجىز يۈرىكىمنى ئازابلىسىلا ، مېنىڭ ئەمدى بۇ دەردكە چىدىغۇچىلىكىم ، ئۇنى كۆتۈرۈپ ياشىغۇچىلىكىم قالمىدى . مېنىڭ بۇ دۇنيادا تارتىشقۇدەك ھېچنېمەم يوق . مەن ئۆلۈپ كەتسەم ھېچكىممۇ يادىغا ئېلىپ قويمايدۇ . بەك چۈشكۈنلىشىپ كەتتىم . ئۆلۈم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ . پەقەت سىلىنى دەپ ، سىلىگە تەلمۈرۈپ ،

سلىدىن كۆڭلۈم سۇ ئىچكەندەك بولۇپ، سىلىدىن ئۈمىد كۈتۈپ كېلىۋاتىمەن... ماڭا سىلىنىڭ بولسىمۇ ئىچلىرى ئاغرىسۇن.

مېھرىئاي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئالدىنى تەلئەت توسۇۋالدى. ئۇنىڭ قىزارغان، ئولتۇرۇشاڭغۇ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئۆسۈپ قالغان يىرىك ساقاللىرى ئارىسىدا تارقىلىپ كېتىۋاتقانىدى. ئۇنىڭ بوينىنى قىسىپ، قىغچىنىڭ ئارىسىدەك قوللىرىنى يېرىم سوزۇپ، بىچارە يېتىمدەك بوينىنى قىسىپ تۇرۇشلىرى مېھرىئاينىڭ قەلبىنى چۆلغىغان غەزەپنى بىردىنلا قاتتىق ئىچ ئاغرىتىشقا ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېچىنىش، تىترەك باستى. قاتتىق يىغا قاپساپ كەلدى.

— ماڭا قارىسىلا، مەن مۇشۇ گېپىمنى دېيىشكە پېتىنالماي، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىچىمنى قانچىلىك بىرنەرسە يېگەنلىكىنى بىلەملا، مېنى بۇنداق نائۈمىد قىلمىسىلا! كۆڭۈللىرىگە كىرىپ چىقسام، سىلىمۇ جاندىن جاق تويدىلا، مەن شۇڭا يۈرىكىمدىكى گېپىمنى دېيەلىدىم. سىلى ئۆزلىرىنى توگەشتۈرسىلە، مەنمۇ توگىشىمەن. مەن ئۈچۈن بولسىمۇ، قورساقلىرىدىكى جان ئۈچۈن بولسىمۇ ياشىسىلا. مانا مەن ئۇنىڭغا دادا بولاي! ئۆز پۇشتىمدىن تامغان دەپ بىلەي...

— ھە! — مېھرىئاي چۆچۈپ ئىچىگە تارتىۋەتتى. ئۇ قورسىقىدىكىنى ئىنس ـ جىن بىلمەيدۇ دەپ ئويلىغانىدى. ئۇ ئاشۇ كېچىدە تۈمەن بويىدا ئۆزىنى مۇساجانغا تاپشۇرۇپ، قورسىقىدىكىگە ئېرىشكەنىدى. دادىسى ئۇنى ھېچقانداق ئەيىبلىمىدى. پەقەت بىردەم ئۈنسىز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن: «دىلىڭىز ئازار يېدى قىزىم، مەن ئالدىڭىزدا گۇناھكار، خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ. قاچان، كىمگە دېسىڭىز، شۇ چاغدا تويۇڭىزنى قىلىپ قويىمەن» دېگەنىدى. مېھرىئاي شۇ چاغدا دادىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ قاتتىق يىغلاپ كەتكەنىدى. ئۆگەي ئانىسى ياكى ئاق، ياكى كۆك دەپ گەپ قىلمىدى. ئۇ شۇنىڭدىن بۇيان دوختۇرخانىدا ياتاق تۇتۇپ ياتتى.

كۇندە چۇشتە چوڭ ئۆيگە كىرىپ، دادىسى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېدى. ئۇ ھامىلىدار بولغىنىنى سەزگەندىن كېيىن چۆچۈدى، ئەمما بىرخىل ئىسسىق كۈچ ئۇنى ھېچقانداق ھەرىكەت قىلدۇرمىدى. بالىنى چۈشۈرۈۋېتىشنى كۆپ ئويلاپ، ساراڭ، سەپرا بولۇپ كەتكەن چاغلىرىمۇ بولدى، ئەمما ئۇنى ئالدۇرۇۋېتىش، چۈشۈرۈۋېتىشكە پەقەت كۆڭلى ئۇنىمىدى. بالىنى تۇغسا، بېشىغا قانداق كۈنلەر كېلىدىغانلىقى كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايان بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن بالىغا چېقىلغۇسى كەلمىدى. دائىم بالىسىنى قولىغا ئېلىپ قانداقلىقىنى كۆرۈپ باققۇسى، ئەركىلەتكۈسى، قۇچىقىغا ئېلىپ ئېمىتكۈسى، باغچىغا ئەكىرىپ ئويناتقۇسى كېلىپ تۇردى. ھەتتا چۈشەپمۇ قالدى. بالىنى بىردەم مۇساجانغا، بىردەم ئۆزىگە ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ ھەرخىل كىيىملىرىنى تاللاپ كەتتى. بالا باققۇچى ئىزدىدى. يۆگەك، ھارۋا، تاپانچا، قورچاق دېگەنلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەگىپ قالدى...

مانا ئەمدى ۋاقىت ئاز قالغانسېرى دەسلەپتە كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايان بولغان بالا تۇغسا بېشىغا كېلىدىغان كۈلپەتلەر ئۇنىڭغا تازا قورقۇنچلۇق بولۇپ تۇيۇلۇپ كەتتى. راستتىنلا بەك قورقۇنچلۇق ئىش. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى پەقەت ئۆلۈم. ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر ئۇ مانا مۇشۇ چارىنى تاللاپ، بۈگۈن مانا شۇلارنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغانىدى.

— ئەگەر ماقۇل دېسىلە، ئىككى جاننى، ئۆزلىرىنى قوشقاندا ئۈچ جاننى قۇتۇلدۇرغان بولىلا. بۇنداق بىئەجەل ئۆلۈم دىنىمىزدىمۇ بەك يامان گۇناھ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ دۇنيادا پەقەت ياخشىلىق يوق دەيدىكەن. بۇنىڭغا ئىشىنەملا ـ ئىشەنمەملا مەيلى. ئەمما ھەر ھالدا بۇنداق قىلسىلا، پەقەت ئوبدان بولمايدۇ. مەن بالىغا دادا، سىلىنىڭ سادىق چاكارلىرى، قۇللىرى بولاي، مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزسىلە، ئۆمرۈمنىڭ يېرىمى دەرد ـ ئەلەمدە ئۆتتى، بۇنىڭدىن كېيىن خۇشال، بەختلىك ئۆتسە نېمە بولىدۇ؟

سىلىدىن نېمە كېتىدۇ؟ قورساقتىكى بىگۇناھ جاننى بەكرەك ئويلىسىلا!...

دەل شۇ سۆزنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، بالا قاتتىق تەۋرىدى.

— ياﺋاللا، تەلئەت، ئاكا، مېنى ئېرىتىۋەتتىلىغۇ؟ ئاخىر مېنى يەڭدىلە! — ئۇ تەلئەتكە تاشلاندى. تەلئەت ئۆزىدىن ئېگىز، ئۇستىخانلىق ياش قىزنى ئەسەبىيلىك بىلەن سۆيۈپ كەتتى.

— ئاخىر يۈرىكىمنى چۈشەندىلە، مېھرىئاي، — دېيەلىدى ئۇ تىترىگەن ئاۋاز بىلەن. بۇ چاغدا مېھرىئايىنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى قورسىقىدىكى بالىدا قالغانىدى. يۈز، بويۇنلىرىغا سۈركەلگەن يىرىك ساقالدىن بىردىنلا ئۆزىنى مۇساجان قۇچىقىغا ئالغاندەك ھېسسىياتتا بولۇپ، ئىللىق بىر سېزىم غىلىلدە قىلىپ، تەنلىرى بوشىشىپ كەتكەندەك بولدى.

## 13

ئاق خالات كىيىپ ئالدىغا سەل دۈمچەيگەن مېھرىئاي ئامبۇلاتورىيە كارىدورىدا تېز - تېز ماڭدى. كىرىدىغان يېرىنى تاپالمىغان كېسەللەر پات - پات ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ سورىدى. ئۇ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى قەغەزگە بىر قۇر قاراشتۇرۇپلا، كىرىدىغان يەرلىرىنى دەپ بېرىپ ماڭدى. ئۇنىڭ چىرايىنى قورۇق باسقان، تازا تولۇپ سەمرىپ، تېخىمۇ گۈزەل ئوتتۇرا ياشلىق چوكان بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاشۇ ئوماقلىقىغا قوشۇلۇپ بىرخىل يېقىمسىز قېرىلىق چىقىپ تۇرغاندەك قىلىدۇ. بۇ بەلكى ئۇنىڭ روھىغا سىڭىپ كىرگەن، ئۆزىگە ئەر بولغۇچى قېرى ئادەمدىن ئۇنىڭغا سىڭىشكەن نەرسە بولسا كېرەك. ئۇنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچكەن كۆڭۈل ئىدى. ئۇنىڭ نۇرى خۇنۇكلەشكەن شەھلا كۆزلىرىدىن بۇ ئىشلارغا پەرۋايى پەلەك بولۇپ، تەقدىرگە تىز پۈككەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ بىر ئىشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىشىككە قولىنى ئۇزىتىپ

بولۇپ تۇرۇپ قالدى . ئىشخانىدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز ئۇنى توختىتىپ قويغانىدى :

— بىر خۇش بولاي ، ئوبدان خۇشگۇل ، ماقۇل دېسىلە ، ئەگەر بۇنداق جاھىللىق قىلسىلا ، مېنىڭ چوقۇم يۈرىكىم يېرىلىپ ئۆلۈشۈم تۇرغان گەپ !… .

— ياق ، جېنىم تەلئەت ئاكا ، مېنى خىجىل قىلمىسىلا ، مەن مېھرىئاي ئاچام بىلەن بىر يەردە ئىشلەپ تۇرۇپ بۇنداق قىلسام ، تۇزكورلۇق قىلمايمەنمۇ ؟ بۇ پەقەت قاملاشمىغان ئىش . مەن سىلىنىڭ قىزلىرىدەك تۇرسام !…

— جېنىم خۇشگۇل ، سىلى بىلمەيلا ، مېھرىئاي مېنى ئېرى قاتارىدا كۆرمەيدۇ ، ئېرىدەك بىلمەيدۇ . مېنى قېرى دەپ ياراتمايدۇ . يولدا ماڭسا ، ماڭا ياكى ئالدىدا يىراق مېڭىشنى ، ياكى كەينىدە يىراق مېڭىشنى دەيدۇ ، كىنو ، تىياتىرغا مەن بىلەن بارمايدۇ ، مەن بارسام ، ئۇ بارمايدۇ . ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېنى ئېرىم دېيىشتىن نومۇس قىلىدۇ . مېنى قېرى كۆرۈپ باشقىلار بىلەن…

— ياق تەلئەت ئاكا ، بەك ئاشۇرۇۋەتتىلە ، قېرىلىقلىرى راست ، مېھرىئاي ئاچامدىن ساق يىگىرمە ئىككى ياش چوڭ سىلى . مېھرىئاي ئاچام سىلىنى ئۇنداق كۆرگەن بولسا ، سىلىگە ئالتۇندەك ئۈچ بالا تۇغۇپ بەرمىگەن بولاتتى ، ئالىقاچان سىلىنى تاشلىغان بولاتتى . ئۇ شۇنداق چىرايلىق ، ھەرقانداق يىگىتكە تەگسە جان دەپ ئالىدۇ . ئۇ بەك ئاق كۆڭۈل ، پەزىلەتلىك ئايال . بىز ھەممىمىز ئۇنى ھۆرمەتلەيمىز ، بەك غۇرۇرلۇق . ئۆز ئاياللىرىنى چۈشەنمەيدىكەنلا ، ئۇ ئۇنداق شاللاق ئاياللاردىن ئەمەس . ئۇنىڭ شۇنچە چىراي ، ئەخلاق بىلەن سىلىدەك ئۆزىدىن چوڭ ئادەمگە تېگىپ قالغىنىغا بىزمۇ ھەيران !

— ئۇنى مەن ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان . شۇڭا ماڭا تەگكەن ، شۇڭا ئۆلمەي قالغان… بولدى ، بۇنى دەپ ۋاقتنى ئۆتكۈزمەيلى . ئۇ پەقەت ئۈچ بالامغا ئانا بولۇپ ، ماڭا خوتۇنلۇق

بۇرچىنى ئادا قىلسىلا بولدى ، مەن پەقەت بولالمىدىم ، كەلسىلە ، مۇشۇ بىر قېتىم ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز...

— ۋاي ئۇنداق قىلمىسىلا ، سەت تۇرىدۇ ، ھېلى ۋارقىرايمەن ، بىر كىم كېلىپ قالىدۇ ، ئەنە بىرى كېلىپ قالدى ، قويۇۋەتسىلە ، قانداق قېلىن ئادەم ماۋۇ ، يۈز - خاتىر قىلغاننى بىلمەيدىغان ؟

مېھرىئاي يۈزلىرى قىزارغان ھالدا ئىشىكنى قاتتىقراق ئىككى چېكىپلا كىردى . تەلئەت خۇشگۈلگە چاپلىشىۋېلىپ ، يۈزىنى ئەپقاچسا كارنىيىغا ، كۆكسىگە سۆيۈپ ، ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالغانىدى . ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا ، ئۇ قاتتىق ھودۇقۇپ خۇشگۈلنى قويۇۋېتىپ ، قېتىپ تۇرۇپلا قالدى . ھەر ئىككىسى تامدەك تاتىرىپ كەتتى . خۇشگۈل ئىزا تارتقىنىدىن ، قورققىنىدىن غالىلداپ تىترەپ ، پاڭڭىدە يىغلىۋەتتى . مېھرىئاي بېرىپ ، خۇشگۈلنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى .

— سىزدە گۇناھ يوق سىڭلىم ، توغرا قىلدىڭىز ، بۇ ئادەم ئۆز ۋاقتىدا بۇرۇنقى خوتۇنى ئۈستىدىن داتلاپ ماڭىمۇ شۇنداق قىلغان... سىز مەندىن ئەقىللىق ئىكەنسىز .

خۇشگۈل مېھرىئايىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى .

— رەھمەت ئۇبدان ئاچا ، جاھاندا سىلىدەك كەڭ قورساق ئايال بارمۇ ! مۇشۇنداق ئادەم بىلەن قانداقمۇ بىر ئۆيدە تۇرغانلا ، جېنىم ئاچا ؟ ئىتنىڭ ئۆزى ئىكەنغۇ !

— بولدى يىغلىماڭ سىڭلىم ! قانداق قىلىمەن ؟ پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ تۇرسا ! خۇدانىڭ ماڭا قىلغان سوۋغىسى... تارتماققا ئامال يوق...

— سىلىدىن باشقا ئادەم بولسا ماڭا نېمە كۈن كۆرسىتەتتى !

خۇشگۈل تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى .

— تەلئەت ! سىلىگە تېلېفون كەپتىكەن ، — دېدى مېھرىئاي تەبەسسۇم بىلەن . چەكچىيىپ تۇرۇپ قالغان تەلئەت چۆچۈپ :

— ھە ، نېمە ؟ ھە ، نېمىدىن ؟ كىمدىن ؟ — دېدى بىردىنلا چۆچۈپ ، ئۆزىگە كېلىپ كۇلۇشكە زورۇقۇپ .

— ئېتىنى سورىماپتىمەن ، بىر ئايالدىن كەپتۇ .
تەلئەتنىڭ ئاق ساقال بېسىپ كەتكەن گۆشلۈك يۈزى ياللىدە قىزىرىپ ، تېخىمۇ تەمتىرەپ كەتتى . مېھرىئاينىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇۋېلىپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان خۇشگۈلمۇ دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر مېھرىئايغا ، بىر تەلئەتكە قاراپ :
— جېنىم مېھرىئاي ئاچا ، سىلى ھېلىمۇ مۇشۇنداق تۇرۇپلا ! — دەپلا ئاۋازىنى تېخىمۇ قويۇۋېتىپ مېھرىئايىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى .

1987 - يىل 11 - ئاي ، قەشقەر



[General Information]
书名=颤动的沙漠　维吾尔文
SS号=40231964